ئادىل مۇھەممەت تۇران

# مەكىت تارىخ - مەدەنىيىتى

1



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com

# 《麦盖提历史文化》

本书对麦盖提的历史、地理、古代文明；维吾尔刀郎人及其渊源、维吾尔刀郎人民俗、维吾尔刀郎麦西来甫、木卡姆、刀郎（麦盖提）方言；麦盖提民间文学、麦盖提地名文化、麦盖提旅游、麦盖提历史人物以及麦盖提近代政治、经济、社会发展等一系列问题进行了深入、细致地探讨，并系统介绍上述内容。

## History and Culture of Maket

The issues on history, geography, ancient civilization, Dolan people of Uygur( Uighur ) and its origin, folklore of Dolan, Dolan Mashirap, Mukam, Dolan (in Maket) dialect, folk culture of Maket, Maket names, Maket tourism, historical figures in Maket, as well as contemporary politics, economy and social development are carefully discussed and explained in the work.



بۇ كىتابىمنى ماڭا مېھىر ـ ۋاپا، غۇرۇر ۋە ئېتىقاد بەرگەن مەرھۇم دادام مۇھەممەت مۇسا بىلەن ئانام زەينەپ ھەبىبۇللا ھەمدە مەندە شەرەپ، بۈيۈكلۈك ھېس قىلدۇرغان مەكتىتىكى ئەزىز خەلقىمگە تەقدىم قىلىمەن.

—— ئاپتور



www.uyghurkitap.com

ئادىل مۇھەممەت تۇران

# مەكىت تارىخ - مەدەنىيىتى

1



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



ئادىل مۇھەممەد تۇران

www.uyghurkitap.com



ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجى-
سى يەن جيەن ۋە ھاكىم ئابدۇكېرىم ئابدۇۋاھىتلارنىڭ ھەمراھلىقىدا مەكىتتە
خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە





ۋىلايەت رەھبەرلىرى ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا خىزمەتلەرنى كۆز -
دىن كەچۈرمەكتە



مەكىت دولان مەدەنىيەت مەيدانى



دولان مەشرىپى



مەكىتنىڭ ئۆزگىچە تەملىك بېلىق كاۋىپى

# كىرىش سۆز

## ئابدۇكېرىم ئابدۇۋاھىت①

مەكىت ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبى ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەرقى ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەرب تەرىپىگە ، دولان (يەكەن) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا ، تىزناپ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 77°28′ — 79°05′ بىلەن ، شىمالىي پاراللېل 38°25′ — 39°22′ قا توغرا كېلىدۇ . دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1105 - 1155 مېتىر بولۇپ ، شەرق تەرىپى چوڭ قۇملۇق ئارقىلىق خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسى بىلەن ، شەرقىي شىمال تەرىپى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسى بىلەن ، شىمال تەرىپى دولان دەرياسىنى چېگرا قىلىپ مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن ، غەرب تەرىپى پەيلو ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى ئارقىلىق يوپۇرغا ناھىيىسى بىلەن ، غەربىي جەنۇب تەرىپى يەكەن ناھىيىسى بىلەن ، جەنۇب تەرىپى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ . شەرقتىن غەربكە ئەڭ ئۇزۇن يېرى 160 كىلومېتىر ، جەنۇبتىن شىمالغا ئەڭ كەڭ يېرى 136 كىلومېتىر بولۇپ ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 15200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق رايونىنىڭ ئىگە- لىگەن كۆلىمى 1152.89 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ . ناھىيە زې- مىنىنىڭ قالغان 14047.11 كۋادرات كىلومېتىر قىسمى تەكلىما- كان قۇملۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . پۈتۈن ناھىيە توققۇز يېزا ، بىر

① مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بازارلىق ھۆكۈمەت ، ئۈچ ئورمانچىلىق ـ باغۋەنچىلىك مەيدانى ، 137 كەنتكە بۆلۈنگەن بولۇپ ، ناھىيە تەۋەسىدە يەنە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇ-لۇش بىڭتۇەننىڭ تۆت ـ مەيدانلىرى ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ مەكتىتە تۇرۇشلۇق دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازا-رىتىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانى بار . 2000 ـ يىللىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە ، مەكىتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 201 مىڭ 810 بولغان .

تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، مەكىت (ھازىر «مەكىت» دەپ ئاتىلىپ كېلىنۋاتقان جايلار ) خەن سۇلالىسى (غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىلىرى ) دەۋرى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلدىن مىلادىيە 220 ـ يىللار ) دە ئالدى بىلەن ساكارا-ئۇل (يەكەن ) بەگلىكىگە ، كېيىن غەربىي يۇرتتىكى كۈچلۈك بەگلىكلەردىن بىرى بولغان سۇلې بەگلىكى (مەركىزى ھازىرقى قەشقەر شەھرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ ) گە قارىغان . مىلادىيە V ئەسىرنىڭ 20 — 30 ـ يىللىرى ئېفتالىت-لارنىڭ تەسىر كۈچى تارىم ئويمانلىقىغا كىرگەندىن كېيىن ، مەكىت ئېفتالىتلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولغان . مىلادىيە 563 — 568 ـ يىللىرى ، ئېفتالىتلار تۈركلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ، بەگلىكى مۇن-قەرز بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تەسىرى تارىم ۋادىسىدىن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ، مەكىت تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان . مىلادىيە 583 ـ يىلى ، تۈرك خانلىقى شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرك دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەندە ، مەكىت غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولغان . مىلادىيە 659 ـ يىلى ، تاڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 618 — 907 ـ يىللار ) غەربىي تۈرك خانلىقىنى مەغلۇپ قىلىپ ، سۇلې تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرغاندا ، مەكىت سۇلې تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگەن . مىلادىيە 670 — 765 ـ يىللاردا ، تۇبۇتلەرنىڭ تەسىر دائىرىسى تارىم ۋادىسىغا كى-

رىپ ، تاكى مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زەربىسى بىلەن تارىم ۋادىسىدىن ۋاز كەچكەنگە قەدەر ، مەكىت قاتارلىق تارىم بوستانلىقىدىكى يۇرتلار تۈبۈتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدە بولغان . كېيىن ، مەكىت ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتكەن . مىلادىيە 840 ـ يىلى ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن ، غەربىي يۇرتقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمى ، ئىلى ـ مىڭبۇلاق (مىڭلاق ) ۋادىسى ، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى ، چۇ دەريا ۋادىسى ، ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە شۇنىڭدەك ماۋرائۇننەھرنىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «خاقانىيە دۆلىتى» يەنى قاراخانىيلار خانلىقى (مىلادىيە 850 — 1212 ـ يىللار ) نى قۇرغاندىن كېيىن ، مەكىت قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى — قەشقەرگە تەۋە بولغان . مىلادىيە 1042 ـ يىلى ، قاراخانىيلار خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەندىن كېيىن ، مەكىت شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان . مىلادىيە 1131 ـ يىلى قۇرۇلغان قىتان خانلىقىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ تارىم ۋادىسىغا سىڭىپ كىرىشى بىلەن مىلادىيە 1212 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى يىمىرىلىپ ، مەكىت قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قولىدىن قىتان خانلىقىنىڭ قولىغا ئۆتكەن ھەمدە چىڭگىزخان مىلادىيە 1225 ـ يىلى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندە ، مەكىت چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا سۇيۇرغال قىلىنىپ ، تاكى مىلادىيە 1514 ـ يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا چاغاتاي خانلىقى (مىلادىيە 1225 — 1513 ـ يىللار ) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان . يەكەن سەئىدىيە خانلىقى (مىلادىيە 1514 ـ 1682 ـ يىللار ) قۇرۇلغاندىن كېيىن ، مەكىت مىلادىيە 1682 ـ يىلى جۇڭغار خانلىقى (مىلادىيە 1640 — 1757 ـ يىللار ) يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاخىرلاش‐

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇرغانغا قەدەر ، ئاۋۋال يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ، كېيىن جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان . مىلادىيە 1759 ـ يىلى ، چىڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 1644 — 1911 ـ يىللار ) جۇڭغارلارنى تىنچىتىپ ، چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ تەسىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن ، يەكەندە ئىش بېجىرگۈچى ئامبال مەھكىمىسى تەسىس قىلىغاندا ، مەكىت بارچۇقتىن ئايرىلىپ چىققان 6 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبەگنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . مىلادىيە 1867 ـ يىلى ، قوقەنلىك ياقۇپبەگ قەشقەردە ئاتالمىش «يەتتىشەھەر خانلىقى» (بەدۆلەت ھاكىمىيىتى ) نى قۇرغاندىن كېيىن ، مەكىت ئۇنىڭ ھـۆكۈمرانلـىقـىدا بولغان . مىلادىيە 1878 ـ يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ، چىڭ سۇلالىسى تەۋەسىگە ئۆتۈپ ، مىلادىيە 1884 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ تەسىس قىلىنغاندا ، يەكەن ، مارالبېشى قاتارلىق جايلارغا قاراشلىق بەگلىك سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . مىلادىيە 1902 ـ يىلى بارچۇق ئوبلاستى تەسىس قىلىنغاندا ، مەكىت سۇلي مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان . مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 1928 ـ يىلى ) مەكىت ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان ھەمدە قەشقەر ۋىلايىتىگە قارىغان . 1943 ـ يىلى يەكەن 10 ـ مەمۇريي مەھكىمىسى (1944 ـ يىلى يەكەن مەمۇريي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن ) قۇرۇلۇپ ، مەكىت ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولغان . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، يەكەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشـىدا بـولغـان . 1956 ـ يىل 6 ـ ئايدا ، يەكەن ۋالىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ، مەكىت قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن .

بۇ ناھىيە دولان دەرياسى ۋە تىزناپ دەرياسىنىڭ تىندۇرمىسىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان بوستانلىق ، يەر تۈزۈلۈشى تۈز . بوستانلىق 19.7% نى ، قۇملۇق ۋە چۆللۈك 80.3% نى ئىگىلەيدۇ . تەۋەسىدىن زەرەپشان دەرياسى ۋە تىزناپ دەرياسى كېسىپ ئۆتىدۇ .

يىللىق ئېقىن مىقدارى 800 مىليون كۇب مېتىر ، تۇزلەڭلىك رايون-
لىرىنىڭ يەر ئاستى زاپاس سۇ مىقدارى 649 مىليون كۇب مېتىر .
ياۋايى ھايۋان بايلىقىدىن تارىم بۇسۇغىسى ، ئاق بوغۇز بۆكەن ، قىرغا-
ۋۇل قاتارلىقلار بار . ياۋا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن چۈچۈكبۇيا ، لوپنۇر
كەندىرى ، توشقانزەدىكى قاتارلىقلار بار . بايقالغان قېزىلما بايلىقلىرى-
دىن نېفىت ، تۇز ، گەۋ ، ھېقىق قاتارلىقلار بار .

مەكىت ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرى-
دۇ . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپې-
راتۇرىسى 42.1℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى —22.4℃ . قۇياش-
نىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 2805.9 سائەت . ≤10℃ جۇغلانما
تېمپېراتۇرىسى 4285.2℃ . قىروسىز مەزگىلى 215 كۈن . يىللىق
ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 39.4 مىللىمېتىر . سۇنىڭ يىللىق
ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2349.3 مىللىمېتىر .

بۇ ناھىيىدە دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ . 650 مىڭ مو تېرىل-
غۇ يەر ، 370 مىڭ مو تەبىئىي ئورمان ، 2 مىليون 250 مىڭ مو
ئوتلاق ، 570 مىڭ مو دېھقانچىلىققا باب كېلىدىغان بوز يەر بار .
دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي ، كۆممىقوناق ، كېـۋەز ،
قوغۇن ـ تاۋۇز ، مېۋە ـ چېۋە ، كۆكتات قاتارلىقلار بار . بولۇپمۇ
پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئۈستۈنلۈككە ئىگە . 1986 ـ يىلى بۇ ناھىيە
مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ
بېكىتىلدى . چارۋىچىلىقتا كالا ، قوي ئاساس قىلىنىدۇ . يېزا ئىگى-
لىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش ، قۇرۇلۇش ماتېرىيال-
لىرى ، ئاشلىق ، پاختا ، ماي ۋە يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش قاتار-
لىقلار بار .

مەكىت ناھىيىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە جاپا ـ مۇشەققەتكە
چىداپ كۈرەش قىلىپ ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتقا ئېرىشتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



2005 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دېلىك شىاۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيە-سىنى يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ ، پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئۈزلۈكسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ ، تەرەققىياتتىن ئىبارەت بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپىنى ئىگىلەپ ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ، جاسارەت بىلەن ئىشلەپ ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئىشلاردا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىدا مۇھىم قەدەملەرنى باستى . بۇ بىر يىلدا ناھىيە ئىقتىسا-دىدا تېز ئېشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىپ ، يىللىق ئومۇمىي ئىشلەپ-چىقىرىش قىممىتى 747 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ، ئالدىنقى يىلىدىكىدىن 14.37% ئاشتى . يەرلىك مالىيە كىرىمى 30 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 20.04% ئاشتى . ئىجتىمائىي مۇقىم مۈلۈك ئومۇمىي سېلىنمىسى 349 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 59.06% ئاشتى . يېزا ئىقتىسادى مۇقىم تەرەققىي قىلدى . يىللىق ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 111 مىڭ 485 توننىغا يەتتى . پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 830 مىڭ دەنگە يېتىپ ، 130 مىڭ دەن ئاشتى . چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوتان قالدۇقى 590 مىڭ 200 تۇياققا ، قوتاندىن چىقىرىلغان ئومۇمىي چارۋا 442 مىڭ 500 تۇياققا يېتىپ ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 29 مىڭ 200 تۇياق ۋە 37 مىڭ 500 تۇياق ئاشتى . خاسلىققا ئىگە باغ ـ ئورمانچىلىق كۆلىمى 153 مىڭ 400 موغا يېتىپ ، كىشى بېشىغا 30 تۈپ مېۋىلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈش نىشانى ئورۇنلاندى . دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 2360 يۈەنگە يېتىپ ، ئالدىنقى يىلىدىكىدىن 220 يۈەن ئاشتى . دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شارائىتى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى . يۇقىرىنىڭ مەبلىغى پائال قولغا كەلتۈرۈلۈپ ،

ناھىيە بويىچە يېزا تاشيول قۇرۇلۇشىدىن 250 نەچچە كىلومېتىر ئورۇنلىنىپ ، جەمئىي 80 مىليون 267 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى . سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش سالمىقى زورايتىلىپ ، ئالتە تۈرلۈك نۇقتىلىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 100 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى . يېزىلاردا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ سۈپەتسىز سۇ ئىچىشتەك تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى . يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىلىپ ، 6872 ئائىلە يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى . مەكىت ناھىيىسى شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ، شەھەر قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەرلەر ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» تالىشىش مۇسابىقە پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ ، ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەرلەر «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» دىن ئىبارەت شەرەپنى قولغا كەلتۈردى . ناھىيە بويىچە سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش ، ئىچكى قىسمىغا ئىلھام بېرىش ، پائال تۈردە مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ 2 ـ قېتىملىق تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش خىزمىتىنى تاماملاش بىلەن بىرگە ، ئومۇم مۇلۈكچىلىك تۈزۈمىدە بولمىغان ئىگىلىكنى دادىل راۋاجلاندۇردى . ناھىيە بويىچە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر 3113 گە ، خۇسۇسىي كارخانا 86 گە يەتتى . بىر يىل ئىچىدە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن ھەمكارلىشىش تۈرى 15 كە ، توختام ۋە كېلىشىم مەبلىغى 159 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە ، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 86 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى . ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلدى . «پەن مائارىپ ئارقىلىق مەكىتنى گۈللەندۇرۇش» ئىستراتېگىيىسىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ ، مائارىپ ، پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىغا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىنىپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 26 مىليونغا يەتتى . ناھىيە ، يېزا تېببىي داۋالاش ئاساسىي ئەسلىھەلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ ، بۇلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن 11 مىليون 935 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى . يېڭى تىپتىكى يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالاش سىناق نۇقتا خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ ، ناھىيە بويىچە يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالاشنىڭ قاپلاش نىسبىتى 95% گە يەتتى .

مەكىت ناھىيىسى جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈچ تەرىپى دەريا ئېقىنى (غەربىي جەنۇب ، جەنۇب ، شەرق يۆنىلىشىدىكى تىزناپ دەرياسى ۋە غەربىي جەنۇب ، شىمال ، شەرق يۆنىلىشىدىكى يەكەن دەرياسى ) بىلەن ئورىلىپ ، بىر تەرىپى ئىپتىدائىي توغراقلىق ئارقىلىق تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىپ تۇرغاچقا ، قەدىمدىن تارتىپ سىرتقى جايلار بىلەن بولغان ئالاقە زور چەكلىمىگە ئۇچرىغانىدى . يەنى بىر يىلنىڭ كەلكۈن پەسلى (6 ـ ، 7 ـ ، 8 ـ ، 9 ـ ئايلار )دە دەريا ئېقىنلىرىنىڭ سۇغا تولۇپ كېتىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قاتناش قولايسىزلىقى بىلەن قوشنا جايلار كەمدىنكەم باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرغان بولسا ، كەلكۈن سۈيى تارتىلغان مەزگىل (10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن تاكى كېلەر يىلى 6 ـ ئايغىچە )دە بىرقەدەر كۆپرەك ئالاقە قىلىپ تۇرغان . دېمەك ، مانا شۇنداق تەبىئىي شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ، بۇ يەردە ياشىغان خەلقنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى قوشنا جايلارنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىماي ، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى (ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالغان . ئەمما ، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ، دولان دەرياسى مەكىت چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ سېلىنىشى بىلەن قاتناشنىڭ لايىلىق بولۇشى مەكىتنىڭ سىرتقى جايلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ ، مەكىتنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، ھازىرقى زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنى بار-

لىققا كەلتۈردى ، شۇنداقلا ھازىر مەكىت خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ئىككى خىل ئامىل يەنى ئەنئەنىۋى (ئىپتىدائىي ) مەدەنىيەت ئامىلى بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەت ئامىلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا . يېقىنقى يىللاردىكى قاتناشنىڭ راۋاجلىنىشى سىرتقى جايلار بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇردى . بۇنداق ئەۋزەللىك ئاستىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزەلدىن ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇشتەك پىسخىك ئالاھىدىلىكى بويىچە ، مەكىت خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتى تېزلا بېيىشقا قاراپ يۈزلەندى .

مەكىت ئۇيغۇر دولانلىرى مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان «دولان رايونى» — دولانلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان مەكىت ، مارالبېشى ، ئاۋات قاتارلىق جايلارنىڭ مەركىزى قىسىملىرىدىن بىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ، ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئەڭ قەدىمىي ، ئىپتىدائىي ، مەھەللىۋى ، يەرلىك پۇراققا تويۇنغان ھالدا ساقلىنىپ قالغان جاي . بۇ يەردە ياشىغان دولان ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرى ياشىغان تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە مۇنبەت تۇپراق ، باي ۋە گۈزەل زېمىندا تارىختىن بۇيان ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ، كېيىنچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق بىھساپ ماددىي بايلىق يارىتىپ ، تەكلىماكان ئېتىكىدىكى بۇ قەدىمكى ماكانىنى گۈللەندۇرگەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقان . ئۇ بولسىمۇ ، ئاشۇ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ دۇردانىسى ھېسابلانغان ھېكمىتى مەنىدار ، سەنئىتى مەپتۇنكار ، ئەڭ ئاممىۋى ، ئەڭ باي مەزمۇنلۇق ئىلمىي سەنئەت شەكلى دولان مۇقامىدۇر .

دولان مۇقامى — ئۇيغۇر دولانلىرى قەلبىنىڭ زىلزىلىسى ، شادلىق ـ نالىسى ، مۇھەببەت ـ نەپرىتى ، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى تويۇنۇپ يارىتىلغان مىلودىك فونتان بولۇپ ، ناخشا ـ ئۇسسۇل ، مۇزىكا ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەرخىل قىزىقارلىق ئويۇنلار بىلەن بىرىككەن ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى . مۇقام ـ نەغمىلىرىنىڭ قەدىمىيلىكى ، بىرقەدەر ئىپتىدائىلىقى ، يېزا ـ يايلاق تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى ، ئۇسسۇللىرىنىڭ نەپىس ، مەردانە ، سالماقلىقى ، كۈچلۈك مىللىيلىكى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر مۇقام ـ مەشرەپلىرىنىڭ هازىرقى زاماندىكى غەزىنە بۆشۈكلىرىدىن بىرىدۇر .

مەكىت ناھىيىسى «دولان» دىن ئىبارەت داڭلىق ماركا ئارقىلىق ، بىر تەرەپتىن مەكىتنىڭ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تەسىرىنى چوڭايتسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى يۇقىرى كۆتۈردى .

مەكىت ناھىيىسىنىڭ دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى 1964 ـ يىلى تۇنجى قېتىم پايتەخت بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلىپ ، «مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكى» دە ئورۇندالغاندا ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى ، دىققەت ـ ئېتىبارىغا نائىل بولدى ھەمدە مەكىت دولان مەشرەپ ـ مۇقامچىلىرىدىن سۇنايچى مەنسۇر شەيخىم ، قالۇنچى ئىسمائىل ئەھمەت ، مۇقامچى ـ ئۇسسۇلچىلاردىن تۇرەك ئاۋۇت ، ئۆمەر ئوسمان قاتارلىقلار شۇ قېتىمقى كۆرەكتە ياخشى نەتىجە قازىنىپ ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭ ، دۆلەت رەئىسى ليۇشاۋچى ، جۇ ئېنلەي زۇڭلى ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جۇدېلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى . 1986 ـ يىلى سېنتەبىردە ئورۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتەربىيە مۇسابىقىسى» دە مەكىت دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ماھارەت كۆرسىتىپ ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋەن لىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى . 1992 ـ يىلى سېنتەبىردە مەكىت دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى خاڭجۇ شەھىرىگە

بېرىپ ، «خاڭجۇ ۋۇشەن بۇتخانا سەيلە ـ ساياھىتى بويىچە 1992 ـ يىللىق سەنئەت بايرىمى» غا قاتنىشىپ ، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەر-دىن كەلگەن ساياھەتچى ـ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى . 1993 ـ يىلى سېنتەبىردە مەكىت دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن لياۋنىڭ ئۆلكىسى شېنياڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن «جۇڭگو شېنياڭ خەلقئارا مىللىي خەلق ئۇسسۇللىرى 1993 ـ يىل-لىق تەكلىپ مۇسابىقىسى» گە قاتنىشىپ ، شەرەپ بىلەن «كۈمۈش ئەتىرگۈل» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن شېنياڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مەكىت دولان ناخشا ـ ئۇس-سۇل ئۆمىكىنىڭ مۇسابىقە مەيدانىدىكى ئەھۋالىنى ئاممىغا كۆرسەت-تى ؛ 2003 ـ يىلى دېكابىردا جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيىسى-نىڭ تەكلىپى بىلەن مەكىت دولان خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى ئەترىتى بېيجىڭدا «جۇڭگو مىللەتلەر ئەل ئىچى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغ-داش ۋە ھازىرقى زامان سەنئىتى تەتقىقاتى» تېمىسىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئويۇن كۆرسىتىپ زور ئالقىشقا ئېرىشتى . ئۇلار 2004 ـ يىلى يانۋاردا ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن بېيجىڭدا « ‹غەربىي رايون خەلق ناخشىلىرى › تېمى-سىدىكى تېلېۋىزىيە مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى» غا قاتنىشىپ ، «ئالتۇن لوڭقا» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . 2004 ـ يىلى مارتتا ئۇلار يەنە مەرك-زىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن «خەلق ناخشىلىرى . جۇڭگو» تېمىسىدىكى تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئويۇن كۆرسەتتى . 2005 ـ يىلى مارتتا ، مەكىت دولان مەشرەپ ـ مۇقامى خەلق ئەل ئىچى سەنئەتچىلىرى ئويۇن قويۇش ئەترىتى فرانسى-يە خەلقئارا مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ تەكلىپى بىلەن فرانسىيىنىڭ پايتەختى پارىژ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «پارىژ 9 ـ نۆۋەتلىك خەلقئا-رالىق خەلق ئەلنەغمە سەنئەت بايرىمى» غا قاتناشتى ۋە زور شان ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شەرەپكە ئېرىشتى . 2005 ـ يىل نويابىردا مەكىت دولان ئەلنەغمە سەنئەت ئەترىتى ياپونىيىگە بېرىپ ، «ياپونىيە 2005 ـ يىللىق خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى بايرىمى» غا قاتناشتى . بۇ ، ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ دۇنيا سەھنىسىدە تۇنجى رەت كۆرسىتىلىشى ھەم ئېتىراپ قىلىنىشى ئىدى .

1989 ـ يىلى ئىيۇلدا مەكىت ناھىيىسىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە سەنئەت تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلىپ ، يىغىندا نۇقتىلىق ھالدا «دولان ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» مۇھاكىمە قىلىندى . مەكىت ناھىيىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ ، تۇنجى بولۇپ 1994 ـ يىلى «دولان مەشرىپى» ناملىق تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىمىنى ئىشلەپ دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى سىستېمىلىق يۇقىرى بەدىئىي سەنئەت ھالىتىدە دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تونۇشتۇردى . 1994 ـ يىلى ئۆكتەبىردە مەكىت ناھىيىسىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تۇنجى قېتىملىق دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى . 1996 ـ يىلى مەكىت ناھىيىلىك دولان مۇقامى تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى تۈزگەن «ئۇيغۇر دولان مۇقامى» ناملىق كىتاب شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . 2004 ـ يىلى ئۆكتەبىردە دۆلەتلىك سەنئەت ئىلمى 9 ـ بەش يىللىق پىلانىدىكى تەتقىقات تۈرى «دولان مۇقاملىرى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» ئاخىرلاشتى . 2005 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھەمكارلاشقان تەتقىقات تۈرى «مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېچىش توغرىسىدا تەتقىقات» (2005 — 2006 يىللار ) ناملىق تەتقىقات تېمىسى باشلاندى . 2005 ـ يىلى ئاۋغۇستتا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمى-

يىسىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك (غەربىي قىسىم بويىچە ) تەتقىقات تۈرى «شىنجاڭ مەكىت ناھىيىسىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت بايلىقلىرى-نى تەكشۈرۈش توغرىسىدا تەتقىقات» (2005 — 2006 يىللار ) ناملىق تەتقىقات تېمىسى يولغا قويۇلدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، مەكىت دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى 2004 ـ يىل نويابىردا سىچۇەن تېلېۋى-زىيە ئىستانسىسىنىڭ 4 ـ قانىلىدا «دولانغا سەپەر» ناملىق مەخسۇس فىلىم بىلەن 2005 ـ يىلى ئىيۇلدا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسى-سىنىڭ 3 ـ قانىلىدا «سېھىرلىك دولان» ناملىق مەخسۇس فىلىمى ئارقىلىق كۆرسىتىلدى . 2005 ـ يىل 4 ـ ئايدا ، دۆلەت مەكىت ناھىيىسىگە «جۇڭگو دولان مەشرىپى ماكانى» ، «جۇڭگو دولان مۇقا-مى ماكانى» دېگەن شەرەپ نامىنى بەردى .

مەكىت دولان دېھقان رەسسامچىلىقى مەكىت ناھىيىسى ناھىيىسى قۇمقىسار يېزىسىنى ئاساس قىلىپ 1974 ـ يىلىدىن باشلانغان بو-لۇپ ، 1974 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە جەمئىي 92 پارچە ئەسەر مەملىكەت خاراكتېرلىك كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلغان ، 127 پارچە رەسىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇ-رۇلغان ، 159 پارچە رەسىم قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كۆرگەزمىسىگە قات-ناشتۇرۇلغان . «خەلق گېزىتى» ، «جۇڭگو گۈزەل سەنئەت ژۇرنى-لى» ، «جۇڭگو دېھقان رەسساملار ژۇرنىلى» ، «مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى» قاتارلىق گېزىت ، ژۇرناللاردا 160 پارچە رەسىم ئېلان قىلىنغان . 1978 ـ يىلى مەمەت قايىمنىڭ «نەزەرىيە ئۆگىنىش» ، راخمان ھاپىزنىڭ «مول ھوسۇل ناخشىسى» ۋە بېلىقىزنىڭ «گۈڭشې-دە بايرام» قاتارلىق 3 پارچە رەسىمى شۇ يىلى پارىژدا چاقىرىلغان خەلقئارا دېھقان رەسساملار كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلغان . 1995 ـ يىلى 200 پارچىدىن ئارتۇق دېھقانلار رەسىمى ئاپتونوم رايون ، بېيجىڭ ، شياڭگاڭ ۋە پارىژدا كۆرگەزمىگە قويۇلغان ، بۇنىڭ ئىچىدىن 16 پارچىسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئوخشاش بولمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ ، دۆلەتلىك مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە دېھقان رەسساملار يۇرتى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن . پۈتۈن مەملىكەتكە «مەكىت - چاپچال دېھقانلار رەسساملىرى تاللانمىسى» تارقىتىلغان . 2005 - يىلى 4 - ئايدا ، دۆلەت مەكىت ناھىيىسىگە «جۇڭگو دېھقان رەسساملار يۇرتى» دېگەن شەرەپ نامىنى بەردى .

مەكىت «دولان قويى» مەكىت ناھىيىسىدىكى ئالاھىدە چارۋا بولۇپ ، مەكىت دېھقانلىرىنىڭ 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان نەسىل تاللاش ، شالغۇتلاشتۇرۇپ نەسلىنى ياخشىلاش ئارقىلىق يېتىدلىپ چىققان ئەلا نەسىللىك كىچىك چارۋا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەكىت دولانلىرى ئۆزىنىڭ بىر ئەسىردىن ئارتۇق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان داڭلىق ماركا «مەكىت دولان قويى» ۋە «مەكىت دولان قويى مەدەنىيتى» نى بارلىققا كەلتۈردى . مەزكۇر قوينىڭ ئۇستىخىنى چوڭ ، ئۆسۈپ يېتىلىشى تېز ، جىنسىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشى بالدۇر ، گۆشى كۆپ ، گۆشىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ ، ئىسسىق جايدا بېقىشقا ، يىرىك يەم - خەشەك بىلەن بېقىشقا ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدا بېقىشقا باب كېلىدۇ . ئۇنىڭ گۆشى ، يۇڭى ۋە تېرىسىنى تەڭ ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر قەدەر يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولماقتا . مەكىت «دولان قويى» دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ نۇقتىلىق كېڭەيتىدىغان ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرىدىغان يەرلىك ئەلا نەسىللىك كىچىك چارۋا تۈرى بولۇپ ، 1986 - يىلى مەكىت «دولان قويى» نى يېتىشتۈرۈش تۈرى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى تەرىپىدىن «ئۇچقۇن» پىلان تۈرىگە ، 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن پەن -

تەتقىقات ۋە تېخنىكىلىق ئېچىش بويىچە «9 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پەن ـ تەتقىقات تېمىسىگە كىرگۈزۈلگەن. 1999 ـ يىلى «دولان قويى» دۆلەتلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن مەكىت «دولان قويى» دېگەن ماركا بىلەن رەسمىي ئەنگە ئالدۇرۇلدى. 2005 ـ يىلى 4 ـ ئايدا دۆلەت تەرىپىدىن «جۇڭگو دولان قويى ماكانى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ئېلىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، بىر قانچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىزدىنىش جەريانىدا شانلىق، مول ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش بىلەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭمۇ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. مەكىت ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى — دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى بولسا ئاشۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى يىلتىزلارنىڭ بىرىدۇر.

ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، چوڭقۇرلىشىشى، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل، مىللەتلىرى بىلەن بولغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ مەدەنىيىتى — دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى دۇنيانىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى ھەم خېلى قىزىق بىر نۇقتىغا ئايلاندى. ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى — دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، دۆلەت ئىچى سىرتىدىكى كۆپلىگەن دوستلارنىڭ مەكىتنى، مەكىتنىڭ دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مەكىت ناھىيىسى 2005 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن «مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېچىش توغرىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەتقىقات» ناملىق تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەشكە باشلىدى. شۇ تەتقىقات تېما گۇرۇپپىسىنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بىرى، مەكىتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، تارىخ ـ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بويىچە ياش تەتقىقاتچى ئادىل مۇھەممەت تۇران ئۆزىنىڭ ئۇن نەچچە يىللىق ئىزدىنىش، تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى بولغان «مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى.

«مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ناملىق بۇ ئەسەر مەكىتنىڭ تارىخى، تەبىئىي جۇغراپىيىسى، قەدىمكى مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر دولانلىرى ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى، دولان ئۇيغۇر فولكلورى، مەكىتنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى، مەكىت يەر ناملىرى، مەكىتنىڭ يېقىنقى، ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، مەكىت ساياھەتچىلىكى، تارىخىي شەخسلەر قاتارلىق ئۇن نەچچە بابتىن تەركىب تاپقان ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى كىتاب بولۇپ، بۇ كىتابتا مەكىتنىڭ تارىخى تەرەققىياتى، يېقىنقى ۋە بۈگۈنكى ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت، مائارىپ ئەھۋالى، ئۇيغۇر دولانلىرى ۋە ئۇيغۇر دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى، بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئېچىۋېتىشنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئىشكىنى كېيىنكى بۇيانقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ۋە مەكىتنىڭ يېڭى قىياپىتى، تەرەققىيات ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىنغان. ئۇ كىشىلەرنىڭ مەكىتنى بىلىشى، مەكىتنى چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ مەكىت خەلقىنىڭ ئۆز يۇرتىنى قىزغىن سۆيۈشى، ئۆيۈشۈش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ؛ دۇنيانىڭ مەكىت ــ مەكىت دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى يەنىمۇ چۈشىنىشىگە، مەكىتنىڭ دۇنياغا تېخىمۇ يۈزلىنىشىگە، مەكىتنى ئېچىش ۋە قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

2006 ـ يىلى 18 ـ مارت

## ئاپتوردىن

مەكىت تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان تارىم بوستانلىقىدىكى قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى. بۇ يەردە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر دولانلىرىغا خاس ئىپتىدائىي (مەھەللىۋى) مەدەنىيەت ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ مىللىي ئەنئەنە، مىللىي خاسلىق ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

مەن ئۇيغۇر دولانلىرى مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان، «قارا دولان» دەپ ئاتىلىدىغان مەكىتنىڭ يانتاق دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم. يانتاق يېزىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قارا ئۆي»، «ئويبوغدای»، «ئارالئىقا»، «بۇلۇڭلاڭقا» دېگەن يۇرتلار قەدىمكى ئۇيغۇر دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، ھەرقايسى پەسىل، ھېيت ـ ئايەم، توي ـ تۆكۈنلەردە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان مەشرەپلەر، مەشرەپلەردىكى قىزىقچىلىقلار ھەممە بۇ يەردىكى ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئادەتلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بولسا، مەرھۇم دادام مۇھەممەت مۇسا ئېيتىپ بەرگەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تاكى ئازادلىقنىڭ ئالدى ـ كەينىگىچە بولغان ئارىلىقتا مەكىتتە يۈز بەرگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ئۆتمۈش ۋەقەلىرى زور قىزىقىشىمنى قوزغاپ، بۇ يۇرتقا بولغان مېھرىمنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى.

مەن 1986 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، مەكىتنىڭ تۈرلۈك قىسمەتلەرگە باي تارىخى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەدەنىيەت ـ سەنئەتى ۋە ماددىي يادىكارلىقلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش جەھەتتىن ئاجايىپ ياخشى پۇرسەتكە ئىگە بولدۇم. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، مەكىت ھەققىدە ئىزدىنىشكە، مەكىتكە ئالاقىدار ماتېرىيال- لارنى توپلاشقا باشلىدىم. ھالبۇكى، 20 يىلغا يېقىن ئىزدىنىش جەريانىمدىن «مەكىت» دېگەن بۇ يۇرت ھەققىدە پەقەت خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى، مەكىتنىڭ يۇرت بولۇش تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم رىۋايەتلەر، يېقىنقى زاماندىكى پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىمىسى ۋە ئازغىنە مەدەنىيەت يادىكارلىقلە- رىدىن باشقا، بىرەر مۇنتىزىم يازما تارىخىي مەنبەنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇشۇ كەم يازما تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى، شىنجاڭ تارى- خى، ئۇيغۇر تارىخى، مەكىتكە قوشنا جايلارنىڭ يەرلىك تارىخى، خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان تارىخ ـ مەدەنىيەتكە ئائىت رىۋايەت ـ ئەسلىمىلەر، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى . . . قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماتېرىياللارنى ئۆگەندىم، كۆپلەپ توپلىدىم ۋە چوڭقۇر ئىزدەندىم. مۇشۇ جەرياندا مەكىتنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامانغا ئائىت تارىخ ـ مەدەنىيەت مەسىلىلىرى، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە بىر قىسىم ماقالىلەرنى ئېلان قىلدىم ھەمدە مەكىت- تە ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، مەكىت- نىڭ قەدىمكى زامان تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىش- چانلىق كۆرسەتتىم. ئېلان قىلغان ماقالىلىرىمنى «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار» ناملىق كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇردۇم. نىھايەت، مېنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرىم، ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىم مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق ھەم تولۇق كۆرسىتىپ بېرەلمەي، كىشى- لەرنىڭ يۇرت ـ يەرلىك تارىخنى بىلىشكە بولغان ئېھتىياجى ۋە

تەلەپلىرىدىن تولىمۇ يىراقتا تۇردى . شۇڭا بۇ نۆۋەت ، مەكتەپ تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق ۋە ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىپ بايان قىلىشنى بۇ يۇرت تۇپرىقىدا ئوغۇز سۈتى ئەمگەن ئۆزۈمگە ئەۋلاد بۇرچى ھېسابلاپ ، «مەكتەپ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك بۇ كىتابىمنى يېزىپ چىقتىم .

«ئانا يۇرتنى سۆيۈش ۋىجداننىڭ جۇملىسىدىن» دېگەن ئاتا سۆزىنى ئاڭلىغانىدىم . ئىنسان ئۈچۈن ئانا يۇرت — ئوغۇز سۈتى بەرگەن ئانا تۇپراق — مېھىر ـ مۇھەببەت ، ۋىجدان ، غۇرۇر ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاتا قىلىدىغان تەۋەرۈك تۇپراق ھېسابلىنىدۇ . سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ، ئىنسانىيلىقمۇ مۇشۇ تۇپراقتىن باشلىنىدۇ . بۇ تۇپراقنى سۆيەلمىگەن كىشى بۇ ۋەتەن ، بۇ خەلقنىمۇ سۆيەلمەيدۇ . دېمەكچىمەنكى ، مېنىڭ مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ ئانا تۇپراققا بولغان سۆيگۈم ، مۇھەببىتىم ۋە بۇنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى بولغان ئىلمىي ئەمگەكلىرىم قانداقتۇر تار يۇرتۋازلىق نۇقتىسىدىن ئەمەس ، بەلكى بۇ ۋەتەن ، بۇ خەلقنىڭ چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن سۆيگەنلىكىمدۇر . سەمىمىي تەۋسىيەرىم شۇكى ، ھەممە كىشى ئانا تۇپراق — ئۆز يۇرتىنى سۆيسە ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوت بولۇپ كۆيسە ، ئىززەتلىسە ، بۇ ۋەتەن ، بۇ خەلقنى سۆيىدىغان ، ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيگەن ، توم ـ توملاپ ئەسىرلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن بولاتتى !

مېنىڭ بۇ ئەسىرىم 20 يىلغا يېقىن ئىزدىنىش ئارقىلىق ، مانا ئەمدى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ . مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ، بۇ ئەسىرىمنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەن مەكىت ناھىيىلىك پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتىگە ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن . ئەسەرنى ئىشلەش جەريانىدا كۆپ ياردەمدە بولغان دوستلاردىن ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن ، ئەلى غوپۇر ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن ، روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ ، داۋۇتجان ئوبۇلقاسىم ۋە رىزۋانگۇل راخمان ، مارىگۇل ئەخمەتلەرگە ؛ ئەسەرنىڭ مۇقاۋىسىنى رەسىم بىلەن تەمىنلىگەن ئۇستاز رەسسام تۇرسۇن ئەزىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن .

2006 ـ يىل 1 ـ ماي . ئۈرۈمچى

# نەشرىياتتىن

تارىخ ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى جەھەتتىكى نەتىجى‐لىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ياش تەتقىقاتچى ئادىل مۇھەممەت تۇران 1967 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسىدا زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1986 ـ يىلىدىن 1991 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈت‐تۈرگەندىن تارتىپ 1995 ـ يىلىغىچە مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلىگەن . 1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش — باشقۇرۇش ئورنىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ، بۇ ئورۇننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن . 2000 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 2003 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ساياھەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن . 2003 ـ يىلى 8 ـ ئـايدا ئـاپتونـوم رايـونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارى‐سىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ، ئوقۇش ـ تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇئا‐ۋىن مۇدىرى ، مۇدىرى ۋە نەشر بۇيۇملىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى‐نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ .

ئادىل مۇھەممەت تۇران تارىخ ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەق‐قىدىكى تەتقىقاتىنى 1990 ـ يىلىدىن تارتىپ باشلىغان بولۇپ ، ھا‐زىرغىچە ئىزچىل تۈردە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تارىخ، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مەدەنىيەت - سەنئەت، ساياھەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەر بويىچە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، 100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان.

ئادىل مۇھەممەت تۇران شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى بولغان «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ساقلىنىشى، ۋارىسلىق قىلىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى» (2001 - ، 2003 - يىللىرى)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن مەكىت ناھىيىسى ھەمكارلاشقان تەتقىقات تېمىسى «شىنجاڭ مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېچىش توغرىسىدا تەتقىقات» (2005 - ، 2006 - يىللىرى)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك (غەربىي قىسىم) نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى «شىنجاڭ مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش توغرىسىدا تەتقىقات» (2005 - ، 2006 - يىللىرى) قاتارلىق تەتقىقات تېمىلىرىنى ئىشلەشكە قاتناشقان. «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى — قەدىمكى ئىزلار ئومۇمىي مەجمۇئەسى» ناملىق ئىلمىي ئەسەرنى ئىشلەش ئىلمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى تۈزۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، «ئاپاق خوجا مازىرى» ناملىق تارىخىي، سۈرەتلىك مەخسۇس ئەسەرنىڭ باش مۇھەررىرى قاتارلىق ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي ساھەسىدىكى بىر قاتار خىزمەت نەتىجىلىرى بىلەن 2000 - يىلى مەملىكەت بويىچە

«مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالىنىپ مۇ-كاپاتلانغان .

ئادىل مۇھەممەت تۇراننىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان «قەشقەردىكى قەدىمكى ئىزلار» ، «مەكىت تارىخىدىن تىزىسلار» ، «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ — جۇغراپىيىسى» (1) ، «باياۋاندىكى مەڭگۈلۈك ناخشا — دولان» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەۋھەرلىرى» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى . «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (ئىككى قىسىم ) ، «قەدىمكى قەشقەر» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى ۋە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى» (ئالتە قىسىم ) ، «شىنجاڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت مەجمۇئەسى» ( «قەدىمكى قۇمۇل» ، «قەدىمكى تۇرپان» ، «قەدىمكى خوتەن» ، «قەدىمكى قەشقەر» ، «قەدىمكى كۇسەن» ، «قەدىمكى كروران» ، «قەدىمكى ئىلى» ) ، «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى» (ئىككى قىسىم ) ، «جۇڭگو ۋە چەت ئەل سەيياھلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى خاتىرىلىرى» ، «مەدەنىيىتىمىزگە تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخسلەر» ، «شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقى» ، «قەشقەر» (بۇ 12 قىسىملىق ئۇنىۋېرسال مەجمۇئە بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدىكى توققۇز قىسمىنى مۇستەقىل ئىشلىگەن ) قاتارلىق تارىخ ـ جۇغراپىيە ، ئارخېئولوگىيە ، مەدەنىيەت ۋە ساياھەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا . «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەجمۇئەسى» (بۇ مەجمۇئە جەمئىي 41 قىسىم بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 10 قىسمىنى مۇستەقىل ، قالغانلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رىنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىگەن ) يېقىندا نەشرگە تاپشۇرۇش ئالدىدا .

ئادىل مۇھەممەت تۇران ھازىر جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، جۇڭگو مۇزېيشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ، جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى .

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
بىرىنچى باب مەكىت ھەققىدە ئومۇمىي بايان.......... 1
ئىككىنچى باب مەكىتنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى......... 22
1 . گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى ........................ 22
2 . يەر شەكلى ........................................ 24
3 . ھاۋا كىلىماتى ...................................... 27
4 . مەكىتنىڭ گىدروگرافىيىسى ......................... 33
5 . يەر ـ تۇپراق ......................................... 43
6 . ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلىرى .......................... 44
7 . مەكىت ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر ... 45
ئۈچىنچى باب تارىخ ........................................ 53
1 . «مەكىت» نامى ھەققىدە مۇھاكىمە ..................... 53
2 . تارىخى دەۋرلەردىكى مەكىت............................ 72
1) تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋرلەردىكى مەكىت ................. 75
(1) يېڭى تاش قورال دەۋرى .............................. 75
(2) مەكىتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى.......................... 78
2) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەكىت ..................... 83
(1) غەربىي يۇرت بەگلىكلىرى ۋە مەكىت ................... 83
(2) هونلار دەۋرىدىكى مەكىت ............................. 85
(3) غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى ۋە
مەكىت ................................................ 87
3) ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى
مەكىت ................................................ 93
غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللەتلەر ۋە مەكىت ...... 95

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



4) سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مەكىت ........ 101
(1) تۇبۇتلەر ۋە مەكىت ........ 104
(2) ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە مەكىت ........ 105
5) سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مەكىت ........ 113
(1) قاراخانىيلار خانلىقى ۋە مەكىت ........ 113
(2) موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەكىت ........ 120
(3) چاغاتاي خانلىقى ۋە مەكىت ........ 122
(4) يەكەن خانلىقى ۋە مەكىت ........ 123
(5) غوجىلار ۋە مەكىت ........ 128
6) چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەكىت ........ 147
7) جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى مەكىت ........ 152
(1) 30 ـ يىللار چوڭ داۋالغۇش مەزگىلىدىكى مەكىت ........ 156
(2) «11 بىتىم» مەزگىلىدىكى مەكىت ........ 160
(3) مىنگو دەۋرىدىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ........ 167
(4) جۇڭگو گومىنداڭنىڭ مەكىت ناھىيىلىك پىرقىسى ........ 169
(5) مەكىت ناھىيىلىك سەنىيخۇي ........ 171
(6) مىنگو دەۋرىدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ........ 172
8) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەكىت ........ 174
(1) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەكىت ناھىيىلىك يەرلىك تەشكىلاتى ........ 174
(2) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەكىت ناھىيىلىك كومىتېتى ........ 178
(3) مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ........ 179
(4) مەكىت ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ........ 183
(5) مەكىت ناھىيىلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ........ 185
[قوشۇمچە 1]
مەكىت تارىخىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي قوتقۇزۇش ........ 186
3. مەكىتنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشى ........ 191
[قوشۇمچە 2]

ياك زېڭشىنىنىڭ مەكىت ناھىيىسىنى قوروۋش توغرىسىدا
يۇقىرىغا سۇنغان مەلۇماتى ........................ 197
4 . مەكىتنىڭ مەمۇرى رايونلار قورۇلۇشى .............. 199
[قوشۇمچە 3 ]
مەكىت ناھىيىسىدىكى يېزىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ... 205
تۆتىنچى باب ئۇيغۇر دولانلىرى.......................... 221
1 . «دولان» نامى ھەققىدە ........................ 224
2 . دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى........................ 233
بەشىنچى باب ئۇيغۇر دولان فولكلورى.................... 327
1 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئادەت-
لىرى ........................................................ 332
2 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ سودا ، تاۋار ئالماشتۇرۇش ئادەت-
لىرى ........................................................ 365
3 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ قاتناش ـ ترانسپورت ئادەت-
لىرى ........................................................ 372
4 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى.............. 378
5 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرى ... 388
6 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى......395
7 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ ئادەتلىرى... 429
8 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئادەت-
لىرى ........................................................ 467
9 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ گۈزەللىك ئادەتلىرى ......... 489
10 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ توي ـ تۆكۈن ۋە ئۆلۈم ـ
يېتىم ئادەتلىرى ............................................ 497
11 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ھېيت ـ بايرام ئادەتلىرى......516
12 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى......521
13 . ئۇيغۇر دولانلىرىدا ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ۋە خەلق
ئويۇنلىرى ................................................ 538
14 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تىل ئادەتلىرى ............... 573
15 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ... 575

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



16 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ پەرھىز ئادەتلىرى ............ 608
17 . ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدىكى خۇراپاتلىق ئادەت-
لىرى ........................................................ 619
ئالتىنچى باب دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى ............ 635
1 . دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىيەت
قاتلىمى ................................................ 635
2 . دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەل-
لەردىكى تەسىرى ............................................ 654
3 . دولان مۇقامى بىلەن دولان مەشرىپىنىڭ مۇناسىۋىتى ... 660
4 . دولان مۇقاملىرى ........................................ 662
1) دولان مۇقام ناملىرىنىڭ تارىخىي قاتلىمى ............ 662
2) دولان مۇقام تېكىستلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ... 675
3) دولان مۇقامى ۋە ئۇيغۇر مۇقاملىرى .................. 686
(1) دولان مۇقامى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ
مۇناسىۋىتى ............................................ 686
(2) دولان مۇقامى بىلەن قۇمۇل مۇقامىنىڭ يىلتىزداشلىقى ۋە
پەرقى ........................................................ 691
(3) مەكىت دولان مۇقاملىرى بىلەن ئاۋات دولان مۇقاملىرى-
نىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى .............................. 700
5 . دولان مەشرەپلىرى ........................................ 706
1) دولان مەشرەپلىرىنىڭ نامى ۋە تۈرلىرى .............. 706
2) دولان مەشرەپ ئويۇنلىرى ................................ 720
3) دولان مەشرەپلىرىدە جازا ................................ 729
4) دولان مەشرەپلىرىدىكى تەقلىد ۋە تىياتىر ............ 743
6 . دولان مەشرەپ قوشاقلىرى ................................ 758
7 . دولان مەشرەپلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولى ............ 793
8 . دولان چالغۇلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ... 794
9 . مەكىت دولان مۇقام ئەلنەغمىچىلەر ...................... 805
يەتتىنچى باب مەكىتنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپى ...... 830
1 . مەكىتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ........................ 830

2 . مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ............ 845
1) مەكىت ناھىيىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى ... 845
2) مەكىت قازانكۆل جاڭگىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكار-لىقلىرى ............ 863
3) مەكىت يانتاق يېزىسىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر ...... 866
3 . قەدىمكى دىنلارنىڭ مەكىت رايوندىكى قالدۇق تەسىر-لىرى ............ 872
4 . مائارىپ ............ 887
1) مەكىتنىڭ قەدىمكى (ئىپتىدائىي) دەۋردىكى مائارىپى... 887
2) مەكىتنىڭ يېقىنقى زامان دەۋردىكى مائارىپى ......... 899
[قوشۇمچە 4 ]
مەكىت ناھىيىسىنىڭ 1942 - يىلىدىكى مائارىپ ئەھۋالىدىن مەلۇمات جەدۋىلى ............ 906
3) مەكىتنىڭ ھازىرقى زامان دەۋردىكى مائارىپى ......... 907
**سەككىزىنچى باب دولان (مەكىت) شېۋىسى ھەققىدە** ...... 921
1 . دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورنى ............ 922
2 . دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى... 924
3 . دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ شەكىللىنىشى ......... 928
4 . دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ تۈپ لېكسىكىسى ... 931
5 . دولان (مەكىت) شېۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ...... 940
6 . دولان (مەكىت) شېۋىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ............ 947
**توققۇزىنچى باب مەكىت يەرناملىرى مەدەنىيىتى** ...... 951
1 . مەكىت يەر ناملىرى مەدەنىيىتى ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ............ 952
2 . مەكىت يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى...... 954
3 . مەكىت يەر ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ......... 961
4 . مەكىت يەر ناملىرىغا ئائىت ئەپسانە - رىۋايەتلەر... 969
5 . مەكىتتىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى توغرىسىدا...... 975

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



[قوشۇمچە 5 ـ 1 ]
مەكىت ناھىيىسىدىكى يېزا ـ بازار ، كەنت ناملىرىنىڭ
ئۆزگىرىشىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى ........................ 985
[قوشۇمچە 5 ـ 2 ]
مەكىت يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە سېلىش-
تۇرمىسى ........................................................ 992
ئونىنچى باب مەكىت كلاسسىك ئەدەبىياتى ............... 999
1 . مەكىت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ......................... 1001
1) مەكىت خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر ......... 1002
2) مەكىت خەلق چۆچەكلىرىدىن ئۆرنەكلەر ........................ 1029
3) مەكىت خەلق قوشاقلىرىدىن ئۆرنەكلەر ........................ 1084
4) مەكىت خەلق تارىخىي قوشاقلىرى ........................ 1122
5) مەكىت خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن ئۆرنەكلەر ......... 1124
2 . مەكىتتە ئۆتكەن كلاسسىكلار ........................ 1142
1) ئامانىنساخان ........................................ 1142
2) ئەھمىدى ........................................ 1146
ئون بىرىنچى باب مەكىتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي
ئىگىلىك تەرەققىياتى ........................................ 1190
1 . ئىقتىسادىي ئىگىلىك تەرەققىياتى ........................ 1190
1) يېزا ئىگىلىك ........................................ 1190
2) چارۋىچىلىق ........................................ 1197
3) ئورمانچىلىق ........................................ 1201
4) سۇچىلىق ئىشلىرى ........................................ 1207
5) سودا ـ سانائەت ........................................ 1218
6) باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ........................................ 1237
7) قاتناش ـ ترانسپورت ........................................ 1242
8) پوچتا ـ تېلېگراف ........................................ 1251
9) پۇل ـ مۇئامىلە ........................................ 1253
10) شەھەر قۇرۇلۇشى ........................................ 1261
11) بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ........................................ 1262

2 . ئىجتىمائىي تەرەققىيات.......................... 1272
1) مىللەت ۋە دىن.......................... 1272
2) نوپۇس .......................... 1277
[قوشۇمچە 6 ]
مەكىت ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلغىچە
بولغان نوپۇس ستاتىستىكا جەدۋىلى .......................... 1278
3) مەكىتنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەرەققىيات تارىخى ... 1285
(1) مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە
تەرەققىياتى.......................... 1286
(2) مەكىت ناھىيىلىك كۇتۇپخانىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە
تەرەققىياتى.......................... 1294
(3) مەكىت ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى
ۋە تەرەققىياتى .......................... 1296
(4) مەكىت ناھىيىلىك دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ
قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى.......................... 1298
(5) مەكىت ناھىيىسىنىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرى .......... 1302
4) ئەدەبىيات ـ سەنئەت .......................... 1308
5) تەنتەربىيە.......................... 1367
6) رادىئو ـ تېلېۋىزىيە .......................... 1370
7) سەھىيە ـ تېبابەتچىلىك.......................... 1371
[قوشۇمچە 7 ]
مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي
كۆرسەتكۈچى .......................... 1378
**ئون ئىككىنچى باب مەكىت ساياھەتچىلىكى** ...... 1380
1 . مەكىت ساياھەتچىلىكىنىڭ تارىخىدىن قىسقىچە بايان... 1381
2 . مەكىت ناھىيىسى ساياھەتچىلىكىنىڭ ھازىرقى
ئەھۋالى .......................... 1395
3 . مەكىت ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى
ئەۋزەل شارائىتلار .......................... 1397
4 . ساياھەتچىلىكنىڭ مەكىتنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



تەرەققىياتىدىكى رولى ........................... 1403
5 . مەكتەت ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا
ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىشتىكى
چارە ـ تەدبىرلەر ........................... 1409
[قوشۇمچە 8 ـ 1 ]
مەكتەت ناھىيىسىدىكى ساياھەت ئورۇنلىرىنى قىسقىچە
تونۇشتۇرۇش ........................... 1433
[قوشۇمچە 8 ـ 2 ]
مەكتەت ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مۇندەرىجىسى ......1447
ئون ئۈچىنچى باب تارىخي شەخسلەر ................ 1449
1 . مۇقامشۇناس ، شائىرە ئامانىساخانىنىڭ بالىلىق چاغ-
لىرىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ......... 1449
2 . تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات قادىر ئاخۇن خەلپىتىم...1461
3 . مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئاۋلىراخۇن خەلپىتىم......1464
4 . خەلقپەرۋەر شۇلياڭ ........................... 1466
ئون تۆتىنچى باب تارىخ ـ مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا
ئىزاھات........................... 1470
1 . تارىخي ئاتالغۇلار ........................... 1470
2 . مۇھىم سىياسىي ۋەقەلەر ........................... 1486
[قوشۇمچە 9 ]
مەكتەت تارىخ ـ مەدەنىيەتكە ئائىت ئېلان قىلىنغان
ئەسەر ۋە ماقالىلەر كاتولوگى........................... 1511
[قوشۇمچە 10 ]
مەكتەت تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى ............ 1520

# 目录

前言 …… 1
第一章： 麦盖提概况 …… 1
第二章： 麦盖提自然地理 …… 22
第一节： 地质构造 …… 22
第二节： 地形 …… 24
第三节： 气候 …… 27
第四节： 水文 …… 33
第五节： 土地资源 …… 43
第六节： 动植物 …… 44
第七节： 自然灾害 …… 45
第三章： 历史 …… 53
第一节:《麦盖提》名称考 …… 53
第二节:历代麦盖提 …… 72
一、史前时代的麦盖提 …… 75
1、新石器时代的麦盖提 …… 75
2、麦盖提的古代居民 …… 78
二、汉代时期的麦盖提 …… 83
1、西域诸国与麦盖提 …… 83
2、匈奴与麦盖提 …… 85
3、西域督护府与麦盖提 …… 87
三、魏晋南北朝时期的麦盖提 …… 93
1、西域古代民族与麦盖提 …… 95
四、隋唐时期的麦盖提 …… 101

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1、吐蕃与麦盖提 …… 104
2、鄂尔浑回鹘汗国与麦盖提 …… 105
五、宋元明朝时期的麦盖提 …… 113
1、喀喇 汗王朝与麦盖提 …… 113
2、蒙古帝国和元朝时期的麦盖提 …… 120
3、察合台汗国与麦盖提 …… 122
4、叶尔羌汗国与麦盖提 …… 123
5、和卓时代的麦盖提 …… 128
六、清朝时期的麦盖提 …… 147
七、中华民国时期的麦盖提 …… 152
1、30 年代大拨动时期的麦盖提 …… 156
2、《11 项和平条款》时期的麦盖提 …… 160
3、民国时期的县政府 …… 167
4、中国国民党麦盖提县党部 …… 169
5、麦盖提县《参议会》 …… 171
6、中国国民党麦盖提县群众组织 …… 172
八、新中国成立后的麦盖提 …… 174
1、中国共产党在麦盖提县的地方组织 …… 174
2、中共麦盖提县委 …… 178
3、麦盖提县人民政府 …… 179
4、麦盖提县人民代表委员会 …… 183
5、麦盖提县政治协商会议 …… 185
附 1:麦盖提历史上的社会经济救济情况 …… 186
第三节:麦盖提县的成立 …… 191
附 2:杨增新上书呈请设麦盖提县治文 …… 197
第四节:麦盖提行政区建设 …… 199
附 3:麦盖提县乡镇概况 …… 205

第四章:维吾尔刀郎人 …………………………… 221
第一节:"刀郎"名称考 …………………………… 224
第二节:维吾尔刀郎人的渊源 …………………… 233

第五章:维吾尔刀郎人民俗 ……………………… 327
第一节:维吾尔刀郎人的物质生产 ……………… 332
第二节:维吾尔刀郎人商品交易 ………………… 365
第三节:维吾尔刀郎人交通运输 ………………… 372
第四节:维吾尔刀郎人服饰习俗 ………………… 378
第五节:维吾尔刀郎人居住习俗 ………………… 388
第六节:维吾尔刀郎人饮食习俗 ………………… 395
第七节:维吾尔刀郎人手工艺术 ………………… 429
第八节:维吾尔刀郎人社交习俗 ………………… 467
第九节:维吾尔刀郎人美观习俗 ………………… 489
第十节:维吾尔刀郎人婚丧习俗 ………………… 497
第十一节:维吾尔刀郎人节日习俗 ……………… 516
第十二节:维吾尔刀郎人娱乐活动 ……………… 521
第十三节:维吾尔刀郎人民间体育活动及游戏 …… 538
第十四节:维吾尔刀郎人语言习俗 ……………… 573
第十五节:维吾尔刀郎人宗教习俗 ……………… 575
第十六节:维吾尔刀郎人斋戒习俗 ……………… 608
第十七节:维吾尔刀郎人迷信习俗 ……………… 619

第六章:刀郎麦西来甫、木卡姆 ………………… 635
第一节:刀郎麦西来甫、木卡姆的历史文化渊源 …… 635
第二节:刀郎麦西来甫、木卡姆在国内外的影响 …… 654
第三节:刀郎麦西来甫和刀郎木卡姆的关系 ……… 660
第四节:刀郎木卡姆 ……………………………… 662

www.uyghurkitap.com



一、刀郎木卡姆名称的历史渊源 …………………… 662
二、刀郎木卡姆歌谱的内容特征 …………………… 675
三、刀郎麦卡姆与维吾尔木卡姆 …………………… 686
1、刀郎木卡姆与维吾尔十二木卡姆的关系 …… 686
2、刀郎木卡姆与哈密木卡姆的同根性和区别 … 619
3、麦盖提刀郎木卡姆与阿瓦提刀郎木卡姆的相似之处和区别 ………………………………… 700
第五节:刀郎麦西来甫 ……………………………… 706
一、刀郎麦西来甫的名称、种类 …………………… 706
二、刀郎麦西来甫表演形式 ……………………… 720
三、刀郎麦西来甫的惩罚游戏 …………………… 729
四、刀郎麦西来甫中的模仿及歌剧 ……………… 743
第六节:刀郎麦西来甫民谣 ……………………… 758
第七节:刀郎麦西来甫的社会作用 ……………… 793
第八节:刀郎乐器及其简史 ……………………… 794
第九节:麦盖提刀郎木卡姆民间艺人 …………… 805
第七章:麦盖提文化与教育 …………………………… 830
第一节:麦盖提提古代文明 ……………………… 830
第二节:麦盖提文物 ……………………………… 845
一、麦盖提重点保护文物古迹 …………………… 845
二、麦盖提卡赞库勒戈壁滩出土文物 …………… 863
三、麦盖提央塔克乡木板坟墓 …………………… 866
第三节:古代宗教在麦盖提的痕迹 ……………… 872
第四节:麦盖提教育 ……………………………… 887
一、麦盖提古代(原始)教育 ……………………… 887
二、麦盖提的近代教育 …………………………… 899
附4:麦盖提1942年教育情况统计表 ………… 906

三、麦盖提的现代教育 …………………………… 907

第八章:刀郎(麦盖提)地方方言 …………………………… 921
第一节:刀郎(麦盖提)地方方言在现代维吾尔语中的地位 …………………………… 922
第二节:刀郎(麦盖提)地方方言的研究现状 ……… 924
第三节:刀郎(麦盖提)地方方言的形成 …………… 928
第四节:刀郎(麦盖提)地方方言的语言词汇 ……… 931
第五节:刀郎(麦盖提)地方方言的特征 …………… 940
第六节:刀郎(麦盖提)地方方言的研究现实意义 … 947

第九章:麦盖提地名文化 …………………………… 951
第一节:麦盖提地名文化及其研究的现实意义 …… 952
第二节:麦盖提地名形成特点 …………………… 954
第三节:麦盖提地名文化层次 …………………… 961
第四节:关于麦盖提地名的神话传说 …………… 969
第五节:关于麦盖提部分地名考 ………………… 975
附 5-1:麦盖提乡镇地名的演变情况及对照 … 985
附 5-2:麦盖提地名汉维对照 ………………… 992

第十章:麦盖提古典文学 …………………………… 999
第一节:麦盖提刀郎民间文学 …………………… 1001
一、麦盖提民间神话传说选 …………………… 1002
二、麦盖提刀郎民间故事选 …………………… 1029
三、麦盖提刀郎民谣选 ………………………… 1084
四、麦盖提刀郎历史民谣 ……………………… 1122
五、麦盖提刀郎民间谚语选 …………………… 1124
第二节:麦盖提古典文学代表人 ………………… 1142
一、阿曼民沙汗 ………………………………… 1142

www.uyghurkitap.com



二、艾和米迪 …… 1146
第十一章:麦盖提经济和社会发展概述 …… 1190
第一节:经济发展 …… 1190
一、农业 …… 1190
二、畜牧业 …… 1197
三、林业 …… 1201
四、水利 …… 1207
五、工商 …… 1218
六、税务管理 …… 1237
七、交通运输 …… 1242
八、邮电 …… 1251
九、金融 …… 1253
十、城市建设 …… 1261
十一、农垦 …… 1262
第二节:社会发展 …… 1272
一、民族与宗教 …… 1272
二、人口 …… 1277
附6:麦盖提县1949年至1990年人口统计表 …… 1278
三、麦盖提文化建设发展史 …… 1285
1、麦盖提县文化馆的建设及其发展 …… 1286
2、麦盖提县图书馆的建设及其发展 …… 1294
3、麦盖提县新华书店建设及其发展 …… 1296
4、麦盖提县刀朗歌剧团建设及其发展 …… 1298
5、麦盖提县电影事业的发展 …… 1302
四、文学艺术 …… 1308
五、体育 …… 1367
六、广播电视 …… 1370

七、卫生与民族医学 …………………………………… 1371
附 7:麦盖提县主要社会经济指标 ……………… 1378

第十二章:麦盖提旅游 …………………………………… 1380
第一节:麦盖提旅游业的历史简述 ……………………… 1381
第二节:麦盖提旅游业的现状 …………………………… 1395
第三节:发展麦盖提旅游业的有利条件 ………………… 1397
第四节:旅游业在麦盖提社会经济发展中的作用 … 1403
第五节:麦盖提旅游业发展中存在的问题及其解决的对策措施 …………………………………………… 1409
附 8－1:麦盖提旅游景点概述 ………………… 1433
附 8－2:麦盖提旅游资普查表 ………………… 1447

第十三章:历史人物 …………………………………………… 1449
第一节:木卡姆演奏家、诗人阿曼尼沙汗关于童年时期的几点问题 ……………………………………… 1449
第二节:卡德尔阿訇哈里发提事略 ……………………… 1461
第三节:阿瓦里拉阿訇哈里发提事略 ………………… 1464
第四节:许亮事略 ………………………………………… 1466

第十四章:麦盖提历史文化名称注释 ……………………… 1470
第一节:历史名称 ………………………………………… 1470
第二节:重大政治事件 …………………………………… 1486
附 9:有关麦盖提历史文化的著作、论文、文章目录 …………………………………………………… 1511
附 10:麦盖提历史大事记 ………………………… 1520

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب
# مەكىت ھەققىدە ئومۇمىي بايان

مەكىت ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەرقىگە ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە ، يەكەن (دولان)① دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا تۆۋەنكى ئېقىنىغا ، تىزناپ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان ، يەكەن (دولان) دەرياسىنىڭ لاتقىسىدىن پەيدا بولغان تۈزلەڭلىك . بۇ ناھىيە غەربتە يەكەن ناھىيىسى بىلەن ، شىمالدا يەكەن (دولان) دەرياسىنى چېگرا قىلىپ مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن چېگرالىنىدۇ . جەنۇب تەرىپى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن ، شەرق تەرىپى خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ . شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 160km ، جەنۇبتىن شىمالغا ئەڭ چوڭ كەڭلىكى 136km ، ئومۇمىي يەر مەيدانى $15200km^2$ ، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق كۆلىمى $1152.89km^2$ بولۇپ ، ناھىيە زېمىنى ئىچىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كۆلىمى $14047.11km^2$ كېلىدۇ .

پۈتكۈل تېررىتورىيىسى شەرقىي مېرىدىئان 77°28′ بىلەن 79°05′ ، شىمالىي كەڭلىك 38°22′ بىلەن 39°22′ ئارىلىقىغا جايلاشقان . دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1155 ~ 1195 مېتىر ، يېرى تەكشى . ئادەتتىكى يانتۇلۇقى 1/2000 دىن 1/3500 چىلىك . ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1410 كىلومېتىر ، قەشقەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 175 كىلومېتىر بولۇپ ، دولان دەرياسى مەكىت چوڭ كۆۋرۈكى سېلىنىشتىن ئىلگىرى ، كەلكۈن مەزگىلىدە يەكەن ناھىيىسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغان

① بۇ دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىنى «زەرەپشان دەرياسى» (تاجىكچە «ئالتۇن ئاقىدىغان دەريا» دېگەن مەنىدە) ، يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قىسمى «يەكەن دەرياسى» دەپ ، مەكىت ، مارالبېشى تەۋەسىدىن تاكى تارىم دەرياسىغىچە بولغان قىسمى «دولان دەرياسى» دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولغاچقا ، بۇ ۋاقىتتا قەشقەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 315 كىلومېتىر ئىدى
ناھىيىنىڭ تۆت پەسلى ئېنىق بولۇپ ، تېمپ قۇرۇقلۇق كىلىما-
تىغا تەۋە . 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە
ئەتىياز پەسلى ھېسابلىنىدۇ . بۇ مەزگىلدە كۆپرەك قۇم ئارىلاش
شامال چىقىدۇ . 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلى-
رىغىچە ياز پەسلى ھېسابلىنىدۇ . ياز پەسلى ئەڭ ئىسسىق بولۇپ ،
تارىختىن بۇيان 7 - ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25.5°C بولۇپ
كەلگەن . 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە
كۈز پەسلى بولۇپ ، ھاۋا سالقىن بولىدۇ . 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى-
دىن 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قىش پەسلى بولۇپ ، ھاۋا سوغۇق
بولىدۇ . تارىختىن بۇيان 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 5.9°C- ،
مەكىتنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5°C . قۇياشنىڭ
پۈتۈن يىللىق ئۈنۈملۈك يورۇتۇش ۋاقتى 2865.4 سائەت بولۇپ ،
بۇ پۈتكۈل يورۇتۇش ۋاقتىنىڭ 65% نى ئىگىلەيدۇ . يامغۇر - يېغىن
ئاز ، پارلىنىش ئىنتايىن كۈچلۈك ، يىللىق يېغىن مىقدارى 42.3
مىللىمېتىر ، يىللىق پارلىنىش 2250.7 مىللىمېتىر ، ئەڭ ئاز
بولغاندىمۇ 1900 مىللىمېتىر ، پارلىنىش ھۆل- يېغىن مىقدارىنىڭ
52.2 ھەسسىسىگە تەڭ . كۆپ يىللار مابەينىدىكى ئوتتۇرىچە قىرو-
سىز مەزگىل 214 كۈن . بۇ پۈتۈن يىلنىڭ 365 كۈنىنىڭ
58.6% نى ئىگىلەيدۇ .

مەكىت ناھىيىسى تارىم بوستانلىقىدىكى ئۇيغۇر دولانلىرى مەر-
كەزلىك ئولتۇراقلاشقان ، ئۇيغۇر دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى ئۆزى-
نىڭ قەدىمكى ئەسلىي ھالەت ، پۇرىقىنى ساقلاپ قالغان قەدىمكى
يۇرتلارنىڭ بىرى .

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، مەكىت
رايونىدا يېڭى تاش قوراللار دەۋرى (بۇنىڭدىن 5 — 6 مىڭ يىللار
ئىلگىرى ) دە قەدىمكى ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ ،
شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە بۇ يەردە ياشىغان
خەلقلەر مەكىتنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرگەن ۋە
مەكىتتە ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىك ، قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە

مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن .

مەكىت مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى ) 8 - ئايدىن باشلاپ مارالبېشى ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان . مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى ) نوپۇسى 44 مىڭ 161 گە يەتكەن . 1949 - يىلى 50 مىڭ 242 گە يەتكەن . 17 يىلدا 6 مىڭ 81 ئادەم كۆپەيگەن . 1990 - يىلى مەملىكەتلىك 4 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئومۇمىي نوپۇس 37 مىڭ 469 تۈتۈن ، 168 مىڭ 231 ئادەم ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى (چاسا قىسىم دېھقانچىلىق مەيدانى ، پەيلو ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە 36129 - قىسىم دېھقانچىلىق مەيداندىكى نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ) . بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار 82 مىڭ 328 ئادەم . مەكىتنىڭ 2000 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان مەملىكەت بويىچە 5 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان نوپۇس 201810 ئادەم . ھازىر مەكىتتە ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، خۇيزۇ ، ئۆزبېك ، جۇاڭزۇ ، مانجۇ ، دۇڭشياڭ ، تۇجيازۇ ، قازاق ، موڭغۇل ، زاڭزۇ ، ياۋزۇ ، شىبە ، يۇگو (سېرىقئۇيغۇر ) ، مياۋزۇ ، چاۋشيەنزۇ ، قىرغىز ، تۇزۇ ، دۇلۇڭ ، تاتار ، ئېلۇنچۇن ، يىزۇ قاتار-لىق 22 مىللەت بار . پۈتۈن ناھىيىدە توققۇز يېزا ، بىر بازار ، 134 كەنت كومىتېتى ، 209 تەبىئىي كەنت ، 520 كەنت ئاھالە گۇرۇپپى-سى ، ئىككى ئورمانچىلىق مەيدانى ، بىر باغۋەنچىلىك مەيدانى ، تۆت ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازا-رىتىگە قاراشلىق پەيلو ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى بار .

پۈتۈن ناھىيىنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت ، تېرىشقا بولىدىغان يەر كۆلى-مى 73 مىڭ 600 مو بولۇپ ، ساپ تېرىلغۇ كۆلىمى 60 مىڭ 900 مو . 1990 - يىلىدىكى ئەمەلىي تېرىلغۇ كۆلىمى 530 مىڭ مو بولۇپ ، ھەربىر دېھقان نوپۇسقا 4.5 مو يەر توغرا كېلىدۇ . يېزىلار-دىكى ئەمگەك كۈچى 37 مىڭ 585 ئادەم بولۇپ ، ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14.1 مو تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ . مەكىتنىڭ تۇپراق قەۋىتى قېلىن ، كۆپىنچە تۇپراق قۇمساڭغۇ ، شور-لىشىش ئېغىرراق ، تۇپراق قەۋىتىدە ئۈچ ئاز بىر كۆپ . يەنى ، ئورگانىك ماددىلار ، ئازوت ، فوسفور ئاز ، كالىي كۆپ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەكىتنىڭ «قۇملۇقتىكى بوستانلىق» دېگەن نامى بولۇپ ، ئوتۇ-
كەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تەبىئىي
توغراقلىق 620 مىڭ مو ئىدى . كېيىن قالايمىقان كېسىلىپ كېتىش
سەۋەبلىك 1990 - يىلى بۇنىڭ 371 مىڭ موسى ساقلىنىپ قالغان .
سۇنئىي بەرپا قىلىنغان ئىقتىسادىي ئورمانلىق 11 مىڭ 700 مو
بولۇپ ، ئاساسلىق مېۋىلەردىن ئالما ، نەشپۈت ، شاپتۇل ، ئۆرۈك ،
ئۈزۈم قاتارلىقلار بار . يىللىق مېۋە ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 6
مىليون 4 مىڭ كىلوگرام ، بۇنى كىشى بېشىغا تەقسىملىسەك ، ھەر-
بىر ئادەمگە 40 كىلوگرامدىن توغرا كېلىدۇ . پۈتۈن ناھىيىنىڭ
ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2.2% ، يېزا ئىگىلىك رايونلارنىڭ
قاپلىنىش نىسبىتى 23% كېلىدۇ .

سۇ بايلىقى جەھەتتىن ئېيتقاندا ، نورمال يىللاردا يەكەن (دولان )
دەرياسى ۋە تىزناپ دەرياسىنىڭ سۈيى 800 مىليون كۇب مېتىر
بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە يەكەن (دولان ) دەرياسىنىڭ سۈيى 52.8%
نى ، تىزناپ دەياسىنىڭ سۈيى 47.2% نى ئىگىلەيدۇ . پۈتۈن ناھىيە
تەۋەسىدە سۇ يەتكۈزۈش ئۆستەڭلىرىدىن 21ى بولۇپ ، ئۇزۇنلۇقى
504.23 km كېلىدۇ . ئۇنىڭدىكى ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى
202 $m^3/s$ ، سۇغىرىش كۆلىمى 777 مىڭ 900 مو . جىرىڭلىما ،
خانكۆل قاتارلىق سۇ ئامبارلىرىنىڭ سۇ ساقلاش مىقدارى 76 مىليون
كۇب مېتىر بولۇپ ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئېلېكتىرلىك قۇدۇق 414 .
يەنە 18 جايدا سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى بار بولۇپ ، ئەتىيازدا
بوغدايلارنىڭ دان سۈيىنى بېرىش مەزگىلىدىكى سۇغىرىشقا ئىشلىتى-
لىدۇ .

مىنگو دەۋرىدە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئادەتتىكىچە ۋە
قوپال بولغان كەتمەن ، جوتۇ ۋە ياغاچ ئارا ، تىرنا ، زەمبىل ۋە ياريار
ھارۋا قاتارلىق ئۇسكۈنىلەر ئىشلىتىلەتتى . 1954 - يىلىدىن باشلاپ ،
ئات بىلەن تارتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى كىرگۈزۈلدى .
1959 - يىلى خەلق گوڭشېسىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن يېزا
ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ چوڭ تىپتىكى سەككىز
تراكتور سېتىۋېلىنغان . 1980 - يىلى چوڭ - كىچىك تىپتىكى

تراكتورلاردىن 338 ى بار بولدى . دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى 677 گە يەتتى . چوڭ تىپتىكى سۆرۈلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن 545 ى بار بولدى . ئەينى ۋاقىتتا دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئارقىلىق دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەر مەيدانى 2 مىليون 263 ئۆلچەملىك مو ئىدى . 1990 ـ يىلى چوڭ تىپتىكى تراكتورلاردىن 411 ى بار بولدى . ئۇنىڭ قۇۋۋىتى 11371.19kw كېلەتتى . پۈتۈن ناھىيىدە ھەر ئون مىڭ مو يەرنىڭ تېرىلغۇسىغا كېتىدىغان تراكتورلار 21.4 بولۇپ ، ماشىنا بىلەن يەر ئاغدۇرۇش نىسبىتى سەۋىيىسى 96.5 %گە ، ماشىنا بىلەن تېرىش 88.1 %گە ، ماشىنا بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىش 96.5 %گە ، ماشىنا بىلەن ئورۇق ئايرىش 92.3 %گە ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش 100 %گە يەتتى . ماشىنا سۆرەيدىغان دېھقانچىلىق قوراللىرى 935گە ، جۈملىدىن كىچىك رەك دېھقانچىلىق سايمانلىرى 452گە يەتتى .

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئارقىلىق پۈتۈن ناھىيىنىڭ مىللىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ ، مەكىت ئاپتونوم رايوندىكى ئىلغار ناھىيە قاتارىغا كىردى . كوللېكتىپ ئىقتىسادىنىڭ جۇغلىنىشى يىلدىن ـ يىلغا ئېشىپ ، كەڭ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى . 1956 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيىدىكى ئاشلىق تېرىلىش كۆلىمى 159 مىڭ 300 مو ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 301 مىڭ كىلوگرام بولۇپ ، 1949 ـ يىلىدىكى 825 مىڭ كىلوگرامدىن 20.9 ھەسسە ئاشتى . پاختىنىڭ تېرىلىش كۆلىمى 100 مىڭ 700 مودىن ئېشىپ ، ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 2 مىليون 744 مىڭ كىلوگرام بولدى . بۇ 1949 ـ يىلىدىكى 474 مىڭ كىلوگرامنىڭ 5.8 ھەسسىسى ئىدى . 1958 ـ يىلىدىن باشلاپ ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ، «پولات تاۋلاش» ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىزچىللىقى يوقالدى . ئىشلەپچىقىرىش بار ـ يوقنىڭ ئورنىدا ناھايىتى مۇقىمسىز بولدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، تەتۈر شامالارنىڭ توسۇلۇشى بىلەن سولچىل خاتالىق تۈزىتىلىپ ، قەتئىي ھالدا بىر مەركەز ، ئىككى ئاساسىي نۇقتا چىڭ تۇتۇلدى . يېزا ئىگىلىكتە مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلۈپ ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتىنى توغرا ئىزچىل-لاشتۇردى . ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈپ ، قەتئىي ھالدا ئاشلىق بىلەن پاختىنى تەڭ تۇتۇپ ، پاختىنى كۆچەيرەك تەكىتلەشتەك دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا مېڭىپ ، «بەشتە ياخشى يېزا قۇرۇلۇ-شى» نى چىڭ تۇتتى . مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە كۆتىرە بېرىش تۈزۈمىنى ئاساس قىلىپ ، «بەشنى بىر تۇتاش» قىلىشتەك ئىككى قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىدا قەتئىي چىڭ تۇردى . شۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ، ئاشلىق ۋە پاختىدا ئۇدا 13 يىل مول ـ ھوسۇل قولغا كەلتۈرۈلدى . 1990 ـ يىلى پاختا ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىن كۆپ ھو-سۇل بەردى . 1950 ـ يىلىدىكىدىن 37. 23 ھەسسە ئېشىپ ، يېزىلار-دا ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان پاختا 172. 6 كىلوگرام بولدى . دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 290 مىليون 657 مىڭ يۈەن قىممىتىگە يېتىپ 1980 ـ يىلىدىكى 30 مىليون 310 مىڭ يۈەندىن 9 .7 ھەسسە ئاشتى . دېھقانلارنىڭ كىرىمى 1112.38 يۈەن بولۇپ ، 7 .7 ھەسسە ئاشتى .

چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى 1950 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە ئىزچىل ھالدا 200 مىڭ تۇياق ئەتراپىدا بولۇپ ، بەزىدە كۆپە-يىپ ، بەزىدە تۆۋەنلەپ تۇرغان . 1987 ـ يىلى 300 مىڭ تۇياقلىق ئۆتكەلنى بېسىپ ئۆتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، تەدرىجىي كۆپىيىپ 1990 ـ يىلى 495 مىڭ 400 تۇياققا يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ قويرۇقلۇق قوي 110 مىڭ تۇياق بولدى . چوڭ قويرۇقلۇق قوي مەكىتنىڭ ئۆزگىچە چارۋا مەھسۇلاتى بولۇپ ، 1986 ـ يىلى دۆلەت قوينى كۆپەيتىش ئاپتونوم رايوننىڭ مەشئەل پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ ، 1985 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە 59 مىڭ 700 تۇياق سىرتقا يۆتكەلدى .

1949 ـ يىلىدىن بۇرۇن مەكىتتە پەقەت يېرىم قول ھۈنەرۋەن ، يېرىم دېھقان قول ھۈنەرۋەنچىلەر بار ئىدى . 1950 ـ يىلىدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى زامان سانائىتىگە تەرەققىي قىلدى . 1990ـ يىلى ئېلېكتر ئىستانسىسى ، كۆمۈر كان ، باسمىخانا ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ، ماشىنا رېمونت قىلىش ، قۇرۇلۇش بۇيۇملىرى ، ئۇششاق بەش خىل مېتال بۇيۇملىرى ياساش ، يالتىراقنى يىغنۇېلىپ پىششىقلاپ ئىشلەش ، ماي ئىشلەپچىقىرىش ، يېزا ئىگىلىك ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ، يېمەكلىك ئىشلەش ، كىيىم ـ كېچەك ئىشلەش ، ياغاچچىلىق قاتارلىق 25 كارخانا قۇرۇلدى . بۇنىڭ ئىچىدىكى كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانا 17 ، ئومۇمىي خەلق ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانا 8 ، سانائەت ئومۇمىي قىممىتى 97 مىليون 889 مىڭ يۈەن بولدى .

پۈتۈن ناھىيە تارىختىن بۇيان پاختا تېرىشنى ئاساس قىلىپ ، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ياخشىلىدى ، سېتىۋېلىش كۆچى كۆچەيدى . سودا نىسپىي ھالدا تەرەققىي قىلدى . 1958 ـ يىلى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 6 مىليون 10 مىڭ يۈەن ئىدى . 1980 ـ يىلى 19 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولدى . 1990 ـ يىلى 66 مىليون 150 مىڭ يۈەن بولدى . 1990 ـ يىلى بازاردىكى سودىنىڭ پۈتۈشۈش سوممىسى 137 مىليون 530 مىڭ يۈەن بولۇپ ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى .

مەدەنىيەت ، مائارىپ ، پەن ـ تېخنىكىدا زور ئىلگىرىلەش بولدى . پۈتۈن ناھىيىدە ئاساس مائارىپ ئومۇملاشتى . ھەربىر يېزىدا ئوتتۇرا مەكتەپ ، سەھىيە ئورۇنلىرى ۋە مەدەنىيەت ئورۇنلىرى بار بولدى . 1959 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىزچىل ھالدا ئومۇمىي خەلق ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ كەلدى .

مەكىت خەلقى مول ماددىي بايلىقنى يارىتىش بىلەن بىللە ، يەنە ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى . ئاۋام خەلق ئامراق بولغان دولان مۇقامى ۋە دولان مەشرەپلىرى كەڭ تارقىلىپ ، خەلق ئارىسىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئايلاندى . ئىشتىن سىرتقى گۈزەل سەنئەت پائالىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گۈللىنىپ، كۆرۈنەرلىك دېھقانلار رەسىملىرى ئىجاد قىلىندى.

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، زور بىر تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى تەربىيىلەندى. 1950 - يىلى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى پەقەت 213 ئادەم ئىدى. 1990 - يىلىغا كەلگەندە 2522 گە يەتتى. ئۇ 1950 - يىلدىكىدىن 10.84 ھەسسە ئارتۇق بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە كادىرلىرىنىڭ (3236 ئادەمنىڭ) 77.9 %نى ئىگىلەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى پارتىيىنىڭ تەربىيىلىشى ئاستىدا دېموكراتىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ھەر قايسى خىزمەت ئەمەلىيەتلىرىدە ئىدىيە - سىياسەت، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتلەردە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى زىممىسىگە ئېلىپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرىغا ئايلاندى.

مەكىت ناھىيىسى چېگراسى ئىچىدە يەنە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ 3 - دىۋىزىيىسى 43 -، 45 -، 46 - تۇەنى (چىغلىق دېھقانچىلىق مەيدانى)، قالما سۇ ئامبىرى باشقارمىسى، پەيلو ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى بار. ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى دېھقانچىلىق مەيدانى ئالاھىدە فۇنكسىيىگە ئىگە كول- لېكتىپ بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار نەنىنۇەن روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەمەلىيەت بىلەن ھەربىي ئىشلارنى بىرلەشتۈرۈپ، چېگرانى قوغداپ، ھۆكۈمەتنى ۋە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ، يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، پۈتۈن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قارىتا تۈرتكىلىك رول ئويناپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا مۇھىم رولغا ئىگە.

مەكىت گەرچە ئۆزىگە خاس يوشۇرۇن ئەۋزەللىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بەزى پايدىسىز ئامىللار بار. ناھىيىنىڭ كىلىماتى پۈتۈن يىل قۇرغاق بولۇپ، يېغىن مىقدارى ئاز، پارلىنىش ناھايىتى كۈچلۈك، جانلىقلارنىڭ جانىنى ساقلاش مۇھىتى ناچار. پەقەت ئاززاقلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرمەك تەس. دېھقانچىلىق

رايونلىرىنىڭ تۆت ئەتراپى قۇم بىلەن قورشالغان بولۇپ، قۇرغاقچىلىق ۋە قۇم - بورىنىنىڭ تەسىرىدە قۇم ناھايىتى ئاسانلا دېھقانچىلىق رايونىغا بېسىپ كىرىپ، ئادەملەر چېكىنىپ چىقىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. قۇمنىڭ بېسىپ كىرىشى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئېغىر تەھدىت بولىدۇ.

1950 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پۈتۈن ناھىيىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 19 مىڭ 400 مو ئىدى. 1990 - يىلى تېرىلغۇ كۆلىمى 671 مىڭ موغا يەتتى. يېڭىدىن ئېچىلغان يەرلەر 1950 - يىللاردىكى يەر كۆلىمىنىڭ 3 .2 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى سەۋەبلىك ئورمان كۆلىمى ماس ھالدا كىچىكلەپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ، قۇم - بورانىنى پەسلەتىشنىڭ تەبىئىي توساقلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باشقا كەسىپلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئويلىشىلىپ، ئۇنىۋېرسال پىلان تۈزۈلۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئورمانغا قارىتا كېسىش نۇقتىسىنى بېكىتىش، تىكىش ۋە قوغداشتىن ئىبارەت ئۈچ ئورمانچىلىق سىياسىتى بەلگىلىنىپ، دېھقانچىلىق رايونىنىڭ كىلىماتى ياخشىلىنىپ، قۇم - بورانىنى پەسەيتىپ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ساقلاندى①.

ئېلىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ئىنتايىن زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى.

2005 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى ۋە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئۈزلۈكسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەرەققىياتتىن ئىبارەت بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپىنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى

① «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 - يىل 7 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 2 — 4 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جاسارەت بىلەن ئىش-لەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئىشلاردا كۆرۈ-نەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئى-يەت بەرپا قىلىش يولىدا مۇھىم قەدەملەرنى باستى.

2005 - يىلى «10 - بەش يىللىق پىلان» نىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر يىلى بولدى. شۇنداقلا مەكتەپ ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىج-تىمائىي تەرەققىياتى تېز يۈكسەلگەن مۇھىم بىر يىل بولدى. بۇ بىر يىلدا پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممە-تى 747 مىليون 110 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىن 14.37% ئاشتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 30 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 29.04% ئاشتى. مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى 349 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 59.06% ئاشتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 155 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.2% ئاشتى.

بىرىنچىدىن، يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش چوڭقۇر-لاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىقتىسادىنى بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 111 مىڭ 485 توننىغا يېتىپ، 16 مىڭ 269 توننا كۆپەيتىلىپ، ئاشلىقتا ئۆزىنى تەمىنلەپ، ئازراق ئېشىنچا بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئاش-لىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 830 مىڭ دەنگە يېتىپ، 130 مىڭ دەن ئاشتى. چارۋىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوتان قالدۇق سانى 590 مىڭ 200 تۇياققا، قوتاندىن چىقىرىلغان چارۋا 442 مىڭ 500 تۇياققا يېتىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 29 مىڭ 200 تۇياق ۋە 37 مىڭ 500 تۇياق ئاشتى. گۆش، تۇخۇم، سۈت ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 13.54%، 30.49%، 18.66% ئاشتى. كەسپلەشكەن باغ - ئور-مانچىلىق كۆلىمى 153 مىڭ 400 موغا يېتىپ، ۋىلايەت ئوتتۇرىغا قويغان كىشى بېشىغا 30 تۈپ مېۋىلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈش نىشانى ئورۇندالدى. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 2360 يۈەنگە يېتىپ، 220 يۈەن كۆپەيتىلدى.

ئىككىنچىدىن ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ ، شەھەر - يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى . يېزىلارنى تۇتاشتۇرىدىغان تاشيولدىن 21 كىلومېتىر ، ناھىيە ، يېزا تاشيولىدىن 55.9 كىلومېتىر ياسالدى . يېڭىدىن 735 كىلومېتىر سۇغىرىش ئۆستىڭى ياسالدى . تۆۋەن ھوسۇللۇق 21 مىڭ 251 مو ئېتىز ئۆزگەرتىلدى . 75.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭ دامبىلىرى رېمونت قىلىپ مۇستەھكەملەندى . پۈتۈن ناھىيە بويىچە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىنغان مەبلەغ 9 مىليون 343 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى . ناھىيە بازىرىدا ھەرخىل تېپتىكى سودا ، ئولتۇراق بىناسى ۋە ئۇنىۋېرسال بىنادىن 45 كورپۇس ، جەمئىي 120 مىڭ كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش يېڭىدىن ياسىلىپ ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 15 كۋادرات مېتىرغا يەتتى . 3.9 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا شەھەر ئاساسىي تاشيولى ياسىلىپ ، ئىجتىمائىي رايون يوللىرىدىن 21 كىلومېتىر ياسالدى . 122 مو كېلىدىغان دولان باغچىسى يېڭىدىن ياسالدى .

ئۈچىنچىدىن ، سانائەتلىشىش قەدىمى تېزلىتىلىپ ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈلمىسىدە بولمىغان ئىگىلىك ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ ، ناھىيە بويىچە تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ نىسبىتى 95% گە يەتتى . يىلىغا 15 مىڭ توننا چىگىتنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىككى ياغ زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى . 5709 مو كۆلەمدە سانائەت رايون باغچىسى پىلانلاندى . سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش ئارقىلىق ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جۇڭلىيەن پاختا توقۇمىچىلىق شىركىتى قاتارلىق 13 سانائەت كارخانىسى ئورۇنلاشتى . بۇنىڭ ئىچىدە نورۇز ھاراقچىلىق زاۋۇتى ، سۇلياۋ - پولات ماتېرىياللىرى زاۋۇتى ۋە سۇلياۋ يوپۇققا ئىش قوشۇش زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ ، دەسلەپكى قەدەمدە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى . يىل ئاخىرىغا قەدەر پۈتۈن ناھىيە سانائەت ئومۇمىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 79 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 42.3% ئاشۇرۇلدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن سانائەت ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 53 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈلمىسىدە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا قارىتا، سىياسىي جەھەتتىن ئىلھام بېرىش، يېتەكلەش ۋە قوللاش يولىغا قويۇلدى. 2005 ـ يىلىغا قەدەر، خۇسۇسىي كارخانىلار 86 گە يېتىپ، مەبلەغ سالغۇچىلار 177 ئادەمگە يەتتى. يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر 3113 ئائىلىگە، كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 4121 ئادەمگە يەتتى.

تۆتىنچىدىن، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش ئۈزلۈكسىز زورايتىلىپ، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت «بىرىنچى نومۇرلۇق قۇرۇلۇش» پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىر يىلدا سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن ھەمكارلىشىش تۈرى 15 كە، توختام ۋە كېلىشىم مەبلىغى 159 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 86 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بېيجىڭ داخې چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىلەن 10 مىڭ توننا چۈچۈكبۇيىغا ئىش قوشۇش، 500 توننا چۈچۈكبۇيا كىسلاتاسى تالقىنى ئىشلەپچىقىرىش توختامى ئىمزالاندى. ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 12 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. بوبەيلۇڭ گۇرۇھى بىلەن 50 مىڭ ئۈرچۇقلۇق ئىنچىكە يىپ ئېگىرىش تۈرى ۋە چەككىلەنگەن ماي ئىشلەپچىقىرىش تۈر توختىمى ئىمزالاندى. ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 97 مىليون شياڭگاڭ پۇلىغا يېتىدۇ.

بەشىنچىدىن، تۈرلۈك خىزمەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلدى. «پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق مەكتەپنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. پەن ـ تېخنىكا بويىچە ئۈچ تۈرگە سېلىنغان مالىيە مەبلىغى 1 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 20 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغنىڭ سېلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن ـ تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەنگەن كادىرلار

ۋە ئامما 140 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى . «ئىككى ئاساسەن» مائارىپ ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ ، «قوش تىل» ئوقۇ- تۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى . ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈش ، يانتاق يېزىسى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى بىلەن يانتاق يېزىسى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنى بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق 8 مىللىي ، خەنزۇ مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى . «قوش تىللىق» تەج- رىبە سىنىپىدىن ئالتىسى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنىپ ، ئومۇمىي سى- نىپ 10 غا ، ئوقۇغۇچىلار سانى 462 گە يەتتى . ناھىيىلىك مەركى- زىي باللار باغچىسىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى پۈتۈپ ، قوبۇل قىلىنغان باللار 730 غا يېتىپ ، 46% كۆپەيدى . 6821 كۋادرات مېتىر ئوقۇتۇش بىناسى ، 10 مىڭ كۋادرات مېتىر ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئولتۇراق ئۆيى يېڭىدىن ياسالدى . يۇقىرىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن مەكتەپ قۇرۇلۇش تۈرى 8 گە ، مەبلەغ 4 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى . ھەرخىل تەربىيىلەشكە قاتناشتۇرۇلغان ئوقۇتقۇچىلار 1300 ئادەمگە يەتتى . ناھىيە بويىچە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەكتەپلەر- گە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار سانى 379 نەپەرگە ، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار سانى 51 نەپەرگە يەتتى . شىنجاڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىغا 107 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ ، ۋىلايەت بويىچە ئۈچىنچىلىك قولغا كەلتۈرۈلدى . سەنئەت مائارىپىدا مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى . 40 نەپەر ئوقۇغۇچى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرى مۇسابىقىسىدا كۈمۈش مۇكاپات ، مىس مۇكاپات ۋە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى . ئۈچ نەپەر ئوقۇتقۇچى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «مەملىكەتلىك يېزا سەنئەت مائارىپىنى سىناق قىلغان ناھىيە ، (شەھەر) لەردىكى ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈرئەتلىك مۇنەۋۋەر دەرسلىرىنى باھالاش» پائالىيىتىدە دۆلەت دەرىجىلىك 2 - ، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى . ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئەسلىھە ۋە مەدەنىيەت قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى . مەدەنىيەت پونكىتلىرى قۇرۇلۇشىغا 1 مىل-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى . يېزىلاردا 1386 مەيدان كىنو ، 203 مەيدان سەنئەت نومۇرلىرى قويۇلدى ، 60 مەيدان مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ ، تاماشىبىن 250 مىڭ ئادەمدىن كۆپرەككە يەتتى . دولان سەنئەت ئۆمىكى يېڭىدىن 28 نومۇر تەييارلىدى ، بۇنىڭ ئىچىدە 11 نومۇر ۋىلايەت بويىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىدە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى . دولان مەدەنىيىتىنىڭ داڭقى ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلدى . جۇڭگو ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ماكانىنى كۆرستىش كومىتېتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ناھىيەمىزگە «جۇڭگو دولان مەشرەپ ـ مۇقام ماكانى» ، «جۇڭگو دولان قويى ماكانى» ، «جۇڭگو مەكىت دېھقان رەسساملار ماكانى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى . ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق ھەرىكىتى پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى . رادىئو ـ تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى . ناھىيە بويىچە چوڭ رادىئو كانايلىرى 484 ئورۇنغا1246 دانە ئورنىتىلىپ ، ئۇلىنىش نىسبىتى 98% دىن كۆپرەككە يەتتى . رادىئو ـ تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 97.3% ۋە 98.3% گە يەتتى . بازار ، يېزىلارنىڭ مۇھىت تازىلىقى يەنىمۇ ياخشىلىنىپ ، يۇقۇملۇق كېسەل ۋە يەرلىك كېسەللىكلەر ئۇنۇملۇك تىزگىنلەندى . يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يۇز بېرىش نىسبىتى ئون مىڭدا 67.57% نىسبەتتە تىزگىنلىنىپ ، پىلانلىق ئىممۇنىتېت ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى 95% دىن كۆپرەككە يەتتى . يېڭى تىپتىكى يېزا ھەمكارلىق داۋالىنىش خىزمىتى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلۈپ ، قاتناشقان دېھقانلار 95% دىن كۆپرەككە يەتتى . بازار ئىچىدىكى ئاھالىلەرنىڭ داۋالىنىش ياردىمى خىزمىتى يولغا قويۇلۇشقا باشلاندى . مۇھىتنى قوغداش ۋە قۇرۇلۇش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىلدى . پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشتىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلىشىپ ، «ئۈچنى ئاساس قىلىش» خىزمىتىدىكى لاياقەتلىك ناھىيە ۋە ئىلغار ناھىيە بەرپا قىلىش خىزمىتى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى . دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىشلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ ، كونا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق ماشى-

نىلىرنى كىرگۈزۈش خىزمىتى پائال ئېلىگىرى سۈرۈلۈپ ، ئېرىتىز ـ ئېرىق ، تېرىقچىلىق سۇپىتى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات سەۋىيىسى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . «مۇھىتنى قوغداش نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامىسى» ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ، ئاق رەڭلىك بۇلغىنىشنى تۈزەش ۋە مۇھىتنى قوغداش بويىچە تەشۋىقات پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ ، كېرەكسىز بۇيۇملارنى چىقىرىش بويىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ ، ئاممىنىڭ مۇھىتنى قوغداش ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش كۈچەيتىلىپ ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئاپەتنى ئازايتىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى . ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ ، بىۋاستە تولۇقلىما مەبلەغدىن 2 مىليون 820 مىڭ يۈەن نەقلەشتۈرۈلدى . يولۇچى توشۇش بازىرى زور كۈچ بىلەن تەرتىپكە سېلىنىپ ، تاشيول ترانسپورت بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى . يەر ئىشلىتىشكە بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ ، يەرنى ھەقلىق ئىشلىتىش تۈزۈمى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى . ناھىيە بويىچە يولۇچىلار توشۇش جەھەتتە 600 مىڭ ئادەم بىخەتەر توشۇلدى . يەرلىك باج كىرىمىدىن 25 مىليون 20 مىڭ يۈەن ئورۇندالدى . پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ ، يىل ئاخىرىدىكى پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر قايسى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 190 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى ، تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 392 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى .

ئالتىنچىدىن ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ ، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى . باج ھەققى ئىسلاھاتى سىياسىتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ، 7 مىليون يۈەندىن كۆپرەك دېھقانچىلىق بېجى ئومۇميۈزلۈك كەچۈرۈم قىلىندى . ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ ، ئىجتىمائىي رايون ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەمەلىي گەۋدىسىدىن ئىككىسى قۇرۇلدى . ئىختىساسلىقلار بازىرى يېڭىدىن قۇرۇلۇپ ، 2297 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى . 3566 ئائىلە ، 9452 نوپۇس تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى-

www.uyghurkitap.com



دىن بەھرىمەن بولدى ، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش ، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان 834 ئائىلە ، 3798 نوپۇسقا مەدەت بېرىلدى ۋە مۇستەھكەملەندى ، 1354 ئائىلە ، 7211 نامرات نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى . يېزىلاردىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ، ئىچىملىك سۇنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى پائال ئېلىگىرى سۈرۈلۈپ ، سۇ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدىن 10ى تاماملىنىپ ، يېزىلاردىكى 2504 نوپۇس ، 4696 تۇياق چارۋىنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى . ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە ئاشلىقى ئۆكسۈپ قالغان ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان 9787 نامرات ئائىلىگە قۇتقۇزۇش بېرىلىپ ، 1 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى ئاشلىق ، ماي قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى تارقىتىپ بېرىلدى . يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئولتۇراق ئۆيدىن 4760 يۈرۈش يېڭىدىن ياسىلىپ ، 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مالىيە تولۇقلىما مەبلىغى تارقىتىپ بېرىلدى . بىناكارلىق قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى نېسى قالغان دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ مائاشىدىن 7 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ھەل قىلىپ بېرىلدى . كارخانىلاردىكى 120 نامرات ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆيلىرى رېمونت قىلىپ بېرىلدى ، 35 مىڭ 664 نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ كىتاب ۋە پارچە راسخوتىدىن 1 مىليون 380 مىڭ يۈەن كەچۈرۈم قىلىندى . ئىجتىمائىي سۇغۇرتا خىزمىتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى . ناھىيە بويىچە ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 2756 ئادەمگە ، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 8405 ئادەمگە ، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 5280 ئادەمگە يەتتى . ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى ، تۇغۇت سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلارنىڭ سانى ئالدىنقى يىلدىن زور ھەجىمدە كۆپەيدى . پېنسىيىگە ، دەم ئېلىشقا چىققانلارنىڭ بېقىلىش پۇلى ۋە ئىشسىزلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى ۋاقتىدا تولۇق تارقىتىپ بېرىلدى . مالىيىدىن 2 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلىپ ، دېھقانچىلىق سۇغۇرتىسى مەخسۇس فوندى تەسىس قىلىنىپ ، 288 مىڭ مو كېۋەز سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلۇپ ، يېزىلارنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇ-

رۇش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى . جەمئىيەتتىكى تاسادىپىي يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىپ ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى .

يەتتىنچىدىن ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىپ ، ئىجتىمائىي ، سىياسىي ۋەزىيەت تېخىمۇ مۇقىم بولدى . مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا ئائىت تۈرلۈك سىياسەت ۋە تەدبىرلىرى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەربىيىسى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ ، قاتتىق زەربە بېرىش ۋە مەخسۇس تۈزەش كۈرىشى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ ، دىنىي قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇلۇپ ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي قانۇن قوشۇن قۇرۇلۇشى ھەقىقىي كۈچەيتىلىپ ، خەلق ئارىسىدىكى زىددىيەت ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئەستايىدىل ھەل قىلىندى ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئىناق ، ئىجىل بولۇپ ، تەرەققىيات ئۈچۈن تەڭ كۈچ چىقاردى . 2005 - يىلى مۇقىملىقنى قوغداش مەبلىغىدىن 16 مىليون 930 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلىشىپ ، ئالدىنقى يىلىدىن 2 مىليون 660 مىڭ يۈەن كۆپەيدى .

سەككىزىنچىدىن ، مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە دېموكراتىيە ، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى . ناھىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيە پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ، 16 - قۇرۇلتاي روھى ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئۆگىنىش ، تەشۋىق قىلىش ، تەربىيە پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ ، ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ تۈپ مەقسەت ئېڭى ئاشۇرۇلۇپ ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ ، تۈرلۈك خىزمەتلەر ئىلگىرى سۈرۈلدى . ۋەتەنپەرۋەرلىك ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ ، «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈ-

www.uyghurkitap.com



لۇپ ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش مۇھىتى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى . «مەمۇرىي ئىجازەت قانۇنى» داۋاملىق ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئاشكارىلىق دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ، قانۇن ئىجرا قىلىش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى . پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلاردا ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئېڭى ، قانۇن - تۈزۈم ئېڭى ۋە ئەخلاق ، ئىدىيە سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . ھەرقايسى تارماقلارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىش ، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش خىزمىتى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى .

2005 - يىللىق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى نەتىجىلەر «10 - بەش يىللىق» پىلاننىڭ تۈرلۈك نىشان ، ۋەزىپىلىرىنىڭ تولۇق ئورۇندالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . بەش يىلدىن بۇيان ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى . سىرتقا قارىتا كەڭ ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى . سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولدى . تۈرلۈك ئىسلاھاتلار ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىچكى ھاياتىي كۈچى يەنىمۇ ئاشۇرۇلۇپ ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ، ئىجتىمائىي چوڭ ۋەزىيەت مۇقىم ساقلىنىپ ، كەڭ كادىر - ئاممىسىنىڭ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئېشىپ ، ئىتتىپاقلىشىپ ، كۈچىنىپ ئىشلەپ ، جاسارەت بىلەن تەرەققىي قىلىشتەك كەيپىيات كۈنسايىن قويۇقلاشتى . ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلاردا يېڭى ۋە زور بۆسۈشلەر بارلىققا كەلدى . «10 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى «9 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 331 مىليون 810 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ ، يىلىغا 12% دىن ئاشتى ، سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى يىلىغا 10% دىن ئاشتى ، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوم-

مىسى يىلىغا 9% دىن ئاشتى، مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى يىلىغا 74% ئاشتى، مالىيە كىرىمى يىلىغا 9.67% ئاشتى. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 2000 ـ يىلدىكىدىن 979 يۈەن كۆپەيدى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى يىلىغا 3.07% كۆپەيدى، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى يىلىغا 5.01% كۆپەيدى، چارۋىلارنىڭ قوتان قالدۇقى ۋە قوتاندىن چىقىش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يىلىغا 2.56% ۋە 7.72% كۆپەيدى. باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ كۆلەملىك تەرەققىياتى دەسلەپكى قەدەمدە قولغا ئېلىنىپ، ۋىلايەت ئوتتۇرىغا قويغان كىشى بېشىغا 30 تۈپتىن مېۋىلىك كۆچەت بولۇش نىشانى ئورۇندالدى، بەش يىل ئىچىدە 360 كىلومېتىر تاشيول ياسىلىپ، ناھىيە بازىرى مەركەز قىلىنغان، ھەرقايسى يېزا (بازار)، تۈەن ـ مەيدانلار نۇقتا قىلىنغان تۆت ئەتراپقا تۇتاش كەتكەن تاشيول تورى شەكىللەندى. بەش يىل ئىچىدە 110 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا توك يەتكۈزۈش سىم يوللىرى تارتىلىپ، يېزا ئېلېكتىر تورىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن 70 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تەمىنلىگەن ئومۇمىي توك مىقدارى 38 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتتى. تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 5.3% گە يەتتى، كۆچمە خەۋەرلىشىشى، بىرلەشمە خەۋەرلىشىشى، تۆمۈر يول خەۋەرلىشىشى، خەلقئارا ئىنتېرنېت تورى قاتارلىق ئالاقىلىشىش كەسىپلىرى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. بەش يىل ئىچىدە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش، سىرت بىلەن ھەمكارلىشىش تۈرىدىن 69ى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، توختام ئىمزالانغان مەبلەغ 453 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 227 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا 11% ئاشتى، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك كارخانىلىرى ئۈزلۈكسىز زورايدى، بەش يىلدا جەمئىي ئورۇندالغان مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى 820 مىليون يۈەنگە يەتتى. مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شەھەر، يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ شەھەر قۇرۇلۇشىدا كۆنسايىن يېڭىلىقلار يارىتىلىپ، تۇرمۇش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. بەش يىلدىن بۇيان، شەھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاساسىي غول يولىدىن 20.69 كىلومېتىر ، شەھەر ئايلانما يولىدىن 7.2 كىلومېتىر ، ئىجتىمائىي رايون يولىدىن 21 كىلومېتىر ، شۇنداقلا بىر تۈركۈم بازارنى مەركەزلىك ھالدا ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ، ئىچىملىك سۇ ، كېرەكسىز سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئاممىۋى ئەسلىھەلەر يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى . بازار يوللىرىنى يۇرۇشلەشتۈرۈش ئەسلىھەلىرى ئاساسىي جەھەتتىن سەپلىنىپ ، بازارنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارى تەدرىجىي ياخشىلىنىپ ، بازار مۇھىتىدا «تۆتلەشتۈرۈش» يەنى : گۈزەللەشتۈرۈش ، يورۇقلاشتۇرۇش ، پاكىزلاشتۇرۇش ، ئەلالاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى . بازار رايونىغا پىلانلانغان كۆلەم 5.1 كۋادرات كىلومېتىرغا ، بازار نوپۇسى 47 مىڭ ئادەمگە يەتتى . مەكىت ناھىيىسى بازار قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ، بازار قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەچكە ، ئاپتونوم رايوننىڭ بازارلار ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» تالىشىش مۇسابىقە پائالىيىتىدە ، «تەڭرىتاغ لوڭقىسى»دىن ئىبارەت شەرەپنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ناھىيىنىڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم «بازار بولۇش» تەك ئورنىنى نامايان قىلىشتا چوڭ سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇردى .

«10 ـ بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە «ئىككى ئاساسەن» مائارىپى ۋىلايەت بويىچە تۇنجى بولۇپ ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ۋە قايتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى . ساپا مائارىپى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ ، سەنئەت مائارىپى ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدى . ھازىرغا قەدەر پۈتۈن ناھىيە بويىچە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئىككىسى ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئونى ، مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن 13 ى بولۇپ ، بەش يىل ئىچىدە مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى ئالىي ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار سانى 14 مىڭ 637 نەپەرگە يەتتى . دولان مەدەنىيەت ـ سەنئىتى تەدرىجىي ھالدا مەملىكەتكە ۋە خەلقئاراغا يۈزلىنىپ ، دولان خەلق ئەلنەغمىچىلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، مەركىزىي خەلق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئۈچ قېتىم نومۇر كۆرسىتىپ ، جۇڭگو غەربىي رايون خەلق ناخشىلە-

رى مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا ، خەلق ناخشىلىرىنى قوغداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . دۆلەتلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ماكانىنى كۆرسىتىش كومىتېتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، «جۇڭگو دولان مەشرەپ ـ مۇقام ماكانى» ، «جۇڭگو دولان قويى ماكانى» ، «جۇڭگو دولان دېھقان رەسساملار ماكانى» دېگەن شەرەپلىك نامىلارنى بەردى . ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ئىنسانلارنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بويىچە دۇنيا دەرىجىلىك قوغداش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى . سەھىيە داۋالاش مۇھىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ ، يېزىلارنىڭ يېڭى تىپتىكى ھەمكارلىشىپ داۋالاش ئىشلىرى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ ، شەھەر ئاھالىلىرىغا قارىتا ، داۋالىنىشتا قۇتقۇزۇش خىزمىتى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى . «نوپۇس ۋە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى» ئۇدا ئۈچ يىل ئورۇنلاندى . رادىئونى ھەرقايسى كەنتلەرگە تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ، شىنجاڭ ـ شىزاڭنى رادىئو سىگنالى بىلەن قاپلاش قۇرۇلۇشى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى[①] .

① ئابدۇكېرىم ئابدۇۋايىت (مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى) : «ئىنتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ ، يېڭىلىق يارىتىپ ، مەكىت ناھىيىسىنى تىرىشىپ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تېز يولىغا سالايلى» (ج ك پ مەكىت ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 12 ـ قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ، 2006 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى) دىن ئېلىندى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئىككىنچى باب
# مەكىتنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى

## 1 . گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى

يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ، مەكىت ناھىيىسى تارىم تەكشىلىكىنىڭ كەلپىن بۆلىكى ۋە غەربىي جەنۇب تاغ جىلغىسى ئىككىنچى دەرىجىلىك جىلغا ھاسىل قىلىش بۆلىكىنىڭ ئۆتكۈنچى بەلۋېغىغا توغرا كېلىدۇ . ئۈچىنچى ئېرادىن بۇيانقى قۇرۇلمىلىق ھەرىكەتنىڭ تەسىرىدە تەڭرىتاغ ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن شەكىللىنىپ ، ئېگىز تاغ سىستېمىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن . تارىم يەر تەكشىلىكىدىمۇ پەرقلىق كۆتۈرۈلۈش ۋە پەسىيىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ ، تىزناپ دەرياسى ، يەكەن دەريالىرىنىڭ تىندۇرمىلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام بۆلىكىدە كۆتۈرۈلۈش بولۇپ ، مەكىت ئېگىزلىكىنى شەكىللەندۈرگەن . شۇڭا ئۇنىڭ تۆتىنچى قەۋەت يېپىلما قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى بىر قەدەر نېپىز ، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا قېلىنلىقى 200 مېتىردىن ئاشمايدۇ . ئىككى دەريانىڭ لاتقا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ يۈز قەۋىتىنىڭ رەڭگى كۈلرەڭگە مايىل بېغىرەڭ ، سارغۇچ بېغىررەڭ ۋە سېرىق توپا رەڭدىكى تۆۋەن ۋالېنتلىق قۇم ـ توپا ، تۆۋەن ۋالېنتلىق يېپىشقاق توپا ، قۇم سېغىز توپا ھەمدە سۇغىرىشقا باب كېلىدىغان سۇپەتلىك توپىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، ئادەتتە قېلىنلىقى 3 تىن 20 مېتىرغىچە ، دەۋرى يېڭى ھاياتلىق ئېراسىغا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ تۆۋەن ئېقىن رايونلىرى پۈتۈنلەي يېڭى ئېقىنلارنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن لاتقا قەۋەتلىرى بولۇپ ، كۈل رەڭ ـ كۆك ، كۈل رەڭ ـ يېشىل رەڭدىكى ئۇششاق قۇم ، ئۇۋاق قۇم ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . ئايرىم بۆلەكلىـ

رىدە كۆلرەڭگە مايىل بېغىر رەڭلىك تۆۋەن ۋالېنتلىق قۇم قاتلىمى بولۇپ، قېلىنلىقى 120 — 180 مېتىر. قۇملۇق رايوننىڭ ئۈستۈن-كى قەۋىتىنىڭ ھەممىسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن قەۋىتى يەنى بىر توپا رەڭلىك يۇمشاق قۇم بولۇپ، ئادەتتە قېلىنلىقى 20 مېتىر ئەتراپىدا، ئەڭ قېلىن جايلىرى 70 مېتىردىن ئارتۇق. شامالدا دۆۋى-لىنىپ قالغان نەرسىلەر لاتقا تۈزلەڭلىك رايونىدا پارچە ـ پۇرات ھالەتتە تارقالغان بولۇپ، ئاساسلىقى قۇم دۆۋىسىدىن تەشكىل تاپقان، قېلىنلىقى 5 — 6 مېتىر. ئاساسلىق كان مەھسۇلات تەركىبلىرىدىن گەرچە كۋارتس، دالا شپاتى، چىرىمتال قاتارلىقلار بولسىمۇ، ئەمما كان مەھسۇلات بايلىقى بولۇپ شەكىللىنەلمىگەن. شامالدا يىغىلىپ قالغان قۇم قاتلىمىنىڭ ئاستىنقى بۆلىكى ئاساسلىقى دەريا ـ ئېقىنلار-نىڭ قوشۇلۇشىدىن يىغىلىپ قالغان قۇم قاتلىمى بولۇپ، كۆك كۈل رەڭ يۇمشاق قۇم، ئۇششاق يۇمشاق قۇم ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بەزى دەريا ئارىسىدىكى پەس جايلار ئارىسىدا تۈزلۈق، سازلىق جايلار گىرەلىشىپ كەتكەن. يۇقىرىقى سازلىقلارنىڭ توپىسى يەنىلا تۆۋەن ۋالېنتلىق قۇم توپا ۋە يۇمشاق قۇم توپىدىن تۈزۈلگەن. يۈز قەۋىتى مول ئۆسۈملۈك يىلتىزلىرى بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بۇ قەۋەتنىڭ قېلىنلىقى 0.5 — 3 مېتىرغىچە كېلىدۇ. كۈچلۈك دەرىجىدىكى پارغا ئايلىنىش ۋە تارىيىش ئاستىدا، سازلىق جايلارنىڭ ئەتراپىدىكى لاتقا تۈزلەڭلىكنىڭ چەت رايونلىرىدا شور توزانلىرى، شور توپىلار بىخلىنىپ، بەزى جايلاردىكى شور پوستىنىڭ قېلىنلىقى نەچچە سانتى-مېتىرغا يەتكەن. 200 مېتىردىن تۆۋىنى بولسا، ئۈچىنچى بۆلەكتى-كى ھاك ـ تۈز بىرىكمىسى، يەنى قۇم تاش، يىرىك قۇم تاش ۋە قۇم شېغىل. ھاك تۈزلىشىش ئەھۋالى بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك، تاش قاتلىمىدا زور مىقداردىكى ھاك كرىستاللىرى بولۇپ، ئومۇمىي قې-لىنلىقى 1000 مېتىردىن ئاشىدۇ.

پۈتۈن ناھىيە ئاساسلىقى غەرب تەرىپى چۆكۈندى تۈزلەڭلىك ۋە شەرق تەرىپى قۇملۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل يەر شەكلى بىرلىكىنى ھاسىل قىلغان. بۇ ئىككىسى ئاساسىي جەھەتتىن 45 ـ تۈەن، مەكىت بازىرى، قالما سۇ ئامبىرى، قىزىل ئاۋات يېزىسى سىزىقىنى پاسىل قىلىدۇ. بۇندىن باشقا ئازراق تاغلىق رايونى ۋە چۆللۈكى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


# 2 . يەر شەكلى

## 1 . شەرق قىسمىدىكى قۇملۇق

ناھىيىنىڭ شەرقىي قىسمى قۇملۇق بولۇپ ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى پۈتۈن ناھىيە يەر كۆلىمىنىڭ 90 % نى ئىگىلەيدۇ . يەر شەكلى بىر قەدەر ئېگىز بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 1155 ~ 1195 مېتىر ئېگىز . قىزىل ئاۋات يېزىسىدىن شەرقىي جەنۇبقا مېڭىپ ، 45 - تۈەننىڭ شياڭيەنجىنىدىن شەرققە ماڭغان ۋاقىتتا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.2% تۆۋەنلەپ ، ھىلال ئاي شەكلىدە قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتكىلى بولىدۇ . قۇمنىڭ چېگراسى قۇم بارخانلىرى ۋە ئوت - چۆپ دۆۋىسى قاتارلىقلار بولۇپ ، قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 3m ~ 5m غىچە كېلىدۇ . بەزىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 10m كېلىدۇ . ئادەتتە غەربىي شىمالى ئېگىز ، شەرقىي جەنۇبى پاكار . بۇ يىل بويى غەربىي شىمال شامىلىنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

## 2 . غەربىي قىسمىدىكى چۆكۈندى تۈزلەڭلىك

ناھىيىنىڭ غەربىي قىسمى چۆكۈندى تۈزلەڭلىك بولۇپ ، دولان (يەكەن) دەرياسى ، تىزناپ دەرياسىنىڭ كۆپ مىقداردا قۇم ، توپا ئېقىتىپ كېلىشى بىلەن چۆكۈندى ھاسىل بولۇپ پەيدا بولغان . ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە كەڭلىكى ئادەتتە 15 ~ 20 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ . پۈتۈن ناھىيە يەر كۆلىمىنىڭ 10 % نى ئىگىلەيدۇ . ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1140 ~ 1185 مېتىر بولۇپ ، يەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۆۋەنلىشى 0.7% . ناھىيە ۋە ئاساسلىق ئائىلىلەر ئولتۇراقلاشقان جاي ، تېرىلغۇ يەرلەر ئاساسلىق مۇشۇ تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ ، بۇ يەرلەر مۇشۇ دەريالارنىڭ سۈيى بىلەن كۆكلەيدۇ . يەر يۈزى مۇئەييەن دەرىجىدە زەيلەشكەن بولۇپ ، بەزى جايلار بۇنىڭلىق بىلەن زىيادەشلىككە ئۇچرىغان . تۇپراقنىڭ تىپى چۆكۈندى لاي - لاتقىلارنى ئاساس قىلىدۇ . تۇپراقنىڭ قېلىنلىقى چوڭقۇر ، مۇنبەت بولۇپ ،

قىسمەن جايلىرى تۆۋەن دەرىجىدە زەيلىشىپ ، ئۆزۈن مۇددەت سازلىق ھالەتتە تۇرغان . بۇ رايونلارنىڭ ئۈستىدىكى جايلار ئومۇمىيۈزلۈك سازلىق ھېسابلىنىدۇ . بۇ جايلاردا قومۇش قاتارلىقلار ناھايىتى كۆپ ئۆسىدۇ . دولان دەرياسى ، تىزناپ دەرياسى 1 ـ دەرىجىلىك ئاستا ئېقىندا ئاقىدۇ . ئېقىننىڭ تۆۋەنلەش ئېگىزلىكى 1 ～ 3 مېتىرغىچە بولۇپ ، سۇ يېيىلىپ ئاقىدىغان جايىنىڭ كەڭلىكى 200 ～ 500 مېتىرغىچە كېلىدۇ . ئەڭ كەڭ جايلىرىدا 1000 مېتىرغا يېتىدۇ . دولان دەرياسىنىڭ دەريا يۈزى كەڭ ، سۈيى تېيىز بولۇپ ، يىل بويى سۇ ئۈزۈلمەيدۇ . دەريا قىنىنىڭ كەڭلىكى ئادەتتە 800 مېتىر كېلىدۇ . ئەڭ كەڭ جايىنىڭ كەڭلىكى 3000 مېتىرغا يېتىدۇ ، ئېقىنىنىڭ ئۆزگىرىشى كۆپ بولىدۇ . ئېقىنلار كىچىك كۆلچەكلەرنى پەيدا قىلىدىغان بولۇپ ، بۇ كۆلچەكنىڭ بەزىلىرى سۇ ئامبىرى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ، ئېتىزلىقلارنى سۇغىرىش ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن . تۈزلەڭلىك قۇملۇق بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن جايلاردا كۈچلۈك پارلاندۇرۇش تەسىرى ۋە سۇنىڭ چىقىپ كېتىشى تازا راۋان بولمىغاچقا ، بۇ جايلاردىكى يەرنىڭ زەيلىشىشى بىر قەدەر ئېغىر .

### 3 . تاغلىق رايون

چوققا تاغ غەربىي جەنۇب ، شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدە سوزۇلغان بولۇپ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 25 km ، كەڭلىكى 10 km كېلىدۇ . كۆلىمى ناھىيە يەر كۆلىمىنىڭ % 1 نى ئىگىلەيدۇ . دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1739.6 مېتىر بولۇپ ، ناھىيىنىڭ شەرقىي شىمالىغا ، زەرەپشان دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان . ئۇنىڭ غەربىي ناھىيە ئورمانچىلىق مەيدانى بىلەن تۇتىشىدۇ . تاغدا ھاك ، تۇز ، گەج قاتارلىق بايلىقلار بولۇپ ، ئۆسۈملۈك ئاز ئۆسىدۇ . ئاندا ـ ساندا دەل ـ دەرەخمۇ ئۇچرايدۇ . تاغ باغرىدا شورلۇق بار ، ئۇنىڭ غەرب تەرىپىدىن 15 km كېلىدىغان جايدا بىر تۇز كېنى بار .

### 4 . چۆللۈك

ئوقۇرلۇق سازلىق بۇ جاي قىزىل ئاۋات يېزىسى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4 km كېلىدىغان جايدا بو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لۇپ، كۆلىمى $43km^2$ كېلىدۇ. 4 مىڭ مو يەردە يىل بويى سۇ توپلىنىپ تۇرىدۇ. ئوقۇرلۇق سازلىقنىڭ مەنىسى ئۇيغۇر تىلىدا ئات ئوتلايدىغان جاي دېگەنلىك بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 60 يىل بۇرۇن، بۇ يەردە قىسمەن تېرىلغۇ يەرلەر بار ئىكەنمىش. بۇ يەرنى تېرىغۇچىلار بۇ جايغا ئات ئوقۇرى ياسىغان ئىكەن. شۇڭا بۇ جاي مۇشۇ ئات ئوقۇرىنىڭ نامى بويىچە ئاتالغانمىش.

**چىغلىق جاڭگال** بۇ جاي قىزىل ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇ-رۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 7km كېلىدىغان يەردە بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى $7km^2$، ئۇنىڭدا ئۈچ تۇزلۇق كۆلچەك بار، بۇ جايلاردا ئالوي ئۆسىدۇ. ھازىر بۇ يەرگە 1500 مو دەرەخ تىكىلدى. چىغلىق جاڭگال دېگەن گەپنىڭ مەنىسى چىغ كۆپ جاي دېگەنلىكتۇر.

**ئايرودروم** قۇمقىسار يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرغان جاي-نىڭ 5.5km شىمالىدا بولۇپ، مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ 1.5km شەرقىي جەنۇبىدا. ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى $1km^2$ كېلىدۇ. يەر شەك-لى تۈز بولۇپ، ئوت - چۆپلەر ئۆسىدۇ. 1937 - يىل 10 - ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە بۇ جاي سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئايرودروم قىلىنغان. شۇڭا شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان.

**تامدۆڭزەي** تامدۆڭزەي تۇمەنتال يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان جاينىڭ 9km شەرقىدە بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى $17km^2$ كېلىدۇ. يىل بويى يىغىلىپ قالغان سۇنىڭ كۆلىمى 1000 مو بولۇپ، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 6m كېلىدۇ. ئۇنىڭدا قومۇش قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. زەيلىك تامدۆڭ كەنتىنىڭ چەت - ياقىلىرىغا جايلاشقاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

**چوڭزەي** چوڭزەي شېھىتدۆڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 6km بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى $24km^2$ كېلىدۇ، يىل بويى تۇزلۇق سۇ توپلىنىپ تۇرىدىغان كۆلچىكى 10 بولۇپ، ئۇنىڭدا بېلىق بار ۋە قومۇش ئۆسىدۇ. چوڭزەي ئۇيغۇر تىلىدا چوڭ زەيلىك دېگەن مەنىدە.

**قەلەندەرزەي** قەلەندەرزەي ياتاق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 15.5km كېلىدىغان بولۇپ، ئومۇمىي

كۆلىمى 13km² كېلىدۇ . يىل بويى سۇ توپلىشىپ تۇرىدىغان كۆلىمى 150 مىڭ مو كېلىدۇ . بۇ تۇزلۇق سۇدا بېلىق ، قومۇش بار . ناھىيە-نىڭ زەي ئېقتىش ئاساسىي ئېرىقى مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ . قەلەندەر زەيلىك ئۇيغۇر تىلىدا قەلەندەرچىلىك قىلىدىغان تۇزلۇق كۆل دېگەن-لىك بولىدۇ . بۇ تۇزلۇق كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەك ئۇزۇن ، دائىرىسى كەڭ ، ئەگرى ـ بۈگرى بولغاچقا ، بۇ قەلەندەر زەيلىك دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن .

**چاسا** چاسا مەكىت ناھىيە قۇرما يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان جاينىڭ 30km شەرقىي شىمالىدا بولۇپ ، ئومۇمىي كۆلىمى 100 مىڭ مو كېلىدۇ . بۇ يەردە تېرەك ، سۆگەت ، جىگدە ، قومۇش ، ياۋا كەندىر قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ . بۇ يەردىكى ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا توشقان ، قىرغاۋۇل قاتارلىقلار بار ، دائىرىسىدە 4000 مو كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر بار . چاسا ئۇيغۇر تىلىدا چاسا يەر دېگەنلىك بولىدۇ .

**ئاقدالا** ئاقدالا قۇمقىسار يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان جاينىڭ 5km شەرقىدە بولۇپ ، شەرقىي جەنۇبى تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ . ئومۇمىي كۆلىمى 20 مىڭ مو كېلىدۇ . قومۇش ، چۇچۇكبۇيا ئۆسىدۇ . تۇپرىقىنىڭ شورلىششى ئېغىر بولۇپ ، مال ـ چارۋا بېقىشقا بولىدۇ .

**قازانكۆل** قازانكۆل مەكىت بازىرىنىڭ 20km جەنۇبىدا بولۇپ ، ئومۇمىي كۆلىمى 44km² كېلىدۇ . بۇ يەردە قومۇش قاتارلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ . قازانكۆل ئۇيغۇر تىلىدا قازان شەكىللىك كۆل دېگەن مەنىدە .

## 3 . ھاۋا كىلىماتى

مەكىتنىڭ دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق رايونى تارىم ئويمانلىقى-نىڭ غەربىي گىرۋىكىگە توغرا كېلىدۇ . ئۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بىر بوستانلىق بولۇپ ، غەربىي جەنۇبى قاراقۇرۇم تېغى بىلەن ، شىمالى تەڭرىتېغى بىلەن قاپسىلىپ تۇرىدۇ . يەر تۈزۈ-لۈشى قاپسالما بولۇپ ، قۇملۇق شامىلىنىڭ تەسىرىگە بىر قەدەر كۈچ-لۈك ئۇچرايدۇ . شۇڭلاشقا ئۇ تىپىك ھالدىكى چۆللۈك . كىلىماتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇرغاق رايون كىلىماتىغا مەنسۇپ بولۇپ، قىروسىز مەزگىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن پۈتۈن بىر يىلنىڭ 214 كۈنىنى ئىگىلەيدۇ (1958 - يىلىدىن بۇرۇن ھاۋارايى تارماقلىرى تەسىس قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ توغرىدا خاتىرىلەر يوق. مەزكۇر بابتىكى ماتېرىيالالار پەقەت 1959 — 1990 - يىلىغىچە بولغان مەزگىل بىلەن چەكلىنىدۇ).

**1. تۆت پەسىل كىلىماتى**

ئەتىياز پەسلى 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولىدۇ. تېمپېراتۇرا تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. لېكىن مۇقىم بولمايدۇ. شامال كۆپ، ھاۋاسى قۇرغاق بولىدۇ. تۇرۇپ - تۇرۇپ ئەتىيازلىق جۇدۇن پەيدا بولىدۇ. ئادەتتىكى يىللاردا 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 0℃ تىن يۇقىرىلاپ توڭ ئېرىيدۇ. 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا مۇقىم ھالدا 5℃ تىن يۇقىرىلاپ تېرىقچىلىق مەزگىلى باشلىنىدۇ. 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا مۇقىم ھالدا 10℃ تىن يۇقىرىلاپ تۈرلۈك زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 12℃ تىن يۇقىرىلاپ پاختا تېرىشنىڭ پەسلى كېلىدۇ. ئاخىرقى قىرو مەزگىلى ئادەتتە 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنىنىڭ ئالدى - كەينى بولىدۇ. ئەڭ كېچىككەندىمۇ 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگە سوزۇلىدۇ.

ياز پەسلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ. كەچكە يېقىن ھاۋارايى سەل تۇراقسىز بولىدۇ. مەكتىنىڭ تومۇز ئىسسىقى 7 - ئايلاردا كۆرۈلىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25.5℃ بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 40.4℃ قا چىقىدۇ (1983 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مۆشۈنداق بولغان). يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئىسسىق يارىشىدىغان زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، بولۇپمۇ پاختىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق. لېكىن تېمپېراتۇرا 35℃ تىن يۇقىرى بولۇپ كەتسە قوناقتا يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. يازنىڭ دەسلىپىدە بوران، قۇرۇق ئىسسىق شامال كۆپ بولغاچقا، بۇ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيان يەتكۈزۇ-

دۇ . قارا يامغۇر ، مۆلدۈر ئاز كۆرۈلىدۇ .
كۈز پەسلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرى-لىرىغىچە بولىدۇ . مەكىتنىڭ كۈز پەسلى بىر قەدەر سالقىن بولۇپ ، كەچ كۈزدە تېمپېراتۇرا ناھايىتى تېزلا چۈشىدۇ . 10 - ئايدا كۈننىڭ يورۇتۇشى يېتەرلىك بولۇپ ، بۇ زىرائەتلەرنىڭ تولۇق پىشىشىغا پايدى-لىق . دەسلەپكى قىرو ئادەتتە 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشىدۇ . ئەڭ كېچىككەندىمۇ 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشىدۇ .
قىش پەسلى 11 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولىدۇ . قەھرىتان قىش مەزگىلى ئۇزاق بولمايدۇ . تېمپېراتۇرا مۇقىم بولۇپ ، قار نېپىز ياغىدۇ . ئەڭ قېلىن بولۇپ كەتكەندىمۇ 12cm (1976 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاشۇنداق بولغان ) ياغىدۇ . سوغۇق ئەڭ بەك بولىدىغان 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ‎-5.3℃‎ بولىدۇ . قەھرىتان قىشنىڭ ئەڭ سوغۇق مەز-گىلىدىكى تېمپېراتۇرا ‎-22.4℃‎ (1967 - يىل 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مۇشۇنداق بولغان ) بولىدۇ . تۇپراقنىڭ ئەڭ زور توڭ تۇتۇش قېلىنلىقى 58cm (1975 - يىل 2 - ئايدا مۇشۇنداق بولغان ) بولىدۇ . قىش پەسلى ئانچە سوغۇق بولمىغاچقا ، بۇغدايلار قانچە توڭ-لىغان بىلەنمۇ زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمايدۇ . لېكىن زىرائەتكە زىيان سالىدىغان ھاشاراتلار سوغۇق قانچە بولغانسېرى شۇنچە ئاز بولىدۇ .

### 2 . قۇياشنىڭ يورۇتۇشى

مەكىت ناھىيىسىنىڭ پۈتۈن يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 2865.4h بولۇپ ، بۇ پۈتۈن يىلنىڭ 65%نى تەشكىل قىلىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە ئەتىياز پەسلىدىكى يورۇتۇلۇش ۋاقتى 686.5h ، ياز پەسلىدىكى يورۇ-تۇلۇش 903.5h ، كۈز پەسلىدىكى يورۇتۇلۇش ۋاقتى 745.5 ، قىش پەسلىدىكى يورۇتۇلۇش ۋاقتى 529.9h . بۇنداق ئۇزۇن يورۇتۇلۇش ۋاقتى زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ناھايىتى پايدىلىق . 6 - ئايدا قۇياش-نىڭ يورۇتۇش ۋاقتى 300hتىن ئاشىدۇ . ياز پەسلىدە قۇياشنىڭ بىر كۈندىكى يورۇتۇش ۋاقتى 15hكە يېتىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



### 3 . تېمپېراتۇرىسى

پۈتۈن ناھىيىنىڭ كېچە ـ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى بىر قەدەر چوڭ . ياز پەسلىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقىمۇ ناھايىتى روشەن ، ئەتىيازلىق تېمپېراتۇرىسى مۇقىم ئەمەس . كەچ كۈزدىكى تېمپېراتۇرىسىنىڭ چۈشۈشى تېز ، 1 ـ ئايدا ئەڭ سوغۇق ، 7 ـ ئايدا ئەڭ ئىسسىق بولىدۇ .

كۈندىلىك مۇقىم ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 0℃ تىن ئاشقاندا تۇپراق ئېرىيدۇ . ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى باشلىنىدۇ . كۈز پەسلىدىكى تېمپېراتۇرا 0℃ تىن چۈشكەندە زىرائەت ئۆسۈشتىن توختايدۇ ، زېمىن توڭلاشقا باشلايدۇ ، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى تەدرىجىي ئاخىرلىشىدۇ . مەكىت ناھىيىسىنىڭ 0℃ تىن يۇقىرى تېمپېراتۇرا جۇغلانمىسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قىممىتى 4652.5℃ . مۇشۇ قەرەلدىكى كۈنلەر 280 كۈن ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 298 كۈن ، ئەڭ قىسقا بولغاندا 262 كۈن . ئوتتۇرىچە كۈندىلىك تېمپېراتۇرا مۇقىم ھالدا 5℃ تىن ئۆتكەندە كۆپ ساندىكى زىرائەتلەر بىخلىنىدۇ . شۇڭلاشقا 5℃ تىن يۇقىرى بولغان مەزگىلنى زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش مەزگىلى دەيمىز . 5℃ قا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان يىللىق ئوتتۇرىچە جۇغلانما تېمپېراتۇرىنىڭ قىممىتى 4559.1℃ ، مۇشۇ قەرەلدىكى كۈنىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى 247 كۈن ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 262 كۈنگە بارىدۇ ، ئەڭ قىسقا بولغاندا 231 كۈن بولىدۇ . كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا مۇقىم ھالدا 10℃ تىن ئۆتكەندە زور كۆپچىلىك زىرائەتلەر ئۆسۈشكە باشلايدۇ ھەم بۇ ئىسسىقتا مايىل زىرائەتلەرنىڭ تېرىلىش مەزگىلى بولىدۇ . 10℃ قا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن چوڭ بولغان ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا جۇغلانمىسىنىڭ قىممىتى 4281.1℃ بولىدۇ . مۇشۇ قەرەلدىكى كۈنىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى 210 كۈن بولىدۇ . بۇ ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 231 كۈن ، ئەڭ قىسقا بولغاندا 184 كۈن بولىدۇ . گەرچە بۇ قەرەلدىكى كۈن سانىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىق پەرقى 47 كۈن بولسىمۇ ، لېكىن پاختا ئۆسۈشىنىڭ پۈتۈن جەريانى 135 كۈندىن 150 كۈنگىچە بولۇپ ، بۇنىڭغا يېتەرلىك ئىمكانىيەت بېرىدۇ . ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا مۇقىم ھالدا 15℃ تىن يۇقىرى ئۆرلىگەندە ئىسسىققا ما-

يىل زىرائەتلەرنىڭ تازا ئۆسۈپ يېتىلىدىغان مەزگىلى يېتىپ كېلىدۇ . 15°Cقا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا جۇغلانمىسى 3625.7°C بولىدۇ . مۇشۇ قەرەلدىكى كۈن سانى 156 كۈن بولىدۇ . ئۇ ئەڭ ئۇزاق بولغاندا 186 كۈن ، ئەڭ قىسقا بولغاندا 128 كۈن بولىدۇ . كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا مۇقىم هالدا 20°Cتىن ئۆتكەندە ئىسسىققا مايىل زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىلى بولىدۇ . 20°Cقا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا جۇغلانمىسىنىڭ قىممىتى 2577°C بولىدۇ . مۇشۇ قەرەلدىكى كۈن سانى 107 بولۇپ ، ئەڭ ئۇزاق بولغاندا 147 كۈن ، ئەڭ قىسقا بولغاندا 51 كۈن بولىدۇ .

### 4 . يەر تېمپېراتۇرىسى

بىر يىلدىكى ئەڭ تۆۋەن يەر تېمپېراتۇرىسى 1 ـ ئايدا كۆرۈلىدىغان بولۇپ ، 23.1°C— قا يەتكەن (1961 ـ يىل 1 ـ ئايدا) . ئەڭ يۇقىرى يەر تېمپېراتۇرىسى 7 ـ ئايدا كۆرۈلىدۇ . يەنى 70.5°Cقا چىققان (1962 ـ يىل 7 ـ ئايدا) . تۇپراقنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمىغاچقا ، يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىمۇ پەرق بار . چۆللۈك ، قۇملۇقلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى كۆل بار جايلارنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىن يۇقىرى بولىدۇ . يېپىشقاق تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسى قۇمساڭغۇ تۇپراقنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ . ئوتتۇرىدىكى يەرلەرنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىكى ئۆزگىرىش چوڭ بولمايدۇ . ئوتتۇرىدىكى جايلارنىڭ 5cm تۆۋەندىكى تېمپېراتۇرىسى مۇقىم هالدا 10°Cتىن يۇقىرى بولغان ۋاقىتتا ئىسسىققا مايىل زىرائەتلەرنى تېرىش باشلىنىدۇ .

### 5 . هۆل ـ يېغىن

جۇغراپىيىلىك كىلىماتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يىللىق يېغىن مىقدارى 42.3mm بولىدۇ . ئەتىياز پەسلىدىكى يېغىن مىقدارى ئومۇمىي يېغىن مىقدارىنىڭ 28.4% (12mm) نى ئىگىلەيدۇ . ياز پەسلى 51.3% (21.7mm) نى ، كۈز پەسلى 13.7% (5.8mm) نى ، قىش پەسلى 6.6% (2.8mm) نى ئىگىلەيدۇ . يېغىن

www.uyghurkitap.com



مىقدارىنىڭ ئوخشىمىغان يىللاردىكى ئۆزگىرىشى چوڭ بولىدۇ . يېغىن مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان يىلى 100ml (1987 - يىلى) ، ئەڭ ئاز بولغاندا 6.9ml (1961 - يىلى) بولغان . 1982 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى يېغىن مىقدارى 29.9mm بولغان بولۇپ ، بۇ 1950 - يىلدىن بېرى يېغىن مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان بىر قېتىملىق يېغىن ھېسابلىنىدۇ .

قار چۈشكەن يىللار ۋە قار توپلىنىش مىقدارى ناھايىتى ئاز بولىدۇ . قار چۈشۈپلا ئېرىپ كېتىدۇ . تاسادىپىي قار توپلىنىپمۇ قالىدۇ . لېكىن بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ . 1976 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈندىكى يېغىن مىقدارى 5.5mm ، قارنىڭ توپلىنىش قېلىنلىقى 12cmغا يەتكەن . شۇ يىللاردا كونا ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى توپا قۇرۇلمىلىق بولغاچقا ، قار تازىلىنىۋېتىلمىگەچكە بىر مۇنچە ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن .

## 6 . پارلىنىش ۋە نەملىك

پۈتۈن ناھىيە قۇملۇق كىلىماتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا ھاۋاسى ناھايىتى قۇرغاق بولۇپ ، پارلىنىش ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ . يىللىق ئومۇمىي پارلىنىش مىقدارى 2250.7mm . بىر يىلدىكى ئەڭ زور پارلىنىش مىقدارى 6 - ئايدا كۆرۈلىدۇ ، ئەڭ ئاز پارلىنىش مىقدارى 12 - ئايدا كۆرۈلىدۇ . يىللىق ئومۇمىي پارلىنىش مىقدارى يېغىن مىقدارىنىڭ 53 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ .

مەكتىنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق ، يەر يۈزىگە يېقىن ھاۋادا سۇ ناھايىتى ئاز بولغاچقا ، پۈتۈن يىللىق ئوتتۇرىچە مۇتلەق نەملىك 8mm بولىدۇ . بۇ سان 1 - ئايدا ئەڭ كىچىك ، 8 - ئايدا ئەڭ چوڭ بولىدۇ . يىللىق ئوتتۇرىچە نىسپىي نەملىك 55% بولىدۇ ، 12 - ئايدا نەملىك ئەڭ يۇقىرى بولۇپ 69% بولىدۇ ، 4 - ئايدا ئەڭ تۆۋەن بولۇپ ، 42% بولىدۇ .

## 7 . قىرو مەزگىلى

مەكىت ناھىيىسىنىڭ پۈتۈن يىللىق قىروسىز مەزگىلى تارىخ-

تىن بۇيان ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 241 كۈن . قىرولۇق مەزگىلى 151 كۈن ، قىرولۇق مەزگىلىنىڭ دەسلەپكى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن باشلاپ كۆرۈلىدۇ ، ئەڭ كېچىككەندىمۇ 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدە كۆرۈلىدۇ . يىللار مابەينىدىكى ئوتتۇرىچە كۆرۈلۈش مەزگىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ، ئاخىرقى قىرو مەزگىلى بەك بالدۇر بولغاندا 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ، ئەڭ كېچىككەندە 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كۆرۈلىدۇ . ئوتتۇرىچە ئاخىرقى قىرو مەزگىلى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدە كۆرۈلىدۇ .

**8 . شامال كۈچى**

يۇتۇن يىللىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى 1.9m/s (1 - 2 بال ) . ئەتىيازدىكى شامال تېزلىكى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.8m/s بولىدۇ . ياز پەسلىدە ئوتتۇرىچە تېزلىك 2.3m/s ، كۈز پەسلىدە ئوتتۇرىچە تېزلىك 1.4m/s بولىدۇ . قىش پەسلىدە ئوتتۇرىچە تېزلىك 1.1m/s بولىدۇ . شامال يۆنىلىشى يىل بويى شەرقىي شىمال يۆنىلىشىنى ئاساس قىلىدۇ . شەرق شامىلى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ . 8 بالدىن يۇقىرى بوران ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 13 كۈن چىقىدۇ . 4 - ، 7 - ئايدا كۆپرەك بولىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە 4 - ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 كۈن ، 5 - ئايدا 3 كۈن ، 6 - ئايدا 4 كۈن ، 7 - ئايدا 2 كۈن ، 8 - ئايدا 1 كۈن چىقىدۇ . بىر يىلنىڭ باشقا ئايلىرىدىمۇ شامال چىقىش ئېھتىمالى بولىدۇ . لېكىن بۇنىڭ قانۇنىيىتى بولمايدۇ . ئەڭ يۇقىرى شامال تېزلىكى 27.1m/s (9 بال ) بولىدۇ . 1984 - يىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى شامال سۈرئىتى 31m/s بولغان . لېكىن بۇ ناھايىتى تاسادىپىي پەيدا بولۇپ ، قىسقا مەزگىلدىن كېيىن ئۆتۈپ كەتكەن . بوران كۆپرەك شەرقىي شىمال يۆنىلىشىنى بويلاپ چىقىدۇ . غەرب بورىنى بۇنىڭدىن ئازراق بولىدۇ .

## 4 . مەكىتنىڭ گىدروگرافىيىسى

يەكەن (دولان ) دەرياسى مەكىت ناھىيىسى ئىچىدىن ئۆتىدىغان ئەڭ چوڭ دەريا بولۇپ ، ئۇ مەكىت يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئاساسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەنبەسىدۇر . ناھىيە تەۋەلىكى ئىچىدە 4 ـ سىستېما قىلىنلىقى نېپىز بولغاچقا ، سۇنىڭ سىڭىشى يۇقىرى بولۇپ ، مۇتلەق كۆپ سانلىق رايونلاردىكى تېيىز سۇنىڭ سۈپىتى ئانچە ياخشى ئەمەس . يۇقىرى ئېقىندىكى تاتلىقلاشتۇرغۇچى ئۆتكۈنچى بەلۋاغ ناھىيە ئىچىدىكى تۇز-لۇق ياكى شورنى ئېقىتىش ۋە تۇزنى يىغىۋېلىش بەلۋاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ . تېيىز قاتلامدىكى يېپىق سۇنىڭ مىنېراللىنىشى ئومۇ-يۈزلۈك ھالدا 1.5g/L دىن يۇقىرى بولۇپ ، قىسمەن جايلاردا 3~10g/L غا يېتىدۇ . يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى 1m ~ 3 ئەتراپىدا بولۇپ ، قۇملۇق رايونلاردا 3m دىن يۇقىرى بولىدۇ . بۇ سۇ ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچىشىگە بولمايدۇ .

تۆشۈك تېشىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ناھىيە تەۋەسى ئىچىدىكى تىندۇرما تۇزلەڭلىك رايونىنىڭ 40m ~ 50m تۆۋىنىدە يەر ئاستى سۈيى بايقالغان بولۇپ ، سۇنىڭ سۈپىتى ئومۇميۈزلۈك ھالدا بىر قەدەر ياخشى ، مىنېراللىنىش دەرىجىسى 1.5g/L دىن تۆۋەن . مەكىت ناھى-يە بازىرى بەلۋېغىدا مىنېراللىنىش دەرىجىسى 1g/L دىن تۆۋەن بولۇپ ، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچىشىگە ھەم ئېتىز ـ ئېرىقلارنى سۇغىرىدىغان سۇنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ . سۇ تارتىش تەجرىبە سىنىقى ئارقىلىق يەر ئاستى سۈيى تېيىز يۈزىنىڭ 1m ~ 3 ، چوڭقۇرلۇقىنىڭ 5m غىچە بارىدىغانلىقى ، سۇ مىقدارىنىڭ 15—10 ، سىڭىش كوئېففىتسېنتىنىڭ 10 ~ 15L/s.m مېتىر/ كۈن ، بىرلىك سۇ مىقدارىنىڭ 2—3l/s.m بولىدىغانلىقى مەلۇم بولدى ، بۇ ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى سۇ مەنبەسىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن . ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا سۇ مىقدارى بىر قەدەر ئاز . قۇملۇق رايونغا سوزۇلغانسېرى سۇ تېخىمۇ ئازلاپ ، سۇنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ ناچارلىشىپ بارىدۇ .

مەكىت ناھىيىسىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇ دولان دەرياسىنى ئاساس قىلىدۇ . بۇ دەريانىڭ سۇ سۈپىتى ياخشى ، مىنېراللىنىش دەرىجىسى 1g/L ئەتراپىدا بولۇپ ، ئېغىر كاربونات تۇزى تىپىدىكى سۇ ساقلىنى-دۇ . لېكىن خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ سۇ ئىشلى-تىش بىر قەدەر كۆپەيدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، يۇقىرى ئېقىن

رايونلىرىدىكى كۆپ مىقداردىكى كېرەكسىز سۇ دەرياغا قويۇلۇپ، دەريا سۈيىنىڭ سۈپىتى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

### 1. سۇ سىستېمىسى

دولان (يەكەن) دەرياسى   دولان (يەكەن) دەرياسى كوئېنلۇن تېغى ۋە قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىدىن باشلانغان بولۇپ، يۇقىرى ئېقىنى كۇلچىن دەرياسىدىن باشلىنىدۇ. ئوتتۇرىدا يەنە تاشقورغان دەرياسىغا قويۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1079km كېلىدۇ. بۇ دەريا تارىم دەرياسى سۇ سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، تارىم دەرياسىنىڭ رەسمىي ئېقىنى ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ شىمالغا بۇرۇلىدۇ. كاچوڭ گىدروگرافىيە پونكىتىدىن چىقىپ شىمالغا ئېقىشتىن شەرقىي شىمالغا ئېقىشقا ئۆزگىرىدۇ. بۇ ئېقىن تاشقورغان، يەكەن، قاغىلىق، يوپۇرغا، مەكىت، مارالبېشىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ شۇجەك بۇلۇڭ ئەتراپىدا ئاقسۇ دەرياسى ۋە خوتەن دەرياسى بىلەن ئۇچرىشىپ، تارىم دەرياسىغا قويۇلىدۇ. ئېقىن دائىرىسىنىڭ كۆلىمى $9.37 \times 10^4 km^2$، يېيىلىش كەڭلىكى 40km ~ 70، ئومۇمىي سۇغىرىدىغان يېرى 6 ناھىيە، 10 تۈەن - مەيدانىنىڭ 5 مىليون 400 مىڭ مو يېرى بولۇپ، قەشقەر رايونىدىكى بىرىنچى چوڭ دەريادۇر.

يەكەن دەرياسىنىڭ نامى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى يازما ماتېرىياللىرىدا تىلغا ئېلىنغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «خوتەن قاراڭغۇ تاغ (كوئېنلۇن تېغى) نىڭ ئاستىدا، دەريالىرى شىمالغا ئېقىپ پامىر (كۆككائارت) دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، لوپنۇر كۆلى (浦昌河 قەدىمكى لوپنۇر كۆلىنىڭ خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئاتىلىشى) گە قويۇلىدۇ» دېيىلگەن. «تاغ - دەريالار ھەققىدىكى قەسىدىلەرگە ئىزاھات» تا: «دەريا جىسار (岐沙) جىلغىسىدىن ئۆتۈپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرى، شەرققە ئېقىپ سەرىكوي (قەدىمكى تاشقورغاننىڭ غەربىي خەن دەۋرىدىكى ئاتىلىشى) بەگلىكىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ. يەنە بىرى، شەرققە ئېقىپ گۇما بەگلىكىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ» دېيىلگەن. گۇما بەگلىكىنىڭ شىمالىدىن ئۆتكەن بۇ

www.uyghurkitap.com



دەريا جەنۇبىي پامىر (كۆكئارت) دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەريا «شەرقتە يەنە خوتەن دەرياسى دەپ ئاتالغان دەريا دەل جەنۇبىي پامىر (كۆكئارت) دەرياسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىر جەنۇبىي دەريا مەۋجۇت ئەمەس[①]. «پامىر دەرياسى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى دەرياغا بۆلۈنگەن بولۇپ، جەنۇبىي دەريا يەكەن دەرياسى، شىمالىي دەريا قەشقەر دەرياسىدۇر» دېيىلگەن[②]. دېمەك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنىۋاتقان شەرققە ئېقىپ خوتەن دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ۋە تاشقورغان بىلەن گويا بەگلىكنىڭ شىمالىدىن ئېقىپ ئۆتكىنى باشقا دەريا بولماستىن، دەل ھازىرقى يەكەن دەرياسىدۇر.

«جۇڭگونىڭ تارىخىي خاتىرىلەر توپلىمى» دا يەكەن دەرياسىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى نامى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن، بۇ دەريا غەربىي خەن سۇلالىسىدىن غەربىي جىن سۇلالىسىگىچە بولغان دەۋردە (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلىدىن مىلادىيە 316 ـ يىلىغىچە) پامىر (كۆكئارت) دەرياسى، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيە 581 — 618 ـ يىللار) جەنۇبىي دەريا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيە 518 — 907 ـ يىللار) تود (徒多) دەرياسى، بەش دەۋر ۋە ئون پادىشاھلىق دەۋرىدە (مىلادىيە 907 — 979 ـ يىللار) يارلى (雅勒) دەرياسى، جىن، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە (مىلادىيە 1115 — 1279 ـ يىللار) يەركەن (雅儿看) دەرياسى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 1368 — 1644 ـ يىللار) دىن باشلاپ يەكەن (叶儿羌) دەرياسى دەپ ئاتالغان[③].

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىدۇ دەرياسى ھەققىدە «ئوكيانۇس» دە: «شىدۇ (徒多)، قەدىمكى دەريا نامى. سىتو (斯陀) دەرياسى» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ. قەدىمكى ھىندىستان رىۋايەتلىرىدە «يەر يۈزىدىكى ھەرقايسى چوڭ دەريالارنىڭ ھەممىسى قارلىق تاغ (ھازىرقى ھىمالايا تېغىنىڭ غەربىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ) دىن تۆت

---

① «خوتەن بوستانلىقى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە نەشرى، 198 — 199 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.
② «خەننامە. قوشۇمچە ئىزاھلار»، VII توم، 3534 ـ بەت.
③ «جۇڭگونىڭ تارىخىي خەرىتىلەر توپلىمى»، I — VII تومىلارغا قارالسۇن.

تەرەپكە بۆلۈنۈپ ئاقىدۇ . شىمالغا ئاققان بىر بۆلىكى بولسا شىدۇ دەرياسىدۇر دەپ قارىلىدۇ . كېيىن جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتنىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ، شىدۇ دەرياسى هازىرقى يەكەن دەرياسى ۋە تارىم دەرياسى دەپ ئاتالغان هەم خاتا هالدا ئۇ سېرىق دەريا ‹ 黄河 › نىڭ مەنبەسى دېيىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن[1] .

«غەربىي تۈرك تارىخ ماتېرىياللىرى» دا شىدۇ ( 徙多 ) دەرياسىغا مۇنداق ئىزاهات بېرىلگەن : «تود دەرياسى شىدۇ ( 徙多 ) دەرياسىمۇ دېيىلىدۇ . بۇ دەريا بۇددا مەنبەلىرىدە 斯多,私多,私他 دەپ ئاتالغان . ‹sita › بولسا ، هازىرقى يەكەن ۋە تارىم دەرياسىنىڭ سانسكرىتچە نامىدۇر»[2] . ئوخشاشلا «سانسكرىتچە ـ خەنزۇچە سۆزلۈك» تىمۇ «sita » سۆزى ئىزاهلىنىپ : «بۇ دەريا سەرىكوي (تاشقورغاننىڭ يەنە بىر نامى ) نىڭ شىمالىدىن ئېقىپ چىقىپ ، هازىرقى يەكەن دەرياسىنى شەكىللەندۈرىدۇ» دېيىلىدۇ[3] .

دېمەك ، يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا ، يەكەن دەرياسى ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ پامىر (كۆكئارت ) دەرياسى ، تود (سانسكرىتچە sita ) دەرياسى ، يارلى دەرياسى دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن . ئەمدى ئۇنىڭ «يەكەن دەرياسى» دېگەن نامىنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكىگە كەلسەك ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال «يەكەن» دېگەن نام هەققىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 119 ـ يىلى ۋە 138 ـ يىلى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا قىلغان ئىككى قېتىملىق سەپىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ غەربىي يۇرت هەققىدىكى چۈشەنچىسى چوڭقۇرلىشىپ ، غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك هەققىدە بىر قەدەر توغرا مەلۇماتقا ئىگە بولغان . ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك ئىچىدە ساكارائۇل ( 莎车 ) بەگلىكىنىڭ ئورنى هازىرقى يەكەن ناهىيىسى تەۋەسىدە ئىدى . بۇ يەردىكى 莎车 نامى «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىمۇ شۇنداق خاتىرىلەنگەن ، هازىرقى ۋاقىتتىمۇ يەكەن ناهىيىسى شۇ ئىككى خەنزۇچە خەت

---

① «ئوكيانۇس» تارىخ ـ جۇغراپىيە قىسمى ، 414 ـ بەت .
② «غەربىي تۈرك تارىخ ماتېرىياللىرى» ، 161 ـ بەت .
③ «سانسكرىتچە ـ خەنزۇچە سۆزلۈك» ، ئىنگلىزچە نەشرى ، 115 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلمەكتە . ئەمەلىيەتتە بولسا ، خەنزۇ تىلىدىكى بۇ ئىككى خەتتىن مەيلى ترانسكرىپسىيە قىلىنىش جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەنە جەھەتتىن بولسۇن ، ھېچقاچان «يەكەن» دېگەن مەنە چىقمايدۇ . دېمەك ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ماتېرىياللاردا « 莎车 » دېگەن نام ئۇچرىسىمۇ ، ئۇنى ھازىرقى يەكەن دەپ قاراش ئورۇن جەھەتتىن توغرا دەپ قارالغاندىمۇ ، نام جەھەتتىن ئەقىلگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ . «ياركەند» دېگەن بۇ نام مىلادىيە 1050 ـ يىلى يېزىلغان گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار» دېگەن كىتابىدا[①] ۋە بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا[②] ھەقىقىي ۋارىيانتى بولغان «ياركەند» بىلەن تىلغا ئېلىنغان .

بىزگە مەلۇمكى ، يەر ـ جاي ناملىرى شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ، تەبىئىي شەرت ـ شارائىتى ، ئالاھىدىلىكى ۋە شۇ جاينىڭ ئاچقۇچىسى ، قەھرىمانلىرىنىڭ نامى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن . دەريالارمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ . مەسىلەن ، سېرىق دەريا ، يۇرۇڭقاش دەرياسى ، قىزىل دەريا دېگەنلەرگە ئوخشاش . دېمەك ، بۇ دەريا «يەكەن» (يەركەنت) دېگەن يۇرت نامى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ، بۇ دەريا بۇ يۇرتنى غەربىي جەنۇبىدىن شەرقىغە يايسىمان ئوراپ ئاققاچقا ، شۇ يۇرتنىڭ نامى بىلەن «يەكەن دەرياسى» دەپ ئاتالغان .

بۇ دەريانىڭ يەكەن يۇرت ئىچىگە كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى قىسمى يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن «زەرەپشان دەرياسى» دېيىلسە ، مەكىت ، مارالبېشى قاتارلىق دولانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىن ئۆتكەن قىسمى دولان دەرياسى ، دەپ ئاتىلىدۇ[③] . «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» دا : «مۇنداق زەرەپشان نامىدىكى دەريادىن ئىككىسى بار . بىرى ، قەدىمكى سوغدى ‹sogd› دەرياسى ، يەنى ‹سۈينامە› دىكى نامى ( 那密 ) دەپ كۆرسىتىلگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زەرەپشان

---

① «شىنجاڭ ياشلىرى» ، 1985 ـ يىل 9 ـ سان ، 15 ـ بەتتىكى سۇلتان مامۇتنىڭ «يېپەك يولىدىكى قەدىمىي شەھەر يەكەن توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ .

② «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، I توم ، 40 — 41 ـ بەتلەر ئارىسىدىكى خەرىتىگە قاراڭ .

③ ئادىل مۇھەممەت تۇران : «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» (1) ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 2001 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى ، 151 — 155 ـ بەتلەر .

دەرياسى ، يەنە بىرى ، يەكەن دەرياسىنىڭ يەنە بىر نامى» دەپ كۆرسە-تىلگەن[1] .

دولان دەرياسى يەنى يەكەن دەرياسىنىڭ يىللىق ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى 88.05 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ ، ئەڭ ئاز ئېقىن مىقدارى 44.68 مىليارد كۇب مېتىر . كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 64.5 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ ، ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $205m^3/s$ . 1961 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەلگەن تاشقىننىڭ ئېقىن مىقدارى $6270m^3/s$ ، 1980 ـ يىلى يۈز بەرگەن زور كەلكۈن-دىكى ئېقىن مىقدارى $9140m^3/s$ . ئەڭ ئاز ئېقىن مىقدارى $22.8m^3/s$ . مەكىت ناھىيىسى چېگراسى ئىچىدىكى ئەڭ زور ئېقىن مىقدارى $2700m^3/s$ . ھەر يىلى 6 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە كەلكۈن مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ . 12 ـ ئايدىن كېيىنكى يىلنىڭ 2 ـ ئېيى سۇ تارتىلىش مەزگىلى بولىدۇ .

دولان دەرياسى ، يەنى يەكەن دەرياسى يەكەن ناھىيىسىنىڭ خاڭدى بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن مەكىت چېگراسى ئىچىگە ئېقىپ كىرى-دۇ . ناھىيە ئىچىدە چاسا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئېقىپ چىقىدۇ . دەريانىڭ ناھىيە چېگراسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 180km ، ئېقىنىنىڭ ئوتتۇ-رىچە كەڭلىكى 1000m ئەتراپىدا . بۇ دەريا مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئېتىزلىرىنى سۇغىرىدىغان ئاساسلىق سۇ سىستېمىسى . يىللاردىن بېرى باشلانغان سۇنىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارى 4.2 مىليارد كۇبمېتىر بولۇپ ، ھازىرقى سۇغىرىش كۆلىمى 390 مىڭ مو بولۇۋاتىدۇ .

تىزناپ دەرياسى تىزناپ دەرياسى قاراقورۇم تېغىنىڭ شىمالىي باغرىدىن باشلىنىپ ، شەرقىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ ئې-قىپ ، يەكەن ، پوسكام ، قاغىلىقلاردىن ئۆتۈپ مەكىت ناھيە بازىرى دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىدۇ . مۇشۇ يەرگىچە بولغان ئومۇمىي ئۇ-زۇنلۇقى 335km بولۇپ ، دەريانىڭ كۆپ قىسمى سۇغىرىش رايونىغا ئېقىپ كىرىدۇ . سۇغىرىش كۆلىمى 750 مىڭ موغا يېتىدۇ .

تىزناپ دەرياسى ئىلگىرى شىتو (شىدۇ ) دەرياسى دەپ ئاتالغان .

[1] «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 107 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



7 ـ ئەسىردىكى سەيياھ شۇەنزاڭ «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» 12 ـ جىلدىدا: «قەشقەر (چۇشا) ئېلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 500 چاقىرىم ماڭساق شىتو دەرياسىغا يېتىپ بارىمىز. بۇ دەريا قۇملۇقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ جۇجۇپ (قاغىلىق) غىچە يېتىپ بارىدىكەن» دېيىلگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جياچىن يازغان «يوللار خاتىرىسى» دە تىزناپ دەرياسى شىگۇەن دەرياسى دەپ خاتىرىگە ئېلىنغان. بۇلاردىن باشقا «چيەنلۇڭ خان دەۋرىدىكى ئەدىچكى دىۋان خاتىرىلىرى»، «دەريا مەنبەلىرىنىڭ تەپسىراتى»، «غەربىي يۇرت سۇ يوللىرى خاتىرىسى» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەردە تىزناپ دەرياسى يەكەن (دولان) دەرياسىنىڭ شەرقىي مەنبەسى، مەكىت ئەتراپىدا يەكەن دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. لېكىن ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە تىزناپ دەرياسى يەكەن (دولان) دەرياسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ بىر پەسىللىك دەريا بولۇپ قالدى، دېيىلگەن. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 70 ـ جىلد «سۇ يوللىرى» دېگەن بابىدا: «تىزناپ دەرياسىنىڭ تارماق ئۆستەڭلىرى ناھايىتى كۆپ، سۇلىرى تارتىلىپ كەتكەن بولغاچقا، مەكىتتىن ئۆتەلمەيدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب دەل تىزناپ دەرياسىدىن سۇ باشلايدىغان ئۆستەڭلەر كۆپ بولغاچقا، سۈيى خوراپ غەربتىكى مەنبە (تاشقورغان دەرياسى) بىلەن ئۇچرىشالمىغانلىقتىن بولغان» دېيىلگەن. يۇقىرىقى خاتىرىلەردىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا كەلگەندە ئېقىن ئۈزۈلۈپ قالغان بۇ ۋاقىت دەل داۋگۇاڭ خان دەۋرى ئىدى[①].

بۇ دەريانىڭ يىللىق ئەڭ كۆپ ئېقىن مىقدارى 10.7 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، ئەڭ ئاز بولغاندىكى يىللىق ئېقىن مىقدارى $5.85m^3$. كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 7.71 مىليارد كۇب مېتىر، ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $24.4m^3$. 1974 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى ئەڭ زور ئېقىش سۈرئىتى $519m^3/s$، ئەڭ ئاز بولغاندىكى ئېقىش سۈرئىتى $0.42m^3/s$.

ھەر يىلى 5 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە بۇ دەريانىڭ كەلكۈن مەزگىلى

---

① «جۇڭگو تەبىئىي جۇغراپىيىسى — تارىخ تەبىئىي جۇغراپىيىسى»، پەن نەشرىياتى، 1982 ـ يىل (خەنزۇچە) 197 ـ بەت.

ھېسابلىنىدۇ . 12 ـ ئايدىن كېيىنكى يىلنىڭ 2 ـ ئېيىغىچە بولغان مەزگىلدە سۈيى تارتىلىدۇ . دەريانىڭ سۈيى بىر قەدەر مول بولۇپ ، ئاساسلىقى ئېگىز تاغلاردىكى قار ، مۇزلارنىڭ ئېرىشى ، بۇلاق سۈيى ۋە يامغۇر سۈيىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ . ئۇنىڭ سۇ سۈپىتى ياخشى بولۇپ ، ئىچىش ۋە سۇغىرىشقا ماس كېلىدۇ .

دەريا سۈيى مەكىت ناھىيىسى قىزىلئاۋات يېزىسىنىڭ قاردۆڭ كەنتىدىن ناھىيە چېگراسىغا كىرىپ ، مەكىت بازىرى يېزا ئىگىلىك مەيدانىدىن ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ . بۇ ئارىلىقتىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 56km . بۇ دەريا مەكىت ناھىيىسىنىڭ قىزىلئاۋات يېزىسى ، غازكۆل يېزىسى ، قۇمقىسار يېزىسى ، بازارجەمى يېزىسى ، ئۇرۇقچىلىق مەيدانى ، 1 ـ ماي ئورمانچىلىق مەيدانى ، باغۋەنچىلىك مەيدانى ۋە مەكىت بازىرى دېھقانچىلىق مەيدانىنى سۇغىرىدۇ . سۇغىرىدىغان ئېتىزنىڭ ئومۇمىي مو سانى 310 مىڭ مو كېلىدۇ . مەكىت ناھىيەسىنىڭ ئورنى تىزناپ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا توغرا كەلگەچكە ، دەريا سۈيى دائىم ئۈزۈلۈپ قالىدۇ . ئەتىياز پەسلىدىكى سۇ ئىشلىتىش بىر قەدەر جىددىي بولىدۇ .

## 2 . كۆللەر

**تاڭ كۆل** بۇ كۆل شېھىتدۆڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرغان جايدىن 4.5km غەربىدە . كۆلنىڭ كۆلىمى $1.6km^2$ بولۇپ ، بۇ يەردە چارۋا باقىلى بولىدۇ . تاڭ كۆلنىڭ مەنىسى تاڭ فامىلىلىك كىشىنىڭ كۆلى دېگەنلىك بولۇپ ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، 60 يىللار ئىلگىرى بۇ يەردە تاڭ فامىلىلىك بىر كىشى بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان ئىكەن . شۇڭلاشقا بۇ كۆل شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئىكەن .

**شور كۆل** شېھىتدۆڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ 5km شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ ، يەر مەيدانى $4km^2$ كېلىدۇ . بۇ يەردە قومۇش ۋە ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ . سۈيىدە بېلىق بار . ئەتراپىدا مال ـ چارۋا باقىلى بولىدۇ . شور كۆلنىڭ مەنىسى شورلۇق كۆل دېگەنلىك بولۇپ ، بۇ كۆلنىڭ سۈيىدە شور كۆپ بولغاچقا مۇشۇنداق ئىسىم قويۇلغان .

**داش كۆل** داش كۆل يانتاق يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ 1.5km شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 1.5km² كېلىدۇ. پۈتۈن يىلدا سۇ توپلىنىدىغان جايىنىڭ كۆلىمى 1000 مو ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ كۆلدە بېلىق بار بولۇپ، كۆل بويىدا مال ـ چارۋا باقىلى بولىدۇ. داش كۆل ئۇيغۇرچە داش قازاندەك كۆل دېگەنلىك بولۇپ، بۇ كۆلنىڭ سۇ ساقلاش كۆلىمى چوڭ ھەم داش قازانغا ئوخشىغاچقا مۇشۇنداق نام بېرىلگەن.

**قاسىم كۆلى** بۇ كۆل تۇمەنتال يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 9km كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 9km² كېلىدۇ. يىللىق سۇ تۇرىدىغان كۆلىمى 1000 مودىن ئاشىدۇ. سۇ-نىڭ چوڭقۇرلۇقى 2m غا يېتىدۇ. بۇ يەردە قومۇش ۋە ئوت ـ چۆپلەر ئۆسكەن بولۇپ، سۇيىدە بېلىق بار. ئەتراپىدا چارۋا ـ مال باقىلى بولىدۇ. بۇ جايىنىڭ ئىسمى مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق قاسىم دېگەن كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 50 يىللار ئىلگىرى قاسىم دېگەن كىشى مۇشۇ جاينى ماكان تۇتۇپ ئوتۇن سېتىش بىلەن جاھاندارچىلىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۆلنىڭ نامى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

**مونەك كۆل** تۇمەنتال يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ 3km شەرقىگە جاي-لاشقان بولۇپ، كۆلىمى 2km² كېلىدۇ. دائىم سۇ تۇرىدىغان كۆلەم 400 مو ئەتراپىدا بولۇپ، سۇنىڭ چوڭقۇر يېرى 6m كېلىدۇ. بۇ يەردە قومۇش، ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ. كۆل بويىدا مال ـ چارۋا باقىلى بولىدۇ. مونەك كۆلنىڭ مەنىسى: مونەك كۆلنىڭ ئىچىدە كىچىك ـ كىچىك تۆپىلىكلەر بار بولۇپ، مۇشۇ مۇناسىۋەتلەر بىلەن بۇ كۆلگە مونەك كۆل دەپ ئىسىم قويۇلغان.

**كۆك كۆل** كۆك كۆل قۇمقسار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6km كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 13km² كېلىدۇ. كۆل ئىچىدە ئۇزۇن ئوت ـ چۆپلەر ئۆسكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىشىلەر نەپ ئالىدۇ. كۆك كۆلنىڭ مەنىسى يېشىل كۆل دېگەنلىك بولۇپ، ھەر يىلى ياز پەسلىدە بۇ يەردە ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ، بۇ يەرنى يېشىللىق قاپلاپ تۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ يەر كۆك

كۆل دەپ ئاتالغان.

زىغىرلىق كۆل زىغىرلىق كۆل قۇمقىسار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ 4km شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 2km² كېلىدۇ. بۇ يەردە قومۇش، زىغىرلار ئۆسىدۇ. 70 يىللار ئىلگىرى بۇ يەرگە زىغىر تېرىلغان. شۇڭلاشقا بۇ يەرنىڭ ئىسمى زىغىر كۆل دەپ ئاتالغان.

ئۆكتە كۆل ئۆكتە كۆل قىزىلئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان ئورۇننىڭ 11km غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 14km² كېلىدۇ. كۆلدە 20 مو كەلگۈدەك كۆلەمدە يىل بويى دائىم سۇ تۇرىدۇ ھەم ئەتراپىدا قومۇش ۋە چۈچۈكبۇيا ئۆسىدۇ. ئۆكتە كۆل ئۆكتىلىك قوزغايدىغان كۆل دېگەنلىك بولۇپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى مۇشۇ كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى مۇشۇ كۆلدىن سۇ ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار دائىم جېدەللىشىپ دەۋاغا چۈشەركەندۇق. شۇڭ-لاشقا باشقا يەردىكى كىشىلەر دائىم جېدەل قوزغايدىغان بۇ جاينى ئۆكتە كۆل دەپ ئاتىغان.

## 5. يەر - تۇپراق

مەكىت ناھىيىسىنىڭ تەكشۈرۈلگەن يەر - تۇپراق كۆلىمى 2 مىليون 252 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يەرنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈشكە بولىدۇ. پۈتۈن ناھىيىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 737 مىڭ مو (جۈملىدىن ئېتىز - ئېرىق كۆلىمى 61 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 8.28% نى ئىگىلەيدۇ. يول كۆلىمى 20 مىڭ مو بولۇپ، پۈتۈن يەر كۆلىمى-نىڭ 2.71% نى ئىگىلەيدۇ. ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيى 240 مىڭ مو بولۇپ، پۈتۈن تېرىلغۇ يەرنىڭ 3.75% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئۈچ تۈرنى جەملەپ ھېسابلىغاندا 105 مىڭ مو بولۇپ، پۈتۈن تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 14.25% نى ئىگىلەيدۇ). ساپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 609 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 82.6% نى ئىگى-لەيدۇ. پۈتۈن ناھىيىدىكى تېرىلغۇ يەر 530 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇ-مىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 71.9% نى ئىگىلەيدۇ. ساپ تېرىلغۇ يەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلار بېكىتى www.uyghurkitap.com



87%نى ئىگىلەيدۇ . تېرىلغۇ يەردە يېنىك شورلىشاڭغۇ زەي ۋە سالىق تۇپراق كۆپرەك بولۇپ ، ئايرىم ـ ئايرىم هالدا ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 34% ۋە 27.3%نى ئىگىلەيدۇ . پۈتۈن ناھىيىدىكى ئورمانچىلىق كۆلىمى 559 مىڭ 200 مو كېلىدۇ . چۆللۈك كۆلىمى 955 مىڭ 800 مو كېلىدۇ .

## 6 . مەكىتنىڭ ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلىرى

### 1 . ھايۋانات

بېلىق تۈرى دولان دەرياسىدىن كارىپ بېلىقى ، لاققا بېلىق ، ياپىلاق بېلىق ، زاغرا بېلىق ، يوغان باش بېلىق ، يەكەن دەريا ئىت بېلىقى قاتارلىق بېلىقلار چىقىدۇ . بۇ خىل بېلىقلار پۈتۈن ناھىيە چېگراسىدىكى دەريا ، كۆللەر ۋە سۇ ئامبارلىرىدا بېقىلىدۇ .

قوش ماكانلىقلار تۈرى يېشىل پاقا ، سۇ يىلىنى ، چارپاقا .

ئۆمىلىگۈچىلەر قاغىلىق چۆل كەسلەنچۈكى ، سالمىچۈق ، كېلە ، چىپار يىلان .

قۇشلار تۈرى كۆك غاز ، قارا ئۆردەك ، ياۋا ئۆردەك ، چۇغۇندەك ، قىرغاۋۇل ، سۇ توخۇسى ، قىزىل تۇمشۇقلۇق كەپتەر ، كۆك كەپتەر ، قوشقۇر چوڭ كاككۇك ، ھۇۋقۇش ، ئاق قانات تۆمۈر تۇمشۇق ، زارغالداق ، قۇچقاچ ، تورغاي ، سېغىزخان قاتارلىقلار بار .

ھايۋانلار تۈرى ئۇزۇن قۇلاق كىرپە ، ياۋا توشقان ، مولۇن ، ئاق بوغۇزلۇق بۆكەن ، تارىم توشقىنى ، ئۇزۇن قۇلاق كۇسۇتكە (ئېتىز چاشقىنى ) ، سېرىق قۇيرۇق ئۆي چاشقىنى ، شەپەرەڭ قاتارلىقلار . بۇلاردىن مولۇن ، ئاق بوغۇزلۇق بۆكەن ، تارىم توشقىنى دۆلەتنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان تۈرى ھېسابلىنىدۇ .

ھاشارەتلار تۈرى سۇۋەرەك ، قوڭغۇز ، خانقىز ، دۆ ، پاشا ، چىۋىن ، كېپىنەك ، يىڭناغۇچ ، چېكەتكە ، سازاڭ ، سېرىق ھەرە ، چايان قاتارلىقلار .

مەكىت ناھىيە ھايۋانلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ ، ئەمەلىي تەكشۈرۈپ تەھقىقلەنمىگەنلىرى بۇ يەردە تىلغا ئېلىنمىدى .

**2 . ئۆسۈملۈكلىرى**

دەل ـ دەرەخ ۋە مېۋە تۈرلىرى دەل ـ دەرەخلەردىن توغراق ، ئاق تېرەك ، كۆك تېرەك ، سۆۋادان ، كانادا تېرىكى ، قاپاق تېرەك ، سۆگەت ، مەجنۇنتال ، جىگدە ، جىغان ، ئۈجمە ، ياۋروپا تېرىكى ، يۇلغۇن ، ئارچا ، ئاق ئاكاتسىيە ، جەرمە دەرىخى قاتارلىقلار بار .

مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئۆرۈك ، شاپتۇل ، نەشپۈت ، ئالما ، چىلان ، جىگدە ، ياڭاق ، ئۈزۈم ، بادام قاتارلىقلار بار .

گۈل تۈرى ئەتىرگۈل ، تاقىگۈل ، تالگۈل ، قامچىگۈل ، سەبدەگۈل ، قاراگۈل ، چىمەنگۈل ، سۆگەتگۈل ، ھەشقىپىچەك ، تاجىگۈل قاتارلىقلار بار .

دورا ئۆسۈملۈكلىرى چۈچۈكبۇيا ، لوپنۇر كەندىرى ، پاقىيوپۇرمىقى ، ئالقات ، بۇدۇشقاق ، شۇمبۇيا ، ئىتئۈزۈمى ، سېرىق يۆگەي ، زاراڭزا ، توشقانزەدىكى ، ئۈچقات ، ئىت ياڭىقى ، كەندىر ، كۆممىقوناق ساقىلى ، يالپۇز ، بەدىيان قاتارلىقلار بار .

چارۋا ئوت ـ چۆپلىرى بېدە ، قاشقى بېدە ، قومۇش ، سۈتلۈك ئوت ، خوخا ، پېلەك ئوت ، يۆگىمەچ ، غاچا ، قىياق ، چۈجگۈن ، چۈچۈكبۇيا ، بېسلغاق (پاخپاق ئوت ) ، يانتاق ، شاپ ، ئېشەك قومۇشى قاتارلىقلار بار .

## 7 . مەكىت ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر

دولان دەرياسى ۋە تىزناپ دەرياسىنىڭ مەكىت ناھىيىسى بۆلىكى ئومۇمەن قۇمساڭغۇ توپا دەريا قىرغىقى ھېسابلانغاچقا ، ئاسانلا يار ئېلىپ كېتىپ سۇ ئاپىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ . تۇپراقنىڭ زەيلىشىشى بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ ، كىلىماتى قۇرغاق ، ھاشاراتلارنىڭ زىيىنى بىر قەدەر كۆپ ، شامال ، ئۈششۈك ، قىرولارنىڭ زىيىنى بىر قەدەر چوڭ . 50 ـ ، 60 ـ يىللاردا توغراقلار زور مىقداردا كېسىلىپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com



ئورمان كۆلىمى زور دەرىجىدە كېمەيدى . شۇڭلاشقا ناھىيە چېگراسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى تەبىئىي توساق ئاجىزلاپ ، مۇئەييەن دەرىجىدە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقتا زىيان يەتتى . شۇنىڭ بىلەن تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ شورلىنىشى ۋە قۇمساڭغۇلىنىشى ئېغىرلاشتى . قىزىلئاۋات يېزىسىنىڭ چىغلىق كەنتىدە 1980 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلىغىچە قۇم ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىغا 15m قالغۇچە بولغان يەرگىچە قىستاپ كەلدى . سۇنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە 35m ئېگىزلىكتىكى قۇم بارخانلىرى پەيدا بولدى .

### 1 . بوران ئاپىتى

**قۇرۇق ئىسسىق شامال** بۇغداي بىخ ئۇرۇپ دان تۇتقىچە بولغان ئارىلىقتا يۇقىرى ھارارەتلىك بىر خىل ھاۋا پەيدا بولىدۇ . ئۇنىڭغا مۇئەييەن شامال كۈچى قوشۇلۇپ ، دېھقانچىلىقتا كىلىمات جەھەتتىن زىيان سالىدۇ . تېمپېراتۇرىسى 30℃ قا يېتىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولىدۇ . نىسپىي نەملىك 30% ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولىدۇ . شامال كۈچى 3m/s ياكى ئۇنىڭدىن چوڭ بولىدۇ . 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ۋە 6 ـ ئاينىڭ ئالدى دەل بۇغداي دان تۇتىدىغان ، پىشىدىغان مەزگىل بولۇپ ، يىللار مابەينىدە مۇشۇ مەزگىللەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى قۇرۇق ئىسسىق شامال پەيدا بولۇپ كەلگەن . ئادەتتە ھەر يىلى 3 ـ 4 كۈن قۇرۇق ئىسسىق شامال چىقىدۇ . كەم بولغاندا 2 كۈن ، ئۇزۇن بولغاندا 8 كۈن چىقىدۇ . بۇ بۇغداينى يىغىۋېلىشقا ، پاختا ۋە شالغىمۇ بىۋاستە زىيان سالىدۇ .

**بوران** 5 بالدىن يۇقىرى بوران يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 13 كۈن چىقىدۇ . ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە بوران چىققاندا بۇ تېرىش سۈپىتىگە ۋە تېزلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي ، بەلكى يەنە تېرىلغان ئېتىزلارنىڭ يۈزىنى سۈپۈرۈپ ، بىخنى ئۈزۈۋېتىدۇ ياكى ئۇنى قۇم بىلەن كۆمۈۋېتىدۇ . ئېغىر بولغاندا مايسىنى تۈۋىدىن يۇلۇۋېتىدۇ . بوران توختىغاندىن كېيىن توپا يېغىپ ھاۋا تۇمانلىشىدۇ . شامال يۆنىلىشى بارا ـ بارا غەربىي شىمالغا ياكى شەرقىي شىمالغا يۈزلىنىدۇ .

يىللار مابەينىدىكى زور بوران ئاپەتلىرى تۆۋەندىكىچە :

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىل ) 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3تە ناھىيە تەۋەلىكىدە زور بوران پەيدا بو-لۇپ ، بۇ چۈشتىن كېيىن 8 گىچە داۋاملىشىپ ، ئېتىزلار ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان . پاختا ئېتىزلىرىنىڭ يېرىمى ۋە قوغۇن ، تاۋۇز ئېتىزلىرىغا قايتىدىن شال تېرىلغان . مېۋىلىك دەرەختىكى مېۋىلەرنىڭ 2/3 قىسمى تۆكۈلۈپ كەتكەن .

1961 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى بوران تالاپەتكە ئۇچرائقان پاختا ۋە شال ئېتىزلىقلىرىنىڭ كۆلىمى 20 مىڭ 200 موغا يەتكەن .

1966 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتە ، تۇيۇقسىز بوران كۆتۈرۈلۈپ 8 ~ 10 بالغا يەتكەن . ئەڭ زور شامال كۈچى 10 بالغىمۇ يەتكەن . يېڭىئاۋات گۇڭشېسى (هازىرقى شېھىتدۆڭ يېزىسى ) يېڭى بوستان ، شېھىتدۆڭ ، يېڭى ئاۋات ئۈچ كەنت ، قىزىل بايراق گۇڭشې-سى (هازىرقى يانتاق يېزىسى ) ئۆزۈن مەھەللە ، خامان كۆيدى ، ئارالئقا ، ئاقدۆڭ قاتارلىق تۆت كەنت ، قىزىلئاۋات گۇڭشېسى ئويى-باغ ، چىغلىق ، هادۇقئالدى قاتارلىق ئۈچ كەنت تالاپەتكە ئۇچرىغان . تالاپەتكە ئۇچرىغان ئېتىزلىقنىڭ كۆلىمى 28 مىڭ 800 مو كېلىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە 14 مىڭ مو يەرنىڭ زىرائەتلىرى پۈتۈنلەي نابۇت بول-غان . بەزى يەرلەرنىڭ يۈزىنى شامال قىرىپ كەتكەن .

1974 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ، 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنلىرى ئىككى قېتىم قاتتىق بوران بولۇپ ، تالاپەتكە ئۇچرىغان تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆلىمى 30 مىڭ موغا يەتكەن . بۇنىڭ ئىچىدە 2616 مو قوناق ، 5976 مو پاختا تالاپەتكە ئۇچرىغان .

### 2 . سۇ ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى

مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىل ) ، يەكەندىكى بەشكەنت توسمىسى يار ئېلىپ كېتىپ ، كەلكۈن سۈيى تىزناپ دەرياسىغا قۇيۇ-لۇپ ، دەريانىڭ 10 نەچچە يېرىنى يار ئېلىپ كېتىپ ، 330 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ 1673 مو ئېتىزىنى سۇ بېسىپ كەتكەن بولسىمۇ ، بىراق

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلار بىكى تورى www.uyghurkitap.com



پەقەت شۇ يىلى يىغىشقا تېگىشلىك ئاشلىق بىجىلا كەچۈرۈم قىلىنـ-غان . مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىل ) 1 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە ، ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ ، يېزا ئىگىلىكىدىن كەم هوسۇل ئېلىنغان . ئەتىياز پەسلىدىكى سۇ قىس مەزگىللەردە هەر قايسى يېزىلاردا ئومۇميۈزلۈك هالدا ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىق كۆرۈ-لۈپ ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن .

1954 ـ يىل 6 ـ ئايدا قاتتىق يامغۇردىن كېيىن شور ئۆرلەپ پۈتۈن ناهىيىدىكى 284 دېهقاننىڭ 11 مىڭ 711 مو قوناق ئېتىزى ، 644 مو پاختا ئېتىزى ، 137 مو قوغۇن ـ تاۋۇزلۇق ، 39 مو زىغىرلىق تالاپەتكە ئۇچرىغان .

1954 ـ يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن كېيىن زىرائەتلەر بوران ـ يامغۇر ئاپىتىگە ئۇچراپ ، 332 ئائىلىلىك دېهقاننىڭ 4594 مو تېرىلغۇ يېرى ئاپەتكە ئۇچرىغان ، تىزناپ دەرياسىدا سۇ كەمچىل بولغاچقا ، ئېغىر قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ ، 755 ئائىلىلىك دېهقاننىڭ 13 مىڭ 900 مو يېرى سۇغىرىلمىغان . 1954 ـ يىلىدىن بۇرۇن تىزناپ دەرياسىنىڭ دەريا سۈيى كونا قائىدە بويىچە تەقسىملىنىپ ، پۈتۈن ناهىيىدىكى 150 مىڭ مو ئېتىزلىقنى سۇغىراتتى . 1954 ـ يىلى يەكەن تەۋەلىكىدە سۇ كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ ، كونا سۇ تەقسىملەش تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ يەرگە قاراپ سۇ تەقسىملەش تۈزۈمى قوللىنىلدى . شۇ يىلى 5 ـ ، 7 ـ ، 9 ـ ئايلاردا يەكەن رايونىدىكى سۇ كومىتېتى يەرگە قاراپ سۇ تەقسىملىمىگەچكە ، مەكىت ناهىيىسى تەۋەسىدىكى 47 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر قۇرغاقچىلىقتا قۇرۇپ كەتتى .

1955 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بىلەن 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تىزناپ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا كەلكۈن كېلىپ ، ئىلگىرى ـ كېيىن ئىككى قېتىم بىر قەدەر چوڭ بولغان يار ئېلىپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ ، 1 ـ رايون ، 5 ـ رايوندىكى 158 دېهقاننىڭ 1017 مو ئېتىزلىقى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى . بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە ئائىلىلىك دېهقاننىڭ 47 مو يېرىگە قۇم بېسىپ كىرىپ قۇملۇققا ئايلىنىپ كەتتى .

1959 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ ، 34

مىلىڭ 485 مو تېرىلغۇ ئېتىزى ئاپەتكە ئۇچرىدى ، بۇ 19 مىلىڭ 889 مو بۇغداي ، 4267 مو قوناق ، 8151 مو كېۋەز ، 2178 مو مايلىق زىرائەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى .

1972 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كەچ سائەت 12لەردە ناھىيە بازىرىنىڭ 1.5km جەنۇبىدىكى تىزناپ دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ 200 مېتىر غەربىي جەنۇبىدىن كەڭلىكى 15 مېتىر يار ئېلىپ كەتتى . ئېقىن مىقدارى $11m^3/s$ بولۇپ ، كەلكۈن ناھىيە بازىرىغا قاراپ ماڭ- دى . بۇنىڭ بىلەن بۇ كەلكۈننىڭ بالاسى 1 مىليون كۋادرات مېتىرلىق كۆلەمگە يەتتى . يۈز نەچچە ئېغىز ئۆي كەلكۈندە ۋەيران بولدى . 32 كورپۇس ئۆيگە دەز كەتتى . جۈملىدىن 15 ئامبار ، ئالتە دۇكان ، ئىككى ئاشخانا ، ئالتە ئىشخانا بولۇپ ، تەخمىنەن 15 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش ۋەيران بولدى . ئورگانلارنىڭ ئۈچ ئىشىكى ئۆ- رۈلۈپ چۈشتى . 1800m قورشاۋ تام ئۆرۈلدى . دۆلەت تاۋارلىرىدىن 105 مىڭ 300 يۈەنلىك تاۋار زىيانغا ئۇچرىدى . 30 مىڭ مودىن ئارتۇق ئېتىزلىقنى كەلكۈن بېسىپ كەتتى . بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولدى .

1973 ـ يىل 8 ـ ئايدا خانكۆل سۇ ئامبىرى يار ئېلىپ كېتىپ ، ئۈچ دادۈينىڭ 20 مىڭ موغا يېقىن ئېتىزلىقنى كەلكۈن بېسىپ سازلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى ، بەزى چارۋىلارنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتتى ، بىر ئادەم ئۆلدى .

1979 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تۆۋەنكى ئېقىندىكى سۇغىرىش رايونىدا سۇ يېتەرلىك بولمىغاچقا ، مارالبېشى ناھىيىسى ئادەم ئەۋەتىپ ئويبۇغدايدىكى خەتەرلىك تونېلنى قېزىپ بۇ تونېلدىن سۇ چىقىرالماي قوناق ، پاختىغا ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئېلىپ كېلىپ ، قوناقتىن 750 مىڭ كىلوگرام ، پاختىدىن 250 مىڭ كىلوگرام مەھسۇلات كېمىيىپ كەتتى . ئىقتىسادىي زىيان 760 مىڭ يۈەن بولدى .

1982 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى يەكەن دەرياسىغا قاتتىق كەلكۈن كېلىپ ، 5 مىنۇت ئىچىدە سۇ توسۇغۇچى توغانلارنى ، ياغاچ كۆۋرۈكلەرنى ، پولات ئارغامچىلارنى ، ياغاچ قوزۇقلارنى ، قومۇشلار- نىڭ كۆپ قىسمىنى ئېلىپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن بۇ 210 مىڭ يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىقتىسادىي زىيان سالدى .

قورما يېزىسى تەۋەسىدىكى دولان دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىرغىقىنىڭ دەريا يولى ئەگرى ـ بۈگرى بولۇپ ، ھەر يىلى 7 ـ ، 8 ـ ئايلاردىكى كەلكۈن مەزگىلىدە دەريا سۈيى قىرغاقلارغا يېيىلىپ ، يەرنى يالاپ ئېقىنغا ئايلاندۇراتتى . 1947 ـ يىلىدىن 1977 ـ يىلىغىچە تەخمىنەن 10 مىڭ مو ياخشى ئېتىزلىق دەريانىڭ يالىشى بىلەن مۇشۇنداق يوقاپ كەتتى .

### 3 . مۆلدۈر ئاپىتى

1949 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مۆلدۈر بازار ئىچى ، يانتاق يېزىسىدىكى 76 تۈتۈن دېھقانىنىڭ 360 مو ئېتىزلىقىدىكى زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى . 1977 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 7 دىن 8 گىچە قارا يامغۇر يېغىپ بازار جەمى ، شېھىتدۆڭ ، يانتاق ، قۇمقىسار ، غازكۆل قاتارلىق گۈڭشېلارنى تالاپەتكە ئۇچراتتى . تالاپەتكە ئۇچرىغان دادۈيلەر 51 گە يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە تالاپىتى ئېغىر بولغانلىرى 25 ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئېتىزلىق 70 مىڭ 600 مو ، ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان ئېتىزلىق 34 مىڭ مو بولۇپ ، قۇمقىسار گۈڭشېسى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئېتىزلىقلىرىدىكى مايسىلار ئومۇمىيۈزلۈك ۋەيران قىلىۋېتىلگەن . پۈتۈن ناھىيىدە مۆلدۈرنىڭ سەۋەبىدىن ئۆلگەن قوي 189 تۇياق ، چوشقا ئىككى تۇياق ، ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئۆي 34 ئېغىز ، قوتان ئىككى ، زەخىملەنگەن ئادەم 30 بولغان .

1988 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كەچ سائەت 11دە قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ قارا يامغۇر ۋە مۆلدۈر ياغدى . چۈشكەن مۆلدۈرنىڭ دىئامېتىرى 1cm ئەتراپىدا ، يەر يۈزىگە 5cm قېلىنلىقتا چۈشتى . مۆلدۈر چۈشكەن دائىرە ناھىيە بازىرى مەركىزى بولدى . زىيانغا ئۇچرىغان بەلۋاغ 31km ، ئۇنىڭ كەڭلىكى 8.5 km غا يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە يېزا ، بەش دېھقانچىلىق مەيدانى ، 49 يېزا كومىتېتى ، 106 كەنت گۇرۇپپىسى بولۇپ ، 7115 تۈتۈن ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى . 155 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى . 60 ئېغىزلىق ئۆي

ئۆرۈلدى ، 10 ئادەم يارىلاندى ، 219 چارۋا ئۆلدى . شۇنىڭ بىلەن 35 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىقتى . بۇ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر بىر قېتىملىق ئاپەت بولدى .

4 . جۇدۇن

ئەتىياز پەسلىدە ئۇدا يامغۇر يېغىش كۆپ يىللار مابەينىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار بولۇپ ، جۇدۇن نىسبىتى 87.5% . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن 5 ـ ئايغا مەركەزلەشكەن . مەركەزلەشتۈرۈپ ھېسابلىغاندا ، 5 ـ ئايدىكى جۇدۇننىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 61.5% ، بۇنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ، بولۇپمۇ پاختىنىڭ بىخ سۈرۈشىگە بولغان زىيىنى ناھايىتى زور .

5 . يەر تەۋرەش ئاپىتى

مەكىت ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ئەھۋاللار تۆۋەندىكىچە :

1898 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئاتۇش ئەتراپىدا ئالتە بال يەر تەۋرەپ ، پەيزىۋات ، مارالبېشى ، مەكىت ناھىيىلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن .

1902 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاتۇشنىڭ شىمالىدا 4 — 8 بال يەر تەۋرەپ ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەن . مارالبېشىغا قاراشلىق مەكىت يېزىلىرىمۇ بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ بىر قىسىم ئۆيلەر ئۆرۈلگەن .

1961 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى پەيزىۋات ناھىيىسىدە 6.8 بال يەر تەۋرەپ ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىغا ئاپەت خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسەتكەن .

1971 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پەيزىۋات ناھىيىسىدە 5.7 بال يەر تەۋرەپ ، قوشنا ناھىيىلەردىن مەكىت ، يېڭىشەھەرلەرگە تەسىرى بولغان .

1972 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مارالبېشى ناھىيىسىدە 6.2 بال يەر تەۋرەپ ، بىر قىسىم ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن . بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قېتىمقى يەر تەۋرەشنىڭ تەسىرى مەكىت ناھىيىسىگىمۇ ئاز بولمىغان تالاپەتلەرنى كەلتۈرگەن.

1977 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پەيزىئاۋات ناھىيىسىدە 6.2 بال يەر تەۋرەپ، دېھقانلارنىڭ نۇرغۇن ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ، سۇ ئامبىرى يېرىلىپ كەتكەن. بۇ قېتىمقى كۈچلۈك يەر تەۋرەش مارالبېشى، مەكىت، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىدە ئوخشاش بولمىغان ئاپەتلەرنى پەيدا قىلغان[①].

2003 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مارالبېشى ـ پەيزاۋات يەر تەۋرەش بەلۋېغىدا ئىككى قېتىم قاتتىق يەر تەۋرىدى. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشنىڭ مەكىت ناھىيىسىگە بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، زور ئاپەت كەلتۈردى. پۈتۈن ناھىيە بويىچە 7000 دىن ئارتۇق ئائىلە، 22 مىڭ 230 ئادەم ئاپەتكە ئۇچراپ، بىر ئادەم ئۆلدى. 10 مىڭ ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 67 مەكتەپ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يەر تەۋرەشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. پۈتۈن ناھىيە بويىچە بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 45 مىليون يۈەندىن ئارتۇق بولدى. بۇ مەكىت تارىخىدىكى تەسىرى ئەڭ چوڭ، زىيان ئەڭ كۆپ بولغان بىرقېتىملىق يەر تەۋرەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

---

① ليۇ شىلى: «شىنجاڭدىكى تەبىئىي ئاپەتلەر تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 113 ـ، 114 ـ، 125 ـ، 128 ـ، 129 ـ بەتلەر.

# ئۈچىنچى باب تارىخ

## 1 . «مەكىت» نامى ھەققىدە مۇھاكىمە

يېقىندىن بۇيان خەلق ئارىسىدا ۋە مەتبۇئاتلاردا «مەكىت» دېگەن نام ھەققىدە خىلمۇخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ . تۆۋەندە مەن بۇ قاراشلار ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقچىمەن .

**1 . «مەرتىگېت» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش**

بۇ قاراشنى تەكىتلىگۈچىلەر ئۆز قارىشىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ : ئاتام زامانىسىدا (بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ) تەكلىماكاندا ناھايىتى باياشات ، روناق تاپقان ، ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن تولغان شەھەرلەر بار ئىكەن . زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەرنىڭ تائەت ـ ئىبادىتى ئاجىزلاپ ، ئىمانى سۇسلىشىپ ، ئۆزئارا جېدەل ـ ماجىرالار يامراپ ، ئىنساپ يوقىلىشقا باشلاپتۇ . ئەتراپنى مانا مۇشۇنداق بۇلاڭ ـ تالاڭ ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلاپ كەتكەن بىر كۈنى كېچىسى ، ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن قۇم يېغىشقا باشلاپتۇ . بۇ ۋاقىتتا ، ئاشۇ شەھەرلەرنىڭ بىرىدە ئېتىقادىنى يوقاتماي ، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان ، كىشىلىرى تولىمۇ مۆمىن بىر قوۋم بولۇپ ، ئۇلار ئاللادىن بۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇشقا مەدەت تىلەپتۇ . شۇئان ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي پەيدا بولۇپ ، «ئاللا ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلمىغان ئاسىي بەندىلىرىگە غەزەپلىنىپ قۇم بالاسى بەردى . سىلەر بولساڭلار ئۆز نېسىۋەڭلەرگە شۈكۈر قىلىپ ، ئاللانى ئەستىن چىقارمىغىنىڭلار ئۈچۈن ، ئاللا سىلەرنى بۇ بالا ـ قازادىن ساقلاپ قېلىشنى ئەمر قىلدى» دەپ قولىدىكى ھاسىسىنى يەرگە سانجىپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەشنى ، ھاسا چۆكۈپ كەتسە يەنە تارتىپ چىقىرىپ ، يىقىلىپ چۈشمەستىن داۋاملىق چۆرگىلەشنى ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قۇم يېغىش توختىغاندىن كېيىن كۆن پېتىشقا قاراپ مېڭىپ ، سۇلۇۋ بىر جايغا ئورۇنلىشىشنى بۇيرۇپتۇ . شۇنداق قىلىپ بۇ قوۋمدىكى كىشىلەر قول تۇتۇشۇپ ، ھېلىقى كىشى بەرگەن ھاسىنى چۆرگىلەپ يەتتە كېچە - كۈندۈزنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، قۇم يېغىش توختاپتۇ . لېكىن ئەتراپنى پۈتۈنلەي قۇم بېسىپ ، شەھەرلەردىن ھېچقانداق ئەسەر قالماپتۇ . چۆرگىلەۋېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن نۇرغۇن كىشىلەر- مۇ قۇم ئاستىدا قېلىپ ، پەقەت يەتتە ئادەملا ساق قاپتۇ ۋە كۈن پېتىشقا قاراپ مېڭىپ ، ئاران دېگەندە بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ . بۇ يەردە ياشايدىغان خەلق ناھايىتى مېھماندوست ، مەرد كىشى- لەر ئىكەن . ئۇلار ، بۇ مۇساپىرلارغا ئاۋۋال ئوزۇق - تۈلۈك بېرىپ- تۇ . كېيىن ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆي - ماكانلىرىنى بوشىتىپ بېرىپ كۆچۈپ كېتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي «مەردلەر كۆچكەن جاي» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «مەرتگېت» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بوپتۇ . كېيىنچە زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ نام ئاستا - ئاستا «مەرگېت» ، «مەركىت» ، «مەكېت» (مەكىت ) گە ئۆزگىرىپ ، قوللىنىشقا ئاسانلاشتۇرۇلغانىكەن① .

2 . «مىكىت» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش

بۇ قاراشتىكىلەر مۇنداق بىر ئاساسنى كەلتۈرىدۇ : 1743 - يىلىدىن 1748 - يىلىغىچە ، شىنجاڭدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىلى چىن دەيخان قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى شېھىتدۆڭ يېزىسى 9 - كەنتتىكى ئەپچىل بىر جىلغىغا ئورۇنلىشىپ ، بۇ يەرنى تايانچ بازا قىلىپ ، دولان خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان (بۇ جاي ھازىرمۇ «قالماق جىلغىسى» دەپ ئاتىلىدۇ ) . چىن دەيخان ئۈچ يىل جەريانىدا خىلمۇخىل ۋاستىلەر بىلەن نۇرغۇن بىگۇ- ناھ خەلقنى ئۆلتۈرۈپ ، مال - مۈلكىنى بۇلىغان . چىن دەيخاننىڭ زۇلمىغا چىدىمىغان دولان خەلقى ئاخىرى ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە ئاتلان- غان . بۇ جەڭگە دولان خەلقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ياش ھەم تەدبىرلىك

---

① بۇ قاراشتىكى رىۋايەتنى مەكىت ناھىيىسى بانتاق يېزىسى ئۆيۈلۈق كەنتىدىكى تۇردى تاش (نۇرغۇن تارىخي ۋەقە ، قىسسەلەرنى يادقا بىلىدۇ ) ئېيتىپ بەرگەن .

يولباشچىسى «مىكىت گەۋرى» دېگەن كىشى قوماندانلىق قىلغان. ئۇ دولان خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە تەشكىللەپ، چىن دەيخانغا قارشىلىق كۆرسەتكەن. كۆرەش تەخمىنەن بىرىيىل داۋاملىشىپ، ئاخىرى «مىكىت» نىڭ ياشلىرى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنى مەغلۇپ قىلغان ۋە ھازىرقى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى قۇمنىڭ تۈۋىدە چىن دەيخاننى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ شۇ قۇملۇققا كۆمگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ قۇملۇق مازار قىلىنىپ، ھازىرغىچە «مازارى چىن» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە (بەزىلەر «چىن دىرخان مازىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ). چىن دەيخان ۋەكىللىكىدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبە بىلەن مىكىتنىڭ نامى ئەل ئىچى ۋە سىرتىدا داڭق قازىنىپ، «دولاننى ‹مىكىت›» ئاپتۇ»، «دولان مىكىتنىڭ شەھىرىگە ئايلىنىپتۇ» دېگەن سۆز ـ چۆچەكلەر تارقالغان. شۇنىڭ بىلەن، «دولان» دېگەن ئىسىم «مىكىت» كە ئۆزگەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، كىشىلەر دولانغا بارىمەن دېمەكچى بولسا، مىكىتنىڭ شەھىرىگە بارىمەن دەيدىغان بولغان. مۇشۇنداق تارىخىي ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن «مىكىت» دېگەن سۆز ئاستا ـ ئاستا ئېيتىشقا ئاسان بولغان «مەكىت» دېگەن ئاتالغۇغا ئۆزگەرگەن. 1927 ـ يىلى، مەكىت ناھىيەسى قۇرۇلغاندا، ناھىيىنىڭ ئىسمى «مەكىت» دەپ رەسمىي بېكىتىلگەن.①

## 3. «مۇكۇپ» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش

بۇ قاراشتىكىلەر ئۆز پىكرىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: بۇ يەر يۇرت بولغان دەسلەپكى چاغلاردا چەكسىز كەتكەن توغراقلىق، ئادەم ئۆتكىلى بولمايدىغان چاتقال ـ يۇلغۇنلۇق ئىكەن، بۇ يەردە ۋەھشىي ياۋايى ھايۋانلارمۇ ياشايدىكەن. ئۇلار ھە دېگەندە بۇ يەردە ياشايدىغان كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغاچقا، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن توغراق ياغاچلىرىنى قاتار قىلىپ تىزىپ، لاڭقا (توساق) ياساپتۇ. بۇ ھازىرقى ۋاقىتتىكى

① قادىر ھوشۇر: «دولان ۋە دولان مەشرىپى توغرىسىدا»، «ئاممىۋى مەدەنىيەت» ژۇرنىلى، 1981 ـ يىل 1 ـ سان، 64 ـ، 65 ـ بەتلەر.

توقۇلما (تۆيۈزە) تامىنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى ئىكەن. سىرتقى جايلاردىن كەلگەنلەر بۇلارنى «مۆكۈپ ياشايدىغانلار» دەيدىكەن. كېيىنچە بۇ نام «مۆكۈبلەر» دېگەنگە قىسقىراپتۇ. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن «مەكىت» دېگەن نامغا ئۆزگىرىپتۇ. ھازىر بۇ يۇرتتا ساقلىنىپ قالغان «ئارالئۇقا»، «بۇلۇڭلاڭقا» دېگەن ناملار ئاشۇ ۋاقىتتىن قالغانىكەن[①].

ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قەشقەر تەۋەسىدىكى ناملار ئارىسىدا «مەنكەنت»نىمۇ تىلغا ئالىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «مەنكەنت» «مەكىت»دۇر[②] دېگەن قاراش.

5. «مەركىت» (موڭغۇل تىلىدا مېركىت دەپ ئاتىلىدۇ) قەبىلىسىنىڭ نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش

بۇ قاراشتىكىلەر ئاساسلىرىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا موڭغۇل دالاسىدىكى سېلىنگا دەرياسى بويىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەركىتلەر مىلادىيە 1208 ـ يىلى چىڭگىزخان قوشۇنى تەرىپىدىن ئېرتىش دەرياسى بويىدا مەغلۇپ بولۇپ، باشلىقى توختى بەگ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار نايمانلارنىڭ شاھزادىسى كۈچلۈككە ئەگىشىپ، جەنۇبتىكى ئۇيغۇرلار يېرىگە كۆچۈپ كەلگەن. 1218 ـ يىلى، كۈچلۈك پامىردىكى سارىكوي (سېرىققول)دا موڭغۇللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مەركىتلەرنىڭ ئامان قالغانلىرى زەرەپشان (يەكەن ـ دولان) دەرياسىنى بويلاپ ھازىرقى مەكىتكە كەلگەن[③].

6. «مەڭگەن» دېگەن ئىسىمدىن ئۆزگەردى دېگەن قاراش

خەلق ئارىسىدا يەنە «‹مەكىت› دېگەن بۇ ئىسىم ‹مەڭگەن›

---

① بۇ قاراشتىكى رىۋايەتنى مەكىت ناھىيىسى پانتاق يېزىسى قارا ئۆي كەنتىدىكى قاسىم موللا (دولان خوجىلىرى ۋە مەكىتتىكى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ يۇرت بولۇش تارىخى ھەققىدە يازما ماتېرىيال قالدۇرغان. بىراق بۇ ماتېرىياللار ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن يوقالغان) ئەۋلادلىرىغا ئېيتىپ بەرگەن.

② ئىمىن تۇرسۇن: «مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئارتۇچ»، («تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى 6 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 131 ـ، 132 ـ بەتلەر).

③ مەرھۇم ئابدۇرەشىت ئىسلامنىڭ 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەكىتتە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت مۇھاكىمە يىغىنىغا ئەۋەتكەن «مەكىت ۋە دولان ھەققىدە تارىخىي مۇھاكىمە» دېگەن ماقالىسى (ئېلان قىلىنمىغان).

دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان » دەيدىغان بىر خىل قاراشمۇ مەۋجۇت . ئۇلارنىڭ ئاساس قىلىپ كۆرسىتىدىغىنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت : مەكىت — بۇغداي بەك ئوخشايدىغان ۋە كۆپ تېرىلىدىغان بىر جاي ، مەكىتتىكى قەدىمىي يۇرتلاردىن بولغان «ئويبۇغداي» ۋە كېيىنرەك ئاۋات قىلىنغان «خامان كۆيدى» دېگەن يۇرتلارنىڭ نامىمۇ بۇغداي بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك . بۇغداي سامىنى مەڭگەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ . هەر يىلى ياز ۋە كۈزدە خامانلارغا گويا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدىغان مەڭگەنلەرنى كۆرۈپ ، سىرتتىن كەلگەنلەر بۇ يەرلەرنى «مەڭگەنلەر» «مەڭگەن» دەپ ئاتىغان . كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، بارا ـ بارا مەكىت دەپ ئاتىلىپ قالغان... (ئەمما بۇ بىر ئىلمىي ئاساسى يېتەرلىك بولمىغان ئاغزاكى مەلۇمات بولۇپ ، تارىخىي نۇقتىدىن ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ . )①

7 . مەكىت — «مەركەز» (بازار مەركىزى) دېگەن مەنىدە

بۇ قاراشتىكىلەر «مەكىت — قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلىدا مەركەز ، يەنى بازارلار توپلانغان جاي ، بازار مەركىزى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ، دەيدۇ② .

بىزگە مەلۇمكى ، يەر ـ جاي ناملىرى «شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ، تەبىئىي شەرت ـ شارائىت ئالاھىدىلىكى ، مەشھۇر كان بايلىقلىرى ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ، ئاتاقلىق كىشىلىرى ، قەھرىمانلار نامى ۋە شۇ ئورۇننى تاپقۇچىلارنىڭ نامى ، يۈز بەرگەن تەبىئىي هادىسىلەر... قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن قويۇلغان»③ بولۇپ ، ئۇ ئادەتتە جۇغراپىيىلىك تەبىئىي شەرت ـ شارائىتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىسىملار ۋە تارىخىي شەرت ـ شارائىتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىسىملار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ ھەم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە

① تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم : «مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئىسمى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ، 1996 ـ يىل 4 ـ سان ، 27 ـ بەت .

② نيۇرۇجى : «شىنجاڭ يەر ناملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل 3 ـ ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ، 137 ـ بەت .

③ رەھمان تۆمۈر شاھ : «يەر نامىلىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (تەبىئىي پەن قىسمى) ئۇيغۇرچە ، 1984 ـ يىل 1 ـ سان 81 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تارىخىي تەرەققىيات ، خانلىقلارنىڭ ئالمىشىشى ، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈ- شى ، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىي ھاياتنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . مانا شۇ مەنىدىن ئالغاندا ، «مەكىت» دېگەن ناممۇ ناھايىتى ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولى- دۇ . ئەلۋەتتە ، بۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك ھادىسىلەر ، بولۇپمۇ يىراق قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىردە زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشى بىر تەرەپتىن ، نۇرغۇن خەلقنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى مۇرەككەپلەشتۈ- رۈۋەتكەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، نۇرغۇن رايونلارنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ، قەدىمكى ئەنئەنە قاتارلىق جەھەتلىرىگە تە- سىر كۆرسىتىپ ، يېڭىلىنىش ئېلىپ كەلدى . بۇنداق ئۆزگىرىش تېخىمۇ روشەن ھالدا ، يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۆزگىرىشىدە تولۇق ئەكس ئەتتى . ئۇنداق بولسا «مەكىت» نامى يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلارنىڭ قايسىسىغا ماس كېلىدۇ ؟

بىرىنچى خىل قاراشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «غەربكە مېڭىپ ، سۇلۇق جايغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان» كىشىلەرنىڭ كۆچۈش سەۋەبى ۋە كۆچۈش يۆنىلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بۇ ھال تەكلىماكاننىڭ قۇملىشىشى ۋە تەكلىماكاندىكى قەدىمكى بوستانلىق ، شەھەر دۆلەتلى- رىنىڭ قۇم ئاستىدا قېلىپ خاراب بولۇشىدەك ئەھۋال بىلەن مۇناسى- ۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ .

تارىخىي خاتىرىلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، قەدىمكى چاغدا ھازىرقى شىنجاڭنى مەركەز قىلغان غەربىي ئەل دائىرىسىدە 36 دىن ئارتۇق خانلىق ـ بەگلىكلەر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پارچە ـ پارچە بوستانلىقلارنى ئاساس قىلغان كىچىك خانلىق ـ بەگلىكلەر ئىدى . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ، دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ تىنىپ ، سۇ مەنبەسىنىڭ ئازىيىپ كېتىد- شى سەۋەبىدىن ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بوستانلىق- لارنى يۇتۇپ كەتكەن . بۇ يەردىكى خانلىق ـ بەگلىكلەر قۇم ئاستىدا

قېلىپ خەلقلىرى ئەتراپتىكى بوستانلىقلاردىن پاناھ جاي ئىزدەپ كۆچكەن . بۇ قاراشتا بايان قىلىنغان قوۋم بالاسى ، بەلكىم مۇشۇ ۋەقەنى كۆرسەتسە كېرەك . ئەمما ، تارىخىي رېئاللىقتىكى بۇنداق ئوخشاشلىقتا ماس ھالدا «مەرتگېت» نامىدىكى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ۋە ئالمىشىش جەريانىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈش مۇمكىنچىلىكىنى تېپىشقا ئۇرۇنساقمۇ ، بىرەر تارىخىي مەنبەگە ئىگە بولماي تۇرۇپلا ، بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىش ئالدىراقسانلىق بولىدۇ . شۇڭلاشقا «مەرتگېت» مەكىت نامىنىڭ دەسلەپكى ۋارىيانتى دېيىشكە تولۇق ئاساسىمىز يوق .

ئىككىنچى خىل قاراشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مىكىت» — بايان قىلغۇچىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ، بۇ جاينىڭ ئەسلىي نامى «دولان» نىڭ ئورنىنى ئالغان ھەم ئۇ (يۇقىرىقىدەك ) تارىخىي ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن ئاستا ـ ئاستا ئېيتىشقا ئاسان بولغان «مەكىت» دېگەن ئاتالغۇغا ئۆزگەرگەن . دېمەك ، بۇ يەردە مۇجمەل بولغان بىر قاراش ئالغا سۈرۈلگەن بولۇپ ، ئەگەر خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «مىكىت گەۋرى» ھەققىدىكى رىۋايەتنى ھەقلىق يوسۇندا قوبۇل قىلغىنىمىزدا ، «مىكىت» نامى يەر ناملىرىنىڭ قويۇلۇش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ ، ئېيتىشقا ئاسان بولغان «مەكىت»كە ئۆزگەردى دېيىش ئانچە قايىل قىلارلىق يەكۈن بولمىسا كېرەك . چۈنكى ، بۇ يەردىكى خەلق ئۆز قەھرىمانىنىڭ نامىنى يۇرت نامى قىلغانىكەن ، ھېچقانداق ئالاھىدە بىر سەۋەب بولمىغان ئەھۋالدا ، باشقا بىر نامغا ئۆزگەرتىشى مۇمكىنمۇ ؟ تىل نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ ، «مەكىت»تىكى «ئە» سوزۇق تاۋۇشى «مىكىت»تىكى «ئى» سوزۇق تاۋۇشىغا قارىغاندا ، ئېيتىشقا تېخىمۇ ئاسان بولۇشى ناتايىن .

موڭغۇللارنىڭ مەكىتكە كېلىش مەسىلىسىگە كەلسەك ، دەرۋەقە تارىخىي مەلۇماتلاردا جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ مەكىتتىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بار . بىراق ئۇلار «دولان خەلقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش» ۋە شۇ ئارقىلىق «مىكىت گەۋرى» نى مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى جاھالەت جارچىلىرى بولغان ئاپاق خوجا ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشانلارنىڭ ھامىيسى سۇپىتىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاشۇ خوجىلارغا تارتىپ ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىدە «ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر بۆلىكى ئۈچتۇرپان، كەلپىن، مارالبېشى، كالتە يايلاقتىن ئۆتۈپ ئاتۇشقا چۈشۈپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان. يەنە بىر بۆلىكى ئاقسۇدىن ئۇدۇل غورۇ چۆل، مەكىتنى كېسىپ ئۆتۈپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان ۋە 170 يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرۈپ ئۇيغۇرلار تارىخىدا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان.» بىراق «1743 - يىلدىن 1748 - يىلغىچە ...» ئەمەس، بەلكى 1678 - يىلى ئاپپاق خوجىنى قورچاق خان قىلىپ تىكلەپ جۇڭغار خانلىقىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشكەن. «1732 - يىلى شەرقىي موڭغۇللارنىڭ سايىن نويانغا قاراشلىق قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى سېرىن جۇنۋاڭ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ 1745 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، جۇڭغار خانلىقى ئىچكى قالايمىقانچىلىق ئىچىگە كىرىپ قالغان»، ئەنە شۇنداق بىر شارائىتتا، ئۇلارنىڭ شۇنچە ئۇزاق يولنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاتايىن تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ غەربىي بۇرجىكىدىكى تارقاق ۋە نامرات يېزىلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا كېلىشى ئەقىلگە سىغمىدىغان ئىش بولمىسا كېرەك. دېمەك، 1743 - يىللاردا «موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى» نىڭ مەكىتكە ئاتايىن بۇلاڭ - تالاڭغا كەلگەنلىكىنى تارىخىي پاكىتلار رەت قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئاتالمىش تارىخىي شەخس مىكىت گەۋرى ۋە «مەكىت شۇ مىكىت گەۋرىنىڭ نامىغا قويۇلغان» دېگەن قاراشمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ①.

ئۈچىنچى خىل قاراشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ جاينىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىت تەسۋىرى ئەمەلىي ئەھۋالغا ناھايىتى يېقىن بولغان ھەم ئۇنىڭدا بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن. بۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ مۇئەييەن بىر دەۋرنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق

---

① تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم: «مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئىسمى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 1996 - يىلى 4 - سان، 26 - بەت.

ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن شۇ دەۋرنىڭ قىسمەن ئەھۋالىنى خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدىگە ماسلاشقان ھالدا تەسۋىرلەپ بېرىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىنىڭ گەۋدىلىنىشى بولسا كېرەك. ئەمما، «مۇكۈپلەر» دېگەن نامنىڭ «مەكىت» كە ئۆزگىرىش جەريانىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك بىرەر تارىخىي مەنبەگىمۇ ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

تۆتىنچى خىل قاراشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك، ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، يالغۇز قەشقەر ئەتراپىدىكى «مەنكەنت» (مانكەنت) قاتارلىق جايلارنىڭ نامىلا ئەمەس، بەلكى خېلى نۇرغۇن يەر نامىلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇلار بىزنى مول ۋە ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان ئىشەنچلىك مەنبەلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «مەنكەنت» (مانكەنت) ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«مان كند — مانكەنت. قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەرنىڭ نامى. كېيىن خاراب بولغان.»①

بۇ شەھەر خارابىسى ھازىرغىچە «مەنگەن»، «مەنكەنت» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە، شۇ شەھەر يېنىدىكى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە توققۇزاق بازار ئىچى مەھەللىسىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ («تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم، 215 ـ بەتتىكى ئىزاھ).

«مەنكەنت» (مانكەنت) قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەر بولۇش بىلەن بىز تىلغا ئېلىۋاتقان «مەكىت» بىلەن ئارىلىقى نۇقتىسىدىن پەرقلىنىدۇ. يەنى ھازىرقى مەكىت بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 400 چاقىرىم ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئەگەر ئات ـ ئۇلاغ بىلەن ئۇدۇل ماڭسا، قەشقەر بىلەن مەكىتنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن بەش كۈنلۈك يول بولۇپ، بۇ ئانچە يېقىن مۇساپە ھېسابلانمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، مەھمۇد قەشقەرى تىلغا ئالغان «مەنكەنت» مەكىت بولغان بولسا، ھەرگىز ئۇنى «قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەر» دېمىگەن

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل 1 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 215 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولاتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە ، مەنكەنت ئۇچۇن بېرىلگەن ئىزاھاتمۇ يېتەرلىك تولۇقلىما بولۇپ تۇرۇپتۇ .

«مەنكەنت» نىڭ «مەكىت» كە ئۆزگىرىش جەريانى ئۇچۇن ، تۈركچە شەھەر مەنىسىدىكى «كند ـ كەنت» سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغان لىقنى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يەنە قەشقەر شەھىرىنىڭ «ئۇردوكەنت» ، يەكەننىڭ «ياركەنت» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى مىسال ئېلىشقا بولىسىمۇ ، «مەن (مان)» سۆزىنىڭ ۋە ياكى «مەنكەنت (مانكەنت)» نامىنىڭ «مەكىت» نامىغا ئۆزگىرىشىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ . مۇھىمى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ سېلىشتۇرۇلمىسىدىن مەلۇمكى ، مەيلى خاراب بولغان شەھەرنى كۆرسىتىدىغان مانكەنت بولسۇن ، مەيلى كونا شەھەر ناھىيىسى توققۇزاق بازىرى ئىچىدىكى مەھەللىنى كۆرسىتىدىغان مەنكەنت (مانكەنت) بولسۇن ، ھەر ئىككىسى توققۇزاق تەۋەسىدە بولۇپ ، ھازىرقى مەكىتتىن كۆپ يىراق .

ئالتىنچى خىل كۆز قاراشتىكى «مەنگەن» نىڭ «مەكىت» كە ئۆزگىرىشى بىر خىل خىيالىي تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇنى ھېچقانداق ئىلمىي ئاساس بىلەن دەلىللەپ چىققىلى بولمايدۇ .

يەتتىنچى خىل كۆز قاراش بىر خىل ئىلمىي پەرەزدىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەشكە ، ھېچ بولمىغاندا «مەكىت» دېگەن سۆزنىڭ تىل تەۋەلىك مەسىلىسىنى ئىلمىي پەرەز بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئىلمىي پاكىت بىلەن ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

بەشىنچى خىل قاراشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مەركىت» نىڭ «مەكىت» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ، بىزنىڭچە قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ . بىرىنچىدىن ، «مەركىت» فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىدا ، «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن «مەكىت» نامىغا ئۆزگەرگەن . تۈركىي تىل ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ ، ئېغىز تىلىدا بۇ ھال تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن ، يەر ـ جاي ناملىرىدىن قەشقە (قەشقەر) ، يوپۇغا (يوپۇرغا)… قاتارلىقلارغا ئوخشاش . ھازىر

ياشقا چوڭ بەزى كىشىلەر مەكىتنى «مەركىت»مۇ دەپ ئاتىشىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەركىتلەرنىڭ كۆچلۈككە ئەگەشكەن قىسمى كۆچلۈك ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن يەكەن دەرياسىنى بويلاپ مەكىت دائىرىسىگە كەلگەن ۋە ئولتۇراقلىشىپ يۇرت بىنا قىلغان. تۆۋەندە مەركىت قەبىلىسى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبقا — يەكەن دەرياسىنىڭ باش، ئوتتۇرا ئېقىنلىرىغا كۆچۈش جەريانى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمەن:

مەركىتلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يايلاق قوۋمى. ئۇ خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 密儿纪، 梅里吉، 篾儿乞 قاتارلىقناملار بىلەن خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تۆت قەبىلىدىن تەركىب تاپقان. ①مەركىت قوۋمىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تارقالغان جايلىرىنىڭ، يەنى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن چىڭگىزخان دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى موڭغۇل دالاسىنىڭ ئېتنوگرافىك ئەھۋالى مۇنداق ئىدى: «شەرقىي جەنۇبتا ئوڭغۇتلار، ئۇلارنىڭ شىمالىدا تاتارلار، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ شىمالىدا — بىر ئاز غەربكە سوزۇلغان قىسمىدا كرەيتلەر، جالايىرلار ۋە موڭغۇللار ياشايتتى. بۇلاردىن باشقا ئونون دەرياسى بىلەن كرولىن دەريالىرىدىن ئېرتىش دەرياسى بويىغىچە نايمانلار، ئۇنىڭ شىمالىدىكى سېلىنگا دەرياسى بويىدا مەركىتلەر ياشايتتى. بەزى ئېتنوگرافلار بۇ قوۋملاردىن كرەيت، نايمان، مەركىتلەرنىڭ تۈركىي قوۋم ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىزدەندى ۋە ئۇلارنىڭ تۈركىي قوۋم ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدى». ②

مەركىتلەر ئادەم سانى كۆپ، ئۇرۇشقاق، جەڭگىۋار خەلق بولۇپ، ئەتراپتىكى قەبىلىلەر بىلەن دائىم توقۇنۇشۇپ تۇراتتى. مەركىتلەرنىڭ موڭغۇللار بىلەن بولغان توقۇنۇشى خېلى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «تېمۇرچىن (چىڭگىزخان) دادىسى ياسۇگەي ئۆلگەن 1167 ـ يىلى 12 ياشتا ئىدى... ياسۇگەي ئوغۇللىرىنىڭ توپلىنىشى مەركىتلەر قوماندانلىرىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىدى. بىر كېچىسى، مەركىتلەر تېمۇر-

---

① راشىدىن: «جامىئۇتتەۋارىخ» سودا نەشرىياتى، 1986 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى (2 ـ قېتىملىق نەشرى) 1 ـ قىسىم 1 ـ كىتاب، 186 ـ بەت.

② «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» ئەنقەرە، 1997 ـ يىل تۈركچە نەشرى، 25 ـ توم، 153 ـ بەت، «نايمانلار ماددىسى».

www.uyghurkitap.com



چىنىنىڭ قارارگاھىغا باستۇرۇپ كىلىپ ، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە خوتۇنى ئېلىپ قاچتى ھەم پۇتۇن مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ ـ تالىدى . تېمۇرچىـ نىنىڭ ئۆزىمۇ ئاران قۇتۇلۇپ ، ئامان قالغان موڭغۇللار بۇرھان خالدۇ تېغىدا پاناھلاندى ۋە مەركىتلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كرەيت خانى توغرۇلدىن ياردەم سورىدى . توغرۇل خان ياسۇگەينىڭ دوستى ئىدى . شۇ سەۋەبتىن ئۇ كۈچلۈك بىر قوشۇن بىلەن تېمۇر چىنغا ياردەم قىلدى . شۇنداق قىلىپ ، تېمۇرچىن ئانىسى ، خوتۇنى ۋە باشقا مال ـ مۈلكىنى مەركىتلەردىن تارتىۋالدى .»① راشىدىن «جامىئۇتتەۋارىخ» دېگەن كىتابىدا ، بۇ ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىدۇ : «چىڭگىزخان ياش ۋاقتىدا مەركىتلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشتى . ئۇ چاغلاردا ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەي ، نەرسىگە ئالماشتۇرۇپ ئازاد قىلىدىغان بولغاچقا ، بىر مەزگىلدىن كېيىن چىڭ- گىزخاننىڭ ئۆيىدىكىلەر مەركىتلەرگە بىر بۆلۈك نەرسىلەرنى بېرىپ ، ئۇنى قايتۇرۇپ كەتتى . يەنە بىر قېتىم چىڭگىزخان بىلەن ۋاڭخاننىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلدى ۋە مەركىتلەر بىلەن كرەيتلەر چىڭگىزخاننى ئۇرۇشتا يېڭىۋالدى . مەركىتلەر ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە تەۋەلىكىنى تالان ـ تاراج قىلىپ ، ئۇنىڭ ئايالى بورتاچىنىنى تۇتۇپ كېتىپ ، ۋاڭخانغا تەقدىم قىلدى . چىڭگىزخان بۇنى ئۇققاندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ بىر ئىشەنچلىك ئادىمى- نى ئەۋەتىپ ، ئايالىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى... يول ئۈستىدە جۇجىخان تۇغۇلدى .»② دەل مۇشۇ كېيىنكى ۋەقەنى باشقا بىر ماتېرى- يالدا مۇنداق قەيت قىلىدۇ : «1176 ـ يىلى چىڭگىزخان بورتاغا ئۆيلەنگەن كېچىسى مەركىتلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، بورتانى بۇلاپ كەتكەن . بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ 10 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن چىڭگىز- خانغا سادىق بولغان بىر مەركىت بېگى بورتانى چىڭگىزخانغا ئەكىلىپ بەرگەن . بورتا شۇ كۈنى ئوغۇل تۇغقان . موڭغۇللار بالىغا جۇجىخان (مېھمان دېگەن مەنىدە ) دەپ ئات قويغان ۋە بالىنىڭ چىڭگىزخاننىڭ

---

① «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» ئەنقەرە ، 1962 ـ يىل تۈركچە نەشرى ، 12 ـ توم ، 56 ـ بەت «چىڭگىزخان ماددىسى» .

② راشىدىن «جامىئۇتتەۋارىخ» سودا نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى (27 ـ قېتىملىق نەشرى ) 1 ـ قىسىم 1 ـ كىتاب ، 186 — 187 ـ بەتلەر .

ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلغان. چىڭگىزخان بۇ ھەقتە پىچىرلاشقان موڭغۇللاردىن 60 — 70 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، ئۆزىمۇ گۇمانغا چۈشۈپ، ئۇنى تەخت ۋارىسى قىلغاندا، كېيىنكى كۈنلەردە موڭغۇللار ئارىسىدا غوۋغا چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، يەنە بىر ئوغلى ئۆگدايىنى تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىگەن.»①

دېمەك، مەركىتلەر موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان مەزگىللەردە، ئۇلار بىلەن ئۇزۇلمەي قارشىلىشىپ تۇرغانىدى. بۇ ۋاقىتتا، مەركىتلەرنىڭ باشلىقى توختى بەگ دېگەن كىشى بولۇپ، چىڭگىزخان موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال نايمان ۋە كرەيتلەر بىلەن بىرلىشىپ، تاتار ۋە مەركىتلەرنى مەغلۇپ قىلدى. 1203 ـ يىلى نايمانلار بىلەن بىرلىشىپ، كرەيتلەرنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، موڭغۇل دالاسىدا چىڭگىزخانغا قارشى بىردىنبىر قۇدرەتلىك كۈچ نايمانلار بولۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا، 1204 ـ يىلى موڭغۇللار نايمانلارغا قارشى چوڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى، نايمانلارمۇ مەركىت ۋە باشقا قوۋملار بىلەن بىرلىشىپ قارشى تۇردى. لېكىن، ئۇرۇشتا نايمانلارنىڭ خانى تاياڭخان ئۆلۈپ، نايمانلار مەغلۇپ بولدى. چىڭگىزخاننىڭ 1206 ـ يىلىدىكى ھۇجۇمىدا تاياڭخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك مەركىتلەرنىڭ ئارىسىغا قېچىپ كەلدى. 1208 ـ يىلى، چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئەسكەرلىرى مەركىت قوۋمىنىڭ باشلىقى توختى بەگ بىلەن نايمان قوۋمىنىڭ شاھزادىسى كۈچلۈك باشلىغان توپنى قوغلاپ، ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى جەڭدە توختى بەگنى ئۆلتۈردى.

مەركىتلەرنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدىكى قاراشلار زىددىيەتلىك، يەنى نەبىجان مۇھەممەتخان «قازاق تارىخى تەتقىقاتى» دېگەن كىتابىدا: «1208 ـ يىلى، چىڭگىزخان··· ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى جەڭدە توختى بەگنى ئۆلتۈردى. بىراق، توختى بەگنىڭ بالىسى قودۇ بىلەن كۈچلۈك توپتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، قارلۇق يېرىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى» دەپ يازىدۇ.② جاقىپ مىرزاقان «مەركىتلەر موڭغۇل-

① «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىل 4 ـ سان.
② نەبىجان مۇھەممەتخان: «قازاق تارىخى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل قازاقچە نەشرى، 22 ـ بەت.

لار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بايقال كۆلىنىڭ يېنىدىكى باغۇچىن ، توقۇم دېگەن يەرلەرگە كۆچۈپ كەلگەن» دەيدۇ .① «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دا : مەركىتلەر نىڭ باشلىقى توختى بەگ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى قودۇ قاتارلىقلار ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، قاڭلى ئارقىلىق قىپچاق يېرىگە كەتتى دەپ خاتىرىلەيدۇ .② راشىدىن بولسا «توختى بەگ ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى دەپنە قىلالماي ، كاللىسىنى ئېلىپ كېتىدۇ . ئۇلار ئۇيغۇر چېگراسىغا كەلگەندە ، بوكان ئىسىملىك ئەلچىنى ئىدىقۇتقا ئەۋەتىدۇ . ئىدىقۇت ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاچقا ، ئەلچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ۋە چىڭگىزخانغا خەۋەر قىلىدۇ» دېگەننى بايان قىلىدۇ .③ بۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە . ئەمما ، مەركىتلەرنىڭ ئېرتىش دەرياسى بويىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، نايمان شاھزادىسى كۈچلۈككە ئەگىشىپ جەنۇبقا كۆچكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن . بۇ نۇقتىنى بارتولدمۇ قوللاپ : «1208 - يىلى ، چىڭگىزخان تاكى مەركىت ۋە موڭغۇللارنىڭ غەربىي قىسمىدىكى نايمانلارنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ، موڭغۇللار رايونىدىكى كۈرەش ئاياغلاشتى . بۇ ئىككى مىللەت ئۆزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار يېرىگە كۆچتى» دەيدۇ .④

كۈچلۈك ئېرتىش دەرياسى بويىدىن جەنۇبقا سۈرۈلگەندە ، جەنۇبىتىكى يەتتىسۇ ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ، شىمالى قاتارلىق جايلار قاراقىتان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ ، گورخان ئۇنۋانىنى ئالغان چۈلۈق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانىدى . كۈچلۈك گورخاننىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن ، ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالىدۇ ۋە ئەينى ۋاقىتتا زاۋاللىققا يۈز تۇتقان قاراقىتان ھاكىمى-

---

① جاقىپ مىرزاقان : «قازاقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1982 - يىل 3 - سان 73 - بەت .

② «قازاقلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 - يىل خەنزۇچە نەشرى ، 111 - بەت .

③ راشىدىن «جامىئۇتتەۋارىخ» سودا نەشرىياتى ، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى (2 - قېتىملىق نەشرى) 1 - قىسىم 1 - كىتاب ، 190 - بەت .

④ بارتولد : «ئوتتۇرا ئاسىيا قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1980 - يىل 6 - ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ، 37 - بەت .

يىتتىنىڭ ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ ، گورخانغا ياردەم بېرىش نامى بىلەن «بېشبالىق ، ئېمىل ، قايالىق قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن نايمان ۋە مەركىتلەرنى يىغىپ كېلىپ ، ئۆز كۈچىنى ئاشۇردى ۋە خارەزىم شاھى مۇھەممەتخان بىلەن بىرلىشىپ ، سۇيىقەست بىلەن گورخاننىڭ تەختىنى تارتىۋالدى .»①

كۈچلۈك گورخاننىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ، ناھايىتى تېزلا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشىپ ، گورخان ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغالغان مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرىدۇ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر ، يەكەن ، خوتەن ۋە تارىم بوستانلىقىدىكى شەھەرلەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدۇ . باشتا ئۇ ، خرىستىئان (نېستورىئان) دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولۇپ ، قاراقىتان قىزىغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھەم يەرلىك خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى كۈچەيتىپ ، مۇسۇلمان يەرلىك ئاھالىنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلىپ ، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان ، ھەتتا ئۇ ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆيلىرىدە ئەسكەر تۇرغۇزغان .

1218 - يىلى ، موڭغۇل قوشۇنلىرىدىن 20 مىڭ كىشى موڭغۇل سەركەردىسى جەبە نويان قوماندانلىقىدا كۈچلۈككە ھۇجۇم قىلىدۇ . ئۇلار كۈچلۈك بىلەن يەرلىك خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ ، خەلققە دىنىي ئەركىنلىك جاكارلىغانلىقى ئۈچۈن ، ھەممە يەردە خەلق كۈچلۈكنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، موڭغۇللارغا ئەل بولدى . كۈچلۈك قەشقەردىن پامىر ئارقىلىق بەدەخشانغا قاچقاندا ، موڭغۇل قوشۇنلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ، پامىردىكى سارىقۇم دېگەن جايدا كاللىسىنى ئالدى . «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا بولسا «بەدەخشاندا ئۆلتۈرۈلگەن» دەپ قەيت قىلىنىدۇ .② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى . ئىسمايىل تەزكىرىسى» دە «سىرىققولدا ئۆلتۈرۈلگەن» دېيىلىدۇ .③ «جامىئۇتتەۋارىخ»دا «كۈچلۈك بەدەخشانغا قې-

---

① «قازاقلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 - يىل خەنزۇچە نەشرى ، 112 - بەت .

② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1982 - يىل 2 - سان . 131 - ، 143 - بەتلەردە كەلتۈرۈلگەن نەقىل .

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، 275 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل .

چىپ ، سارىقۇمدىكى جىلغىدا موڭغۇللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، دېيىلگەن .① بارتولد «سارىقۇلدا ئۆلتۈرۈلگەن» دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ .② ئومۇمەن ئالغاندا ، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «سارىقۇم ، سېرىقىقۇل ، سار قىيالىقى» دېگەنلەر بىر خىل نامنىڭ ھەرخىل ماتېرىياللاردا ھەرخىل ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى بولۇپ ، يەرلىك خەلقنىڭ جانلىق تىلىدا «سارىقۇم» «سايقۇم» دېيىلگەن بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا بەك يېقىن ، شۇنداقلا تاشقورغاننىڭ يەنە بىر نامى بولغان «سارىكوي» ③ بولۇشىمۇ مۇمكىن .

كۈچلۈك ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ قوۋمى ھەر تەرەپكە تاراپ كەتكەن . كۈچلۈككە ئەگىشىپ قاچقان مەركىتلەرنىڭ ئامان قالغانلىرى بولسا ، ئاشۇ سارىقۇم (سايقۇم) ياكى «سېرىقىقۇل» نىڭ يېنىدىن ئۆتكەن يەكەن دەرياسى (باش قىسمى زەرەپشان دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى بويلاپ دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا كۆچكەن ۋە ھازىرقى مەكىتنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان . نەتىجىدە بۇ جاي شۇلارنىڭ نامى بىلەن مەركىت (مەكىت) دەپ ئاتالغان .

قەدىمكى چاغدا كۆچمەن خەلقلەر ئۈچۈن سۇ ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ يۈرۈش بەك ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ ، جەنۇبتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كۆچكەن بىر قىسىم كۆچمەن خەلق ئولتۇراق دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن ماسلىشالىغان ، ئەمما ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئادەتلىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان . بۇ يۇرت (مەكىت)نىڭ تەبىئىي شارائىتى ھەم كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىدىن قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ساقىندىلىرىنى ھېلىھەم تېپىش مۇمكىن . مەسىلەن ، ئات مىنىپ قوي - كالا باقىدىغان ، ئوۋ قۇشلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاتلىق ئوۋ ئوۋلايدىغان ئادەتلەر ھازىرمۇ بۇ يەردىكى خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت . خەلق ئارىسىدا يەنە ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ

① «قازاقلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 - يىل خەنزۇچە نەشرى ، 114 - بەت .

② بارتولد : «يەتتە سۇ تارىخى ئوچېركى» ، ئۇيغۇر سايرانى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان ، 39 - بەت .

③ فېڭ چېڭجۈن : «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ، 1980 - يىل 2 - ئاي ، خەنزۇچە 2 - قېتىملىق نەشرى ، 94 - بەت .

كۆچۈپ كەلگەنلىكى ھەققىدە رىۋايەتلەرمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ .

بەزىلەر : « XII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى سېلىنگا دەرياسى بويىدا چارۋىچىلىق قىلغان مەركىت قەبىلىسى بۈگۈنكى دولانلارنىڭ ئەجدادى... مىلادىيە 1204 - يىلى موڭغۇل قەبىلىسىدىن تېمۇرچىن كرەيتلەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ، نايمانلار بىلەن مەركىتلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى . بىر قىسىم مەركىتلەر چىڭگىزخانغا ئەل بولدى . يەنە بىر قىسىملىرى غەربتىكى ئالتاي تېغىغا كۆچۈپ ، كۈچلۈك بىلەن بىرلەشتى . مىلادىيە 1208 - يىلى ، چىڭگىزخان قوماندانلىقىدىكى چوڭ قوشۇن ئۇلۇنگۇر دەرياسى ، ئېرتىش دەرياسى بويىدا كۈچلۈكنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلدى ، مەركىتلەرنىڭ قېپقالغانلىرى قوچۇ ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىغا كىردى . ئۇلار ئوت - چۆپ ، سۇ قوغلىشىپ چارۋىچىلىق ، ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈردى . بىر توپى يەكەن دەريا ئېقىنىدىكى قۇملۇق ۋە توغراقلىققا ئولتۇراقلاشتى . يۈەن سۇلالىسىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ، مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى . مەركىتلەرنىڭ بىر قىسمى قازاقلارنىڭ كرەيت قەبىلىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولسا ، يەنە بىر قىسمى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلدى ، ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلەر كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن دولانلار دەپ ئاتالدى » دەيدۇ① . بۇ بىر مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەسەۋۋۇر بولۇپ ، بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دېگەنلىكىنى ۋە قانداق ئىلمىي ئاساسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمىز . دولانلىقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئۈستىدە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئىزدىنىپ كۆرگەندى . تېما ئېھتىياجىدىن ھالقىغان ھالدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە قايتا توختالمايمەن .

ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى ئېگىز ھارۋىلىقلار (قاڭقىللار )نىڭ ئالتە ئۇرۇق ، 12 جەمەتى قاتارىدا «مەركىتلەر» دېگەن بىر جەمەتنىمۇ تىلغا ئالىدۇ .② بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار دەل مۇشۇ مەلۇمات ئاساسىدا

---

① يەن خەيفا : «قاش دەرياسى بويىدىكى دولانلار» ، «شىنجاڭ گېزىتى» (خەنزۇچە ) ، 1991 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ، 4 - بەت .

② «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1990 - يىل 10 - ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 391 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«مەكىت — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان مە
كىتلەرنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ
ھەمدە ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ :
مىلادىيە 907 ـ يىلى شەرقىي شىمالدا قىتان خانلىقى قۇرۇلغا
ىدىن كېيىن ، تاتار قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ بەزى ئەزالىرى ئۇنىڭ تەۋەلە
كىگە ئۆتتى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار «ئاق تاتار» ۋە «قارا تاتار
دېگەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى . ئاق تاتارلار ئاساسەن تاتار ۋە تاتا
قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى قونغىرات ، ئۇنغۇت ، جالايىر ، مېركىت ، تۆر
قاتارلىق قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . قارا تاتارلار بولسا ، ئاسا
سەن موڭغۇل قەبىلىسىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى... مىلادىيە 11 ـ
ئەسىردە ئاق تاتارلار بىلەن قارا تاتارلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت
ئېغىرلىشىپ ، ئۆزئارا ئۇرۇشلار كۆپەيدى ... مۇنداق ئىچكى ئۇرۇشلار
تېخىمۇ كەسكىنلەشتى . بۇ كۈرەشتە قارا تاتارلار ئۈستۈنلۈك قازىنىشقا
قا باشلىدى ھەم بۇرۇنقى «تاتار» دېگەن نامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ،
يەنە «موڭغۇل» دېگەن نامنى قوللىنىشقا باشلىدى... ئاق تاتارلار
بارغانسېرى ئاجىزلاشتى ۋە پارچىلاندى . ھەتتا مېركىت ، تۆرە قاتار-
لىق ئاق تاتار قەبىلىلىرىمۇ موڭغۇللارنىڭ يېڭى قەبىلە ئىتتىپاقىغا
قاتناشتى .» يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىنلا ، ساپ قانلىق موڭغۇل
قەبىلىلىرى بىر ـ بىرلەپ تىلغا ئېلىنىپ ، 13 قەبىلە كۆرسىتىپ
ئۆتۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېركىت قەبىلىسى
يەنىلا تىلغا ئېلىنمىغان ، ئەكسىچە «تۈرك ، قىرغىز ، قازاق ھەم
خانلار شەجەرىسى» دېگەن باشقا بىر ماقالىدە مۇنداق قۇرلار ئۇچراي-
دۇ : «چىڭگىزخان دەسلىپىدىلا كېرەيتلەرگە تايىنىپ ، موڭغۇللارنى
ئاز ـ ئازدىن يىغىپ ، تاتار ھەم مەركىت بىلەن دۈشمەنلىشىپ ،
ئۇنىڭدىن بۇرۇن نايمانغا تېگىش قىلىپ ھەم ئۇنى يېڭىپ ئاخىرى
پۈتكۈل موڭغۇللارنى يىغقان چاغدا ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر تالاي
تۈركلەر كۆچۈپ ، قېچىپ كېتىشكە يېرىدىن قىيالماي ، نەتىجىدە
موڭغۇللارغا قاراشلىق بولۇپ قالدى .»
... مەركىت قەبىلىسىنىڭ زادى ئۇيغۇرلاردىكى قايسى ئۇرۇق

① قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى ، پالتاخۇن ئەۋلاخۇن : «شىنجاڭ يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيە-
سى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2001 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى ، 182 ـ بەت .

قايسى جەمەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە كەلسەك، ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «مەركىتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىدىن بولغان ئىگىز ھارۋىلىقلار (قاڭقىللار) دىكى 12 جەمەتنىڭ بىرى بولۇپ»، ئۇلار ئەڭ دەسلەپ، يەنى 4 ـ ئەسىرلەردە بايقال كۆلى ئەتراپىدىن باشلاپ سىلىنگا، ئورخۇن دەريا ۋادىلىرى، ئالتاي ۋە تارباغاتاي تاغلىرى ئەتراپىدا ياشىغان. 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھازىرقى تۇرپاننىڭ غەربىگە ھەمدە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە غەربىدىكى يايلاقلارغا كۆچكەن. مەخسۇس مەركىت قەبىلىسى تىلغا ئېلىنغان تارىخىي مەلۇماتلاردىمۇ «مەركىت قەبىلىسى ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلاتتى» دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ. كۆچۈش — بارلىق قەدىمىي مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ تارىخىدا ئومۇمىي تۈس ئالغان بىر ئورتاق ھادىسە. ھەممىگە ئايانكى، قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەر ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مۇقەررەركى، چارۋىچىلىقنىڭ ئوتلاق ۋە پەسىل قوغلىشىش ئېھتىياجى كۆچۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيادا تاكى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋام قىلغان مىللەت، قەبىلە ۋە مەزھەپ ـ گۇرۇھلار ئارىسىدىكى ئايىغى ئۈزۈلمەس ئۇرۇشلار بۇ كۆچۈشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن. بۇنىڭغا ھەرخىل ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەرنى قوشقاندا، كۆچۈش ئالدىنقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى مىللەت ـ قەبىلىلەر ئۈچۈن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىدىن بولۇپ قالغان دېيىلسە ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھازىر مەكىت دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىۋاتقان جايلارنىڭ قەشقەر تەۋەسىدىكى مەكىت ناھىيىسىدىن باشقا يەنە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدىمۇ بولۇشى يۇقىرىقى پىكرىمىزنى، يەنى ئەسلىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان مەركىتلەرنىڭ تارىختىكى كۆپ قېتىملىق كۆچۈش داۋامىدا ئاشۇ جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقىنى مەلۇم ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنە كېلىپ ھازىرقى جانلىق تىلىمىزغا مەكىت دەپ ئۆزلىشىپ قالغان بۇ ئىسىم تاكى يېقىنقى يىللارغىچىلىك يېزىقتا ئەينەن ھالدا «مەركىت» دەپ يېزىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دېمەك ، خۇلاسە شۇكى ، مەكىت دېگەن بۇ ئىسىم ئۇيغۇرلارنى ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ جەڭگىۋار قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان مەركە لەرنىڭ نامىدىن كەلگەن . بۇ قەبىلىنىڭ موڭغۇل ۋە قازاقلاردى بولۇشى قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . چۈنكى يۇقىرىقى مىسال ئې لىنغان پاكىتلاردا ئېنىق سۆزلەنگەندەك ، ئەينى شارائىتتا «قارا تا تار» لاردىن يېتىلىپ كۆچۈشنى خالىماي ئۇلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقىغ قاتناشقانلار موڭغۇل قەبىلىسى بولۇپ ؛ ئالتاي ، تارباغاتايلاردا قالغا لار قازاق قەبىلىسى بولۇپ ؛ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغ كۆچكەنلەر ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە ئۇيغۇر قەبىلىسى بولۇپ شەكىل- لەنگەن . تارىخىي پاكىتلار شۇنداق تۇرۇقلۇق ، يەنە ئاتالمىش «مىكىت گەۋرى» ۋە خاراب بولغان شەھەر «مانكەنت» تىن مەنبە ئىزدەش — خۇددى تۆگىگە مىنىۋېلىپ تۆگە ئىزدىگەنگە ئوخشاشلا بىر ئىش① .

مەن بۇ قاراشنى ئىنتايىن ئالقىشلايمەن . گەرچە ئېگىز ھارۋىلىق-لار (قاڭقىللار) ھەققىدە مەخسۇس يېزىلغان ئەسەرلەردە② مەركىتلەر ھەققىدىكى بۇنداق ئەھۋالنى ئۇچرىتالماي ، «ئېھتىمال ، بۇ ئاتالغۇ تەرجىمىسىدىكى پەرق بولۇشىمۇ مۇمكىن» دېگەن ئويدا بولسامۇ ، بىراق يەنىلا يۇقىرىقى قاراش ئاساسىدا مەركىتلەرنىڭ 9 - ، 10 - ئەسىرلەردىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى — ئېتنوگرافىيىسى ھەققىدە داۋام-لىق ئىزدىنىش زۆرۈر دەپ قارايمەن ھەمدە ياخشى بىر نەتىجىنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن .

## 2 . تارىخىي دەۋرلەردىكى مەكىت

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگراسىغا جايلاشقان شىن-جاڭ زېمىنى كەڭ ، بايلىقى مول جاي . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلكە رايونلىرىدىن بىرى . ئۇنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن بىر مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر

① تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم : «مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئىسمى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ، 1996 - يىللىق 4 - سان ، 28 — 29 - بەتلەر .

② دۇەن لیەنچىن : «دىڭلىڭ ، گاۋچې ۋە تېلىلار» ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى ، 1988 - يىل 6 - ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ، 193 - بەت .

بولۇپ ، پۈتۈن مەملىكەت يەر كۆلىمىنىڭ $\frac{1}{6}$ ىنى تەشكىل قىلىدۇ . ئۇنىڭ شەرقىي شىمال ، شىمال ، غەربىي شىمال ، غەرب ، غەربىي جەنۇب تەرەپلىرى موڭغۇلىيە ، قازاقىستان ، قىرغىزىستان ، تاجىكىستان ، ئافغانىستان ، پاكىستان ، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگراداش ؛ شەرق ، شەرقىي جەنۇب ۋە جەنۇب تەرەپلىرى گەنسۇ ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى ۋە شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ .

شىنجاڭ قەدىمدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان بولۇپ ، بۇ جۇڭگونىڭ غەربىدىكى زېمىن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ نام ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە . «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىن تارتىپ تاكى چىڭ سۇلالىسىگىچە بولغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە «غەربىي يۇرت» دېگەن نام قوللىنىلغان .

قەدىمكى كىشىلەر «غەربىي يۇرت» دېگەن سۆزنى كەڭ ۋە تار ئىككى خىل مەنىدە قوللانغان . كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۇ شىنجاڭ ، ئۇنىڭ غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ، غەربىي ئاسىيا ، شىمالىي ئافرىقا ، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقى ۋە ھىندىستاننىڭ شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ؛ تار مەنىدىن ئېيتقاندا ، يۈمېنگۈەن قوۋۇقى بىلەن ياڭگۈەن قوۋۇقىنىڭ غەربى ، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى ، پامىرنىڭ شەرقى ، يەنى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋرىدىكى مەركىزىي ھاكىمىيەت ۋە يەرلىك ھاكىمىيەتلىرى باشقۇرۇپ كەلگەن زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

شىنجاڭ — تاغ ، دەريالىرى كۆپ ، ئويمانلىقلىرى بوستانلىقلار بىلەن بېزەلگەن ، دەريا ۋادىلىرى ئوتلاق بىلەن قاپلانغان بىپايان بىر جاي . شەرقتىن غەربكە سوزۇلۇپ ياتقان تەڭرىتاغ تىزمىسى شىنجاڭنى تەبىئىي ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ دەپ ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ . شىنجاڭ يەر شەكلى جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئۈچ چوڭ تاغ بىلەن ئىككى چوڭ ئويمانلىقتىن ئىبارەت . تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا جۇڭغار ئويمانلىقى ، جەنۇبىدا تارىم ئويمانلىقى بار . تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 530 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇملار توختىماي كۆچۈپ ، غەلىتە ئۆزگە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رىپ تۇرىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقى جايلاشقان ، بۇ قۇملۇق 0
مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چو
قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ ، ئۇنىڭ ئېگىدە نېفىت زاپىسى ئىنتايىن مول
ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسىدىن باشلانغان دەريالار ئۆزىنىڭ ئىنتايە
مول سۇ بايلىقى بىلەن قاسناقتىكى مۇنبەت بوستانلىقلارنى سۇغىرىپ
ئەۋلادمۇئەۋلاد باتۇر ، ئەمگەكچان ھەر مىللەت خەلقىنى بېقىپ ، ئۇزا
تارىختا ئىگە پارلاق قەدىمكى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغان . تەڭرىتېغىنىڭ
جەنۇبىي ئېتىكىدىن باشلىنىدىغان قايدۇ دەرياسى ، ئاقسۇ دەرياسى ۋ
كۇئېنلۇن تاغلىرىدىن باشلىنىدىغان قەشقەر دەرياسى ، يەكەن (دولان
دەرياسى ، خوتەن دەرياسى قاتارلىق نۇرغۇن دەريالار بىر - بىرىگ
قوشۇلۇپ ، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى دەريا بولغان تارىـ
دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ ، تارىم دەرياسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىما.
لىي چېتىنى بويلاپ غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ ، لوپنۇر كۆلىگە
قۇيۇلىدۇ .

تارىم ئويمانلىقىدا ، ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت تۈپەيلىدىن
ھاۋا قۇرغاق بولۇپ ، ھۆل - يېغىن ئاز ياغىدۇ ، يىللىق ئوتتۇرىچە
ھۆل - يېغىن مىقدارى 80 مىللىمېتىرغا ئاران يېتىدۇ . ئەمما ،
تەڭرىتېغى ، كۇئېنلۇن تاغلىرىدىن باشلىنىدىغان دەريالارنىڭ سۇ بايـ
لىقى مول بولغاچقا ، تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرىنىڭ
ئىككى ياقىسى ياپيېشىل بوستانلىقلار بىلەن قاپلانغان . يىراق قەدىمـ
كى دەۋردىن باشلاپلا ، ھەر مىللەت خەلقى مۇشۇ بوستانلىقلاردا ئىشـ
لەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ، تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن . ئوتـ
تۇرا تۇزلەڭلىك بىلەن غەرب ئەللىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرغان
چوڭ يول «يىپەك يولى» تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي
ياقىلىرىنى بويلاپ ، شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ ، بوستانلىق
ۋە قەدىمىي شەھەرلەردىن ئۆتۈپ ، پامىر ئېگىزلىكى ئارقىلىق غەربكە
سوزۇلۇپ ، قەدىمكى زاماندىكى ھەرقايسى ئەل ، ھەرقايسى مىللەت
خەلقلىرىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان بەلۋاغ ، شۇنىڭدەك دوستا.
نە بېرىش - كېلىش ۋە ماددىي ئەشيا ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان
مۇھىم يول بولۇپ قالغان .

مەكىت — تارىم ئويمانلىقىغا ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە ، دولان (يەكەن) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان بوستانلىق بولۇپ ، قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ئوق يىلتىزلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى .

## 1 . تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋردىكى مەكىت

تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋر دېگىنىمىز — يېزىق ماتېرىياللىرى ، يەنى يېزىق پەيدا بولۇپ ، يازما تارىخىي ماتېرىياللار بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرنى كۆرسىتىدۇ . بۇ دەۋر «تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋر» ، «تارىختىن ئاۋۋالقى ئارخېئولوگىيە» دېگەن خاس ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىدۇ . بۇ دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن قەدىمكى ئىزلار ۋە قەدىمكى ماددىي بۇيۇملار ئارقىلىق ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ ياردىمىدە بىزگە يېتىپ كېلىدۇ ۋە تارىخشۇناسلىق ئىلمىنىڭ زور تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىيات تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان رول ئوينايدۇ① .

شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە ـ مەدەنىيەت يادىكارلىق تەتقىقات خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، ئازادلىقتىن كېيىن ، بولۇپمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋرگە مەنسۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپلەپ بايقالدى ۋە بايقىلىۋاتىدۇ . بۇ شىنجاڭنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ، قەدىمدە شىنجاڭدا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىنى ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ھەمدە ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ، ئىزچىللىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

### 1 . يېڭى تاش قورال دەۋرى

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز — ئۇزاق تارىخقا ۋە شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ماكانلىرىدىن بىرى . ھازىر تېپىلغان

① «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، «ئارخېئولوگىيە قىسمى» ، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل 8 ـ ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ، 476 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قەدىمكى ئىنسانلارغا دائىر يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، يۈننەن «يۈە‑
مايمۇنسىمان ئادىمى» بۇنىڭدىن بىر مىليون 700 مىڭ يىل ئىلگىر
ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە تىرىكچىلىك ق
لىشقا باشلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن «لەنتيەن مايمۇنسىمان ئادىمى
«بېيجىڭ مايمۇنسىمان ئادىمى» مۇ پەيدىنپەي تارقالغان. ئۇلار تەب
ئەت دۇنياسى بىلەن بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەش جەريان
چېنىقىپ، ئاستا ‑ ئاستا تەرەققىي قىلغان. ئۇلارنىڭ ئاساسلى
ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ئۇرۇپ ‑ سوقۇ
ياسالغان قوپال تاش قورال بولغاچقا، ئارخېئولوگىيە ئىلمىدە بۇ دەۋ
كونا تاش قورال دەۋرى دەپ ئاتالغان. ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ماھارىتى
نىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى ۋە ئەقىل ‑ پاراسىتىنىڭ تەرەققىي قىلى
شىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساش تېخنىكىسىم
ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغان. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 7 — 8 مىڭ يىللا
ئىلگىرى، مەملىكىتىمىز يېڭى تاش قورال دەۋرىگە كىرىشكە باشلى
غان. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىشىچە
يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت خارابىلىرى مەملىكىتى
مىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تېپىلدى. بۇ خارابە ۋە يادىكارلىقلار كۆپ
مىقداردا تېپىلدى. مانا بۇلار ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئىدېئولو
گىيە ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار
ئەجدادلىرىمىزنى تەتقىق قىلىش ۋە چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك
ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت خارابىلار ئازادلىقتىن كېيىن
ئالاھەزەل شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن، مەسىلەن، قۇمۇل رايونى
دىكى تارانچى، يەتتەقۇدۇق؛ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئاستانە، يار
غول، سىڭگىم؛ ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى سەيۇوپۇ؛ تەڭرىتېغىنىڭ
شىمالىي ئېتىكىدىكى مورى، گۈچۈڭ، جىمسار، ئارا تۇرۇك، بار
كۆل ۋە ئىلى ۋادىسى؛ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى كۇچا
مارالبېشى، مەكىت، كەلپىن؛ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاس
تىدىكى باغراش كۆلىنىڭ بويلىرى، كوئېنلۇن، قاراقۇرۇم تاغلىرى
نىڭ ئېتىكى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى چەرچەن

نىيە ، كېرىيە ، گويا قاتارلىق جايلاردىن تېپىلدى[1] .

يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت خارابىلىرى شىنجاڭ ـ نىڭ ھەممە يېرىگە جايلاشقان ، ئەمما تاش قوراللارنىڭ شەكلى ، ياسىلىش تېخنىكىسى ، تۈرى ، ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە تاش قوراللار بىلەن بىرگە ساقلانغان ساپال قاچىلارنىڭ رەڭگى ، گۈللىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن قارىغاندا ، ئۇلار ئىچكى موڭغۇل ، نىڭشىيا ، چىڭخەي ، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان سىپتا تاش قورال مەدەنىيىتى بىلەن ئوخشاش . ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ، بەزىلىرى ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ ، سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرگەن ، ئۇلارنىڭ مۇقىم تۇرار جايى بولمىغان ؛ بەزىلىرى دېھقانچىلىقنى ئاساس ، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىپ ، نىسپىي ھالدا ئولتۇراقلاشقان . دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئايرىلغان . مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش بارلىققا كېلىپ ، ئىچكى رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قويۇقلاشقان . كىشىلەر ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەت تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن . ئاۋۋال پاترىئارخاللىق سىستېمىدا بولغان ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، كېيىنكى مەزگىلدە پاترىئارخاللىق جەمئىيىتىگە قەدەم قويغان .

بىر قىسىم ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە تېپىلمىلاردىن قارىغاندا ، مەكىتتە يېڭى تاش قورال دەۋرى (بۇندىن 6 — 7 مىڭ يىللار ئىلگىرى ) گە مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالغان بولۇپ ، بۇ دەۋر (يېڭى تاش قورال دەۋرى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىپتا قورال دەۋرى ) دىكى سىپتا تاش قوراللار ، ئىش قوشۇش تېخنىكىسى بىلەن ياسالغان قوراللار (ئۇرۇپ ـ سوقۇپ ياسالغان ئىنچىكە پىچاق شەكىلدىكى تاش پارچىلىرى ۋە يونۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان كىچىك تىپتىكى تاش قوراللار ) ، بىۋاسىتە ياسالغان ئۆتكۈر قوراللار ( ئوق بېشى ، نەيزە ئۇچى ، پىچاق ، پالتا قاتارلىقلار ) دىن ئىبارەت بولۇپ ، ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى[2] ئىدى . 1913 ـ يىلى ئارخې ـ

---

① «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 ـ يىل 6 ـ ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ، 182 ـ ، 186 ـ ، 187 ـ بەتلەر .

② «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 ـ يىل 6 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 182 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئولوگ ئاۋرېل ستەين شىنجاڭغا قىلغان 3 ـ قېتىملىق ئېكسپېد
ىسىيىسىنى باشلاپ، 9 ـ ئايدا قەشقەردىن مەكىتكە كەلگەن ۋە مار
بېشى ئارقىلىق مازارتاغ (مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىما
تەرىپىدە بولۇپ، پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە ئىلگىرى مەكىت تەۋ
سىدە بولغان ئىكەن. ھازىر مەكىت بىلەن مازارتاغ ئارىلىقىدا «كە
دىرلىك» دېگەن بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسى بايقالدى. گەر
ھازىر تېخى بۇ قەدىمكى خارابە ئىزى تولۇق تەكشۈرۈلۈپ ئېنىق بې
يەكۈن چىقىرىلمىغان بولسىمۇ، بىراق بىز دەسلەپكى ئىگىلىگەن ئەھ
ۋاللار ۋە بىر قىسىم ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، مەكىت خەلقىنىڭ
شەرقتىن غەربكە سۈرۈلگەنلىكى ۋە قەدىمكى چاغدا تەكلىماكان مەرك
ىزىي رايونلىرى، مازار تاغ ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ھاياد
كەچۈرگەنلىكىنى جەزم قىلىشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتا بۇندىن كېيىنكى
تەتقىقاتتا تېخىمۇ ئېنىق ئېچىپ بېرىلگۈسى) ئەتراپىغا كېلىپ، بى
جايدىن نۇرغۇن كىچىك خارابە ئىز، شەھەر خارابىلىرى، مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىنى تاپقان ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئوقيا
ئۇچىنى بايقىغان.① يېقىندا، ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق
بىر ئەربابنىڭ «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1965 ـ يىل 3 ـ
سانىدا ئېلان قىلغان «شىنجاڭ مەكىتتىن قەدىمكى ئوقيا تېپىلدى
(بايقالدى)» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىنىڭ ئۇچۇرىغا ئىگە
بولدۇم.②

## 2. مەكىتنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى

شىنجاڭ ئاسىيانىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى زا
ماندا جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنى
ئىدى. شۇنداقلا تارىختىكى ھەرخىل ئىرق، مىللەتلەر كۆچۈپ
كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان، قوراللىق توقۇنۇشۇپ تۇرىدىغان ۋ
ئۆزئارا ئارىلىشىپ تۇرىدىغان جاي ئىدى. تەبىئىي، ئىجتىمائىي سە

---

① جېننىبتتى مېرسكىي «ستەين ئارخېئولوگىيىسى ۋە ئېكسپېدىتسىيىسى» شىنجاڭ گۈزەل
سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 1 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ بۆلۈم، 329
بەت.

② بۇ ماقالە ھەققىدىكى ئۇچۇر «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، (شىنجاڭ خەل
نەشرىياتى، 1983 ـ يىل 6 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 793 ـ بەت) دە بېرىلگەن بولۇپ، ئەپسۇسك
شۇنچە ئىزدەپمۇ ھازىرغىچە بۇ ماتېرىيالنىڭ ئەينى نۇسخىسىنى تاپالمىدىم.

ۋەبلەردىن ياكى يېغىلىق سەۋەبىدىن بەزى ئىرق ، مىللەتلەر كۆچۈپ كېلىپ ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئولتۇراقلىشىپ ، تىرىكچىلىك قىلغان ۋە كۆپەيگەن ؛ يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن ئۇلار باشقا ئورۇنلارغا كۆچۈپ كەتكەن ، يا بويسۇندۇرۇلغان ياكى بىر قىسمى شۇ ئورۇنلاردا قېلىپ ، كېيىن كەلگەن ئىرق ، قەبىلىلەر بىلەن قوشۇلۇپ ، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ ، يېڭى ئىرق ، مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن . دېمەك ، ھەرياقتىن كۆچۈپ كېلىش ۋە ھەر ياققا كۆچۈپ كېتىش شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى مۇرەككەپ ئاھالىلەر مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېپىلغان شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىسكىلىتلىرى ، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن يادىكارلىقلار ، قەدىمكى يازما ماتېرىياللار ، شۇنىڭدەك ، ئارخېئولوگ ، تارىخشۇناس ، تىلشۇناس ۋە ئىرقشۇناسلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ، ئالىملار شىنجاڭنىڭ كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق ، تەڭرىتېغىدىكى ئالغوي قەبرىستانلىقى ، قۇمۇلنىڭ يانبۇلاق قەبرىستانلىقى ، كروران خارابىلىقىنىڭ شەرقىدىكى قەبرىستانلىق ، لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەبرىستانلىقى ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى شامبابا قەبرىستانلىقى ۋە ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى موڭغۇلكۈرە توپا دۆڭ قەبرىستانلىقلىرىدىن قېزىۋېلىنغان 186 قەدىمكى ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئىرقىي تەۋەلىك سىستېمىسىنى ئۆلچەپ ، تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىپ ، ئۇلارنى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2000 — 3800 يىل بۇرۇنقى قەدىمكى ئاھالىلەر دەپ قارىدى ؛ كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان ئادەمنىڭ باش سۆڭەكلىرىدە غەرب ئىرقلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى ناھايىتى ئېنىق بولغاچقا ، سوۋېت ئالىملىرى ئۇلارنى «ئېپتىدائىي ياۋروپا ئادىمى» تىپى دەپ ئاتىدى . تەڭرىتېغىدىكى ئالغوي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئادەمنىڭ سۆڭىكىدە ، غەرب ئىرقلىرىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغانلىرى 85% نى تەشكىل قىلىدۇ ، لېكىن ئۇلاردا بۇ تىپتىن چەتلەشكە يۈزلىنىش ئالامىتى ئېنىق بولۇپ ، ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ياۋروپا ئىرقى تارمىقى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىڭ ئارىلىشىپ كېتىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، قەبرىستانلىقتىن چىققان سۆڭەكلەردە يەنە ئاز ساندا موڭغۇل ئىرقى تارمىقى ياكى ئىككى چوڭ ئىرقنىڭ ئارىلاشما تىپىمۇ بار ؛ يانبۇلاق قەبرىستانلىقىدىن چىققان ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ كۆپ قىسمى شەرقىي موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . يەنە ئاز ساندا غەرب ئىرقلىرىنىڭ ئامىللىرىمۇ مەۋجۇت ، ئ ئىككى خىل ئىرقنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 7:3 بولغان ؛ كروران خارابىلىقىنىڭ شەرقىدىكى قەبرىستانلىقتىن چىققان باش سۆڭەكلەر نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا غەربىي ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ناھايىتى ئوچۇق ؛ لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن چىققان باش سۆڭەكلىرىدە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي تارمىقىغا خاس تىپ ئالاھىدىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ھالبۇكى ، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى موڭغۇلكۆرە تۇپادۆڭ قەبرىستانلىقىدىن چىققان ئادەمنىڭ باش سۆڭەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى غەربىتىكى كاۋكاز ئىرقى تارمىقىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ . ئۇلار ئىرقشۇناسلىق تىپى جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زاماندىش ساكلار ۋە ئۇيسۇنلارغا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ ياكى ئۇلاردىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدۇ① .

بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن ، تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تۆۋەندىكىدەك پەرەز قىلىشقا بولىدۇ :

(1) ئاز دېگەندە مىس قورال دەۋرىدە بەزى قەدىمىي شەكىل ۋە غەرب كاۋكاز ئىرقى تەركىبىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان ئاھالىلەر شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى لوپنۇر كۆلى رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن .

(2) تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى بىر قانچە ئەسىردە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى چاغلاردا ، تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقىنىڭ شەرقىي تارمىقى تىپىغا يېقىن بولغان يەنە بىر خىل تەركىب ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن شىنجاڭنىڭ غەربىگە كىرگەن ھەمدە غەربتىن شەرققە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىنى بويلاپ ، پەي

---

① «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1992 - يىل 7 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 10 - ، 12 - بەتلەر .

دىنىپەي لوپنۇر كۆلى رايونىغا كۆچكەن ۋە شۇ يەردە بۇرۇن ماكانلاشـ
قان ئاھالىلەرگە قوشۇلۇپ ، قەدىمكى كروران بەگلىكى خەلقىنىڭ
ئاساسىي ئىرقى بولۇپ قالغان . يەنە بىر قىسىم ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقى
تەركىبى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىنى بويلاپ تەڭرىتېغى
رايونىغا كىرگەن ۋە شۇ يەردە بۇرۇن ماكانلاشقان ئاھالىلەرگە قوشۇـ
لۇپ كەتكەن (مەسىلەن ، ئالغۇي قەبرىستانلىقى ) .①

شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكى تارىخىي
كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي تارىمىقى جەنۇبقا كۆـ
چۈپ كەشمىرگە كېتىۋاتقاندا ، يول ئۈستىدە بۆلۈنۈپ «بىر نەچچە
بەگلىك بولۇپ كەتكەن » ، سۇلېنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەركەشتام ،
جۇەندۇ بەگلىكلىرىنىڭ خەلقى ئەسلىدە ساك نەسلىدىن ، جۇەندۇ بەگـ
لىكىدىكى خەلقىنىڭ «كىيىم ـ كېچەكى ئۇيسۇنلارنىڭكىگە ئوخشايدـ
تى ، ئۇلار سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ ، پامىر تېغىغا تايىنىپ ياشايدۇ ،
ئۇلارنىڭ نەسلىمۇ ساكلاردىن » دېيىلگەن . ئۇنىڭدا يەنە ئەركەشتام
بەگلىكى ھەققىدىمۇ «خەلقلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن كىيىم ـ
كېچەكى ئۇيسۇنلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ ، ئۇلار سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ
ياشايدۇ ، ئۇلار ئەسلىدە ساك نەسلىدىن » دېيىلگەن② . دېمەك ، جەـ
نۇبقا كۆچكەن بۇ ساكلار يەنە شەرققە كېلىپ بۆلۈنۈپ كېتىپ ، سەپەر
باي ، سۇلې ، ساكارائول ، ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردىكى خەلقىنىڭ ساكـ
لارنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئايلىنىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان . يەنە ،
توخرىلار غەربكە كۆچكەندە كىنگىت ، كۇسەن قاتارلىق جايلاردا تۇرۇپ
ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى ئاھالىلەر
توخرىلار بىلەن قانداش بولۇپ قالغان③ .

تىلشۇناسلىق جەھەتتىن ئالغاندا ، شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالـ
لەر ھىندى ـ ياۋروپا تىلى سىستېمىسىغا ، خەنزۇ ـ تىبەت تىلى
سىستېمىسىغا ۋە ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا كىرىدۇ .

① خەن كاڭشىن «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى توغرىسىدىكى ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەن تۈزۈلۈشى ئالاھىدىلىكى» ، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە ) 1991 ـ يىل ، 2 ـ سانى .

② «خەننامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 ـ يىل 12 ـ ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 872 — 885 ـ بەتلەر .

③ خۇاڭ شېڭجاڭ : «شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ئاھالىلىرى ، مىللەت تەۋەلىكى ۋە ئۇلار غەربىي يۇرتتا قۇرغان بەگلىكلەر» ، ( «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ، 17 ـ بەتتىكى نەقىل ) .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئارخېئولوگلار بىلەن تىلشۇناسلار تەكرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى دەسلەپكى ئاھالىلەرنىڭ تىلىنى ھىندى ـ ياۋروپا تىلى سىستېمىسىغا تەۋە دەپ قارايدۇ. ئالىملار تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، بۇ خىل تىلنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ ساك تىلى ۋە كۇسەن ـ كىنگىت تىلىغا بۆلدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا قوللىنىلغان تىل ساك تىلى، يەنى قەدىمكى ئۇدۇن تىلى دەپ ئاتالدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىدا قوللىنىلغان تىل كۇسەن — كىنگىت تىلى دەپ ئاتالدى، توخرى تىلى دەپمۇ ئاتالدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىدىن دۇنخۇاڭغىچە بولغان جايلاردا سوغدى تىلى قوللىنىلغانىدى. خەنزۇ ـ تىبەت تىلى سىستېمىسىغا تەۋە خەلق چاڭلار بىلەن خەنزۇلار ئىدى. ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا تەۋە خەلق ھونلار بىلەن ئۇيسۇنلار ئىدى[①].

مۇشۇ چاغدا، تەكلىماكاننىڭ غەربىي شىمالى چېتىدىكى ھازىرقى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ تۇمشۇق رايونىدا ساك تىلىنى قوللىنىۋاتقان خەلق ياشايتتى[②]، تەكلىماكاننىڭ غەربىي چېتىدىكى يەكەندە بولسا قەدىمكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرى ئىچىدىكى مەشھۇرراقلىرىدىن بىرى بولغان ساكارائول (莎车)بەگلىكىنى ساكلار قۇرغان ئىدى[③]. بۇ چاغدا تەكلىماكاننىڭ يەنىمۇ غەربىدىكى ئەڭ چوڭ بوستانلىق — قەشقەر بوستانلىقىدا «سۇلى بەگلىكى» مەۋجۇت بولۇپ، تەتقىقاتچىلار بۇ بەگلىكنى ساكلار قۇرغان ئىدى دەيدۇ.[④] دېمەك: قەدىمكى چاغدا شىمالدا مارالبېشى، جەنۇب، غەربىي جەنۇبتا يەكەن، غەربتە قەشقەر بىلەن تۇتاشقان ھەمدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سۇلى (قەشقەر)، ساكارائۇل (يەكەن) بەگلىكلىرىگە تەۋە بولغان مەكىت رايونىدا ياشىغان خەلق ساكلار ئىدى.

---

① «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 7 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 18 ـ بەت.

② جى شيەنلىن: «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»نىڭ شەرھىسى. جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى. بېيجىڭ، 1985 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 12 ـ جىلد.

③ ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمقى قەشقەرنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» (1)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى، 147 ـ، 148 ـ بەتلەر

④ فاڭ يىڭكەي: «شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارىخى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىل 8 ـ ئاي، خەنزۇچە 1 ـ قىسىم، 25 ـ بەت

### 2 . خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەكتەپ

خەن سۇلالىسى دەۋرى — غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلى ليۇباڭ خەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ ، چاڭئەننى پايتەخت قىلدى . بۇ ، تارىختا غەربىي خەن سۇلالىسى دەپ ئاتالدى . مىلادىيە 25 ـ يىلى ليۇشيۇ خەن سۇلالىسىنى قايتا قۇرۇپ ، لوياڭنى پايتەخت قىلدى . بۇ ، تارىختا شەرقىي خەن سۇلالىسى دەپ ئاتالدى . مىلادىيە 220 ـ يىلى ساۋپى ۋېي بەگلىكىنى قۇرغاندىن كېيىن ، شەرقىي خەن سۇلالىسى يوقالدى . ئىككى خەن سۇلالىسى جەمئىي 426 يىل دەۋر سۈردى .

خەن سۇلالىسى دەۋرى مەملىكىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ تەرەققىي قىلغان مۇھىم باسقۇچ . غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقى بىلەن بولغان سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسى كۆزگە سايىن قويۇقلىشىش ئاساسىدا ، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە رەسمىي قوشۇلۇپ ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى① .

1 . غەربىي يۇرت بەگلىكلىرى ۋە مەكتەپ

«خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى غەربىي يۇرتتا ياشاۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۆلۈنمە ھالەتتىكى شەھەر بەگلىكى ۋە كۆچمەن ئەللەر بولۇپ ، ئۇلار تارىختا «36 بەگلىك» دەپ ئاتالغان . كېيىن 50 نەچچە بەگلىككە بۆلۈنۈپ كەتكەن . كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا نوپچان ، كروران (كېيىن پىشامشان دەپ ئۆزگەرتىلگەن) ، چۇرچان ، ئەندىر ، نىيە ،

① «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2005 ـ يىل 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 1 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



روگلۇ ، ئۇزۇن تات ، توخارا ، ئۇدۇن ، پاسئان ، ساكارا ئۇل بەگلىك لىرى بولغان . تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا قۇرۇقتاغ بەگلىكى ، كىنگىت ، ئۇشاق ، ۋائىرىيە چېدىر ، ئۇرۇياپ ، كۇسەن ، ئۇرنىسۇ ، قۇم ، سەپەرباي ، سۇلې بەگلىكلىرى بولغان .

تەبىئىي شارائىتنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى ئومۇمەن ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن . بىر خىلى ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساس قىلغان ، ئاھالىلىرى شەھەر ۋە يېزا ـ كەنتلەردە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان رايونلار بولۇپ ، ئۇلار تارىخىي كىتابلاردا «شەھەر دۆلەتلىرى» دەپ ئاتالغان . تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى پىشامشان ، روگلۇ ، ئۇزۇن تات ، ئۇدۇن ، ساكارائول ، سۇلې ، چېدىر ، كىنگىت ، كۇسەن ، قۇم ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قۇس ، پامىرنىڭ غەربىدىكى پەرغانە قاتارلىق جايلار مانا شۇنداق «شەھەر دۆلەتلىرى» ھېسابلىناتتى . بۇ جايلاردىن بۇغداي ، تېرىق ، سۆك ، پۇرچاق ، بېدە ، ئۈزۈم ، ئانار ۋە قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىق مەھسۇلاتلار چىقاتتى . يەنە بىر خىلى — چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساس قىلغان ، ئاھالىلىرى سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرگەن رايونلار بولۇپ ، ئۇلار تارىخىي كىتابلاردا «كۆچمەن ئەللەر» دەپ ئاتالغان . تەگرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيسۇن ، ئوغۇز ، ئارقا قۇس ؛ پامىر ئېگىزلىكىدىكى سارىقول ، يولئېرىق قاتارلىقلار ، كۇئېنلۇننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى نوپچان قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى «كۆچمەن ئەل» لەر بولۇپ ، ئات ، كالا ، قوي ، ئېشەك ، تۆگە قاتارلىق چارۋا ماللارنى باقاتتى .

بۇ چاغلاردا غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قاشتاشچىلىق ، ساپالچىلىق ، كۆنچىلىك ، مەيزاپ ئىشلەش ، يۇڭ توقۇمىچىلىق ، مېتال تاۋلاش قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بولۇپ ، ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە راۋاج تاپقان . دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ئاساسىدا ، سودا ـ تىجارەتمۇ پەيدىنپەي تەرەققىي قىلغان . سۇلېدا «سودا بازىرى» بار ئىدى ؛ پەرغانىلىكلەر «سودىغا بەك ماھىر ، بىر مىسقال نەرسىندىن

مۇ كەتكۈزۈۋەتمەيدۇ » . دېمەك ، بازار ئىگىلىكى خېلى جانلانغان ، تاۋار ئالماشتۇرۇشتا مېتال پۇل ئىشلىتىلگەن①.

بۇ مەزگىلدە مەكىت رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ دولان (يەكەن) دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقانلىرى يېرىم ئولتۇراق ، يېرىم چارۋىچىلىق قىلغان بولسا ، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن دولان (يەر-كەن) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىپتىدائىي ئورمان ـ توغراقلىق-لارغا جايلاشقانلىرى چارۋىچىلىق ، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان .

2 . هونلار دەۋرىدىكى مەكىت

هونلار قەدىمكى زاماندا مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي رايونىدا يا-شىغان بىر مىللەت . ئۇلار ئەمىنىيە دەۋرى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 770 ـ يىلىدىن 476 ـ يىلىغا قەدەر بولغان دەۋر تارىختا چۇنچيۇ يەنى ئەمىنىيە دەۋرى دەپ ئاتالغان) ، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر (جۇ سۇلالىسى يۆەنۋاڭ پادىشاھىنىڭ تۇنجى يىلىدىن چىن شىخۋاڭ پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەنگە قەدەر بولغان دەۋر يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇن 468 — 221 يىللاردا بەگلىكلەر زومىگەرلىك تالىشىپ ئۇزاق ۋاقىت توختىماي ئۇرۇشقانلىقى ئۈچۈن بۇ دەۋر تارىختا جەنگو يەنى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى دەپ ئاتالغان) دەۋرىدە موڭغۇل ئېگىزلى-كىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . ئەينى زاماندا ھەرقاي-سى بەگلىكلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ھاكىمىيەت تالىشىش بىلەن بەند بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ شىمالغا قاراشقا چولىسى تەگمىگەن ، هونلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، جەنۇبقا قاراپ كېڭىيىپ ، چوغاي تېغى ۋە خېنتاۋ رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان . بۇ ، ھاۋاسى مۆتىدىل ، يېرى مۇنبەت ۋە كەڭ ، ئوت ـ چۆپ ، دەل ـ دەرەخلىرى ئۆسكىلەڭ ، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئەپلىك رايون ئىدى . هونلار مۇشۇنداق پايدىلىق شارائىتلارغا تايىنىپ ، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئى-گىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ناھايىتى تېز كۈچەيگەن . ئىجتى-مائىي ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پەيدا بولۇ-شى ۋە سىنىپىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ ، هونلار ئىپتىدائىي

---

① «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1992 ـ يىل 7 ـ ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 26 ـ ، 27 ـ بەتلەر .

www.uyghurkitap.com



جەمئىيەتتىن قۇللۇق تۈزۈمگە قەدەم قويغان . مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅱ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى هونلارنىڭ تۈمەن تەڭرىقۇتى موڭغۇل ئېگىزلىكىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن . تۈمەنبالىق (هازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋۇيۈەن ناهىيىسى ئەتراپى ) ئۇنىڭ سىياسىي مەركىزى ئىدى .

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 209 ـ يىلى مودۇن ئۆز دادىسىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى تەڭرىقۇت بولدى[1] . جۈملىدىن ئۇ هونلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلىتىنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇپ قالدى .

مودۇن تەڭرىقۇت دەۋرىدە ، هونلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەرقىي جۇلارنى يوقاتتى ، غەربتە توخرىلارنى مەغلۇپ قىلدى ، شىمالدا خۇنيۇ ، چۈشى ، دىڭلىڭ ، گېكۇن ، شىنلى قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇردى ، ئارقىدىنلا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 176 — 117 ـ يىلى (غەربىي خەن سۇلالىسى ۋېندى پادىشاھى چەنيۈەن 4 ـ يىلى ) ئۇلۇق قول بىلىكخانىنى ئەۋەتىپ غەربكە كەڭ كۆلەملىك يۈرۈش قىلدۇرۇپ ، خېشى كارىدورىدىكى توخرىلارنى يوقاتتى .

هونلار خېشى كارىدورىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ، غەربكە كەڭ كۆلەمدە يۈرۈش قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ، كروران ، ئۇيسۇن ، ئوغۇزلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنى بويسۇندۇردى ، شۇنىڭ بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى بەگلىكلەر هونلار تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىندى .

شۇنداق قىلىپ ، هونلار شەرقتە لياۋخې دەرياسىدىن غەربتە پامىرغىچە ، جەنۇبتا سەددىچىن سېپىلىدىن شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان كەڭ زېمىننى كونترول قىلدى . ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىگە بېقىنمايدىغان تارقاق هالەتنى تۈگىتىپ ، شىمالىي رايوننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ، جۇڭگونىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى چوڭ بىرلىكى ئۈچۈن شارائىت هازىرلىدى .

---

① سىماچيەن : «تارىخىي خاتىرىلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل 9 ـ ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 399 ـ بەت .

تەڭرىقۇت مودۇن بۇ كەڭ زېمىننى ئوتتۇرا ، ئوڭ ، سول دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلدى . تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ جايلار هونلار تېررىتورىيىسىنىڭ ئوڭ قىسىمغا تەۋە ئىدى . باتىسقان بۇ رايوننىڭ ئالىي هۆكۈمرانى قىلىپ ئەۋەتىلدى . «چاكارلار كاهىبې-گى» («مالاي تۇتۇق مەهكىمىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) تەسىس قىلىپ ، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلدى[1] . مەكىت رايونى ئەنە شۇ مەهكىمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ ، هونلارغا قارام بولدى .

3 . غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەهكىمىسى ۋە مەكىت

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى (خەنشۈەندىنىڭ شېنجۆ 2 ـ يىلى ) هونلارنىڭ روشات تەڭرىقۇتى ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسىمدا تەخت تالىشىش كۈرىشى كەسكىنلەشتى . غەربىي يۇرتتا تۇرۇشلۇق باتىسقان بىلگى تەڭرىقۇت ئۆز بېشىدىن قورقۇپ ، جېڭ جىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ، ئۆزىنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولىدىغان-لىقىنى بىلدۈردى . جېڭ جى دەرهال كۆسەن ، چېدىر قاتارلىق بەگ-لىكلەردىن 50 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ باتىسقان بىلگى تەڭرىقۇتنى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 12 مىڭ ئادەمنى قارشى ئالغان ۋە ئۇلارنى قوغداپ پايتەخت چاڭئەنگە ئاپىرىپ قويغان . خەن سۇلالىسى بىلگى تەڭرىقۇتقا «بەيئەتچى بەگ» دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن . شۇنىڭ بىلەن هونلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى «چاكارلار كاهىبېگى» ئەمەلدىن قالغان . هونلار بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ ، غەربىي يۇرتقا يېقىن كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالغان .[2] ئارقىدىنلا خەن سۇلالىسى جېڭ جىنى قۇسنىڭ غەربىي شىمالىدىكى جايلارنى قوغداشقا هەم جەنۇب ۋە شىمالدىكى جايلارنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن . بۇ «باش قورۇقچى بەگ مەهكىمىسى» دەپ ئاتالغان . جېڭ جى كۆرسەتكەن تۆهپىسى ئۈچۈن «يىراقتا ئەمىنلىك ئورناتقۇچى تۆرە» دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن . جېڭ جى ئۆز مەهكىمىسىنى ئۇرۇياپ شەهىرى (هازىرقى بۈگۈر ناهىيىسى تەۋەسىدە ) گە قۇرغان . غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەهكىمىسى-

---

① «خەننامە ، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل 8 ـ ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 849 ـ بەت .

② «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل 8 ـ ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 851 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىڭ تەسىس قىلىنىشى غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتا تولۇق تىكلەنگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە رەسمىي قوشۇلۇپ، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان①.

غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ نەچچە يىلغىچە، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا مۇھىم ۋە ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، پادىشاھنىڭ شىرەم تۇغقىنى ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىپ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى، ئۇ مىللىي كەمسىتىش ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان. ھونلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. شۇ چاغدا ھونلارغا ئەڭ ئاۋۋال ساكارائۇلنىڭ بېگى يەن قارشىلىق كۆرسەتتى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ساكارائول بېگى كاڭ خېشى كارىدورىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقە ئورناتقان. خېشى رايونىنىڭ باش سانغۇنى دۇرۇڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن كاڭغا «خەن سۇلالىسى ئۈچۈن ساكارائۇلدا خىزمەت كۆرسەتكەن غەربىي يۇرتتىكى پەزىلەتلىك ئۇلۇغ كاھبەگ» دەپ نام بەرگەن.

كاڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى شيەن تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. مىلادىيە 41 ـ يىلى ساكارائۇل بېگى شيەن شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنى غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بېگى قىلىپ تەيىنلەشنى ئىلتىماس قىلدى. گۇاڭ ۋۇدى ليۇشيۇ شيەننى باش قورۇقچى بەگ قىلىپ تەيىنلىگەن ھەمدە ئۇنىڭغا تامغىلىق لاتا ئىنئام قىلغان. كېيىن دۇنخۇاڭ ۋالىيسى پېي رۇن شيەن باش قورۇقچى بەگلىككە تەيىنلەنسە باشقا بەگلىكلەرنىڭ خەن سۇلالىسىگە بولغان نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇشى مۇمكىن

---

① «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 7 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 60 ـ بەت.

دىگەچكە ، بۇرۇنقى قارارىنى ئۆزگەرتىپ ، شيەنگە «خەن سۇلالىسىنىڭ بۇيۇك سانغۇنى» دىگەن ئۇنۋاننى بەرگەن . شيەن بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ ، ئۆزىنى غەربىي يۇرتنىڭ باش قورۇقچى بىگى دەپ جاكارلاپ ، ھەرقايسى بەگلىكلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرگەن .

مىلادىيە 45 ـ يىلى (گۇاڭ ۋۇدى جيەنۋۇنىڭ 21 ـ يىلى) ئالدى قۇس ، پىشامشان ، كىنگىت قاتارلىق 18 بەگلىكنىڭ بەگلىرى ئوغۇللىرىنى مۇلازىملىققا ئەۋەتىپ ، شەرقىي خەن سۇلالىسى مەركە-زىي ھۆكۈمىتىدىن باش قورۇقچى بەگ تەيىنلەپ بىرىشنى تەلەپ قىلدى ، لىكىن شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بۇنىڭغا تىخى چامىسى يەتمەيتتى . ساكارائۇل بىگى شيەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ باش قورۇقچى بەگ ئەۋەتمىگەنلىكىگە قاراپ ، مىلادىيە 46 ـ يىلى پىشامشاننى بىسىۋالدى . شۇ يىلى يەنە كۇسەن بىگىنى ئۆلتۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ ئوغلىنى كۇسەنگە بەگ قىلىپ تىكلىدى . مىلادىيە 50 ـ يىلى شيەن ئولپان بىلەن باجنى ئاز تاپشۇر-دى دىگەننى باھانە قىلىپ ، ئۆزى بىرنەچچە بەگلىكنىڭ بىرنەچچە تۈمەن كىشىلىك قوشۇنىنى باشلاپ بىرىپ پەرغاننى بىسىۋالدى . مىلادىيە 55 ـ يىلى ساكارائۇل بىگى قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇدۇننى بىسى-ۋالدى . ئىككىنچى يىلى ئۇ يەنە ئۇدۇن ، ئۇزۇن تات ، قۇم ، لىچخەۋىز قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ خانلىرىنى ساكارائۇلغا چاقىرتىپ كىلىپ ، ھەممىسىنى نابۇت قىلدى ھەمدە بۇ بەگلىكلەرگە قايتا بەگ تىكلەتكۈز-مەي ، ئۇ يەرلەرنى ساقلاشقا ئۆزىنىڭ سانغۇنلىرىنى ئەۋەتتى . ساكارا-ئۇل بىگى شيەننىڭ باشقىلارنى يەم قىلىشى ۋە قىرغىنچىلىق قىلىشى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى . كىيىنرەك ئۇدۇننىڭ لەشكەر بىشى شۇمۇبا ئۇدۇن بەگلىكىنى قايتا تىكلىگەن . مىلادىيە 62 ـ يىلى ئۇدۇن بىگى گۇاڭدې قوشۇن باشلاپ بىرىپ ساكارائۇلنى مەغلۇپ قىلىپ ، ساكارائۇلنىڭ بىگى شيەننى ئۆلتۇردى . شۇنىڭدىن كىيىن ئۇدۇن توخارا ، پاسئان ، يولئېرىق ، لىچخەۋىز ، سارىقول ، ئۇزۇن تات قاتارلىق كىچىك بەگلىكلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن يۇتۇۋالغان . نەتىجىدە غەربىي يۇرت ۋەزىيىتى بىر مەھەل قالايمىقانلىشىپ كەتكەن . مىلادىيە 61 ـ يىلى ھونلار قۇس ،

www.uyghurkitap.com



كىنگىت ، كۇسەن ، قۇم ، سۇلې قاتارلىق 15 بەگلىك قوشۇنىنى باشلاپ بېرىپ ئۇدۇننى تەسلىم قىلدى . ئۇدۇن بېگى گۇاڭدې ئۆزىنىڭ شاھزادىسىنى شىمالىي ھونلارغا تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى . شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ھونلار پۈتۈن غەربىي يۇرتنى يەنە كونترول قىلدى .

مىلادىيە 74 - يىلى خەن سۇلالىسى ئەۋەتكەن قوشۇن دۇنخۇاڭدىن چىقىپ ئالدى قۇس ۋە ئارقا قۇس قەبىلىلىرىنى تىنجىتقاندىن كېيىن ، غەربىي يۇرتتىكى كۆپ سانلىق بەگلىكلەر ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان . شۇنىڭ بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى ۋە ۋۇ جىي چېرىكچى بەگ (غەربىي يۇرتقا خاس مەنسەپ نامى ، ئېكىنچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەڭ چوڭ ئەمەلدار ) مەھكىمىسىنى قايتىدىن تەسىس قىلدى . چىن مۇ غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بېگى قىلىپ تەيىنلەندى .

غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر قاتارىدا ئۇنىڭغا قارام بولغان مەكىت رايونى ، كېيىنكى قالايمىقانچىلىق مەزگىللىرىدە ساكا-رائۇل ، ئۇدۇن ، ھونلار ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگەن غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قاتارلىقلارنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ ، قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرغان .

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر شامان دىنى ، زوروئاستېر دىنى ، بۇددا دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان . بۇ دىنلار مەكىت رايونىغىمۇ تارقالغان بولۇپ ، ھازىر مەكىت رايونىدا شامان ، زوروئاستېر ، بۇددا قاتارلىق قەدىمكى دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى كۆپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ[①] .

«يىپەك يولى» قەدىمكى زاماندا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىسىدىن شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدىغان ، جۇڭگو بىلەن غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا سودا ئالاقىسى ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرۇقلۇقتىكى چوڭ كارۋان يولى ئىدى . جۇڭگونىڭ يىپەك بۇيۇملى-

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «مەكىت رايونىدىكى قەدىمكى دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2001 - يىل 4 - سان ، 70 — 74 - بەتلەر .

رى غەربكە مۇشۇ يول ئارقىلىق زور مىقداردا توشۇلغانلىقتىن ، كىشىلەر بۇ مۇھىم قاتناش لىنىيىسىنى «يىپەك يولى» دەپ ئاتىغان .
«يىپەك يولى» دېگەن نام گېرمانىيىلىك گېئوگراف فېردىناند ۋون رىچتوفېن تەرىپىدىن مىلادىيە 1877 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، خەلقئارالىق بىر ئىلمىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ ، ئەسلىدىكى «كارۋان بۇيۇك» ، «شاھرايى ئەبرىشىم» دېگەن نامالارنىڭ ئورنىنى ئالغاندىن كېيىنمۇ ، بۇ يول — يىپەك يولى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ، توغرىسى ئۇ كۆرسىتىدىغان لىنىيە ھەققىدىكى قاراشلار ھەرخىل بولۇپ كەلدى . پەقەت ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 — 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ، تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلگەن ئۇچۇرلار ، 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىكى غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلىرى ۋە يېقىنقى يىللاردا قولغا كەلگەن قەدىمكى يىپەك يولى ئەتراپىدىكى خارابە ـ ئىزلارنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشنىڭ نەتىجىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ ، يىپەك يولى ھەققىدە بىرقەدەر ئومۇمىراق بولغان قاراش بارلىققا كەلدى .
يىپەك يولى غەربىي خەن خاقانلىقىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىن باشلىنىپ خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ ، دۇنخۇاڭدىن چىقىپ تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ چارقىلىق ، چەرچەن ، نىيە ، كېرىيە ، خوتەن (گۇما ) ئارقىلىق قاغىلىق (يەركەن ) گە كېلىپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى . بىرى ، (يەكەندىن چىقىپ ) تاشقورغان ئارقىلىق پامىردىن ئۆتۈپ باكتېرىيە (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى ) گە كىرىپ ئىرانغا باراتتى . يەنە بىرى ، (يەكەندىن چىقىپ ) قەشقەرگە كېلىپ ، ئاندىن پامىردىن ھالقىپ ئىرانغا باراتتى . بۇ جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلاتتى . ئىككىنچى يول دۇنخۇاڭدىن چىقىپ تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىنى بويلاپ غەربكە سۇرۇلۇپ ، قۇمۇل ، تۇرپان ، كىنگىت ، كۇسەن ، ئاقسۇ (ئەردىۋىل دەپمۇ ئاتالغان ) ، مارالبېشى ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ ، ئاندىن تەڭرىتاغنىڭ ئېگىز ئومۇرتقىلىرىدىن ۋە تېرەك داۋاندىن ھالقىپ پەرغانە ۋادىسى ئارقىلىق ئىرانغا باراتتى . بۇ ئوتتۇرا يول دەپ ئاتىلاتتى . ئۈچىنچى يول دۇنخۇاڭدىن چىقىپ قۇمۇل ، يەتتە قۇدۇق ئارقىلىق تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويـ

لاپ ، مورى ۋە جىمسار (قەدىمدە بەشبالىق دەپ ئاتالغان) ئارقىل
سانجى (يېڭىبالىق دەپ ئاتالغان) ئەتراپىغا كېلىپ ، ھازىرقى ئۈرۈ
چى - ئىلى يولىنى بويلاپ جۇڭغار ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ ، تەڭرى
ئېغىزى (تەلكە ئېغىزى) ئارقىلىق ئىلى ۋادىسىدىكى ئالمىلىققا ك
لىپ ، ئاندىن غەربكە مېڭىپ كاسپى دېڭىز بويى ئارقىلىق غەر
ئەللىرىگە باراتتى . بۇ يول شىمالىي يول دەپ ئاتىلاتتى . شىمال
يول بىلەن ماڭغان كارۋان يەنە ئاقسۇغا كېلىپ ، ئۈچتۇرپان ئارقىل
بەدەلئارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ ، ئىسسىقكۆلگە بېرىپ ، ئۇ يەردىن داۋام
لىق غەربكە سوزۇلۇپ ، كاسپى دېڭىزى ۋە غەرب ئەللىرىگە باراتتى
ئادەتتە شىمالىي يول يەنە «يايلاق يولى» دەپمۇ ئاتىلاتتى . مانا بۇ
يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئاساسىي يول لىنىيىلىرى بو
لۇپ ، قەشقەر ئېلىمىزدىن غەربكە سوزۇلغان يىپەك يولىنىڭ غەربتە
كى ئاخىرقى ئۆتكى ، غەربتىن ئېلىمىزگە سوزۇلغان يىپەك يولىنىڭ
باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى① .

ئەينى زاماندا «بۇ يولدا ئەلچىلەر ھەممىشە ئۇچراپ تۇراتتى» ،
«ھەربىر ئەلچىلەر ئۆمىكىدە كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز ، ئاز بولغاند
يۈز نەچچە ئادەم بولاتتى» . بىر يىل ئىچىدە «ئەلچىلەر ئۆمىكى ئاز
دېگەندە 5 — 6 تۇركۇم ، كۆپ بولغاندا ئون نەچچە تۇركۇم بولاتتى» .
سەپىرى يىراق ئەلچىلەرنىڭ بىر قېتىملىق كېلىپ - كېتىشى ئۈچۈن
8 — 9 يىل كەتسە ، يېقىندىكىلىرى ئۈچۈن بىر قانچە يىل ۋاقىت
كېتەتتى . شۇنىڭ بىلەن تەڭ ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ۋە
چەت ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرىمۇ ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇراتتى .

ھۆكۈمەت سودىسىدىن تاشقىرى ، خەلق ئوتتۇرىسىدىكى سود
مۇئامىلىسىمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى . جۇڭگو ۋە چەت ئەل سودىگەرلە
رى يىپەك سودىسىدىن كېلىدىغان غايەت زور پايدىنى كۆزلەپ ، يول
نىڭ يىراق ، جاپالىق ، خەتەرلىك بولۇشىدىن قورقماي ، ئۇزاق مۇسا
پىلەرنى بېسىپ ، قاتار - قاتار تۆگە كارۋانلارغا ئەگىشىپ ، جۇڭگو
بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ چوڭ يولدا ئۈزۈلمەي قاتناپ

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى» (1) ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 2001 - يىل 12 - ئاي نەشرى ، 44 — 46 - بەتلەر .

تۇراتتى . تۇركۇم ـ تۇركۇم سودىگەرلەر «ئۆتەڭلەردىكى دەڭلەرگە توشۇپ كېتەتتى ، يىل بويى ئايىغى ئۈزۈلمىگەن سودىگەرلەر ۋە ئېلىپ-ساتارلار ھەركۈنى قورۇللاردا سودا ـ تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولاتتى »① . بۇنىڭدىن يىپەك يولىنىڭ گۈللەنگەنلىكى ئايان ئىدى .

قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى جەنۇبىي لىنىيىسى ساكارائۇل (يەكەن ) گە كەلگەندىن كېيىن بىردە تاغ يوللىرى ئارقىلىق سارىقول (تاشقورغان ) غا چىقىپ غەربكە سوزۇلگەن بولسا ، يەنە بىردە قەشقەر (سۇلې ) گە كېلىپ ئوتتۇرا يول بىلەن تۇتاشقان . ئۇندىن باشقا يەكەن (دولان ) دەرياسىنى بويلاپ بارچۇق (مارالبېشى ) قا كېلىپ ، يەنە ئوتتۇرا ، شىمالىي يوللار بىلەن تۇتاشقان . دولان (يەكەن ) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان مەكىت بۇ ئوتتۇرىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان .

### 3 . ۋېي ، جىن ۋە جەنۇبىي ، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى مەكىت

ۋېي ، جىن ۋە جەنۇبىي ، شىمالىي سۇلالىلەر 220 ـ يىلى ساۋپېي قۇرغان ۋېي پادىشاھلىقىدىن 581 ـ يىلى ياڭ جيەن قۇرغان سۇي سۇلالىسىگە قەدەر بولغان تارىخىي دەۋرنى كۆرسىتىدۇ . بۇ 360 يىلدىن ئارتۇق تارىخىي جەرياندا ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەتلەر تولا ئالماشقان ، ۋېي ، شۇ ، ۋۇدىن ئىبارەت ئۈچ پادىشاھلىق ، قىسقا مۇددەت بىرلىككە كەلگەن غەربىي جىن سۇلالىسى ، جەنۇب بىلەن شىمال تىركىشىپ تۇرغان مەزگىلدىكى 16 پادىشاھلىق ۋە شەرقىي جىن سۇلالىسى ، شۇنىڭدەك جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى سۇڭ ، چى ، لياڭ ، چېن پادىشاھلىقلىرى ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى شىمالىي ۋېي ، شەرقىي ۋېي ، غەربىي ۋېي ، شىمالىي چى ، شىمالىي جۇ پادىشاھلىقلىرى قاتارلىق فېئودال سۇلالىلەر ئۆتكەن . بۇ مەزگىل ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە چوڭ داۋالغۇش ، چوڭ بۆلۈنۈش ۋە مىللەتلەر ئارا چوڭ قوشۇلۇش بولغان دەۋر ئىدى .

بۇ دەۋردە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھاكىمىيەتلەرمۇ

---

① «كېيىنكى خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» («شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» 97 ـ بەتتىكى نەقىل ) .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىر - بىرىنى يۇتۇۋېلىش ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقتىن ، يەت
بەگلىك تىركەشكەن ۋەزىيەت شەكىللەنگەن . سىيانپىي ، جۇجان
قاڭقىل ، ئېفتالىت قاتارلىق مىللەتلەر غەربىي يۇرتتا خېلى ئۇزاققىچ
زومىگەرلىك ، غوجىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ ، مىللەتلەرنىڭ كەل
تۇردە ئارىلىشىشى ۋە قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن .

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ، غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق
قىلغان ھونلار تەۋەلىكىدىكى كەڭ رايونلاردا ئۇدا بىرقانچە يىل چېكەت
كە ئاپەتى ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى ، نەچچە مىڭ چاقىرىم
كېلىدىغان كەڭ زېمىندا ئوت - چۆپ ۋە دەل - دەرەخلەر قۇرۇپ
كېتىپ ، ئادەم ۋە چارۋا ماللار ئاچارچىلىق ۋە كېسەل سەۋەبىدىن
كۆپلەپ قىرىلىپ كەتتى ، بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئا-
ساس قىلغان ھون ھاكىمىيىتى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى . بۇنداق
مۇشكۈل ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتە ، ھون ئاقسۆڭەك ، ھۆكۈمرانلىرى
گۇرۇھى ئىچىدە يەنە يېغىلىق يۈز بېرىپ ، ھاكىمىيەت جەنۇب ، شى-
مال دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى . جەنۇبىي ھونلار شەرقىي
خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى .

جەنۇبىي ھونلارنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈشى بىلەن
شىمالىي ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى .
قۇلدارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى سىنىپىي زىددىيەت بىلەن مىللىي زىددى-
يەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەنلىكتىن ، ئۇزاقتىن بۇيان ھونلار
تەرىپىدىن قۇل قىلىنىپ كەلگەن ئوغانلار ، دىڭلىڭلار ۋە غەربىي
يۇرتتىكى مىللەتلەر قوزغىلىپ ھونلارغا قارشى كۈرەش قىلدى . بۇ
ۋاقىتتا شەرقىي خەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتى شىمالىي ھونلارغا سىيا-
سىي جەھەتتىن پارچىلاش ، ھەربىي جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىش تاكتى-
كىسىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويغانلىقتىن ، ھون ھاكىمىيىتى مىلادىيە 91
- يىلى (پادىشاھ خې دىنىڭ يۇڭيۈەن 3 - يىلى ) ئۇزۇل -
كېسىل يىمىرىلدى . شىمالىي ھونلار «ئەسلىگە كېلەلمەي ، يىراققا
كەتتى» . ئۇلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا بېرىپ ، جەنۇبىي ھونلارغا
قوشۇلدى ، يەنە بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ «ئۇيسۇنلار تەرەپكە كەت-
تى» . قالغان بىر قىسمى كانگىيىگە باردى ، شىنجاڭ رايونىدا تۇرۇپ

قالغان ھونلار بولسا غەربىي يۇرتلۇقلار تەرىپىدىن «كۇەيخۇ» دەپ ئاتالدى[1] .

184 ـ يىلى (پادىشاھ لىڭدىنىڭ گۇاڭخې 7 ـ يىلى) كەڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە داغدۇغىلىق سېرىق ياغلىقلىقلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسىدە لىڭشىپ قالدى. ۋېي، شۇ، ۋۇدىن ئىبا-رەت ئۈچ پاراللېل بۆلۈنمە ھاكىمىيەت بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھالەت شەكىللەندى. ئۈچ پادىشاھلىقتىن كېيىن بىرلىككە كەلگەن غەربىي جىن سۇلالىسى تىكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆمرى بەك قىسقا بولدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا بەش غوز، 16 بەگلىك ۋە ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر مەيدانغا كېلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە 300 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان چوڭ داۋالغۇش ۋە چوڭ بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى كېلىپ چىقتى. شۇڭا، غەربىي يۇرتتىكى بىرقانچە ئون يەرلىك ھاكىمىيەتلەرمۇ بىر ـ بىرىنى يۇتۇۋېلىش يولىدا كەسكىن ئۇرۇش ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا ئۇيسۇن بىلەن قۇس بەگلىكى، جەنۇبىدا كىنگىت، كۇسەن، پىشامشان، ئۇ-دۇن ۋە سۇلې بەگلىكلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ، تەڭرىتېغى-نىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدا يەتتە بەگلىكنىڭ تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. بۇ خىل سىياسىي ۋەزىيەت سىيانپىي، جۇجان، قاڭ-قىل، ئېفتالىت قاتارلىق كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىن ئىبارەت بۇ سىياسىي، تارىخىي سەھنىدىكى پائالىيىتى ۋە قوراللىق جاڭجاللىرى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى.

مۇشۇ مەزگىللەردە مەكىت سۇلې، ئۇدۇن، كۇسەن قاتارلىق بىر قەدەر كۈچلۈك بەگلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تۇردى ۋە خېلى ئۇزۇن مەزگىل سۇلې بەگلىكىنىڭ تەسىرىدە بولدى.

## غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللەتلەر ۋە مەكىت

ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە سىيانپىي، جۇجان، قاڭقىل، ئېفتالىت بەگلىكلىرى غەربىي يۇرتنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تالىشىپ، مۇشۇ تارىخىي سەھنىدە بىر ئەسىردىن كۆپ

---

① «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 7 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 105 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋاقىت قوراللىق ئۇرۇشقان .

ئېفتالىتلار يەنە يەندا ( 嚈哒 ) ، يى دان ( 挹怛 ) ، يى تەن ( 悒阗 ) دەپمۇ ئاتالغان . دەسلەپتە خۇاگو بەگلىكى دەپ ئاتالغان . ئۇلارنىڭ خان جەمەتىنىڭ فامىلىسى ئېفتالىت بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ۋاڭ جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى دۆلەت نامى قىلىۋالغان[1] . ئېفتالىتلار ھىندىستان ۋە شەرقىي رىم تارىخچىلىرى تەرىپىدىن ئاق ھون دەپمۇ ئاتالغان . V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلار ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشقان . 484 ـ يىلى پېرسىيىنى مەغلۇپ قىلىپ ، دۆلەت نامىنى ئېفتالىت دەپ ئاتاپ ، بەدەخشان (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى فەيزئاباد ) شەھىرىنى پايتەخت قىلغان .

غەربىي يۇرتقا ئەڭ ئاۋۋال سىيانپىيلار كىرگەن بولۇپ ، ئۇلار مىلادىيە I ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تەڭرىتېغى ئەتراپلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان . سىيانپىيلار قۇرغان شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بىر چوڭ دۆلەت بولغانلىقتىن ، ئۇلارمۇ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولغان . ئەمما بۇنىڭغا جۇجانلار ئەڭ زور توسالغۇ بولغان . 402 ـ يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تيەنشىڭ 5 ـ يىلى ) جۇجانلارنىڭ باشلىقى يۇ جۇلۈي سەللان قاغان بولغاندا ، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى كىنگىتنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا يېتىپ بارغان ، 414 ـ يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسى مىڭ يۈەندىنىڭ شېن رۈي 1 ـ يىلى ) غا بارغاندا ، جۇجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەربىي ھاكىمىيىتى غەربىي يۇرتتىكى ئېۋىرغول ، قوچۇ ، قۇس ، كىنگىت كۇسەن ، قۇم قاتارلىق جايلارنى كونترول قىلغان . V ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شىمالىي چۆللۈكتە ھەربىي جەھەتتە جۇجانلار ئۈستىدىن بىر قانچە قېتىم غەلىبە قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما جۇجانلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتەلمىگەن . 460 ـ يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خېپىڭ 1 ـ يىلى جۇجانلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي يۇرتقا قايتا ھەربىي ھۇجۇم

---

[1] «قانۇنلار قامۇسى . چىگرا مۇداپىئە قامۇسى» ، «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ، ئۇيغۇرچە 110 ـ بەتتىكى نەقىل .

باشلىدى . 470 ـ يىللارغا كەلگەندە ، جۇجان قوشۇنلىرى ئۇدۇنغا قىستاپ كېلىپ ، غەربىي يۇرتتىكى نۇرغۇنلىغان جايلارغا قايتىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلدى .

487 ـ يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې 11 ـ يىلى ) قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاپۇرغۇر بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى چۇڭچى تۇرپان ئويمانلىقىدا قاڭقىل بەگلىكىنى قۇردى . شۇنىڭدىن باشلاپ قاڭقىللار بىلەن جۇجانلار بىر ـ بىرى بىلەن 30 يىل ئۇرۇشتى . قاڭقىللار بىلەن جۇجانلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سىياسىي كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئېفتالىتلارغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى . ئېفتالىتلار پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ ، V ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى شەرققە قاراپ كېڭىيىپ ، جۇجانلارنىڭ قولىدىن كۈسەن ، قۇم ، سۇلې ، جۇجۇف (ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىسى دائىرىسىدە ) ، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى بىر مەھەل تارتىۋالدى ھەمدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا قاڭقىللارنى مەغلۇپ قىلدى . مانا شۇ چاغدىن باشلاپ مەكتەپ ئېفتالىتلارنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولدى .

VI ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شەرقىي ۋېي ۋە غەربىي ۋېي دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكتىن ، دۆلەت كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى . بىر مەزگىل قۇدرەت تاپقان جۇجان خانلىقىنىڭ كۈچىمۇ ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئاجىزلىشىپ ، قۇتقازغۇسىز دەرىجىگە يېتىپ قالغان . بۇ چاغدا ، جۇجانلارغا قول بولۇپ كېلىۋاتقان تۈرك قەبىلىلىرى بۇنداق پايدىلىق ۋەزىيەتتە ئۆزىنىڭ كۈچىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، جۇجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن تېزلا قۇتۇلۇپ ، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن بىر كۈچكە ئايلانغان . 546 ـ ، 555 ـ ، 563 ـ يىللىرى ، ئۇلار غەربىي يۇرتتا ئۇرۇشقان قاڭقىل ، جۇجان ۋە ئېفتالىتلارنى ئىلگىرى ـ كېيىن يوقاتقان .

سىيانپىي ، جۇجان ، قاڭقىل ، ئېفتالىت ھاكىمىيەتلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتا بىر ئەسىردىن ئارتۇق داۋام قىلغان غوجىلىق تالىشىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇرۇشلىرى بۇ رايوننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى قاتتىق ئېگىز - پ
قىلدى ، ئىجتىمائىي ئىگىلىكىگە ئىنتايىن ئېغىر زىيان يەتكۈزدى
ئەمما شۇنى كۆرۈش كېرەككى ، دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەر ئوتتۇر
سىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار پەۋقۇلئاددە مۇھىت ۋە ۋەزىيەت شارائىت
دا ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇشنىمۇ ئىلگىر
سۈردى . بۇ هال مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى
تىل ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆز ئارا تەس
كۆرسىتىشى ، بىر - بىرىنىڭكىنى قوبۇل قىلىشى ھەتتا قانداشلى
جەھەتتە ئۆز ئارا قوشۇلۇپ كېتىشىگە تۈرتكە بولدى . مانا بۇلار تەڭرى
تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى بىر قېتىملى
تەبىئىي چوڭ قوشۇلۇشقا ۋە مەلۇم دەرىجىدىكى ئاسسىمىلياتس
يىلىشىشكە سەۋەب بولدى[1] .

تۈركلەر قەدىمكى دەۋردە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالى بىلەن غەر
بىي شىمالىدا ياشىغان مۇھىم بىر مىللەت . ئۇلار مىلادىيە V
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھاكىمىيەت تىكلەپ ، VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇر
لىرىدا مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنگەنگە قەدەر
تۈرك خانلىقى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 200 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت
بولۇپ تۇرغان . ئۇ ئەڭ قۇدرەت تاپقان چاغدا ، موڭغۇل يايلىقى
جۇڭغار ئويمانلىقى ، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىن ئىبارەت كەڭ زې
مىننى ئىگىلىگەن بولۇپ ، مەملىكىتىمىز ۋە دۇنيا تارىخىغا غايەت
زور تەسىر كۆرسەتكەن كۈچلۈك بىر خانلىق ئىدى .

تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ، خەنزۇچە تارىخى
ماتېرىياللاردا ، ئۇلارنىڭ ئەجدادى «ئاشىنا» نى فامىلە قىلغان (تۈرك
خانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۇرۇقنى مەنبە قىلغان) ، بۆرىنى توتېم[2]
قىلغان قەبىلە دەپ خاتىرىلەنگەن . تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى دەسلەپ
يېنسەي دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان
ھونلارنىڭ زۇلمى ۋە پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن ، تەڭرىتېغىنىڭ

---

① «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1992 - يىل 7 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 116 — 117 - بەتلەر .

② توتېم — ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر تەبىئىي نەرسىنى ئەجدادلىرىنىڭ ياكى قەبىلىسىنىڭ چوقۇنۇش بەلگىسى قىلىشى .

ئاساسىي چوققىلىرىدىن بولغان بوغدا تېغى ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان . V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ، جۇجانلارنىڭ تەسىر كۆچى جۇڭغار ئويمانلىقىغا كىرگەن . تۈركلەر ئالتۇنتاغ (بۈگۈنكى ئالتاي تېغى ) نىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان . ئالتۇنتاغنىڭ شەكلى دۇبۇلغىغا ئوخشىغاچقا ، كىشىلەر دۇبۇلغىنى «تۈرك » دەپ ئاتىغان . «تۈرك » دېگەن نام مانا مۇشۇنىڭدىن كەلگەن . تۈركلەر جۇجان ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈن تۆمۈر تاۋلاپ ، تۆمۈر قوراللىرىنى ياسىغاچقا ، جۇجان خانى تەرىپىدىن «بازغانچى قۇللار » دەپ ئاتالغان .

جۇجان ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ، ئۇلار قۇل قىلىپ كەلگەن مىللەتلەر ئۇلارغا قارشى ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلغان ، بولۇپمۇ قاڭقىللار بىلەن جۇجانلار ئوتتۇرىسىدا 30 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش جۇجان ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە خوراتقان . تۈركلەرنىڭ مەشھۇر باشلىقى ئاشنا تۇمەننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ، تۈركلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە جۇجانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىلەنلا قالماي ، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلار ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەگلىكلەر بىلەنمۇ قويۇق ئالاقە قىلغان . غەربىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ، ئىككى تەرەپ يىپەك ۋە ئات سودىسى مۇناسىۋىتىنى ئورناتقان . 546 ـ يىلى تۈركلەر ئالدى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقى ئەتراپىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تېلېلارنى بويسۇندۇرغان ھەمدە ئۇلارنىڭ 50 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئاھالىسىنى قوشۇۋېلىپ ، تۈركلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئاساس سالغان . 552 ـ يىلى (ۋېي سۇلالىسىنىڭ فېيدى 1 ـ يىلى ) تۇمەن قوشۇن باشلاپ جۇجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ ، تۇمەن ئۆزىنى ئېل قاغان دەپ ئاتاپ ، تۈرك خانلىقىنى رەسمىي قۇرغان . كېيىن مۇقان قاغان (553 — 572 ـ يىللار ) ئاۋۋال جۇجان خانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىپ ، قۇملۇقنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن . كېيىن يەنە غەربتە ئېفتالىتلارنى ، شەرقتە قىتانلارنى مەغلۇپ قىلغان ، شىمالدا خاككاسلار (قىرغىزلار ) نى ئۆزىگە قوشۇۋالغان . مۇقان قاغان قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تۈرك خانلىقىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شىمالىي قۇملۇقتىكى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۆتۈكەن تېغ
ئوردا قۇرغان . ئۇز ۋاقتىدا تۈرك خانلىقىنىڭ زېمىنى «شەرقتە لي
خېنىڭ غەربىدىن باشلىنىپ ، غەربتە ئابىسكون دېڭىزى (بۈگۈن
كاسپى دېڭىز ) غىچە بولغان 10 مىڭ چاقىرىم ، جەنۇبتا قۇملۇقن
شىمالىدىن شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان 5 — 6 مىڭ چاقىرىم
يەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، هونلاردىن كېيىن مەملىكىتىمى
نىڭ شىمالىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر قۇرغان يەنە ب
قۇدرەتلىك خانلىق بولۇپ قالغان .

تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئەهمى
يەتكە ئىگە . ئۇ Ⅱ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان مەملىكىتىمىز
نىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىدا داۋام قىلىپ كەلگە
مالىمانچىلىق - بۆلۈنمىچىلىككە خاتىمە بېرىپ ، مەملىكىتىمىزنى
شىمالىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىنىڭ سىياسىي جەھەتتە بىرلىكك
كېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربى
قىسىملىرىدىكى چېگرا رايونلىرىنى كېڭەيتىشتە غايەت زور تۆھپ
قوشقان .

تۈرك خانلىقى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ، قاغان تومەن ئۆز ئىنى
سى ئىستەمىنى 567 - يىلى 100 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا باش
قىلىپ غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن . ئىستەمى غەربىي يۇرتتىك
بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرۇپ ۋە ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلىپ ، ئوتتۇر
ئاسىيادىكى ماۋرائۇننەھر رايونىنى ئىشغال قىلغان . ئامۇ دەرياس
تۈرك خانلىقى بىلەن پېرسىيىنىڭ پاسىلى بولۇپ قالغان ، كېيى
ئىستەمى ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلەپ ، مۇستەقىل بىر سىياسىي گەۋ
شەكىللەندۈرگەن . شۇنىڭدىن تارتىپ تۈرك قاغانلىقى ئەمەلىيەت
شەرقىي تۈرك قاغانلىقى ۋە غەربىي تۈرك قاغانلىقى دەپ ئىكك
قىسىمغا بۆلۈنگەن . 576 - يىلى ئىستەمى ئۆلۈپ ، ئورنىغا ئوغل
تامكۇت ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۆزىنى تاردۇش قاغـان دەپ ئـاتىـغان
583 - يىلى شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىشبارا 400 مىڭ كىشىلى
چوڭ قوشۇن بىلەن سۈي سۇلالىسىگە هۇجۇم قىلىپ ، تيەنشۈي
يەنئەن قاتارلىق جايلارنى تالان - تاراج قىلغان . سۈي سۇلالىسى يا

خۇلۇ، گاۋجيۇلۇ قاتارلىقلارنى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇرۇشقا ئاتلاندۇ-رۇپ، ئىشباراغا زەربە بەرگەن. غەرب تەرەپتىكى تاردۇش قاغان ئىشبارانىڭ قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، غەر-بىي يۇرتتىكى جايلارنى ئىگىلەپ، ئىشبارا قاغان بىلەن يۈت تېپىش-كەن. بۇنىڭ بىلەن تۈركلەر شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى دەپ ئىككىگە رەسمىي بۆلۈنگەن. شەرقىي تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەر ئاساسەن ئالتۇنتاغنى پاسىل قىلغان. مۇشۇ مەزگىل-لەردە مەكىت ئاۋۋال تۈرك قاغانلىقىنىڭ، كېيىن غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. غەربىي تۈركلەر تۇن يابغۇ قاغاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئىنتايىن كۈچىيىپ، ئوقيالىق ئەسكىرى نەچچە يۈز مىڭغا يەتكەن، سۇياپ شەھىرى (ھازىرقى توقماق ئەتراپى) دە چوڭ قارارگاھ قۇرغان. تۇن يابغۇ قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەر ئۇزاققىچە بۆلۈنۈش، مالىمانچىلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار زاۋاللىققا يۈزلەنگەن.

## 4. سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مەكىت

سۇي سۇلالىسى (581 — 618) ئاران 38 يىل دەۋر سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمەل ـ مەنسەپ، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تەسىس قىلىپ، چېگرا رايوننى ئاكتىپلىق بىلەن ئېچىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشى ۋە غەربىي يۇرتنى بىر-لىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئاساس سالغان.

300 يىلغا يېقىن دەۋر سۈرگەن لى جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى (618 — 907) دەۋرى — جۇڭگو فېئوداللىق جەمئى-يىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى. تاڭ سۇلالىسى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئەينى زاماندا دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. پۈتۈن دۇنيا تاڭ سۇلالىسىگە ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قارايت-تى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى چېگرا رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەت-لەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئىناقلىقى ۋە دوستلۇقى جەھەتتە شانلىق تارى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


خىي سەھىپە قالدۇرغانىدى .
581 ـ يىلى شىمالىي جۇ بەگلىكىنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرە ھوقۇقىنى كونترول قىلىۋالغان باش ۋەزىر ياڭ جيەن جۇ بەگلىكىنىڭ سەككىز ياشلىق پادىشاھى جىڭ دىنى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىپ ، ئۆزە نى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى ، دۆلەت نامىنى سۈي دەپ ئاتىدى يىلنامىنى كەيخۇاڭ قىلىپ ئۆزگەرتتى ، چاڭئەننى پايتەخت قىلدى
سۈي سۇلالىسى چېن سۇلالىسىنى يوقىتىپ ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك نى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، جۇڭگودا نەچچە يۈز يىل داۋاملاشقان بۆلۈنمە ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىمۇ ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى .
583 ـ يىلى (كەيخۇاڭنىڭ 3 ـ يىلى ) تۈركلەر شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك دەپ ئىككى بۆلەككە رەسمىي بۆلۈنۈپ كەتتى . 599 ـ يىلى تۈرك قاغانى قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىچىدە زور قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى . غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى تاردۇش پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلتەبىرنى ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ شىمالىي چۆللۈكنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىپ ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركنى بىرلىككە كەلتۈردى ، ئۆزىنى بىلگە قاغان دەپ ئاتاپ ، تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ قاغانى بولۇۋالدى .
603 ـ يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىنلەشتى ، تېلې ، ئىزگىل ، بارغۇت قاتارلىق ئون نەچچە قەبىلە بىرلىكتە قوزغىلىپ قارشى چىقتى . بۇنىڭ بىلەن تاردۇش پۇت تىرەپ تۇرىدىغان زېمىنىدىن مەھرۇم قېلىپ ، قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ غەربتىكى تۇيغۇنلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى . غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا زور مالىمانچىلىق يۈز بەردى . نەتىجىدە تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى .
تېلې قەبىلىلىرى قىبىئار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى قىبىئار غالىنىنى ئىئۇش باغا قاغان قىلىپ سايلاپ ، سىرتاردۇشلار باشلىقى ئىلدىرنى كىچىك قاغان قىلىپ سايلاپ ، تېلې خانلىقىنى قۇردى .
605 ـ يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 1 ـ يىلى ) سۈي ياڭدى تەختكە چىقىپ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش ھەرىكىتىنى پائال قانات

يايدۇردى ۋە تېلېلار بىلەن بىرلىشىپ تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ ، سۇي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئىناۋىتى ، تەسىرىنى يۇقىرى كۆتۈردى .

شىكۇي غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى بولغاندىن كېيىن ، نەچچە تۈمەن ئوقياچى لەشكەرگە ئىگە بولۇپ ، ئىستەمى ۋە تاردۇش قاغان دەۋرىدىكى قۇدرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، غەربىي تۈركنى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرگە ئېلىپ كىردى .

سۇي سۇلالىسى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسى بىلەن ھالاكەتكە يۈزلەندى . بۇ چاغدا تەييۈەننى مۇداپىئە قىلىۋاتقان گۇەنلۇڭ (گۇەنجۇ ـ لۇڭشى رايونى ) لۇق ئاقسۆڭەك لى يۈەن 617 ـ يىلى تەييۈەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ تەييۈەندىن ئۇدۇل چاڭئەنگە باستۇرۇپ كىردى . 618 ـ يىلى سۇي ياڭدى جياڭدۇدا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، لى يۈەن چاڭئەندە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتاپ ، تاڭ سۇلالىسىنى قۇردى ، يىلنامىنى ۋۇدى دەپ ئۆزگەرتتى .

تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇ پادىشاھى لى يۈەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە (618 — 626 ) تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ ئىشلىرىغا قارىغۇدەك مادارى يوق ئىدى . 626 ـ يىلى لى يۈەننىڭ ئىككىنچى ئوغلى لى شىمىن «شۈەن ۋۇمېن ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن پادىشاھ بولدى ، ئۇ تارىختا تاڭ تەيزۇڭ دەپ ئاتالدى ، يىلنامىسى جېنگۈەن دەپ ئاتالدى . تاڭ تەيزۇڭ يىراقنى كۆرىدىغان ، دانا ۋە ئىستېداتلىق پادىشاھ ئىدى . ئۇ ئىچكى سىياسەتنى ئىسلاھ قىلىش ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، زېمىن دائىرىسىنى پائال كېڭەيتىپ ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كىرىشتى . 630 ـ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقى يوقالدى . 657 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرگە قارىتا كەڭ كۆلەمدە جازا يۈرۈشى قوزغىدى . غەربىي تۈرك خانلىقى يوقىتىلىپ ، تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈردى .

640 ـ يىلى ، تاڭ سۇلالىسى قوچۇدىكى چۇ جەمەتى خانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تىنچىتقاندىن كېيىن ، غەربىي ئايماق بىلەن بېشبالىق ئايمىقىنى ئ
سىس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، غەربىي ئايماق (ھازىرقى تۇرپان
دا تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر بەگلىكلىرىنى ھەم كىنگىت
كۇسەن ، سۇلې ، ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردىكى تۇتۇق بەگ مەھكىمىل
ىرىنى باشقۇرىدىغان ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغان

ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىر
سى : «ئەنشىدىكى تۆت قورغان» ۋە پامىرنىڭ غەربىي ، پېرسىيىنىڭ
شەرقى ، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى 20 تۇتۇق مەھكىمىسىگە قا
راشلىق رايونلار ، يەنى پامىرنىڭ شەرقىدىكى كىنگىت ، كۇسەن
سۇلې ، كېرىيىدىن ئىبارەت تۆت تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە پامىرنى
غەربى ، پېرسىيىنىڭ شەرقى ، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى توخرى
قوم ، پېرسىيە قاتارلىق 16 تۇتۇق مەھكىمىسىدىن ئىبارەت ئىدى .①
مەكىت سۇلې تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ ، تاڭ سۇلالى
سىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەنىدى .

ھالبۇكى ، مەكىت رايونىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىد
بولۇشى قىسقا بىر مەزگىللىك بولۇپ ، تۈبۈتلەرنىڭ غەربىي يۇرتق
بېسىپ كىرىشى ، بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى .

1 . تۈبۈتلەر ۋە مەكىت

تۈبۈت خەنزۇچە 条拜提,退摆特,图伯特 دەپمۇ ئاتالغان
ئۇلار زاڭزۇ مىللىتىنىڭ ئەجدادى بولۇپ ، ئاساسەن چىڭخەي - شى
زاڭ ئېگىزلىكىگە ئورۇنلاشقان . تۈبۈتلەر گەنسۇ ، چىڭخەيدىن جەنۇب
كۆچكەن غەربىي چاڭلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان فاچاڭلار بىلەن يەر
لىك ئاھالىلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىسىدا تەرەققىي قىلىپ شەكىللەن
گەن . VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى لاڭرىلۇنزەن دۆلەت قۇرغان
629 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 3 - يىلى ) لاڭرىلۇنزەننىڭ 13 ياشلىق
ئوغلى چىسۇڭزەن (چىنۇڭزەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) زەنپۇ (خان ) لىق
تەختكە ئولتۇرغان . چىسۇڭزەن قورامىغا يەتمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن
ئۇ ئىنتايىن باتۇر ۋە دانالىق بىلەن شىزاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ

① «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1992 - يىل 7 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 164 — 165 - بەتلەر .

پايتەختتنى لوشې (ھازىرقى لاسا ) غا يۆتكىگەن . ئۇ پۇختا ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈم بەرپا قىلىپ ، خىل لەشكەرنى 400 مىڭغا يەتكۈزگەن . يېزىق ئىجاد قىلغان ، قانۇن تۈزۈپ چىققان . تاڭ سۇلالىسى مەلىكىسى ۋېنچېڭ بىلەن توي قىلىپ ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرغان . ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، كىشىلەر ئۇنىڭ تۆھپىسىنى تەرىپلەپ ئۇنى «گەنبۇ» ، يەنى پەزىلەتلىك خان دەپ ئاتىغان . سوڭزەن گەنبۇ دېگەن سۆز «سەلتەنەتلىك ـ پەزىلەتلىك» دېگەنلىك بولىدۇ .

650 ـ يىلى (تاڭ گاۋزۇ يۇڭخۇينىڭ 2 ـ يىلى ) سوڭزەن گەنبۇ ۋاپات بولغان . ئۇنىڭ ئوغلى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەچكە ، ئۇنىڭ نارەسىدە نەۋرىسى ماڭ سوڭماڭزەن خانلىق تەختىگە ئولتۇردى . شۇنىڭ بىلەن تۇبۇت خانلىقىنىڭ چوڭ ھوقۇقى ۋەزىر غالدۇڭزەن جەمەتىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن . ئۇلار تۇبۇت خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ دوستانە بىللە ياشاش مۇناسىۋىتىگە تامامەن ئاسىيلىق قىلىپ ، سوڭزەن گەنبۇنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ئىش قىلغان . 662 ـ يىلى (لۇڭسۇنىڭ 2 ـ يىلى ) تۇبۇتلار غەربىي تۈرك گۇڭيۆ قەبىلىسىنىڭ ۋە سۇلېنىڭ باشلىقلىرى بىلەن بىرلىشىپ ، ئۇدۇن رايونىغا ھۇجۇم قىلدى . 663 ـ يىلى تۇبۇتلار تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ ، چىڭخەينى ئىگىلەپ ، بۇ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جاينى كونترول قىلدى . ئۇزاق ئۆتمەيلا ، تۇبۇتلار يەنە ئالتۇنتېغىدىن ئۆتۈپ پىشامشان ۋە چۇرچان رايونلىرىنى بېسىۋالدى . 670 ـ يىلى تۇبۇتلارنىڭ غەربىي يۇرتتا ئىگىلىگەن ئايماقلىرى 18 گە يەتتى . ئۇدۇن تۇبۇتلارگە تەسلىم بولغان ۋە ئۇلار بىلەن بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللەپ ، كۇسەنگە ھۇجۇم قىلغان ئىدى . 675 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئۇدۇندا كىرىيە تۇتۇق مەھكىمىسى ، سۇلېدا سۇلې تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلدى . 679 ـ يىللىرىغا بارغاندا ، تۇبۇتلار ئاخىرى تۆت قورغاننى ئىشغال قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئەنشىدىكى بۇ تۆت قورغان تەۋەسىدىكى جايلار ، سۇلې قورغىنى تەۋەسىدىكى مەكمت قاتارلىق جايلار تۇبۇتلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن .

2 . ئورخۇن ئۇيغۇر (回纥 )خانلىقى ۋە مەكمت

ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادى 605 ـ يىلدىن 788 ـ

يىلىغىچە بولغان تارىخىي مەزگىلدە خەنزۇچە خۇيخې ( 回纥 ) ،
ئاتالغان . ئۇيغۇر دېگەن سۆز «بىرلەشمەك» ، «ئۇيۇشماق» ، «ئىت
پاقلاشماق» دېگەنلىك بولىدۇ . ئۇيغۇرلار دۆلەتمىزدىكى قەدىم
مىللەتلەرنىڭ بىرى ، بۇ مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى خەن سۇلا
سى دەۋرىدە ئۆتكەن دىڭلىڭلار ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋر
ئۆتكەن تېلېلارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان يۈەنخې قەبىلى
گىچە سۈرۈشكە بولىدۇ①. مىلادىيە V ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا
تېلېلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ لەشك
تۇتۇشىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە ، يۈەنخې قەبىلىسى پە
دىنېپەي ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىپ ، تېلېلار ئارىسىدا بىر قەدەر
كۈچلۈك قەبىلە بولۇپ تونۇلغان . VI ئەسىردە تۈركلەر زورايغاندىن
كېيىن ، تېلې قەبىلىلىرى تۈركلەرگە بويسۇنغان . 605 - يىلى (سۇي
سۇلالىسىنىڭ دايې 1 - يىلى ) غەربىي تۈرك قاغانى چۇلۇ قاغان تېلې
قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرنەچچە يۈز كىشىنى يىغىپ كېلىپ
«ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن»②. تېلېلار ئىچىدىكى ۋېيخېلار (ئەي-
نى زاماندا يۈەنخېلار دەپ ئاتالغان ) «بارغۇت ، توڭرا ، بايىرقۇ قەبىلە-
لىرى بىلەن بىرلىشىپ ، تۈركلەردىن يۈز ئۆرۈپ ، ئۆزىنى ئېركىن
دەپ ئاتىدى ، كېيىن يەنە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر (خۇيخې) دەپ
ئاتىغان»③. بۇ ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى زور ۋەقە ئىدى .

744 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقلى كۆل بويلا (گۇرباللا)
قارلۇق قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ ، بېشبالىقنىڭ يېنىدىكى باسمىل
قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ ، باسمىللارنىڭ قاغانى ئېلتېرىشنى ئۆلتۈ-
رۈپ ، ئۆزىنى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان دەپ جاكارلىغان ۋە ئورخۇن
دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئۆتۈكەن تېغى ئېتىكىدە بارگاھ تى-
كىپ ، ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان . تاڭ شۇەنزۇڭ بىلگەكۆل قاغانغا
سۈيىنگىل (رەھىمدىل) قاغان دەپ نام بەرگەن④.

① لىن گەن ، گاۋزىخۇ : «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 - يىل 12 - ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 7 — 8 - بەتلەر .

② «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى . تۈركلەر ، تېلېلار تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2002 - يىل 12 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 570 - بەت .

③ «كونا تاڭنامە» ، 195 - جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 5195 — 5196 - بەتلەر (ئەخمەت سۇلايمان قۇتلۇق «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2005 - يىل 11 - ئاي نەشرى ، 66 - بەتتىكى نەقىل ) .

④ لىن گەن ، گاۋزىخۇ : «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 - يىل 12 - ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 21 - ، 22 - بەتلەر .

ئۇيغۇر خانلىقى تۈمەت قاغاندىن تارتىپ قوغۇشات قاغاندا خانلىق يوقالغانغا قەدەر ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 200 يىل دەۋران سۈرگەن .

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى ھەققىدە خەنزۇچە كلاسسىك تارىخنامىلەردىن «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە : «زېمىنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ ، شەرقتە شىرۋېيلار ( 室韦 ) دىن غەربتە ئالتۇنتاغقىچە يېتىپ باراتتى ، جەنۇبتا چوڭ چۆللۈكنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، قەدىمكى ھونلارنىڭ بارلىق زېمىنلىرىنى ئىگىلەگەنىدى» دېيىلگەن ، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە : «ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ ، شەرقتە شىرۋېيلاردىن غەربتە ئالتۇنتاغقىچە يېتىپ بارىدۇ ، جەنۇبتا چوڭ چۆللۈكتىن ھالقىغان بولۇپ ، تۈركلەرنىڭ ئەسلىدىكى بارلىق زېمىنلىرىنى ئىگىلىگەن» دېيىلگەن . لېكىن ، بەزى تەتقىقاتچىلار تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنى خانلىققا قارام بولغان قەبىلىلەر (يەنى غەربتىن شەرققە قاراپ قارلۇق ، قىرغىز ، شاداپىت ، بارغۇت ، بايىرقۇ ، شىرۋېي ، قۇمۇق ، قىتان قاتارلىقلار ) نىڭ زېمىنلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا شەرقتە ھىنگان تاغلىرىغا يېتىپ بارغان ، غەربتە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ، جەنۇبتا ئوردۇس ( 河套 ) نى كونترول قىلغان ، شىمالدا بايقال كۆلىگە يېتىپ بارغان بولۇپ ، خانلىقنىڭ ھەربىي كۈچى ئەڭ كۈچەيگەن چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ يېتىپ بارغان» ، «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەسىر كۈچى شىنجاڭدىكى بېشبالىق ، قوچۇ ، كۇسەن ، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسسىقكۆل رايونلىرىغىچە يەتكەن» ، «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلدە بېشبالىق ، قوچۇ ، ئاگنى ، كۇسەن قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپلا قالماستىن ، بەرخان (ئاقسۇ ) ، يەركەن ، ئۇدۇن ، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى ، يەنە پەرغانە ۋە سۇيئاب قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن . غەربىي يۇرتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن» دەپ قاراشماقتا . فرانسىيىلىك ج . ر . خامىلتون ئۆز ئەسىرىدە : «قۇتلۇق بىلگەكۆل قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىق زېمىنى شەرقتە مانجۇرىيىدىن باشلىنىپ غەربتە ئالتاي تېغى ۋە تەڭرىتېغىدىكى قارلۇقلار رايونىغا يېتىپ باراتتى» دېگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز قولى

ئۇيغۇر كىتابلىرى كۇتۇپخانىسى www.uyghurkitap.com



بىلەن پۈتۈلگەن مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرىدىن تەخمىنەن 753. يىلى (يىلان يىلى ) دىن سەل كېيىنرەك تىكلەنگەن «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا بولسا ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان تىلىدىن ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونى ۋە زېمىن دائىرىسىنىڭ ئەھۋالى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ سۈرەتلەپ بېرىل- گەن بولۇپ، ئۇنىڭدا : «مەن تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان بىلەن تەڭرىدىن بولغان ئەل بىلگە قاتۇن قاغان ۋە قاتۇن ئاتاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، شۇ چاغدا ئۆتۈكەننىڭ غەربىي چېتىدە ، تەز دەرياسىنىڭ بېشىدا بارگاھ قۇرغۇزدۇم . شۇ يەردە يولۋاس يىلى ۋە يىلان يىلى ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدۇم . ئەجدىھا يىلى ئۆتۈكەن ئوتتۇرىسىدىكى سۈڭۈر - باسقان مۇقەددەس چوققىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە يايلىدىم ، شۇ يەردە بارگاھ قۇرغۇزدۇم ، سېپىل سوقتۇر- دۇم ، مىڭ يىللىق ، تۈمەن كۈنلۈك پۈتۈكۈمنى ، تامغامنى شۇ يەردە سىلىق تاشقا ئويدۇردۇم ، يوغان تاشقا ئورناتقۇزدۇم ، يۇقىرىدا كۆك تەڭرىنىڭ بۇيرۇشى ، تۆۋەندە قوڭۇر يەرنىڭ بېقىشى بىلەن ئېلىمنى قۇردۇم ، تۈزۈملىرىمنى تىكلىدىم . ئالدىمدا كۈنچىقىشتىكى خەلقلەر ، ئارقامدا ئايچىقىشتىكى خەلقلەر ، دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭىدىكى خەلقلەر (ئۆزلىرىنىڭ ) كۈچلىرىنى ماڭا بېرۇر... سەككىز دەريا ئارىلىقىدا چارۋام ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىم بار . سېلىنگا ، ئورخۇن ، تۇغلا سەككىز دەريا مېنى سۆيۈندۇردى . مەن قارغا ۋە بۇرغۇ دەريا بويلىرىدىكى ئاشۇ يەرلەردە تۇرىمەن ، ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىدا كۆچىمەن ، يايلىقىم ئۆتۈكەننىڭ غەربىي ئۇچىدا ، تەز دەرياسىنىڭ بېشىنىڭ شەرقىدە ، مەن شۇ يەردە تۇرارمەن ، كۆچەرمەن... مېنىڭ خاھىشىم بويىچە ئۇنىڭغا ئۆتۈكەندىن ئاتلاندى . ‹قوشۇن تارت ، خەلقنى يىغ › (دېدىم )... جەنۇبىي چېگرانى ، ئالتۇنتاغدىكى غەربىي چېگرانى ، كۆگمەندىكى شى- مالىي چېگرانى قوغدا... » دېگەن خاتىرىلەر بار . يۇقىرىدىكى قەدىمكى خەنزۇچە خاتىرىلەردە بولسۇن ياكى مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەردە بولسۇن ھەممىسىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى ھەم ئوغلى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (مويۇن- چۇر ) تەرىپىدىن قايتا تەشكىل قىلىنغان دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىكى

ھۆكۈمرانلىق رايونلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن . «يېڭى تاڭنامە» بىد-
لەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى
خاتىرىلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ 5 ـ يىلىدىكى (مىلادىيە 745ـ
يىلى ) مەلۇماتلاردۇر . «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» دىكى خاتىرىلەر بولسا
ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان يېڭىدىن تەختكە چىققان يىللارغا ، كېيىن
بولغاندىمۇ مىلادىيە 753 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ . «ئۇنىڭ ئۇستىگە
يۇقىرىقى مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن زېمىن دائىرىسى ئورخۇن ئۇيغۇر
قاغانلىقىنىڭ پايتەختىنى مەركەز قىلغان نىسبەتەن مەركەزلەشكەن
رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ»...

ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۇ تاشلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ، ئەرەب ـ
پارس مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ۋە كونا ، يېڭى تاڭنامىلەردىكى خاتى-
رىلەرگە ئاساسلانغاندا ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى كۆچىيىپ ، شىمالىي
ئاسىيا يايلاق رايونىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ قالغان . 8 ـ
ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 9 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە-
چە بولغان تارىخىي جەرياندا ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى پۈتكۈل
چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماس-
تىن ، يەنە گەنسۇ يايلاقلىرى ، جەنۇبىي سىبىرىيە ، جۇڭغارىيە ۋادى-
سى ، تارىم ۋادىسى ، شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى ئېرتىش دەرياسى ، يەتتە سۇ ۋادىسى ، چۇ دەرياسى ، ئىسسىقكۆل
ۋادىلىرىغىچە يېتىپ بارغان[1] . 839 ـ يىلى ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
ۋەزىرى ئىنەيۇنكۈل بىلەن شاھزادەسايىغا پادشاھلىق تەختىنى تارتىۋې-
لىش قەستىدە بولغاندا ، ئىناۋەتمەن قاغان قوت تېكىن تەرىپىدىن
سېزىلىپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلگەن . شاھزادە سايىغا بىلەن يېقىن ئۆتكەن
مۇئاۋىن ۋەزىر قارا قوۋۇ قوشۇن باشلاپ سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى .
ئۇ ئىناۋەتمەن قاغاننىڭ ئىنەيۇن كۈل بىلەن سايىغانى ئۆلتۈرگەنلىكى-
دىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، دەرھال ئات سوۋغا قىلىش ئارقىلىق
ساتار (شاداپىت ) لاردىن قوشۇن ئارىيەت ئېلىپ ، ئىناۋەتمەن قاغانغا
بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلغان . ئىناۋەتمەن قاغان ئورۇشتا مەغلۇپ بولۇپ

[1] ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق : «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2005 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى ، 142 — 145 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان . قارا قوۋۇ شاھزادە قوۋۇ تېكىننى قوشۇۋشا
قاغان قىلىپ تىكلىگەن . شۇ يىلى ئۇيغۇرلار رايونىدا ۋابا كېسىل
تارقالغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتتىق جۇدۇن بولۇپ ، ئات - ئۇلاغلا
كۆپلەپ قىرىلىپ كەتكەن . ئادەم ۋە چارۋا - ماللارغا كەلگەن ب
ئاپەتتە پۇقرالار تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كەتكەن ، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇ
خانلىقىنىڭ دۆلەت كۈچى جىددىي تۈردە زەئىپلەشكەن . 840 - يىلى
(كەيچېڭنىڭ 5 - يىلى ) ئۇيغۇر سانغۇنى كۈلۈگ باغا قارا قوۋۇدىن
قاتتىق رەنجىپ ، خاككاسلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن .

خاككاسلار قاغانى ئارىز 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن
ئۇيغۇرلارنىڭ بارگاھىغا ھۇجۇم قىلغان . ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بارگاھى
قارا بالغاسۇن ئىشغال قىلىنىپ ، ئۇلارنىڭ قاغانى قوۋۇشات ھەم
قاراقوۋۇ ئۆلتۈرۈلگەن ، ئۇلارنىڭ قوشۇنى ۋە پۇقرالىرى ۋەيران بو-
لۇپ ، ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغان . بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلە-
رى ئومۇمىيۈزلۈك كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان . ئۇيغۇرلار ئومۇمىيۈز-
لۈك كۆچۈشتە ، بىر بۆلىكى جەنۇبقا ، بىر بۆلىكى غەربكە كۆچكەن .

غەربكە كۆچكەنلىرى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن : بىر بۆلىكى خېشى
كارىدورىغا كېلىپ ، ۋۇ زېتيەن دەۋرىدە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ
خېشى كارىدورىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە قوشۇ-
لۇپ كەتكەن . بۇ بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار خېشى كارىدورىغا كەلگەندىن
كېيىن ، گەنجۇ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ جاڭيې شەھىرى ) دا بارگاھ
قۇرغان ، شۇڭا ئۇلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ياكى خېشى ئۇيغۇرلىرى دەپ
ئاتالغان . گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دەسلەپكى مەزگىلدە تۇبۇتلەرگە بېقىنغا
نىدى . 848 - يىلى (تاڭ شۈەنزۇڭ داجۇڭنىڭ 2 - يىلى ) خېشى
رايونىنىڭ يەرلىك ئاقساقىلى شاجۇ (گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ ) لۇق جاڭ
يىچاۋ قوشۇن تويلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، تۇبۇتلەرنى قوغلاپ چىقار
غاندىن كېيىن ، ھازىرقى شىنجاڭ ، گەنسۇ ، چىڭخەي قاتارلىق ئۇ
ئۆلكە (رايون ) دىكى شاجۇ ، يىجۇ ، گۇاجۇ ، شىجۇ ، گەنجۇ ، سۇجۇ
لەنجۇ ، مىنجۇ ، كوجۇ قاتارلىق 11 ئايماقنى ئىشغال قىلغان ، خېشى
ئۇيغۇرلىرى يەنە جاڭ يىچاۋنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بېقىنغان . كېيىنكى
يىللاردا خېشى ئۇيغۇرلىرى سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ ، پۇقرالىرىنى

يىغىپ كۆچ توپلاپ ، پەيدىنپەي قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان . 872 ـ يىلى (شيەنتوڭنىڭ 2 ـ يىلى ) خېشى ئۇيغۇرلىرى گەنجۇنى ئىشغال قىلىپ ، ئۆز ئالدىغا خان تىكلەپ ، X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە دەۋران سۈرگەن . بۇ چاغلاردا تۇبۇتلەرنىڭ كۈچى زەئىپلىشىپ كەتكەنىدى ، ئۇيغۇرلار شۇ چاغدا خېشى رايونى بويىچە ئەڭ كۈچلۈك ئىدى . ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى شەرقتە لىڭجۇ (ھازىرقى نىڭشيادىكى لىڭۋۇ ) دىن تارتىپ غەربتە دۇنخۇاڭ ، يۈمېن ، ئەنشىگىچە بولغان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى رايون ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكەللىرىنى كونترول قىلدۇرالغانىدى . XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ، خېشى ئۇيغۇرلىرى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان . 1227 ـ يىلى موڭغۇللار تاڭغۇتلارنى يوقاتقاندىن كېيىن ، خېشى ئۇيغۇرلىرى يەنە موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان ، خېشى ئۇيغۇرلىرى بۇ جايدا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ، كۆپىيىپ روناق تاپقان ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى يۇگۇ مىللىتى ئەنە شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر .

يەنە بىر بۆلەك ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بارىكۆل يايلىقى ئارقىلىق تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغا كېلىپ جايلىشىپ ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . بۇ مەزگىلدە بېشبالىق ، غەربىي ئايماق تۇبۇتلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ ، ئۇيغۇرلار بۇ رايونغا كىرەلمىگەن . كېيىنكى مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى بۆكۈتېكىن بېشبالىقتا تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ ، ئاندىن يەنە غەربىي ئايماق (يەنى قوچۇ ، ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىقى ) ، ئۇرۇمتاي (ھازىرقى مىچۈەن ناھىيىسى تەۋەسىدە ) قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان . بۇ بىر بۆلەك ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كۈرەش قىلىش داۋامىدا كۈنسايىن قۇدرەت تېپىپ ، ئاخىرى غەربىي ئايماق (قوچۇ ) نى مەركەز قىلغان ھالدا قوچۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى قۇرغان . ئۇلار تارىختا غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى (شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ) ياكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان . غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن تېزلا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە مۇقىم ئولتۇراقلىششقا ئۆزگەرگەن . بۇنىڭ بىلەن ئۇلار-

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نىڭ كۆچى تېخىمۇ زورايغان . قوچۇ خانلىقىنىڭ زېمىنى شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە ئاقسۇ ، شىمالدا ئىلى دەرياسىدىن جەنۇبتا تۇبۇتكىچە (هازىرقى خوتەن بىلەن دۇنخۇاڭنىڭ ئارىلىقى ) بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، بۇ خانلىق تۇرپان ، تارىم ۋە جۇڭغارىيىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئويمانلىقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن هاكىمىيەت بولۇپ قالغان . غەربىي ئايماق ئۇيغۇر هاكىمىيىتى تاكى يۈەن سۇلالى-سىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان . ئۇيغۇر مىللىتى شۇ يەردىكى هەر مىللەت خەلقى بىلەن بىللە ياشاپ ، بىللە ئەمگەك قىلىپ كۆپىيىپ ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ، پەيدىنپەي سىڭى-شىش ئارقىلىق راۋاجلىنىپ ، هازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىگە ئايلانغان .

غەربكە كۆچكەن ئۈچىنچى بۆلەك ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغا كىرىپ ، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى بۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەن قارلۇق قەبىلىسىگە قوشۇلغان . ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى پامىرنىڭ غەربىدە بولغاچقا ، ئۇلار تارىختا غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان① . بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار قۇدرەتلىك قاراخانىيلار خانىدانلىقىنى قۇرغان② . بۇ خانلىق دەسلەپ بالاساغۇن (هازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى چۇ دەرياسى باشلىنىدىغان يەرنىڭ غەر-بىي جەنۇبى ) نى ، كېيىن قەشقەرنى پايتەخت قىلغان . بۇ خانلىق كۈچەيگەن مەزگىللەردە ، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى زېمىن : شەرقىي جە-نۇبتا هازىرقى شىنجاڭنىڭ چاقىلىق ناهىيىسىگە يەتكەن ، شەرقتە ئاقسۇ شەھىرى بىلەن باي ناهىيىسىنىڭ ئارىلىقىغىچە بولغان قاقاس تاغ ، چۆللۈكلەرنى چېگرا قىلغان ، شەرقىي شىمالدا ئالتاي تېغىدىن تاكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ، ئەمما قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن تۇتاشقان چېگراسى ئېنىق ئەمەس . شىمالدا بالقاش كۆلى ئەتراپلىرىغىچە يەتكەن ، غەربىي شىمالدا ئارال دېڭىزىغىچە بولۇپ ، ئامۇ دەرياسى ۋە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى-دىكى خارەزمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . غەرب ۋە غەربىي جەنۇبتا ئامۇ

---

① ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى هەققىدىكى مەلۇماتلار ئۈچۈن قاراڭ : «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1992 - يىل 7 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 229 — 232 - بەتلەر .

② ۋېي لياڭتاۋ : «قاراخانىيلار خانلىقى تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى ، 27 — 30 - بەتلەر .

دەرياسىنى پاسىل قىلىپ ، غەزنەۋىلەر خانىدانلىقىنىڭ خوراسان رايو-نىغا يېقىنلاشقان ، جەنۇبتا پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىغىچە بولۇپ ، پامىر ئېگىزلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان[①] .

**5 . سۇڭ ، يۈەن ، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مەكىت**

840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ ، پان تېكىن ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ غەربكە قاراپ كۆچۈپ ، غەربىي يۇرتقا كىر-گەندىن تارتىپ 1678 ـ يىلى يەكەن خانلىقى يىمىرىلگەنگە قەدەر 800 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى .

بۇ ۋاقىت ئىچىدە ، غەربىي يۇرتتا غەربىي ئايماق ئۇيغۇر ھاكىمى-يىتى ، قاراخانىيلار خانىدانلىقى ، ئۇدۇن پادشاھلىقى ، قارا قىتان (غەربىي لياۋ ) ، يۈەن سۇلالىسى ، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى ۋە يەكەن خانلىقى قاتارلىقلار بارلىققا كەل-دى . ئۇلار ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ تارىخ سەھىپىلىرىنى يېزىپ قال-دۇردى ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى ، مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوشۇلۇشىنى تېزلەت-تى . ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەت-نى داۋاملىق ساقلاپ كەلدى ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنى-يىتىنى بىرلىكتە ياراتتى ۋە بېيىتتى .

1 . قاراخانىيلار خانلىقى ۋە مەكىت

قاراخانىيلار خانلىقى تەخمىنەن IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى مىلا-دىيە 850 ـ يىللار قۇرۇلۇپ ، X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېتىلگەن ، XIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى (مىلادىيە 1221 ـ يىل-لار ) غا كەلگەندە مۇنقەرز بولغان . ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى ئاھالىلەر ئاساسەن قارلۇق ، تۈركەش ، ياغما ، چىگىل ، ئۇيغۇر ، سوغدى قاتار-لىقلاردىن ئىبارەت ئىدى . ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى غەربتە قاراقۇم چۆل-لۈكىدىن شەرقتە لوپنۇر كۆلىگىچە ؛ شىمالدا بالقاش كۆلىدىن جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىغىچە يېتىپ باراتتى . خانلىقنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى

---

① ۋېي لياڭتاۋ : «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 93 — 101 ـ بەتلەر ؛ لىن گەن ، گاۋزىخۇ : «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 196 — 197 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھۆكۈمرانلىق مەركىزى چۇ دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى بالاساغۇن (ھازىرقى ئىسسىقكۆلنىڭ غەربى ) دا ئىدى . كېيىن قەشقەرگە كۆچۈرۈلدى .

840 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ، غەربكە كۆچكەن بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ ، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقىغا كىرىپ قارلۇقلار تەرەپكە باردى . IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ، بۇ ئۇيغۇرلار قارلۇق خانلىقى ئاساسىدا قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇردى .

قاراخانىيلار خانلىقى خانلىقنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ ، خاننىڭ چوڭ ئوغلى بىلەن كىچىك ئوغلى بۆلۈپ سورىدى . چوڭى چوڭ خاقان بولۇپ ، ئارسلانخان (شىرخان ) دەپ ئاتالدى ، ئۇ خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي باشلىقى بولۇپ ، بالاساغۇندا تۇردى ؛ كىچىكى ئورۇنباسار خاقان بولۇپ ، بۇغراخان دەپ ئاتالدى ، ئۇ دەسلەپ تالاستا تۇردى ، كېيىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلدى .

يازما ھۆججەتلەردە بايان قىلىنىشىچە ، قاراخانىيلار خانلىقىغا ئاساس سالغۇچى بىلگە قادىرخان ئىكەن ، بىلگە قادىرخان ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ زېمىننى تەڭ بۆلۈشۇۋالغان . چوڭ ئوغلى بازىر ئۆزىنى ئارسلانخان (شىرخان ) دەپ ئاتاپ ، بالاساغۇندا تۇرۇپ ، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسىم رايوننى سورىغان ؛ ئىككىنچى ئوغلى ئوغۇلچاق ئۆزىنى بۇغراخان دەپ ئاتاپ ، تالاستا تۇرۇپ ، خانلىقنىڭ غەربىي قىسىم رايوننى سورىغان . ئوغۇلچاق سامانىيلار خانلىقى بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلغان . 893 - يىلى سامانىيلار خانلىقى تالاسنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ، ئوغۇلچاق قەشقەرگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان .

ئوغۇلچاق ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، جىيەنى ساتۇق تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۆزىنى بۇغراخان دەپ ئاتىغان . ساتۇق بۇغراخاننىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ئىش شۇ بولدىكى ، ئۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سىياسىي پائالىيىتىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇردى . ساتۇق خان دەۋرىدە قاراخانىيلار خانلىقى پەيدىنپەي قۇدرەت تېپىپ ، سامانىيلار خانلىقى بېسىۋالغان تالاسنى قايتۇرۇۋالدى ۋە 944 - يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان بالاساغۇندىكى چوڭ

خانغا قارشى كەسكىن جەڭ قىلىپ ، بالاساغۇننى ئىشغال قىلىپ ، قاراخانىيلار خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە قەشقەرنى پايتەخت قىلدى .

955 ـ يىلى ساتۇق ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۆزىنى ئارسلانخان دەپ ئاتاپ ، قەشقەردە تۇردى ، ئىككىنچى ئوغلى سۇلايمان بالاساغۇندا تۇردى .

مۇسا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ، بۇددىزمنىڭ مەركىزى بولغان ئۇدۇننى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن دىنىي ئۇرۇش قوزغىدى . مۇسا 977 ـ يىلى باشلىغان ئۇدۇنغا قارشى دىنىي ئۇرۇشنى 1001 ـ يىلى يۈسۈپ قادىرخان ئاياغلاشتۇردى . بۇ ئۇرۇش ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلدى . ئىستېلا قىلىنغان ئۇدۇن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى .

1041 ـ يىلى قاراخانىيلار خانلىقى ئامۇ دەرياسى رايونىنىڭ ھۆكۈمرانى بۆرتېكىن بىلەن ئىبراھىم شەرق قىسىم چوڭ خانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولدى ۋە ئۆزىنى «تابغاچ» خان دەپ ئاتىدى . بىرلىككە كېلىپ بولغان خانلىق شۇنىڭدىن باشلاپ يەنە شەرقىي خانلىق بىلەن غەربىي خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتتى . شەرقىي خانلىقنى ھەسەن جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى سورىدى ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى تالاس ، ئىسپىجاپ ، تاش قەلئە (ھازىرقى تاشكەنت) ، پەرغانىنىڭ شەرقىي قىسمى ، يەتتىسۇ ۋادىلىرى ۋە قەشقەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . غەربىي خانلىقنى ئەلى جەمەتى ئەۋلادلىرى سورىدى ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئامۇ دەرياسى رايونى ۋە پەرغانىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى ، بۇخارا پايتەخت بولدى .

مەكتت ئەينى دەۋردە قەشقەرنى پايتەخت قىلغان شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىگە قاراشلىق جاي بولدى . بۇ دەۋردە مەكتتنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى قاتارلىقلاردا ناھايىتى زور بۇرۇلۇش يۈز بەردى .

بىرىنچى ، تارىخىي جەھەتتىن ، قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلار قاراخانىي-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



لار خانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولۇپ ، ئەسلىدىكى تارقاق ھالە
تىن بىرلىككە كېلىش ، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىش ھالىتى
ئۆتتى . تەكلىماكان بويىدىكى مەكىت قاتارلىق بوستانلىقلار قاراخانىي
لارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى — قەشقەرگە بىۋاستە قارايدىغان مۇھىم
جايلارغا ئايلاندى . ئەڭ مۇھىمى بۇ چاغدا پۈتكۈل تارىم ۋادىسى مىللىي
تەركىب جەھەتتىن بىرلىككە كېلىپ ، ئۇيغۇرلار بۇ جايدىكى ئاساسلىق
مىللەتكە ئايلاندى .

ئىككىنچى ، ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىن ، قاراخانىيلار خانلىقى
قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۇيغۇرلار مۇنتىزىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆ-
تۈپ ، خاندانلىقنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشى كۆچمەن چارۋىچىلىق ،
ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ، سودا ۋە شەھەرلەشكەن مۇنتىزىم قول
ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئىبارەت تۆرلۈك شەكىلگە ، ئۆ-
زىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ، ئۇنىۋېرسال ماددىي ئىشلەپچى-
قىرىش شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ ، خانلىق تەۋەسىدىكى
ھەرقايسى بوستانلىق ، يۇرتلار ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۆز جا-
يىغا ماس كەلگەن ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى يولغا قويۇپ ،
ئۆزىگە خاس ماددىي تۇرمۇش شەكلىنى بەلگىلىگەنىدى . مۇشۇ قاتاردا
دولان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاياغ ئېقىنىغا جايلاشقان مەكىت قاتار-
لىق جايلار ئۆزىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلگەن ماددىي
ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرىنى — يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە
يېرىم ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى بىللە ئېلىپ
بارىدىغان ، كۈندىلىك تۇرمۇشىدا چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن
دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى بىرگە ئىستېمال قىلىدىغان ھالەت بار-
لىققا كەلگەنىدى .

ئۈچىنچى ، قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىلا
ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئىسلام دىنى خانلىقنىڭ
دۆلەت دىنىغا ئايلانغانىدى . تارىم بوستانلىقىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈ-
لۈشى ، خانلىقنىڭ ئىسلام دىنىنى زور كۈچ بىلەن تارقىتىشى ئارقى-
سىدا مەكىت قاتارلىق جايلاردىكى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى
دىنىي ئېتىقادلىرىنى ئۆزگەرتىپ ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى .

ئەمما مەكىت رايونىدىكى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئىسلام دىنىدىن ئاۋۋالقى قەدىمكى دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى داۋاملىق ساقلاندى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ـ ئەھكاملىرىغا سىڭىپ كەتتى.

تۆتىنچى، تىل ـ يېزىق جەھەتتە، قاراخانىيلار قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىن باشلاپلا خانلىق تەۋەسىدە ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تىلى فونېتىكا، گراماتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتلەردە ئورخۇن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، يەنە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئىگە بولغاندى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب، پارس تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەرەب، پارسچە سۆزلەر ئۇيغۇر تىل تەركىبىگە قوشۇلۇشقا باشلىدى. بىراق، مەكىت رايونى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى بويىچە سىرتنىڭ تەسىرىگە ئاز ئۇچرىغان بولغاچقا، چەت تىلنىڭ تىل تەركىبلىرىنىڭ بۇ جايدىكى خەلقنىڭ تىلىغا بولغان تەسىرى ئانچە چوڭ بولمىغاندى. شۇڭا ھازىر مەكىتتىكى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تىلىدا — مەكىت (دولان) شېۋىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تىل ئېلېمېنتلىرى خېلى كۆپ ھالدا ئەسلىدىكى ھالەتنى ساقلاپ قالغاندى[①]. مۇشۇ مەزگىلدە خانلىق تەۋەسىدە ئىككى خىل يېزىق ئىشلىتىلگەنىدى. بىر خىلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى؛ يەنە بىر خىلى ئەرەب يېزىقى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ئەرەب يېزىقى بىلەن ئىپادىلەنگەنىدى[②].

مەشھۇر «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقى ئىككى خىل يېزىقتا كۆچۈرۈلگەن. 1907 ـ يىلى، فرانسىيە ئالىمى پېللىئوت ھازىرقى شىنجاڭنىڭ يەكەن ناھىيىسىدىن قاراخانىيلار خانىدانلىقى مەزگىلىدىكى بىرقانچە ھۆججەتنى تاپقان، ئۇنىڭ ۋاقتى مىلادىيە 1096 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. ھۆججەتتە ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىمزاسى بولۇپ، بەزىلىرى ئەرەب يېزىقىدا، بەزىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىدى[③]. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان

---

① كۇرەش تاھىر، ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت (دولان) شېۋىسى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006 ـ يىل 2 ـ سان.

② لىن گەن، گاۋزىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 237 ـ، 238 ـ بەتلەر.

③ گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى، 44 ـ بەت.

«ئاتالمىش يەكەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار» ئەمەلىيەتتە هازىرقى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قىزىلئاۋات يېزىسى قىزىلچى كەنتىدىن تېپىلغان بولۇپ، ئەينى دەۋرلەردە بۇ جاي يەكەنگە تەۋە زېمىن بولغاچقا، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇ جايدىن تېپىلغان يازما ماتېرىياللارنى شۇ نام بىلەن ئاتاشقانىدى①.

بەشىنچى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلارنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر قايسى بوستانلىقلار ۋە شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۈچەيدى. دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى، ھەرقايسى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن سودىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھەر قايسى شەھەرلەر ۋە بوستانلىقلارنىڭ ئۆزگىچە خاس بولغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى تەرەققىي قىلىپ، سودىنىڭ تېخىمۇ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ مەزگىلدە شىمالدا بارچۇق، غەربتە قەشقەر، جەنۇبتا يەكەندىن ئىبارەت ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سودا تەرەققىي قىلغان شەھەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان مەكىت رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ ياخشىلىنىپ، ئۆزگىچە خاس سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى بارلىققا كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى.

ھالبۇكى، 1089 - يىلى سالجۇقىيلار خانلىقى بۇخارانى بېسىۋالدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي خانلىق سىياسىي جەھەتتە سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالدى. 1128 - يىلى يوللىغ تاشىن قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدا شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خاقانى ئەھمەدنى مەغلۇپ قىلدى. قەشقەر قاتارلىق جايلار قاراقىتانلارغا تەۋە بولدى. 1137 - يىلى قاراقىتانلار خوجەند (ھازىرقى تاجىكىستاندىكى خوجەند) دە غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلدى، ئەسلىدىكى قاراخانىيلار خانلىقىغا تەۋە تېررىتورىيىمۇ قاراقىتانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

قاراقىتان خانلىقى — لياۋ سۇلالىسى (907 — 1125) گۇمران

---

① لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى، 1995 - يىل 12 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 474 -، 475 - بەتلەر؛ نيۇ رۇجى: «ئالتاي مەدەنىيىتى ۋە غەربىي يۇرت»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 - يىل 10 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 182 -، 183 - بەتلەر.

بولۇش هارپىسىدا ، قىتان ئاقسۆڭەكلىرىدىن يوللىغ تاشىن ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ بېرىپ ، ئېمىل دەرياسى ۋە بالاساغۇندا قورغان هاكىمىيەت . قىتانلار شەرقىي غۇز ، سىيانپىي يۇۋېن قەبىلىلىرىنىڭ بىر تارمىقى . تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ، قىتانلارنىڭ ئاقساقىلى يوللىغ ئاباگى قىتان قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، كۈندىن ـ كۈنگە قۇدرەت تېپىپ ، 907 ـ يىلى خانلىق تەختىگە چىقتى . 916 ـ يىلى ئۇ ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى ، يىلنامىنى شېنشې ، دۆلەت نامىنى قىتان دەپ ئاتىدى . 947 ـ يىلى دۆلەت نامىنى بۈيۈك لياۋغا ئۆزگەرتتى ؛ 983 ـ يىلى يەنە بۈيۈك قىتانغا ئۆزگەرتتى ؛ 1066 ـ يىلى يەنە بۈيۈك لياۋ دېگەن نامنى ئەسلىگە كەلتۈردى .

پادىشاھ تيەنزۇ دەۋرىدە ، خېيلۇڭجياڭ ۋە سۇڭخۇاجياڭ دەريالىرى ئەتراپىدىكى جۇرجىتلار كۈنسېرى قۇدرەت تاپتى . 1122 ـ يىلى قەبىلە باشلىقى ئاگۇدانىڭ قوماندانلىقىدا ئۇزلۇكسىز جەنۇبقا سۈرۈلۈپ ، قىتانلارغا هۇجۇم قىلدى . 1123 ـ يىلى قىتانلارنىڭ پايتەختى نەنجىڭ (يەنجىڭ ) نى بېسىۋالدى . 1124 ـ يىلى يوللىغ تاشىن قىتان قوشۇننى باشلاپ غەربكە كەتتى .

1128 ـ يىلى قاراقىتان قوشۇنلىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسى ئارقىلىق تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ ، توپتوغرا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى جايلارغا كىردى . قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى قاغانى ئەهمەد قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قوشۇنىغا ئۆزى باشچىلىق قىلىپ ، قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدا قاراقىتان قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلدى . قاراقىتان قوشۇنلىرى قاراخانىيلار خانلىقى قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى . ئەهمەد جەڭدە قازا تاپتى . قاراقىتان قوشۇنلىرى ئارقىدىنلا يەنە يەكەن ، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنى هۇجۇم بىلەن بېسىۋالدى .

1132 ـ يىلى يوللىغ تاشىن ماۋرائۇننەهر رايونىدىكى كىرمان شەھىرىدە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ ، گورخان دەپ ئاتىدى ، ئۇزاق ئۆتمەيلا تيەنيۇخان (تەڭرى ساقلىغان خان مەنىسىدە ) غا ، يىلنامىسىنى يەنچىڭغا ئۆزگەرتتى . ئۆز بوۋىسىنى تۈنجى ۋارىس پادىشاھ ، مومىسىنى ئادالەتچى خانىش دەپ ئاتىدى . يوللىغ تاشىن بەرپا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلغان بۇ ھاكىمىيەت تارىختا «غەربىي لياۋ» ياكى «قاراقىتان خانلىقى» دەپ ئاتالدى .

قاراقىتاننىڭ چېگراسى شىمالدا بالقاش كۆلىنىڭ شىمالىدىكى باقتى تاغلىرىغىچە ، غەربتە خارەزىمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئارال دېڭىزىغىچە ؛ شەرقتە بېشبالىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىچە ، شەرقىي جەنۇبتا خوتەنگىچە ، غەربىي جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىغىچە يېتىپ باردى .

ئەينى زاماندا قۇدرەت تاپقان موڭغۇللارنىڭ سەركەردىسى تېمۇرچىن موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش داۋامىدا 1204 - يىلى نايمان قەبىلىسىنى يوقىتىپ ، قەبىلە باشلىقى تايانخاننى ئۆلتۈردى . تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك قاراقىتانلار تەرەپكە قېچىپ باردى . 1211 - يىلى كۈچلۈك جى گۇلۇنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋالدى . مەكىت ئاۋۋال قاراقىتان خانلىقىنىڭ ، كېيىن نايمان شاھزادىسى كۈچلۈكنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى .

2 . موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەكىت

XII ئەسىردە ، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ئونان دەرياسى بىلەن كىرولىن دەرياسى ئارىلىقىغا جايلاشقان موڭغۇل قەبىلىلىرى قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان . بۆرە تېكىن قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكى تېمۇرچىن ئەينى زاماندىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىشىش ئىستىكىدىن ئىبارەت تارىخىي يۈزلىنىشكە ماسلىشىپ ، باشقا قەبىلىلەرنى يۇتۇۋېلىش يولىدا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ ، بىر - بىرلەپ يوقىتىش سىياستى ئارقىلىق ئاۋۋال كۈچلۈكرەك بولغان كېرەي قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئونخان ۋە جاتالان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى جامۇقە بىلەن بىرلىشىپ ، تاتار ، مېركىت ، تايجىئۇت قاتارلىق قەبىلىلەرنى مەغلۇپ قىلدى . 1201 - يىلى تېمۇرچىن يەنە ئونخان بىلەن بىرلىشىپ ، جامۇقەنى مەغلۇپ قىلدى . 1202 - يىلى ئونخاننىڭ كۈچلىرىنىمۇ يوقاتتى . 1204 - يىلى قۇدرەتلىك نايمان قەبىلىسىنى بويسۇندۇرۇپ ، ئۇنىڭ باشلىقى تايانخاننى ئۆلتۈردى . ئۇنىڭدىن كېيىن قۇڭغۇرات قەبىلىسى بىلەن ئونغۇت قەبىلىسى ئارقا - ئارقىدىن ئەل بولدى . 1206 - يىلى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئونان دەرياسى بويىدا قۇرۇلتاي ئېچىپ ، 44 ياشتىكى تېمۇرچىننى پۈتۈن موڭغۇللارنىڭ چوڭ

قاغانى قىلىپ كۆتۈردى . ئۇنىڭ ھۆرمەت نامى چىڭگىزخان ( «تەڭ-داشسىز ئۇلۇغ خان» مەنىسىدە ) دەپ ئاتالدى .

چىڭگىزخان پۈتۈن موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئەۋلادلىرىنى يەر ـ زېمىنغا ، بايلىق ۋە مەرتىۋىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ ، موڭغۇل دالاسى تەۋەسىنىڭ سىرتىدىكى ھاكىمىيەتلەرنى بويسۇندۇرۇش قارارىغا كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىدىكى قوشنا ئەللەرگە قارىتا غايەت زور تالان ـ تاراج ھەم ۋەيرانچىلىق خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشنى قوزغىدى . ئۇ ، ئالدى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈردى . XIII ئەسىرنىڭ بېشىدا ، غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا قاراقىتانلار خانلىقىغا تەۋە ئىدى . غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقى قىتانلار-نىڭ زۇلمى ئاستىدا قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن-دى . مىلادىيە 1212 ـ يىلى كۈچلۈك قاراقىتان سۇلالىسىنىڭ پادىشا-ھى جى گۇلۇنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋالغان (جى گۇلۇ كۈچلۈكنىڭ قېيناتىسى ) ئىدى . كۈچلۈك تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇدۇن ، قەش-قەر ، يەكەن ، مەكتت قاتارلىق جايلار بىۋاسىتە قاراقىتاننىڭ باشقۇرۇ-شىدا بولغان . كۈچلۈك ئۇدۇن ، قەشقەر ، يەكەن ، مەكتت قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنى بۇددا دىنىغا قايتىشقا مەجبۇرلىغان . خاتى-رىلەردىن قارىغاندا ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئەسكەر كىرگۈزۈپ ، ئۇلارنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلغان ، بويسۇنمىغان-لارنى ئۆلتۈرگەن . ئۇدۇن ، قەشقەر ، يەكەن قاتارلىق جايلار قارشى-لىق قىلغان بولسىمۇ ، باستۇرۇۋېتىلگەن .

شىمالدا باش كۆتۈرگەن تېمۇرچىن (چىڭگىزخان ) مىلادىيە 1218 ـ يىلى شەرق ۋە غەربكە قاراپ كېڭەيىشكە لەشكەر چىقارغان ، جەبەنويان باشچىلىق قىلغان غەربىي يول قوشۇنىنىڭ بىر تارمىقى كۈچلۈك ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇدۇن ، قەشقەر ۋە يەكەن خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىپ ، ئار-قا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلغان . جەبەنويان قوشۇنىنىڭ ئەزىمەتلىرىدىن كېيىمەل سارىكول (تاشقورغان ) دا كۈچلۈكنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەشقەر ، يەكەن ، مەكىت ، ئۇدۇنلارنىڭ ھەممىسى چىڭگىزخانغا بويسۇنغان[1] . شۇنىڭ بىلەن بۇ جايلار موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان .

1227 ـ يىلى چىڭگىزخان تاڭغۇتلارغا ھۇجۇم قىلىش سەپىرىدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ھاكىمىيەتنى ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى تولۇيخان ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇردى . 1229 ـ يىلى موڭغۇللارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ئوگىداي چوڭ خان بولدى .

1271 ـ يىلى قۇبلاي يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ ، خانبالىقنى پايتەخت قىلدى . 1279 ـ يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ ، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈردى ، شۇنىڭ بىلەن ، بەش دەۋر ، ئون سۇلالە زامانىسىدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن بۆلۈنمە ھالەتكە خاتىمە بەردى .

3 . چاغاتاي خانلىقى ۋە مەكىت

چاغاتاي خانلىقى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ سۇيۇرغاللىقى ۋە ئۇنىڭ شۇ سۇيۇرغاللىقتا بەرپا قىلغان ھاكىمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭ زېمىنى ھازىرقى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ئىلى ۋە بورتالا رايونى ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قەشقەر ، خوتەن رايونى ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەتتىسۇ ۋە ماۋرائۇننەھر رايونىغا توغرا كېلىدۇ . چاغاتاي سۇيۇرغاللىقى چىڭگىزخان سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن زېمىن ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ سۇيۇرغاللىق ۋە ئىرق ، قەبىلە ئەڭ مۇرەككەپ بولغان رايون بولۇپ ، ئۇ ئاۋات شەھەرلەرنى ، شۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان دېھقانلارنى ، سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇنىڭ مەركىزى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئالمالىق ئىدى . 1241 ـ يىلى چاغاتاي ۋاپات بولدى .

1314 ـ يىلى چاغاتاي خانلىقى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى : شەرقىي قىسىم ئالمالىقنى ئۆزىگە مەركەز قىلدى ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى قەشقەر ، تۇرپان قاتارلىق

---

[1] «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2005 ـ يىل 10 ـ ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 50 ـ ، 51 ـ بەتلەر .

جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى ، ئېسەن بۇقا بۇ يەردە ھۆكۈمران بولدى ؛ غەربىي قىسمىنىڭ مەركىزى سەمەرقەند بولدى ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ماۋرائۇننەھر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى ، بۇ يەردە كوبەك ھۆكۈمران بولدى .

1321 ـ يىلى ۋە 1330 ـ يىلى كوبەك خان بىلەن ئېسەن بۇقا ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاپات بولدى . موڭغۇل قەبىلىلىرى سەركىسىز قېلىپ ، پاتىپاراق بولۇپ كەتتى ، ھەرقايسىسى ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ ، بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىپ قىرغىنچىلىق قىلىشتى . 1348 ـ يىلى ھوقۇقلۇق ۋەزىر بۇلاجى 18 ياشلىق تۇغلۇق تۆمۈرنى ئېسەن بۇقىنىڭ ئوغلى دەپ جاكارلىدى ۋە ئۇنى ئاقسۇدا خان قىلىپ تىكلىدى . تۇغلۇق تۆمۈر ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار تارىختا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالدى .

تۇغلۇق تۆمۈر 1361 ـ يىلى ماۋرائۇننەھر رايونىغا ئۇزلۇكسىز ئەسكەر ئەۋەتىپ ، ماۋرائۇننەھر رايونىنى قايتۇرۇۋالدى ، چاغاتاي خانلىقى يەنە ۋاقىتىنچە بىرلىككە كەلدى . تۇغلۇق تۆمۈر چاغاتاي خانلىقى جەمەتى ئىچىدە ئىسلام دىنىنى بىرىنچى بولۇپ قوبۇل قىلغان شەخس ئىدى . ئۇ ئىسلام دىنىنى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدا زورلۇق ۋاستىسى بىلەن كېڭەيتىپ ، 160 مىڭ موڭغۇلنى زورلۇق بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇردى . 1363 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئۆلدى ، ھەرقايسى جايلاردا توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى ، ھەرقايسى جايلاردا بۆلۈنمە ھالەت شەكىللەندى .

XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسى باش كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە بېشبالىقنى ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ھەم باركۆل يايلاقلىرىنى بېسىۋالدى .

خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنمىچىلىك تۈپەيلىدىن ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى كۈنسېرى زاۋاللىققا قاراپ ماڭدى .

مەكتت قاتارلىق تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى جايلار ئاۋۋال چاغاتاي خانلىقىنىڭ ، كېيىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە بۆلۈنمە كۈچلەرنىڭ تەسىر دائىرىسىدە قالدى .

4 . يەكەن خانلىقى ۋە مەكتت

1514 ـ يىلدىن 1678 ـ يىلغىچە بولغان بىر يېرىم ئەسىر

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com



ۋاقىت ئىچىدە، يەركەننى مەركەز قىلىپ، شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە پامىر ئېگىزلىكىگىچە، جەنۇبتا شىزاڭ چېگراسىدىن شىمالدا تەڭرى تېغىغىچە سوزۇلغان چوڭ خانلىق تىكلەندى، بۇ مەشھۇر يەكەن خانلىقى ئىدى.

يەكەن خانلىقى سەئىدخان تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، ئىسمائىل خان ئەسىرگە ئېلىنغانغا قەدەر جەمئىي ئالتە ئەۋلاد، 11 خانلىق دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ، 165 يىل داۋاملاشتى. «خانلىق ئەڭ قۇدرەت تاپقان ۋاقىتلاردا، پوتكول تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئىلكىگە ئالغاندىن تاشقىرى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى، ئىسسىقكۆل رايونى، پەرغانە ئويمانلىقى، بەدەخشان ۋە ۋاھان تاغلىق رايونى قاتارلىق جايلارنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەمەلىي زېمىننى باشقۇردى»① .

يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدا، سەئىد ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىد، نەۋرىسى ئابدۇكېرىم ۋە سۇلتان ماخمۇد جەسۇر، ئىستىبداتلىق، سىياسىي جەھەتتە تەرەققىيپەرۋەر ۋە تۆھپىكار چوڭ خانلار ئىدى. شۇنداقلا يەكەن خانلىقىنى قۇرغان ۋە قۇدرەت تاپقۇزغان ھۆكۈمرانلار ئىدى.

يەكەن خانلىقىغا ئاساس سالغۇچى سەئىدخان 1490 - يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان. 1514 - يىلى ئاكىسى بابۇر بىلەن بىللە سەمەرقەند شەھىرى ئەتراپىدا جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قوشۇنىنى باشلاپ تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ، قەشقەر رايونىغا كىردى. جاپالىق، شىددەتلىك جەڭلەرنى قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يېڭىسار، يەكەن ۋە قەشقەرنى ئىشغال قىلدى. 1514 - يىل 9 - ئاينىڭ 3- كۈنى خانلىق تەختىگە ئولتۇردى، يەكەننى پايتەخت قىلىپ، يەكەن خانلىقىنى قۇردى. 1533 - يىلى سەئىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئابدۇرەشىدخان دوغلات قەبىلىسى ئەمىرلىرىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇپ، خانلىق تەختىنى مۇستەھكەملىدى، سىرتتا ئۆزبېكلەرنىڭ شايبانىلار خاندانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، قۇدىلاشتى. 1560 - يىلى ئابدۇرەشىدخان جايلارنى كۆزدىن

① ليۈزىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - قىسىم، 717 -، 718 - بەتلەر.

كەچۈرۈشكە چىققاندا ، خوتەندە ۋاپات بولدى .
ئابدۇرەشىدخان ۋاپاتىدىن كېيىن ، سەئىدخاننىڭ ئىككىنچى ئوغ-لى ئابدۇكېرىم تەختكە ۋارىسلىق قىلدى . ئابدۇكېرىم خاننىڭ ئاسا-سىي تۆھپىسى تۇرپان رايونى بىلەن قۇمۇل رايوننى يەكەن خانلىقى-نىڭ زېمىنىغا قوشۇپ ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگى-لىدىن كېيىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ شەرقىي ۋە غەر-بىي بۆلەككە بۆلۈنۈپ تۇرغان سىياسىي ۋەزىيىتىگە خاتىمە بەردى .
1592 ـ يىلى ئابدۇكېرىم خان ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئىنى-سى مۇھەممەد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى ، ئۇنىڭ دەۋرىدە خانلىق ئىنتا-يىن گۈللىنىپ قۇدرەت تاپتى .
مۇھەممەدخان ئۆلگەندىن كېيىن ، تەختكە ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد ۋارىسلىق قىلدى . بۇ چاغدا ، خانلىق سىرتتا قىرغىزلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى ، ئىچكى جەھەتتە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى كېلىپ چىقتى ، شۇنىڭ بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن بۆلۈنمە ھالەت شەكىللىنىشكە باشلى-دى . ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىش ئۇرۇشىدا ھەرقايسى تەرەپ سىرتنىڭ ياردىمىگە ئىنتىلىپ ، شۇنىڭ بىلەن قىرغىزلار ، قازاقلار ، ئويراتلار ۋە خوجىلارنىڭ كۈچى بۇ ئۇرۇشلارغا ئارىلاشتى . 1678 ـ يىلى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىدىن قۇنتەيجى غالدان 12 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ ، ئاقسۇ ، ئۇچتۇر-پان ، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى ئېلىپ ، خانلىقنىڭ پايتەختى يەكەنگى-چە يېتىپ باردى ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىل خان ئەسىرگە چۈشۈپ ، ئىلىغا ئېلىپ كېتىلدى ، شۇنىڭ بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىنى جۇڭغارلارنىڭ تەۋەسىگە ئايلاندى .
يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ، خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ماس ھالدا مەكىت رايونىنىڭ تارىخ ، مەدەنىيەت ، ئىقتى-سادىي تەرەققىياتىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى .
بىرىنچى ، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى تەڭرىتېغىنىڭ جە-نۇب ـ شىمالىنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ، خانلىق تەۋەسىدىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى تاماملاندى . تارىم ۋادىسى-دىكى پارچە بوستانلىقلارنىڭ ئىلگىرىكى بۆلۈنمە ، يەككە ھالىتىگە

www.uyghurkitap.com

خاتىمە بېرىلىپ ، مىللەت تەركىبى ئېنىق ، مۇقىم بولغان ، بىر پۈتۈ زېمىن تېررىتورىيىسىگە ئىگە بولغان ھالەت بارلىققا كېلىپ ، جەمئى يەتتە ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي جەھەتتە گۈللىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈ دى . مەكىت خانلىقىنىڭ مەركىزى يەركەنت شەھىرىگە قاراشلىق جا لارنىڭ بىرى سۈپىتىدە مۇھىم روللارنى ئويناشقا باشلىدى .

ئىككىنچى ، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە ئىسلام دىنىنىڭ پۈتكۈل خانلىق تەۋەسىدە تارقىلىشىغا ، دۆلەت دىنى لىق ئورنىنى تىكلىشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى . بۇنىڭ بىلەن خانلىق تەۋەسىدىكى خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىرلىككە كېلىپ ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ياخشى شارائىت يارىتىلدى .

ئۈچىنچى ، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە سەنئەتى غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن . بولۇپمۇ يازما ئەسەرلەر ۋە مۇزىكا باشقا ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كۆپ بولۇپ قالماي ، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن . مۇقام ئۇستازى ، شائىرە ئامانىساخاننىڭ تۇغۇلغان ، بالىلىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن يۇرتى مەكىت ئەينى دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىغان ھەم ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرغانىدى .

«ئون ئىككى مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش يەكەن خانلىقى دەۋرىدەكى مۇھىم مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۈگۈنكى كۈندە مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر «مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش يەكەن خانلىقىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتى دەپ ئېتىراپ قىلماقتا . «مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش ئىشى ئەڭ بۇرۇن يەكەن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خانى ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان .

بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە شىكارغا چىققان ئابدۇرەشىدخان دولان دەرياسى بويىدا (ھازىرقى مەكىت ناھىيىسى غازكۆل يېزىسى قومۇش مەھەللە كەنتى ئەتراپىدا) ئامانىساغا يولۇقۇپ قالىدۇ . ئامانىسا مەھمۇد ئىسىملىك نامرات ئوتۇنچىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ،

دولان دەرياسى بويىدا چوڭ بولغان . دولان دەرياسى ۋادىسى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ئاپىرىدە بولغان جايلارنىڭ بىرى ئىدى . ياخشى مۇھىت ۋە ئۇبدان ئائىلە تەربىيىسى ئاماننىسانىڭ مۇزىكا ساھەسىدە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن . ئاماننىسا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى ، پەزىلىتى ۋە گۈزەللىكى بىلەن جەمئىيەتتە تونۇلغان . بولۇپمۇ ، ئۇ دادىسى مەھمۇدنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشىدە شۇ يەردە ئومۇملاشقان چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ھەممىسىنى چالالايدىغان بولغان . ئۇ قىز ۋاقتىدىلا «ئەخلاقىي جەمىلە» ، «شۇرۇ ھۇلقۇلۇب» دېگەن مەزمۇندا شېئىرلار يازغان . ئاماننىسانىڭ گۈزەل جامالى ئابدۇرەشىدخاننى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . ئابدۇرەشىدخان ئاماننىسانىڭ پەزىلىتىدىن تەسىرلىنىپ ، بولۇپمۇ ئاماننىسانىڭ مۇزىكا قابىلىيىتىدىن ھەيران بولۇپ ، تۈرلۈك توسالغۇ ۋە پۇتلىكاشاڭلارغا قارىماي ، ئاماننىسا بىلەن توي قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئاماننىساخاننىڭ مۇقامنى رەتلەپ چىقىش ئىشلىرىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىشى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت ھازىرلىنىدۇ[1] .

ئابدۇرەشىدخان ئاماننىساخاننىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ۋە تۈرتكە بولۇشى ئارقىسىدا ، جايلاردا تاشلىنىپ قالغان ئۇيغۇر سازەندىلىرى ، غەزەلچىلىرى ھەم شائىرلىرىنى تاپتۇرۇپ كېلىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن ئوردىدا نۇرغۇن تالانتلىق شەخسلەر توپلىنىدۇ ، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن «مۇقام» مۇزىكىلىرى مۇشۇ كىشىلەر بىلەن بىللە ئوردىغا توپلىنىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن «مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلىنىدۇ .[2]

تۆتىنچى ، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىق ۋە شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ، سودا ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى ، ھەرخىل قول ھۈنەر ـ سەنئەت كەسىپلىرى تەرەققىي قىلدى ، يېڭى شەھەرلەر بارلىققا كەلدى . بۇ مەزگىلدە مەكىت خانلىقنىڭ مەركىزى بولغان يەكەن شەھىرىگە يېقىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى .

---

① ليۇ زىشياۋ : «يەكەن خاندانلىقى ۋە مۇقام» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، (ئۇيغۇرچە ) 1993 ـ يىل 1 ـ سان ، 69 ـ ، 70 ـ بەتلەر .
② ليۇ زىشياۋ : «ئۇيغۇر تارىخى» ، 1 ـ قىسىم ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 784 ـ بەتكە قاراڭ .

www.uyghurkitap.com



### 5 . خوجىلار ۋە مەكتەپ

خوجىلار ئۆز نەسەبلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە بۇۋى
پاتىمە بىلەن ئەلى ئىبنى تالىپقا باغلايدۇ . بولۇپمۇ مىلادىيە 14
ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن نەقشىبەندى (مىلادىيە
1317 — 1389 ـ يىللار ) تەرىقەتچىلىرى ئۆز نەسەبلىرىنى ، سىلسى
لىلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئەلىگە باغلايدۇ . شۇڭلاشقا بۇ
مەسلەكنىڭ باشلامچىلىرى «خوجا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

تەرىقەتچىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۈرەلمىسى بولغان زاھىدلار
مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئەرەب ئۇمەييە خەلىپىلى
كىنىڭ (مىلادىيە 661 — 750 ـ يىللار ) باغدات ، بەسرە شەھەرلى
رىدە مەيدانغا كەلگەن .

مىلادىيە 750 ـ يىلى ئۇمەييە خەلىپىلىكى ئاغدۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭ
ئورنىغا ئەرەب ئاباسىيلار خەلىپىلىكى (مىلادىيە 750 — 1258 ـ
يىللار ) تىكلەنگەندىن كېيىن ، زاھىدلارنىڭ ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ كۈ-
چەيدى . ئۇلار يەنىلا باغدات ، بەسرە ۋە ئىراننىڭ شىراز ، ئىسپاھان
قاتارلىق شەھەرلىرىنى مەركەز قىلىپ ، ئالاھىدە زور بىر كۈچكە
ئايلاندى . شۇنداقلا ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈ-
چۈن ، قوي يۇڭىدىن بىر خىل قىلىپ تىكىلگەن جەندىلەرنى كىيىدى-
غان بولدى . بۇ خىل جەندە ئەرەبچە «سوفى» (قوي يۇڭى ) دەپ
ئاتىلاتتى . شۇڭلاشقا زاھىدلار بۇ چاغدا ئومۇميۈزلۈك «سوپىلار»
(قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن جەندە كىيگۈچىلەر ) دېگەن نام بىلەن
ئاتالدى .

سوپىلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە ئەقىدىلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان
«ئەھلى تەسەۋۋۇف» ياكى «ئەھلى تەرىقەت» ئېقىملىرىمۇ ئاشكارا باش
كۆتۈرۈپ چىقىپ ، ئىسلام دىنىدىكى باشقا مەسلەكلەر بىلەن بەس -
مۇنازىرىگە چۈشتى . شۇنداق قىلىپ بۇرۇنقى زاھىدلار ۋە سوپىلارنىڭ
ئەقىدىلىرى ئالاھىدە بىر پەلسەپىۋى نەزەرىيە ئېقىمى بولۇپ شەكىللەندى

مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تەسەۋۋۇپچىلار بىر
قېتىم ئېغىر زەربىگىمۇ ئۇچرىدى . ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ، باغدات
ۋە ئىراندا زەربىگە ئۇچرىغان تەسەۋۋۇپچىلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ

ماۋارائۇننەھر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئېقىمپ كىرىشكە باشلىدى ۋە بۇ رايوندا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . كېيىنچە ، بۇ رايونلار ئاساسەن قادىرىيە گۇرۇھىنىڭ ئاساسلىق قورغىنىغا ئايلاندى .

مىلادىيە 1224 ـ يىلى ، چاغاتاي ئۇلۇسى شەكىللەنگەندىن كېيىن ، قادىرىيىچىلەر ئۇلۇسى سىياسىي ، دىنىي ئىشلاردا مۇھىم روللارنى ئويناشقا باشلىدى . بولۇپمۇ موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىششىدا ئالاھىدە رول ئوينىدى . بۇ چاغدا قادىرىيىچىلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن مەۋلانا شەيخ جالالىدىن قاتارلىقلار ماۋەرائۇننەھر رايونىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ئاقسۇ شەھىرىگە كېلىپ ، بۇ ئېقىمنىڭ ئەقىدىلىرىنى تارقىتىشقا باشلىدى . ئاقسۇغا تەۋە ئايكۆل رايونى قادىرىيىچىلەرنىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى بىر قورغىنىغا ئايلاندى . مىلادىيە 1348 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان موغۇلىستان خانلىقى (شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ) نى قۇرغاندىن كېيىن ، مەۋلانا شەيخ جالالىدىننىڭ ئوغلى شەيخ ئەرشىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ ، قادىرىيە ئېقىمىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا يول ئاچتى .

مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ، بۇخارالىق خوجا باھائىددىن نەقشبەندى (مىلادىيە 1318 — 1389 ـ يىللار ) بۇ جايدا تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ «نەقشبەندىيە ئېقىمى» نى تۇرغۇزدى . بۇ ئېقىم ناھايىتى تېز ئارىدا كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى . ھەتتا مىلادىيە 1370 ـ يىلى تېمۇرىيلار خانلىقىنى تىكلىگەن ئاقساق تۆمۈرمۇ نەقشبەندىيىچىلەرنى قوللىدى . شۇڭا بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ، نەقشبەندىيىچىلەر تېمۇرىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىششقا باشلىدى ۋە بۇ جايدا خېلى كەڭ تارقالغان قادىرىيىچىلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى . قادىرىيە ئېقىمىنىڭ بىرمۇنچە ۋەكىللىرى نەقشبەندىيە گۇرۇھىغا قاتناشتى .

مىلادىيە 1514 ـ يىلى يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ، تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ، بولۇپمۇ نەقشبەندىيە ئېقىمىنىڭ بۇ رايوندا كەڭ تارقىلىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئاچتى . چۈنكى يەركەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ھۆكۈمرانلىرى سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ، جەمئىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەر قايسى تەرەپلەردە گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپلا قالماي ، بەل
دىن ۋە دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەركىن بەس - مۇنازىرىنى
بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى . شۇڭلاشقا ئەنە شۇ دەۋردىن باش
لاپ ، نەقشىبەندىيە تەرەپدارلىرى بۇ رايونغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرىش
باشلىدى .

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا ، مىلادىيە 1521 - يىلى ئوتتۇ
ئاسىيا نەقشىبەندىيە تەرەپدارلىرىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بولغا
خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ىىنى ئابدۇللا ۋە خوجا ئەھرارى (مىلادى
1490 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەد ئابدۇل
قاتارلىقلار يەركەن خانلىقىغا كېلىپ ، بۇ ئېقىمنىڭ ئەقىدىلىرىن
مەخپىي تارقىتىشقا كىرىشتى . مىلادىيە 1525 - يىلى نەقشىبەندىيە
چىلەرنىڭ يەنە بىر ۋەكىلى خوجا خۇۋەندى يەركەنگە كەلدى . سەئىد
خان ئۇنىڭغا قول بېرىپ ، مەخپىي مۇرىت بولدى .

مىلادىيە 1533 - يىلى ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىققاندىن كې
يىن ، نەقشىبەندىيە تەرەپدارلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى كۈچىيىپ مەخپىي
ھالەتتىن ئاشكارا ھالەتكە ئۆتتى . يەركەن خانلىقىنىڭ پايتەختى يەر
كەن ۋە قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردە ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى تېز كۆپە
يىشكە باشلىدى .

مىلادىيە 1537 - يىلى يەركەن خانلىقى نەقشىبەندىيە تەرەپدارلە
رىنىڭ پىر - ئەۋلىياسى ، خوجا ئەھرارىنىڭ شاگىرتى مەخدۇم ئەزە
(خوجا ئەخمەت ىىنى خوجا بۇرھانىددىن) يەركەنگە قايتىپ كەلدى
ئابدۇرەشىدخان ۋە باشقا دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنى ناھايىتى قىزغىن
قارشى ئالدى . ئۇ يەركەندە نەقشىبەندىيە ئېقىمىنىڭ ئەقىدىلىرىنى
ئاشكارا تەرغىب قىلىپ ، مىلادىيە 1542 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
كاسان شەھىرىنىڭ دەھبىد دېگەن يېرىگە قايتىپ ۋاپات بولدى
دەھبىد بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا نەقشىبەندىيىچىلىرى ، يەنە «كاسان
خوجىلىرى» ، «دەھبىد ئىشانلىرى» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان
مىلادىيە 1543 - يىلى كاسان خوجىلىرىنىڭ يەنە بىر پىرى خوج
مۇھەممەد شېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سايرام رايونىدىن يەركەنگە كەلدى
ئابدۇرەشىتخان ئۇنىڭغا قول بېرىپ ، مۇرىت بولدى . ھەتتا ئۇ

نىڭغا «دۆلەت ئۇستازى» مەرتىۋىسىنى بەردى[①] .

خوجا مۇھەممەد شېرىپ يەكەنگە كېلىپلا ئۆزىنى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 - بوغۇن نەۋرىسى» دەپ ئېلان قىلىپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ رايىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ۋە : «پۈتۈن دىنىي ئىشلارنىڭ ھوقۇقى پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نەسەبلىرىگىلا خاستۇر» دېگەن «پەتىۋا» بىلەن يەكەننىڭ ھەممە دىنىي ئىشلار ھوقۇقىنى يەرلىك ئۆلىمالار بىلەن ئەھلى شەرىئەت مۆتىۋەرلىرىدىن تارتىۋالىدۇ . 1534 - يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر خانى ئابدۇرەشىدخان جەمەتىنىڭ «باش شەيخۇلئىسلام» لىقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ ، ھەر بىر ۋىلايەت ، ئايماق ، يۇرتلاردا دەرىجىلەر بويىچە دىنىي مەھكىمىلەر (قازىخانا ۋە سوراقخانىلار ) نى تەسىس قىلىپ ، ئۆزىنىڭ دىنىي ھۆكۈمرانلىقى (ئاساسەن سوپىلىق تۈزۈمى ) نى خانلىق نامى بىلەن كېڭەيتىدۇ ، مۇستەھكەملەيدۇ . ئابدۇرەشىدخاننى «مۇرىت» لىققا قوبۇل قىلىپ «پىر» لىق «سالاپىتى» بىلەن تىزگىنلەشكە باشلايدۇ . «يەكەن تارىخى» دا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يېزىلغان : «... ئابدۇرەشىدخان خوجا مۇھەممەد شېرىپكە قول بېرىپ مۇرىت بولىدۇ . شۇ تارىخىي شارائىتتا ئابدۇرېشىدخاننىڭ شۇنداق قىلماسلىقىغا ئىمكانىيىتى يوق ئىدى . چۈنكى سۇلتان سەئىدخان زامانىسىدا (سۇلتان سەئىدخان ئابدۇرەشىدخاننىڭ دادىسى — ئا ) كەڭ ئەۋج ئالغان سوپىلار پىتنىسى ئابدۇرەشىدخانغا تۈرلۈك تۆھمەت - بەتنامىلارنى چاپلاش بىلەن خاراكتېرلىنىپ تۇراتتى . شۇڭا ئابدۇرەشىدخان خوجا مۇھەممەد شېرىپ بىلەن مازارلارغا بېرىپ ، خانىقالاردا تۈنەپ ، «ياھۇ - يامەدەد ھۇ» ، دەپ جار سېلىپ يۈرگەن سوپىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ئەسكەرلىككە ئېلىشى ، ئۆزىگە ئىشەندۈرۈشى لازىم ئىدى... ئابدۇرەشىدخان خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ كەينىگە كىرىپ ، ئاتۇش مەشھەدتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا بىرنەچچە كۈن يېتىپ مازارغا تاۋاپ قىلىپ ، سوپىلاردىن قوشۇن توپلىدى... »

خوجا مۇھەممەد شېرىپ يۇقىرىقىدەك چارە - ئاماللارنى قوللى-

---

① ئەنۋەر بايتۇر ، خەيرىنىسا سىدىق : «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1991 - يىل 11 - ئاي نەشرى ، 960 - ، 973 - بەتلەر .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



نىپ ، ئاخىرى ئابدۇرەشىدخان ھاكىمىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە-
نىي ، ئىجتىمائىي ، سىياسىي ، ھەربىي ۋە باشقا ساھەلىرىنىڭ ھەممە
سىگە قول تىقالايدىغان ، دېگىنىنى قىلالايدىغان بىردىنبىر ھۆكۈمر
«پىر» بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ . ئابدۇرەشىدخان تەۋەلىكىدە (كەڭ
مىر ، ھازىرقى پاكىستان ، شەرقىي ئافغانىستان ، شىمالىي تىبەت
قازاق يۇرتلىرى ‹ئالتاي تاغلىرى› ، ئىسسىقكۆل ، بالقاش كۆل
ۋادىلىرى ، پەرغانە ۋە ئارا يۇلتۇز ‹ھازىرقى شىڭشىڭشىيا› نى ئۆز
ئىچىگە ئالغان سەئىدىيە خانلىقى تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا
سوپى ، ئىشانلىق ھەرىكىتىنى كۈچەپ قانات يايدۇرۇۋېتىدۇ . يەنى
نام ، مەنپەئەت ۋە دىنىي «شەپقەت» چىلىكنى ۋەدە قىلىش ، تەرغىباد
مەدداھلىقى بىلەن ئىشەندۈرۈش ئارقىلىق مۇرىت بىلەن مۇرىت
سوپى بىلەن سوپى ، ئىشان بىلەن ئىشان كۆپەيتىپ ، پۈتۈن خانلىق
تەۋەسىدە مەلۇم جامائەت قاتلاملىرىنى ، خەلق كۈچلىرىنى ، توپلىرىنى
پەيدا قىلىپ ۋە ئۆزگە تارتىپ ، ئاخىرى ئابدۇرەشىدخان ھاكىمىيىتە-
نى ئۆزىنى مەركەز قىلغان سوپى ، ئىشانلار شېرىكچىلىكىدىكى (ئۇلار-
نىڭ ھالاكەتلىك تەسىرلىرىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمىغان) ھاكىمە-
يەتكە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تارىختىكى جەد-
دى - جەمەتى ، ئىران ھەمەدانلىق مەشھۇر سوپى ئوبۇل ياقۇپ يۈسۈپ
ئەلپۇزەنجىر ئەل ھەمەدانىنىڭ سوپىلىق يولى — «ئىشقىيە سۇلۇكى»
نى خانلىق مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەمەل قىلىدىغان دىنىي مىزانى ، ئىدې-
ئولوگىيە پرىنسىپى قىلىپ ، جەمئىيەتتە بۇ سۇلۇكنى يولغا قويۇش
كېڭەيتىش كويىغا چۈشىدۇ . ئۇ «پىر» ئەجدادلىرىنى باشلاپ كىرگەن
«ئىشقىيە سۇلۇكى» نىڭ ئىبادەت پرىنسىپى مۇنداق ئىدى : «ئىشقى-
يە» چىلەرنىڭ يېتەكچىلىرى ئۆز سۇلۇكىنىڭ توپ ماھىيىتىنى «ئى-
بادەت» دېگەن بىرلا سۆزگە يىغىنچاقلايدۇ ، مۇرىتلىرىنى تەركىدۇنيا
بولۇشقا تەرغىپ قىلىدۇ . ئۇلارنى جاھاندىن قول ئۈزۈپ ، ئۆي - جاي
تۇتماي ، خوتۇن ئالماي ، بالا - چاقىلىق بولماي ، بىر جايدا ماكانلاش
ماي ، جايدىن جايغا يۆتكىلىپ يۈرۈپ جاھاننى كېزىپ ، بۈگۈن تاپقان
نى ئەتىگە قالدۇرماي قولدىن چىقىرىۋېتىپ ياكى يەپ تۈگىتىپ ھايات
كەچۈرۈشنى تەرغىب قىلىدۇ . بۇ سۇلۇكنىڭ مۇرىتلىرى توپلانغان

جايلىرىدا ياكى يەككە ـ يېگانە يۇرگەندە قانغۇچە چىلىم تارتىپ نەشە چېكىشنى «ئىبادەت» دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئارقىلىق «خۇدا» غا ئاشىقلىقنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى چاچ-لىرىنى ئۇزۇن ئۆستۇرۇپ، ساراڭلارچە ھاياتقا قـەدەم قـويـغانلىقى-نى — «خۇدانىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى پىدا قىلغانلىق» دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى «خۇداغا يېقىنلىشىش» دەپ بىلىپ، ئۆزلىرىگە مۇرىت توپلاپ، ئۇلارغا ئالدى بىلەن تۇۋا ـ ئىستىغپار (تۇۋانامە) ئېيتقۇزۇپ، ئۆزلىرىگە شەرتسىز بويسۇنۇشنى، داۋاملىق «پىر» نى ياد ئېتىپ تۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ. بۇ يولدا ئۇبدانراق خىز-مەت قىلغۇچى سوپىلارنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلىپ تەيىنلەپ، مۇرىت توپلاش ئۇچۇن جايلارغا ئەۋەتىپ ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ[1]...

يەركەن خانلىقى گەرچە دىن بىلەن سىياسەت ئايرىلغان بىر خانلىق بولسىمۇ، لېكىن، خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر دۆلەتنىڭ بارلىق مۇھىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، ھەتتا ھەربىي يۇرۇش-لەرنى ئېلىپ بېرىش ئىشلىرىغىمۇ قاتناشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، نەقشبەندىيىچىلەر يەركەن خانلىقىنىڭ ئوردىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇستەھكەم ئاساس ئورناتتى.

مۇشۇ مەزگىلدە بۇ «ئۇلۇغ پىر» لار تارىخىمىزدىكى ئەڭ قاباھەت-لىك ھادىسىلەرنى پەيدا قىلىپ، ئۆزئارا نىزا ـ تەپرىقىچىلىك، سۈيى-قەست، ھىيلە ـ مىكىر، ئىستىبداتلىقنى چىقىش قىلغان قىساسكار-لىق ۋە خۇتۇنپەرەسلىك ئەۋج ئالدى. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا گۇرۇھ توپلاپ، بىر ـ بىرىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي مەزھەپ ۋە ئىچكى نىزا كۇرەشلىرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. نەتىجىدە ئۇلار-دىن غوجا مۇھەممەت شېرىپ كۇچلىرى مەخدۇم ئەزەم تەرىقەتچىلىرىگە قارشى قوزغىلىپ، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھازىرقى يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ئاخۇنلۇقۇم، يەكەننىڭ تېرەك لەڭگەر (خاڭدى)، مە-كىتنىڭ شوردۆڭ (ھازىرقى شېھىتدۆڭ) قاتارلىق جايلىرىدا قاتتىق مەزھەپ ئۇرۇشلىرى ئېلىپ باردى ھەم مەخدۇم ئەزەمنى كەلگەن

[1] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1987 ـ يىل 3 ـ سان، 34 — 35 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېرىگە كېتىشكە مەجبۇر قىلدى[1] . خوجا مۇھەممەد شېرىپ پ ھىجرىيە 973 ـ يىلى (مىلادىيە 1565 — 1566 ـ يىلى ) 95 يېشىدا يەكەندە ۋاپات بولدى .

مىلادىيە 16 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ ، 80 ـ يىللىرى كاسان خوجىلىرى ، بولۇپمۇ مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە دادىسىنىڭ ئىشانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە كەسكىن زىددىيەتلەر پەيدا بولدى . بولۇپمۇ باشقا ـ باشقا ئانىدىن تۇغۇلغان خوجا مۇھەممەد ئىمىن (ئىشان كالان ) بىلەن خوجا ئىسھاق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ناھايىتى كەسكىن بولدى . خوجا ئىسھاق يەركەن خانلىقى تەۋەسىدە ، بولۇپمۇ تەڭرىتاغ قىرغىزلىرى ئارىسىدا كەڭ دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللاندى . يەركەن خانلىقىنىڭ يەركەن ، پوسكام ، قاغىلىق ، مەكىت رايونلىرىدا كۆپلىگەن مۇرىتلارنى توپلاپ ، جەمئىي 12 يىل تۇرۇپ ، ئۆزىگە مۇستەھكەم ئاساس ئورناتتى .

ئىشان كالان خوجا مۇھەممەد ئىمىن مىلادىيە 1587 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ ، خوجا ئىسھاققا قارشى ئۆز ئالدىغا مۇرىت توپلىدى . شۇنىڭ بىلەن مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادى ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈندى . خوجا ئىسھاق تەرەپدارلىرى «ئىسھاقىيە» ، ئىشان كالان خوجا مۇھەممەد ئىمىن تەرەپدارلىرى «ئىشقىيە» دەپ ئاتالدى ۋە بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەشلەر بولدى . دىنىي مۇراسىملار ۋە باشقا ئاممىۋى ھەرىكەتلەردە بىر ـ بىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «ئىسھاقىيە» تەرەپدارلىرى قارا تاقىيا (قارادوپپا ) ، «ئىشقىيە» تەرەپدارلىرى بولسا ئاق تاقىيا كىيىدىغان بولدى . شۇڭلاشقا ئۇلار تارىختا يەنە «قارا تاقىيالىقلار» ۋە «ئاق تاقىيالىقلار» دەپ ئاتالدى .

مىلادىيە 1619 ـ يىلى (ئابدۇلەتىپ خان تەختكە چىققان يىلى ) ئىشان كالان خوجا مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ مەككە ، مەدىنە ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئۇزاق مۇددەتلىك دەرۋىشلىك تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈپ قەشقەرگە كەلدى . ئابدۇلەتىپ خان دەسلەپتە ئۇنى قىرغىن قارشى ئېلىپ ، قەشقەرنىڭ ياغدۇ ۋە قارا ساقال دېگەن يېرىنى ۋەخپە قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ كېلىشى بىلەنلا

---

[1] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ، 1988 ـ يىل 6 ـ سان ، 60 ـ بەت .

«ئىسھاقىيە» ۋە «ئىشقىيە» گۇرۇھىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇردا ۋە ۋىلايەتلەردىكى بەزى ئەمەلدارلارنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، «ئىسھاقىيە» تەرەپدارلىرىنى باستۇرۇپ، «ئىشقىيە» تەرەپ-دارلىرىنى كۆپەيتىشكە باشلىدى. شۇنداقلا يەركەن خانلىقىنىڭ يۇقى-رى ھوكۇمران گۇرۇھىنى كۈچەپ پارچىلاشقا كىرىشتى. شۇڭا، مىلادىيە 1624 ـ يىلى ئابدۇلەتىپ خاننىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى مەخمۇت سۇلتان (قىلىچ خان) خوجا مۇھەممەد يۇسۇپنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇ، ئۇچ (ئۇچتۇرپان)، ئاقسۇ، كۇسەن (كۇچا)، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل دەرۋىشلىك تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى قامۇلغا (قۇمۇلغا) كېلىپ ئورۇنلاشتى. مىلادىيە 1625 ـ يىلى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئەسلىدە قەشقەر بەشكېرەم رايونىدىن قۇمۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان مىرسەيىت جې-لىل كاشغىرى ناملىق بىر چوڭ ئاقسۆڭەكنىڭ قىزى زۇلەيخا بېگىم-گە ئۆيلەندى. مىلادىيە 1626 ـ يىلى ئۇنىڭدىن خوجا ھىدايىتۇللا (كېيىن ئاپپاق خوجا دەپ ئاتالدى) تۇغۇلدى. مىلادىيە 1638 ـ يىلى «ئىشقىيە» گۇرۇھىنىڭ پېشۋاسى مۇھەممەد يۇسۇپ ئۆزىنىڭ قۇمۇلدا زۇلەيخا بېگىمدىن تۇغۇلغان 12 ياشلىق ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللانى ئېلىپ قەشقەرگە كەلدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ «ئىشقىيە» گۇرۇھى بىلەن «ئىسھاقىيە» گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق كۈرەش باشلى-نىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئوردىسىنى مەركەز قىلغان، پۈتكۈل تەڭرى-تاغنىڭ جەنۇبىنى قاپلىغان بىر مەيدان قىرغىنچىلىق يۈز بەردى.

1670 ـ يىلى ئىسمائىل خان يەركەن خانلىقى تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن «ئىسھاقىيە» گۇرۇھىنى قوللاپ، «ئىشقىيە» گۇرۇھىنى قانلىق باستۇردى. شۇ يىلى خوجا ھىدايىتۇللانى يەركەن خانلىقىدىن قوغلاپ چىقاردى، «تەزكىرەئى خوجاكان» ۋە «ھىدايەتنا-مە» ناملىق كىتابلارنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، خوجا ھىدايىتۇللا دەھبىد، كاسان، بەدەخشان، كەشمىر، تىبەت، چىڭخەي (كۆكنۇر) قاتارلىق جايلاردا 12 يىللىق دەرۋىشلىك تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈپ، مىلادىيە 1682 ـ يىلى ئۆزىنى دالاي بەشىنچىنىڭ ياردەمچىسى ساڭج-يەجاسونىڭ قولتۇقىغا ئاتتى. بۇ چاغدا دالاي بەشىنچى ۋاپات بولغاند-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دى . ساڭجيەجاسو جەستىنى يوشۇرۇن ساقلاۋاتقان دالاي بەشىنچ
نىنىڭ نامىدا ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا قۇرۇلغان جۇڭغار خانلىقىنىڭ
خانى غالدانغا خەت يېزىپ ، ئۇنىڭ خوجا ھىدايىتۇللاغا ياردەملىشىپ
يەركەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ بېرىشىنى
ئۆتۈندى .

خوجا ھىدايىتۇللا بۇ خەتنى ئېلىپ ، ئىلى شەھىرىگە بېرىپ
ئۆزىنى غالداننىڭ ئېتىكىگە تاشلىدى . ئۇزاقتىن بۇيان يەكەن خانلىق
نى يوق قىلىش ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى ئىگىلەشنى تەمە قىلىپ
كەلگەن غالدان 12 مىڭ لەشكەر تەييارلاپ ، خوجا ھىدايىتۇللاغا يول
باشلىتىپ ، مۇز داۋان ئارقىلىق قەشقەرگە بېسىپ كىردى . ئىسمائىل
خاننىڭ ئىنىسى بابا سۇلتان ئۇرۇشتا قۇربان بولدى . خوجا ھىداي
تۇللا ئۇنىڭ بارلىق ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قانلىق قىرغىن قىلدى
غالدان باشلىغان جۇڭغار قوشۇنلىرى ھەشەمەت بىلەن يەكەنگە ك
رىپ ، ئىسمائىل خان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى تۇتقۇن قىلىپ ، ئىلىدى
كى قاش دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان ئېرەن قابۇرغا تېغىغا ئاپىرىپ
نەزەربەند قىلدى . پەقەت ئىسمائىل خاننىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى
مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان ۋە ئەبۇلمۇھەممەد خاننىڭ سىڭلىسى خانى
پادىشاھ (جاللات خانىم) ، ئاپئاق سۇلتان قاتارلىقلار بۇ پاجىئەدى
ئامان قالدى . چۇنكى مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان بۇ چاغدا ئۇچتۇرپاند
ئىدى . خانىم پادىشاھ بولسا خوجا ھىدايىتۇللاغا ياتلىق قىلىنغانىدى
نەتىجىدە ، يەركەن خانلىقىنىڭ 165 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئاياغلاش
تى ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى خوجا ھىدايىتۇللانى خان قىلىپ كۆتۈ
رۇپ ، يەركەن خانلىقىنىڭ بارلىق زېمىنىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى
شۇنىڭدىن باشلاپ ، يەركەن خانلىقىنىڭ بۇ زېمىندا ، بولۇپمۇ ھازىرق
جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ، تەخمىنەن بى
ئەسىرگە سوزۇلغان جاھالەت دەۋرى باشلاندى . جەمئىيەت تەرەققىيات
تورغۇنلۇقتا قالدى . تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئۆزئارا قانلىق كۈرەشلىر
ئەۋجىگە چىقتى . يۇرت ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۆلۈن
دى . كىشىلەردە بىر ـ بىرىگە ئىشەنچ قالمىدى . ھەتتا ئۇلار ئۆزىنى
«ئۇيغۇر» دېگەن نامىنىمۇ ئۇنتۇپ ، ئۆزلىرىنى «قەشقەرلىق» ، «ي

كەنلىك» ياكى «ئالتە شەھەرلىك»، «يەتتە شەھەرلىك» دەپ ئاتايدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى.

مىلادىيە 1678 ـ يىلى خوجا ھىدايىتۇللا تەختكە چىقىپ، «ئافاق خوجا» (ئاپپاق خوجا) دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. ئۇنىڭ تەختكە چىقىشى تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەر — ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ناھايىتى زور ئاپەت بولدى. ئۇ ئۆزىدىن باشقا مەزھەپلەرگە قاتتىق قوللۇق بىلەن زەربە بېرىپ، ئۆزىگە قارشى ھەر قانداق ئىدىيە ئېقىمىنىڭ بولۇشىغا يول قويمىدى. شۇنداقلا موللا، ئالىملارنى قورالسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن قۇرئان، ھەپتىيەك ۋە تەپسىرلەردىن باشقا كىتابلارنى كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ كۆيدۇرگەنىنىڭ سىرتىدا، كىتاب ساقلىغان ساندۇقلارنىمۇ كۆيدۇردى. كىتابنى يوشۇرۇپ قالغۇچىلارنى قاتتىق جازالىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەيران بولدى. كىشىلەر ئوقۇي دېسە كىتابى يوق، ئەركىن سۆزلىشىشكىمۇ ئىمكانى يوق ھالەتتە قالدى[1].

مىلادىيە 1688 ـ يىلى «ئىسھاقىيە» گۇرۇھىنىڭ پېشۋاسى خوجا شادى خوجىنىڭ نەۋرىسى خوجا شۇئەيب قاغىلىق ۋە پوسكام ئەتراپىدىكى ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ، كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

ئاپپاق خوجا تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن چۇقان ـ سۈرەنلەرنىڭ ئىچىدە قالدى. قوزغىلاڭچىلار ناھايىتى تېز ئارىدا ئاقتۇ قورغىنىنى (ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسى) ئىشغال قىلىپ، ئىسمائىل خاننىڭ پامىر تاغلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بىر تۇغقان قېرىندىشى ئاپئاق سۇلتاننى («ئاق باش خان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئېلىپ كېلىپ، خان قىلىپ كۆتۈرمەكچى بولدى. لېكىن ئاپپاق خوجا بولسا ئاپئاق سۇلتاننىڭ ئانا بۆلەك قېرىندىشى مۇھەممەد ئىمىن خاننى تۇرپاندىن ئالدۇرۇپ، ئۆز ئورنىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەردى.

مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان تەختنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، «ئىشقىيە» ۋە «ئىسھاقىيە» گۇرۇھلىرىنىڭ زىددىيىتىنى كېلىشتۈردى.

① ئابدۇقادىر داۋۇت: «قەشقەر قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى»، 1984 ـ يىل، 1 ـ سان، 90 ـ بەت.

كەلگ ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى باستى . شۇنىڭدەك ئۇ ئاپپاق خوجىن
ئۇي – مەقسەتلىرىگە قارشى ئىش كۆرۈپ ، مىلادىيە 1690 – يە
غالداننىڭ ئىچكى موڭغۇل ۋە شىمالىي جۇڭگو رايونىدا ئۇرۇش قىل
ۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ ، نۇرغۇن قوشۇن باشلاپ ، مۇز داۋان ئارق
لىق ئىلى تەۋەسىگە ئۆتۈپ ، جۇڭغار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش باشل
دى . لېكىن ، دەل مۇشۇ چاغدا قەشقەردىكى «ئىشقىيە» تەرەپدارلىر
توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ، مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان ھاكىمىيىتىنى يىقىت
تى . مۇھەممەد ئىمىن سۇلتان ئىلى شەھىرىگە قىلغان ئۇرۇشىن
توختىتىپ دەرھال قەشقەرگە قايتتى . لېكىن ، ئۇ «ئىشقىيە» تەرەپ
دارلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قەشقەرنىڭ غەربىدىكى
بىر تاغ ئىچىگە قاچقاندا ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئادىمى تەرىپە
دىن ئۆلتۈرۈلدى .

ئاپپاق خوجا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تېز يەركەنگە يېتىپ كېلىپ
ھاكىمىيەتنى يەنە ئۆز قولىغا ئالدى . لېكىن مىلادىيە 1594 – يىلى
خوجا شۇئەيب يەنە «ئىسھاقىيە» تەرەپدارلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ
قوزغىلاڭ كۆتۈردى . ئۇلار قاغىلىق ، پوسكام ، ئاقتۇ ، يېڭىسار قەلئە
لىرىنى قولغا ئېلىپ ، توپتوغرا يەركەن شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ
مىلادىيە 1694 – يىل 3 – ئاينىڭ 8 – كۈنى ئاپپاق خوجىنى
ئۆلتۈردى . نەتىجىدە مىلادىيە 1682 – يىلى غالداننىڭ ياردىمى ئاستى
دا تىكلەنگەن «ئىشقىيە» تەرەپدارلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ، ئەمدى
«ئىسھاقىيە» تەرەپدارلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى . خوجا شۇئەيب خوجە
نىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى خوجا دانىيال كاساندىن قايتىپ كېلىپ
بۇ ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالدى . ئۇ ئاپئاق سۇلتاننىڭ ياردىمى
ئاستىدا ، ئاپپاق خوجا تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان ھۆكۈمرانلىق ئاپپا
راتلىرىنى قايتا تىكلىدى . شۇنداقلا «ئىشقىيە» تەرەپدارلىرىنى قاتتىق
قىرغىن قىلدى . ئاپپاق خوجىنىڭ ئوغۇللىرى خوجا يەھيا ۋە خوج
مەھرى قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلدى . ھەتتا ئاپپاق خوجىنىڭ خانىشى خا
نىم پادىشاھمۇ ئاپپاق خوجىنىڭ بۇرۇنقى دولاندىكى يانچىلىرى تەرىپە
دىن ئۆلتۈرۈلدى[1] .

---

① ئەنۋەر بايتۇر ، خەيرىنسا سىدىق : «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 – يىل 11 – ئاي نەشرى ، 990 — 992 – بەتلەر .

ئەينى چاغدا «جاھالەت پىرلىرى» دەپ ئاتالغان خوجىلار شىنجاڭ تارىخىدا خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل مالىمانچىلىق چىقىرىپ، ناھايىتى زور سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان بولسا، دولان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان مەكىت بوستانلىقى خوجىلارنىڭ ئاشۇ بىر مەزگىللىك ھايات پائالىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانىدى.

تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، يەركەن خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى سۇلتان سەئىدخان زامانىسىدا (مىلادىيە 1514 — 1533 ـ يىللار) پەرغانە، سەمەرقەند، بەلخ، ئەھرار قاتارلىق جايلاردىن تۇنجى قېتىم يەكەن، قەشقەر، قاراشەھەر (كورلا) تەرەپلەرگە تەرىقەت تەرغىباتچىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت (سەپەر) قىلىپ پەيدا بولغان چوڭ تەرىقەت روھانىيلىرىدىن بۇخارالىق خوجا ئەرشىدىن، شەيخ شاھابىددىن، پەرغانىلىك خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ، ھىراتلىق مەخدۇم ئەزەم (خوجا ئەھمەد كاسانى)، ئەھرارلىق خوجا مۇھەممەد ئىمىن، سەمەرقەندلىك خوجا مۇھەممەد شېرىپ ... قاتارلىق «سەككىز ۋەلى» ياكى «سەككىز ئەۋلىيا» دەپ ئاتالغان تەرىقەت پېشۋالىرى يەكەن، قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئۆز ئېتىقادلىرىدىكى «تەرىقەت» لىرىنى يەنى «قادىرىيە»، «نەقشىبەندىيە»... لەرنى تارقىتىش، كېڭەيتىش بىلەن مەشغۇل بولۇشقان. ھازىرقى يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، گۇما، قاراقاش، لوپ، ئىلچى (خوتەن) قاتارلىق 15 ناھىيە تەۋەلىرىدە يۇقىرىقى «تەرىقەت» مەركەزلىرىنى بەرپا قىلىشقان①.

ئاپپاق خوجا (ھىدايىتۇللا ئىشان) مىلادىيە 1633 ـ يىلى دادىسى خوجا مۇھەممەد يۈسۈپكە ئەگىشىپ قەشقەرگە كەلگەن. مىلادىيە 1660 ـ يىلى 34 يېشىدا يەكەندە مەكىتلىك ئوبۇل ھادى بەگنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن②. ئاپپاق خوجىنىڭ مەكىتتىكى پائالىيىتى ھەققىدە بىر قىسىم تارىخ ـ تەزكىرىلەردە مۇنداق مەلۇماتلار تىلغا ئېلىنغان:

«ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجا ياغدۇ قەبرىستانلىقىدا گۆردە ياتقان مەرھۇم دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ ئىشان بىلەن يىغلاپ خوشلاشقاندىن

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1988 ـ يىل 6 ـ سان، 52 ـ، 53 ـ بەتلەر.
② «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1987 ـ يىل 4 ـ سان، 18 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېيىن ، مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ مەكىت ـ دولان تەرەپلىرىگە باش ئېلىپ چىقىپ كەتتى ! ئۇ بۇ دىياردا «خۇدا چاچقان رىزىق ، ئىزدەپ ، دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان خۇدايى ئىشان قىياپىتىدە مەكىتنىڭ شىھىتدۆك دېگەن يېرىدە پەيدا بولدى···»

بۇ شىھىتدۆكنىڭ ئەسلىي نامى شوردۆك دەپ ئاتالسىمۇ ، ئەمما بۇنىڭدىن يۈز يىل ئىلگىرى بۇ يەردە يۈز بەرگەن دىنىي مەزھەپ غازاتىدا ئەسلىدىكى شوردۆك دېگەن يۇرت نامى «شىھىتدۆك» دەپ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى !

مىلادىيە 1533 ـ يىلى (يىلان يىلى ) كۈزدە ، بۇ يەردە مەخدۇم ئەزەمنىڭ مۇرىتلىرى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى سەئىدخاننىڭ ئۇستازى ، شەيخۇلئىسلام خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئىشاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قېتىملىق قانلىق دىنىي مەزھەپ سوقۇشى يۈز بەردى . بۇ چاغدا سۇلتان سەئىدخان تىبەت ، كەشمىرلەرنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىش ئۈچۈن قاراقۇرۇم تاغلىرىدا جەڭ قىلىۋاتقانىدى . ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بۇ قانلىق سوقۇشتا مەخدۇم ئەزەمنىڭ مەشھۇر خەلىپىسى ۋە يېقىن ئادىمى ، «ئۇزۇن قولاق زات» دەپ نام ئالغان مەككە خوجا باشلىق قىرىق كىشى مۇھەممەد شېرىپ ئىشاننىڭ سوپىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى مۇشۇ شوردۆكگە دەپنە قىلىنغانلىقتىن ، بۇ يەر كېيىنكى چاغلاردا «شىھىتدۆك» دەپ ئاتالدى[1] . بەش يۈز توتۇنلۇك بۇ يۇرت چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ مەكىتلىك ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئوبۇل ھادى بەگ دېگەننىڭ تارخانلىقى ئىدى .

ئاپپاق خوجا شىھىتدۆكگە كەلگەندە دەسلەپتە ئوبۇل ھادى بەگنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ، ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ تەرغىباتىنى تەۋرىتىپ يۈردى . ئوبۇل ھادى بەگ ئىخلاسمەن ئىشقىيە مۇرىتى بولغاچقا ، ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجىغا ھەددىدىن زىيادە ئەقىدە ۋە ئىخلاس قىلىپ ، ئۇنى ھەممىدىن يۇقىرى مەرتىۋىلىك زات دەپ ھېسابلايتتى . بۇ چاغلاردا ئاپپاق خوجا ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ ، «سۇلۇك

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ، 1987 ـ يىل 3 ـ سان ، 39 ـ ، 71 ـ بەتلەر ؛ ئادىل مۇھەممەت تۇران : «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 ـ يىل ، 10 ـ ئاي نەشرى ، 47 ـ ، 48 ـ بەتلەر .

تۇتۇپ ئىشقىيە تەرىقىتىنى تەۋرىتىمەن » دەپ يۈرۈپ ، تېخى نىكاھلىق بولمىغانىدى .

ئوبۇل ھادى بەگنىڭ چىنارخان ئىسىملىك بويىغا يېتىپ قالغان بىر قىزى بار ئىدى . بۇ قىزنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى گۈزەل-لىك بېغىدىكى چىنار دەرىخىنىڭ ئۆزى ئىدى . ئۇنىڭ تال ـ تال ئۆرۈم چاچلىرى گوياكى تىرىكلىك بويىنىغا سېلىنغان ئەجەل سىرتمى-قى ئىدى !

ئاپپاق خوجا ئادىتى بويىچە كۈن چۈش بولغاندا خالايىققا مەسنىۋى خاراباتىدىن دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن شېھىتدۆڭ خانىقاسىغا كەلدى . بۈگۈنكى دەرسكە ئوبۇل ھادى بەگمۇ قاتناشقانىدى . ئاپپاق خوجا مەسىلە ـ مەرۇپ قىلغاندا سۆزلىگەن پاساھەتلىك سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئوبۇل ھادى بەگمۇ باشقىلارغا ئوخشاش بىھوش ـ خارا-مۇش بولۇپ كەتتى . ئۇمۇ باشقىلاردەكلا رەققىسى ـ ساماغا چۈشۈپ ، ئۆزىنىڭ ئىشتان ـ كۆڭلەكلىرىنى سېلىپ تاشلىغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى . ھوشيار ۋاقتىدا شەرىئەت ـ تەرىقەتتىن سۆزلـەيـدىغـان ، تون ـ سەللىسىنى زادىلا يەشمەيدىغان بۇ ئىخلاسمەن مۇسۇلمان شۇ-نىڭدىن ئېتىبارەن ، ئاپپاق خوجا ئىشانىنى كۆرگىنىدە تەندە جان ، قەلبىدە ئىماندىن بىخەۋەر بولۇپ ، خۇدىنى بىلمەيدىغان ، جەررە ـ سۆھبەت قىلىۋاتقان چاغدا ، خانىقانىڭ ئىچى ئۇنىڭ كۆزىگە نەچچە خىل رەڭدە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى . . .

مۇرىتلار خانىقادا زىكرى ـ سۆھبەت قىلىشقاندا ، ھەلىقە سېلىش-قاندا ، نەشە چېكىپ كەيپ قىلاتتى . ئاپپاق خوجا بۇنداق ناشايان ئىشلارنى چەكلىمەيلا قالماستىن ، بەلكى مەدەت بېرەتتى :

— ئادەم مەست بولغان چاغدا ، — دەيتتى ئۇ ھەمىشە ، مەسىلە ـ مەرۇپ قىلغاندا ، — ئەررائى ئىلاھتىن بىخەۋەر بولىدۇ . ھەر كېچە بىدار بولۇپ ، ئىشقىنىڭ شەھەرىستانىدىن يول ئالىدۇ . ۋادەرىخ ، بۇ پەلەك غەددار ـ مەككار ، بۇ دۇنيا سېھىرگەرلەرنىڭ سېھرىگە ئوخشاي-دۇ . بىرنى دۇنياغا ئاشىق قىلدى ، بىرنى خوتۇنغا ئاشىق قىلدى . بەندىلەر ئەنە شۇ ۋەجىدىن بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ، خۇدانىڭ ئىشقىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىدۇ ئەمەسمۇ ؟ شـۇڭـا ، ئـادەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەستۇ ـ مۇستەغرەق بولۇپ يۈرگەندە ، ئاندىن خۇداغا يېقىنلىشالايـ.
دۇ !

— ۋاي ھەسرىتا ! — دەپ پۇشايمان ئىلكىدە قولىنى چىشلەيتتى ئوبۇل ھادى بەگ ، ئاپپاق خوجىنىڭ بۇ مەسىلە ـ مەرۋىلىرىنى ئاڭلە- غاندىن كېيىن ، — نېمە ئۈچۈن پىرىمنىڭ سۇلۇكى تەرىقىتىگە بال- دۇرراق ئەگەشمىگەن بولغىيتتىم ؟ نېمىشقا پىرىمنىڭ ئاي ، يۇلتۇز- لۇق چىھرىدىن بالدۇرراق بەھرە ئالمىغان بولغىيتتىم ؟ نېمىشقا پە- رىمنىڭ نەسەب ـ ھەسەبلىرىگە ، ئۆز ۋۇجۇدى شېرىفلىرىگە بالدۇرراق مۇيەسسەر بولماي ، ئۇلۇغ نەزەرلىرىدىن يىراق قالغان بولغىيتتىم ؟ نېمىشقا پىرىمنىڭ قەند ـ قەندالەتلىك شېرىن سۆزلىرىنى بۇرۇنراق ئىشىتىپ ، ئېتىمىغان بولغىيتتىم ؟ پىرىمنىڭ زىكرى ـ سۆھبەتلىرى- گە بۇرۇنراق داخىل بولمىغانلىقىم ئۈچۈن ئاخىرەتلىك ئىشىم تەس بولارمۇ ؟

ئوبۇل ھادى بەگ مۇشۇنداق پۇشايمان ئىلكىدە كېچە ـ كۈندۈز ئىزتىراپقا چۈشۈپ قېلىپ ، يېگىنى زوقۇم ، ئۇيقۇسى ھارام بولدى . ئاخىر ئۇ : «ئەمدى بىز تىلىگەن ۋە ئارزۇ قىلغان خوجامغا — پىرى ئەزەمگە ئۇلىشىپتۇق !» دەپ ئاپپاق خوجىغا ناھايىتى يۇقىرى ئەقىدە باغلىدى ۋە ئۆزىنىڭ پۈتۈن يەر ـ زېمىن ، سۇ كۆللىرىنى ، مال ـ چارپايلىرىنى ئاپپاق خوجىغا ئاتاپ ، ئاتلىرىنى يىلقا ـ ئۈيۈرى بە- لەن ، كالىلىرىنى ئېغىلى بىلەن ، قويلىرىنى بولسا قوتىنى بىلەن ئىشقىيە سۇلۇكىگە خۇدايى ۋەخپە قىلىۋەتتى . قىزى چىنارخاننى بولسا قىزلىق ئىپپىتى بىلەن ئېلىپ كېلىپ ، ئاپپاق خوجىغا نىكاھلاپ چېتىپ دۇئاسىنى ئالدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسى- دا نوقانچى خوجا ـ ئىشانلارغا ، گۆرەنلىك مۇشتۇمزورلارغا ، قالماق ـ مانجۇلارغا مال ـ چارۋىلىرىنى يىلقا ـ ئېغىلى بىلەن ، قىز ـ چوكانلىرىنى ئىپپەت ـ سېكىلەكلىرى بىلەن دۇئا قىلدۇرۇۋې- تىدىغان ئۇسال ئادەت ، يامان قىلىقلار شەكىللىنىپ تاراشقا باشلىدى .

كېيىنكى چاغلاردا سوپى ئاللا يار ئۆزىنىڭ «سۇباتىل ئاجىزىن» دېگەن كىتابىدا مۇنداق بىر مەسنىۋىنى يېزىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇن- داق يامان قىلىق ، ئۇسال ئادەتلىرىنى ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل بىلەن

راسا قامچىلىغانىدى :

«بولۇپتۇ ھەم تەقى بىر فىرقە پەيدا ،
ئاتى مۆمىن ۋەلى ، نەفسىگە شەيدا ،
يىغۇرلەر پارە ۋە بوينى يوغاننى ،
سالۇرلەر ئوتتۇرغا قىزىۇ جوۋاننى ،
ئالىپ بارسا كىشى ئەھلى ئايالىن ،
كۆتەرۇر بىھىمەتلىك ۋەبالىن .
ھارام ئىشىنىكى تائەت بىلسە ئىنسان ،
ئىرۇر بول ئېتىقادى نامۇسۇلمان ،
بۇ ئايغان فىرقە كىم زاللى مۇزىلدۇر ،
شەرىئەت ئەھلى بۇ ئەلدىن خىجىلدۇر① .»

دېمەك ، ئاپپاق خوجا تەرغىب قىلغان ئاشۇ دەستەكسىز دۇئالار-نىڭ كاساپىتىدە ، ئۇيغۇر خەلقى بۇ پايپېتەك قەشقەر خوجىلىرىنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن كەتمەن چېپىشتىن تەد-رىجىي يوسۇندا ، كېيىنكى چاغلاردا جۇڭغار ، مانجۇ باسقۇنچىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ھېسابىغا كەتمەن چاپىدىغان بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى دىنىي مەزھەپكە ، مەنپەئەتلىرى پۈتۈنلەي قەشقەر خوجىلىرى ۋە قالماق ـ مانجۇ خوجىلىرىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ئايرىلىدىغان ئىك-كى سەپكە پارچىلاپ تاشلانىدى . باشقا ئەللەردىكى خەلق بۇ چاغدا بىر قوۋم ، بىر نىيەت ۋە بىر مەقسەتتە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەركەزلى-رىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ ، زىچ ئىتتىپاقلاشقانلىقتىن ، تېز رو-ناق تېپىپ ، راۋاجلاندى . ئەمما ، جۇڭغار ـ مانجۇ باسقۇنچىلىرىنىڭ چىنىكىدىن چىقالمايدىغان بۇ زاكا غالچا قەشقەر خوجىلىرى سەئىدىيە زېمىنىنى روناق تاپقۇزۇش ئورنىغا ، بۇ گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى بـارلىـق بايلىق ـ غەنىيمەتلىرى ، ئەزىز پەرزەنت ، ئوغۇل ـ قىزلى-رى ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئەھلى خوتۇنلىرى ، ئىگىچە ـ سىڭىللىرى بىلەن قوشۇپ ، قىلچە ئۇيالماستىن جۇڭغارلارغا سوۋغىلاپ بېرىشتى ! يەنە تېخى «ھەمىن ـ قەدەر»دېيىشىپ ، بەدەل ـ شەپقەت ھېسابىدا ،

---

① موللا مۇسا سايرامى : «تارىخى ھەمىدى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل 1 ـ نەشرى ، 1988 ـ يىل 2 ـ باسمىسى ، 244 ـ بەت . (ئابدۇۋەلى ئەلى : «ئاپپاق خوجا» ، 1 ـ قىسىم ، 94 ـ بەتتىكى نەقىل .)

www.uyghurkitap.com



قالماق ـ مانجۇ خوجىلىرىدىن ئالغان خەنجەر ، قامچىلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنى داۋاملىق «تەربىيىلىدى» .

شۇنداق قىلىپ ، شەھەتدۇق — ئاپپاق خوجىنىڭ مۈلكى قەشقەرىيىدە ئىشقىيە سۇلۇكى تەرغىباتىدا قەشقەر بەشكېرەمدىن قالسىلا ئىككىنچى سىياسىي ، ئىقتىسادىي مەركەزگە ئايلاندى . ئاپپاق خوجى مۇشۇ يەردە پۈتۈن سەئىدىيە دۆلىتىگە تونۇلۇشقا باشلىدى . . .[1]

ئاپپاق خوجا مىلادىيە 1694 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ تاغىسى خوجا ئىسھاقنىڭ كۆكۈن نەۋرىسى (ئابدۇللا خوجەنىڭ ئوغلى ) شۇئەيب خوجىنىڭ قاتىل سۇپىتى بىلەن ئابدۇللا خوجا جەمەتلىرى تەرىپىدىن يەكەندە مەخپىي زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەن . ئاپپاق خوجا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ خوتۇنى ، بالا ـ چاقىلىرى ئارىسىدا تەخت تالىشىش جېدىلى كۆتۈرۈلگەن . ئاپپاق خوجىنىڭ كىچىك خوتۇنى مۆھتەرەم خېنىم ئۆزىنى «خانىم پادىشاھ» ئېلان قىلىپ ، ئوغلى خوجا مەھدىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ ، «پادىشاھ ئەشان» لىق تونىنى كىيگۈزگەن . بۇنىڭغا نارازى بولغان خوجا يەھيا (ئاپپاق خوجىنىڭ مەكتىلىك چوڭ خوتۇنىدىن بولغان ، مۆھتەرەم خېنىمغا ئۆگەي چوڭ ئوغلى ) «تەخت» تالىشىپ ئوردىدا سوپىلار ئۇرۇشىنى قوزغىغان . نەتىجىدە ، ھاكىمىيەتنىڭ نۇقتىسىنى تۇتۇۋالغان «خانىم پادىشاھ» ئۆز ئەتراپىدىكى كۈچلىرى بىلەن خوجا يەھيانى ئىككى ئوغلى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن . «تارىخىي نادىرىيە» دە «خانىم پادىشاھ» توغرىسىدا مۇنداق يېزىلغان : «... خېنىم پادىشاھ ۋاقتىدا شۇنداق خۇنرىزلىق (خۇنخورلۇق ) بولدىكى ، ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ كىرسە ، ھەر ئىككىسىنىلا ئۆلتۈرەر ئەردىلەر... ھەممە خەلق ئۇنىڭدىن ۋەھشەتناك (ۋەھشىيلىكتە سەسكىنىپ ) بولۇپ ، ئۇنى ‹جاللات خېنىم › دەپ ئاتىدىلەر... » ، «جاللات خېنىم» مىلادىيە 1697 ـ يىلىغىچە «خان» لىق قىلىپ ، شۇ يىلى كۈزدە يەركەندە مەكتىلىك سوپىلار (ئاپپاق خوجىنىڭ چوڭ خوتۇنىنىڭ تۇغقانلىرى ، خوجا يەھيانىڭ قىساسى ئۈچۈن ) تەرىپىدىن يوشۇرۇن پىچاقلاپ ئۆل-

[1] «تەزكىرەئى ھىدايەت» (قولىيازما ) ؛ ئابدۇۋەلى ئەلى : «ئاپپاق خوجا» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى ، 1 ـ قىسىم ، 90 — 95 ـ بەتلەر .

تۇرۇلگەن... قەشقەر سوپىلىرى خوجا يەھيانىڭ 3 ـ ئوغلى خوجا ئەھمەدنى قەشقەرگە «خان» قىلىپ تىكلىگەن[1] .

20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 10 ـ يىللىرىغىچە يەرلىك خوجا ـ ئىشانلارنىڭ قۇتراتقۇلۇقى، باشلامچىلىقى ئاستىدا، قەشقەرلىك «ئاق تاغلىقلار» («ئاق تاقىيالىقلار») بىلەن يەكەنلىك «قارا تاغلىقلار» («قارا تاقىيالىقلار»)، مەكىتلىك سوپىلار بىلەن قاغىلىقلىق «سوپىلار»، يەكەن ئېلىشقۇلۇق سوپىلار بىلەن بازارلىق سوپىلار، يەكەن قوشراپلىق سوپىلار بىلەن قاغىلىق چوپانلىق «مۇرىت» لار ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن قەبىھ مەزھەپ جېدەللىرى كېلىپ چىقىپ، نۇرغۇن مۇرىتلار، پىرلار جانلىرىدىن ئايرىلغان. قاراقاش زاۋالىق خوجىلارنىڭ «تەزكىرە» ناملىق قوليازمىسىدا كۆرسىتىلىشىچە: «1898 ـ يىلىدىن 1908 ـ يىلىغىچە بولغان ئون يىلدا مەكىتلىك سوپىلار بىلەن قاغىلىقلىق سوپىلار ھەرقايسىلىرى ئۆز ‹پىر› لىرىغا يان بېسىپ، مەكىتنىڭ قۇمقىسار دېگەن يېرىدە تۆت قېتىم، قاغىلىقنىڭ لالمىلار دېگەن يېرىدە تۆت قېتىم چوڭ ‹غازات›، ئېچىپ، سەككىز قېتىمدا ئىككى تەرەپتىن جەمئىي 20 ئادەم قازا تاپقان. قاغىلىقلىق سوپىلار ئۈچ ئېلىش ھېسابىدا قاغىلىق زېمىنىدىن مەكىت زېمىنىغا سۇ بارىدىغان تىزناپ ئېقىنىنى بىر قانچە قېتىم بوغۇپ تاشلاپ، مەكىت خەلقىگە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرگەن[2] .»

يەنە بىر قىسىم تارىخىي مەنبەلەردە مەكىت — دولانلار بىلەن خوجىلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن:

«دولانلار ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ ئۆي قۇللىرى بولۇپ، يەر تېرىش، ئات ـ ئۇلاغ ۋە قۇش بېقىش ئىشلىرىنى قىلىپ بېرەتتى.[3] »

دولانلارنىڭ كۆپ قىسمى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئاپپاق خوجا تەرىپىدىن مەيدانغا كەلگەن سوپىزم (تەسەۋۋۇپ) نىڭ «ئاق تاغلىق» مەزھىپىگە ناھايىتى ئىخلاس قىلغان... دولانلارنىڭ

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1987 ـ يىل 4 ـ سان، 28 ـ، 29 ـ بەتلەر.
② «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1987 ـ يىل 6 ـ سان، 33 ـ بەت.
③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 511 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاغزاكى مەلۇماتىدىن قارىغاندا ، ئۇلار «ھەزرىتى ئىشان» بىزگە «دولان» نامىنى بەرگەن دەيدۇ... دولانلار تارىختا چوڭ - كىچىك خوجىلار — خوجا بۇرھانىدىن ۋە خوجا جاھانلارغا ئەگىشىپ ، ئاق تاغلىق مۇرىت ئېتىقادچىلىقىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى ، ئۇلارنىڭ ئات - چارۋىلىرىنى ۋە ئوۋ قۇشلىرىنى بېقىپ بېرىدىغان يانچىلار بولغانلىقى بۇنى ئىسپاتلىسا كېرەك . دولانلارنىڭ يەنە قەشقەردىكى ئاپپاق خوجا مازىرىغا بولغان ھۆرمەت - ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك . ئۇلار ھەر يىلى يازدا 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بىر ئاي داۋام قىلىدىغان «ھەزرەت سەيلىسى» گە قاتنىشىپ ئاپپاق خوجىغا بولغان ھۆرمىتىنى چىن دىلى بىلەن ئىپادىلىگەن ، ھەتتا دولانلار قىز ياتلىق قىلغاندا قىزنى ئاپپاق خوجا مازىرىغا بىر قېتىم ئاپىرىپ سەيلە - زىيارەت قىلدۇرۇشنى قىز ئاتىسىنىڭ ئوغۇل تەرەپكە قويىدىغان مۇھىم تويلۇق شەرتلىرىدىن بىرسى قىلغان① .

ئۇنىڭدىن باشقا ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگى تېنىشېۋ 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى دولانلار ئولتۇراقلاشقان يېزىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش قىلغان ۋە «دولانلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «... دولان دېگەن ئاتالغۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى يېزىپ ئالالىدۇق . سۆزمۇ سۆز مەنىسى ‹تەمە خەلق ، كۆچمەنچى › دېگەنلىك بولىدۇ . 200 يىل ئىلگىرى ھەزرىتى ئىشان شۇ خەلققە ‹دولان› دەپ نام بەرگەن . بۇ دېگەنلىك ‹ئوبدانلىرىم› مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ② .»

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، مەكىت خەلقى ئارىسىدا دولان خوجىلىرى توغرىسىدا بىر تۈركۈم مەلۇماتلار ساقلانغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئېيتىدىشىچە : « بۇنىڭدىن 487 يىل (يەنە بەزىلەر 570 يىل ) ئىلگىرى دەرۋىت (توغرىسى دەھبىد ) دېگەن يەردىن خوجا ھاشىمخان خوجا ئىسىملىك بىر كىشى كەلگەن بولۇپ ، بۇ كىشىنىڭ رۇقىيە ئاغىچا ئىسىملىك سىڭلىسى بولغانىكەن . مەكىتلىكلەر بۇ كىشىگە ‹خان

① مۇسەيىن كېرىم باھادىر : «دولان ئۇيغۇرلىرى ۋە دولان مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ، 2006 - يىل 1 - سان ، 36 - ، 37 - بەتلەر .

② تېنىشېۋ : «دولانلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى» ، «تىل ۋە تەرجىمە» (خەنزۇچە ) ، 1988 - يىل 4 - سان ، 49 — 52 - بەتلەرگە قارالسۇن .

خوجام ، دەپ ئېتىقاد قىلغان . ئۇ مەكىتتە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن باشقا جايغا كەتمەكچى بولغان (بەزىلەر يۇرتتىن پالانغان دېيىشىدۇ . ) دا «قىزلىرىمنىڭ چاچۋىقى (جۇۋان تويى) نى قىلىپ ، مەشرەپ قىلىۋالاي» ، دەپ ، مەكىتتە 40 كېچە - كۈندۈز مەشرەپ قىلغان . بۇ چاغدا يەكەنلىكلەر ئۇنى چىللاپ ئېلىپ كەتكەن . ئۇ يەكەندە 40 كېچە - كۈندۈز مەشرەپ قىلغاندىن كېيىن ، يەنە مەكىتكە قايتىپ كېلىپ ، 40 كېچە - كۈندۈز مەشرەپ قىلغان . مەكىتتىن مارالبېشىغا بېرىپ 40 كېچە - كۈندۈز مەشرەپ قىلغان . مارالبېشىدىن يەنە ئاقسۇنىڭ ئاۋاتقا بېرىپ 40 كېچە - كۈندۈز مەشرەپ قىلغان . بۇ چاغدا دولان خەلقى خوجا ھاشىمخان خوجىغا ئەگىشىپ ماڭغان ، دولانلار دولان دەرياسىنى بويلاپ ماڭغان ۋە دەريا بويلىرىغا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ ، كېيىن دولانلارنى ئەسكەرلىككە تۇتقاندا ، قارا ئۇجمىنى ئىرغىتىپ «جىم تۇرغىنى تۇرۇپ تۇرسۇن ، قاچقىنىنى ئاۋۋال يەيلى» ، دەپ كېتىۋاتقان قوڭغۇزلارنى ئاغزىغا سالغان . ئەسكەرلىككە تۇتقۇچىلار بۇلارنى ئەقلى يوق خەق ئىكەن دەپ قايتۇرۇۋەتكەن① .

## 6 . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەكىت

XVII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ، مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جورجىتلار (كېيىن مانجۇ دەپ ئاتالغان) كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كەتتى . مىلادىيىنىڭ 1616 - يىلى ، نۇرخاچ جورجىت قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، «كېيىنكى جىن (金)» ھاكىمىيىتىنى قۇردى . 1636 - يىلى ، قۇنتەيجى پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ، «كېيىنكى جىن» نى «چىڭ (清)» دېگەن نامغا ئۆزگەرتىپ ، شېنياڭنى پايتەخت قىلدى . 1644 - يىلى ، لى زىچېڭ رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى قوشۇنلىرى بېيجىڭنى ئىشغال قىلىپ ، مىڭ سۇلالىسىنى يوقاتتى . مىڭ سۇلالىسى شەنخەيگۇەن قوۋۇقىنىڭ باشبۇغى ۋۇسەنگۇي چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىغا تەسلىم بولۇپ ،

① شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى «مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېچىش ھەققىدە تەتقىقات» تېما گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈش ماتېرىيالى (2005 - يىل 3 - ئاي) دىن ئېلىندى .

ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە باشلاپ كىردى . شۇنى
پادىشاھ پايتەختنى بېيجىڭغا يۆتكەپ ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىك
كەلتۈرۈش كۈرىشىنى باشلىدى .

1653 – يىلى باتۇر قۇنتەيجى كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندىن
كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى سىڭگې تەختكە ۋارىسلىق قىلدى (1653 –
1671 – يىللىرى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ) . 1671 – يىلى سىڭگې
ئىچكى يېغىلىقتا ئۆلدى ، ئۇنىڭ باشقا ئانىدىن بولغان ئىنىسى غالدا
جۇڭغارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا ئېلىۋالدى . 1678 – يە
لى ، ئۇ يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى ئىچىدىكى دىنىي
مەزھەپ كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ ، ئاپپاق خوجىنىڭ يول باشلىشى
ئارقىسىدا جەنۇبقا قوشۇن تارتىپ ، يەكەن شەھىرىنى ئىشغال قىلدى .
يەكەن خانى ئىسمائىل خاننى ئەسىر ئېلىپ غۇلجىغا ئېلىپ كەتتى ،
ئاپپاق خوجىنى قورچاق خان قىلىپ تىكلىدى ، شۇنىڭ بىلەن تارىم
ئويمانلىقى جۇڭغارلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايلاندى .

يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ، ھۆكۈمران گۇرۇھلار
نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دىنىي مەزھەپ كۈرىشى بارغانسېرى كەسكىن
لەشتى ، ھەتتا تەرەققىي قىلىپ ، بىر – بىرى بىلەن قەتئىي سىغىشال-
مايدىغان سىياسىي رەقىبلەرگە ئايلاندى . يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى
خانى ئىسمائىل خان (1670 — 1678 – يىللارغىچە تەختتە ئولتۇر-
غان ) ، قارا تاغلىقلارنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ ، ئاق تاغلىقلارنىڭ
باشلىقى ئاپپاق خوجىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن ھەيدەپ چىقاردى .
1678 – يىلى ئاپپاق خوجا جۇڭغار قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ ،
يەكەن خانلىقىنى يوقاتتى ، جۇڭغارلار ئاپپاق خوجىنى يۆلەپ تەڭرىتې-
غىنىڭ جەنۇبىغا قورچاق خان قىلىپ تىكلىدى .

1700 – يىلى ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆز نەۋرىسى ئەھمەد خوجا
ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى ، غالدان سېرىن ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ
ۋە تۇتۇپ ئىلىغا ئاپىرىپ نەزەربەندكە ئالدى . ئەھمەد خوجا ئىلىدا
ئىككى ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى ، چوڭىنىڭ ئىسمى بۇرھانىدىن ،
كىچىكىنىڭ ئىسمى خوجاجاھان (يەنە خان خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) .
ئۇلار تارىختا «چوڭ – كىچىك خوجىلار» دەپ ئاتالغان . 1755 –

يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى داباجىنى تىنچىتىپ ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، بۇرھانىددىننى يەكەنگە يولغا سېلىپ ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ؛ خوجا جاھاننى ئىلىدا قالدۇرۇپ ، شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇشقا قويغانىدى . بۇرھانىددىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا ئاق تاغلىقلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ، قارا تاغلىقلارنى مەغلۇپ قىلىپ ، تارىم ئويمانلىقىنى كونترول قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، كىچىك خوجا ئامۇرساناغا ئەگىشىپ توپىلاڭ كۆتۈردى ، توپىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، كىچىك خوجا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا قېچىپ بېرىپ ، «غەيرىي دىنىدىكىلەرگە قارشى تۇرۇش» دېگەن شوئار ئاستىدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلدى . چوڭ خوجا دەسلەپتە چىڭ سۇلالىسى مېنى مەھبۇسلۇقتىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى قىلدى ، «ۋاپاغا جاپا قىلماق دۇرۇس ئەمەس» دەپ ئىككىلىنىپ ئارسالدى بولۇپ قالغانىدى ، لېكىن كىچىك خوجا ناھايىتى تېزلا ئەتراپىغا بىر تۈركۈم ھەربىي ـ مەمۇرىي مۆتىۋەرلەرنى ھەمدە ئاق تاغلىقلار مۇرىتلىرىنى توپلاش ۋە مەجبۇرلاش ئارقىلىق ئۆزىنى يادرو قىلغان ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولغاچقا ، چوڭ خوجا دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ، ئاخىرى ئۇمۇ توپىلاڭنىڭ كاتتىبېشى بولۇپ قالدى .

1757 ـ يىلى ، كىچىك خوجا كۈچادا «باتۇرخان» دېگەن ۋۇۋۇسىكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، ئۆزىنى «باتۇرخان» دەپ ئاتىدى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ توپىلاڭ قوزغىدى . قەشقەر ، يەكەن ، مەكىت ، خوتەن ، ئاقسۇ ، باي ، سايرام ، كۈچا قاتارلىق جايلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ توپىلاڭغا سۆرەپ كىرىلدى .

1758 ـ يىل 8 ـ ئايدا ، جاۋ خۇي چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئاقسۇغا يېتىپ باردى ، ئاقسۇنىڭ ھاكىم بېگى خوجىس چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا قوشۇلدى . 9 ـ ئايدا جاۋخۇي خوجىسنى خوتەننى ئەل قىلىشقا ئەۋەتتى ، خوتەن چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا بەيئەت قىلدى . 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەكەن شەھىرىنىڭ سىرتىدا توپىلاڭچىلار بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلدى . چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۈچ قېتىملىق جەڭنىڭ ھەممىسىدە غەلىبە قىلدى ، توپىلاڭچىلار شەھەر ئىچىگە كىرىۋالدى . چوڭ خوجا شەھەردىن 5000 كىشىلىك توپىلاڭچى قوشۇننى يەكەنگە ياردەمگە ئەۋەتتى . جاۋخۇي يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا بارگاھ قۇرۇپ پۇختا مۇداپىئەلەنگەنىدى . بۇ دەريا ئۇيغۇر تىلىدا قاراسۇ دەرياسى دەپ ئاتالغاچقا ، جاۋخۇينىڭ بۇ بارگاھى «قاراسۇ بارگاھى» دەپمۇ ئاتالغان . چوڭ - كىچىك خوجىلار «قارا سۇ بارگاھى» غا توپتوغرا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق قورشاپ ھۇجۇم قىلدى ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «قاراسۇ بارگاھى» نى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ياردەمگە ئۈچ تۈركۈم قوشۇن ئەۋەتتى . 1759 - يىلى 1 - ئايدا «قاراسۇ بارگاھى» مۇھاسىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بۆسۈپ چىقىپ ، ياردەمچى قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىپ ، قوشۇننى دەم ئالدۇرۇش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ئاقسۇغا چېكىنىدى .

1759 - يىلى يازدا ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سانغۇنلىرىدىن فودې 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ ، تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ ، ئۇدۇللا خوتەنگە چۈشۈپ ، يەكەنگە شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى ؛ جاۋخۇي 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇچتۇرپاندىن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى . چوڭ - كىچىك خوجىلار ئۆز ھالىنىڭ خاراب بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، شۇ جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چارۋا ۋە باشقا مال - مۈلكىنى غالجىرلىق بىلەن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ، بەدەخشانغا قاراپ قاچتى . چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەكەن بىلەن قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ، 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بەدەخشان ئاقساقىلى سۇلتان شاھ چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ چوڭ - كىچىك خوجىلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرىدىغانلىقى ھەمدە چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىپ ، شىنجاڭنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبا-

رەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورۇندىدى .

XIX ئەسىرنىڭ 60 - ، 70 - يىللىرى جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتىدە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش بولدى . ئەنگلىيە ، رۇسىيە ، فرانسىيە قاتار-لىق كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەر تەڭسىز «بېيجىڭ شەرتنامىسى» دىن پايدىلىنىپ ، جۇڭگودىكى ھوقۇق - مەنپەئەتنى جىنىنىڭ بارىچە كېڭەيتىش بىلەن بىللە ، جۇڭگونىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ۋەقە پەيدا قىلىپ ، جۇڭگو زېمىنىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالدى . بۇنىڭدىن ئوت-تۇرا ئاسىيادىكى قوقەن خانلىقى ۋە چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ ، غەربىي شىمال چېگرا رايونىدا پەيدا قىلغان خەۋپنىڭ داۋام-لاشقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن ، كەلتۈرۈپ چىقارغان جاراھىتى ئەڭ ئېغىر ، زىيىنى ئەڭ زور بولدى .

بۇ مەزگىلدە ، يەكەندە ئىش بېجىرگۈچى ئامبال (办事大臣) مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، مەكىت بارچۇقتىن ئايرىلىپ چىققان 6 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانىدى . بى-راق ، مىلادىيە 1867 - يىلى ، قوقەنلىك ياقۇپبەگ قەشقەردە «يەتتە شەھەر خانلىقى» (بەدۆلەت ھاكىمىيىتى ) نى قۇرۇپ ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى مەكىت قاتارلىق جايلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالدى①.

1884 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ قۇرۇشنى رەسمىي قارار قىلدى . ئەتىسى ، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قىلىپ تەسىس قىلىنغانلىقى پۈتۈن مەم-لىكەتكە جاكارلاندى ھەمدە ليۇ جىنتاڭنى شىنجاڭنىڭ تۇنجى باش مۇپەتتىشلىكىگە ، ۋېي گۇاڭتاۋنى شىنجاڭنىڭ پەرمانبەردارلىقىغا تە-يىنلەپ ، ئۈرۈمچىنى ئۆلكە مەركىزى قىلىپ بېكىتتى . شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قىلىپ قۇرۇلۇشى ئىچكى - تاشقى قاتمۇقات قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىپ ئاخىرى ۋۇجۇدقا چىقتى . پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئۈرۈمچى ، ئاقسۇ ، قەشقەر ، ئىلى ، تارباغاتايدىن ئىبارەت تۆت داۋ ، ئۇنىڭغا قاراشلىق ئالتە فۇ ، ئون تىڭ ، ئۈچ ئايماق ، 23 ناھىيە ياكى شۆبە ناھىيە تەسىس قىلىندى .

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 - يىل 10 - ئاي نەشرى ، 22 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 7 . جۇڭخوا مىنگو دەۋرىدىكى مەكىت

1911 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىر ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى ئوقىنى ئاتتى ، 1912 ـ يىلى 1 ـ يانۋار جۇڭخوا مىنگو ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ ، سۇن جۇڭشەن مۇۋەققەت باش زۇڭتۇڭ بولدى .

1912 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ، چىڭ سۇلالىسى پادشاھى رەسمىي تەختتىن چۈشتى . ئىككىنچى كۈنى يۈەن شىكەي جۇمھۇرىيەت-نى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ، سۇن جۇڭشەن مۇۋەققەت باش زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى ، نەنجىڭ ۋاقىتلىق كېڭەش پالاتاسى يۈەن شىكەينى مۇۋەققەت زۇڭتۇڭلۇققا ، لى يۈەنخۇڭنى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا سايلىدى . مەملىكەت بويىچە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ خەۋەر ئەللى ئارمىيىسى ۋە خەلقىنى ناھايىتى روھلاندۇردى . 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ، يۈەن داخۇا پوچتا تېلېگراف مىنىستىرلىقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى-نىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكى ، شىنجاڭنىڭمۇ جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلىشى لازىم ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋال-دى . لېكىن يۈەن داخۇا بۇ خەۋەرنى ئېلان قىلماي ، ۋەزىيەتتە بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى . 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ، مەركىزىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت شىنجاڭغا باش مۇپەتتىشنى تۇتۇتۇقا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا بۇيرۇق تېلېگراممىسى ئەۋەتتى ، 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يەنە «ئۇرۇشنى دەرھال توختىتىش» توغرۇلۇق بۇيرۇق تېلېگراممىسى ئەۋەتتى . يۈەن داخۇا ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بى-لەن ، 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاندىن جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى ۋە ئىككى تەرەپ ئۇرۇشنى توختىتىپ ، چۈچەكتە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئۇقتۇردى . بۇ چاغدا ، گېلاۋخۇينىڭ پائالىيەتلىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كەڭ ئەۋج ئالغانىدى ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاج-لانماقتا ئىدى ، يۈەن داخۇا ئامالسىز قېلىپ ، 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى جاكارلاپ ، قەشقەرنىڭ ۋا-

لىيسى يۈەن خۇڭيۇنى تۇتۇقلۇققا كۆرسەتتى . 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يۈەن خۇڭيۇ گېلاۋخۇي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . يۈەن داخۇا ئىنتايىن ئالاقزادە بولۇپ ، يەنە شىنجاڭنىڭ تەپتىش بېگى ، قوشۇمچە باركۆل ـ ئۈرۈمچى ۋالىيسى ياڭ زېڭشىننى تۇتۇقلۇققا كۆرسەتتى . 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يۈەن شىكەي ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەپ ، ئۇنىڭ ئىلى تەرەپ بىلەن سۈلھ سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە رىياسەتچىلىك قىلىشىنى ئۇقتۇردى .

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن ، 1912 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ 1913 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ، ياڭ زېڭشىن خۇيزۇ يىڭجاڭ لى شۇفۇنىڭ قولىغا خەت يېزىپ بېرىپ ، ئۇنى تاغقا چىقىپ تۆمۈر خەلپە بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى . 1907 ـ يىلىدىكى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى ساۋاق تۆمۈر خەلپە قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئېسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلار مۇرەسسەلىشىشنى رەت قىلدى . 1913 ـ يىل 3 ـ ئايدا ، ياڭ زېڭشىننىڭ يولىيورۇقى بويىچە لى شۇفۇ مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتى بىلەن ئىككىنچى قېتىم تاغقا چىقىپ ، تۆمۈر خەلپە بىلەن كۆرۈشتى ، دىندارلىق مۇناسىۋەتنى سۈيىئىستېمال قىلىپ ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى ئالدىدى ، لى شۇفۇ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھاشىرى ھەر ئايدا ئىككى كۈنگە قىسقارتىلىدۇ ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۆلكە قوشۇنىنىڭ چېگرانى تىنچلاندۇرغۇچى ئاتلىق قوشۇنىنىڭ 3 ـ يىڭى قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ ، تۆمۈر خەلپە يىڭجاڭلىققا تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىدە تۇرىدۇ ، قېچىپ كەتكەن قوزغىلاڭچى دېھقانلار يۇتۇنلەي دېھقانچىلىق قىلىشقا قايتۇرۇلىدۇ ، دەپ ۋەدە بەردى . تۆمۈر خەلپە بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلىپ ، 200 دىن كۆپرەك ئادەمنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كەلدى ، قالغان قوزغىلاڭچى دېھقانلار يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلدى .

ياڭ زېڭشىن تۇرپاننىڭ قوزغىلاڭچى دېھقانلىرىغىمۇ ئاشۇنداق ئۇسۇل قوللاندى . مۇھىددىن خەلپىمۇ تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ، «نەسىھەت بىلەن كۆندۈرۈلدى» . ياڭ زېڭشىن تۇرپان قوز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غىلاڭچىلار قوشۇننى ئۆلكە قوشۇنىنىڭ بىر يېڭى قىلىپ ئۆزگەرتە تەشكىللەپ، مۇھەددىن خەلىپىنى يېڭىجاڭلىققا تەيىنلىدى ھەمدە ئۇلار نىمۇ ئۇرۇمچىدە تۇرىدىغان قىلىپ يۆتكەپ كەلدى. 1913 - يىل 9 - ئايدا، تۆمۈر خەلىپە بىلەن مۇھەددىن خەلىپە ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، قالغان ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى تارقىتىۋېتىلدى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن 1912 - يىلىدىن 1928 - يىل يازغىچە بولغان 17 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، شىنجاڭ بيۇروكرات مىلىتارىست ياڭ زېڭشىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى. ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندا، شىنجاڭ مۇرەككەپ سىياسىي، ھەربىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەپقالغانىدى. غەربتە ئىلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى ياڭ زېڭشىن بىلەن تىركىشىۋاتقانىدى، شەرقتە قۇمۇل، تۇرپاندىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا گېلاۋخۇي ئەزالىرىنىڭ ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەركەز قىلغان قوزغىلاڭلىرى داۋام قىلماقتا ئىدى، شىمالدا چارروسىيە بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ تۇپىلاڭچى قوشۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن تاجاۋۇز قىلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتاتتى. ياڭ زېڭشىن ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرۈش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ ھەل قىلدى. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت كۆنسېرى كەسكىنلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ما فۇشىڭنىڭ ئاسىيلىق قىلىشنى پىلانلاش ۋەقەسى ئىدى. ما فۇشىڭ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە گېلاۋخۇينى باستۇرۇشتا ياڭ زېڭشىن ئۈچۈن زور خىزمەت كۆرسەتتى. ياڭ زېڭشىن 1914 - يىلى ما فۇشىڭنى 20 نەچچە يىڭنى باشلاپ قەشقەردە تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنى قەشقەرنىڭ تىدۇلەنغا (باشبۇغلىقىغا)، ئوغلى ما جىۋۇنى ياردەمچى سانغۇنلۇققا ئۆستۈردى. ما فۇشىڭ ئاتا - بالا ئىككىيلەن قەشقەردە خالىغانچە ئەسكەلىك قىلىپ، تەپ تارتماستىن قەشقەرنىڭ دوتىيى ياڭ زېڭبىڭ (ياڭ زېڭشىننىڭ ئىنىسى) نى چەتكە قېقىپ، قەشقەرنى ئۆزىنىڭ مۇستە-

قىل پادىشاھلىقىغا ئايلاندۇرۇۋالدى . كېيىن ما فۇشىڭ تەكەببۇرلۇقتا تېخىمۇ چېكىدىن ئېشىپ ، ئۆزىنى «پادىشاھ» دەپ ئاتىدى ھەمدە ياڭ زېڭشىننى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن يوشۇرۇن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىغا دەسسەشكە ئۇرۇندى . ياڭ زېڭشىن بۇ خەۋەر-نى ئۇققاندىن كېيىن ، ما فۇشىڭ ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى ئۈجۈقتۇرۇۋې-تىش نىيىتىگە كەلدى . ئۇ ما شاۋۇنى 12 يىلىق ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى . ئۇلار ما فۇشىڭنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ ، ئوغلى ما جىۋۇنى ئېتىپ ئۆلتۈردى .

1928 ـ يىلى جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ ، شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى غۇلاپ چۈشتى . دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدە يۈز بەرگەن بۇ چوڭ ئۆزگى-رىشكە قارىتا ، ياڭ زېڭشىن شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىا يوللاپ ، جياڭ جيېشىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈر-دى . 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ، ياڭ زېڭشىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى رەسمىي ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەنگە ئېلى-شىغا مەلۇم قىلدى ھەمدە 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىنى ، قوشۇمچە باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى . مەركىزىي ھاكىمىيەتتىكى بۇ قېتىمقى ئۆزگىرىش شىنجاڭغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى . 1928 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ، فەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن زور ۋەقە يۈز بەردى ، بۇ ئادەتتە «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتالدى .

سىياسىي ئۆزگىرىش تىنچىتىلغاندىن كېيىن ، جىن شۇرېن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ، قوشۇمچە باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە تېلېگراممىا ئارقىلىق نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىدى . 1928 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگە كەلگەندە ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئاندىن ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە رەسمىي تەيىنلىدى . 1931 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يەنە ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە تەيىنلەپ ، شىنجاڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويدى . جىن شۇرېن تەختكە چىقىپ ئۈچ يىل بولمايلا ، پۈتۈن شىنجاڭ داۋالغۇش ۋە يېغىلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى ھەمدە 1933 ـ يىلىدىكى «12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» گە سەۋەب بولۇپ ، شېڭ شىسەينى ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقاردى .

1 . 30 ـ يىللار چوڭ داۋالغۇش مەزگىلىدىكى مەكىت

1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ، 1933 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا پارتلىغان تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ بىۋاستە تەسىرى بىلەن ، كۇچادا تۆمۈر ئېلى (تۆمۈر سىجاڭ ) باشچىلىقىدا بارلىققا كەلگەن قوراللىق كۈچلەر ناھايىتى تېزلا جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈزلىنىپ ، كۇچا ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ، قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ . بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان قەشقەر ئامبىلى ما دوتەي ھەربىي قوماندان ياڭ تۇەنجاڭ (ياڭ چېڭمىن ) نىڭ باشچىلىقىدا بىر بۆلۈك ئەسكەرنى مارالبېشى تۇمشۇقتا تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەۋەتىدۇ . ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىر ئايدىن ئارتۇقراق ئۇرۇش بولغاندىن كېيىن ، ياڭ تۇەنجاڭ قىسىملىرى بەرداشلىق بېرەلمەي ، ئاۋۋال مارالبېشىغا ، كېيىن مارالبېشىنىڭ غەربىي جەنۇبى بىلەن يەكەن دەرياسىنى بويلاپ قەشقەرگە چېكىنىشكە باشلايدۇ .

ئەينى ۋاقىتتا ، مەكىتتە «قۇمۇل ـ تۇرپانلاردىن غوجاملار ئىسلام ئاچقىلى كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر كەڭ تارقىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، خەلق نوپۇزلۇق يۇرت چوڭلىرىدىن تۆرىخان غوجام باشچىلىقىدا قوزغىلىپ ، ئاۋۋال ناھىيە بازىرىدىكى گۆرۈكەش خەنزۇلارنىڭ گۆرۈخانىلىرىنى بۇلاپ ، داڭزىلىرى (ئالدى ـ بەردىنى تىزىملايدىغان دەپتىرى ) نى كۆيدۈرىدۇ . ئۇلار يەنە «قۇمۇل ـ تۇرپانلاردىن كەلگەن غوجاملار تۇمشۇقتا كۇپار (دىنسىز ) لار بىلەن ئۇرۇشۇۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ، قوللىرىغا يەرلىك ئوق مىلتىقى ، قىلىچ ، نەيزە ، چوماق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ «غوجاملارنىڭ ئالدىغا بارىمىز» دېيىشىپ ، تەخمىنەن 3 — 4 مىڭ كىشى يۈسۈپ خان غوجام ، سايىم بەگ قاتارلىق يۇرت چوڭلىرىنىڭ باشلىشى بىلەن مارالبېشىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ . ئۇلار ئوقالىق (مارالبېشى تەۋە-

سى ) دېگەن جايغا كەلگەندە ، تۆمشۇقتىن چېكىنىپ ماڭغان ياڭ تۆەن- جاڭ قىسىملىرىغا يولۇقىدۇ ۋە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش باشلىنىدۇ . ياڭ تۆەنجاڭنىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قورال- لانغان قوشۇنى ئاددىي ، يەرلىك قوراللار بىلەن قوراللانغان خەلقنى ئېغىر پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتىدۇ . لېكىن ، خەلق بىرى يىقىلسا بىرى ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدۇ . مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ، سايىم بەگ ئوۋ مىلتىقى بىلەن پىلىموتچىنى ئېتىۋېتىدۇ . خەلق شۇئان ئورۇنلى- رىدىن تۇرۇپ ، «دوست ، دوست» دېيىشىپ ، ئاتلىق ۋە پىيادە دۈش- مەنگە ئېتىلىدۇ . نەتىجىدە ياڭ تۆەنجاڭ قوشۇنى بەرداشلىق بېرەلمەي قاچىدۇ . شۇ مالىمانچىلىقتا سايىم بەگ بىلەن نۇرغۇن كىشى ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ . ئۇلار مەكىتكە قايتۇرۇپ كېلىنىپ چوڭ داغدۇغا بىلەن يەرلىككە قويۇلىدۇ . ئۇرۇش جەريانىدا ياڭ تۆەنجاڭ قىسىملى- رىدىن خېلى كۆپ قورال ئولجا ئېلىنغانلىقتىن ، زامانىۋى ۋە يەرلىك قوراللار بىلەن قوراللانغان بىر قوشۇن بارلىققا كېلىدۇ . ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 200 ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ ، يۇسۇپخان غوجام تۆەنجاڭ بولىدۇ .

1934 - يىلى ، ماجۇڭيىڭ شىڭ شىسەي بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ، ئۇرۇمچىدىن چېكىنىپ جەنۇبقا يۈزلىنىدۇ . بۇ ۋا- قىتتا ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئىتتىپاقى ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ ، ئۇلارمۇ ئۆزئارا ئۇرۇشۇش ھالىتىگە كېلىپ قالغانىدى . شۇڭا ، ما جۇڭيىڭنىڭ بۇ قېتىمقى چېكىنىشى ، قارىماققا خوجىنىياز ھاجىنى ما جۇڭيىڭ قوغلاۋاتقان ، ما جۇڭيىڭنى شىڭ شىسەي قوغلا- ۋاتقاندەك ھالەتتە ئىدى . شۇ يىلى 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ، خوجە- نىياز ھاجى قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ . لېكىن ، ئۇ قەشقەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ، مافۇيۈەن قىسىملىرىنىڭ قەشقەرگە قىلغان ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالماي ، يېڭىسار ، يەركەن قاتارلىق جايلارغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ . ئەسلىدە قەشقەر يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسىدە قامىلىپ قالغان ماجەنساڭمۇ قەشقەرگە كېلىپلا ھەدەپ خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا باشلىغانىدى . خوجىنىياز ھاجى ۋە مامۇت سى- جاڭلار مەكىتكە كېلىپ تۇرۇشىغا ، ماجەنساڭمۇ قوشۇنىنى باشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن ۋە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى بويىدىكى ياخۇمدان دېگەن يەردە قاتتىق ئۇرۇش بولغانىدى. خوجىنىياز ھاجى يېڭىلىپ، مارالبېشى ئارقىلىق ئاقسۇغا كېتىدۇ. مەكىت بولسا ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئىچىدە قالىدۇ. ماجەنساڭ قوشۇنلىرى يەرلىك ئاممىنى بۇلاپ ۋە ئاياغ ئاستى قىلىپ، مىنىشكە يارايدىغانلىكى ئات ۋە ئەسكەرلىككە يارايدىغانلىكى ئەرلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ.

1934 - يىلى، ما جۇڭيىڭ ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوشۇنى ما خۇسەننىڭ باشچىلىقىدا خوتەنگە بېرىپ ئورۇنلىشىدۇ. خوجىنىياز ھاجى مەكىت ئارقىلىق ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ. مامۇت سىجاڭ بولسا، جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، قەشقەرگە ئورۇنلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدا نىسپىي تىنچ ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

1937 - يىلى، مامۇت سىجاڭنىڭ ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا لاداخ ئارقىلىق ھىندىستانغا چىقىپ كېتىشى شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە يەنە بىر قېتىم چوڭ داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى، مامۇت سىجاڭ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇنىياز سىجاڭ بولىدۇ. ئۇ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىغا بېقىنماي، يەكەندە ئۆز ئالدىغا ئىش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يەكەن، پوسكام، مەكىت قاتارلىق جايلار شۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئابدۇنىياز سىجاڭ خوتەندىكى ما خۇسەن بىلەن شېڭ شىسەيگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئاۋۋال قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ، ئاندىن شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىنى كۈچاغىچە قىستاپ بارىدۇ.

ئەمما، شېڭ شىسەينىڭ زامانىۋى قۇراللار بىلەن قۇراللانغان قىسىملارنى كۆپلەپ يۆتكەپ كېلىشى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن «ئالتايىسكى» ناملىق رۇس قىسىملىرىنىڭ بىرلىكتە باستۇرۇپ كېلىشى بىلەن، ئابدۇنىياز سىجاڭ قىسىملىرى يېڭىلىپ، يە-

كەن دەرياسىنى بويلاپ غەربكە ، يەنى مەكىتكە چېكىنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، مەكىت ئابدۇنىياز سىجاڭ بىلەن ما خۇسەن «ئىتتىپاقى» نىڭ ئاقسۇغا يۈرۈش باشلىغان چاغدىكى ئارقا سەپ ھەربىي بازىسى بولۇپ قالىدۇ . بۇ يەرگە ئاساسەن تۇڭگان قوشۇنلىرى ئورۇنلىشىپ ، مەكىت ۋەزىيىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ . ئابدۇنىياز سىجاڭمۇ مەكىتكە كېلىپ ئۇزاق تۇرالمايدۇ . چۈنكى ، شىڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە ، سوۋېت ھۆكۈمىتى تورغات ئارقىلىق كىرگۈزگەن قوشۇننىڭ ئاتلىق قىسىملىرى مارالبېشى ئارقىلىق ئابدۇنىياز سىجاڭنى قوغلاپ مەكىتكە كېلىدۇ . كېيىن يەنە يەكەن ئارقىلىق تانكا قىسىملىرىمۇ مەكىتكە كېلىدۇ .

رۇس ۋە قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن سوۋېت قوشۇنى مەكىتكە شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ئورۇنلىشىپ ، 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تۇرىدۇ . ئۇلار ئىككى پولك بولۇپ ، رۇس پولكى ئوغۇللار مەكتىپى (ھازىرقى تۇرلۇك ماللار شىركىتىنىڭ ئورنى) گە ئورۇنلىشىدۇ . ئۇلاردا زامانىۋى قورااللاردىن بەش دانە برونېۋىك ، 20 نەچچە زەمبىرەك ، 30 غا يېقىن ئېغىر پىلىموت بېكىتىلگەن تاچانكا ھارۋىسى بار ئىدى . سوۋېت قوشۇنى بۇ جايدا تۇرۇش جەريانىدا ، تۇڭگانلار توپلىغان بېدە ، ئوتۇن قاتارلىقلار ئۇلار ئۈچۈن مول تەمىنات مەنبەسى بولىدۇ . ئۇلار ئابدۇنىياز سىجاڭ ۋە ما خۇسەن قوشۇنلىرىدىن تارتىۋالغان ھەرخىل قوراللارنى بۇزۇپ كېرەكسىز تۆمۈرگە ئايلاندۇرۇپ ، يەرلىك تۆمۈرچىلەرگە سېتىپ پۇل توپلايدۇ ؛ تىزناپ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ سازلىقتا ئايرودروم ياساپ ، ھەربىي ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سېلىپ تۇرىدۇ ؛ 40 قا يېقىن بەگ ، ئاخۇن ۋە يۇرت چوڭلىرىنى قولغا ئېلىپ ، شىڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ پۇل ئۈندۈرىدۇ . شۇنداقلا ئۇرۇش جەريانىدا ئولجا ئالغان 2 — 3 يۈزگە يېقىن ياخشى ئاتنى ئېلىپ كېتىدۇ .

1937ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ، ئابدۇنىياز سىجاڭ ۋە ماخۇسەنلەرنىڭ تىنچىتىلىشى بىلەن ۋەزىيەتتىكى داۋالغۇش پەسىيىپ ، شىڭ شىسەينىڭ سىياسىي ھېساب ئېلىشى باشلىنىدۇ . ئابدۇنىياز سىجاڭ ، ما خۇسەنلەرنىڭ شىڭ شىسەيگە قارشى كۆرىشى مەكىت

خەلقىنىڭ ۋە شۇ ۋاقىتتىكى مەكىت ھاكىملىرىنىڭ (ئىككى ھاكىم ئۆتكەن ) قوللىشىغا ، قىزغىن ياردەم بېرىشىگە ئېرىشكەنىدى . ۋەقە جىمىققاندىن كېيىن ، شېڭ شىسەي مەكىت خەلقىدىن ھېساب ئېلىپ ، 1938 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىككى ھاكىم باشلىق 72 كىشىنى تۇتۇپ ، ھېمىتنىڭ سېپىدا توك سوقتۇرۇش يولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . بۇ پاجىئەلىك ۋەقە خەلقنىڭ يادىدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدۇ① .

2 . «11 بىتىم» مەزگىلىدىكى مەكىت

1944 - يىلى كۈزدە ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى . 1945 - يىل 10 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىدىن رەھىمجان ، ئوبۇلخەيرى ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ بىلەن دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى ) دا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى . 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىككى تەرەپ 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى (تولۇق ئاتىلىشى «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم» ) نىڭ تېكىستىنى ۋە بىرىنچى قوشۇمچە ھۆججەتنى ئىمزالىغان ، 6 - ئايدا ئىككىنچى قوشۇمچە ھۆججەتنى ئىمزالىدى . ئاساسلىق مەزمۇنى : شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە ؛ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە ؛ شىنجاڭدىكى مەمۇرىي ئورگان ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەتلىرىدە خەنزۇ يېزىقى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ ، خەلقنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا سۇنغان ھۆججەتلىرىدە ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنىلا قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ ؛ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ ؛ مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ ئەركىن تەرەققىياتى ، خەلقنىڭ نەشر قىلىش ، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ، پىكىر قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ ؛ باج نىسبىتى ، تاشقى سودا جەھەتلەردىمۇ مۇناسىپ بەلگىلىمىلەر چىقىرىلىدۇ ، دېگەنلەردىن

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 - يىل 10 - ئاي نەشرى ، 36 — 40 - بەتلەر .

ئىبارەت ئىدى. بىرىنچى قوشۇمچە ھۆججەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىنىشىگە ئائىت بەلگىلىمىلەر بولۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت 25 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسىنى تەيىنلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئون كىشىنى مەركەز بىۋاستە ئەۋەتىدۇ (ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت تەشكىللەنگەندە يەتتە كىشى ئەۋەتكەن)، رەئىس ۋە باش كاتىپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئۈچ ۋىلايەت ئالتە نامزات كۆرسىتىدۇ (ئەمەلىيەتتە سەككىز نامزات كۆرسەتكەن)، مۇئاۋىن رەئىس ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ قالغان يەتتە ۋىلايەت توققۇز نامزات كۆرسىتىدۇ (ئەمەلىيەتتە ئون نامزات كۆرسەتكەن)، مۇئاۋىن رەئىسنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېيىلگەن. ئىككىنچى قوشۇمچە ھۆججەت ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئائىت بەلگىلىمىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرىنى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شتاتى بويىچە ئۈچ ئاتلىق تۈەن، ئۈچ پىيادە تۈەن قىلىپ تۈزۈش، ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 12 مىڭدىن ئاشماسلىق، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە تۇرۇش، غۇلجا تەرەپ بىر باش قوماندان قويۇش ھەم ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇش، دەپ بەلگىلەنگەن.① 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەسمىي تەشكىللەندى. جاڭ جىجۇڭ رەئىس، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن رەئىس بولدى. شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، شىنجاڭدا تىنچلىق بىتىمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ۋەقە تۇغدۇرۇپ ئۈچ ۋىلايەت كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلدى ۋە ھەر مىللەت دېموكراتىك كۈچلىرىگە زەربە بەردى، ئاخىرىدا مەسئۇدنى يۆلەپ ئۆلكە رەئىسى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت كادىرلىرى غۇلجىغا چېكىندى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۈزۈل - كېسىل يىمىرىلدى.

«11 بىتىم» ئىمزالانغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بويىچە، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە دېموكراتىك سايلام

① «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىل 8 - ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 112 — 113 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېلىپ بېرىش پائالىيىتى باشلىنىپ ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىدە-
كى ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار مەسئۇللۇقىدا كىچىك گۇرۇپپىلار
تەشكىللىنىپ ، ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتىلدى . شۇ قاتاردا ،
1946 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدىكى
گۇرۇپپا مەكىت ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىپ ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ
ھاكىمىنى سايلاشقا رىياسەتچىلىك قىلغان . سايلام باشلىنىشنىڭ ئال-
دىدا ، ناھىيە مەركىزىدە چوڭ كۆلەملىك يىغىن ئېچىلىپ ، يىغىندا
بۇرھان شەھىدى مۇنداق سۆز قىلغان :

*«قەدىرلىك قېرىنداشلار ، يۇرتداشلار !*

*ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ، مۇئاۋىن
رەئىسى ئەخمەت ئەپەندى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ھەيئەت ئەزالە-
رى سىلەرگە سالام يوللىدى .*

*بۈگۈن ھەممىڭىزلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ، مۇشۇنداق
سۆزلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ناھايىتى
بەختلىك ھېس قىلماقتىمەن ، شۇنداقلا ناھايىتى ھاياجانلانماقتە-
مەن . بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمىزدە ئىككى مەقسەت بار :
بىرى ، بۇ يەردىكى سايلام خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ؛ يەنە
بىرى ، ئاممىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇش ، ئەگەر قانۇنغا خىلاپ ئىش-
لار ، قىيىنچىلىقلار بولسا ، ئۇنى ھەل قىلىش ، ئاممىغا ھازىرقى
دېموكراتىك سىياسەتنى چۈشەندۈرۈش ، ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى
ئاڭلاش .*

*سايلام مەسىلىسى توغرىسىدا ، ئەڭ ئاۋۋال ، نېمە ئۈچۈن
سايلام ئۆتكۈزىدىغانلىقىمىز ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن . ھەم-
مىگە مەلۇم ، ئۆتمۈشتە ئادالەتسىز ئىشلار بەك كۆپ بولدى .
خەلقىمىز نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتىپ ، نۇرغۇن ئېزىلىشكە
ئۇچرىدى ، ئەمما دەرد ـ ئەھۋالىنى ئېيتىدىغان يەر تاپالمىدى .
كونا ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىرى تۈرلۈك زۇلۇم ۋاستىلىرىنى
ئىشقا سېلىپ خەلقنىڭ قېنىنى شوراپ ، خەلقنى چىدىغۇسىز
ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى . شۇنىڭ بىلەن جايلاردا قوزغىلاڭلار*

كۆتۈرۈلدى. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ كۆلىمى ئەڭ زور بولغىنى ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرى بولدى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى قېرىنداشلار كۆتۈرگەن قوزغىلاڭ مۇستەبىتچىلەرگە قارشى تۇ-رۇپ، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئېزىلگەن 4 مىليون 500 مىڭ خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىش يولىدىكى بىر خىل ھەرىكەتتۇر. ئۈچ ۋىلا-يەتنىڭ خەلق ۋەكىللىرى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى يەنى ھازىرقى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ بىلەن سەككىز ئاي مۇھاكىمە ئۆتكۈزۈپ، «11 ماددىلىق تىنچ-لىق بىتىمى» نى ئىمزالىدى. خەلقىمىزنىڭ نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ۋە تەلەپ قىلىپ كەلگەن ھوقۇقى ئاشۇ بىتىمنىڭ ئىچىگە تولۇق كىرگۈزۈلدى.

ھازىر مۇشۇ تىنچلىق بىتىمىنىڭ 1 ـ ماددىسىغا ئاساسەن، خەلققە ئۆزى ئىشىنىدىغان ئادىل كىشىلەردىن كېڭەش تەشكىل-لەپ چىقىش ۋە ناھىيىنىڭ ھاكىمى، مۇئاۋىن ھاكىمىنى سايلاپ چىقىش ھوقۇقى بېرىلدى. ئىچكى ئۆلكىلەردە خەلققە ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرىنى سايلاش ھوقۇقى بېرىلگەن بولسىمۇ، نا-ھىيىنىڭ ھاكىمىنى سايلاش ھوقۇقى بېرىلمىگەن. ۋاھالەنكى، ئۆلكىمىزدە بۇنداق ھوقۇق ھەممىدىن ئاۋۋال يولغا قويۇلماقتا. بۇ تىنچلىق بىتىمدە بەلگىلەنگەن ھوقۇق. ئۇ ئاسان قولغا كەلمىدى. بەلكى مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن ئادەملەرنىڭ قان ئاق-قۇزۇپ قۇربان بېرىشى بەدىلىگە كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنى قەدىرلىشىمىز، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئامما ئىشىنى-دىغان، ئامما ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى خىزمەتنى باشقۇ-رۇشقا ئەستايىدىل سايلاپ چىقىشىمىز كېرەك.

بىر بارغانلا يەردە، ئاممىدىن نەچچە يۈزلىگەن تەلەپنامىلەر-نى تاپشۇرۇۋالدۇق، بۇ تەلەپنامىلەردە: ئېزىلىشكە ئۇچراپ، ئېغىر ئازاب تارتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىنغان، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ ھەل قىلىپ بېرىش، بۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرۇش تەلەپ قى-لىنغان. بۇنىڭدىن كېيىن، بەختكە ئېرىشىش ھوقۇقى ئۆز قو-لۇڭلاردا. ئەگەر سىلەر ئادىل، ۋىجدانلىق، ئەخلاقلىق، بىلىم-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لىك ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئادەملەرنى سايلاپ چىقىدىغان بولساڭلار ، سىلەرنىڭ مەنپەئىتىڭلار كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ . ئەگەر سىلەر نامۇۋاپىق ئادەملەرنى ، مەسىلەن ، خىيانەتچى ، قىمارۋاز ۋە ۋىجدانسىز ئادەملەرنى سايلاپ قويىدىغان بولساڭلار ، ئۇ ھالدا ، بۇنىڭدىن كېيىن چىقىدىغان بالايىئاپەتنىڭ دەردىنى ئۆزۈڭلار تارتىسىلەر ، ئەلۋەتتە . خەلقتە يامان ئادەملەرنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقىمۇ بولىدۇ . خەلق ئاشۇنداق يامان ئادەملەرنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ ، باشقىدىن سايلىسا بولىدۇ . ئەمما كونىلار : «بېگىڭگە يەتكۈچە بېلىڭ سۇنۇپتۇ» دەپ ياخشى ئېيتقان . سەن ئۇنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىغۇچە ، ئۇ قىلىدىغان ئەسكىلىكلىرىنى قىلىپ بولىدۇ ، شۇڭا خەلق ئاممىسىغا غەمخورلۇق قىلىدىغان ياخشى ئادەملەرنى سايلاش كېرەك .

بىز قەشقەر ، يەركەنلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق . پوسكام ناھىيىسىنىڭ كاتتىۋاشلىرى «مۇئاۋىن رەئىس كېلىدىكەن» دېگەن نام بىلەن خەقتىن نۇرغۇن توخۇ ۋە تۇخۇم يىغىۋاپتۇ ، بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولدۇم . چۈنكى بىز بۇ يەرگە خەلقنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى خەلقنىڭ ئۈستىدىكى سېلىقلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن كەلدۇق . مەن پوسكام ناھىيىسىدە ئېچىلغان ئاممىۋى يىغىندا سۆزلىگەن سۆزۈمدە : سىلەر توخۇ ۋە تۇخۇملىرىڭلارنى ئېلىپ كېتىڭلار ! دەپ جاكارلىدىم . ئۇنىڭدىن قالسا ، تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا ، بەزىلەر جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربىيلەرگە كېرەكلىك قورۇق ئوت – چۆپ ، يەم – خەشەكلەرنى ئارتۇق ئالىدىكەن . 100 باغ بېدە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولسا ، 150 باغ بېدە ئېلىنىدىكەن ؛ بىر دادەن كۆممىقوناق ئېلىشقا تېگىشلىك بولسا ، بىر يېرىم دادەن كۆممىقوناق ئېلىنىپ ، ئارتۇق ئېلىنغان كۆممىقوناق ، يەم – خەشەكلەرنى ئۆز چۆنتىكىگە سالىدىكەن . ھۆكۈمەت بەرگەن پۇل مال ئىگىسىنىڭ قولىغا تەگمەيلا باشقىلار خىيانەت قىلىپ كېتىدىكەن .

يەنە بەزى جايلاردىكى كاتتىۋاشلار ھۆكۈمەتكە كىرەكلىك
نەرسىلەرنى ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئال-
مايدىكەن. بۇلار قانۇنغا خىلاپ، شۇنداقلا دىنىي ئەقىدىلەرگىمۇ
مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىدە ئاممىغا
زۇلۇم سېلىشقا، ئاممىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقا يول قويۇل-
مايدۇ. مەسىلەن، مېنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم مەن مۇئاۋىن
رەئىس بولغانلىقىم ئۈچۈن، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئالۋان ـ
ياساقنى تاپشۇرمىسا، بۇ توغرا بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە، توغرا بولماي-
دۇ. مېنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم مۇئاۋىن رەئىسكە تۇغقان
ئەمەس، بەلكى بۇرھانغا تۇغقان، مۇئاۋىن رەئىس بىرنەچچە ئا-
دەمنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ مۇئاۋىن رەئى-
سى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ھاكىم، شاڭجاڭ، باۋجاڭلارنىڭ ئۇ-
رۇق ـ تۇغقانلىرى تۆلەشكە تېگىشلىك ئالۋان ـ ياساقنى باشقى-
لارنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويسا، ئۇنداق ئادەم ھۆكۈمەت ئالدى-
دا، ئامما ئالدىدا ۋە خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ. ھۆكۈمەت
بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە ھەرگىز
يول قويمايدۇ. ئەگەر تەكشۈرۈپ تېپىلىپ قالىدىغان بولسا،
ئۇنداقلار قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ.

بۇرۇن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر رەئىس بىلەن قوشۇلۇپ
13 ھەيئەت ئەزاسى بار ئىدى. ھازىر «11 ماددىلىق تىنچلىق
بىتىم» نىڭ 9 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ھۆكۈمەت
ھەيئەت ئەزالىرى 25 بولىدۇ. ئۇنىڭ ئوننى مەركەز تەيىنلەي-
دۇ، ئون بەشى يەرلىك زاتلاردىن تەيىنلىنىدۇ. ھازىر بىر
رەئىس، ئىككى مۇئاۋىن رەئىس بار. جاڭ جىجوڭ رەئىس،
ئەخمەت ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز مۇئاۋىن رەئىس. ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ئۆلكىمىزدىكى 4 مىليون 500
مىڭ خەلققە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، شۇنداقلا ئاممىنىڭ مەنپەئىتى-
گە كۆڭۈل بۆلەلەيدۇ. بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، بىز
خىزمەتكە ئولتۇرغان ۋاقتىمىزدا، خەلق ئۈچۈن ئادىل خىزمەت
قىلىمىز، خەلقنىڭ خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى
ئۈچۈن ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەيمىز، پۈتۈن ئۆلكىمىزدىكى 4

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىليون 500 مىڭ خەلقنىڭ تاپشۇرۇقىنى يەردە قويمايمىز ، دەپ قەسەم بەردۇق .

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىنچىلىق بىتىمىنىڭ روھىغا ئاساسەن «سىياسىي پروگراممىسى» نى تۈزۈپ چىقتى . بىز مۇشۇ پروگراممىغا بويىچە ئىشلەيمىز . ھازىر خەلققە سۆز ، مەتبۇئات ، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكى بېرىلدى ، بۇنىڭدىن كېيىن ، بىز ئۆز پىكىرلىرىمىزنى ئاشكارا بېرىپ ، كۆپچىلىكنىڭ تەلەپ ۋە پەكىرلىرىنى گېزىتلەردە ئېلان قىلالايمىز . مەسىلەن ، جايلاردىكى مەسئۇل كىشىلەر ، ئەگەر خىيانەتچىلىك قىلسا ياكى قىمار ئوينىسا ، ئەپيۇن ، نەشە چەكسە ، سىلەر ئۇلارنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىش ھەمدە گېزىتلەردە ئېلان قىلىشتا ھوقۇقلۇق ، بۇنى ھەر قانداق كىشىنىڭ توسۇش ھەققى يوق . ئەمدى كىشىلەرنى يولسىز ، قانۇنسىز سولاپ قويۇشقا ، قانۇنسىز جەرىمانە قويۇشقا يول قويۇلمايدۇ . ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ نەقەدەر چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولغانلىقىڭلارنى بىلىشىڭلار كېرەك . ئالايلۇق ، سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا يوغان لىگەندە پولۇ كەلتۈرۈلسە ، ئەگەر سىلەر شۇ پولۇنى يېسەڭلار قورسىقىڭلار تويىدۇ ، يېمىسەڭلار ئاچ قالىسىلەر . ھازىر سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا پولۇ كەلتۈرۈلدى ، ئەمدى سىلەر ئۇنى يەپ قورسىقىڭلارنى تويغۇزالايسىلەر ، بىز مەكتەپتە ئون كۈندەك تۇرۇپ ، سايلام خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن قايتىپ كېتىمىز . مۇشۇ ئون كۈن ئىچىدە تەشۋىق خىزمىتىنى تولۇق ئىشلەپ ، خەلقنىڭ كېڭەش ئەزالىقىغا ۋە ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا ياخشى ئادەملەرنى سايلىشىغا ئوخشايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ، بەش كىشىلىك سايلام ھەيئىتى سايلاپ چىقتۇق ، ھەربىر يېزىدا ئۈچ كىشىلىك شۆبە ھەيئەت تەشكىل قىلىنىدۇ .

شۇڭا سىلەرنىڭ سايلام ھوقۇقۇڭلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى ئىشلىتىپ ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىدىغان ئادەملەرنى سايلاپ چىقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن»① .

---

① بۇرھان شەھىدى : «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1986 - يىل 5 - ئاي نەشرى ، 646 ~ 650 - بەتلەر .

1946 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مەكىت ناھىيىسىدە سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ ، مۇھەممەت ھاجى ، قادىر خەلىپە قاتارلىقلار كېڭەش ئەزاسى ، مويىدىن نىياز ھاكىم بولۇپ سايلانغان . بىراق ئۆلكىدىن كەلگەن سايلام گۇرۇپپىسىدىكىلەر قايتىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ، يەكەننىڭ ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ زورلۇق بىلەن مويىدىن نىيازنى ھاكىملىقتىن ئېلىپ تاشلاپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىسىنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىگەن[①] .

3 . مىنگو دەۋرىدىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت

مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى ) 8 ـ ئايدا مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلدى . ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە كاتىبات ئىشخانىسى ، ئىچكى ئىشلار بۆلۈمى (مىنگونىڭ 21 ـ يىلى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلگەن ) ، مالىيە بۆلۈمى ، يېزا ئىگىلىك ، كانچىلىق بۆلۈمى (مىنگونىڭ 21 ـ يىلى تەمىنات بۆلۈمى ۋە مائارىپ بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلگەن ) تەسىس قىلىندى . كاتىبات ئىشخانىسى خەت ـ چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي يىغىنلىرىنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىشكە ؛ ئىچكى ئىشلار بۆلۈمى (خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى ) يەرلىك ئاپتونومىيە ، ئاشلىق جۇغلاش ، ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ، سەھىيە ، زەھەر چەكلەش ، سايلام ئىشلىرى ، قوشۇمچە ئەدلىيە ، سوراق قىلىش ، جازالاش ئىشلىرى ، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى باشقۇرۇشقا ؛ مالىيە بۆلۈمى يەر تەكشۈرۈش ، غەللە ـ پاراقنى سۈيلەش ، ھۆكۈمەت مۈلكىنى ئېنىقلاش ، يەرلەرنى تىزىملاش ، ئوبوروتنى تەڭشەش ، بوغالتىرىيە ـ خوجىلىق ، خىراجەتلەرنىڭ كىرىم ـ چىقىم قىلىنىشى ، مال باھاسىنى تەكشۈرۈش ، تۈرلۈك مالىيە ھېساباتىنى ستاتىستىكا قىلىش ، ئاشلىق ، يەم ـ خەشەك سېتىۋېلىش ، خىراجەتلەرنى تەكشۈرۈپ ئاجرىتىش ، ئامانەتنى تېجەپ ئىشلىتىش ۋە مۇناسىۋەتلىك مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ؛ يېزا ئىگىلىك ـ كانچىلىق بۆلۈمى (تەمىنات بۆلۈمى ) دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، سانائەت ، قۇرۇ-

① «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل 5 ـ ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ، 10 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لۇش ، كان مەھسۇلاتلىرى ، سۇ ئىنشائاتى ، يول – كۆۋرۈك ياساش ۋە قۇرۇلۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى باشقۇرۇشقا ؛ مائارىپ بۆلۈمى مەكتەپ مائارىپى ، دۆلەت ئىلكىدىكى مائارىپ ، جەمئىيەت ئىلكىدىكى مائارىپ ، مەدەنىيەت ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە مائارىپقا دائىر ئىشلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان . ھەر بىر بۆلۈمدە بىر بۆلۈم باشلىقى ، ئىككىدىن ئۈچكىچە بۆلۈم ئەزاسى بار ئىدى .

مىنگونىڭ 35 – يىلى (1946 – يىلى ) ناھىيىدە باج ، غەللە- پاراق ئىدارىسى قۇرۇلۇپ ، ناھىيىنىڭ مەمۇرىي شتاتىغا كىرمەيدىغان مۇستەقىل ئورگان بولدى . ئۇ ئاشلىقتىن غەللە – پاراق يىغىشقا مەسئۇل بولدى ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا باج بۆلۈمى ، بوغالتىرىيە بۆلۈمى ، خوجىلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى . ئۇنىڭ خادىملىرى بۆلۈم ئەزا- سى ، باجگىر ، تەرجىمان ، كاتىپ ، جىسا (تەكشۈرگۈچى ) قاتارلىقلار- دىن تەركىب تاپتى .

1949 – يىل 12 – ئاينىڭ 1 – كۈنى باج ، غەللە – پاراق ئىدارىسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە قوشۇۋېتىلىپ ، باج بۆلۈمىگە ئۆز- گەرتىلدى ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا باج بۆلۈمچىسى ، غەللە – پاراق بۆلۈمچە- سى ۋە جىسا (تەكشۈرۈش ) بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى .

ھەرقايسى ئىشخانا ، بۆلۈملەرنىڭ شتاتى تۆۋەندىكىچە :

كاتىبات ئىشخانىسىدا مەمۇرىي كاتىپ ، كەسپىي كاتىپ ، كا- تىپ ، خەت – ئالاقە تارقاتقۇچى ، باشقۇرغۇچى ، ئىككى تەرجىمان بار ئىدى .

خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى ، ئامبار مۇدىرى ، ئاپتو- نومىيە (مۇختارىيات ) يېتەكچىسى ، ئىش بېجىرگۈچى بار ئىدى ، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ قارىمىقىدا تەكشۈرۈش ئىشخانىسى ، سەھ- لەش ، تەكشۈرۈش خادىمى ، خاتىرىلىگۈچى ، تۈرمە باشلىقى ، تەكشۈ- رۈش ئەمەلدارى ، سەككىز گۇندىپاي ، ساقچى باشلىقى ، بىر مەمۇرىي ساقچى ، توققۇز خادىم بار ئىدى .

مالىيە بۆلۈمىدە بىر بۆلۈم باشلىقى ، بىر بىرىنچى دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى ، بىر ئىككىنچى دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى ، بىر ئۈچىن- چى دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى بار ئىدى . مالىيە بۆلۈمىنىڭ قارىمىقىدا

بوغالتىرىيە ئىشخانىسى ، سەپلەش بوغالتىرىيە مۇدىرى ، بىر بوغال-تىر ، بىر مۇپەتتىش بار ئىدى .

باج بۆلۈمىدە باج بۆلۈمچىسى ، جىسا (تەكشۈرۈش) بۆلۈمچى-سى ، غەللە ـ پاراق بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، ھەربىر بۆلۈمچىلەرنىڭ بىردىن باشلىقلىرى بار ئىدى . بۆلۈمدە بىر بىرىنچى دەرىجىلىك جىسا قاتارلىق تۆت خادىم بار ئىدى .

8 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى ، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈش خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ كەسپى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى[1] .

4 . جۇڭگو گومىنداڭنىڭ مەكىت ناھىيىلىك پىرقىسى

جۇڭگو گومىنداڭى مەكىت ناھىيىلىك پىرقىسى مىنگونىڭ 33 ـ يىلى قۇرۇلۇش خىزمىتىنى باشلاپ ، ئىككىنچى يىلى 5 ـ ئايدا قۇرۇلغان . ھاكىم دېي ياچىن ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىسى بول-غان .

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 36 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە (1946 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1947 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە) ناھىيىلىك گومىنداڭ پىرقىسىدە ئىجرائىيە كومىتېتى قۇرۇلۇپ ، قارىمىقىدا تەپتىش ھەيئىتى تەسىس قىلىندى . بۇلارنىڭ ئاستىدا تەشكىلات ، تەشۋىقات ، بوغالتىرىيە ۋە كاتىپباتلىق گەنسىلىرى تەسىس قىلىندى . پۈتۈن ناھىيىدە ئىككى رايونلۇق پىرقە (رايونلۇق پىرقە ئىچىدە شۆبە پىرقە تەسىس قىلىنغان) تەشكىل قىلىندى . بىرىنچى رايونلۇق پىر-قىنىڭ باشقۇرۇشىدا رايونلۇق شۆبە پىرقە بار ئىدى . بىرىنچى رايون-لۇق شۆبە پىرقە ھۆكۈمەت ، ئىككىنچى رايونلۇق شۆبە پىرقە تەپتىش مەھكىمىسى ، ئۈچىنچى رايونلۇق شۆبە پىرقە باج يىغىش ئىدارىسى ، تەيخى بازىرى ، سودا ـ سانائەت ئۇيۇشمىسى ئىدى . ئىككىنچى رايون-لۇق پىرقىدە تۆۋەندىكى رايونلۇق شۆبە پىرقىلەر بار ئىدى : بىرىنچى رايونلۇق شۆبە پىرقە ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ، قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى ، ئىككىنچى رايونلۇق شۆبە پىرقە ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمى-

[1] «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل 5 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 396 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



سى ، چامغۇرلۇق باشلانغۇچ مەكتەپ ، ئۈچىنچى رايونلۇق شۆبە پىرقە قومۇش مەھەللە باشلانغۇچ مەكتەپ ، 4 ـ رايونلۇق شۆبە پىرقە يانتاق باشلانغۇچ مەكتىپى ئىدى .

مىنگونىڭ 36 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 37 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە (1947 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1948 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە ) ناھىيىلىك پىرقە قارمىقىدا ئۈچ رايونلۇق پىرقە ، 10 رايونلۇق شۆبە پىرقە تەسىس قىلىندى . بىرىنچى پىرقە ئاستىدا تۆۋەندىكى شۆبە پىرقىلەر بولغان : بىرىنچى شۆبە پىرقە — ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ، ئىككىنچى شۆبە پىرقە — تەپتىش ئىدارىسى ، ئۈچىنچى شۆبە پىرقە — باج ئىدارىسى ، تۆتىنچى شۆبە پىرقە — تەيخې بازىرى ، سودا ـ سانائەت ئۇيۇشمىسىدىن ئىبارەت . ئىككىنچى پىرقە ئاستىدا تۆۋەندىكى رايون-لۇق شۆبە پىرقىلەر بولغان : بىرىنچى شۆبە پىرقە — ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ، قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى ، ئىككىنچى شۆبە پىرقە — ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ، ئۈچىنچى شۆبە پىرقە — چامغۇرلۇق باشلانغۇچ مەكتەپ ، تۆتىنچى شۆبە پىرقە — يانتاق باشلان-غۇچ مەكتەپ . ئۈچىنچى شۆبە پىرقىگە تۆۋەندىكى رايونلۇق پىرقىلەر تەۋە ئىدى : بىرىنچى شۆبە پىرقە — قومۇش مەھەللە باشلانغۇچ مەكتەپ ، ئىككىنچى شۆبە پىرقە — ئازغان باشلانغۇچ مەكتىپى ، ئۈچىنچى شۆبە پىرقە — پاختەكلىك باشلانغۇچ مەكتىپى .

مىنگونىڭ 37 — 38 ـ يىللىرى (1948 — 1949 ـ يىللىرى ) ، ناھىيىلىك پىرقە قارمىقىدا تۆت رايونلۇق پىرقە ، 14 رايونلۇق شۆبە پىرقە تەسىس قىلىنغان . بىرىنچى رايونلۇق پىرقىگە تۆۋەندىكى شۆبە پىرقىلەر تەۋە بولغان : بىرىنچى شۆبە پىرقە — ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ، ئىككىنچى شۆبە پىرقە — تەپتىش ئىدارىسى ، ئۈچىنچى شۆبە پىرقە — باج ئىدارىسى ، دىنىي ساھە ، تۆتىنچى شۆبە پىرقە — تەيخې بازىرى ، سودا ـ سانائەت ئۇيۇشمىسى . ئىككىنچى رايونلۇق پىرقىگە تۆۋەندىكى شۆبە پىرقىلەر تەۋە ئىدى : بىرىنچى شۆبە پىرقە — ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ، ئىككىنچى شۆبە پىرقە — قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى ، ئۈچىنچى شۆبە پىرقە — ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ، تۆتىنچى شۆبە پىرقە — چامغۇرلۇق باشلانغۇچ

مەكتەپ . ئۈچىنچى رايونلۇق پىرقىگە تۆۋەندىكى شۆبە پىرقىلەر تەۋە ئىدى : بىرىنچى شۆبە پىرقە — قومۇش مەھەللە باشلانغۇچ مەكتىپى ، ئىككىنچى شۆبە پىرقە — ئازغان باشلانغۇچ مەكتىپى ، ئۈچىنچى شۆبە پىرقە — پاختەكلىك باشلانغۇچ مەكتەپ . تۆتىنچى رايونلۇق پىرقىگە تۆۋەندىكى شۆبە پىرقىلەر تەۋە ئىدى : بىرىنچى شۆبە پىرقە — يانتاق باشلانغۇچ مەكتىپى ، ئىككىنچى شۆبە پىرقە — ئەڭگە تىلىك (يانتاق يېزىسىنىڭ ئاقتىكەن كەنتى ) باشلانغۇچ مەكتەپ ، ئۈچىنچى شۆبە پىرقە— تومەنتال باشلانغۇچ مەكتىپى . پۈتۈن ناھىيىدە 360 دىن ئارتۇق گومىنداڭ ئەزاسى بار ئىدى .

5 . مەكىت ناھىيىلىك سەنىيخۇي

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى ) 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ناھىيىلىك ۋاقىتلىق سەنىيخۇي قۇرۇلۇپ ، مامۇت ئىمىن خەتىپنى سەنىيجاڭلىققا ، مەمەت بەگ ھاجىنى مۇئاۋىن سەنىيجاڭلىققا سايلىغان . ئىككىنچى يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سەنىيخۇي رەسمىي قۇرۇلدى . مامۇت ئىمىن خەتىپ ۋە مەمەت بەگ ھاجى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا باش ۋە مۇئاۋىن سەنىيجاڭ بولدى ھەم سايلام ئارقىلىق ناھىيىلىك سەنىيخۇينىڭ بەش نەپەر ئەزاسى ۋە ئالتە نەپەر كاندىدات ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى . 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شەھىدى ناھىيىگە كېلىپ ھاكىمنى سايلاش خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىپ ، سەنىيخۇينى ئۆزگەرتىپ سايلاپ ، قادىربەگنى سەنىيجاڭ ، مەمەت بەگ ھاجىنى مۇئاۋىن سەنىيجاڭ قىلىپ سايلىدى . 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيىلىك سەنىيخۇي مۆيدىن نىيازنى ھاكىم قىلىپ سايلاپ چىقتى ھەم قادىر خەلىپە بىلەن ئابدۇباقى ھاشىم ئىككىيلەننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سەنىيخۇينىڭ ئەزالىقىغا سايلىدى .

مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى ) 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ناھىيىلىك سەنىيخۇي يىغىن چاقىرىپ ، مەمەت بەگھاجىنى سەنىيجاڭلىققا ، ئابدۇراخمان مۆمىن ، قادىربەگ قاتارلىق ئىككىيلەننى ئۆلكىلىك سەنىيخۇينىڭ ئەزالىقىغا سايلىدى .

شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا يەكەن ۋالىيسى جۇفاڭگاڭ مىنگو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى ) سەنيخۇي سايلاپ چىققان هاكىم مويىدىن نىياز ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولمىغاچقا ، زورلۇق بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىۋەتكەن . 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك سەنيخۇي ۋالىي جۇفاڭگاڭنىڭ پىلانلىشى بىلەن يۇسۇپنى هاكىم ، ئابدۇراخمان مۆمىننى جۇڭخۋا مىنگو ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاپ چىققان .

6 . مىنگو دەۋرىدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار

(1) سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى ) 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مەكىت ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى . ئۇيۇشمىدا بىر مۇدىرىيەت ئەزاسى ، بىر دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى ، بىر تەرجىمان ، ئىككى ئىش بېجىرگۈچى بار ئىدى . ئەينى چاغدا ، مەكىت ناھىيىسىدە زامانىۋى سانائەت ۋە ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنى بولمىغاچقا ، قۇرۇلغان ئاتالمىش سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى يا ئەزا كۆپەيتەلمىدى ، يا پائالىيەت ئېلىپ بارالمىدى .

(2) دېھقانلار ئۇيۇشمىسى

شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947ـ يىلى ) 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى . كېيىنكى يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ، ناھىيىلىك هۆكۈمەت هەرقايسى يېزا ـ بازارلاردا دېھقانلار ۋەكىللىرىنى يىغىپ ۋە هەرقايسى يېزا ، بازار ئورگان ، هەرقايسى يېزا ، بازار شۇنداقلا هەرقايسى جايلاردىكى يەرلىك زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ ، ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كۇلۇبىدا يىغىن چاقىرىپ ، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق شۇ كۈنى دېھقانلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى .

(3) ياشلار پائالىيىتى

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى ) نىڭ ئاخىرىدا ، يەكەننىڭ مەمۇرىي تەپتىش ۋالىيسى جو فاڭگاڭ مەكىتنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى . ئۇ مەكىت ناھىيىسىدىكى زىيالىي ياشلارنى يىغىپ ، ناھىيىلىك هۆكۈمەتتە سۆز قىلدى .

ئۇ ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ھەسەن بارات (گومىنداڭ ئەزاسى) نى سەنمىنجۇيىچى ياشلار ئىتتىپاقىنى تەشكىللەشكە بۇيرىدى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 4- ئايدا، ھەسەن بارات مەكتەپتىن يەكەنگە يۆتكەلگەچكە، سەنمىنجۇيىچى ياشلار ئىتتىپاقىنى تەشكىللەش خىزمىتى توختاپ قالدى.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) مەكىت ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قوللىشىدا داتۇباڭ (كالتەكچىلەر) تەشكىلاتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ياشلار ئىدى. شۇ يىلى يەكەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى پاشا (ئۇيغۇر) مەكىت ناھىيىسىگە كەلدى، ئۇ داتۇباڭ تەشكىلاتىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا مايىل ئىكەن دەپ قاراپ، ئۇلاردىن 26 كىشىنى قامىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ تەشكىلات تارقاپ كەتتى.

(4) ئاياللار تەشكىلاتى

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، مەكىت ناھىيىسىدە ئاياللار ئۇيۇشمىسى (قۇرۇلغان ۋاقتى ۋە كونكرېت پائالىيەتلىرى ئېنىق ئەمەس) بار ئىدى. نۇسرەتخان ئابدۇراخمان ئاياللار ئۇيۇشمىسىغا مۇدىر بولغان، قەمبەرخان تىللا، مۇسامىتخان نىياز ۋەكىل بولۇپ دىخۇا (ئۈرۈمچى) غا بېرىپ ئاياللار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) ناھىيىلىك ئاياللار جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، نۇسرەتخان ئابدۇراخمان مۇدىر بولغان، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ سانى، كونكرېت پائالىيىتى ئېنىق ئەمەس.

(5) سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى

مىنگو دەۋرىدە، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىدا بىر رەئىس، ئىككى دائىمىي ئەزا، بىر دائىمىي تەپتىش، يەتتە ئىجرائىيە ھەيئىتى، ئۈچ تەپتىش ھەيئىتى تەسىس قىلىنغان، ئۇنىڭغا سودا ساھەسىدىكى ھەر- قايسى تارماقلاردىكى دۇكاندار، سودىگەرلەر قاتناشقان.

سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى سودا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئاممىۋى تەش- كىلاتى بولۇپ، سودا - سېتىق ئىشلىرىنى، جۈملىدىن سودا بېجىنى، سودا ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدىكى جېدەل - ماجىرالارنى باشقۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(6) شىنجاڭنى قۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ مەكىت شۆبىسى

1948 ـ يىلى شىنجاڭنى قۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ مەكىت ناھىيىلىك شۆبىسى قۇرۇلدى . ئۇ يەرلىك خەلق تەشكىلاتى بولۇپ ، ئابلىز خالىق شۆبە ئۇيۇشمىنىڭ باشلىقى بولدى .

بۇ جەمئىيەت ئاتاقتا مەبلەغ جۇغلاپ مەكىت ناھىيىسىنىڭ قاغىناش ، توك كۆچى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى پىلانلىغان بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئېتى ئۇلۇغ ، سۈپرىسى قۇرۇق تەشكىلات ئىدى .

## 8 . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەكىت

1 . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەكىت ناھىيىلىك يەرلىك تەشكىلاتى

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا مەكىت ناھىيىسىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى يوق ئىدى . 1940 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا كومپارتىيە ئەزاسى ھاكىم شۇلياڭنى پۇلى ناھىيىسى (ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ) دىن مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىكىگە تەيىنلىدى . 1942 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى شېڭ شىسەي شۇلياڭنى دىخۋا (ئۈرۈمچى ) غا يۆتكەپ كېيىن قاماققا ئالدى .

1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىرىنچى دالا ئارمىيىسى 1 ـ يۈنىلىش ئىككىنچى كورپۇس 4 ـ دىۋىزىيىسى ۋە مىللىي ئارمىيىدىن شۇ جىڭۋېي ، ۋۇ گۇيرۇڭ ، ۋۇ شۇشياڭ (بۇلارنىڭ ھەممىسى كومپارتىيە ئەزاسى ئىدى ) ، ئابدۇكېرىم ھاشىم ، ئابلا كېرىم (بۇ ئىككى كىشى مىللىي ئارمىيىدىن ئىدى ) ، قاتارلىق بەش كىشىدىن تەشكىللەنگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى . شۇ جىڭۋېي گۇرۇپپا باشلىقى بولدى ھەم ھەربىي ئىشلار ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن تۇنجى قېتىم مەكىت ناھىيىسىگە كېلىپ پارتىيە تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقتى . يەكەن ۋىلايەتلىك كومىتېت ، ۋالىي مەھكىمىسى يەنە شى يۈمىڭ ، ساۋ بۆجېن (پارتىيە ئەزالىرى ) چىن شۇرۇڭلارنى مەكىتكە خىزمەت قىلىشقا سەپلەپ ئە-

ۋەتتى . 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا شۈ جىڭۋېي ، ساۋ بوجېن ، ۋۇ گويرۇڭ ، ۋۇ شۇشياڭ ، شى يۇمىڭ قاتارلىقلار جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەكىت ناھىيىلىك كومىتېتى (تۆۋەندە قىسقارتىپ ناھىيىلىك پارتكوم دېيىلىدۇ) نى قۇرۇپ ، شۈ جىڭۋېي پارتكوم شۇجىسى بولدى . 5 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدا تۇنجى پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى ، شۈ جىڭۋېي ياچېيكا شۇجىسى بولۇپ سايلاندى ، شى يۇمىڭ ، ساۋ بوجېن ياچېيكا كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدى . 7 ـ ئايدا شۈ جىڭۋېي يۆتكەلىپ كەتكەندىن كېيىن گو داۋشېڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىنى ئۆتىدى . يىل ئاخىرىدا پارتىيە ئەزاسى 15 گە يەتتى . قىسمىدا پارتىيىگە كىرگەنلەر سەككىز بولۇپ ، ئۇلار گو داۋشېڭ ، ساۋ بوجېن ، شى يۇمىڭ ، ۋۇ گويرۇڭ ، ۋۇ شۇشياڭ ، لو ليەنياۋ ، سەي چۇنماۋ ، گوڭ يوۋچۈەندىن ئىبارەت ، يېڭىدىن پارتىيىگە كىرگەنلەر يەتتە نەپەر يەنى چېن شۇرۇڭ ، ئابلىكىم ھاشىم ، ئۇرايىم سايىم ، ئىدرىس لىتىپ ، تۇردى سوپى ، مەمەت سادىق ، داۋۇت قارىي قاتارلىقلار ئىدى . ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىدىن ئۈچى قۇرۇلدى . ئۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك شەھەر رايونى كومىتېتىدا بىرسى ، يېزا ـ كەنت رايونى كومىتېتىدا ئىككىسى بار ئىدى . 1952 ـ ، 1953 ـ يىللىرى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدە پارتىيە قۇرۇلۇشى فاڭجېنى چىڭ تۇتۇلۇپ ، يەر ئىسلاھاتى داۋامىدا يېتىشىپ چىققان ئاكتىپلار پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى . شۇنداق قىلىپ پارتىيە ياچېيكىسىدىن 13 ى قۇرۇلۇپ ، پارتىيە ئەزالىرى 132 گە يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 119 بولۇپ ، ئومۇمىي سانىنىڭ 90.15% نى تەشكىل قىلدى . ئاز سانلىق مىللەتلەر 91 نەپەر بولۇپ ، ئومۇمىي سانىنىڭ 68.9% نى ئىگىلىدى . رەسمىي پارتىيە ئەزالىرى 67 بولۇپ ، ئومۇمىي سانىنىڭ 50.7% نى ئىگىلىدى .

1956 ـ يىلى قۇرۇلغان رايونلۇق كومىتېت ئالتە ، باش ياچېيكا بەش ، ياچېيكا 39 غا يەتكەن . كۆپ ساندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ، تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپلىرىدا باش ياچېيكا ياكى ياچېيكا يوق ئىدى . بەزى يېزىلاردا پارتىيە تەشكىلاتلىرى يوق ئىدى . 1958 ـ يىلى پۈتۈن يېزا ـ كەنتلەردە خەلق كوممۇنىناسى ئەمەلگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاشۇرۇلدى . 1962 ـ يىلى خەلق كوممۇنا (گوڭشې) سىدا ئارقا ـ ئارقىدىن رايون دەرىجىسىگە توغرا كېلىدىغان كومۇنا پارتكومى قۇ- رۇلدى . ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا بىر پارتىيە كومىتېتى قۇرۇل- دى . پۈتۈن ناھىيە بويىچە باش ياچېيكا 16 گە ، ياچېيكا 124 كە ، پارتىيە ئەزالىرى 2134 گە يەتتى . مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارە ، مەكتەپ ، كارخانا قاتارلىق ئورۇنلاردا ياچېيكا قۇرۇلدى . يېزا ـ كەنت باشقۇرۇش رايونى (ئەسلىدىكى يېزىغا توغرا كېلىدۇ) نىڭ ھەممىسىدە باش ياچېيكا ، 90 كەنتتە ياچېيكا قۇرۇلدى .

1961 ـ يىلى پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇ- رۇپ ، پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىش ئۈچۈن ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ چوقۇم «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام ۋە سەككىز دىققەت» كە بويسۇنۇشى توغرىسىدىكى ھۆججەتنى تارقاتتى . «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام» بولسا ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش ، پارتە- يىنىڭ سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىش ، دېموكراتىيە مەركەز- لەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئىدى . «سەككىز دىققەت» بولسا ، ئەمگەكتە ، تاماقتا بىرگە بولۇش ، كىشىلەرگە ئىللىق مۇئامىلىدە بولۇش ، ئىشنى ئادىل بېجىرىش ، ئېلىم ـ سېتىمدا ئادىل بولۇش ، ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلىش ، سىياسىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈ- رۈش ، خىزمەتتە ئامما بىلەن مەسلىھەتلىشىش ، تەكشۈرمىگەننىڭ پىكىر قىلىش ھوقۇقى بولماسلىقتىن ئىبارەت .

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە پارتىيىنىڭ ھەرقايىسى پارتىيە تەشكىلاتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى . 1971 ـ يىلى پارتىيىنىڭ پائالىيەتلىرى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى . يىل ئاخىرىدا پارتىيە قۇرۇلۇشى باشلىنىپ ، 1974 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاساسىي قاتلام پارتكومى سەككىزگە ، پارتىيە ياچېيكىسى 132 گە ، يېڭىدىن تەرەققىي قىلدۇرغان پارتىيە ئەزالىرى 431 گە يېتىپ ، پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 17.19% نى تەشكىل قىلدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 386 ، ئايال پارتىيە ئەزاسى 76 ، يېزا كوپېراتسىيىسى ئەزاسى 367 . بۇلار ئىچىد-

دىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆستىگە ئالغانلار 226 بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ %52.43 نى ئىگىلىگەن. 1978 — 1990 ـ يىلى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىدىكى ئاكتىپلاردىن 509 كىشى پارتىيىگە كىرگۈزۈلدى. ئۇلار پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ %12.83 نى ئىگىلىدى.

1986 — 1989 ـ يىلى 54 نەپەر ياچېيكا شۇجىسىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. سەككىز نەپىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئالماشتۇرۇلدى. مەسىلىسى ئېغىر بولغان 21 پارتىيە ئەزاسىغا جازا بېرىلدى. ئۇلارنىڭ 12 نەپىرى قايتۇرۇۋېتىلدى، ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ جازالانغانلار توققۇز نەپەر. ھەرقايسى پارتىيە ياچېيكىلىرىدا ھەرخىل قائىدە ـ تۈزۈملەر بېكىتىلىپ «ئۈچ يىغىن ۋە بىر دەرس» ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نوپۇس تۈزۈمى ئورنىتىلدى. 119 نەپەر پارتىيىلىك كادىرنى تەكشۈرۈپ باھالاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سەككىزى ئۆستۈرۈلدى.

1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ناھىيىدە ئاساسىي قاتلام پارتىيە كومىتېتى 11 گە، پارتىيە باش ياچېيكىسى سەككىزگە، پارتىيە ياچېيكىسى 264 گە، پارتىيە گۇرۇپپىسى 624 گە، پارتىيە ئەزالىرى 4003 گە يەتتى.

50 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ باش ۋە مۇئاۋىن شۇجىلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم تەيىنلەيتتى. ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملارنى بولسا يۇقىرى تاللاپ ۋەزىپىگە قوياتتى. 1954 ـ يىلى خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلغاندىن كېيىن، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان بولدى. ھەرقايسى بۆلۈم، ئىشخانا، ئىدارە، يېزا دەرىجىلىك كادىرلارنى ناھىيىلىك پارتكوم نامىنى ئاتاپ خەلق قۇرۇلتىيىدىن ئۆتكۈزۈپ ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان بولدى. بۆلۈمچە دەرىجىلىك، ھەمدە ئادەتتىكى كادىرلارنى تەشكىلات بۆلۈمى بىۋاسىتە باشقۇراتتى. 1956 ـ يىلى چاقىرىلغان بىرىنچى قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ناھىيىلىك پارتكومدىكى پۈتۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەزالار ئىچىدىن سايلاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان بولدى. 1979ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە كادىرلار بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. ئادەتتىكى كادىرلارنى كادىرلار بۆلۈمى باشقۇردى. بۆلۈمچە دەرىجىلىك كادىرلارنى يەنىلا ناھىيىلىك پارتكوم باشقۇردى. 1984ـ يىلىدىن كېيىن مەمۇرىي ئورگانلاردىكى يېزا دەرىجىلىك كادىرلارنى پارتكوم ئىسمىنى ئاتاپ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەكشۈرۈپ ۋەزىپىگە قويۇشىغا يوللايدىغان بولدى، مۇئاۋىن يېزا دەرىجىلىك كادىرلارنى پارتكوم تەكشۈرۈپ ئەنگە ئېلىپ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ ۋەزىپىگە قويدى. باش ۋە مۇئاۋىن يېزا دەرىجىلىك پارتىيەلىك كادىرلارنى ناھىيىلىك پارتكوم ۋەزىپىگە قويدى.

2. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەكىت ناھىيىلىك كومىتېتى

1950 ـ يىل 1 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەكىت ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ، تەركىبىدە كاتىبات ئىشخانىسى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1953 ـ يىلى يەنە بىرلىك سەپ بۆلۈمى، يېزا خىزمەت بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1956 ـ يىلى مالىيە ـ سودا بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1958 ـ يىل 8 ـ ئايدا، ناھىيىلىك پارتكوم كاتىبات ئىشخانىسى ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى، پارتىيە مەكتىپى، ئورگان پارتكومى قۇرۇلدى، سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1969 ـ يىلى مەكىت ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، پارتىيە خىزمىتىنى باشقۇردى.

1973 ـ يىلى پارتىيە مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1975ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ئورگان پارتكومى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1979 ـ يىلى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1983 ـ يىلى سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى بىلەن ئارخىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1984 ـ يىلى يېزا خىزمەت بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسى بىلەن پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1985 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك

پارتكوم مۇھىم خەت - چەكلەر بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1990 - يىل 11 - ئايدا ئارخىپ بۆلۈمى ئارخىپ ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى①.

3. مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

1950 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە، ناھىيە بويىچە ھەر ساھە خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ئېچىلىپ، مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. قۇرۇلتايغا 129 ۋەكىل قاتنىشىپ، ئابدۇكېرىم ھاشىمنى ھاكىم قىلىپ سايلىدى. تۇنجى نۆۋەتلىك مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرى سايلاندى. ھۆكۈمەتكە يەنە بىر مۇئاۋىن ھاكىم سايلاپ چىقىلدى. ئەينى چاغدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھەقىقەتكە قايتقان خادىملار ئىدى. 3 — 5 - ئايلاردا، ئۇلار كومپارتىيىنىڭ تۇرلۇك فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى، ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ئۆگىنىشكە، ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە تەشكىللەندى. 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنىپ، كاتىبات ئىشخانىسى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، تەمىنات بۆلۈمى ۋە باج بۆلۈمى قۇرۇلدى.

1950 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، 1966 - يىلىدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىگە قەدەر، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى (ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى) دە قۇرۇلغان بۆلۈم دەرىجىلىك ئاپپاراتلاردىن كاتىبات ئىشخانىسى (1959-يىلى ئىشخانىغا ئۆزگەرتىلگەن)، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، باج بۆلۈمى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى، سەھىيە بۆلۈمى، ئاشلىق بۆلۈمى (1957 - يىلى ئاشلىق ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلگەن)، پىلان ستاتىستىكا بۆلۈمى (1964 - يىل 5 - ئايدا مالىيە - پىلان كومىتېتى ۋە ستاتىستىكا بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان)،

① «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىل 5 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 352 — 354 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى ، سودا ـ سانائەت بۆلۈمى (1954 ـ يىلى سودا ـ سانائەت بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭ كەسپى سودا ـ سانائەت بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلگەن ) ، سودا ئىدارىسى (سودا ـ سانائەت بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ) ، ئارخىپخانا ، پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى ، ماددىي ئەشيا تەمىنلەش بۆلۈمى ، سودا ئىدارىسى ، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىدارىسى (قۇرۇلۇش باشقارمىسى بىكار قىلىنغان ) قاتارلىقلار بار .

1968 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ، مەكىت ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى . ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق ھەرقايسى بۆلۈم ، ئىدارە ، كومىتېتلارنىڭ ئىشخانىلىرى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قارمىقىدا ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى ، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى ، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە خەلق قوغدىنىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ ، پارتىيە ئىشلىرىنى ، مەمۇرىيەتنى ، مەدەنىيەت ، مائارىپ ، سەھىيە ، سىياسىي ـ قانۇن ، سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ، مالىيە ، سودا قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇردى .

1984 ـ يىلى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا ئورگان ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى . ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللىگەندىن كېيىنكى ئاپپاراتلار : ئىشخانا (كۆتۈۋېلىش ، تاشقى ئىشلار ، مۇھاجىرلار ئىشلىرى ، مىللەتدىن ئىشلىرى قاتارلىق كەسىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ، پىلان كومىتېتى ۋە مال باھا ئىدارىسى بىرلىشىپ خىزمەت بېجىردى (دۆلەت زېمىنى ، رايونلارنى ئايرىش خىزمىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ، ستاتىستىكا ئىدارىسى ، سانائەت ـ قاتناش ئىدارىسى (كېيىن ئىقتىساد كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن ) ، پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى ، ئەمگەك ـ كادىرلار ئىدارىسى (شتات كومىتېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ، ئەدلىيە ئىدارىسى ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ، شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ، مۇھىت ئاسراش

ئىدارىسى ، دېھقانچىلىق ئىدارىسى ، ئورمانچىلىق ئىدارىسى ، چارۋىچىلىق ئىدارىسى ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى ، سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى ، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ، مالىيە ئىدارىسى ، باج ئىدارىسى ، مۇپەتتىش ئىدارىسى ، سودا ئىدارىسى ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى ، سەھىيە ئىدارىسى ، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ، تەنتەربىيە كومىتېتى ، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىدىن ئىبارەت ئىدى .

ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە ياكى كەسپىي ئورگانلاردىن ئاشلىق ئىدارىسى ، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ، تاشقى سودا ئىدارىسى (كېيىن تاشقى سودا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلگەن ) ، ماددىي ئەشيا ئىدارىسى ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قاتارلىقلار بار .

1985 — 1990 ـ يىللاردا ، يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلاردىن : ئۆلچەم ئىدارىسى ، قاتناش ئىدارىسى ، يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى ، رېۋىزىيە ئىدارىسى ، مىللەت ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ، ئىنقىلابىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى ، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسى ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات ئىدارىسى قاتارلىقلار بار . ئەسلىدىكى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى مەدەنىيەت ئىدارىسى ، مائارىپ ئىدارىسى ۋە تەنتەربىيە ئىدارىسىگە ئايرىلدى .

1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا ، مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، پۈتكۈل ناھىيىدە ئۈچ رايون ، 24 يېزا تەسىس قىلىندى . يېزا ئاساسىي قاتلامدىكى بىر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى ، رايون ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئورگان ئىدى . 1953 ـ يىلى ئالتە رايون ، 34 يېزىغا بۆلۈندى . 1958 ـ يىل 9 ـ ئايدا ، رايونلارنى ئاساس قىلىپ خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلۇپ ، ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشتى ، يەنە ئۇ ھەم بىر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگىنى ، ھەم ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرىدىغان ئورگان بولدى ، يېزا خەلق گۇڭشېسىنىڭ باشقۇرۇش رايونى بولدى .

1959 ـ يىل 10 ـ ئايدا ، خەلق گۇڭشېسى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ قارمىقىدىكى ئاپپاراتلاردىن : ئىشخانا ، دېھقانچىلىق ، ئورمان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com


چىلىق ، سۇ ، چارۋىچىلىق بۆلۈمى ، مالىيە ، سودا ، ئاشلىق بۆلۈمى ، سىياسىي ـ قانۇن ، جامائەت خەۋپسىزلىكى بۆلۈمى ، مەدەنىيەت ، مائارىپ ، سەھىيە بۆلۈمى ، سانائەت ، قاتناش بۆلۈمى ، تۇرمۇش ، پاراۋانلىق بۆلۈمى بار ئىدى . ھەرقايسى بۆلۈملەرگە مەخسۇس كادىر سەپلەنگەنىدى . ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىدە چوڭ ئەترەت (داـ دۈي ) تەسىس قىلىنىدى . چوڭ ئەترەت ئەزالىرى چوڭ ئەترەت باشلىـ قىنى ، مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقىنى سايلايتتى . ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى خەلق گۇڭشېسى ئەۋەتكەن ئورگان بولۇپ ، گۇڭشېغا ماسلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلىرىنى ناـ زارەت قىلاتتى ، تەكشۈرەتتى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلاتتى . ئىشلەپـ چىقىرىش ئەترەتلىرىدە باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىنغان بوـ لۇپ ، ئۇنى گۇڭشې ئەزالىرى سايلاپ ۋۇجۇدقا چىقىراتتى . 11 ـ ئايدا گۇڭشېدا يەنە ئەمگەك ، قورالىق بۆلۈمى ، پىلان ، ستاتىستىكا كومىـ تېتى ، پەن تەتقىقات كومىتېتى تەسىس قىلىنىدى .

1984 ـ يىلى ئاپپارات تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا ، خەلق گۇڭشېسىدىن ئىبارەت ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشكەن تۈزۈلمە ئۆزگەرتىلىپ ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى تەسىس قىلىنىدى ، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى بىر يېزا باشلىقى ، 1 — 3 گىچە مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى . يېزىنىڭ قارىمىقىدا مەمۇرىي كەنت بولۇپ ، ئۇنىڭدا مەھەللە كومىتېتى تەسىس قىلىنىدى ، سايلام ئارقىـ لىق بىر يېزا كومىتېتى مۇدىرى ، 1 — 3 گىچە مۇئاۋىن مۇدىرى ، بىر نەچچە ھەيئەت ۋۇجۇدقا كەلدى .

يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە تەشكىلات ، كادىرلار ئىشلىرى ، ئىشلەپچىقىرىش ، مالىيە ، خەلق ئىشلىرى ، ئەدلىيە ، ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، سۇ ئىنشائاتى ، ستاتىستىكا ، پىلانلىق تۇغۇت ، يەر باشقۇرۇش ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان ئىش بېجىرگۈچىلەر ياكى ياردەمـ چى خادىملار بار ئىدى . 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ، پۈتكۈل ناھىيىدە توققۇز يېزا ، بىر بازار ، 102 كەنت كومىتېتى ، 520 كەنت ئاھالىلىرى گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىدى .

4 . مەكىت ناھىيىسىنىڭ خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى

(1) مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنى

1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ۋەكىلى شۈجىڭۋېي ، ساۋ بۇجېن قاتارلىق يەتتە كىشى مەكىتكە كېلىپ ئورۇنلاشتى . مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى . 3 ـ ئاينىڭ 22 ~ 26 ـ كۈنىگىچە مەكىت ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى . خەلق ھۆكۈمىتى ھەر قايسى گۇرۇھلارنى تەكلىپ قىلىپ مەسلىھەتلىشىش ، تونۇشتۇرۇش ، سايلاش ئارقىلىق ۋەكىلدىن 129 كىشى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى . ئۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلار ۋەكىلى 80 كىشى ، سودا ساھەسىدىكى ۋەكىل يەتتە كىشى ، ئىچىشى ۋەكىلى ئىككى كىشى ، ناھىيىگە بىۋاسىتە قارايدىغان ئورۇنلار ۋەكىلى ئۈچ كىشى ، ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلى ئۈچ كىشى ، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى ئۈچ كىشى ، ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئارمىيە ۋەكىلى ئىككى كىشى ، ئىلغار زاتلار ۋە دىنىي ساھە ۋەكىلى ئۈچ كىشى ، دېموكراتىك ياشلار تەشكىلاتى ۋەكىلى بىر كىشى ، ئىجارە كېمەيتىش خىزمەت ئەترىتى ۋەكىلى ئالتە كىشى ، ھەربىيلەر ئائىلىسى ۋەكىلى ئىككى كىشى ، ئاياللار ۋاكىلى 15 كىشى ئىدى .

قۇرۇلتايدا ئابدۇكېرىم ھاشىم ھاكىم ، ساۋبۇجېن مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ سايلاندى . ئەينى چاغدىكى مەركىزىي ۋەزىپە ئىجارە كېمەيتىپ زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ ، سىياسىي جەھەتتە پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ ، باۋجيا تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، دېموكراتىك پرىنسىپ بويىچە رايون ، يېزا ، كەنت ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئېنىق بەلگىلەندى .

1952 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈندىن 8 ـ كۈنىگىچە مەكىت ناھىيىلىك 7 ـ قېتىملىق ھەر مىللەت ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى . يىغىنغا 175 نەپەر كىشى قاتناشتى . ئۇلار ئىچىدە دېھقانلار ۋەكىلى 80 نەپەر ، ئاياللار ۋەكىلى 25 نەپەر ، ئوقۇتقۇچىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋەكىلى 12 نەپەر ، ئىجارە كېمەيتىش ، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش خىزمەت ئەترىتى ۋەكىلى 13 نەپەر ، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار ۋەكىلى 10 نەپەر ، ئىتتىپاق تەشكىلاتى ۋەكىلى توققۇز نەپەر ، ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئارمىيە ۋەكىلى ئۈچ نەپەر ، ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتى ۋەكىلى ئۈچ نەپەر ، سۇ ئىشلىرى ۋەكىلى ئىككى نەپەر ، سودا ـ سانائەت ساھەسى ۋەكىلى 11 نەپەر ، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل يەتتە نەپەر ئىدى . يىغىندا ھاكىم ئابدۇكېرىم ھاشىم ئالدىنقى بىر باسقۇچتىكى يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجارە كېمەيتىپ زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇشتىكى يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى . يىغىندا دېھقانلار ۋەكىلى يېزا گۇرۇپپىلار ئىشلەپ-چىقىرىش لايىقۇتىدىكى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇش-تۇرۇپ ئۆتتى . يىغىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىشتىن بۇرۇن دېھ-قانلار ئۆزلىرى خالىغان پرىنسىپ ئاساسىدا يېزا يەر ئىسلاھاتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى . ھاكىم ئابدۇكېرىم ھاشىم دۆلەت ئاشلىقىنى تاپشۇرۇش ، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا دوكلات بەردى .

1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا مەكىت ناھىيىلىك بىرىنچى قېتىملىق ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلىپ 1954-يىلى 4 ـ ئايغىچە پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنى جەمئىي 10 قېتىم چاقىرىلدى . ھەر قېتىم قاتناش-قان ۋەكىللەر سانى 1700 ئادەم قېتىمغا يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 1465 نەپەر (قېتىم) ، ئاياللار 235 نەپەر (قېتىم) بولدى ، ئۇنىڭ ئىچىدە 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ ، 6 ـ ، 8 ـ ، 10 ـ قېتىملىق ھەر مىللەت ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنىغا ئائىت ھېچقانداق ماتېرىيال ساقلىنىپ قالمىغان .

(2) مەكىت ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى

1954 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈندىن 18 ـ كۈنىگىچە مەكىت ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ 89 ۋەكىل قاتناشتى . يىغىندا مەكىت ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىش-

لەپچىقىرىشى ، ھەر تۈرلۈك كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قارارى ماقۇللاندى ھەم ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ كومىتېت ئەزالىرى-دىن 15 كىشى سايلاپ چىقىلىپ ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى (ئەسلى-دىكى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن ) تەشكىللەنگەن ، ئۇرايىم سايىم ھاكىم ، ساۋ بوجېن مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلانغان .

5 . مەكىت ناھىيىلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەكىت ناھىيىلىك كومىتېتى 1954 ـ يىلى قۇرۇلۇپ بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنى چاقىرىلغان . يىغىنغا 39 كومىتېت ئەزاسى قاتناشقان . يىغىننىڭ كۈنتەرتىپىگە قويۇلغان مەسىلە بولسا ، جەمئىيەتنىكى ھەر قايسى ساھەنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ ، خەلق ئىگىلىكى بىرىنچى بەش يىللىق پىلانى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇنداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھەم شۇنىڭغا مۇناسىپ قارارلارنى ماقۇللاش بولدى . يىغىندا 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ دائىمىي ئەزالىرىدىن 13 نەپەر كىشى سايلاپ چىقىلدى . 1990 ـ يىلىغىچە جەمئىي 8 نۆۋەتلىك كومىتېت يىغىنى چاقىرىلدى . ۋەكىللەرنىڭ دائىرىسى بارا ـ بارا كېڭىيىپ پارتىيە ، ھۆكۈمەت ، يۇقىرى قاتلام ، دىنىي ساھە ، ئاياللار ، سودا ـ سانائەت ، مائارىپ ، پەن ـ تېخنىكا ، مالىيە ، كوللېكتىپ ، شەخسىي تىجارەتچىلەر ساھەسى قاتارلىق ھەر ساھە ، ھەر مىللەت ۋەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[ قوشۇمچە 1]
## مەكمت تارىخىدىكى ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي قۇتقۇزۇش (20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن ھازىرغىچە)

### نامراتلارنى قۇتقۇزۇش

مىنگو دەۋرىدە ، ۋەخپە ئاشلىقى ۋە جۇغلانما ئاشلىقىنىڭ ئاز بىر قىسمى نامراتلارنى قۇتقۇزۇشقا بېرىلەتتى . مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى ) قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەچكە ، بىر قىسىم ئاھالىلەرنىڭ مال ـ مۈلكى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىپ قۇرۇقداپ قويۇلدى ، ئۆيۋاقى ، ئۆي سايمانلىرى بۇزۇۋېتىلدى ، تۇرمۇشتا يۆلەنچۈكى قالمىدى ، جۇغلانما ئاشلىق ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇتقۇزۇشغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولۇپ قالدى . مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى ) ، شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسىدىن يەتتە كىشى مەكمتكە سەرگەردان بولۇپ كەلگەن . بەش كىشىنىڭ تۇرمۇشتا تايىنىدىغىنى بولمىغاچقا ، شەرقىي شىمالدىكى يۇرتىغا قايتىشنى ئارزۇ قىلغان ، ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۇلارغا يول خىراجىتى بېرىپ يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويغان .

50 ـ يىللاردىن كېيىن ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشغا رەھبەرلىك قىلىپ ، يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىپ ، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇپ ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ ، يەر تېرىغۇچىلارنىڭ يېرى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ، كەڭ دېھقانلارنى ئەمگەك قىلىپ بېيىپ ، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا چاقىردى .

1963 ـ يىلى ، 177 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش فوندى ، 14 مىڭ 500 مېتىر رەخت بېلىتى ، 333 دانە يوتقان ، 826 قۇر پاختىلىق چاپان ، 230 قۇر يېلىڭ چاپان ، 589 ئىشتان ، 1301 پارچە پالاس تارقىتىپ بېرىلدى . 1981 ـ يىلى 49 مىڭ 500 يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش فوندى ، 1500 مېتىر رەخت بېلىتى ، 500 كىلوگ-

رام پاختا ، 640 دانە پاختىلىق كىيىم تارقىتىلدى . 1982 ـ يىلىدىن كېيىن ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى ، بازار سودىسى قويۇۋېتىلدى ، پۇقرالاردىن ئۆز ئالدىغا چىقىش يولى تاپىدىغانلار كۆنسېرى كۆپەيدى . پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ، نامراتلارنى يۆلەش زور كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ، نامراتلار كۈندىن ـ كۈنگە ئازايدى . 1990 ـ يىلى ، 42 مىڭ يۈەن نامراتلارنى قۇتقۇزۇش فوندى ، 200 دانە پاختىلىق كىيىم ، 110 دانە يوتقان ـ كۆرپە تارقىتىلىپ ، قۇتقۇزۇش ئوبيېكتلىرى ئازايدى .

### ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش

مىنگو دەۋرىدە ، تەبىئىي ، سۈنئىي ئاپەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى . بەزىدە ئاپەت تۈپەيلىدىن زىرائەتلەردىن ھوسۇل چىقماي ، پۇقرالارنىڭ كۈن كەچۈرۈشى قىيىنلاشتى . ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمەت يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش ياكى جۇغلانما ئاشلىقنى ئۆتنە بېرىش ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللەتتى . مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى ) ھەربىي ھەرىكەتلەر كۆپىيىپ ، ئاشلىق سېلىقى ھەسسىلەپ ئاشتى ، ئائىلىلەر بويىچە ئەسكەر تۇتۇلۇپ ، جۇغلانما ئاشلىقمۇ يىغىۋېلىندى . مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى ) ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە ، دېھقانلارنىڭ جۇغلانما ئاشلىقى كەملەپ قالدى ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى 150 چارەك بۇغداي ئۇرۇقى ، 200 چارەك كۆممىقوناق ئۇرۇقى ئۆتنە بېرىپ تۇردى . مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى ) ، يەكەندىكى بەشكەنت توسمىسى يار ئېلىپ كېتىپ ، كەلكۈن سۈيى تىزناپ دەرياسىغا قۇيۇلۇپ ، دەريانىڭ 10 نەچچە يېرىنى يار ئېلىپ كېتىپ ، 330 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ 1673 مو ئېتىزىنى سۇ بېسىپ كەتكەن بولسىمۇ ، بىراق پەقەت شۇ يىلى يىغىشقا تېگىشلىك ئاشلىق بېجىلا كەچۈرۈم قىلىنغان . مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى ) 1 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە ، ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ ، يېزا ئىگىلىكىدىن كەم ھوسۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېلىنندى . دېھقانلارنىڭ كونى قىيىنلاشتى ، ئەينى چاغدا پەقەت ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە بايلار ئازراق ئاشلىق يىغىش قىلىپ دېھقانلارنى قۇتقۇزدى . مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى ) ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە ، ئامباردىكى زاپاس ئاشلىقتىن 600 چارەك بۇغداي ، قوناق دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا ئارىيەت بېرىلدى . 5 ـ ئايدا ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىقى قالمىدى ، گومىنداڭنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق 15ـ قىسمى مەكىت ناھىيىسىدىكى زاپاس ئاشلىقتىن 300 چارەك ئاشلىقنى بازار باھاسىدىن تۆۋەن باھادا ئاشلىقى يوق دېھقانلارغا سېتىپ بەردى .

50 ـ يىللاردىن كېيىن ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئىنچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى . 1952 ـ يىلى ، تۇمەنتالدا بىر ئاشلىق ئىسكىلاتى سېلىنندى ، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشتا ۋە تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار دېھقانلارغا 40 مىڭ 600 كىلوگرام بۇغداي ، 140 مىڭ 400 كىلوگرام قوناق بېرىلدى ، ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى 7152 كىلوگرام بۇغداي ، 96 مىڭ 900 كىلوگرام قوناق تارقىتىپ بەردى . 1954 ـ يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن كېيىن زىرائەتلەر بوران ـ يامغۇر ئاپىتىگە ئۇچراپ ، 332 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ 4594 مو تېرىلغۇ يېرى ئاپەتكە ئۇچرىدى ، تىزناپ دەرياسىدا سۇ كەمچىل بولغاچقا ، ئېغىر قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ ، 755 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ 13 مىڭ 900 مو يېرى سۇغىرىلمىدى . ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەپ ، 161 نامرات ئائىلىگە 30 مىڭ 600 يۈەن تارقىتىپ بەردى . 255 ئائىلىلىك نامرات دېھقانغا 53 مىڭ يۈەن قەرز بەردى . 377 ئائىلىگە 13 مىڭ 300 كىلوگرام قوناق ئارىيەت بەردى . 185 ئائىلىلىك دېھقانغا 6840 كىلوگرام بۇغداي ئارىيەت بەردى . 1959 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ ، 34 مىڭ 485 مو تېرىلغۇ ئېتىزى ئاپەتكە ئۇچرىدى ، ئۇنىڭ ئىچىدە 19 مىڭ 889 مو بۇغداي ، 4267 مو قوناق ، 8151 مو كېۋەز ، 2178 مو مايلىق زىرائەت بار ئىدى . پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت دەل ۋاقتىدا ئاپەتكە ئۇچرىغان

ئېتىزلارنى قايتا تېرىش ئىشىنى قانات يايدۇرۇپ، 90% تېرىلغۇ يەرنى كەچ كۈزدە يىغىۋالىدىغان زىرائەت تېرىشقا ئۆزگەرتتى. قىيىندەچىلىكى بار 1494 ئائىلىلىكتىن 818 ئائىلىلىك 2179 كىشىنى كوممۇنا تەشكىللەپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. ناھىيە مالىيىسىدىن 41 مىڭ 800 يۈەن ئىقتىسادىي قۇتقۇزۇش فوندى ئاجرىتىپ، 676 ئائىلىدىكى 2128 كىشىنى قۇتقۇزدى.

1988 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزىلار پەۋقۇلئاددە زور مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 300 مىڭ يۈەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە 240 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش مەبلىغى ئاجراتتى، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 79 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىلگىرى ـ كېيىن ئالتە قېتىم بىر مىليون 276 مىڭ 600 كىلوگرام تەمىنات ئاشلىقى ۋە قايتا تېرىشقا ئۇرۇق تارقىتىپ بەردى. 900 پارچە كىگىز، 83 مىڭ جۈپ چۈخەي، 936 قۇر چاپان، 754 ئىشتان، 656 يوتقان، كارىۋات كىرلىكى بولۇپ جەمئىي 719 مىڭ يۈەن قىممىتىدە قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرى بېرىلدى. ئاقتۇ ناھىيىسىدىن سەككىز مىڭ كىلوگرام ئەلا سورتلۇق كېۋەز ئۇرۇقى يۆتكەپ كېلىندى. يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسى ياكى بىر قىسىم تۈەن ـ مەيدانلار ئاپەتكە ئۇچرىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، مەكىت ناھىيىسىگە ئىككى مىڭ كىلوگرام قوناق ئۇرۇقى، 15 مىڭ كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت ياردەم بەردى، ئۇرۇمچى ئەرگۈك يېزىسى باجياخۇ كەنتىنىڭ شۈجىسى خې جەنشەن رادىئودىن مەكىت ناھىيىسىنىڭ مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، مەخسۇس ماشىنا بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ بەش توننا خىمىيىۋى ئوغۇت يەتكۈزۈپ بەردى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشى ئاستىدا، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا تەشكىللىدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، خەلقنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

1980 — 1990 ـ يىللىرى، تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ يۇقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ئالتە مىليون 574 مىڭ كىلوگرام يېزا ئىگىلىك ئاشلىق بېجى كەچۈرۈم قىلىندى[①].

2003 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مارالبېشى - پەيزاۋات يەر تەۋرەش بەلۋېغىدا ئىككى قېتىم قاتتىق يەر تەۋرىدى. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشنىڭ مەكىت ناھىيىسىگە بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، زور ئاپەت كەلتۈردى. پۈتۈن ناھىيە بويىچە 7000 دىن ئارتۇق ئائىلە، 22 مىڭ 230 ئادەم ئاپەتكە ئۇچراپ، بىر ئادەم ئۆلدى. 10 مىڭ ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 67 مەكتەپ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يەر تەۋرەشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. پۈتۈن ناھىيە بويىچە بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 45 مىليون يۈەندىن ئارتۇق بولدى.

ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەكىت ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا ئالاقىدار يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى قۇتقۇزۇش، ئاپەت سەۋەبىدىن بۇزۇلغان سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى. تېزلىكتە ئاپەتكە ئۇچرىغان 500 ئائىلىلىك، 2500 دىن ئارتۇق ئاممىنىڭ تۇرالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان مەكتەپلەرنى رېمونت قىلىش، قايتا قۇرۇش خىزمە-تىنى ئىشلەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇش باشلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. پۈتۈن جەمئىيەتنى سەپەرۋەر قىلىپ، 481 مىڭ 530 يۈەن-لىك نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانىسى توپلىدى ھەمدە پۈتۈن ناھىيە بويىچە قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرالايدىغان 2309 ئائىلىلىك ئۆينى؛ مائارىپ سىستېمىسى بويىچە 67 مەكتەپتە 14 مىڭ 96 كۋادرات مېتىر سىنىپنى؛ سەھىيە سىستېمىسى بويىچە ئالتە يېزىدىكى يېزا دوختۇرخانىلىرىدىن 2460 كۋادرات مېتىر ياتاقنى؛ ناھىيە بويىچە 21 كەنت كومىتېتىنى يېڭى-دىن ياسىدى.

---

① «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1995 - يىلى 5 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 404 -، 405 - بەتلەر.

## 3 . مەكىتنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشى

نۆۋەتتە ، مەكىتنىڭ قايسى يىلى ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت . بۇ قاراشلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا ، ئاساسلىق مۇنداق ئىككى خىلغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ :

بىرىنچى ، «شىنجاڭنىڭ تۇزۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى» ۋە «مەكىت ناھىيىسىنىڭ يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مەكىت مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (مىلادىيە 1922 ـ يىلى ) ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان» دېگەن قاراش .

ئىككىنچى ، «شىنجاڭ يىلنامىسى» (1986 ـ يىل ) بىلەن «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مەكىت مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 1928 ـ يىلى ) ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان» دېگەن قاراش .

تۆۋەندە مەن قولۇمدا گەرچە مەكىت ناھىيىسىنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار ئانچە تولۇق بولمىسىمۇ ، ئازغىنا ماتېرىيال ئاساسىدا ، مەكىتنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچىمەن .

«شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇن» دېگەن ئەسەرنىڭ 1 ـ جىلد 607 ـ بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن : «مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ رۇخسەت قىلىندى» . «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 6 ـ جىلد «نوپۇس ـ يەر بېجى بابى» دا : «مىنگونىڭ 11 ـ يىلى ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي قوماندانى ياڭ زېڭشىن مارالبېشىنىڭ يەكەن دەرياسى (ئەسلىي ئەسەردە بۇ نام خەنزۇچە « 玉河 » دەپ ئېلىنغان ، مەن ئۇنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن «يەكەن دەرياسى» دەپ ئالدىم ) نىڭ جەنۇبىدىكى يەرلىرىنى مەكىت ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىشنى ، قاغىلىق ، يەكەن قاتارلىق ئىككى ناھىينىڭ مەكىتكە يېقىن كەنت ـ مەھەللىلىرىنى مەزكۇر ئورۇن (مەكىت ناھىيىسى ) نىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى» دېيىلگەن . يەنە شۇ ئەسەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



9 ـ جىلد «ئۆلكە، ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇش بابى» دىكى «مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلتىماس قىلىش» دېگەن ئىلتىماسنامە-نىڭ ئاخىرىغا «شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى، قوشۇمچە ھەربىي قوماندانى ياڭ زېڭشىن. مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 6 ـ ئاي» دەپ يېزىلىپ، تامغا بېسىلغان. مانا بۇ مەكىت ناھىيىسى مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (مىلادىيە 1922 ـ يىلى) قۇرۇلغان دېگۈچىلەرنىڭ ئاساسى.

ھالبۇكى، «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇن» ۋە «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى مەكىت ناھىيىسىنىڭ مىنگونىڭ 11-يىلى (مىلادىيە 1922 ـ يىلى) قۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ھەربىي قوماندانى ياڭ زېڭشىن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە يوللىغان مەكىت ناھىيىسىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى ئىلتىماسنامىسىدىكى ۋا-قىتنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرمۇنچە مۇجمەل تەرەپلىرى بار. دەرۋەقە، مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ياڭ زېڭشىن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى مەمۇرىي پالاتاسى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا ئىلتىماس يوللاپ، مەكىت ناھىيىسىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە ئىلتىماسنامىدە مەكىتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋا-لى، ئاھالىسى، كۆنىپىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي ئىگىلى-كى، ئۇنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى ۋە بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار، شۇنداقلا ناھىيە قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىق تەرەپلەر ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇنىڭ (ئىلتىماسنامىدە دېيىلگەن ناھىيە قۇرۇش تەلىپىنىڭ) بىر لايىھە ئىكەنلىكى، مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ تەستىقلاپ، تېلېگرامما بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بىراق، بۇ بىر ئىلتىماسنامە بولۇپ، ناھىيە قۇرۇش توغرىسىدىكى رەسمىي تەستىقنامە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىنگو ھۆكۈمىتى مەمۇرىي پالاتاسى ئىچكى ئىشلار مىنىس-تىرلىقى مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يوللانغان بۇ ئىلتىماسنامىگە رەسمىي تەستىق سالغان بولسا، ئېنىقكى بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ماتې-رىياللار ئىلتىماسنامە بىلەن بىرلىكتە يۇقىرىدىكى ئىككى ئەسەرگە

كىرگۈزۈلگەن بولاتتى . شۇڭا ، مەكىت ناھىيىسىنى مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قۇرۇلدى ، دېيىش كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ . ئەگەر ئىلتىماسنامە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تەستىقلانغان بولسىمۇ ، بۇ پەقەت ناھىيە قۇرۇش تەستىقلانغان ۋاقىتتىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇنى ناھىيە قۇرۇلغان ئەمەلىي ۋاقىت دەپ قاراشقا بولمايدۇ . چۈنكى ، بىرىنچىدىن ، پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىشىچە ، مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 1928 ـ يىلى ) دىن ئىلگىرى مەكىتتە مەسلىھەتچى ئىش بېجىرگۈچى ( 县知事 ) ياكى ھاكىم بولغانلىقىنى ئاڭلىمىغان . مىنگونىڭ 17 ـ يىلىدىن بۇرۇن مەكىتتىكى دېھقانلارنىڭ يەر بېجى ۋە ھەرخىل باج ـ سېلىقلىرى مارالبېشى ناھىيىسىگە تاپشۇرۇلغان . خەلقنىڭ ئەرز ـ شىكايەت ئىشلىرىمۇ مارالبېشى ناھىيىسى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنغان . ئىككىنچىدىن ، «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇن» دېگەن ئەسەرنىڭ 1 ـ جىلد 607 ـ بېتىدە ، «مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ رۇخسەت قىلىندى» دېيىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن يەنە شۇ ئەسەرنىڭ 616 ـ بېتىدە مىنگونىڭ 13 ـ يىلىدىكى پوسكام ناھىيىسىنىڭ مەسلىھەتچى ئىش بېجىرگۈچىسى ( 县知事 ) نىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، شۇ قاتاردا مىنگونىڭ 11 ـ يىلى قۇرۇلدى دېيىلگۈاتقان مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەسلىھەتچى ئىش بېجىرگۈچىسىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان . ناھىيە قۇرۇلدى دېيىلسىمۇ ، ھاكىم قاتارلىق ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ بولماسلىقى ، ناھىيە قۇرۇلغان تۇرۇقلۇقمۇ يەنە مارالبېشى ناھىيىسىگە غەللە ـ پاراق ، باج تاپشۇرۇش ھەمدە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ بېجىرىشىنى چۈشىنىش قىيىن ، كىشىنى ئويغا سالىدىغان بىر مەسىلە .

مىنگونىڭ 30 ـ يىلىدىن 38 ـ يىلىغىچە بولغان بىرقانچە يىللىق ئارخىپ ماتېرىياللىرىدا ، مەكىتنىڭ مىنگونىڭ 17 ـ يىلى 8ـ ئايدا ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان . مىنگونىڭ 30ـ يىلىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسى مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن مۇھىم ئىشلار مەلۇماتنامىسىدە : «ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈشىمىزچە ، مەكىت ناھىيىسى ئەسلىي مارالبېشى ناھىيىسىگە قاراشلىق

www.uyghurkitap.com



چوڭ بىر كەنت (خەلق بۇنى بەگلىك دەپ ئاتايدۇ) بولۇپ، مىنگونىڭ 17 - يىلى 8 - ئايدا 3 - دەرىجىلىك ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان» دېيىلگەن.

يېقىنقى يىللارغىچە مەكىت ناھىيىلىك ئارخىپ بۆلۈمىدە ساقلىنىپ كەلگەن، شىنجاڭ مالىيە نازارىتى تارقاتقان ئىككى پارچە يەر خېتىدە يەر ئىلىم - سېتىم ئىشلىرىغا ئائىت مۇنداق ئەھۋال بايان قىلىنغان: «مارالبېشى ناھىيىلىك مۇئامىلىدار مۇسا ئاۋۇت قارىينىڭ چوڭقۇرچاقتىكى بىر مو يېرىنى سېتىۋالدى . . . جۇڭخۇا مىنگونىڭ 17 - يىلى 6 - ئاي» يەنە بىر يەر خېتىدە: «مەكىت ناھىيىلىك مۇئامىلىدار مۇسا ئاۋۇت قارىينىڭ چوڭقۇرچاقتىكى ئىككى مو يېرىنى سېتىۋالدى . . . جۇڭخۇا مىنگو 20 - يىلى 5 - ئاي». يۇقىرىدىكى ئىككى پارچە ھۆججەت بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، مىنگونىڭ 17 - يىلى 6 - ئايدىن ئىلگىرى، مەكىت مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. مىنگونىڭ 20 - يىلى 5 - ئايدا، مەكىت ناھىيىسى ئاللىقاچان قۇرۇلۇپ بولغان. چۈنكى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان چوڭقۇرچاق دېگەن يەر مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى چوڭقۇرچاق يېزىسى بولۇپ، مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغاندا چوڭقۇرچاق مەكىت ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلگەن. مىنگونىڭ 25 - يىلى (مىلادىيە 1936 - يىلى) 10 - ئايدا يەنە مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

دېمەك، مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، مەكىت ناھىيىسى مىنگونىڭ 11 - يىلى (مىلادىيە 1922 - يىلى) قۇرۇلغان دېگۈچىلەر ئاساس قىلغان «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇن» ۋە «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەرلەردە، گەرچە بۇ ھەقتە خېلى تەپسىلىي مەلۇماتلار بولسىمۇ، بىراق ئۇ مەلۇماتلارنىڭ ئەمەلىي ئاساسى كەمچىل بولۇپ، مۇجمەل تەرەپلىرى كۆپ. ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋاقىتنى مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغان ۋاقىتنىڭ دەل ئۆزى دەپ قوبۇل قىلغاندىن كۆرە، مەكىت ناھىيىسىنى قۇرۇشقا ئىلتىماس يوللانغان ۋاقىت دەپ قوبۇل قىلغان ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. مەن مەكىت

ناھىيىسى مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 1928 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا رەسمىي قۇرۇلغان، دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلىمەن. چۈنكى، مەكىت ناھىيىسىنىڭ چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسىنى ئىشلەش جەريانىدا، يازما ماتېرىيال مەنبەلىرىدىن، پېشقەدەملەر (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەكىتنىڭ يەرلىك تارىخىنى پىششىق بىلىدىغان، بۇرۇن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلغان، يېشى 80 دىن ئاشقان كىشىلەر) نىڭ ئەسلەپ بېرىشىدىن مەكىت ناھىيىسىگە مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 1928 ـ يىلى) دىن ئىلگىرى ھاكىم بولغان بىرەر كىشىنىڭ ئىسمىنى تېپىشقا ئىمكانىيەت بولمىدى. مىنگونىڭ 17 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغاندا، مەكىت ناھىيىسىگە ليۇ فامىلىلىك بىر كىشى تۇنجى ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن بولۇپ، ناھىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتتا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرىدىغان ئورۇن بولمىغاچقا، ئۇلار ئابدۇرېھىم كازىم دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىپ تۇرغان. مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (مىلادىيە 1930 ـ يىلى) جۇباشۇي (جۇيۇلىڭ) دېگەن كىشى مەكىتكە يېڭىدىن ھاكىم بولۇپ كېلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس سۇنۇش ئارقىلىق، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسى (يامۇل) نى سالدۇرغانىكەن.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «شىنجاڭ يىلنامىسى» (1986).

2. «جۇڭگونىڭ تارىخىي خەرىتىلەر توپلىمى»، جۇڭگو خەرىتىلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1975 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ قىسىم 24 ـ، 25 ـ بەتلەر.

3. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تۈزگەن، 1989 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

4. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.

5. يۈۋېيچىڭ: «شىنجاڭنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەر ناملىرى تەتقىقاتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، خەنزۇچە نەشرى .
6 . «مەكتەپ ناھىيىسى يەر - جاي ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ، خەنزۇچە نەشرى .
7 . «مەكتەپ ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) .
8 . «مەكتەپ ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 - يىل ، خەنزۇچە نەشرى .

[قوشۇمچە 2]

## ياڭ زېڭشىننىڭ مەكىت ناھىيىسىنى قورۇش توغرىسىدا يۇقىرىغا سۇنغان مەلۇماتى

مارالبېشى ناھىيىسىگە قاراشلىق مەكىت رايونىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق شۇ مەلۇم بولدىكى، بۇ يەر ناھايىتى ئاۋات، خەلقى كۆپ بولۇپ، ناھايىتى زىچ ئولتۇراقلاشقان ئىكەن. مارالبېشىغا 400 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق كېلىدىكەن. بۇ يەردىكى خەلقلەر ئەرز ـ شىكايەت قىلىش، باج ـ ئالۋان تاپشۇرۇش ئۈچۈن مارالبېشىغا بېرىشقا توغرا كەلسە بىرقانچە كۈن ۋاقىت كېتىدىكەن. ئەمەلدارلارنىڭ يۇقىرىلار بىلەن كۆرۈشۈشى ناھايىتى مۇشكۈل بولۇپ قاپتۇ. چىڭ خاندانلىقى مەزگىلىدە يەرلىك ئەمەلدار ياكى تەكشۈرگۈچى خادىملارنى ئەۋەتىپ ياكى شۇ يەردىكى شائىيۇ ـ بەگلەر ئارقىلىق بۇ يۇرتنى سوراپ كەلگەن. شۇ چاغلاردا مەبلەغ قىس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىلىق يىراق بولغاچقا، مەلۇماتلار ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىغان. بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئادەتتىكى ئەرز ـ شىكايەتلەرنى شۇ يەردىكى شائىيۇ ـ بەگلەر ئۆز خاھىشى بويىچە بىرتەرەپ قىلىپ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، ئاۋامنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان. مىنگو دەۋرىدە بۇ ئىشلارغا خاتىمە بېرىلىپ، شائىيۇلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بىلەن، ئەمەلدارلار قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئاۋۋالقىلارغا ئوخشاش ئىش قىلمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بېرى ئىنگلىز، ئورۇسلار بۇ يەرلەرگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار بارا ـ بارا جىقلاپلا قالماي، ھەرخىل ئەرز ـ شىكايەتلەرمۇ كۆپىيىپ قالدى. بەزىلىرىگە ئۇلارمۇ قول تىقىۋاتىدۇ. ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەنگلىيە پۇقرالىق كىنىشكىسىنى تارقىتىپ، ھەممە يەردە پۇقرا قوبۇل قىلىۋاتىدۇ. قايمۇققان ئاۋام ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈۋاتىدۇ. ئەگەر مەمۇرىي ئەمەلدارلار تەسىس قىلىنمىسا بۇ يەردىكى پۇقرالارنىڭ چەت ئەل گىراژدانلىقىغا ئۆتۈپ كېتىشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



نى توسقىلى بولمايدۇ . بۇنداق بولۇپلا قالماي ، بىر ەر ۋەقەنىڭ چىقىد-
شى تۇرغانلا گەپ . شۇڭا ، بۇ ئىشلارنى توسۇش ئىنتايىن مۇھىمدۇر .
مۇبادا يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسەك بىر كۈنى
بالا - قازا يۈز بېرىشى مۇقەررەردۇر . ئۇلارنى توسۇشقا بوشاڭلىق
قىلىشقا بولمايدۇ . بۇ يەردە ناھىيە تەسىس قىلىپ يىراقنى كۆزلەش
كېرەك . (مەكىتنى ) تەكشۈرۈش ئارقىلىق شۇلار مەلۇم بولدىكى ،
بۇ يۇرت مارالبېشى ناھىيىسى يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا
ئىدى . يەكەن دەرياسىنى پاسىل قىلساق تەبىئىي چېگرا بولىدۇ . بۇ
يەر قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ تاسقاما ۋە يەكەن ناھىيىسىنىڭ نەچچە مىڭ
كىشىلىك يېزا - قىشلاقلىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن . بۇلارنىڭ
ھەممىسى يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا بولۇپ ، مەكىت
دىيارى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنىكەن . ئىلگىرى يۇقىرى ئېقىنىدىكە-
لەرنىڭ سۇ توسۇۋېلىشى تۇپەيلىدىن ماجىرا كېلىپ چىققان ئىدى .
بۇنداق دەۋالىشىش يۈز بېرىپ تۇرىدۇ . ھەرقايسى ناھىيىلەر مەكىت-
نىڭ يەرلىرىنى ئۆز ئالدىغا بۆلۈپ ، ھەمىشە ماجىرا پەيدا قىلىپ
بىر - بىرىگە يول قويۇشمايۋاتىدۇ . بۇ قېتىم ناھىيە تەسىس قىلىنسا
يەكەن دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى جايلار مارالبېشىغا تەۋە بولى-
دۇ . يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبى مەكىت ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا
بولىدۇ . قاغىلىق ، يەكەن ناھىيىلىرىنىڭ مەكىتكە يېقىن يېزا -
كەنتلىرى بىردەك مۇشۇ ناھىيىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ . مۇبادا
پاسىللار مۇشۇنداق بېكىتىلىدىغان بولسا ، ئىدارە قىلىشقا قۇلاي بو-
لۇپلا قالماي ، دۆلەت ۋە پۇقراغىمۇ پايدىسى كۆپ بولىدۇ . ناھىيىنىڭ
مەمۇرىي ئاپپاراتى مەكىتتە تەسىس قىلىنىدۇ . باشقۇرۇشقا قۇلاي
بولسۇن ئۈچۈن يەرلىك خەلقنىڭ ئادىتى بويىچە «مەكىت ناھىيىسى»
دەپ ئاتالسا ، پوسكام ناھىيىسىنىڭ لايىھىسىگە ئاساسەن بۇ ناھىيە
3 - دەرىجىلىك ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلسە مۇۋاپىق . ھەر يىلى
تەخمىنەن ھۆكۈمەت بىر تۈمەن سەر كۈمۈش سەرپ قىلىدۇ . ھۆكۈ-
مەت ئەزالىرى ئالدى بىلەن مارالبېشى ، قاغىلىق ، يەكەن قاتارلىق
ئۈچ ناھىيىدىن تاللاپ سەپلىنىدۇ ، قالغان ئىشلار قايتا تەكشۈرۈش
ئارقىلىق خەرىتە ، سان - سىپىرلار ۋە پىلانلار تەكشۈرۈپ بېكىتىش

ئىشخانىسىغا قايتا يوللىنىدۇ .

ھۆرمەت بىلەن تېلېگراممىا يوللىغۇچى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىن ، قىش ، تامغا . مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 6 ـ ئاي[①] .

## 4 . مەكىتنىڭ مەمۇرىي رايونلار قۇرۇلۇشى

مەكىت ناھىيىسى 1928 ـ يىلى 8 ـ ئايدا رەسمىي ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان . ناھىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە لىۋ فامىلىلىك بىر كىشى تۇنجى ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن بولۇپ ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارىمىقىدا بىر قانچە بۆلۈم تەسىس قىلىنغان . بۇ بۆلۈملەر ھۆكۈمەت ئورگىنى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى بېجىرگەن :

1 . كاتىبات بۆلۈمى : بۇ بۆلۈم يۇقىرى ، تۆۋەندىن كەلگەن خەت-چەك ، ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلغان ۋە ھاكىمغا ۋاكالىتەن ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى بېجىرگەن .

2 . خەلق ئىشلار بۆلۈمى : بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ خەلق ئىشلىرىغا ئائىت ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندىن باشقا ، ئەدلىيە خىزمىتىنىمۇ ئىشلىگەن .

3 . مالىيە بۆلۈمى : بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ غەللە ـ پاراق ، ھەر-خىل باج يىغىش ، يېزا ئىگىلىك ، سودا ـ سانائەت قاتارلىق تەرەپلەر-دىكى خىزمەتلەرنى بېجىرگەن .

4 . مائارىپ بۆلۈمى : بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان بولۇپ ، ئاساسلىقى شۆتاڭ (ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپ )نى باشقۇرغان . بۇ بۆلۈمنىڭ رولى 1930 ـ يىلى جۇباشۇي (جۇ يۈلىڭ ) مەكىتكە ھاكىم بولۇپ كېلىپ ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنى سالدۇرغاندا ، بىر سىنىپلىق شۆتاڭ سالدۇرۇپ ، 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ، مەكتەپ نامىنى گويۇشۆتاڭ (دۆلەت تىلى مەكتىپى ) دەپ ئاتاپ ، بارلىق راسخوتىنى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن

① «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل 5 ـ ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ، 45 ـ 46 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بەرگەندىن كېيىن ، ھەقىقىي تۈردە جارى قىلدۇرۇلغان .

5 . ئىسلاھات بۆلۈمى : بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ، ئېتىز ـ ئېرىق ، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ، ئورمان ئەھيا قىلىش ، سۇ ئىشلىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى بېجىرگەن .

مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ، ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەت شەكلى — ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشىدە ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىش بولۇپ تۇرغان . تۆۋەندە ، مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلى ، ئازادلىقنىڭ ئالدى ـ كەينى ۋە 80 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن :

*1 . شياڭيۈلۈق تۈزۈمى ( 乡约制 )*

مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 1928 ـ يىلى ) مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، پۈتۈن ناھىيىدە ئالتە يېزا تەسىس قىلىنىپ ، شياڭيۈلۈق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان (يەرلىكتىكى كىشىلەر شياڭيۈنى «بەگ» دەپمۇ ئاتايدۇ ) . يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئالتە يېزا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

1 . چامغۇرلۇق (لايلىق ) يېزىسى . بۇ ھازىرقى چامغۇرلۇق ، ھاڭغىتلىق ۋە شېھىتدۆڭ قاتارلىق يېزىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇنىڭغا بىر نەپەر شياڭيۈ قويۇلغان .

2 . يانتاق يېزىسى . بۇ ھازىرقى يانتاق يېزىسىنىڭ بىر قىسمى كەنت ، مەھەللىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇنىڭغا بىر نەپەر شياڭيۈ قويۇلغان .

3 . ئويبۇغداي يېزىسى . بۇ ھازىرقى يانتاق ، تۇمەنتال ۋە قۇرما قاتارلىق يېزىلارنىڭ بىر قىسىم كەنت ـ مەھەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇنىڭغا بىر نەپەر شياڭيۈ قويۇلغان .

4 . قارا ئۆي يېزىسى . بۇ ھازىرقى يانتاق يېزىسىنىڭ بىر قىسىم كەنت مەھەللىلىرى ۋە بازار جەمى ، قۇمقسار يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم كەنت ـ مەھەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇنىڭغا بىر شياڭيۈ قويۇلغان .

5 . قۇمقسار يېزىسى . بۇ ھازىرقى قۇمقسار ، غازكۆل يېزىلە-

رىنىڭ بىر قىسىم كەنت ـ مەھەللىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا بىر نەپەر شياڭيۇ قويۇلغان.

6. يۇقىرى ـ تۆۋەن ئاۋات يېزىسى. بۇ ھازىرقى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات يېزىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (بۇ يېزا مىنگونىڭ 25 ـ يىلى «مىلادىيە 1936 ـ يىلى»، 10 ـ ئايدا مارالبېشى ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلگەن). بۇنىڭغا بىر نەپەر شياڭيۇ قويۇلغان.

*2. رايون، كەنت تۈزۈمى (区村制)*

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (مىلادىيە 1938 ـ يىلى) شياڭيۇلۇق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا رايون، كەنت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. رايوندا رايون باشلىقى، كەنتتە كەنت باشلىقى تەسىس قىلىنغان. پۈتۈن ناھىيە ئۈچ رايون، 36 كەنت، بىر كوچا باشقۇرۇش ئورنىغا ئايرىلغان. بىرىنچى رايون غازكۆل رايونى بولۇپ، 14 كەنتى بولغان. ئىككىنچى رايون يانتاق رايونى بولۇپ، 11 كەنتى بولغان. ئۈچىنچى رايون تومەنتال رايونى بولۇپ، 11 كەنتى بولغان، كوچا باشقۇرۇش ئورنى «مەكىت بازارلىق كوچا باشقۇرۇش ئورنى» دەپ ئاتىلىپ، بىر مۇدىر ۋە بىر قانچە مۇئاۋىن مۇدىرلار قويۇلغان، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولغان.

*3. شياڭ، باۋجيا تۈزۈمى (乡保甲制)*

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (مىلادىيە 1946 ـ يىلى) رايون، كەنت تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئورنىغا شياڭ، باۋجيا تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيىدە ئۈچ يېزا، 35 باۋ، بىر كوچا باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىنغان.

بىرىنچى يېزا — جيەنشىن (建新) يېزىسى (بۇ ھازىرقى قىزىل ئاۋات يېزىسى بولۇپ، ئىلگىرى يەكەننىڭ قىزىلچى كەنتى ئىدى. 1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، مەكىتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلگەن) بولۇپ، باشقۇرۇشىدا 14 باۋ بولغان.

ئىككىنچى يېزا — ۋېنمىڭ (文明) يېزىسى (ھازىرقى يانتاق يېزىسى) بولۇپ، باشقۇرۇشىدا 9 باۋ بولغان.

ئۈچىنچى يېزا — جېنشىڭ (振兴) يېزىسى (ھازىرقى تومەنتال يېزىسى) بولۇپ، باشقۇرۇشىدا 12 باۋ بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رۇشىدا يەتتە يېزا ، بىر بازارلىق خەلق كومىتېتى ، 32 تەبىئىي كەنت بولغان .

ئىككىنچى رايون (ھاڭغىتلىق رايونى ) باشقۇرۇشىدا تۆت يېزا ، 16 كەنت بولغان .

ئۈچىنچى رايون (يانتاق رايونى ) باشقۇرۇشىدا بەش يېزا ، 22 كەنت بولغان .

تۆتىنچى رايون (تۇمەنتال رايونى ) باشقۇرۇشىدا بەش يېزا ، 22 كەنت بولغان .

بەشىنچى رايون (غاز كۆل رايونى ) باشقۇرۇشىدا تۆت يېزا ، 23 كەنت بولغان .

ئالتىنچى رايون (قىزىلئاۋات رايونى ) باشقۇرۇشىدا بەش يېزا ، 16 كەنت بولغان .

يەتتىنچى رايون (قۇمقىسار رايونى ) باشقۇرۇشىدا ئۈچ يېزا ، سەككىز كەنت بولغان (1955 ـ يىلى 7 ـ رايون تارقىتىۋېتىلىپ ، 1 ـ رايونغا تۆت كەنت ، 5 ـ رايونغا تۆت كەنت قوشۇپ بېرىلگەن ) .

*5 . خەلق گۇڭشېسى تۈزۈمى ( 人民公社制 )*

1958 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ، ھەرقايسى رايونلاردا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلۇپ ، 1 ـ رايوننىڭ نامى «خوجيەن ( 火箭 ) گۇڭشې» دەپ ئاتالغان (بۇ نام 1967 ـ يىلى دۇڭفاڭخۇڭ ، 东方红 ، گۇڭشېسى بولۇپ ئۆزگەرگەن ) ؛ 2 ـ رايون « دۇڭفېڭ 东风 گۇڭشېسى» دەپ ئاتالغان ؛ 3 ـ رايون «خۇڭچى ( 红旗 ) گۇڭشېسى» دەپ ئاتالغان ؛ 4 ـ رايون «خۇڭگۇاڭ ( 红光 ) گۇڭشېسى» دەپ ئاتالغان ؛ 5 ـ رايون «ۋېيشىڭ ( 卫星 ) گۇڭشېسى» دەپ ئاتالغان ؛ 6 ـ رايون «جەندو ( 战斗 ) گۇڭشېسى» دەپ ئاتالغان .

ھەرقايسى گۇڭشېلار يەنە رەت تەرتىپى بويىچە 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ ، 6 ـ گۇڭشې دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىپ كەلگەن . بازارلىق خەلق كومىتېتى شەھەر ـ بازارلىق باشقۇرۇش رايونى ( 城镇管理区 ) دەپ ئۆزگەرتىلىپ ، خوجيەن گۇڭشېسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان ، ئەسلىدىكى رايون باشقۇرۇشىدىكى يېزىلارنىڭ ھەممىسى باشقۇرۇش رايونى ( 管理区 ) قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن .

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى بازارلىق كو-چا باشقۇرۇش ئورنى يەنە ئەسلىي ھالىتى بويىچە ساقلىنىپ قالغان.

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (مىلادىيە 1948 ـ يىلى) بىر بازار، ئىككى يېزا تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭدىكى تەيخې (太和) بازىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا 24 باۋ، 231 جيا، 4913 ئائىلە، 18114 ئادەم بولغان.

جيەنشىن يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا 20 باۋ، 128 جيا، 4433 ئائىلە، 17263 ئادەم بولغان.

جېنشىڭ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا 17 باۋ، 120 جيا، 4433 ئائىلە، 17263 ئادەم بولغان.

*4. رايون، يېزا تۈزۈمى (区乡制)*

1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا، مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيىدە ئۈچ رايون، 24 يېزا، بىر كوچا باشقۇ-رۇش ئورنى تەسىس قىلىنغان.

بىرىنچى رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا ئورداكۆل يېزىسى، قوش ئېقىن يېزىسى، ھاڭغىتلىق يېزىسى، چامغۇرلۇق يېزىسى، بازار جەمى يېزى-سى، تاۋاكېسىكى يېزىسى، بېلىقچى يېزىسى، ئوۋكا يېزىسى، يېڭى مەھەللە يېزىسى، بازار يېزىسى، بازارلىق خەلق كوچا ئىش باشقۇ-رۇش ئورنى بولغان.

ئىككىنچى رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا قىزىلئاۋات يېزىسى، لايداڭ يېزىسى، قومۇش مەھەللە يېزىسى، قۇمقىسار يېزىسى، پاختەكلىك يېزىسى، غازكۆل يېزىسى، خانكۆل يېزىسى بولغان.

ئۈچىنچى رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا يانتاق يېزىسى، ئويبۇغداي يې-زىسى، ئاقتىكەن يېزىسى، تۆگىدۆڭ يېزىسى، تۇمەنتال يېزىسى، شىپتىدۆڭ يېزىسى قاتارلىقلار بولغان.

1951 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە بەش رايون، 31 يېزا، بىر بازارلىق خەلق كوچا باشقۇرۇش ئورنىغا ئايرىلغان.

1953 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە يەنە يەتتە رايون، 34 يېزا، بىر رايون باشقۇرۇشىدىكى يېزا دەرىجىلىك بازارلىق خەلق كومىتېتىغا ئايرىلغان.

بىرىنچى رايون (چېڭگۈەن 城关، بازار جەمى رايونى) باشقۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



1962 ـ يىلى بىرىنچى يېزىنىڭ تۆت كەنتى، بەشىنچى يېزىنىڭ تۆت كەنتى ئايرىلىپ، شياڭياڭ (向阳) گۇڭشې قۇرۇلۇپ، يەتتىنچى گۇڭشې دەپ ئاتالغان.

1966 ـ يىلى، خوجيەن گۇڭشېسىنىڭ شەھەر ـ بازارلىق باشقۇرۇش رايونى شەھەر ـ بازارلىق خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن ناھىيە بويىچە سەككىز خەلق گۇڭشېسى بارلىققا كەلگەن.

1978 ـ يىلى، ھەرقايسى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ناملىرى يەرلىك خەلقنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇرۇنقى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھەرقايسى گۇڭشېلار تەرتىپ بويىچە بازار جەمى گۇڭشې، يېڭىئاۋات گۇڭشې، يانتاق گۇڭشې، تۇمەنتال گۇڭشې، غازكۆل گۇڭشې، قىزىلئاۋات گۇڭشې، قۇمقىسار گۇڭشې دەپ ئاتالدى. شەھەر ـ بازار خەلق گۇڭشېسى بولسا مەكىت بازىرى دەپ ئاتالغان.

*6. يېزا (بازار)، كەنت تۈزۈمى (乡(镇)村制)*

1984 ـ يىلى، ھەرقايسى گۇڭشېلار «يېزا» دەپ ئۆزگەرتىلدى. يېزىلار باشقۇرۇشىدىكى كەنتلەردە كەنت كومىتېتى تەسىس قىلىندى، يېزىلار بۇرۇنقى نامى بىلەن ئاتالدى.

يېڭىئاۋات گۇڭشې يەكەن دەرياسىنى چېگرا قىلىپ، دەريانىڭ غەربى شىھىتدۆڭ يېزىسى، دەريانىڭ شەرقى ھاڭغىتلىق يېزىسى دەپ ئايرىلدى.

1988 ـ يىلى، تۇمەنتال يېزىسى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يېڭىدىن قۇرما يېزىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيەدە توققۇز يېزا، بىر بازار، ئالتە ئاھالىلەر كومىتېتى، 137 كەنت كومىتېتى، 209 تەبىئىي كەنت ۋە 520 مەھەللىۋى گۇرۇپپا بارلىققا كەلدى.

[قوشۇمچە 3]

## مەكىت ناھىيىسىدىكى يېزىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

مەكىت بازىرى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەكىت ناھىيىلىك كومىتېتى ۋە مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جايلاشقان ئورۇن بولۇپ، مەكىتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى. جۇغراپىيىلىك ئورنى دولان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا توغرا كېلىدۇ. بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى يېڭى مەھەللە يولىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال تەرىپى بىلەن بازارجەمى يېزىسىنىڭ ئوردا كۆل كەنتى، بازارجەمى كەنتى، چامغۇرلۇق كەنتى، قوشئېقىن كەنتى تۇتىشىپ تۇرىدۇ. پۈتۈن بازار تەۋەسىدە ئوردا كۆل، گۈزەر، پاختا بازىرى، بولقا ئۆستەڭ بويى، قازانچى مەھەللىسى ۋە يېڭى بازار قاتارلىق ئالتە ئاھالە كومىتېتى، بىر بازارلىق دېھقانچىلىق مەيدانى بار.

1990 - يىلىدىكى 4 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە بازارلىق ھۆكۈمەت تەۋەسىدە 4616 تۈتۈن، 20 مىڭ 217 ئادەم بار ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 15 مىڭ 825 ئادەم بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 78.28 %نى ئىگىلەيدۇ. خەنزۇلار 4282 ئادەم بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 21.18%نى ئىگىلەيدۇ. خۇيزۇلاردىن 46 ئادەم بولۇپ، بۇ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.23 %نى ئىگىلەيدۇ. ئۆزبېكلەردىن 36 ئادەم بولۇپ، بۇ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.18 % نى ئىگىلەيدۇ. جۇاڭزۇلاردىن 23 ئادەم بولۇپ، بۇ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.11 % نى ئىگىلەيدۇ. باشقا مىللەتلەر بەش بولۇپ، بۇ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.02 % نى ئىگىلەيدۇ. 2000 - يىلىدىكى 5 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 20640 ئادەم بولغان.

بۇ بازار ئىلگىرى چوڭ بىر بەگلىك سۈپىتىدە مارالبېشى ناھىيە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىگە تەۋە بولغان. 1928 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەكىت ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلۈپ، ناھىيە مەركىزى تۇرۇشلۇق ئورۇنغا ئايلانغان. 1944 ـ يىلى تەيخي بازىرى بولۇپ قۇرۇلغان. 1950 ـ يىلى بىر رايون، ئىككى يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن، 1953 ـ يىلى بازارلىق خەلق كومىتېتى قۇرۇلغان. 1959ـ يىلى خوجيەن (火箭) گۇڭشېسى بازارلىق باشقۇرۇش رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1964 ـ يىلى مەكىت بازارلىق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1966 ـ يىلى مەكىت بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىلگەن.

بازارجەمى يېزىسى بازارجەمى يېزىسى ناھىيە بازىرىنى قورشاپ تۇرىدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەت مەكىت بازىرىغا يېقىن. شەرقى قالما سۇ ئامبىرىنى، جەنۇبى تىزناپ دەرياسىنى چېگرا قىلىپ قۇمقسار يېزىسىغا قوشنا. غەربى دولان دەرياسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. شېھىتدۆڭ يېزىسى بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ. شىمالى يانتاق يېزىسى بىلەن تۇتاش بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئەڭ ئۇزۇن يېرى 14 km كېلىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئەڭ كەڭ يېرى 5.5km كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 112 مىڭ مو. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 58 مىڭ مو، ئوتلاق كۆلىمى 38 مىڭ مو، ئورمانلىق 5 مىڭ مو. پۈتۈن يېزا تەۋەسىدە 11 كەنت كومىتېتى، بىر دېھقانچىلىق مەيدانى، بىر ئورمانچىلىق مەيدانى، بىر باقمىچىلىق مەيدانى، بىر تەجرىبە مەيدانى، 21 تەبىئىي كەنت، 54 كەنت گۇرۇپپىسى بار. 1990 ـ يىلىدىكى 4 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە بۇ يېزىدا 3408 تۈتۈن، 15 مىڭ 793 ئادەم بار ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 15 مىڭ 257 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 96.6%نى ئىگىلەيدۇ. خەنزۇلار 531 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 3.36% نى ئىگىلەيدۇ. ئۆزبېكلەر بەش ئادەم بولۇپ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.3% ئىگىلەيدۇ.

2000 ـ يىلىدىكى 5 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە بۇ يېزىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 20108 ئادەم بولغان. بازارجەمى ئۇيغۇر تىلىدا «بازارغا يېقىن جاي» ياكى «بازارلار جەمئىيلەنگەن (توپلانغان جاي)» دېگەنلىك بولىدۇ.

1928 ـ يىلى بۇ يېزا بازار جەمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . 1943 ـ يىلى بازار جەمى ، تاۋا كېسەك ، قۇمقىسار ، ھاڭغىتلىقلار بىرلىشىپ 16 باۋنى تەشكىل قىلىپ يەنىلا بازار جەمىنىڭ باشقۇرۇشى-دا بولغان . ئازادلىقتىن كېيىن بۇ رايونلاردا 10 يېزا ، 33 كەنت تەشكىل قىلىنىپ بىرىنچى رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . 1958 ـ يىلى گۇڭشېلىشىش دەۋرىدە خوجىيەن گۇڭشېسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1962 ـ يىلى ناھىيىدە 7 ـ گۇڭشې قۇرۇلغاندا تىزناپ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆت كەنت 7 ـ گۇڭشېنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ نامى 1-گۇڭشې دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1967 ـ يىلى شەرق قىزاردى گۇڭشې-سىغا ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ ، 1978 ـ يىلىغا كەلگەندە بازار جەمى گۇڭشېسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1984 ـ يىل 11 ـ ئايدا بازار جەمى يېزىلىق ھۆكۈمەت بازارجەمى كەنتىگە تەسىس قىلىنغان . پۈتۈن يېزى-نىڭ يېرى دولان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا تەكشى جايلاشقان بولۇپ ، يەرلىرى تەكشى ، تۇپراق قاتلىمى قېلىن ، زور كۆپ ساندىكى تۇپرىقى سېرىق قۇمساڭغۇ تۇپراق بولۇپ ، شورلىشىش دەرىجىسى ئېغىر . دولان دەرياسىنىڭ دەريا ساھىلىدىكى سازلىق يەرلەر كۆپ-رەك . تىزناپ دەرياسى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ كېسىپ ئۆتىدۇ . ئۇزۇنلۇقى 15km كېلىدۇ .

پۈتۈن يېزا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ . ئاساسلىق تېرىلىدى-غان زىرائەتلەردىن بۇغداي ، قوناق بار . ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پاختا ، زاراڭزا ، ئاپتاپپەرەس ، سەي ـ كۆكتات ، قوغۇن ـ تاۋۇز قاتارلىقلار بار . بۇ يېزا ئائىلە باقمىچىلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ ، دولان قويى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ .

شېھىتدۆڭ يېزىسى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە ، دولان دەرياسى-نىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان . يېزىلىق ھۆكۈمەت شېھىتدۆڭ كەنتىدە بولۇپ ، ناھىيە بازىرىدىن 10.5km كېلىدۇ . ئۇنىڭ شەرقى دولان دەرياسى ئارقىلىق ھاڭغىتلىق يېزىسى بىلەن چېگرالىنىپ ، بازارجەمى يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ . جەنۇبى يەكەن ناھىيىسى-نىڭ خاڭدى بازىرى بىلەن چېگرالىنىدۇ . غەربىي تەرەپتىن پەيلو ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى بىلەن ، شىمالىي تەرەپتىن مارال-

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى www.uyghurkitap.com



بېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ . جەنۇبتىن شى-مالغا ئەڭ كەڭ جايىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 19.4km ، شەرقتىن غەربكە 13.1km ، ئومۇمىي يەر مەيدان كۆلىمى 250 مىڭ مو بولۇپ ، تېرىلغۇ يەر 45 مىڭ مو ، چۆللۈك 143 مىڭ مو كېلىدۇ . پۈتۈن يېزىدا 10 كەنت كومىتېتى ، ئىككى دېھقانچىلىق مەيدانى ، بىر ئۇرۇق-چىلىق بازىسى ، 16 تەبىئىي كەنت ، 40 كەنت گۇرۇپپىسى بار . 1990 - يىلىدىكى 4 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە 3210 تۈتۈن ، 11 مىڭ 253 ئادەم بار ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 11 مىڭ 18 ئادەم بولۇپ ، بۇ پۈتۈن نوپۇسنىڭ 97.91 % نى ئىگىلەيدۇ . خەنزۇلار 230 ئادەم بولۇپ ، پۈتۈن نوپۇس-نىڭ 2.04 % نى ئىگىلەيدۇ . خۇيزۇلار 5 ئادەم بولۇپ ، پۈتۈن نو-پۇسنىڭ 0.4 % نى ئىگىلەيدۇ .

2000 - يىلىدىكى 5 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە بۇ يېزىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 21108 ئادەم بولغان .

شېھىتدۆڭ ئۇيغۇر تىلىدا «مۇجاھىتلارنىڭ قەبرىستانلىقى» (شېھىت بولغانلار كۆمۈلگەن دۆڭ ) دېگەن مەنىدە .

1928 - يىلى مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، شېھىت-دۆڭ مەكىت ناھىيىسى يانتاق بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . 1945 - يىلى يېزا قۇرۇلۇپ ، شۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . 1947-يىلى مەدەنىيەت يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . ئازادلىقتىن كېيىن 1950 - يىلى شېھىتدۆڭ ئۈچ رايون ، ئۈچ يېزىغا ، قاپاق ئاستى ئۈچ رايون ، ئىككى يېزىغا ، ھاڭغىتلىق بىر رايون ئۈچ يېزىغا ئايرىلغان . 1953 - يىلى ئۈچ رايون ئۈچ يېزا ، ئۈچ رايون ئىككى يېزا ، بىر رايون ئۈچ يېزا بىرلەشتۈرۈلۈپ مەكىت ناھىيىلىك 2 - رايون تەسىس قىلىنغان . 1958 - يىلى شەرق شاملى گۇڭشېسىغا ، 1963 - يىلى يېڭىئاۋات گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلگەن . 1984 - يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقلىشى بىلەن دولان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى يېڭىئاۋات گۇڭشېسىنىڭ 7 - ، 8 - ، 9 - ، 10 - كەنتلىرى ئايرىپ چىقىرىلىپ ، ھاڭغىتلىق يېزىسى قۇرۇلغان . دولان دەرياسىنىڭ غەر-بىدىكى يېڭىئاۋات گۇڭشې مەمۇرىي رايونى مەكىت ناھىيىلىك

يېڭىئاۋات يېزىسىغا تەۋە بولغان . 1987 ـ يىل 12 ـ ئايدا شەھەتدۆڭ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن . يېزىلىق ھۆكۈمەت يۇقىرى مەھەللە كەنتىگە تەسىس قىلىنغان .بۇ يېزىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى قۇملۇق ، تۇپراق قەۋىتى بىر قەدەر قېلىن بولۇپ ، ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي ، قوناق بار . ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پاختا ، ئاپتاپپەرەس ، قوغۇن ـ تاۋۇز بار .

پۈتۈن يېزا دولان دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدۇ . ئاساسلىق ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىدىن شەھەتدۆڭ ئۆستىڭى ۋە سوقىچاق ئۆستەڭ بار . ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 70km كېلىدۇ . مارال-بېشى ـ يەكەن ، مەكىت ـ تازغۇن (قەشقەر ) دىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكە تاشيولى بۇ يېزىنى كېسىپ ئۆتىدۇ .

بانتاق يېزىسى يانتاق يېزىسى ناھىيىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ، يېزىلىق ھۆكۈمەت يانتاق كەنتىگە تەسىس قىلىنـ-غان . بۇ جاينىڭ بازارغىچە بولغان ئارىلىقى 10km كېلىدۇ . شەرقىي تەرىپى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 43 ـ تۇەنى ، جەنۇبىي تەرىپى بازارجەمى يېزىسى بولۇپ ، غەرب تەرەپتىن ھاڭغىتلىق يېزىـ-سىغا ، شىمالىي تەرەپتىن تۇمەنتال يېزىسىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ . شەرقتىن غەربكە ئەڭ ئۇزۇن جايى 18km ، جەنۇبتىن شىمالغا ئەڭ كەڭرى جايى 14km كېلىدۇ . ئومۇمىي يەر مەيدانى 364 مىڭ مو ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 109 مىڭ مو ، چۆللۈك يايلىقى 107 مىڭ مو كېلىدۇ . پۈتۈن ناھىيىنىڭ قارىمىقىدا 20 كەنت كومىتېتى ، ئىككى دېھقانچىلىق مەيدانى ، بىر ئورمانچىلىق مەيدانى ، بىر تەجرىبە مەيدانى ، بىر چارۋىچىلىق مەيدانى ، 28 تەبىئىي كەنت ، 81 كەنت گۇرۇپپىسى بار . 1990 ـ يىلىدىكى 4 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈ-رۈشتە 4674 تۈتۈن ، 22 مىڭ 424 ئادەم بار ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە 21 مىڭ 419 ئادەم ئۇيغۇر . بۇ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %95.52 نى ئىگىلەيدۇ . خەنزۇلار 954 بولۇپ ، ئومۇ-مىي نوپۇسنىڭ %4.25نى ئىگىلەيدۇ . خۇيزۇلار 51 بولۇپ ، ئومۇ-مىي نوپۇسنىڭ %0.23 نى ئىگىلەيدۇ . 2000 ـ يىلىدىكى 5 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە بۇ يېزىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 25256

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئادەم بولغان .

يانتاق يېزىسىنىڭ نامى كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك «يانتاق» نىڭ نامىغا ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ ، بۇ يېزا تەۋەسىدە يانتاق كۆپ ئۆسىدۇ .

بۇ يېزا 1928 ـ يىلىدىن ئىلگىرى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان ، 1928 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان . ئۆيلۈق ، غوجائاۋات ، يانتاق قاتارلىق 12 كەنت يانتاق بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . 1944 ـ يىلى يانتاق ، تۇمەنتال ، شېھىتدۆڭ قاتارلىق رايونلار جىنشىڭ يېزىسىغا ئايرىپ بېرىلگەن . 1947 ـ يىلى ۋېنمىڭ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن . ئازادلىقتىن كېيىن 1950 ـ يىلى تۇمەنتال يېزىسى بىلەن ئايرىلىپ ئۈچىنچى رايون قۇرۇلغان بولۇپ ، بۇنىڭ باشقۇرۇشىدا تۆت يېزا ، 124 كەنت بولغان . 1958 ـ يىلى قىزىلبايراق گۇڭشېسىغا ، 1978 ـ يىلى يانتاق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلگەن . 1984 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ، يانتاق گۇڭشېسى «يانتاق يېزىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن .

يانتاق يېزىسىنىڭ كۆپ قىسىم تۇپرىقى قۇمساڭغۇ تۇپراققا كىرىدۇ . يەر تۈزۈلۈشى تەكشى بولۇپ ، تۇپراق قاتلىمى خېلى قېلىن . يەر ئاستى سۈيى 1.5 ~ 3.5 مېتىرغىچە كېلىدۇ . پۈتۈن يېزا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ . ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي ، قوناق قاتارلىقلار بار . ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پاختا ، قوغۇن-تاۋۇز دېگەنلەرنىمۇ تېرىيدۇ ، پاختا ئەڭ كۆپ تېرىلىدۇ . 1959ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئىلغار گۇڭشې بولۇپ باھالىنىپ گوۋۇيۈەننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن . 1965 ـ يىل 2 ـ ئايدا غەربىي شىمال بيۇروسى مۇقىم ھالدا يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش تەجرىبىسىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا غەربىي شىمالدىكى 40 بايراقدارنىڭ بىرى دەپ باھالانغان . 1965 ـ يىل 3 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قىزىل بايراقدار ئورۇن ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزىلارنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ تىكلەنگەن .

پۇتۇن يېزا ئۇيبۇغداي ئۆستىڭىدىن پايدىلىنىپ يەرلىرىنى سۇغىرىدۇ . غەربتىن شەرققە سوزۇلغان يېزا چېگراسى ئىچىدىكى ئاساسلىق ئۆستەڭلەر يەتتە بولۇپ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 146 km كېلىدۇ .

يانتاق يېزىسى «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى يۇرتى» دەپ نام ئالغان بولۇپ ، ئۇيغۇر دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ ئەڭ قەدىمىي ، بىر قەدەر سىستېمىلىق ھالدا ساقلىنىپ قالغان قىسمى مۇشۇ يېزا تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ساقلىنىپ قالغان . ھەر يىلىدىكى نورۇز ۋە باشقا ھېيت ـ بايراملاردا دېھقانلارنىڭ قېرى ـ ياشلىرى بىر يەرگە يىغىلىشىپ دولان ئۇسۇلى ئويناپ ، قالۇن چېلىپ ، ناخشا ئېيتىپ خۇشاللىققا چۆمۈلىدۇ . بۇ يېزىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ، تەنتەربىيە ئىشلىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ھالىتىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئومۇملاشقان . 1983 ـ يىلى «مەملىكەتلىك ئاممىۋى تەنھەرىكەت بويىچە ئىلغار خەلق گۇگشېسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن . 1985 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى مۇشۇ يېزىدا يېزا مىللىي تەنتەربىيە يىغىنى ئاچقان . 1998 ـ يىلى «مەملىكەت بويىچە 10 مىڭ چاقىرىملىق مەدەنىيەت كارىدورى نەق مەيدان يىغىنى . مەكىت تارماق يىغىنى» مۇشۇ يېزىنى ئاساس قىلىپ ئېچىلغان ، 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەت يىغىنى مۇشۇ يېزىدا ئېچىلغان .

تۇمەنتال يېزىسى بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ ، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇمەنتال كەنتىدە . ئۇنىڭدىن ناھىيە بازىرىغىچە بولغان ئارىلىق 35 km كېلىدۇ . دولان دەرياسى ساھىل تۇزلەڭلىكىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇز ئىچىگە ئالىدۇ . جەنۇبتىن شىمالغا ئەڭ ئۇزۇن جايى 36 km ، شەرقتىن غەربكە بولغان ئارىلىقى 24 km بولۇپ ، غەربىي شىمالى دولان دەرياسىنى چېگرا قىلىپ ، مارالبېشىنىڭ ئاۋات يېزىسى ، يېڭى ئۆستەڭ ، سېرىقبۇيا ، ئالاغىر يېزىلىرى بىلەن قارشىسپ تۇرىدۇ . شىمال تەرەپتىن خېنيا ئورمانچىلىق مەيدانى بىلەن تۇتۇشىدۇ . شەرق تەرەپتىن يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 45 ـ تۇەنى بىلەن تۇتىشىدۇ . جەنۇبىي تەرەپتىن يانتاق يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ . ئومۇمىي يەر كۆلىمى 798 مىڭ مو بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ كۆلىمى 149 مىڭ مو ، چۆللۈك يايلىقى 378 مىڭ مو ، تۇزلۇق كۆل 54 مىڭ مو ، ئورمانلىق 3800 مو ، مېۋىلىك باغ 1700 مو كېلىدۇ . جىرىلغىما سۇ ئامبىرى 30 مىڭ مو يەرنى ئىگىلەيدۇ . باشقا يەر مەيدانى 82 مىڭ 500 مو كېلىدۇ . تەۋەلىكىدە 18 كەنت كومىتېتى ، بىر دېھقانچىلىق مەيدانى ، بىر ئورمانچىلىق مەيدانى ، 24 تەبىئىي كەنت ، 115 كەنت گورۇپپىسى بار . 1990 - يىلىدىكى 4 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە پۈتۈن يېزا تەۋەلىكىدە 3397 تۈتۈن ، 16 مىڭ 884 ئادەم بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 16 مىڭ 89 ئادەم بولۇپ ، پۈتۈن نوپۇسنىڭ 29 .95 % نى ئىگىلەيدۇ . خەنزۇلار 749 ئادەم بولۇپ ، پۈتۈن نوپۇسنىڭ 44 .4 % نى ئىگىلەيدۇ . خۇيزۇلار 39 ئادەم بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.23% نى ئىگىلەيدۇ . باشقا مىللەتلەر يەتتە ئادەم بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 04 .0 % نى ئىگىلەيدۇ . 2000 - يىلىدىكى 5 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە بۇ يېزىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 20164 ئادەم بولغان .

تۇمەنتال ئۇيغۇر تىلىدا «تۇمەنلىگەن تال» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ .

بۇ يېزا 1928 - يىلىدىن بۇرۇن مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . 1928 - يىلى مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولۇپ ، ئويبۇغداي بەگلىكىگە قارىغان . 1938 - يىلى «تۇمەنتال يېزىسى» غا ئۆزگەرتىلگەن . 1943 - يىلى يانتاق بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلار بىلەن بىرلىكتە جېنشىڭ (振兴 — ھازىرقى تۇمەنتال يېزىسى) يېزىسىغا قېتىۋېتىلىپ ، 1947 - يىلى «ۋېنمىڭ يېزىسى» (文明 — ھازىرقى يانتاق يېزىسى) دەپ ئۆزگەرتىلگەن . ئازادلىقتىن كېيىن 1950 - يىلى تۆتىنچى رايونغا تەۋە بولغان . 1958 - يىلى گوڭشېلىشىش دەۋرىدە خۇڭگۇاڭ گوڭشېسى دەپ نام بېرىلگەن . 1978 - يىلى «تۇمەنتال گوڭشېسى» غا ئۆزگەرتىلگەن . 1984 - يىلى يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن . تۇمەنتال يېزىسىنىڭ يېرى تەكشى ، تۇپرىقى قېلىن ، ئوت - چۆپى مول بولۇپ ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق-

نى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق . ئازادلىقتىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلغاچ-قا ، ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرى كوللېكتىپنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە تايىنىپ ، قۇملۇقنى تىزگىنلەپ ، شورنى چېكىندۇرۇپ ، يورۇشلۇق ئېتىزلار بىلەن زور كۆلەمدە ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى . بوراندىن مۇداپىئەلىنىش ئورمانلىقى تىكىپ ، ئې-تىز - ئېرىقنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى . بۇ يەردە تېرىلىدىغان ئاساسلىق زىرائەتلەر ، بۇغداي ، قوناق بولۇپ ، بۇ-نىڭدىن باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پاختا ، ئاپتاپپەرەس ، سەي - كۆكتات ۋە قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىقلار بار .

تومەنتال يېزىسىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، زور بىر تۈركۈم ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت قوشۇنى بارلىققا كەلگەن . 1992 - يىلىدىن باشلاپ بۇ يېزىدا «تومەنتال چېچەكلىرى» ناملىق پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال نەشر قىلىنغان .

غازكۆل يېزىسى بۇ يېزا ناھىيىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ ، دولان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا ، تىزناپ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان . يېزىلىق ھۆكۈمەت غازكۆل كەنتىگە تەسىس قىلىنغان . يېزا شەرقىي تەرەپتىن قۇمقىسار يېزىسى بىلەن ، جەنۇبىي تەرەپتىن قىزىل ئاۋات يېزىسى بىلەن ، غەربىي تەرەپتىن تىزناپ دەرياسىنى چېگرا قىلىپ يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئازادباغ يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ . شىمالىي تەرەپتىن بازارجەمى يېزىسى بىلەن ، شەر-قىي جەنۇبى تەرەپتىن يېزا ئىگىلىك ئۈچىنچى دىۋىزىيىسى (46 - تۇەنى چېقىل دېھقانچىلىق مەيدانى ) بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ . جەنۇب-تىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 30km ، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 12km كېلىدۇ . ئومۇمىي يەر مەيدانى 309 مىڭ مو ، ئۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ كۆلىمى 140 مىڭ مو ، ئورمان كۆلىمى تەخمىنەن 20 مىڭ مو ، چۆللۈك ئوتلاق كۆلىمى 37 مىڭ مو كېلىدۇ . باشقا جايلار 112 مىڭ مونى ئىگىلەيدۇ . يېزا تەۋەلىكىدە 18 كەنت كومىتېتى ، ئىككى دېھ-قانچىلىق مەيدانى ، بىر تەجرىبە مەيدانى ، 29 تەبىئىي كەنت ، 88

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەنت گورۇپپىسى بار . 1990 ـ يىلىدىكى 4 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە 4013 تۈتۈن ، 18 مىڭ 126 ئادەم بار ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 17 مىڭ 626 ئادەم ، بۇ پۈتۈن نوپۇسنىڭ %97.2نى ئىگىلەيدۇ . خەنزۇلار 206 ئادەم ، بۇ پۈتۈن نوپۇسنىڭ %1.14 نى ئىگىلەيدۇ . 2000 ـ يىلىدىكى 5 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە بۇ يېزىنىڭ ئومۇمي نوپۇسى 20581 ئادەم بولغان .

غازكۆل ئۇيغۇرچە «غاز توپلاشقان سازلىق» دېگەنلىك ئىدى . 1928 ـ يىلىدىن ئىلگىرى بۇ يېزىنىڭ غازكۆل ، قومۇش مەھەللىلىرى يەكەن ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ، پاختەكلىك قاتارلىق رايونلار مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . 1928 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، مەكىت ناھىيىسى 1 ـ رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . 1944 ـ يىلى جيەنشىن (ھازىرقى قىزىلئاۋات ) يېزىسىغا قېتىۋېتىلگەن . ئازادلىقتىن كېيىن ، 1950 ـ يىلى 2 ـ رايونغا قېتىۋېتىلگەن . 1951 ـ يىلى 5 ـ رايونغا قوشۇۋېتىلگەن . 1958 ـ يىلى ۋېيشىڭ ( 卫星 ) خەلق گۇڭشېسى دەپ ، 1967 ـ يىلى قىزىل قوغدىغۇچىلار گۇڭشېسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1978 ـ يىلى «غازكۆل گۇڭشېسى» دەپ نام بېرىلگەن . 1984ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى غازكۆل يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ، ئەسلىدىكى مەمۇرىي رايون غازكۆل يېزىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1965 ـ يىلىدىن ئىلگىرى گۇڭشې تۇرۇشلۇق ئورۇن يەكشەنبە بازار كەنتى ئىدى . 1965 ـ يىلى غازكۆل كەنتىگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن . يېزىنىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرى قۇمساڭغۇ تۇپراق ، ئۇ يەرلەرگە ئاساسلىقى بۇغداي ۋە قوناق تېرىيدۇ . ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پاختا ، ئاپتاپپەرەس ، قوغۇن ـ تاۋۇز ، سەي ـ كۆكتات قاتارلىقلارنى تېرىيدۇ .

غاز كۆل يېزىسىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ، خەلق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان . بۇ يېزىنىڭ «دولان مۇقام يۇرتى» دېگەن نامى مەشھۇر . «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ رەتلىگۈچىسى ، شائىرە ئامانىساخان مۇشۇ يېزىنىڭ قومۇش مەھەللە كەن-

تىدە تۇغۇلۇپ ، بالىلىق چاغلىرىنى مۇشۇ يېزىدا ئۆتكۈزگەن . 20ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ، خەتتاتلىق سەنئىتى جەھەتتە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ، تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات ئەھمەد قازىئاخۇنۇم بۇ يېزىنىڭ پاخمىلىق كەنتىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان .

قىزىل ئاۋات يېزىسى قىزىل ئاۋات يېزىسى ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىن 30 km يىراقلىقتىكى جايدا بولۇپ ، تىزناپ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا توغرا كېلىدۇ . يېزىلىق ھۆكۈمەت ھادۇقئالدى كەنتىگە جايلاشقان . شەرقى تەرەپتىن يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 46ـ تۇەنى (چېقىل دېھقانچىلىق مەيدانى ) ۋە تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن چېگرالىنىپ تۇرىدۇ . جەنۇبىي تەرەپتىن يەكەن ناھىيىسى باشكەنت يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ . غەربىي جەنۇب تەرەپتىن تىزناپ دەرياسىنى چېگرا قىلىپ يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئالامەت يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ . شىمالىي تەرەپتە غازكۆل يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ . جەنۇبتىن شىمالغا ئەڭ كەڭ جايىنىڭ كەڭلىكى 15 km ، شەرقتىن غەربكە ئەڭ ئۇزۇن جايى 20 km ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 385 مىڭ مو كېلىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 91 مىڭ مو ، چۆللۈك يايلىقى 120 مىڭ مو ، ئورمانچىلىق كۆلىمى 2700 مو ، باشقا جايلار 171 مىڭ 300 مو كېلىدۇ . پۈتۈن يېزا تەۋەسىدە 17 كەنت كومىتېتى ، بىر ئۇرۇقچىلىق مەيدانى ، بىر دېھقانچىلىق مەيدانى ، بىر ئورمانچىلىق مەيدانى ، 22 تەبىئىي كەنت ، 80 كەنت گۇرۇپپىسى بار . 1990ـ يىلىدىكى 4 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئومۇمىي ئاھالىسى 4163 تۈتۈن ، 19 مىڭ 364 ئادەم ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 18 مىڭ 915 ئادەم بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ % 68 .97نى ئىگىلەيدۇ . خەنزۇلار 435 ئادەم بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ % 2.25 نى ئىگىلەيدۇ . خۇيزۇلار 14 ئادەم بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ % 0.07 نى ئىگىلەيدۇ . 2000 ـ يىلىدىكى 5 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە بۇ يېزىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 21202 ئادەم بولغان .

قىزىل ئاۋات ئۇيغۇرچە ئىسىم بولۇپ ، قاراخانىيلار خانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


دەۋرى (مىلادىيە 850 — 1212 ـ يىللار) دە دىن تارقاتقۇچى ئايال قىزىلچى خېنىم بۇ يەرگە ئىسلام ئېقىمى كەلگەندىن كېيىن، شۇ يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ، قىزىلچى خېنىم ئۆلگەندىن كېيىن بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن «قىزىلچى خېنىم مازىرى» دەپ ئاتالغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىسمىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، بۇ نام «قىزىل ئاۋات» قا ئۆزگەرگەن.

بۇ يېزا 1944 ـ يىلىدىن ئىلگىرى يەكەن ناھىيىسى ئالامەت رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1944 ـ يىل مەكىت ناھىيىسى جيەنشىن (建新 — ھازىرقى قىزىل ئاۋات) يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1944 ـ يىل 4 ـ ئايدا قىزىل ئاۋات بازىرىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن 2 ـ رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1950 ـ يىلى قىشتا غازكۆل يېزىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئالتىنچى رايون بولۇپ قۇرۇلغان. 1958 ـ يىلى جەندۇ (战斗) گوڭشېسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1978 ـ يىلى «قىزىل ئاۋات گوڭشېسى»غا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قىزىل ئاۋات گوڭشېسى تۇرۇشلۇق جايدا قىزىل ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى مەمۇرىي رايون «مەكىت ناھىيىسى قىزىل ئاۋات يېزىسى» غا ئۆزگەرتىلگەن.

بۇ يەردىن ئاساسلىق بۇغداي، پاختا، قوناق قاتارلىقلار چىقىدۇ.

**قۇمقىسار يېزىسى** قۇمقىسار يېزىسى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن 7 km يىراقلىقتا بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇمقىسار كەنتكە تەسىس قىلىنغان. ئۇ شەرق تەرەپتىن تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن، جەنۇب تەرىپى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسى 46 ـ تۈەنى (چېقىل دېھقانچىلىق مەيدانى) بىلەن، غەرب تەرىپى غازكۆل يېزىسى بىلەن، شىمالى بازارجەمى يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 12 km، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 10 km بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 122 مىڭ مو كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 43 مىڭ مو، چۆل يايلىقى 69 مىڭ مو، ئورمان ئىككى مىڭ مو، باغ مىڭ مو بولۇپ، باشقا بوش يەر يەتتە مىڭ مو كېلىدۇ. پۈتۈن كەنت تەۋەسىدە 12 كەنت كومىتېتى، بىر دېھقانچىلىق مەيدانى، بىر

ئورمانچىلىق مەيدانى ، 18 تەبىئىي كەنت ، 44 كەنت گورۇپپىسى بار .
1990 ـ يىلىدىكى 4 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى 1994 تۈتۈن ، 9229 ئادەم بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 9042 ئادەم ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 97.97% نى ئىگىلەيدۇ . خەنزۇلار 187 ئادەم بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 2.03% نى ئىگىلەيدۇ . 2000 ـ يىلىدىكى 5 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە بۇ يېزىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 9608 ئادەم بولغان .

قۇمقىسار ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ ، مەنىسى «قۇم قىسقان جاي» ياكى «قۇمنى قىسقان جاي» دېگەنلىك بولىدۇ .

بۇ يېزا 1928 ـ يىلىدىن ئىلگىرى مارالبېشى ۋە قاغىلىق ناھىيىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . 1928 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسى 1 ـ رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . 1943 ـ يىلىدىن 1947 ـ يىلىغىچە جيەنشىن يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ، 1947 ـ يىلىدىن ئازادلىققا قەدەر تەيخې بازىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . 1949 ـ يىلىدىن كېيىن قۇمقىسار رايونىدىكى شاپىلىق ، قۇمقۇدۇق ، تۆمۈرەك ، يۇقىرى تاۋاركېسەك قاتارلىق جايلىرى 1 ـ رايوننىڭ 3 ـ يېزىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . تۆۋەن تاۋار كېسەك ، قۇمقىسار ، خادىلىق تۆۋەنكى قۇمقىسار ، خومدان مەھەللىسى 5 ـ رايون 3 ـ يېزىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . 1961 ـ يىلى 1 ـ رايوننىڭ 3 ـ يېزىسى ، 5 ـ رايوننىڭ 3 ـ يېزىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ ، 7 ـ گوڭشې قۇرۇلغان . 1967 ـ يىلى نامى «شياڭياڭ گوڭشېسى» غا ئۆزگەرتىلگەن . 1978ـ يىلى «قۇمقىسار گوڭشېسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1984 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گوڭشې تۈرۈشلۇق جايدا يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ، ئەسلىدىكى مەمۇرىي رايون «مەكىت ناھىيە قۇمقىسار يېزىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن . پۈتۈن يېزا دولان دەرياسى ۋە تىزناپ دەرياسىنىڭ چۆكۈندى تۈزلەڭلىكىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ، غەرب تەرەپىنىڭ تۇپراق قاتلىمى بىر قەدەر چوڭقۇر . قۇم ئارىلاش تۇپراق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . يەر ئەھۋالى بىر قەدەر ناچار ، تۇپراقنىڭ شورلىششچانلىقىمۇ ئېغىر . دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى سۇغىرىشتا ئاساسەن تىزناپ دەرياسىنى ئاساس قىلىدۇ . ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



يەردە توققۇز ئېرىق بولۇپ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 26.5km ، ئاساسلىق زىرائەتلەر بۇغداي ، قوناق ، پاختا .

قۇمقىسار يېزىسىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى ، بولۇپمۇ دېھقان رەسساملىرىنىڭ رەسسامچىلىقى تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، «دېھقان رەسساملار يۇرتى» دېگەن شەرەپلىك نامى بار . بۇ يېزىدىكى دېھقان رەسساملار ئىجاد قىلغان رەسىملەر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ھەرخىل كۆرگەزمىلەرگە قاتناشتۇرۇلۇپ ، ناھايىتى زور شان - شەرەپكە ئىگە بولغان ۋە يۇقىرى باھادا تالاشتۇرۇپ سېتىلغان .

ھاڭغىتلىق يېزىسى ھاڭغىتلىق يېزىسى دولان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ھاڭغىتلىق كەنتىگە ئورۇنلاشقان . بۇ يېزا ناھىيە بازىرىغا 6km كېلىدۇ . بۇ يېزىنىڭ شىمالى ۋە شەرقى ئىككى تەرىپى يانتاق يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ . جەنۇبى تەرىپى بازارجەمى يېزىسى بىلەن تۇتۇشىدۇ . شىمالى تەرىپى دولان دەرياسىنى پاسىل قىلىپ شېھىتدۆڭ يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ . جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتىر ، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 3.5km كېلىدۇ . يەر كۆلىمى 28 مىڭ مو بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 13 مىڭ 700 مو . بۇ كەنتنىڭ تەركىبىدە تۆت ئاھالە كومىتېتى ، يەتتە تەبىئىي كەنت ، 16 كەنت گۇرۇپپىسى بار . 1990 - يىلىدىكى 4 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە 988 تۈتۈن ، 4280 ئادەم بار . بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 4278 ئادەم بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 99.95% نى ئىگىلەيدۇ . 2000 - يىلىدىكى 5 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە بۇ يېزىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 4416 ئادەم بولغان .

ھاڭغىتلىق ئۇيغۇر تىلىدا ھاڭغىت ، يەنى «سېرىق ئۆردەك قونىدىغان جاي» دېگەنلىك ئىدى .

ھاڭغىتلىق يېزىسىغا تەۋە رايونلار ئازادلىقتىن ئىلگىرى تەيخې بازىرى ھاڭغىتلىق باۋسىغا تەۋە بولغان ، ئازادلىقتىن كېيىن ، 3 - رايون 1 - يېزىنىڭ ، 1953 - يىلى 2 - رايون 1 - يېزىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . 1958 - يىلى دۆڭفېڭ گۇڭشې 1 - باشقۇرۇش

رايونىغا تەۋە بولغان بولسا، 1978 - يىلى يېڭى ئاۋات گۇڭشې 1 - باشقۇرۇش رايونى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يېڭى ئاۋات يېزىسى دولان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ھاڭغىتلىق، ئاق بۆلمە، قاشبويى، تۆۋەنكى ھاڭغىتلىق قاتارلىق تۆت كەنتنى ئايرىپ چىقىپ، مەكىت ناھىيە ھاڭغىتلىق يېزىسى قۇرۇلدى.

ھاڭغىتلىقتا ئاساسلىق تېرىلىدىغان زىرائەتلەر بۇغداي، قوناق، پاختا، قوغۇن - تاۋۇز، سامساق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

قۇرما يېزىسى 1987 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن تومەنتال يېزىسى تومەنتال يېزىسى بىلەن قۇرما يېزىسىدىن ئىبارەت ئىككى يېزىغا ئايرىلدى. 1988 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىق ھۆججىتىگە ئاساسەن قۇرما يېزىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي جاكارلاپ، ئۇنى ئۆز تەرتىپى بويىچە توققۇزىنچى يېزا قىلىپ بېكىتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرما كەنتىگە جايلاشتى. بۇ يېزا مەكىت ناھىيە بازىرىغا 53km كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەرقى 45 - تۇەن بىلەن، جەنۇبى تومەنتال يېزىسى بىلەن، غەربى دولان دەرياسىنى پاسىل قىلىپ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىقبۇيا يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، شىمالى ئورمانچىلىق مەيدانى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىدىن شىمالغا ئەڭ ئۇزۇن جايى 37km، شەرقتىن غەربكە ئەڭ كەڭ جايى 18km، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 270 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 44 مىڭ مو، چۆل ئوتلىقى 192 مىڭ مو، تۇزلۇق كۆل 30 مىڭ مو، سۇ ئامبار بىر بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى تۆت مىڭ مو كېلىدۇ. پۈتۈن يېزىدا سەككىز تەبىئىي كەنت، بىر دېھقانچىلىق مەيدانى، بىر ئورمانچىلىق مەيدانى، 50 كەنت گۇرۇپپىسى بار. 1990 - يىلىدىكى 4 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە يېزىدا 2200 تۈتۈن، 10 مىڭ 472 ئادەم بولۇپ، ئۇيغۇرلار 7863، خەنزۇلار 2504، خۇيزۇلار 71، جۇاڭزۇلار 16، دۇڭشياڭلار 13، باشقا مىللەتلەر بەش بولۇپ، بۇ خەنزۇلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان يېزا. خەنزۇلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 93% .10 نى

www.uyghurkitap.com



# ئوتتىنچى باب ئۇيغۇر دولانلىرى

يەكەن (دولان) ، تىزناپ دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىن باشلاپ تارىم دەرياسىنىڭ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلۇش ئېغىزىغىچە بولغان جۇغ-راپىيىلىك رايون — مەكىت ، مارالبېشى ، ئاۋات رايونىنى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت بەلۋېغىدا «دولانلار» (دولانلار مۇشۇ رايوننى مەر-كەز قىلغان ھالدا يەكەن ، شايار ، كۇچا ، بۈگۈر ، لوپنۇر··· قاتارلىق جايلارغىچە تارقالغان) دەپ ئاتالغان بىر ئىجتىمائىي ئاھالە توركۇمى ياشاپ كەلمەكتە . «مانا شۇ دولانلار بىزگە ئۆزلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق تارىخىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدىن يالغۇز ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىققا ئائىت مول ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنىلا ئەمەس ، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى ، مەۋ-جۇتلۇق روھى ، ھاياتلىق ئېتىقادى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ، ئەخلاق ـ قائىدىلىرى ، بەدىئىي زوق ۋە ئېستېتىك ئىنتىلىشلىرى مۇجەسسەم-لەنگەن دولان قەدىمكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى ، يەنى ئۆزلىرى-نىڭ تارىخىي مەدەنىيەت قامۇسى ھېسابىدىكى ‹دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى› نى مۇ قالدۇردى»[①]

دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى — قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر بۆلىكى — دولان خەلق مەدەنىي ھاياتىنىڭ ئۆچمەس تارىخىي يادنامىسى . ئۇنىڭ مۇڭلۇق ناخشا ـ كۈي ۋە جۇش-قۇن ئۇسسۇللىرى — سېھىرلىك تىلسىملارنى يوشۇرۇپ ياتقان تەكلى-ماكان باياۋانلىرىدا ھاياتلىق تەھدىت كۈچلىرىگە قارشى ئېلىشىپ ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ، شادلىق ـ قايغۇ-سى ، ۋىسال ھەم جۇدالىق سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئىنكاسىدۇر[②] . ئۇ

---

① ئىمىن ئەھمىدى : «دولانلار نەزىرىدىكى باياۋان» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 6 ـ سان ، 3 ـ بەت .

② ئىقبال تورسۇن : «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي ـ مەدەنىي قاتلىمى توغرىسى-دا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ، 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان ، 46 ـ بەت .

ئىگىلەيدۇ . 2000 ـ يىلىدىكى 5 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە بۇ يېزىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 11902 بولغان .

قۇرما ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ ، ئۇنىڭ مەنىسى كەپتەر باقىدىغان كاتەك ياكى قۇرۇلما دېگەنلىك بولىدۇ .

بۇ يېزا ئەسلىدە تۈمەنتال يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ ، 1987 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۈمەنتال يېزىسىنىڭ ساچقاق ، قۇرما ، بىر ئېغىز ، بۇقا پاتا ، تامدۆك ، تېرىم مەھەللىسى ، چاسا قاتارلىق يەتتە كەنت ۋە بىر دېھقانچىلىق مەيدانى (يەنى ھازىرقى خۇڭگۇاڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ) نى ئايرىپ چىقىپ ، قۇرما يېزىسى قۇرۇلغان .

بۇ يېزىدا ئاساسلىق بۇغداي ، قوناق ، پاختا قاتارلىقلار تېرىلىدۇ[①] .

① «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل 5 ـ ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ، 36 — 44 ـ بەتلەر ؛ مەكىت ناھىيىلىك يەر ـ ناملىرى كومىتېتى : «مەكىت ناھىيىسىنىڭ يەر ـ جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ، 11 — 107 ـ بەتلەردىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا قارالسۇن .

«نەغمىلىرىنىڭ قەدىمىيلىكى ، بىرقەدەر ئىپتىدائىيلىقى ، يېزا ، ياي-لاق تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ، ئۇسسۇللىرىنىڭ سالماقلىقى ، مىللىي ئۇسلۇبىنىڭ قويۇقلۇقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى »① بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل ، مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مەنبەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەمدە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ ئىپتىدائىي مەنبەلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە «دولان خەلقىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈش دەۋرلەردىن بۇيانقى مەدەنىيەت ـ سەنئەت چۈشەنچىسىنى ، گۈزەللىك تۇيغۇسىنى ، ھاياتلىق ئېڭىنى ، پسىخىك خاراكتېر قاتلاملىرىنى ، جۇملىدىن مەنتىقىي پىكىرلەر تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئۆزگىچە تەپەككۇر جەۋھىرىنىڭ بولىقى »② ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مىراسلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئۆزىدىكى ئاشۇ يەرلىك پۇراق ، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك ، تۈگىمەس ھاياتىي كۈچى بىلەن مەشھۇر بولۇپ ، ئۇيغۇر دولانلىرىنى جاھانغا تونۇتتى . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئۇيغۇر دولانلىرى دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئارقىلىق جاھانغا تونۇلدى ھەم ھەممە كىشى ھەۋەس قىلىدىغان داڭلىق ماركىغا ئايلاندى . ھەممە كىشىنىڭ «دولان» نى بىلگۈسى ، تالاشقۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى . شۇنداق قىلىپ ، نۆۋەتتە ئۇيغۇر دولانلىرى ۋە ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى ھەققىدە سىستېمىلىق ، ئىلمىي ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولۇپ قالدى .

ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەركىبىدىكى بىرقەدەر تىپىك ھەم مەھەللىۋى يەرلىك پۇرىقى كۈچلۈك مەدەنىيەت شاخچىلىرىنىڭ بىرى . ئۇنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ بېيىتىش ، بىر پۈتۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش بىلەن بىرگە ، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قېزىش ، رەتلەش ، قوغداش ، ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . نۆۋەتتە ،

---

① ئىقبال تۇرسۇن : «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي ـ مەدەنىيەت قاتلىمى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان ، 46 ـ بەت .

② ئۆمەرجان ئىمىن : «دولان ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» 1989 ـ يىل 3 ـ سان ، 7 ـ بەت . (نەقىلدىن ئېلىندى) .

ئۇيغۇر دولانلىرى مەدەنىيىتى پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تالىق بولغان ئورتاق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدىن باشقا ، يەنە ئۆزىنىڭ جۇغ-راپىيىۋى مۇھىتى ، ئەنئەنىۋى ۋە مەھەللىۋى ئاساسى قاتارلىق تەرەپ-لەردىن قىسمەن پەرقلىق ، ئۆزگىچە بولغان ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ . ئۇ ھەم پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدە ئورتاق تەرەققىي قىلىش ، بىرگە مەۋجۇت بولۇش ، ھەم ئۆزىنىڭ خاسلىق ، ئىپتىدائىي پۇراق قويۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى ساقلاش-تىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ . بۇ ھال بىزدىن دولان ، دولان مەدەنىيىتى ، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىغا بولغان تەتقىق قىلىش ، قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ .

دولانلار ھەققىدە يېقىنقى ئىككى يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بىر قىسىم تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە ئىلگىرى-كى تارىخىي خاتىرىلەردە مەلۇمات بېرىلگەن بىر قىسىم تارىخىي مەنبە-لەرنى تولۇقلايدىغان ، ئېنىقلايدىغان يېڭى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇل-دى . بۇ مەلۇماتلار ۋە قاراشلار يېقىنقى 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە قانات يايغان ، مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن «دولان تەتقىقاتى» ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ ، بىراق كېيىنكى تەتقىقات دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ، تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ مۇكەممەللىككە يۈزلىنىشى ھەم ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى ئارقى-سىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى نەتىجە ، يېڭى قاراش ۋە يېڭى تەسەۋۋۇرلار ئىلگىرىكى ماتېرىياللارنىڭ كەمتۈك ، بىر تەرەپلىمە جايلىرىنى كۆر-سىتىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بىزنىڭ دولان تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەڭ تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ سالماق ۋە تەد-بىرلىك بولۇشىنى ، ئايرىملىقتىن ئومۇملۇققا ئۆتۈشىنى ، تىك لىنىد-يىلىك تەتقىقاتتىن ئومۇمىي ، كۆپ قىرلىق تەتقىقاتقا ئۆتۈشىنى دەۋەت ۋە تەلەپ قىلماقتا .

ئەمەلىيەتتە ، بىزنىڭ يېقىنقى 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچە-دىكى تەتقىقاتىمىزدا «دولان» ۋە ئۇنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ باردى ھەمدە خېلى مول

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى . تۆۋەندە مەن مۇشۇ نەتىجىلەر ھەققىدە توختالماقچى ھەم ئۆزۈمنىڭ قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن .

## 1 . «دولان» نامى ھەققىدە

نۆۋەتتە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ نامى مەسىلىسى تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، بۇ ساھەدە ئىزدىنىۋاتقانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ماس ھالدا ، ئۇيغۇر دولانلىرى نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە خىلمۇ خىل قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا . جۈملىدىن «دولان» دېگەن نام ھەققىدىكى قاراشلارمۇ بىر دەك ئەمەس . مەن كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ، «دولان» دېگەن نام ھەققىدە ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا چىققان قاراشلارنى ھەم ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن .

«دولان» دېگەن نام ئەڭ بۇرۇن ئېلىمىزنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدىن «تاڭنامە» ۋە شۇ ئاساستا يېزىلغان ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي مەنبەلەردە «دولان» (dolan) دېگەن نامغا تەلەپپۇز جەھەتتىن يېقىن كېلىدىغان خەنزۇچە 多滥葛,多览葛 دېيىلىدىغان قەبىلە نامى ئۇچرايدۇ[1] . بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ «يېڭى تاڭنامە» ، «قامۇسنامە» ، «كىتابلار جەۋھىرى» ، «ئومۇمىي تەزكىرە» ، «جۇڭگونىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىسىم - فامىلە لۇغىتى» ۋە «جۇڭگونىڭ ئىسىم - فامىلە قامۇسى» قاتارلىق ئىلىم ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئەسەرلەردىكى مەلۇماتلار ئارقىلىق چىقارغان يەكۈنىدىن قارىغاندا ، «دولان» دېگەن بۇ نام مىلادىيە IV — V ئەسىرلەردىكى تارىخىي مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان ، يەنى ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە دىڭلىڭ قەبىلىلىرى قاتارىدا «دولان» (多兰) قەبىلىسى بولغان ، تېلېلار دەۋرى (مىلادىيە V ئەسىرلەر) دە بۇ قەبىلە «دولانگىت (多览葛)» ، «دولان (多览, 多滥)» دېگەندەكناملاردا ئاتالغان . بۇ قەبىلەناملىرى ھازىرقى دولانلارنىڭ خەن-

① مىر سۇلتان ئوسمانوف : «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1990 - يىلى نەشرى ، 108 - بەت .

نزۇچە ئاتىلىشى بىلەن ئوخشاش ①. هازىرقى خېلى كۆپ ساندىكى تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر دولانلىرىنى ئەنە شۇ قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان «دولان»، «دولانگىت» لارنىڭ ئۆزى شۇ دەپ قارايدۇ. ئەمدى بۇ يەردىكى «دولان» نامىغا ئۇلىنىپ كەلگەن «گىت» نىڭ مەنىسى ھەققىدىكى قاراشلارغا كەلسەك، بۇ ھەقتە ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس. مەن بۇ يەردە ئاشۇ زىددىيەتلىك قاراشلارنى كۆپلەپ بايان قىلىشتىن كۆرە، بىزگە بىرقەدەر ئومۇمراق بولغان «گىت» بولسا «دولان» دېگەن نامنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئىدى② دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلدىم.

«دولان» دېگەن نامنىڭ تىلغا ئېلىنغان دەۋرى ھەققىدىكى قاراش ھەم تەتقىقاتلارنىڭ ھەر خىل بولغىنىغا ئوخشاش، «دولان» دېگەن بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدىكى قاراشلارمۇ ئوخشىمايدۇ. تۆۋەندە مەن بۇ ھەقتىكى ئوخشاش بولمىغان بىر قانچە خىل قاراش ۋە مەنبەلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

△ دولانلار يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرى (مىلادىيە 1279 — 1644 ـ يىللار) دىكى موڭغۇللارنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان «دوغلات قەبىلىسى» نىڭ بىر تارمىقى دېگەن قاراش بولۇپ، بۇ قاراشتىكىلەر «دولان» دېگەن نام بىلەن «دوغلات» دېگەن نامنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ③.

△ «دولان» سۆزى موڭغۇلچە «يەتتە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «دولاغان» (dolagan) سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش④.

بۇ قاراشتىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى باتۇر قونتەيجى مىلادىيە 1656 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى سىڭگى ئۇنىڭ ئورنىغا خان بولدى. لېكىن سىڭگىنىڭ تەختتە ئولتۇرغان

① ئۆمەرجان ئىمىن: «دولان ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىل 3 ـ سان، 63 ـ، 64 ـ بەتلەر.
② ئۆمەرجان ئىمىن: «دولان ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىل 3 ـ سان، 65 ـ بەت؛ ئەمەتجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل نەشرى، 52 ـ بەت.
③ ئۆمەرجان ئىمىن: «دولان ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىل 3 ـ سان، 69 ـ بەت.
④ ئۆمەرجان ئىمىن: «دولان ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىل 3 ـ سان، 69 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋاقتى ئۇزۇن بولمىدى . ئۇ مىلادىيە 1671 ـ يىلى (كاڭشى 10 ـ يىلى ) ئاتا بىر ، ئانا بۆلەك ئاكىسى چېچىم خان بىلەن باتۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . سىڭگىنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى . چوڭ ئوغلى سىۋاڭ ئاراپتان ، ئىككىنچى ئوغلى سونوم ئاراپتان ، ئۈچىنچى ئوغلى دەنزىڭ ئامبۇ بولۇپ ، ئۇلار دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولغاچقا ، غالدان سېرىن ئۇلارنى كۆزگە قادالغان مىخ ئورنىدا كۆرۈپ ، 1688 ـ يىلى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن سونوم ئاراپتاننى ئۆلتۈردى . سىۋاڭ ئاراپتان سىڭگىنىڭ سابىق ۋەزىرلىرى باشلىق يەتتە كىشى بىلەن ئېرەن قابىرغا ، كېيىن يەنە بورتالاغا بارغان . جۇڭغارلار ئۇلارنى «دولان نۆكۈر» («دولان» موڭغۇلچە «يەتتە» دېگەن سۆز . «نۆكۈر» — «دوست» دېگەن سۆز ) — «يەتتە دوست» دەپ ئاتىغان .①

△ «دولان» سۆزى ئويراتلارنىڭ يەنە بىر نامى . «دولانلار ئويىراتلارنىڭ بىر قىسمى» دېگەن قاراش② .

△ ھونلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 89 ـ يىللىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى . بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۇ ۋادىسىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ ، «ئاق ھونلار (ئېفتالىتلار) خانلىقى» دەپ ئاتالغان . . . يەنە بىر قىسىم ھونلار تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ غەربىي بۇرجىكىدىكى تەبىئىي ئورمانلاردا بىرلىككە كەلگەن ئىپتىدائىي قەبىلە بولۇپ ياشاپ ، جاڭگال ، ئوتلاقلاردىن پايدىلىنىپ چارۋىچىلىق ، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ، دەريالارغا سۇ كۆپ كەلگەن يىللىرى بوز يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان . ئۇلار ئاساسەن چۆل ـ جەزىرە ، دالا ـ ياقىلاردا ياشىغانلىقلىرى ئۈچۈن «دالا ھونلار» دەپ ئاتالغان . كېيىنكى دەۋرلەردە تىل ـ تاۋۇشلار جەھەتتىكى ئۆزگىرىش جەريانىدا «دالا ھونلار» ئېغىز تىلىدا «دالونلار» ، «دولانلار» دەپ ئاتالغان③ .

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1984 ـ يىل 1 ـ ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 347 — 357 ـ بەتلەر .

② ئۆمەرجان ئىمىن : «دولان ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، 1989 ـ يىل 3 ـ سان ، 69 ـ بەت .

③ ئابدۇربەشت ئىسلامنىڭ : «مەكىت ۋە دولان ھەققىدە تارىخىي مۇھاكىمە» دېگەن ئەسىرى بىلەن پەرھاد قادىرنىڭ « ‹دولان› ئاتالغۇسى ھەققىدە ئىزاھات» دېگەن ئەسىرى (بۇ ئىككى پارچە ماقالە 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەكىت ناھىيىسىدە ئېچىلغان سەنئەت مۇھاكىمە يىغىنىغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ ، ئېلان قىلىنمىغان . بۇ ئەسەرلەردە «دولان» دېگەن نامنىڭ «دالا ، قىر ۋە ئورمان ساھىللىرىدا ياشايدىغان ئائىلىنىڭ نامى» ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ) .

△ «دولان» ئەرەبلەرنىڭ قويغان لەقىمى بولۇپ ، «دىنغا سۇس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (ئۇ يەنە «تۇرۇك» خەلق ، «قارىتۇرۇك» دېگەن مەنىدە دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) ①.

△ «دولان» سۆزى «قۇل» ياكى «تىلەمچى» دېگەن مەنىدە بولۇپ ، خان ۋە پادىشاھلارنىڭ ياكى ناھىيە ھاكىمى ياكى بەگلەرنىڭ يانچىلىرى ، قۇللىرى ، شۇنداقلا كاتتا خوجا ۋە ئىشانلارنىڭ يەر - زېمىنىنى تېرىيدىغان تېرىقچىلار ۋە مۇرىدلار ئەنە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن .②

△ «دولان» دېگەن نام «دۆۋلەن» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن . بۇ قاراشتىكىلەر خەلق ئىچىدىكى پېشقەدەملەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى ، رىۋايەتلىرىگە ئاساسلىنىپ مۇنداق دەيدۇ : ھازىرقى «دولان» دەپ ئاتالغان بۇ رايون بۇرۇن جاڭگاللىق بولۇپ ، دولانلىقلار-نىڭ ئاتا - بوۋىسى بۇ يەرنى ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا ، نەچچە ئائىلىلىك بىر يەرگە ، بىرقانچە ئون ئائىلىلىك بىر يەرگە توپلىشىپ (دۆۋىلە-نىپ ) ئۆم بولۇپ ياشىغان . بۇ يەرلەرنىڭ تەدرىجىي ئۆزلىشىپ ئاۋاتـ-لىشىشىغا ئەگىشىپ ، سىرتقى جايلاردىن سودىگەرلەر ، تېۋىپ ، ئوۋ-چىلارمۇ كېلىشكە باشلىغان . ئۇلار بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقنىڭ بىر ئورۇنغا يىغىلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرۈپ ، «بۇلار دۆۋلەن - دۆۋلەن ياشايدىغان ئادەملەر ئىكەن» دېيىشكەن . يۇرتلىرىغا قايتقاندا «دۆۋلەنلەر» ھەققىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكەن . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «دۆۋلەن» دېگەن سۆز ئېيتىشقا ئاسان بولغان «دولان» دېگەن ئاتالمىغا ئۆزگەرگەن ھەم سىڭىپ قالغان③ .

ناھايىتى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەجدادلىرىمىز ياشاپ كەلگەنىدى . ئەينى ۋاقىتتىكى گۈلىس-تان — تارىم ئويمانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى بولۇپ ، بۇ يەردە

---

① بۇ قاراشنى مەن 1988 - يىلى مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسى بۇلۇڭلاڭقا كەنتىدە جەمئىيەت تەكشۈرگىلى بارغان چېغىمدا خوجىلار ئەۋلادلىرى ئىبغىزىدىن خاتىرىگە ئالغان .
② موللا مۇسا سايرامى : «تارىخىي ھەمىدى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1986 - يىلى 12 - ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 746 - بەت
③ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم : «دولان ھەققىدە» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ، 1984 - يىلى 2 - سان .

www.uyghurkitap.com



سان ـ ساناقسىز يېزا ـ قىشلاقلار ۋە ئاۋات شەھەرلەر مەۋجۇت ئىدى . تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا قىرپاند (هازىرقى تاشقورغان تەۋەسىدە ) ، يەركەن ، بارچۇق قاتارلىق بەگلىكلەر مەۋجۇت بولغان بولسا ، تۆۋەن ئېقىنىدا ئۇنسۇ (ئاقسۇ ) ، كۇسەن ، كىنگىت (قارا شەھەر ) ۋە كروران (هازىرقى چاقىلىق تەۋەسىدە ) قاتارلىق بەگلىكلەر مەۋجۇت ئىدى . بۇ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە سۇللاغ (قەشقەر ) ، ئۇدۇن (خوتەن ) دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بەگلىك ھەمدە نۇرغۇنلىغان كىچىك بەگلىكلەر بار ئىدى . ئېلىمىزنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي پۇتۇكلىرىدە خاتىرىلەنگەن تارىم ۋادىسىدىكى 36 بەگلىك مانا شۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، ئاپپاراتلىرى خېلىلا مۇستەھكەم ، ئىگىلىكى گۈللەنگەن ھالەتتە ئىدى . مانا شۇ بەگلىكلەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا (بۈگۈنكى مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىدا ) قويۇق ئېپتىدائىي توغراقلىق بولۇپ ، بۇ توغراقلىقتا توپ ـ توپ ئۇۋچىلار ياشايتتى . ئۇلارنىڭ بۇ توغراقلىقتا (بۇنىڭ بىر قىسىم ئىزنالىرى هازىرمۇ بار ) كېلىپ توپلىنىش سەۋەبى ھەرخىل بولۇپ ، بەزىلىرى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن ۋاقتىنچە ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالغانلار ، بەزىلىرى هۆكۈمرانلارنىڭ قاتمۇقات زۇلۇملىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغانلار ، يەنە بەزىلىرى بولسا شىكار (ئوۋ ) غا ھېرىسمەنلەر ئىدى . بۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك ئوۋچىلىق ھاياتىدا بارغانسېرى ئاۋۇپ ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ، قۇدىلىشىش ، مەھەللىلىشىش ، ئىجتىمائىي بىرلىككە ئايلىنىشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي كوممۇنا باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردى . بۇنداق توپلانغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەتراپتىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن كەلگەنلەر بولغاچقا ، ئۆزلىرىنى بىردەك قان ـ قېرىنداشلار هېسابلاشتى ۋە ئۆزلىرىنى ناھايىتى تېزلا «دۆۋلەنگەن (توپلانغان ) ئوۋچى ئۇيغۇرلار » دەپ ئاتاشتى . دولان دېگەن نام ئەنە شۇ «دۆۋلەن » دېگەن سۆزنىڭ كېيىنكى شەكىل ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت .

«ئۇيغۇر » دېگەن سۆزنىڭ «ئۇيۇشماق ، ئۇيۇشۇش » دېگەن مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم . «دۆۋلەن » دېگەن سۆزمۇ «توپلىنىش ، ئۇيۇشۇش » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . دولانلىقلارنىڭ

ھېچقاندىقى ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر ئەمەس دېگىنى يوق . شۇڭا «دولان» دېگەن نامنىڭ ئېتنىك مەنبەسى «دۆۋلەن» دىن ئىبارەت دېگەن قاراش بىرقەدەر ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق[1] .

△ «دولان» دېگەن نام «دولېلار» دېگەن سۆزدىن كەلگەن دېگەن قاراشتىكىلەر مۇنداق رىۋايەتنى سۆزلەيدۇ :

ئاتام زاماندا تەكلىماكان دېگەن جايدا ناھايىتى ئاۋات بىر شەھەر بار ئىكەن . بۇ شەھەرنىڭ خەلقى چوڭ بىر كۆلدىن تۇتۇۋالغان ياۋا توڭگۇزلارنىڭ تاغاق سۆڭەكلىرىگە ئايەت ـ ئەپسۇنلارنى ئويۇۋالىدى-كەن ، ئۇلارنىڭ ئومايلىرى (ئايال داخانلىرى ) بەكمۇ دانا بولۇپ ، توڭگۇز سۆڭەكلىرى سېلىنغان خالتىسىنى ئۆشنىسىدىن ئالمايدىكەن . كىشلەر پال ئاچتۇرغىلى كەلسە ، ئاشۇ تاغاق سۆڭەكلىرىگە ئويۇلغان ئايەتلەرنى ئالىدىكەن ـ دە ، كەلگۈسى ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىدىكەن ، شۇڭا ئۇلار دولېلار (ئۆشنىسىدە ئەقلى بارلار ) دەپ ئاتىلىپتۇ ۋە كېيىنچە دولان دېگەن نامغا ئۆزگىرىپتۇ[2] .

△ «دولان» دېگەن سۆز «دولۇن» دىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش .

بۇ قاراشتىكىلەر مۇنداق دەيدۇ : «دولۇن» دولانلىقلار بۇنىڭدىن 1500 يىل ئىلگىرى بەيئەت قىلغان ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسمى . قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئۇرۇق تەشكىلاتى يىمىرىلىپ رايونلارغا بۆ-لۈنگەندىن كېيىن ، ئۇلار ئۆز تەۋەلىكىنى فامىلىگە ئوخشاش ئۆز نامىلىرىغا قوشۇپ ئاتاش ئادەتلىرىنى قوللىناتتى . بۇنداق ئادەتلەر شۇ قەبىلىنىڭ ئۆزلىرى ۋە باشقا قەبىلىلەر تەرىپىدىنمۇ قوللىنىلاتتى ، بەزى قەبىلىلەرنىڭ نامى ، ئالايلۇق ، دىڭلىڭلارنىڭ نامى يەر نامى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلغان . ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى — ئېگىز قاڭقىللار ئارىسىدا بولسا ، باشلىقلىرىنىڭ قايسى قوۋمدىن بولۇشىغا قارىماي ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامى قىلىپ ئاتاپ ، ئۆزلىرىنى باشقا رايون ۋە قەبىلىلەردىن پەرقلەندۈرگەن . بۇن-

---

① مۇختار قادىر : « ‹دولان ، توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال ) 1989 ـ يىل 1 ـ سان ، 28 ـ ، 31 ـ بەتلەر .

② مۇختار قادىر : «دولان ، دولى ، دېلى ، لولى سۆزلىرىنىڭ باغلىنىشچانلىقى ۋە قەدىمكى دولان دىيارى ، دولان سەنئىتى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ، 1996 ـ يىلى 2 ـ سان ، 34 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



داق پەرقلەندۈرۈش بولۇپمۇ ئىگىز قاڭقىللارنىڭ بۆركلى قەبىلىسى-نىڭ نامىدا ئېنىق بىلىنىدۇ . مەسىلەن ، ئىگىز قاڭقىللارنىڭ كۆلۈگۈ قەبىلىسىگە بىخولى (بېكقولى) تۆنجى خان بولغاندا ، قەبىلىنىڭ نامى بىخولى (بېكقولى) نىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان . بىخولى سەللان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ، 391 - يىلى جۇجانلاردىن كۆلۈگۈ ئاكىسى سەللان ۋە جى گۈيچى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە شىمالىي ۋېي خانلىقىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ ، قەبىلىلەرگە بۆلۈپ بېرىلدى . كۆلۈگۈ قاڭقىللارنىڭ بىر قەبىلىسىگە باشلىق بولۇپ ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ قەبىلىنىڭ نامى كۆلۈگۈنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ ، قاڭقىللارنىڭ كۆلۈگۈ قەبىلىسى مەيدانغا كەلگەن (« شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ئىچكى ژۇرنىلى ، 1987 - يىل 8 - سان ، 29 - ، 35 - بەتلەر) . كېيىن « ئۇيغۇر » دېگەن نام داۋاملىق « خۇيگۇ » دەپ ئاتالغاندىن باشقا ، « ئارسلان ئۇيغۇرلىرى » ، « شاجۇ ئۇيغۇرلىرى » ، « شىجۇ ئۇيغۇرلىرى » قاتارلىقناملار بىلەنمۇ ئاتال-غان . « ئارسلان ئۇيغۇرلىرى » دېگەن ناممۇ ئىدىقۇت خانى ئارسلان خاننىڭ نامىدىن كەلگەن (« شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلى ، 1986 - يىل 2 - سان ، 135 - بەت) .

يۇقىرىقى مىساللار قەدىمكى قەبىلە ۋە خەلقلەرنىڭ ئۆزى ياشىغان رايوننىڭ نامىنى ياكى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ، خانلىرىنىڭ نام - ئىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . « دولانلىق » دېگەن نام جۇجانلارنىڭ خاقانى دولۇننىڭ نامى-دىن كەلگەن . دولانلىقلار بۆلۈنۈپ چىققىشتىن ئىلگىرى دولۇن خان-نىڭ پۇقراسى بولغان . كېيىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئايرىلىپ چە-قىپ ، ئاخىرىدا تارىم بوستانلىقىدىن ماكان تۇتقان . ئۇلار تىل ، ئۆرپ- ئادەت ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش شەكلى جەھەتتە ئەسلىدىكى يەرلىك قەبىلىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرغان . شۇڭا يەرلىك كىشىلەر ئۇلارنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ ، ئەسلىدە دولۇن دۆلىتىگە قاراشلىق قەبىلىلەر ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئۇلارنى دولۇن تەۋەسىدىن كەلگەنلەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بۇ نامنى قوللانغان . لېكىن دولانلىقلار « ئۇ » نىڭ ئورنىغا « ئا » نى ئالماشتۇ-رۇپ ئىشلەتكەچكە ، « دولۇنلۇق » كېيىن « دولانلىق » بولۇپ كەتكەن .

مەسىلەن، دولانلىقلار «قوغۇن» نى «قوغان»، «ئۇدۇن» نى «ئوتان»، «ئوغۇل» نى «ئوغال»، «موغۇل» نى «موغال»، «بولۇپ» نى «بولاپ»، «قىلىدۇ» نى «قىلدا» دەيدۇ. دولانلىقلار شېۋىسىدىكى بۇ پەرقلەر يۇقىرىقى قارىشىمىزنى تىل جەھەتتىن ۋاسىتىلىك ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.①

△ «دولان» دېگەن سۆز «تالا» ياكى «دالا» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. ئاۋات ناھىيىسىدىكى كونا سەنئەتكار ھەمتۇللا نىياز: «دولان» دېگەن سۆز «تالا» (tala، سىرت دېگەن مەنىدە) ياكى «دالا» دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. چۈنكى دولانلار شەھەر ـ بازارلاردىن يىراق بولغان چۆل ـ باياۋان، جاڭگال ۋە توقايلىقلاردا ياشايدۇ. دولانلارنىڭ ئەسلىي يۇرتى يەركەن (دولان) دەريا قىرغاقلىرى بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۆتمۈشتە دولانلار ياغاچ بىلەن قوپۇرۇلغان ساتمىلاردا ياشىغان. 20 — 30 ساتما بىر كەنتنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا 72000 ساتمىلىق دولان بار ئىكەنمىش. مۇبادا مۇھىم ئىش بولۇپ يىغىلماقچى بولسا ناغرا چېلىنىدىكەن، ھازىرقى ئاۋات ناھىيىسى بىلەن ئاقسۇ دەرياسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئاقسۇ شەھىرى قارىتال يېزىسىدا ئاۋۋالقىدەكلا «ناغرىچى» دېگەن بىر يەر نامى بار. دولانلار توغراق ياغىچىدىن ھەرخىل سايمانلارنى، قاچا ـ قۇچا، قېيىق، لىم، تۈۋرۈك ھەتتا ناغرىنىڭ قارىنىنىمۇ ياساشقا ئالاھىدە ماھىر كېلىدۇ، دەيدۇ②.

△ «دولان» دېگەن نام ھەققىدە باشقىچە بىر مەنىنى ئوتتۇرىغا قويغانلار مۇنداق دەيدۇ:

«…دولان دېگەن ئاتالغۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى يېزىپ ئالالىدۇق. سۆزمۇ سۆز مەنىسى ‹تەمە خەلق›، ‹كۆچمەنچى› دېگەنلىك بولىدۇ. 200 يىل ئىلگىرى ھەزرىتى ئىشان شۇ خەلققە ‹دولان› دەپ نام بەرگەن. بۇ دېگەنلىك ‹ئوبدانلىرىم› مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ③.

① مۇھەممەت ئوسمان: «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى، 1 — 3 ـ بەتلەر.

② «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىل 11 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 11 ـ بەت.

③ تىنىشبىق: «دولانلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى» (ۋى لىچيەن خەنزۇچە تەرجىمىسى)، «مىللەتلەر تەرجىمە مەجمۇئەسى»، بېيجىڭ، 1982 ـ يىللىق 5 ـ سان، 39 — 41 ـ بەتلەر؛ «تىل ۋە تەرجىمە» (خەنزۇچە)، 1988 ـ يىل 4 ـ سان 49 — 52 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



△ «دولان» قەدىمكى «تۇران» دېگەن نامدىن كېلىپ چىققان. بۇ خىل قاراشتىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: ئومۇمەن، قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرى ئىلكىدە بولغان پەرغانىدىن سىبىرىيىگىچە، ئافغانىستاندىن سەددىچىنگىچە سوزۇلغان كەڭ دىيارغا بېرىلگەن «تۇران زېمىنى» دېگەن بۇ ئورتاق نام، نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان ئۆزگىرىپ، ئۆزلىشىپ قالغان. ئېلىمىزدىكى ئۆزگىرىشكە كەلسەك، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ نادىر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا دەل «ت» ھەرپى بىلەن «د» ھەرپىنىڭ ئالمىشىشى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ، ئوغۇزلار ۋە ئۇلارغا يېقىن جايلاشقانلار سۆزنىڭ تەركىبىدىكى «ت» ھەرپىنى «د» گە ئالماشتۇرىدۇ. مەسىلەن، تۈركلەر «تۆگە» نى «yawat» دېسە، ئۇلار «yawad» دەيدۇ... «ر» ھەرپى بەزىدە «ل» غا ئالمىشىدۇ، دەپ يېزىپ مىسال بىلەن ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ھازىرقى جانلىق تىلدىمۇ «ت» ھەرپىنىڭ «د» ھەرپكە، «ر» ھەرپىنىڭ «ل» ھەرپكە ئۆزگىرىشى قىسمەن ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، يەرلىك شېۋىلەردە بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بىراۋ تەرىپىدىن قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان «قىلىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ «قىلتۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشى ھېلى ھەم مەۋجۇت (بولۇپمۇ خوتەن شېۋىسىدە تېخىمۇ شۇنداق). بۇ پاكىتلار «دولان» قەدىمكى «تۇران» دېگەن سۆز (نام) دىن كەلگەن دېگەن قاراشنىڭ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[1].

△ «دولان» ئاتالغۇسى موڭغۇلچە سۆز بولماستىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۇران» ئاتالغۇسىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى. بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان «ئەرەبچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» تە «تۇر، تۇران» سۆزى «دولان» دەپ ئىزاھلانغان («تاغلىقلار» دېگەن ئىزاھاتىمۇ بېرىلگەن)[2].

دېمەك، يۇقىرىقىلار «دولان» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنىسى ھەققىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى

---

① تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم: «دولان ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىل 2 ـ سان.

② ئابلىمىت روزى: «ياباقۇ قەبىلىسى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىشلەر»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىل 3 ـ سان، 88 ـ، 89 ـ بەتلەر.

دولانلار موڭغۇل ۋە ئويراتلارغا مۇناسىۋەتلىك دېگەن قاراشلار كۆپ-لۈك دەلىل ـ ئىسپاتلار ئارقىلىق رەت قىلىنغان[1] . «دالا ھونلار» ، «دۆۋلەن» ، «دولېلار» ۋە باشقىلار بىر خىل ئىلمىي پەرەز بولۇپ ، ماتېرىيال مەنبەسى يېتەرلىك ئەمەس . «دولان» دېگەن سۆز «دولۇن» دىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراشنىڭ ئىلمىي ئاساسىي يېتەرلىك ئەمەس . ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ . تېنىشېفنىڭ «دولان» دېگەن ئاتالغۇغا بەرگەن چۈشەندۈرۈشى ، ئۇنىڭ دولان يېزىلىرىدىكى تەكشۈرۈش جەريانىدا «ئاڭلاپ خاتىرىلىۋالغان» لىرى بولۇپ ، ئۇنى پاكىت ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ . مېنىڭ گەرچە بۇ ھەقتە باشلىغان تەتقىقاتىم تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا بولسى-مۇ ، لېكىن ئىگىلىگەن ماتېرىيال ، سېلىشتۇرۇلغان مەنبەلەردىن چىقىرىلغان يەكۈنۈم «دولان» نامى «تۇران» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن .

1 . تىل نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىش قانۇنى-يىتىگە ئۇيغۇن ھالدا ، «تۇران» دېگەن نامنىڭ «دولان» دېگەن نامغا ئۆزگىرىش ئېھتىماللىقى بار . ئەلۋەتتە ، بۇ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ھەم تىل شېۋىسى ئوخشاش بولمىغان ئىپتىدائىي مۇھىتنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشى كېرەك .

2 . ئېتنىك مەنبە جەھەتتىن دولانلار تۈركىي تىللىق قوۋم بولۇپ ، ئۆزئارا تومۇرداش .

3 . جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەھەتتىن ئىرانلىقلار تەرىپىدىن «تۇران» دەپ ئاتالغان تۈركىي تىللىق قوۋم بىلەن تېلىلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان «دولانگىت» (دولان) لار ئوخشاشلا بىر زېمىندا ياشىغان .

## 2 . دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى

تارىخىي ماتېرىياللاردا «دولان» دېگەن نام كۆزگە چېلىققاندىن باشلاپ دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى قاراشلار بىۋاسىتە

[1] مىرسۇلتان ئوسمانوف : «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1990 ـ يىل نەشرى ، 98 ـ ، 107 ـ بەتلەر ؛ ئۆمەرجان ئىمىن : «دولان ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، 1989 ـ يىل 3 ـ سان ، 65 ـ ، 70 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەكشۈرۈش ئارقىلىق قولغا كەلگەن ئۇچۇرلار ، ئىلگىرىكى تارىخىي مەنبەلەردىن ئىگە بولغان ئۇچۇرلار ۋە باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان ئۇچۇرلار ئاساسىدا ، ئۆزلۈكسىز ئوتتۇرىغا قويۇلدى ، تارىخىي ماتېرىياللارغا كىرگۈزۈلدى ھەم تەتقىقاتنىڭ ئەسلىي ماتېرىيال مەنبەسى قىلىندى . شۇنداق قىلىپ ، دولانلار ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى ماتېرىيال مەنبەلىرى ، تارىخىي ئۇچۇرلارمۇ كۆپلەپ قېزىپ چىقىلدى ھەمدە يېقىندىن بېرى ، ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى . تۆۋەندە دولانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى ئاساسلىق كۆز قاراش ۋە ئۇلار ھەققىدىكى ئۆزۈمنىڭ بەزى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن .

1 . «دولانلار موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى» دېگەن قاراش

بۇ خىل قاراشتىكىلەر بىرقەدەر كۆپ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىلىرى مۇنۇلار :

1 . دولانلار غەربىي موڭغۇل ئويراتلىرىنىڭ بىر قىسمى

يەكەن دەرياسى بويىدىكى مەكىت ، مارالبېشى ، يەكەن ، ئاۋات قاتارلىق رايونلاردا «دولان سەنىمى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل خەلق ئۇسسۇلى ئوينىلىپ كەلمەكتە . دولان سەنىمى تەتقىق قىلىنىپ يېزىلغان بىرمۇنچە ماقالىلەردە « ‹دولان› — ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئايرىم جايلىرىغا ئولتۇراقلاشقان قەدىمىي قەبىلىلىرىنىڭ بىرى» دەپ قارىلىپ كەلمەكتە .

بىراق قەدىمكى دولانلار ئۇيغۇر بولماستىن ، بەلكى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن بىر قىسىم غەربىي موڭغۇل ئويراتلىرى بولۇپ ، ئۇلار 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا ، ئاندىن ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن .

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا «دولان» ئاتالغۇسى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ . قەشقەر ، مەكىت ئەتراپلىرىدا «دولان» ، كۇچا ، بۈگۈرلەردە «دونە» ، لوپنۇر رايونىدا «دونا» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى «دولان» سۆزىنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت .

«شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» (بىناكارلىق قىسمى 4 ـ جىلد) دا قەشقەر رايونى توغرۇلۇق «بۇ خەلقنىڭ ھەممىسى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىن بولۇپ، ئارىلاشما قاندىن. ئۇلار چىيەنلۇڭ دەۋرىدە دىنغا كىرگەن ئۆيراتلار بولۇپ، يەنە بىر ئىسمى دولان. باشقىلىرىمۇ ئوخشاش» دېگەن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

1876 ـ يىل كروپاتكىن چاررۇسىيە گوبېرناتورى فون. كائوفمانىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن بىر «تەكشۈرۈش ئەترىتى» گە باشچىلىق قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭدا يېرىم يىلدىن كۆپرەك تۇرغان. ئۇ مۇشۇ جەرياندا «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان بولۇپ، بۇ كىتابتا دولانلارنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان:

«مارالبېشى رايونى خىراجەت بېجى ئۆچۈن 40 مىڭ چارەك ئاشلىق تاپشۇرىدىكەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ رايوندا 3 مىڭ تۈتۈنلۈك ئائىلە بار ئىكەن. ئۇلار دولانلار بولۇپ، دولانلار بۇندىن 150 يىل ئىلگىرى، يەنى جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە قەشقەرىيە (شىنجاڭ) گە كەلگەن موڭغۇللارنىڭ قەشقەر دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى بويلىرىغا ۋە لوپنۇر كۆلىگە يېقىن ئەتراپلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر قەبىلىسى ئىكەن. ئۇلار تاكى مۇشۇ كەمگىچە مۇشۇ جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلىشىپ كەلمەكتە. دولان قەبىلىلىرى ئۈچكە بۆلۈنىدۇ؛ (1) پاش ـ شىرىن قەبىلىسى. بۇلار چادىر كۆل كەنتىدىن ئاقسۇ شەھىرىگە بارىدىغان يول بويلىرىغا ۋە قەشقەر دەرياسى بويىدىكى چوڭ يولنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان پىچاقسۇندى كەنتىگە ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار بەزى چاغلاردا ئۆزلىرىنى موڭغۇل دەپمۇ ئاتىشىدۇ. (2) بارچۇق قەبىلىسى. ئۇلار مارالبېشىدىن يەكەنگە بارىدىغان يول بويىغا جايلاشقان. (3) بۇگۇر قەبىلىسى. بۇلار پەقەت چادىر كۆل كەنتىگىلا ئولتۇراقلاشقان». [①]

1877 ـ يىلى كروپاتكىن پرژېۋالىسكىيغا يازغان بىر پارچە خېتىدە دولانلار توغرۇلۇق يەنە تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ:

«مارالبېشى قورغىنىنىڭ ئەتراپىغا 100 ئۆيلۈك دولان ئولتۇ-

---

① كروپاتكىن «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل 8 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 55 ـ، 56 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



راقلاشقان . ئۇلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . بىز سوراپ شۇنى ئۇقتۇقكى ، دولانلار 100 نەچچە يىل ئىلگىرى جۇڭغارىيىگە كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەن ئائىلە ئىكەن . بىز بۇلارنى قالماقلار بىلەن قېرىنداش دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ھەقلىقمىز .

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەندە 40 مىڭ ئۆيلۈك بولۇپ ، ئۇلار مۇشۇ جايلاردىكى ئاساسلىق دەريا ئېقىنلىرىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقانىكەن . ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى لوپنۇر كۆلى بويىغا ، يەنە بىر بۆلىكى خوتەنگە كەتكەن ئىكەن .

بىز يەنە ئىلگىرىلەپ مېڭىپ كۇچا شەھىرىنىڭ سىرتى ، بۈگۈر ۋە يېڭىسار ئەتراپلىرىغا بارغاندا يەنە دولانلارنى ئۇچراتتۇق . بىز سوراپ شۇنى ئۇقتۇقكى ، ئۇلار 10 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مارالبېشىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنىكەن .»①

كروپاتكىن تەمىنلىگەن يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى — دولانلار موڭغۇل ياكى قالماقلار بىلەن قېرىنداش بولۇپ ، ئۇلار بۇندىن 150 نەچچە يىل ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆچۈپ بارغان . ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆچۈپ بارغاندا 40 مىڭ ئائىلىلىك ئىدى .

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ، دولانلارنىڭ كۆپچىلىكى 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆچۈپ بارغان غەربىي موڭغۇل ئويراتلىرى ياكى جۇڭغارلار بولۇپ ، ئۇلار 18 - ئەسىردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى تېزلەشكەن . دولانلارنىڭ بۇ دەۋردە مىللەت بەلگىسىنى ئۆزگەرتىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى ، ئېھتىمال چيەنلۇڭ خانىنىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ جۇڭغار توپىلاڭچىلىرىنى باستۇرغانلىقى ھەم بۇ يەردىكى خەلقلەرگە باستۇرۇش سىياسىتى قوللانغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن .

دولانلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد پائالىيىتىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە . مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىپ يېزىلغان بىر ماقالىدە مۇنداق يېزىلغان :

---

① ن . ف . دوبورۋىن : «پىرژېۋالىسكىي تەرجىمىھالى» («يىپەك يولىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985 - يىل 9 - ئاي نەشرى ، 322 - بەتتىكى نەقىل) .

دولانلارنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەت ئۇسسۇلى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى «شىر شاھزادىنىڭ جىن قوغلىشى» غا ئوخشاپ كېتىدىكەن . ئۇلار ئۇسسۇل دېيىشغا ئوخشايدىغان داپنى چېلىپ ، ئاغزىدا دۇرۇت ـ ئەپ-سۇن ئوقۇپ كېسەلنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ ئۇسسۇل ئوينايدىكەن . سۇرئەت بارغانسېرى تېزلىشىپ ئۇسسۇلچى تاكى بېشى قېيىپ يىقى-لىپ چۈشكىچە چۆرگىلەيدىكەن . » بۇ تىپىك شامان پېرىخونلۇق ئۇس-سۇلى بولۇپ ، ئۇ دوساننىڭ «موڭغۇل تارىخى» دا بايان قىلىنغان «شامان ئەقىدىسى بويىچە داپ چېلىپ جىننى قوغلاش» توغرىسىدىكى بايان بىلەن ئورتاقلىقى ئىگە . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ-كى ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دولانلارنىڭ پېرىخونلۇقنى كەسىپ قىلغان شامان ئەنئەنىلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى دېگەندىن كۆرە ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ ئادىتى دېسەك كىشىلەر ئاسانراق قوبۇل قىلالاي-دۇ .

ئىككى يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان ، دولانلار مىللەت ، تىل ، دىنىي ئېتىقاد ۋە دەۋر قاتارلىق جەھەتلەردە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى ، بۇ ئۆزگىرىشلەر مۇقەررەر ھالدا ئۇلارنىڭ سەن-ئىتى — دولان ئۇسسۇلىدا ئەكس ئەتتى .

دولان ئۇسسۇلى قۇرۇلما جەھەتتىن بەلگىلىك شەكىلگە ئىگە .

... موڭغۇللاردا «داۋلا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۇسسۇل بولۇپ ، بۇ ئۇسسۇل مەيلى ئىسىم جەھەتتىن بولسۇن ، مەيلى قۇرۇلما جەھەتتىن بولسۇن ھازىرقى دولان ئۇسسۇلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك .

... داۋلا ئۇسسۇلى بىلەن دولان ئۇسسۇلىنى سېلىشتۇرساق ، ھەر ئىككىلىسى قۇرۇلما جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش ، ھەر ئىككىلىسى ئىككى ئادەم بېقىشىپ ئوينايدىغان ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل بولۇپ ، ھەر ئىككى ئۇسسۇلنىڭ مۇزىكا رىتىمى ئاستىلىقتىن ئىتتىكلىشىپ بارىدۇ . ھەممە ھەر ئىككى ئۇسسۇلچى چۆرگىلەپ يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندە ئاخىرلىشىدۇ . ئوخشىمايدىغان تەرىپى شۇكى ، «داۋلا» ئۇس-سۇلىدا «ئۇسسۇلچى بېشىغا ئوت يېقىلغان ئىككى چىننى توختىتىپ ئۇنى ئاغزىدا چىشلىۋالغان چوكا بىلەن چېلىپ ئاۋاز چىقىرىدۇ . » بۇ تەرەپلەر ھازىرقى دولان ئۇسسۇلىدا كۆرۈلمەيدۇ . بۇ يەردىكى «بىر

جۇپ چىنىنى بېشىغا توختىتىپ » دېگەن خاتىرىگە ئاساسلانغاندا ، ئىك-كى ئۇسسۇلچى ھەربىرى بېشىغا بىردىن چىنە توختىتىپ چىنە ئىچىگە ياغ قۇيۇپ ئوت ياقىدۇ . ھەم ئاغزىدا قومۇش چوكا چىشلەپ ، چوكىنى بېشىدىكى چىنىگە تەگكۈزۈپ يېقىملىق كۈي ھاسىل قىلىدۇ . بۇنداق بەدىئىي ماھارەت گەرچە ھازىرقى دولان ئۇسسۇلىدا كۆرۈلمىسىمۇ ، لېكىن مەكىت رايونىدىكى دولانلارنىڭ «تەخسە ئۇسسۇلى» دا ساقلىنىپ قالغان... «ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى» دېگەن كىتابتا مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان : «بۇ مەزگىلدە (ئازادلىقتىن بۇرۇن) خەلق ئىچىدىكى بەزى ئەر سەنئەتكارلارمۇ «تەخسە ئۇسسۇلى» نى ئوينايتتى . ئۇسسۇل ئوينىغاندا ئۇسسۇلچى ھەربىر قولىغا ئىككىدىن تەخسە تۇتۇپ ئۇنىڭدىن ئۇسسۇل مۇزىكىسىغا تەڭكەش قىلىپ ئاۋاز چىقارغاندىن سىرت ، يەنە بېشىغا چاي قۇيۇلغان پىيالىنى قويۇۋالاتتى . بەزىلىرى ھەتتا ئاغزىدا قوشۇقنى چىشلەپ ، ئۇنى بېشىدىكى پىيالىگە تەگكۈزۈپ ئاۋاز چىقىراتتى . يەنە بەزى ئۇسسۇلچىلار بېشىغا ساماۋەر توختىتىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە 2 — 3 پىيالە قويۇپ ئۇسسۇل ئوينايتتى» . ناھايىتى ئېنىقكى ، دولان ئۇسسۇلى ئاممىۋىلىق جەھەتتىن داۋلا ئۇسسۇلىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىنى خەلق ئارىسىدىكى سەنئەتكارلارغا قالدۇرغان . ۋاقىت جەھەتتىنمۇ دولان ئۇسسۇلىنىڭ داۋلا ئۇسسۇلىدىن ئۆزگەرگەنلىكىنى ، ھەم «دولان» ئاتالغۇسىنىڭ «داۋلا» سۆزىنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز ؛ 18 - ئەسىردە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تارىم رايونىغا كۆچۈپ بارغان ئويراتلار ياكى جۇڭغارلار گەرچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇرلارغا ئاسسىملياتسىيە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئەجدادلىرىنىڭ مەدەنىيەت ، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ ، ھېيت - بايرام ياكى مول ھوسۇل ئالغاندىن كېيىنكى كۈنلەردە دائىم باشقىلار تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئۇسسۇلى دەپ قارالغان داۋلا ئۇسسۇلىنى ئوينايدۇ . بۇ ئۇسسۇل ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەر بۇ داۋلا ئۇسسۇلىنى ئوينايدىغان كىشىلەرنى داۋلا ۋە دولان دەپ ئاتاشقان . ھەم جەنۇبىي شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز-

لىرىمۇ بۇ نامنى قوللانغان① .

2 . «دولان» سۆزى موڭغۇلچە «يەتتە» دېگەن مەنىنى بىرىدىغان «دولاغان» (dolagan) سۆزىدىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن

ئې . ر . تېنىشېۋ «دولان خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ تىلى» ② دېگەن مەخسۇس ماقالىسىدە بايان قىلىشىچە ، ئۆزى 1956 - يىلىدىكى تىل تەكشۈرۈشتە ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ «تۆۋەن دولان» ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ «شاخقۇر» دېگەن جايلىرىدا بولغان ۋە دولانلار ھەققىدە بىر قىسىم ماتېرىياللارغا ئىگە بولغان .

ئې . ر . تېنىشېۋ بۇ ماقالىسىدە ، دولان تىلىنى بىرىنچى بولۇپ تەكشۈرگەنلەر ئا . لېكوك ۋە س . ي مالوفلار ئىكەنلىكىنى ، بۇلاردىن ئا . لېكوكنىڭ «دولان تىلى لېكسىكىسى» دېگەن ئەسىرى 1961 - يىلى نەشر قىلىنغانلىقىنى (بۇ ئەسەر بىزنىڭ قولىمىزدا بولمىدى) ، س . ي مالوفنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1961 - يىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىلا ئېيتىپ ئۆتىدۇ ۋە دولانلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا توختالماي ، كۆپىنچە دولانلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ .

ئې . ر . تېنىشېۋ بۇ ماقالىسىدە ، تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدىن دولانلارنى موڭغۇللارنىڭ قالماق - ئويرات قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن ، دەيدۇ .

بىرىنچى ، دولانلار ئۆزلىرىنى يەتتە ئورۇقتىن كېلىپ چىققان دېيىشىدۇ . موڭغۇل ئەدەبىي تىلىدا «يەتتە» سۆزى «dologan» دېيىلىدۇ . بۇ سۆز تورغۇت دىئالېكتىدا «dolan» دېيىلىدۇ . ئىككىنچى بوغۇمىدا [a] كېلىدىغان مۇنداق فورما قالماق دىئالېكتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى .

ئىككىنچى ، قالماق يىلنامىلىرىغا قارىغاندا ، تورغۇتلار كېرەيتلەردىن كېلىپ چىققان . بۇ كېرەيتلەر قەدىمكى ئۇيغۇر رايونلىرىدا

---

① «يىپەك يولىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» ، (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985 - يىل 9 - ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ) ناملىق توپلامدىكى خۇباڭجاۋنىڭ «داۋلا ۋە دولان» ناملىق ماقالىسى (321 — 325 - بەتلەرگە قارالسۇن . بۇ ماقالە ئۆمەرجان ئىمىن تەرجىمىسىدە «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان . )

② ئې . ر . تېنىشېۋ «دولان خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ تىلى» (بۇ ماقالە 1965 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى» دا ئېلان قىلىنغان ) ، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىل 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان (خەنزۇچە تەرجىمىسى ) 49 — 52 - بەتلەر .

كۆچمەنچىلىك قىلاتتى ، ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولاتتى . شۇنىڭغا قارىغاندا ، دولانلارنىڭ موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن قالماق ـ ئويرات ئىتتىپاقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن . ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت قىلغۇچىلار ، مەسىلەن . ن . م . پرژىۋالىسكىي ۋە ۋ . ئى روبوروۋىسكىيلار مۇشۇنداق تونۇشتا بولغان .

ئۈچىنچى ، دولان مەشرىپىنىڭ ئاخىرىدا «غوجا ئالدىرۋاق» ئو-يۇنى ئوينىلىدۇ . بۇ موڭغۇلچە «goot — ئۇمىد ، ئۇمىد قىلىش» + «aldah — يوقىلىش ، توگىشىش» = توگىشىپ كەت-كىمن ، دېگەن مەنىدىكى سۆزدىن كەلگەن[1] .

بۇنىڭدىن باشقا ، دولانلارنىڭ «يەتتە ئۇرۇق» تىن كېلىپ چىق-قانلىقىغا ئائىت مۇنداق مەلۇماتمۇ بار :

«دولانلار چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى . دولان ئەڭ دەسلەپ (چيەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى ، مىلادىيە 1755ـ يىلى ) چىڭ سۇلالىسى ھۆججەتلىرىدە بىر يەر نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان ، ( «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» 14 ـ جىلد ) ، ئاتالمىش دولان رايونى ئاقسۇنىڭ جەنۇبى ، تارىم دەريا بويلى-رى ئىدى . كېيىنكى چىڭ سۇلالىسى ھۆججەتلىرىدە دولان «دولۇن ( 多伦 ) ، دولەن ( 情兰 ) ، داۋلان ( 道兰 ) ، دولان ( 朵兰 ) دېگەن خەتلەر بىلەن خاتىرىلەنگەن . چىڭ ئەمەلدارلىرى يوللىغان مەكتۇپلاردا : ‹بۇ ئۇيغۇرلار ھەمىشە كۆچۈپ يۈرىدۇ ، ئۆرپ ـ ئادىتى ھەر قايسى ئايماق ـ شەھەرلەردىن پەرقلىنىدۇ › ، دېيىلگەن ( «جۇڭ-غارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» ، 75 ـ جىلد ) ، دولانلار ئاساسەن بارچۇق (مارالبېشى ) بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىدىكى تارىم دەريا بويىدا ياشايتتى . چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىللىك كۆچۈرۈشى ئارقىلىق دولانلار يەنە كورلا ، بۈگۈر ، چەدىر ، يېڭىسار ھەم ئىلى رايونلىرىغا تارقالدى . بۇندىن باشقا خوتەنگىمۇ ئاز ساندا تارقالغان .

دولانلار ئۆزلىرىنى موڭغۇللار دەپ ئاتاپ ، يەتتە ئۇرۇقتىن كې-لىپ چىققان دېيىشىدۇ . موڭغۇل يېزىق تىلىدا ‹يەتتە ،

---

[1] مىرسۇلتان ئوسمانوف : «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1990 ـ يىل نەشرى ، 100 ـ ، 101 ـ بەتلەر ؛ «دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 ـ يىللىق 4 ـ سان ، 110 — 111 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«dolagan» ، دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ، تۈرغۈت تىلىدا بولسا «dolan» ، دەپ ئوقۇلىدۇ ، ئالدىنقى ئەسىردىكى ياۋروپا سەيياھلىرى دولانلار ئاۋۋالقىدەكلا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن موڭغۇل كىيىمىنى كىيىدۇ ، يەنى ئۇچىسىغا ئۇزۇن تون ، پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق ، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىدۇ ، يۈزى يۇمىلاق ، مەڭىز سۆڭىكى پۇلتىيىپ چىققان ، بولۇپمۇ ئاياللىرى ئاۋۋالقىدەكلا موڭغۇللارنىڭ چىرايىنى ساقلاپ قالغان . دولانلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ . تىلى ئاساسەن ئۇيغۇرلارغا ئوخشايدۇ ، بىراق ئۆزگىچىلىككە ئىگە ، يەنى موڭغۇل تىلى سۆزلۈكلىرى ۋە قىرغىز تىلىنىڭ بارلىق ئامىللىرىنىمۇ ئاپقىلى بولىدۇ . بەزىلەر بۇ تىلنى بىر خىل مۇستەقىل تىل ياكى دولان تىلى دەپ ئاتاش كېرەك دەپ قارايدۇ . يەنە بەزىلەر بۇلارنىڭ تىلىنى ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىئالېكتىغا (ياكى شەرقىي دىئالېكتىغا ) تەۋە» دەپ قارىشىدۇ[①] .

3 . دولانلار — موڭغۇل قەبىلىسى «دوغلات» لارنىڭ بىر تارمىقى

بۇ قاراشتىكىلەر «دولانلار ‹دوساننىڭ موڭغۇل تارىخى› (多桑古蒙史) دا خاتىرىلەنگەن موڭغۇل قەبىلىسى ‹دوغلات› (朵豁刺惕 • dovghlat) لارنىڭ بىر تارمىقى دەيدۇ[②] ھەم «تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ، چىڭگىزخان قوشۇن تارتىپ غەربىي لياۋ (قارا قىتان ) خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن ، بۇ زېمىنلارنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا بۆلۈپ بەرگەن . كېيىنچە چاغاتاي خانىنىڭ ئەۋلادلىرى مۇشۇ يەرلەردە چاغاتاي خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان . 14 ـ ئەسىردە چاغاتاي خانلىقى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمى يەنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ، شىمالىدىكى ھەر قايسى جايلار ئەمەلىي كۈچلۈك موڭغۇل دوغلات قەبىلىسىنىڭ تىزگىنىدە بولغان . بەزىلەر دوغلاتلار تاڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدىكى دولۇ (咄陆) لارنىڭ ئۆزى

① «شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيەت لۇغىتى» ، 150 ـ بەت . (بۇ تېرمىننى فەن جىيىلىڭ يازغان . ) («دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» 8 ـ بەتتىكى نەقىل ) .

② گۇەن يىۋى «مۇزىكا مىللەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ‹دولان› ۋە ئۇلارنىڭ مۇزىكىسى ھەققىدە ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ، خەنزۇچە 1988 ـ يىللىق 5 ـ سان ، (بۇ مۇشۇ ماقالىدىكى بىر تۈرلۈك قاراش ) .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولۇپ ، تۈركلەشكەن بىر موڭغۇل قەبىلىسى ئىدى دەپ قارىشىدۇ . يەنە بەزىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دولات （杜拉特） لارنى كۆرسىتىدۇ ، دەيدۇ① » . بۇ كۆز قاراشتىكىلەر دولانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى دوغلات قەبىلىلىرىگە باغلاپ «دولان» ، «دوغلات» ، «جاغرات» لارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر سۆزنىڭ ھەرخىل ئاتىلىشىدىن ئىبارەت ئىدى ، دەپ قارىشىدۇ② .

4 . دولانلار — موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىلاشمىسى

تارىم ئويمانلىقىدا 9 ـ ئەسىردىن تارتىپ تۈركىي خەلقلەر كۆچلەپ كۆچۈپ كەلگەندىن بۇيان كۆپ قېتىم ئىرقلار ئارىلىشىشى يۈز بەردى . بۇنىڭ ئاقىۋىتى دەل ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىرقلارنىڭ ئارىلىشىشى بولدى . كۆپلىگەن موڭغۇللار غەربىي لياۋ خانلىقىنىڭ بىرقانچە ئاۋات شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلدى . ئۇلار قەشقەردە سىياسىي مەركەز قۇرۇپ ، قەشقەر دەرياسى ، يەكەن (دولان) دەرياسى بىلەن ئاقسۇ دەرياسى قوشۇلغان رايونلاردا كۆپلىگەن چارۋىچىلارنى ئورۇنلاشتۇردى . ئۇلارنىڭ بويسۇندۇرغۇچىدىن ئىبارەت «ئەلا» سالاھىيىتى بىلەن يەرلىك خەلقلەر ھەمدە نورغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋىتى پەيدا بولۇپ ، يەكەن (دولان) دەرياسى بىلەن قەشقەر دەرياسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئاتالمىش «دولانلار» مەيدانغا كەلدى③ .

مەكىت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىمۇ دولانلار بار . 13 ـ ئەسىردە چىڭگىزخان شىنجاڭنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ، جەنۇبىي شىنجاڭ چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى . چاغاتاي تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن . ئەينى چاغدا مەكىتلىكلەر ناھايىتى ئاز بولۇپ ، دەل ـ دەرەخلەر باراقسان ، يېرى مۇن-

---

① شۆزۇڭجاڭ تۈزگەن : «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش تارىخى» ، 433 ـ بەت ؛ «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى» 154 ـ بەت ، 1 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ .

② مەملىكەتلىك سەنئەت ئىلمى «9 ـ بەش يىللىق» پىلان تەتقىقات تېما گۇرۇپپىسى «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» ، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى ، 2004 ـ يىل 11 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 7 ـ ، 8 ـ بەتلەر .

③ فەن چۇن : «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىرقلارنىڭ تارقىلىشى» ، «تىنچلىق گېزىتى» 1947 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ ، 11 ـ كۈنى . گەنسۇ كۇتۇپخانىسى «غەربىي شىمال مىللەت ، دىن ، تارىخ ماتېرىياللىرىدىن ئۈزۈندە» ، 70 ـ بەت («دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» 7 ـ بەتتىكى نەقىل) .

بەت، ئوت - چۆپى مول بولغاچقا، موڭغۇل چارۋىچى قەبىلىلىرى ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە، مال - چارۋا بېقىشقا تازا باب كېلىدىغان يەر بولۇپ، بىر قىسىم موڭغۇللار مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالغان. 17 - ئەسىردە جۇڭغارلار شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، غەربىي موڭغۇللاردىن بولغان ئويراتلار جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى مەكىتكە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇزۇن مەزگىل ئارىلىشىپ ئولتۇرۇش، ئورتاق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ياشاش جەريانىدا ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ دولانلار دەپ ئاتىلىپ كەلگەن①.

تۆۋەندە، دولانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى — «دولانلار موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى» دېگەن ئاساسىي قاراش ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە تۈرلۈك تارماق قاراشلىرى ھەققىدە ئايرىم توختىلىمىز.

1. «دولانلارنى غەربىي موڭغۇل ئويراتلىرىنىڭ بىر قىسمى» دېگۈچىلەرنىڭ ۋەكىلى خوباڭجاۋ بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» ۋە «قەشقەرىيە» ناملىق تارىخىي كىتابلاردىكى مەلۇماتلار ئاساسىدا «دولانلار 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆچۈپ بارغان غەربىي موڭغۇل ئويراتلىرى ياكى جۇڭغارلاردۇر.» دېگەن قاراشنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

ھالبۇكى ئويرات موڭغۇللىرى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا تارقالغان موڭغۇللارنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇلار ئېلىمىزنىڭ يازما مەنبەلىرىدە 《外剌》،《卫拉特》،《厄鲁特》، 《斡亦剌惕》 دېگەندەك ناملار بىلەن خاتىرىلەنگەن. بۇ ناملار موڭغۇل تىلىدىكى 《Oirad》 دېگەن سۆزنىڭ ھەرخىل ئاتىلىشى ۋە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. «ئويرات» دېگەن سۆز موڭغۇلچە «ئۇيۇشقاق» دېگەن مەنىدە، ئىسلام تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردا، بولۇپمۇ چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەردە ئۇلار يەنە «قالماق» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان. ئەبۇلغارى باھادۇرخان تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى

① «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىل 5 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 516 - بەت.

www.uyghurkitap.com


شەجەرەئى تۈرك» دە «قالماق» سۆزى تۈركچە «قالماق» يەنى «ئورنىدا قالماق» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققانلىقى بايان قىلىنغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، «ئويرات» دېگەن نام مىلادىيە XII ئەسىردە تىلغا ئېلىنىشقا باشلىدى①. چەت ئەللىك موڭغۇلشۇناسلار ئۇلارنى قالماق (kalmucks) دېگەن ئومۇمىي نام بىلەنمۇ تىلغا ئالىدۇ. قالماق دېگەن نام ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلىدۇ، تار مەنىدىكىسى XVII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا ۋولگا دەريا بويلىرىغا كۆچۈپ بېرىپ، كېيىن شۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغان تورغۇت قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنىدىكىسى پۈتكۈل ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ جۇڭغار، دۆربەت، تورغۇت، خوشۇت قاتارلىق تۆت چوڭ قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر بۇ نامنى XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئويرات موڭغۇللىرى موغۇلىستان چېگرالىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغاندا كەڭ تۈردە قوللانغان. «شۇڭا قالماق دېگەن بۇ نامنى ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە شىنجاڭدا ئۇلتۇراقلاشقان باشقا خەلقلەرنىڭ ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان دەپ جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن».

ئويرات موڭغۇللىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سەككىز دەريا ۋادىسىدىكى ئۇسانلار (兀儿速惕部) بىلەن قوشنا جايلاردا ياشىغان بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە پەيدىنپەي كۆچىيىشكە باشلىدى. ئالاھەزەل XIV ئەسىر ئاخىرلىرىدا ئويرات موڭغۇللىرى موڭغۇل چۆللۈكىدە باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقتىن، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا «موغۇلىستان» دەپ ئاتالغان شىنجاڭ رايونىغا سىلجىدى. بۇ ۋاقىت دەل شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زەئىپلىشىپ، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى خىزىر خوجىنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى ئىلى ۋادىسىدىن بېشبالىققا كۆچۈرۈپ كېلىپ، بېشبالىق ھاكىمىيىتىنى قۇرغان ۋاقتى ئىدى. «مىلادىيە 1408 - يىلى ئويرات موڭغۇللىرى بېشبالىقنى ئىشغال قىلىۋالدى»...

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 1198 - بەت.

ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى بۇ خىل پائا-لىيەتلىرى ، تەبىئىي هالدا ، بۇ جايلاردىكى هاكىمىيەتلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمايتتى . ئويرات موڭغۇللىرى XVI ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا يېڭىۋاشتىن كۆچ توپلاپ موغۇلىستان ئەتراپلىرىغا كەلگەندە ، يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرەشىدخان 1523 — 1524 ـ يىلىنىڭ قىش پەسلىدە «قالماقلارغا قارشى ناهايىتى ئۇڭۇشلۇق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى» ۋە XVI ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە «ئۇلارنىڭ (ئويرات موڭغۇللىرىنى دېمەكچى — ئاپتور ) ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرىنى چارۋىچىلىق قىلىدىغان ماكانلىرىدىن جەنۇب تەرەپتىكى كۆكجۇر يايلىقى ئەتراپىغا كېتىشكە مەجبۇر قىلدى»① . شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ، ئويراتلار تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا بىر مەزگىل قۇدرەت تاپقاندەك بولدى . ئەمما ، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈز بەرگەن ئويراتلار بىلەن شەرقىي موڭغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشى ، ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن بىر مەزگىللىك بىرلىككە كەلگەن بىر تۇتاشلىق ۋەزىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ھەم ئويراتلارنىڭ ئىچكى بىرلىكىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولدى . بۇ هال بىر يېرىم ئەسىرچە داۋام قىلدى . مىلادىيە XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ، چاررۇسىيە ئويرات رايونلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە باشلىدى . بۇنداق ئىچكى — تاشقى بېسىم بىلەن ئويراتلار بۆلۈنۈشكە باشلاپ ، كۈچى تەدرىجىي ئاجىزلاپ كەتتى ۋە ئاخىرىدا ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە ئورۇن بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى . بىراق ، مىلادىيە XVII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ كۈچىيىشكە باشلىغان جۇڭغارلار باش كۆتۈرۈپ چىقىپ چوڭ سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە رول ئويناشقا باشلىدى .

جۇڭغارلار بولسا ، ئەسلىدە موڭغۇل ئويرات قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى . XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن ئويراتلارنىڭ بىر بۆلىكى غەربكە ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يارىش ئويمانلىقى (بۈگۈنكى جۇڭغار ئويمانلىقى ) ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەل-

① يۇنۇسجان ئېلى : «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1990 ـ يىل 2 ـ سان ، 169 ـ ، 171 — 173 ـ بەتلەر .

www.uyghurkitap.com



دى. ئۇزۇنغا قالماي ئويراتلار جۇڭغار، خوشۇت، دۆربۆت ۋە تورغۇت دېگەن تۆت قەبىلىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. XVII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جۇڭغار قەبىلىسى باتۇر قۇنتەيجى قەبىلە ئاقساقىلى بولۇپ تۇرغان دەۋردە تەدرىجىي كۈچىيىپ، باشقا ئويرات قەبىلىلىرىنى تىزگىنلەشكە باشلىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى سىڭگى ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى. 1673 - يىلى سىڭگى قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى غالدان جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مالىمانچىلىق پەيدا بولۇپ، پادىشاھ ئىسمائىلخان قاراتاغلىق خوجىلارنى قوللاپ، ئاق تاغلىقلارنى تەدرىجىي سىقىپ چىقىرىشقا باشلىدى. شۇ قاتاردا ئاق تاغلىقلارنىڭ يولباشچىسى ئاپپاق خوجا قەشقەردىن پالاندى. ئۇ، ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ شىمالى ئارقىلىق تىبەت خانلىقىغا كىرىپ، تىبەت ھۆكۈمرانى دالاي لامانىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى ۋە ئۇنىڭ ئۆز مۆرتى غالدانغا يېزىپ بەرگەن ئاپپاق خوجىغا «ياردەم قىلىپ، ئۇنىڭ «قانۇنلۇق خانلىق تەختى» نى قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى مەكتۇپقا ئىگە بولۇۋالدى. مەزكۇر مەكتۇپنى كۆرگەن غالدان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان بولسىمۇ، جەنۇبقا چېقىلالماي تۇرغان پۇرسەتتە بۇنداق ئىچكى ماسلىشىشقا ئىگە بولغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ دەرھال لەشكەر ئەۋەتىپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئاپپاق خوجىنى قورچاق خان قىلىپ تىكلەپ، ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن چاغاتاي ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى جۇڭغار موڭغۇل خانلىقىنىڭ ئىدارىسى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى.

مىلادىيىنىڭ 1678 — 1696 - يىللىرى ئارىلىقىدىكى 18 يىل ئىچىدە جۇڭغارلار دەھشەتلىك مىللىي ۋە سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويۇپ، ئېزىش، قۇل قىلىش، قىرغىنچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. شۇڭا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى خەلقلەر مۇھەممەدخان باشچىلىقىدا جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يەكەن

سەئىدىيە خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى قوزغىدى . لېكىن ، 4 — 5 يىلغا بارمايلا ، يەنى 1700 ـ يىلى سىۋان ئارابداننىڭ جوڭغار خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى بىلەن ئاياغلاشتى .

جوڭغارلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى بېسىۋالدى ۋە يەرلىك يۇقىرى قاتلام ئەربابلىرى ئارقىلىق بۇ رايونغا ۋاستىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلدى . جوڭغارلار «قاراتاغلىق» لارنىڭ ئاتامانى دانىيال خوجىنى يىلىغا 100 مىڭ سەر كۈمۈش ئولپان تاپشۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار شەرتلەر بەدىلىگە خان قىلىپ تىكلەپ قويدى . دانىيالخان 1703 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى خوجا يەئقۇپ دەۋرىدە جوڭغارلار جەنۇبىي شىنجاڭنى بۆلۈپ باشقۇرۇش چارىسىنى قوللىنىپ ، ئۇنىڭ ئەمەلىي ھوقۇق دائىرىسىنى يەكەن ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بولغان قەشقەر ، ئاقسۇ ، خوتەن قاتارلىق جايلار بىلەنلا چەكلەپ قويدى . ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەرگە ئايرىم ئەمەلدار قويۇپ ، باشقا مەزھەپتىكى خوجىلار ئارقىلىق باشقۇرۇپ ، ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا جوڭغارلارغا خىراج تۆلەيدىغان قىلدى . «پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى» ئاتاقتىلا ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئىدارە قىلغۇچىلىرىدىن بولۇپ قالدى .

جوڭغارلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا دائىملىق لەشكەر تۇرغۇزماي ، ھەرقايسى شەھەر ـ بوستانلىقلارغا يەرلىك مىللەتتىن بولغان قورچاق ئەمەلدارلارنى ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قويۇپ ، ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق باج ـ خىراج ئالدى[1] .

تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ، «بۇ دەۋردىكى قالماق ، ئويراتلارنىڭ تارىم ۋادىسىدا ماكانلىشىپ قالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ‹دولان› دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقى توغرىسىدا ماتېرىيال يوق . ‹تارىخىي رەشىدى› نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمانلىرى تۆۋەندىكى مۇلاھىزىلىرىدە ‹تارىخىي رەشىدى› گە ئاساسەن ، قالماق ياكى ئويراتلارنىڭ XVI ئەسىردە تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ : ‹تارىخىي رەشىدى› دەۋرىدە ، ئالتە شەھەردە ئۇيغۇرلاردىن باشقا بىر-

---

① ئالىيە ئەنۋەر : «جوڭغار ۋە مەنچىڭ خانلىقلىرىنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى توغرىسىدا» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2000 ـ يىل 9 ـ سان ، 55 ـ ، 56 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دىنبىر ئاتالغان مىللەت قالماقلار ئىدى… موڭغۇللار ۋە خەنزۇلار ئۇلارنى «ئويرات» دەيتتى . بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىسمى بولۇشى مۇمكىن . ئۇلارنىڭ سانى چوقۇم ناھايىتى ئاز . تۈركىي ئۇرۇقتىن ئەمەس ، موڭغۇل ئۇرۇقىدىن ، ئۇلارنىڭ يۇرتى تەڭرىتېغى-نىڭ شەرقىي تەرىپىدە ، ئۇلارنىڭ پەقەت بىر قىسمى ئالتە شەھەر دائىرىسىدە . شۇڭا توغرىسى ئۇلارنى شەرقىي خانلىق ياكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاھالىسى دېيىش كېرەك . ئۇلارنىڭ تېررىتورىيىسى ئەمە-لىيەتتە ھازىرقى ئۇلتۇراق رايونىغا ئاساسەن ئوخشاش . موڭغۇلىستانغا ئوخشاش ، بۇ رايوندىمۇ شەھەر يوق ۋە تېرىلغۇ مەيدانى يوق .

موغۇل خانلىرى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ، ئۇلار بۇ دۆلەتنىڭ تارىخىدا ئانچە مۇھىم ئەمەس دېگۈدەك ئورۇندا تۇرغان . دۆلەت ئىشلە-رىدا ئانچە تەسىر كۆرسەتمىگەن ، لېكىن موغۇللار زەئىپلەشكەندىن كېيىن ، XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇلار يەنە باش كۆتۈرۈپ ناھايىتى زور بىر كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن ۋە سالىخادىكى زاڭزۇلار بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرگەن .»①

نەق مۇشۇ دەۋردە ، ئاقسۇ تەۋەسىدە دولانلارنىڭ بارلىقى توغرى-سىدا ۋە ئۇلارنىڭ خوجا جاھان تەرەپتە تۇرۇپ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ھەرىكەتلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ، چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدار-لىرىنىڭ ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقى توغرىلىق تۆۋەندىكى خاتىرىلەرنى كەلتۈرۈش مۇمكىن :

«پەقىرلىرى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى لوپنۇرغا باردىم ، يېرى كەڭ ، زىچ ئورمانلىق جاي ئىكەن . مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى قاشقا قاتارلىقلار تەسلىم بولۇپ كۆرۈنۈشكە كەلدى . ئۇلار ئەسلىدە ئىككى مىڭ ئۆيلۈك كىشى بولۇپ ، بىر قانچە ئون يىلدىن بۇيان ئاقسۇ ، دولان قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كېتىپ ، ئالتە يۈزدىن ئوشۇق ئادەم قاپتۇ . ئۇلار بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن . قىرىق يىل بۇرۇن قوشۇنىمىز تۇرپاننى تىنچىتقاندا ، جاڭجۈن ئۇلارنى

① «تارىخىي رەشىدى» ، (مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى» ) ، خەنزۇچە 1 - قىسىم ، 111 - بەت ، تەرجىمانلار تەرىپىدىن يېزىلغان «كىرىش» نىڭ 4 - بابى . (مىرسۇلتان ئوسمانوف «دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنە-لىنىڭ 1987 - يىل 4 - سان ، 113 - بەتتىكى نەقىل ) .

تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغان ۋە رەخت ، دۇردۇن ، تاۋار ، چاي ئىنئام قىلغان ، قوشۇن كەتكەندىن كېيىن جۇڭغارلار ئىگىلىۋال-غان... » ( «پادىشاھنىڭ جۇڭغارلارنى تىنچىتىش سىياسىتى» گە تەس-تىقى 51 ـ توپلام 28 ـ 29 ـ بەتلەر . چيەنلۇڭنىڭ 23 ـ يىلى ، 1758 ـ يىلى ، 3 ـ ئاي ) .

«دولان بېگى ئارىز ( 阿尔祖 ) قاتارلىقلار مىڭ ئۆيلۈك مۇ-سۇلماننى باشلاپ كېلىپ تەسلىم بولدى ، ئۇلار بىزنى خوجا جاھان مەجبۇرلىغان ، ئەمدى تەسلىم بولۇپ كەلدۇق ، دەيدۇ . پەقىرنىڭ تەكشۈرۈشىچە ، دولان مۇسۇلمانلىرى ئەزەلدىن بارچۇقتا ئولتۇرۇپ كەلگەن . بۇلتۇر خوجا جاھان كۇچادا مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندىن كې-يىن ، ئابدۇخالىقتىن ئېيتىپ بەرگەن ، ئۇلار دەرھال كۆچۈپ كەت-كەن . بۇ ئەمەلىيەتتە مەجبۇرلىغانلىق بولمىسا كېرەك... ئۇلار ناھايە-تى ئەنسىرىشىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ ، شۇڭا بۇرۇنقى سولا ئامبال بېگى ( 散秩大臣 ) توختىنىڭ ئىنىسى ئابدۇلھەينى ھاكىم قىلىپ ، شۇنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرساق ، ۋاقتىنچە ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ قىشنى ئۆتكۈزۈپ تۇرسا ، كېلەر باھاردا ئۇلارنى بوز يەر ئېچىشقا (غۇلجىغا دېمەكچى — ئاپتور ) يۆتكىسەك » ( «پادىشاھنىڭ جۇڭغارلارنى تىنچىتىش سىياسىتى» گە تەستىقى ، 75ـ توپلام ، 42 ـ ، 43 ـ بەتلەر . چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى ، 1760 ـ يىلى 7 ـ ئاي )[①] .

«چىڭگىزنامە» ناملىق كىتابتا يەكەن خانى ئابدۇللا خاننىڭ ھىج-رىيە 1048 ـ يىلى (مىلادىيە 1638 ـ يىلى ) ئەتراپىدا ئەنجانغا يۈرۈش قىلغانلىق پائالىيىتى بايان قىلىنىش بىلەن بىللە ، دولان بېگىنىڭ ئابدۇلباقىنى ئۆلتۈرگەنلىك ۋەقەسىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ[②] .

«چوقان ۋەلىخانوف ئەسەرلىرى» دە مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇل-غان : «بۇرھانىدىن خوجىنىڭ قوشۇنى يەكەن ، قەشقەر ، خوتەن قو-شۇنلىرى بىلەن قارا قىرغىزلارنىڭ قوشۇنىغا ھەقىقەتەن تەڭ كېلەل-

① مىرسۇلتان ئوسمانوف : «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1990 ـ يىل نەشرى ، 104 — 105 ـ بەتلەر ؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987ـ يىل 4 ـ سان ، 113 ـ ، 114 ـ بەتلەر .

② مولla مىرسالىھ كاشغار «چىڭگىزنامە»161 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەيتتى . ئۇنىڭ قوشۇنى كۇچالىق ، ئاقسۇلۇق ۋە تۇرپانلىق بەش مىڭ مۇسۇلمان ۋە دولانلاردىن ، مىڭ قالماق ۋە 400 خەنزۇدىن تەركىب تاپقانىدى .» ①.

«چىڭگاۋزۇڭ خاتىرىلىرى» دە : «ئىلىدا بوز يەر ئېچىشقا دەسلەپكى قەدەمدە ئۇيغۇرلاردىن 300 كىشى ۋە ئوزۇق - تۈلۈك ، ئۇرۇقلۇق ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئەۋەتىلگەنىدى . بۇنىڭ قاينۇق ۋە غۇلجا قاتارلىق جايلاردا ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا پايدىسى بار . ھازىر ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ بەگلىرى ئاقسۇغا يىغىلىپ يېڭى ئېچىپ بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلاردىن 500 ئۆيلۈك يۆتكەشنى قارار قىلدى . بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇدىن 161 ئۆيلۈك ، ئۇچتۇرپاندىن 120 ئۆيلۈك ، سايرامدىن 13 ئۆيلۈك ، بايدىن 13 ئۆيلۈك ، كۇچادىن 30 ئۆيلۈك ، شاياردىن 30 ئۆيلۈك ، دولان ئۇيغۇرلىرىدىن 150 ئۆيلۈك يۆتكىلىش قارار قىلىنغان . بۇلارغا كېلەر يىلى 2 - ئايدا دېھقانچىلىق سايمانلىرى ، ئۇرۇقلۇق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك تارقىتىپ بېرىلىدۇ . كۆزدە ھوسۇل ئالغاندىن كېيىن ئاشلىق تاپشۇرىدۇ» دېيىلگەن . ②

«مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابتا جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئاقسۇ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ ھەر يىلى ئۆزلىرى ئات - ئۇلاغ تەييارلاپ قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق دوروت ئاقسۆڭەكلىرىگە ئۈچ مىڭ دادەن ئاشلىق تاپشۇرىدىغانلىقى ، مۇشۇ قاتاردا دولان بېگى نەزەر مۇپتىنىڭمۇ ھەر يىلى 150 ياش ئات - كالا تاپشۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان③ .

«تارىخىي ھەمىدى» دە لۈكچۈن ئەتراپىدىكى دولانلارنىڭ 1860 - يىللىرى ئەتراپىدا قۇمۇل ۋاڭىغا قارشى چىققانلىقى ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تۇرپان ، قۇمۇل ، قەشقەر ، ئاقسۇ ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن سەككىز مىڭ كىشىلىك خىللانغان قوشۇن تەشكىللەپ دولانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقى ۋە يېڭىلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ . ④

① «چوقان ۋەلىخانوف ئەسەرلىرى» ، 3 - توم ، 41 - بەت . (ئۆمەرجان ئىمىن ‹‹دولان› ئاتالغۇسى ‹داۋلا› ، سۆزىدىن ئۆزگەرگەنمۇ ؟» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ، 1989 - يىل 1 - سان ، 62 - بەتتىكى نەقىل ) .

② «چىڭگاۋزۇڭ خاتىرىلىرى» (خەنزۇچە ) 675 - بەت (ئۆمەر ئىمىن : « ‹‹دولان› ، ئاتالغۇسى ‹داۋلا› ، سۆزىدىن ئۆزگەرگەنمۇ ؟» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» 1989 - يىل 1 - سان ، 62 - بەتتىكى نەقىل ) .

③ «مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات» (خەنزۇچە ) 312 - بەت . («شىنجاڭ سەنئىتى» 1989 - يىل 1 - سان ، 63 - بەتتىكى نەقىل ) .

④ موللا موسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1986 - يىل 12 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 286 - بەت .

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دولانلار، ئويرات-لار جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆچۈشتىن بۇرۇنلا «دولان» دېگەن نام بىلەن تارىخ سەھنىسىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان. بۇ دەۋردە دولانلارنىڭ نوپۇس سانى خېلى كۆپ بولغان، ئۇلار شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە خېلى زور رول ئوينىغان، ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان خەلق ئىدى[1].

تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:

«تىل نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئې. ر. تېنىشېفنىڭ ماقالىسىگە ئاساسەن 32 مىڭ ئۇيلۇكچە بولغان (تەخمىنەن 150 مىڭدىن 170 مىڭغىچە) ئادەمنىڭ پەقەت ئۈچ يۈز يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاھالىسى شالاڭ ئۇيغۇر رايونىدا ئۆز تىلىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ئارقىسىدا قوللىنىپ قالغان بىر قىسىم موڭغۇل تىلى سۆزلىرىنى (مەن لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنى تارىختا موڭغۇللار بىلەن ياكى مەلۇم دەرىجىدە ئارىلاشقان، ياكى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان، دەپ قارايمەن) تاھازىرغىچە تاشلىماي كېلىشى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي قاتلىمىنى تەشكىل قىلغان ئەينو (ئابدال) تىلى ئېلېمېنتلىرىنىڭ (ئاساسەن لېكسىكا قىسمىدا) خوتەننىڭ لوپ ناھىيىسى تامئېغىل رايونىدا ۋە قەشقەرنىڭ خانئېرىق رايونىدا ھازىرمۇ ئاندا - ساندا قوللىنىلىشى بىر تىلنىڭ يەنە بىر تىلغا سىڭگەندىمۇ ئىز - تىزى قالماسلىقىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاھالەنكى، بىز تارىم شېۋىسىدە مۇنداق قالماق - ئويرات تىلى ئېلېمېنتلىرىنى ئۇچراتمىدۇق. ھەتتا بەزى ئۇيغۇر رايونلىرىدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان «(maŋlaj موڭغۇلچە «پېشانە»)» سۆزى دولانلاردا «Páfan» دېيىلىدۇ.

بەلكىم موغال شېۋىسى توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، «تارىخى رەشىدى» دە قەشقەر ۋە تۇرپاندا ئولتۇراقلاشقان

[1] مىرسۇلتان ئوسمانوف: «دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1987 - يىل 4 - سان، 114 - بەت؛ ئومەرجان ئىمىن «دولان» ئاتالغۇسى «داۋلا»، سۆزىدىن ئۆزگەرگەنمۇ؟»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، 1989 - يىل 4 - سان، 63 - بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



دەپ بايان قىلىنغان 30 مىڭ موغال بىلەن دولانلار ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولسا كېرەك[1] .

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى مىاۋ پۇشېڭ ئەپەندىمۇ تېنىشىپنىڭ قارىشىغا قارىتا مۇنداق دەيدۇ :

«بىز ئې . تېنىشىپنىڭ قارىشىنىڭ قىلچە داۋلىسى يوق دېيەلمەسەكمۇ ، لېكىن ئۇ ئەڭ ئاساسلىق تارىخىي پاكىتقا سەل قارىغان .

بىرىنچى ، دولانلىقلار ئويراتلارنىڭ ئەۋلادى بولىدىغان بولسا ، ئۇلارنىڭ خوشۇتلاردىن كېلىپ چىققان بولۇش ئېھتىمالى ئەڭ چوڭ بولىدۇ . بىراق بىز نەقىل ئالغان ‹غەربىي رايوندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە› دە ئېيتىلغاندەك ، جۇڭغارلار قارا شەھەردىكى ئاھالىلەر ئاقسۇ ، دولان رايونلىرىغا كۆچكەندىن كېيىن ، ئاندىن خوشۇتلارنى ئۇلارنىڭ زېمىنىغا يۆتكىگەن ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى خوشۇتلار ئۈرۈمچى رايونىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى چىڭخەيگە كۆچۈپ كەتكەن ، ئۇلارنىڭ باشقا جايلارغا كۆچكەنلىكىگە دائىر ئىز ـ نىشانلارنى چېلىقتۇرغىلى بولمايدۇ .

ئىككىنچى ، ئويرات موڭغۇللىرى سېرىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ ، دولانلىقلار بولسا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ . ھالبۇكى بىز ھېچقانداق تارىخىي كىتابتىن ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتنى چېلىقتۇرمىدۇق .

ئۈچىنچى ، دولانلىقلارنىڭ تىلىدا ئايرىم موڭغۇلچە سۆزلەر بارلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ ئاساسەن ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش كېرەك . ئەگەر دولانلىقلار ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ ئەۋلادى دېيىلسە ، ئۇلارنىڭ تىلىمۇ نەچچە ئون يىلدا ، ھەتتا بىر ـ ئىككى يۈز يىلدا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس . خۇددى ئېلىئارېس موڭغۇللارنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغاندا ئېيتقاندەك : ‹بىر تىلنىڭ يەنە بىر تىلنىڭ ئورنىنى ئېلىش مەسىلىسىگە كەلسەك ، بىزگە مەلۇملۇق بىر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن ، جەزمەن باشقى-

---

[1] مىرسۇلتان ئوسمانوف : «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1990 ـ يىل نەشرى ، 105 — 106 ـ بەتلەر ؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 4 ـ سانى ، 114 ـ ، 115 ـ بەتلەر .

لار ئىشەنگۈدەك بىر جەريان بولۇشى زۆرۈر ، تىلنىڭ پۈتۈنلەي ئۆز-گىرىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ... شۇڭا ، بىز XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ساپ موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ مىرزا ھەيدەر بايان قىلغان دەۋر (XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى) گە كەلگەندە بەزىلەر ئېيتقاندەك ساپ تۈركلەرگە ئۆزگىرىپ كېتىشى زادى مۇمكىن ئەمەس .»[①] . موڭغۇللار مۇشۇنداق ، ئويراتلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس .

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، بىز دولانلىقلار ئويرات موڭ-غۇللىرىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراشنىڭ پۈت دەسسەپ تۇرالىشى تەس دەپ قارايمىز »[②] .

دولانلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد پائالىيىتىدىكى «ئۆزگىچە» دەپ قا-رالغان ئالاھىدە شەكىل ۋە «داپ چېلىپ جىننى قوغلاش» دېگەندەك شامان ئەنئەنىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ — ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدىكى ئىپادىلىرى بولۇپ ، ئۇ ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ شامان ئېتىقادلىرىغا بېرىپ تاقىلىدۇ .

مەلۇمكى ، شامانىزم — شىمالىي ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا «پېرىخون ، باخشى ، سېھىرگەر» مەنىسىنى بېرىدىغان «شامان» ئا-تالغۇسىدىن كەلگەن بولۇپ ، 6000 ـ يىللار بۇرۇن ئەڭ دەسلەپ ئورال ، ئالتاي خەلقلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان . ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 4000 يىللار بۇرۇن «قۇياش» نى تەڭرى قىلغان (يورۇقلۇق ئىز-دەش ، يورۇقلۇققا چوقۇنۇش) ئىپتىدائىي شامان دىنىغا ۋارىسلىق قىلغان ، كېيىن ئېتىقاد قىلغان . كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقى-نىدىكى قۇملۇقتىن تېپىلغان شامان ئېتىقادىغا تەئەللۇق «نۇر چاقناپ تۇرغان قۇياش» شەكىللىك قەدىمكى قەبرىلەر ۋە چەرچەننىڭ تۈزلۈق-قاش قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بۇندىن ئۈچ مىڭ يىللار بۇرۇنقى مەشئەللەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ .

ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئەڭ بۇرۇن ، ئەڭ ئۇزۇن (ئىككى مىڭ

---

① ن . ئېلىئارىس : « «تارىخىي رەشىدى ، نىڭ ئىنگلىزچە نەشرىگە كىرىش سۆز» ، «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى» («تارىخىي رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى مۇشۇ نام بىلەن ئېلىنغان) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى ، 92 ـ ، 93 ـ بەتلەر .

② مياۋ پۇشىڭ : «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىما-ئىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە) ، 1990 ـ يىل 1 ـ سان ، 126 ـ ، 127 ـ بەتلەر .

يىل ئەتراپىدا ) ئېتىقاد قىلغان خەلق بولغاچقا ، شامان ئەقىدىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەت سىستېمىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن . مەيلى قايسى دىن بولسۇن ، ھەممىسى رېئاللىقنىڭ يالغان ئىنكاسى بولغاچقا ، ئۆزىدىن بۇرۇنقى دىنلارنىڭ تەسىرىنى سىقىپ چىقىرىۋېتىشكە قادىر ئەمەس . ئۇيغۇرلار مەيلى مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بولسۇن ، مەيلى X ئەسىردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بولسۇن يەنىلا پېرىخونلۇق ، سېھىرگەرلىك ، چۆشكە تەبىر بېرىش ، رەمباللىق ، مۇنەججىملىك ، دۇرۇت ـ ئەپسۇن ئوقۇش قاتارلىق شامان دىنى ئەنئەنىلىرىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى ، بۇ شامان ئەنئەنىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ، ئۆرپ ـ ئادەت ، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق ساھەلىرىگە ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىي تېبابەتچىلىكىگىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن . مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ توغرۇلۇق مول خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان[1] .

شامان دىنى ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن ، ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يەنى «ئىستىخىيىلىك دىن» دىن «سۈنئىي دىن» گە ئۆتۈش مەزگىلىدە پەيدا بولغان ئىپتىدائىي دىنىنىڭ بىر خىل يۇقىرى شەكلى . ئۇ كۆپ تەڭرىلىك دىن بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان .

شامان دىنى پۈتۈن ئالەمنى ئەرش (ئاسمان) ، زېمىن (يەر) ، تەھتەئەسرا (يەر ئاستى) دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ ، بۇ ئۈچ قىسىمدا پەرىشتىلەر ، ئىنسانلار ، جىن ـ شاياتۇنلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل قوۋم ياشايدۇ دەپ قارايدۇ . باخشىلار — ئىنسانلار بىلەن جىن-شاياتۇنلار ئوتتۇرىسىدا يۈرۈپ ، پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنسانلارنى يۆلەپ ، جىن ـ شاياتۇنلارنى يوقىتىدىغان ساخاۋەت ئەلچىسى دېيىلىدۇ . ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۇرۇقلارنىڭ (ھەر قايسى ئۇ

[1] ئۆمەرجان ئىمىن : «دولان ، ئاتالغۇسى» «داۋلا ، سۆزىدىن ئۆزگەرگەنمۇ» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1989 ـ يىل 1 ـ سان ، 65 ـ بەت .

رۇقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا باخشى ، داخان ، پېرىخونلىرى بولغان ) دۇئا-تەلەپ ، نەزىر - چىراغ مۇراسىملىرىنى باشقۇرۇش ، «ئىلاھنىڭ ئىرادىسى» نى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ، ئىلاھتىن ئۇرۇق (قەبىلە ) ئەزالىرىنىڭ ئامانلىقى ۋە سالامەتلىكىنى تىلەش ، ئۆز ئۇرۇقى ئۈچۈن ئىلاھ ۋە ئەجدادلاردىن مەدەت تىلەش ، ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ كېسىلىنى داۋالاش ، ئۇرۇق ئەزالىرىغا پەرزەنت تىلەش ، مول - ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان . بۇ دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان بولۇپ ، ئۇيغۇرلار كېيىنكى چاغلاردا شامان دىنىدىن باشقا زوروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك ) ، بۇددا ، مانى ، خرىستىئان ۋە ئىسلام دىنلىرىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ ، بىراق ، ئاشۇ دىنلارنىڭ ئەقىدە - ئەھكاملىرى قاتارىدا شامان دىنىنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادىمۇ داۋاملىق ساقلىنىپ كەلگەن .

بۇ دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەقىدە - ئادەتلىرى ئاساسلىقى پېرە ئويناپ كېسەل داۋالاش ، ئىسرىق سېلىش ، نوكچا قاداش ، پال ئېچىش ، رەمماللىق قىلىش ، ھورداش ، ئەملەش ، ئوت كۆچۈرۈش ، قان چېكىش ، تېرىگە ئېلىش ، ئۇچۇقداش (تەرلىتىش ) ، ياندۇرۇش ، ئاۋاق ئېشى ئېتىش ، چاچراتقۇ سېلىش ، تۇمار پۈتۈش ، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش (ياغ پۇرىتىش ) ، ئىسسىتقۇ ، سوۋۇتقۇ قىلىش (جادۇ قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) ، كۆچۈرۈش (قونچاق ياساپ يول بويىغا قويۇپ قويۇش ئارقىلىق كىچىك باللاردىكى كېسەللەر كۆچۈرۈلىدۇ ) قاتارلىقلار بولۇپ ، بۇ ئادەتلەر ھازىرمۇ مەكىت ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان . بۇلاردىن باشقا يەنە ، مەكىت رايونىدا قاراتخۇ ئۆتكۈر ، ئېگىز چوققىلارنى «ئىلاھىي ماكان» ؛ يالغۇز دەرەخ ، ئەسكى خارابىلەرنى «جىن - شاياتۇنلارنىڭ ئۇۋىسى» دەپ قاراش ؛ چوڭلار ئۇخلىغاندا ياستۇق (تەكىيە ) ئاستىغا ، كىچىك باللارنىڭ بۆشۈكى ئاستىغا «قارا باسمايدۇ» دەپ ، پىچاق قاتارلىق تىغلىق ئەسۋابلارنى قويۇش ، چوڭ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ، مازارلارغا (قەبرە بېشىغا ) دەرەخ تىكىش ، قەبرە بېشىغا ئالىيېشىل لاتا ۋە بايراقلارنى تۇغ - ئەلەم قىلىپ باغلاش ، كالا - قوتاز ، قوچقار

www.uyghurkitap.com



مۇڭگۇزلىرىنى ئېسىش قاتارلىق ئادەتلەر ساقلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ . «پېرە ئويناپ كېسەل داۋالاش» مەكتىتىكى ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ ، ئۇنىڭ جەريانى كىشىلەرگە بەك تونۇش . ئۇ مۇنداق ئېلىپ بېرىلىدۇ : مەلۇم بىر تورۇسلۇق ئۆي (بۇ ئۆينىڭ بىرلا تۈڭلۈكى بولۇپ ، قاراڭغۇ بولۇشى كېرەك . بۇ ئۆي كېسەل كىشىنىڭ ئۆيى بولسىمۇ بولىدۇ ياكى كېسەل كىشىنىڭ قوشنىلىرىنىڭ ئۆيى بولسىمۇ بولىدۇ ) نىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بىر تال ئارغامچا باغلىنىپ پەسكە ساڭگىلىتىپ ، يەردىكى قوزۇقتا باغلاپ قويۇلىدۇ . ئارغامچىنىڭ تۈڭلۈككە باغلانغان قىسمىغا ئالىيېشىل قېيىقچا لاتىلار چىگىلگەن بولىدۇ (بەزىدە ئارغامچىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە كۆك ئامۇت ئېسىپ قويۇلىدۇ ) . ئارغامچا باغلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، ئاغرىق كىشىگە مەھكەم تۇتقۇزۇلۇپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ . ئۈچ ياكى بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان كىشىلەر سورلۇق قىياپەتتە تۇغ ئەتراپىدا يېرىم چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئولتۇرۇشىدۇ . بۇ چاغدا يەرگە سېلىنغان كىگىز ئۈستىگە جىنچىراغ ، بىر پارچە ئەينەك ، بىر قاچا ياغ ، بىر كەتمەن چوغ ، بىر قاچا سۇ قويۇلىدۇ . چوغ ئۈستىگە كۆك ئامۇتنىڭ پوستى ، ئالما شۆپۈكى ، ئادراسمان سېلىنىپ ، دۈت (ئىس) چىقىرىلىدۇ . تۇغ (ئارغامچا ) نىڭ يېنىدا باش باخشى (پېرىخون ، داخان ) ۋە ئۇنىڭ جەللىۋارە (داپچى ) شاگىرتلىرى قاتار ئولتۇرۇشقان ، ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا نوكچا يېقىلىپ ، كېسەل كىشىنىڭ تۇغقانلىرى ئولتۇرۇشقان بولىدۇ . باش باخشى قاچىدىكى ياغقا پىلتە كىرگۈزۈپ ، چىراغ ياققاندىن كېيىن ، يەنە بىر قاچىدىكى سۇغا ئايەت ئوقۇپ ، دېمىدە قىلىدۇ ۋە كېسەل كىشىگە پۈركۈيدۇ . ئۇ قولىدا يامان روھلارنى قوغلايدىغان تاياق (بەزىلىرىدە ئېشىلگەن لاتا قامچىلارمۇ تۇتۇلىدۇ ) ياكى بىر تۇتام سۆگەت شۆپۈكى تۇتقان ھالدا ئەپسۇننى باشلايدۇ . شاگىرتلىرى داپلىرىنى چالىدۇ . ئارقىدىن پېرە مۇناجىتىنى ئوقۇپ ، كېسەل كىشىنى تۇغ ئەتراپىنى چۆرگىلەشكە سالىدۇ . ئۇلار قوشاقلارنى ئاھاڭغا كەلتۈرۈپ ئوقۇشقا باشلايدۇ . باش باخشى ئارىلاپ قولىدىكى نەرسە بىلەن تۇغ ئەتراپىنى چۆرگىلەۋاتقان كېسەل كىشىنى ئۇرۇپ - ئۇرۇپ قويىدۇ . باخشىلارنىڭ جەرىسى تازا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە ، كېسەل

كىشى «ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ» . بۇنىڭ بىلەن باخشىلار ئوقۇشتىن توختايدۇ . باش باخشى يالاڭ ئاياغ پۇتى بىلەن كەتمەندىكى چوغقا ياكى قىزىق كەتمەنگە دەسسەپ ، كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ . كېسەل كىشىمۇ «روھلىنىپ» ، ساقايغاندەك ھالەتكە كېلىدۇ .

شامان دىنىدا ئاياللار ئوبرازى ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ ، ئايال ئىلاھى «ئۇماي» ئانا تەڭرى ياكى ئايال پەرىشتە سۈپىتىدە ئىنتايىن مۇقەددەس ئورۇندا تۇرىدۇ . مەكىتتە ھېلىمۇ ئاياللارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ ، سورۇننىڭ تۆرىگە باشلايدۇ ، مېھماندارچىلىقتا ئۆيگە ئاۋۋال ئاياللار كىرىدۇ ، مەشرەپ - مۇقاملاردا ئەر - ئايال ئوخشاش ، باراۋەر ئۇسسۇل ئوينايدۇ .[1]

دېمەك ، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىسلام دىنى تارقىلىپ (ئىسلام دىنى بۇخاراغا دەسلەپ مىلادىيە 717 — 718 - يىللىرى كىرگەن) 366 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، شىنجاڭغا ئىسلام دىنى تارقىلىپ (مىلادىيە 961 - يىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋاقتىدا) 113 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، قويۇق ئىسلامىيەت شارائىتىدا بىر تەقۋادار مۇسۇلمان ئالىمى تەرىپىدىن يېزىلغان نوپۇزلۇق ئەسەردە شامان ئاتالغۇلىرىنىڭ ئىزاھلىنىشى — بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىنى ناھايىتى بۇرۇن قوبۇل قىلغانلىقتىن شامان ئەقىدىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن شامان ئەقىدىلىرىدىكى «دۇرۇت - ئەپسۇن ئوقۇپ بىماردىكى جىننى قاچۇرۇش» قا ئوخشاش ئادەتلەرنى ئۇيغۇرلار XVIII ئەسىردە دولانلار ئارقىلىق ئويرات موڭغۇللىرىدىن قوبۇل قىلغان» دېگەن قاراشنىڭ پۈتۈنلەي ئويدۇرما ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ[2] .

دولانلارنى موڭغۇللارغا باغلايدىغانلارنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان خوباڭجاۋ يەنە دولان ئۇسسۇلى بىلەن موڭغۇللارنىڭ داۋلا ئۇسسۇلىنى سېلىشتۇرۇپ كۆز قارىشىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ . بىراق ، تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلار ، ئۇسسۇل - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە دولان ئۇسسۇلى بىلەن

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «مەكىت رايونىدىكى قەدىمكى دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» .

② «شىنجاڭ سەنئىتى» 1989 - يىل 1 - سان ، 66 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



داۋلا ئۇسسۇلىنىڭ رېئال ئەھۋالى بۇ خىل قاراشنى تۇپتىن رەت قىلىدۇ. موڭغۇللارنىڭ داۋلا ئۇسسۇلى توغرۇلۇق پەقەت چىڭ سۇلا-لىسى دەۋرىدە يېزىلغان بەزى كىتابلاردىلا تولۇق بولمىغان مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان.

«جۇڭگونىڭ ئۇسسۇل تارىخى» دېگەن كىتابتا «داۋلا — موڭغۇل تىلىدا ناخشا ـ ئۇسسۇل مەنىسىدە بولۇپ، جىن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر خىل ناخشا ـ ئۇسسۇل شەكلى» دېيىلگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋۇجاڭيۈەن (吴长元) دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان (宸垣识余抄) دېگەن كىتابتا «داۋلا جىن، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تىياتىر ئىسمى» دېيىلگەن.

(李家瑞) لى جيارۇي ئەپەندى «بېيپىڭ ئادەتلىرىنىڭ بەلگىلىرى» (北平风俗类征) دېگەن كىتابىدا «ھەر دەۋردىكى كۆرگەن - بىلگەنلىرىم» (历代旧闻) دىن نەقىل كەلتۈرۈپ «يۈەن دەۋرىدە داۋلا تىياتىرى بار ئىدى. ناخشا ئېيتىش ھەم پىپا (باربىت)، غىج-جەك، سامتور قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىشنى بىر ئادەم ئورۇندايتتى. ھەتتا بەزىدە بېشىغا پىيالە توختىتىپ ئۇسسۇلغا چۈشەتتى» دەپ يازىدۇ.

«يەندو خاتىرىلىرى» (燕都杂咏) دېگەن كىتابتا «داۋلا يېڭى بەزمىگە يۆتكەلگەندە پىيالە ئۇسسۇلى تېخىمۇ نەپىس تۇس ئالىدۇ...» «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ناخشا ـ مۇزىكىلار»، «داۋلا بەزمىسى» دەپ ئاتىلاتتى. «باربىت، غىجەك، سامتور قاتارلىق چالغۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئادەم چالاتتى. ئۇسسۇلچى بەزىدە بېشىغا پىيالە ياكى چىراغ توختىتىپ ئۇسسۇلغا چۈشەتتى» دېگەن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

پروفېسسور فاڭ لىڭگۇي (方龄贵) ئەپەندىمۇ بۇ ھەقتە توخ-تىلىپ «جىن، يۈەن» سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى «داۋلا» ئاتالغۇسىنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى «ئېيتىش»، «تولاش» دىن ئىبا-رەت. چىڭ سۇلالىسى كىشىلىرىنىڭ «داۋلا — تىياتىر نامى» دېگىنى توغرا ئەمەس دەيدۇ.

«جۇڭگونىڭ ئۇسسۇل تارىخى» دا بۇ ئۇسسۇل توغرۇلۇق مۇنداق يەكۈن چىقىرىلغان: «بۇ موڭغۇللارنىڭ جىن، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى يالغۇز كىشىلىك لىرىك ئۇسسۇلى. داۋلا — تىياتىر بول-

ماستىن بەلكى ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئۇسسۇل بەزمىسىنىڭ ئىسمى داۋلا».

دېمەك: (1) داۋلا — موڭغۇللارنىڭ پىيالە ئۇسسۇلىغا تەڭكەش قىلىپ چېلىنىدىغان مۇزىكىسىنىڭ نامى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشىلەر بۇ ئۇسسۇلنى مۇزىكىنىڭ نامى بىلەن «داۋلا ئۇسسۇلى» دەپ ئاتىغان. خۇباڭجاۋ بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلماي پەقەت «داۋلا ئۇسسۇلى» بىلەن «دولان ئۇسسۇلى» نىڭ ئۇسسۇل قۇرۇلمىلىرىنى ۋە ئۇسسۇل ماھارەتلىرىنىلا سېلىشتۇرۇپ، ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى ئۈستىدە يۈزەكى بولسىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان.

(2) داۋلا — يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل. «دولان ئۇسسۇلى» بولسا كوللېكتىپ ئوينايدىغان مەشرەپ. شۇڭا بۇ ئىككى ئۇسسۇلنى ھەرگىز ئورتاقلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. خۇباڭجاۋ بۇ مۇھىم نۇقتىنى چۈشەنمەيلا قالماستىن، يەنە «داۋلا ئۇسسۇلى» نى «ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل» دەپ ئاتاپ، بۇ ئىككى ئۇسسۇلنىڭ ئوخشاشلىق تەرەپلىرىنى بېيىتقان.

(3) «داۋلا ئۇسسۇلى» — جىن (1115 — 1234)، يۈەن (1279 — 1368) سۇلالىلىرى دەۋرىگە مەنسۇپ. خۇباڭجاۋ پەقەت ئۆز كۆز قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپاتسىزلا بۇ ئۇسسۇلنى تاكى 18 ـ ئەسىرگىچە سۆرەپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن خۇ باڭجاۋنىڭ قارىشى بىر ـ بىرىگە زىت بولۇپ قالغان.

خۇ باڭجاۋ ماقالىسىدا «دولان ئۇسسۇلى» بىلەن «داۋلا ئۇسسۇلى» نى سېلىشتۇرۇش جەريانىدا «داۋلا ئۇسسۇلى» نىڭ مۇزىكىسىنىڭ «باشلىنىشتا ئاستا باشلىنىپ بارا ـ بارا تېزلىشىدىغانلىقى، مۇزىكا ئەۋجىگە چىققاندا ئۇسسۇلچى تېزلىك بىلەن چۆرگىلەپ ئۇسسۇلنى ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقى» دەك ئالاھىدىلىكلىرىنى دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىغا سېلىشتۇرسا، «داۋلا ئۇسسۇلى» نىڭ ئۇسسۇل ماھارەتلىرىنى كەڭ دولان رايونلىرىدا مەشرەپ ئارىلىقىدا ئوينىلىپ كېلىۋاتقان «تەخسە ئۇسسۇلى»، «پىيالە ئۇسسۇلى» ۋە «ساماۋەر ئۇسسۇلى» غا سېلىشتۇرىدۇ. بۇنداق ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك تەتقىقات ۋە مەتبۇئات ساھەسىدە ئاز ئۇچرايدۇ… «دولان ئۇسسۇلى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كوللېكتىپ مەشرەپ بولۇپ ، بىرلا ۋاقىتتا 50 — 60 ، ھەتتا بىر قانچە يۈز كىشى ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ . ئۇسسۇلنىڭ «چېكىتمە» ، «سەنەم» باسقۇچلىرىدا ھەر ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ بېقىشىپ ئوينايدۇ . «سەلىقە» ، «سېرىلما» باسقۇچلىرىنى بولسا كوللېكتىپ دۈگىلەك دائىرە ھاسىل قىلىپ ئوينايدۇ . «دولان ئۇسسۇلى» ئۇس-سۇلچىلار تەرىپىدىن مەيلى قەدىمكى دەۋردە بولسۇن، مەيلى يېقىنقى يىللاردا بولسۇن بېشىغا پىيالە توختىتىپ ، قولىدا تەخسە تۇتۇپ ئوي-نالغان ئەمەس . ھازىرمۇ ھەم شۇنداق . بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «تەخ-سە ئۇسسۇلى» ، «پىيالە ئۇسسۇلى» پەقەت دولانلارغا خاس سەنئەت شەكلى بولماستىن ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئۇسسۇللىرىدۇر . بۇ ھەقتە تۇرپان ، قۇمۇل ، دۈنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدە ناھايىتى جانلىق مەلۇماتلار بار .

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخ-شا- ئۇسسۇل سەنئىتى» دېگەن كىتابىدا ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ئى-چىدە «تەخسە ئۇسسۇلى» ، «پىيالە ئۇسسۇلى» ، «ساماۋەر ئۇسسۇ-لى» ۋە «چىراغ ئۇسسۇلى» نىڭمۇ بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ .

جۇ جىڭباۋ ئۈزىنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۇسسۇللىرى» ناملىق ماقالىسىدە نۆۋەتتە قۇمۇل ، گۇما رايونلىرىدا ئوينىلىپ كېلى-ۋاتقان «پىيالە ئۇسسۇلى» نى ، كورلا رايونىدىكى موڭغۇللار ئويناپ كېلىۋاتقان «پىيالە ئۇسسۇلى» نى ۋە كۇچا رايونىدىكى «ساماۋەر ئۇسسۇلى» نى تاڭ دەۋرىدە ئىچكىرىگە تارقالغان يۇقىرىقى ئۇسسۇللار ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان دەپ قارايدۇ .

دولان مەشرىپىنىڭ ئوينىلىش ۋاقتى ئۇزۇن بولغاچقا تاماشىبىن-لارنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق ، ھەم سازچى – مۇقامچىلارغا ئارام ئېلىۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە ، مەشرەپ ئارىلىقىدا تەربىيۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك بولغان ھەرخىل ئەلنەغمە ، قىزىقچى-لىق ئويۇنلىرى ئوينىلىدۇ . مانا مۇشۇ قاتاردا «پىيالە ئۇسسۇلى» ، «تەخسە ئۇسسۇلى» مۇ ئوينىلىدۇ . بىراق بۇ ئۇسسۇللار يەنىلا ئۆز ناملىرى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە .

«دولان ئۇسسۇلى» دېگىنىمىز پەقەت دولان ئۇيغۇرلىرىغا خاس بولغان، قەدىمكى چالغۇلار بىلەن ئورۇندىلىدىغان ۋە «دولان مۇقامى» غا تەڭكەش قىلىپ ئوينىلىدىغان تۆت باسقۇچلۇق دولان مەشرىپىنى كۆرستىدۇ.

خۇ باڭجاۋ ئۆز ماقالىسىدە يەنە «دولان ئۇسسۇلىنى ئەر - ئاياللار ئايرىم - ئايرىم ئوينايدۇ» دەپ ئىنتايىن كۈلكىلىك بىر ئەھۋالنى سادىر قىلغان. ئەر - ئاياللار بىرلىكتە بېقىشىپ ئويناش — دولان مەشرىپىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىكىدۇر. ئەر - ئاياللار بىرگە بېقىشىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان بۇنداق سەنەملەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىن بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. «سەنەم» سۆزىنىڭ «بۇت» دېگەن مەنىنى بېرىشىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ. دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى ئىسلامىيەتتىن ناھايىتى بۇرۇنلا پەيدا بولغاچقا، بۇ ئالاھىدىلىكنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن. ھازىر دولان ئۇيغۇرلىرى بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى ۋە چالغۇلىرى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان مەكىت ناھىيىسىنى ئالساق، بۇ جاي جۇغراپىيىلىك قاتناش قولايسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئىسلام پەلسەپەسىنىڭ تەسىرىگە ئاز ئۇچرىغان. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ھوقۇقى جەھەتتىن باشقا رايونلاردىن پەرقلىنىدۇ. تارىختىن بۇيان بۇ جايدىكى ئاياللار ئەرلەر بىلەن بىرگە ھەرخىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ كەلگەن. ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىش ئادەتلىرىمۇ بولمىغان، شۇنداقلا ئىسلامىيەتتىن كېيىن مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان. شۇڭا بۇ جايدا ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چالغۇلىرى، نەغمە ئاھاڭلىرى ۋە ئۇسسۇل شەكىللىرى تولۇق ساقلىنىپ قالغان.

يۇقىرىقىلار ئۇيغۇر مەشرەپ - مۇقاملىرىنى، جۈملىدىن دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى زامانلارغا باغلاپ ئىزاھلىغۇچىلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.[1]

① ئۆمەرجان ئىمىن: «دولان ئاتالغۇسى ‹داۋلا› سۆزىدىن ئۆزگەرگەنمۇ؟»، «شىنجاڭ سەنئىتى» 1989 - يىل 1 - سان، 67 — 70 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭدىن باشقا ، دولانلارنى ئۇيراتلارغا باغلىغۇچىلار يەنە «قەشقەرىيە» دېگەن كىتابتىكى دولانلار توغرىسىدىكى خاتىرىلەردىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆز قارىشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشقان .

بۇرۇندىنلا شىنجاڭ رايونىنى يۇتۇۋېلىشنى نىيەت قىلىپ كەلگەن چارروسىيە هۆكۈمىتى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىپ قەشقەرىيە (شىنجاڭ) نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىگىلەشنىڭ لازىملىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ . شۇ سەۋەبتىن 1877 - يىلى ئا . ن . كوروپاتكىن 64 كىشىدىن تەشكىل قىلىنغان بىر ئۆمەكنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر ، ئاقسۇ ، باي ، كۇچا ، مارالبېشى ، كورلا قاتارلىق شەھەرلەردە يېرىم يىلدىن ئارتۇق قاتراپ يۈرۈپ ، ھەر قايسى رايونلارنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئالاھىدىلىكى ۋە ھەر قايسى رايونلارنى تۇتاشتۇرىدىغان يوللارنى خەرىتىگە ئالغان . ئۇندىن باشقا ياقۇپ بەگنىڭ ھەربىي كۈچى ، سىياسىتى ، قەشقەرىيىنىڭ ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ئەھۋالى ، خەلقلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكى قاتارلىق ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىغان . «قەشقەرىيە» بولسا كوروپاتكىننىڭ مۇشۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى نامىدىن يازغان خىزمەت دوكلاتىدۇر . ئۇ «قەشقەرىيە» نىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق يازىدۇ : «مېنىڭ قەشقەرىيىدە تۇرغان چېغىمدىكى ئەمەلدارلىق مەرتىۋەم ۋە يەرلىك خەلقلەرنىڭ بىزگە ئومۇمىيۈزلۈك گۇمانلىق قاراشتا بولۇشى بىزنىڭ ماتېرىيال يىغىشىمىزدىكى قىيىنچىلىقلارنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويدى . بۇنداق ئوڭۇشسىز شارائىت ئەسىرىمىزنىڭ بەزى قىسىملىرىنىڭ مۇكەممەللىكىگە تەسىر يەتكۈزمەي قالمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆمىكىمىزنىڭ سەپەر قىلىدىغان يولدىن چەتنەپ قىسقا ساياھەت قىلالمىغانلىقىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ مۇكەممەللىكىگە مەلۇم تەسىر يەتكۈزدى» ① .

ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى ئېنىقلاش بۇ ئۆمەكنىڭ تەتقىق قىلىش ئوبيېكتى بولمىغاچقا ، شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ مىللەت تەركىبى ، يىراق ئەجدادى توغرۇلۇق تەپسىلىي تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان . پەقەت سەپەر ئۈستىدە ئاڭلىغان

---

① ئا . ن . كوروپاتكىن : «قەشقەرىيە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 - يىل 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 9 - بەت .

بەزى نەرسىلەرنى ئەسەرنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە خاتىرىلەپ قويغان . كوروپاتكىننىڭ «بىز سوراپ شۇنى ئۇقتۇقكى ، دولانلار جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەن ئويراتلار ئىكەن» دېگىنى بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرىدۇ . شۇ سەۋەبلىك كوروپاتكىن ئۆز كىتابىدا نۇرغۇنلىغان خاتا ، ئەكسىيەتچىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە ، دولانلارنى موڭغۇللارغا باغلاپ قويغان . تەتقىقات خىزمىتىدە ، بولۇپمۇ تارىخ تەتقىقاتىدا بۇنداق «ئاڭلاپ خاتىرىلىۋالغان» خاتىرىلەرنى دەلىل ـ ئىسپات ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ .[①]

بۇ ھەقتە ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ : «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ساھىلىدىكى مۇھىم بىر تارمىقى بولغان دولانلىقلار توغرىسىدا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ناتوغرا قاراشلار باش كۆتۈرۈپ چىقتى . بۇ ناتوغرا قاراشلاردا نامىنالىزملىق — نوقۇل نام ئىبارىسىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان ، تارىخىي ئېتنولوگىيىلىك تەتقىقات پرىنسىپى قوپاللىق بىلەن ئېتىبارغا ئېلىنمىغان . ئۇلار ئۆز ھۆكۈملىرىنى باشقا ساھەدىكى ئىلمىي ئۇتۇقلىرىدىن تىكلەنگەن نوپۇزىغا تايىنىپ جامائەتچىلىككە يايغان . بۇنداق قاراشنىڭ بىر ۋەكىلى مەشھۇر رۇسىيە تىلشۇناسى ئى . ر . تېنىشېف بولۇپ ، ئۇ ئويرات موڭغۇللىرىدىكى ‹دولۇغان› (كۆپلۈك ، يەتتە) ، ‹دولۇيات› (يېقىملىق) دېگەن ئىبارىدىن ‹دولانلار ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىدىن بولۇشى مۇمكىن› دېگەن مۇھاكىمىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . بۇنداق مۇھاكىمە ئۇسۇلى ئىلمىي ئۇسۇل ئەمەس . ئەگەر ئايرىم ئىبارىلەر ئۇچۇن پەرەز قىلىشقا يول قويۇلىدىغان بولسا ، دۇنيادىكى نۇرغۇن خەلقلەر ، جايلار ۋەھاكازالار ھەققىدە تولىمۇ كۈلكىلىك ئىبارە يەرمەنكىسى مەيدانغا كەلگەن بولاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە توغلۇق تۆمۈرخاندىن باتۇر قۇتەيجىگىچە بۇ بىر ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ تىل ـ يېزىق ، مۇزىكا ـ ئۇسسۇل ، تۇرمۇش مەدەنىيىتى (ئېتنوگرافىيە) جەھەتتە ھېچقانداق ئويرات يالدامىسى قالمىغان دەرىجىدە ئۇيغۇرلىشىپ كېتىشى غەيرىي تارىخىي مۆجىزە بولۇپ قالغان بولاتتى»[②] .

① «شىنجاڭ سەنئىتى» ، 1989 ـ يىل 1 ـ سان ، 64 ـ بەت .

② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ، 1997 ـ يىل 4 ـ ئاي ، 293 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



2 . «دولانلار موغۇللارنىڭ قالماق ـ ئويرات قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ، ‹دولان› سۆزى موغۇلچە ‹يەتتە› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ‹دولان› (dolagan) سۆزىدىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەن قاراشلارنىڭ ۋەكىلى تېنىشىپ بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ 1956 ـ يىلىدىكى «دولان رايونى» (ئاقسۇ ئاۋات ، مارالبېشى قاتارلىق جايلار ) دىكى تىل تەكشۈرۈشىدە ئىگە بولغان ماتېرىياللار ئاساسىدا مۇشۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان .

بىز تېنىشىپنىڭ «دولانلار موغۇللارنىڭ قالماق ـ ئويرات ئىتتىپاقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇشى مۇمكىن» دېگەن قارىشى توغرىسىدا يۇقىرىقى دەلىللەر يېتەرلىك ، دەپ قاراپ ، قايتا توختالمايمىز . ھالبۇكى ، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى تىل تەكشۈرۈش جەريانىدا دولانلار توغرىسىدا ئىگە بولغان ماتېرىياللىرى ۋە دولانلار ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان بىر قىسىم قاراشلىرى توغرىسىدا بىزنىڭ بەزى تىلشۇناسلىرىمىز ئوخشىمىغان پىكىرلىرىنى — «دولان» سۆزى موغۇلچە «يەتتە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «دولان» (dolagan) سۆزىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ، دېگەن قاراشقا قارىتا رەت قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ :

تاۋۇش ئوخشاشلىقى نۇقتىسىدىن «دولان» سۆزىنى موغۇل تىلىدىكى doloḱ-ā-n (بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى [n] تاۋۇشى سۆز يەككە ئىشلىتىلگەندە پەيدا بولماي ، سۆز تۈرلەنگەندە پەيدا بولىدىغان تۇراقسىز تاۋۇش ) — «يەتتە» سۆزى بىلەن باغلاشقىمۇ بولىدۇ . لېكىن تارىختىكى نۇرغۇن قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى يالغۇز سان بىلەنلا چەكلەنمەي ، ساندىن كېيىن يەنە بىر ئىسىم قويۇلۇپ ئاتالغانلىقى مەلۇم . مەسىلەن ، ئون ئۇيغۇر ، توققۇز ئوغۇز ، ئۈچ قارلۇق ، ئوتتۇز تاتار... دېگەندەك . شۇڭا ، گەرچە بىز دولانلارنىڭ «يەتتە ئۇرۇقتىن كەلگەن» دېگەن رىۋايەتلىرىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دېگىنىمىزدىمۇ ، ئۇلارنىڭ پەقەت مۇشۇ «يەتتە» بىلەن ئاتالغانلىقى بولغاندىمۇ ، نام قويغۇچى بىلەن نام ئالغۇچىنىڭ بىر بولۇشى ناتايىن[1] .

[1] مىرسۇلتان ئوسمانوف : «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1990 ـ يىل نەشرى ، 101 ـ بەت .

تاۋۇش يېقىنلىقىدىنلا قارالسا ، «دولان» سۆزىنى موڭغۇل تىلىدىكى «dologan — ئىللىق ، يېقىملىق» ۋە «dologan — كۆپ» سۆزلىرى بىلەن باغلاشقىمۇ بولىدۇ① . لېكىن مۇنداق يېقىنلاشتۇرۇش پەقەت سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى يېقىنلاشتۇرۇشتىنلا ئىبارەت بولۇپ ، دولانلار توغرىسىدىكى مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلمەيدۇ② .

يەنە بىر مەسىلە «غوجا ئالدىرۋاق» ئويۇنى . دولان مەشرەپلىرىنىڭ ئاخىرىدا قىزىقچىلىق ئۈچۈن بۇ ئويۇن ئوينىلىدۇ . يالغۇز بۇلا ئەمەس ، ھەر قايسى دولان رايونلىرىدا دولان مەشرىپىنىڭ ئومۇمىي ئۇسسۇل پەدىسى ئاخىرلاشقاندا دەررە ئويۇنى ، ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش ، جۇۋازغا قېتىش ، ھەرخىل جانلىقلارنى دوراش ، مۇزىكىسىز ئۇسسۇل ئويناش ، سامسا يېقىش ، سۇرەتكە تارتىش قاتارلىق قىزىقچىلىق ھېسابلىنىدىغان ئويۇنلارمۇ ئوينىلىدۇ .③

«غوجا ئالدىرۋاق» سۆزى دولان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس ، بەلكى ھەممە ئۇيغۇر رايونلىرىدا بار . بۇ سۆز «جۇلجۇل ، رەتسىز كىيىنگەن ، كىيىمى ئۇزۇنگە سىڭىشمىگەن ، پاراكەندە…» قاتارلىق مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ . دولان مەشرىپىدىكى قىزىقچىلىقنىڭ مەنىسىمۇ بۇنىڭدىن سىرت ئەمەس . بۇ سۆز ئەگەر دولان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىلا بولسا ئىدى ، ئۇ چاغدا ئۇنى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل ۋە سەنئەت جەھەتتىكى بىر ئالاھىدىلىكى ، دەپ ھېسابلىساق بولاتتى .④

ساياھەتچىلەردىن ۋ . ئى . روبوروۋسكىيدىن دەلىل كەلتۈرۈپ ئېيتىلغان «بىزنىڭ ئەسلىمىز (ياكى تەكتىمىز) قالماق ئىكەن» دېگەن سۆزلەرگە كەلسەك ، بۇ سۆزلەرنى ئەسلىدە قۇمۇللۇقلار دېگەن ئىكەن⑤ . بۇ سۆز باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ (كۆپىنچە

---

① «موڭغۇلچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» ، 1171 — 1181 ـ بەتلەر . (ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تۈزگەن . 1976 ـ يىل ، كۆكخوت . ) «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىل ، 4 ـ سانى ، 111 ـ بەتتىكى نەقىل .

② مىرسۇلتان ئوسمانوف : «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1990 ـ يىل نەشرى ، 101 ـ بەت ؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1987 ـ يىللىق 4 ـ سان ، 111 ـ ، 112 ـ بەتلەر .

③ ئەختەم ئۆمەر : «دولان مەشرەپلىرىدىكى دراماتىك خۇسۇسىيەتلەر توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ، 1985 ـ يىللىق 4 ـ سان .

④ مىرسۇلتان ئوسمانوف : «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1990 ـ يىل نەشرى ، 107 ـ بەت .

⑤ ۋ . ئى . روبوروۋسكىي «شەرقىي تيانشان ۋە نەنسەنگە ساياھەت» 1949 ـ يىلى ، موسكۋا ، 383 ـ بەت («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 ـ يىللىق 4 ـ سانى ، 115 ـ بەتتىكى نەقىل ) .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياشانغانلاردا ) بار . لېكىن ، بۇ سۆز پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى بۇددىست ئاتا ـ بوۋىلىرىغا قارىتىپ ئېيتىلغان . تۇرپان سىڭگىمدىكى «بېزەكلىك» نى ھازىرمۇ «قالماقلارنىڭ» دېيىش بۇنىڭ ئەمەلىي مىسالى① .

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا «دولان» نىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە بىر قىسىم ماقالىلەر ئېلان قىلىنغانىدى . ئۇلار ئىچىدەكى ئۆزىنى مۇشۇ ساھەدە خېلى نوپۇزۇم بار دەپ قارايدىغان بەزى تەتقىقاتچىلار يەنە شۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا غەرب ئالىملىرى ، بولۇپمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن مالوف ، تېنىشېفلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرى ئارىسىدىكى «دولانلار — موغۇللار ، قىرغىزلارنىڭ ئەۋلادى» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ (بۇ قاراشنى ياقىلايدىغان كىشىلەر بىزدىمۇ بار ) ، «يوق يەردىن تۆك ئۈندۈرگەندەك» ئىش قىلدى . بۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل زۆرۈر بولمىغان تالاش ـ تارتىش ، ئارتۇقچە زورۇقۇشلار بولدى . دەرۋەقە ، ئاشۇ مەشھۇر ئالىملار (مالوف ، تېنىشېفلار ) تەكشۇرگەندە ، «دولان» دەپ ئاتالغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇلارنى شۇنداق ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگەندۇ (ئۇلار ئېھتىمال دۇنيانىڭ يېڭى خەۋەر ، يېڭى شەيئىلەرىدىن بېكىنمە ـ خالىي ياشىغان — جۇغراپىيىلىك مۇھىت قەدىمدىن ھازىرغىچە ، يېقىنقى زامانغىچە دولان نامى بىلەن ئاتالغان بۇ ئۇيغۇر قوۋمىنى دۇنيادىن بىخەۋەر قويغان ، ئۆزىنىڭ ئۇچ ئەۋلادىغىچە ئاران بىلىدىغان دولانلارغا ئۇچراپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ) . ھازىرمۇ دولانلار ئارىسىغا بارسىڭىز شۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغان (ئۆزىنى موغۇللارنىڭ ئەۋلادى دەيدىغان ) دولاننى ئۇچرىتىشىڭىز مۇمكىن . مېنىڭچە ، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۇدەك يېرى بولمىسا كېرەك . چۈنكى ، تارىخنى ۋاراقلايدىغان بولساق ، موغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ، دولانلار مەركەزلىك ياشىغان تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىدىن غەربىگە قەدەر بولغان جايلار — پۈتكۈل تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي ، جەنۇبىي ئېتەكلىرى قاراقىتانلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىدىن قۇتۇلدى . بۇ مۇشۇ جايلاردىكى خەلق سۆيۈنىدىغان ئىش ئىدى . بىراق ، كېيىنكى

① مىرسۇلتان ئوسمانوف : «دولانلار توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1987 ـ يىلى 4 ـ سان ، 115 ـ بەت .

چاغلاردا موڭغۇللارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بۇ جايلارغا يەنە دەھشەت-
لىك ئېزىش ئەكەلدى. خوجىلار پاراكەندىچىلىكى دەۋرىدە بولسا،
مەكىت قاتارلىق دولانلار مەركەزلەشكەن جايلار ئۇرۇش - جەڭ،
يېغىلىق، قىرغىنچىلىقنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. دېمەك، مانا
مۇشۇنداق مۇرەككەپ ھېسسىيات — موڭغۇللاردىن سۆيۈنۈش ۋە قور-
قۇش دولانلارنىڭ پسىخىك ئېڭىغا سىڭىپ، «ئۆزىنى موڭغۇللارنىڭ
ئەۋلادى» دەۋالىدىغان ئەھۋال شەكىللىنىپ قالغان ۋە كېيىنكىلەرگە
تارقالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئىش دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە
قەدىمدىمۇ، ھازىرمۇ مەۋجۇت بولغان[1].

«بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزچە، دولانلار ئۆزلىرىنى بىر ياقتىن
كەلگەنمۇ دېمەيدۇ. بەلكى ئۆزلىرىنىڭ قەدىمدىن شۇ يەرلىك ئىكەن-
لىكلىرىنى ئېيتىشىدۇ. مەسىلەن، ئاقسۇ دولانلىرى ‹دولانلارنىڭ
ئەسلى ماكانى ئاقسۇ قارىتالدىكى قەدىم ئايماق يېزىسى بولغان ئاقسۇ
ئاۋات، ئاقسۇ غوروچۆل، مارالبېشى ۋە مەكىتلەردىكى دولانلارنىڭ
ھەممىسى مۇشۇ جايدىن تارالغان› دېيىشىدۇ.

مەكىت دولانلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، دولانلار بىر قانچىگە بۆلۈنى-
دۇ. مەكىتلىكلەر ئۆزلىرىنى ‹قارا دولان› دەيدۇ، مەكىتنىڭ جەنۇ-
بىي تەرىپىدە موغاللار بىلەن ئارىلاشقان دولانلارنى ‹موغال دولان›
ياكى ‹تاسقىما دولان› دەيدۇ، يەكەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى
بويلاپ مارالبېشىغا قەدەر جايلاشقانلارنى ‹باچۇغلۇق (بارچۇقلۇق)
دولان› دەيدۇ. ئەمدى، ئاقساقمارالدىكى دولانلار بولسا ‹قارادولان›،
‹ياغاچ ئۆيلۈك دولان› دەپ بۆلۈنىمىز، دەيدۇ. ھەر ھالدا مۇنداق
بۆلۈنۈش ئېتنىك مەزمۇندا ئەمەس، پەقەت ئۇلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋا-
لى ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش فورمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كې-
رەك.»[2]

3. «دولانلار — موڭغۇل قەبىلىسى ‹دوغلات› لارنىڭ بىر
تارمىقى» دېگەن قاراشتىكىلەر «دوساننىڭ موڭغۇل تارىخى» دىكى

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «باياۋاندىكى مەڭگۈلۈك ناخشا — دولان»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2005 - يىللىق 5 - سانى، 64 - بەت.

② مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى، 107 -، 108 - بەتلەر؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1987- يىلى 4 - سان، 116 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«دوغلات» دېگەن موغۇل قەبىلىلىرىنىڭ نامىدىكى يېقىنلىقى («دوغلات» نامى بىلەن «دولان» نامى تىل تاۋۇشلىرى جەھەتتىن قىسمەن يېقىن كېلىدۇ) ۋە ئۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ — تارىم ۋادىسىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇز قارىشىنىڭ ئاساسى قىلىدۇ.

دوغلات (Doglat) خەنزۇچىدە «朵豁拉惕» ياكى «秃忽剌» يېزىش پارس تىلىدىكى دوغلات [Duq(u)lat ياكى Duklat] دېگەننىڭ باشقىچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. بۇ يوەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى موڭغۇللارنىڭ بىر قەبىلىسىدۇر. ئەبۇل غازىنىڭ «شەجەرەئىي تۈرك» دە، موڭغۇل تىلىدىكى «دوغولوڭ» [doqholong (— lang)] دېگەننىڭ كۆپلۈك شەكلى ئۇ سۆزنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى، ئۇ «ئاقساق» (lame) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.[1]

دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئېتىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا ھازىرمۇ ھەرخىل قاراشلار بار، مەسىلەن، بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسى چۈلۈق دەپ ئاتالغان تۈرك قەبىلىسى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ[2]. شۇنداقتىمۇ، XIV ئەسىردە ئۆتكەن پېرسىيە تارىخچىسى راشىدىن (Rashidi—dinFadl AIIah) يازغان «تارىخنامە» (جەمىئۇت-تاۋارىخ) دە، موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسى چىڭگىزخاننىڭ ئەجدادى تۇمىنېخان (Tumineh —khan) نىڭ 8 - ئوغلى بۇرلجار (burljar) قوۋمىدىن بۆلۈنۈپ چىققانلىقى، تۇمىنېخاننىڭ يەنە بىر ئوغلى خابۇلخان چىڭگىزخاننىڭ بىۋاستە ئەجدادى[3] ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ۋ. بارتولد ئېيتقاندەك، بۇ قەبىلە ئەڭ دەسلەپ بۈگۈنكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىچىدىكى يايلاقلاردا پائالىيەت قىلغان، چىڭگىزخان دەسلەپتە تايجىئوت قەبىلىسى بىلەن جەڭ قىلغاندا، دوغلات قەبىلىسى ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ھەمدە ئۇنىڭ قوشۇنىغا قاتناشقان[4]. تارىخىي ماتېرىياللاردا، چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىق

① ئەبۇل غازى باھادىرخان: «شەجەرەئىي تۈرك» دېسان تەرجىمە قىلغان، فرانسۇزچە نۇسخا، 336- بەت («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە)، 1987 - يىل 1 - سان 167 - بەتتىكى نەقىل).

② مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 - قىسىم 154 - بەت.

③ راشىدىن: «جەمىئۇتتاۋارىخ» خەنزۇچە 1 - توم 1 - قىسىم، 316 - بەت، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1987 - يىل 1 - سان، 167 - بەتتىكى نەقىل).

④ «ئىسلام ئېنسكلوپېدىيىسى» تۈركچە نەشرى، «دوغلات ماددىسى».

قىلغان مەزگىلدە، دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئوتتۇرا يەتتە تۆر-لۈك ئىمتىياز بېرىلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان مۇنا-سىۋەتلىك تارىخىي پاكىتلارنى نەزەرگە ئالساق، ئورتوپ دوغلات قەبىد-لىسى چىڭگىزخان بىلەن ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلغاندا تۆھپە ياراتقاز-لىقى ئۈچۈن تارتۇقلانغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلەلەيمىز.

دوغلات قەبىلىسىنىڭ چىڭگىزخاندىن كېيىنكى ئىش ـ پائالىيەت-لىرى، يەنى قاچان، قايسى سەۋەبتىن موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدىن غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى تارىخىي ئەھۋاللار توغ-رىسىدا بىز پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىردىنبىر ماتېرىيال بۇ قەبىلىد-كى ئاقسۆڭەكلەر ئەۋلادى — مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات مىرزا تەرىپىد-دىن يېزىلغان «تارىخىي رەشىدىيە» («ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن ئەسەردۇر. دوغلات جەمەتىنىڭ ئەۋلا-دى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىرزا ھەيدەر كىتابىنىڭ ئىككى يېرىدە ئۆز جەمەتىنىڭ ئاۋۋالقى دەۋرىدىكى تارىخى ۋە غەربىي يۇرتقا كۆچۈش سەۋەبى ئۈستىدە توختالغان، ئۇ مۇنداق دېگەن:

«(چىڭگىزخان) ئىستېلا قىلىنغان دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىنى تۆت ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى ... ئۇ قوشۇن ۋە ئەمىرلەرنىمۇ ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەردى، شۇنداق قىلىپ ماڭلايسۆيەر رايونىنى دوغلات قەبىلىسى ئىدارە قىلىدىغان بولدى. ماڭلايسۆيەر «ئافتافقا باققان زېمىن» دېگەن مەنىدە، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چاچ، چالىش، ئىسسىقكۆل ۋە سېرىق ئۇيغۇرلار زېمىنى بار. كاشد-غەر (قەشقەر) ۋە خوتەن ئۇنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان، دوغلاتلاردىن سۇيۇرغالغا ئېرىشكەن كىشى — ئەمىر باباداخان بولۇپ، بۇ رايون ئابابەكرى دەۋرىگە قەدەر ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە مىراس قالغان»[①].

«بولاجى ئاقسۆلۈك، چاغاتايخان ئۆز زېمىنىنى سۇيۇرغال قىلىپ بۆلگەندە ماڭلايسۆيەر رايونى ئەمىر بولاجىنىڭ ئەجدادى ئورتوبقا تەگ-كەن»[②].

---

① ② مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر: «ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغۇللىرى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-تى، 1983 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ قىسىم، 205 ـ بەت؛ 1 ـ قىسىم 155 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يوقىرىقى ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ، تەخمىنەن چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ماگىلايسوۋېر رايونى رەسمىي تۈردە دوغلات جەمەتىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىغا ئايلانغانلىقىنى بىلەلەيمىز ... بۇنداقتا ، تەخمىنەن چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە ، دوغلات قەبىلىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاتلانغان ، كېيىن غەربىي يۇرتتا قېپقالغان . ئۇزاق ئۆتمەي چىڭگىزخان زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەندە ، دوغلات قەبىلىسى چاغاتايخانىنىڭ ئىدارە قىلىشىدىكى قەبىلە بولغان .

دوغلات قەبىلىسى چىڭگىزخان دەۋرىدە كىشىلەرگە تونۇلغان بولمىسىمۇ ، لېكىن چاغاتاي خانلىقى دەۋرىگە قەدەر ئۇنىڭ ئوينىغان رولى باشقا موڭغۇل قەبىلىلىرىگە قارىغاندا ئانچە يېتەرلىك بولمىغان . مەسىلەن ، خۇددى راشىدىن ئېيتقاندەك : «بۇرۇن ۋە ھازىر ئۇلارنىڭ ئەمىرلىرىدىن نام ـ ئاتاق ، ئابرۇي قازانغانلار بارلىقىنى ھېچكىم ئاڭلىمىغان» . ھالبۇكى ، چاغاتاي خانلىقى زەئىپلىشىش بىلەنلا ، ئۇنىڭغا تەۋە دوغلات قەبىلىسى كۈچىيىش ۋە قۇدرەت تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان ھەمدە ئاخىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 200 نەچچە يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان موغۇلىستان خانلىقىنى قۇرغان .

مىلادىيە XIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قۇرۇلغان چاغاتاي خانلىقى XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئىچكى تالاش ـ تارتىش ، مۇرەككەپ زىددىيەت ـ توقۇنۇشى تۈپەيلىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەچكە ، بىرلىككە كەلگەن چاغاتاي خانلىقى يىمىرىلدى . چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئىچىدە خان ھوقۇقىنى يۈرگۈزگىدەك نوپۇزى بار ھەمدە بۇنداق ۋەزىيەتنى يىغىشتۇرۇۋالالىغۇدەك كىشى بولمىغاچقا ، ئالاقىچان قانات ـ قۇيرۇقلىرى چىقىپ قالغان ، ئەسلىدە چاغاتايخانغا تەۋە قوۋملارنىڭ ئەمىرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن باشباشتاق بولۇۋېلىپ ، ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت سوردى . شەرقىي قىسمىدىكى ئەينى چاغدا موڭغۇللارنىڭ قۇدرەتلىك قەبىلىسى ھېسابلىنىدىغان دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرى ئۆزلىرىگە ھەر تەرەپتىن «خان» ئىزدىدى . 1347 ـ يىلى ، ئۇلار موغۇلىستاندا سەككىز ياشلىق تۇغلۇق تۆمۈرنى تېپىپ ، ئۇنى شەرقىي قىسىم چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى قىلىپ تىكلە-

دى . مىرزا ھەيدەر كىتابىدا ، دوغلات قەبىلىسى تۇغلۇق تۆمۈر چاغا-تايخاننىڭ ئەۋلادى ئېسەن بۇقىنىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى خان قىلىپ تىكلىگەن ، دەپ قارايدۇ . ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆزلىرى-نىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ، ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغان ، چۈنكى ئۇلار «ئۆز قوۋمىدىكىلەرنى قەدىرلىگەن ، موڭغۇل ئەمەسلەرنى قورقۇپ بەيئەت قىلغان يات تائىپ-لەر دەپ قاراپ كەمسىتكەن» .

دوغلات قەبىلىسى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان بولسىمۇ ، بولاجى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قۇستا-دان بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى بولغان دەۋردە تازا قۇدرەت تاپقان . بۇ دەۋردە دوغلات جەمەتى ئىنتايىن كۈچەيگەن ، بولۇپمۇ بولاجى دەۋرىدە موغۇلىستان خان جەمەتىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى دوغلات قەبىلىسى كونترول قىلغان زېمىنىنىڭ كەڭلىكىدىن پەرەز قىلالايمىز . دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بولاجى شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان بولۇپ ، ئاتىسىنىڭ دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە ئەمەلىيەتتە موغۇلىستان خانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقدارىغا ئايلانغاندىن كېيىن ، ئۆز جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئۈ-چۈن ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى رايوننى شەرقتە كۇچا ، بۇگۇرگى-چە ، غەربتە پەرغانە ۋە ئىسسىقكۆل بويلىرىغىچە ، جەنۇبتا چەرچەن ، سېرىق ئۇيغۇرلار زېمىنىغىچە كېڭەيتكەن . ئۇنىڭ زېمىنى دائىرىسىدە قەشقەر ، خوتەن ، يەكەن ، ئەنجان ، ئاقسۇ ، كۇچا قاتارلىق چوڭ شەھەرلەر بار ئىدى ، پايتەختى ئاقسۇدا ئىدى . شۇنداق قىلىپ ، دوغ-لات قەبىلىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى زېمىن ، ئەمەلىيەتتە جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ ئەسەرلىرىدە ئادەتتە «ئالتە شەھەر ، دەپ ئاتالغان قەشقە-رىيەدىنمۇ خېلى كەڭ رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالدى . ئەينى چاغدا ، ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىمۇ موغۇلىستان زېمىنىنىڭ دائىرىسىدە ئىدى[①] . بۇنىڭدىن ، بۇ چاغدىكى دوغلات قەبىلىسىنىڭ زېمىنى ، يەنى «ئاپتاپقا

① مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر : «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 2 ـ قىسىم 205 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com



باقتان رايونى» ، ماھىيەتتە ، خانلىقتىكى «دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت» ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

تۇغلۇق تۆمۈر 16 يىل تەخت سوراپ 1363 - يىلى ئۆلدى . ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ ، لېكىن بۇ دەۋردە يۈز بەرگەن بىرنەچچە ۋەقە غەربىي يۇرت تارىخىدا ئىنتايىن زور تەسىر قالدۇردى .

بىرىنچى ، تۇغلۇق تۆمۈر — موغۇلىستان خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى ، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ، شەرق ۋە غەرب تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ ، يەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان بۆلۈنۈپ كەتكەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، تېررىتورىيىسى غەربتە بالقاش كۆلى (بۇ موغۇلىستان بىلەن ئۆزبېكىستاننى ئايرىپ تۇرىدىغان كۆل) گىچە ، شەرقتە ئۇيراتلار زېمىنىغىچە ، شىمالدا ئېمىل دەرياسى ۋە ئېرتىش دەرياسىغىچە ، جەنۇبتا پەرغانىدىن قەشقەر ، باركۆلگىچە (بۇ بايان خەنزۇچە ماتېرىياللاردىمۇ ئاساسەن ئوخشاش ، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە : «بېشبالىق ... جەنۇبتا خوتەن بىلەن ، شىمالدا ئۇيراتلارنىڭ زېمىنى بىلەن ، غەربتە سەمەرقەند بىلەن ، شەرقتە قۇچۇ بىلەن چېگرالىنىدۇ» دېيىلگەن ) كېڭەيگەن موغۇلىستان خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن[1] ، يەنە ماۋارائۇننەھرگە يۈرۈش قىلىپ ، سەمەرقەند قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ ، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىنى ماۋارائۇننەھردىكى رايونلارغىچە كېڭەيتتى . چاغاتاي خانلىقىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ، غەربىي يۇرت قاتارلىق جايلارنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن مالىمانلىشىپ كەتكەن ئەھۋالدا ، موغۇلىستان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى جەمئىيەتنىڭ ئەمىنلىكىگە پايدا يەتكۈزدى ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى چۈشىنىش ۋە قوشۇلۇشنى تېزلىتىشتە بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينىدى .

ئىككىنچى ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى موڭغۇللار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى . خاتىرىلىنىشىچە ، ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا 16 تۈمەن

---

[1] مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر : «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل خەنزۇچە نەشرى ، 1 - قىسىم 62 - بەت .

تۆتۈنلۈك موڭغۇل ئۇزۇن چاچلىرىنى كېسىۋېتىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئۆز قوۋمىغا باشچىلىق قىلىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا يول ئېچىپ بېرىپ، كېيىنكى شىنجاڭ تارىخىغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن (ئىسلام دىنى مىلادىيە X — XI ئەسىردىكى قاراخانىيلار دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا تارقالغان، كېيىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا تارقالغان ۋە ئەۋج ئالغان. لېكىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە، ئەينى چاغدىكى غەربىي يۇرتنىڭ كۆپ قىسىم رايونى، بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلاردا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. كۇچادىن ئاقسۇغىچە، جەنۇبتىن شىمالغا بۇددا مەدەنىيىتى ئۆتۈش قىيىن بولغان توساققا ئوخشاش ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىنى توسۇۋالغانىدى. لېكىن تۇغلۇق تۆمۈر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئىسلام دىنى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمى، شەرقىي قىسمىدا تەدرىجىي تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى، مىلادىيە XVI ئەسىرگە كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدىكى ئاھالىلەر ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولدى).

موغۇلىستان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ موڭغۇللار ئارىسىدا تېز تارقىلىشى تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدىكى ئىككى زور تارىخىي ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى بۇ ئىككى زور تارىخىي ۋەقەنىڭ بىۋاستە سەۋەبچىلىرى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىرىدۇر[1].

ھالبۇكى، دوغلاتلارنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك تارىخى ئۇلارنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرنى خان قىلىپ تىكلەش ئارقىلىق موغۇلىستان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن باشلانغان بولسا، كېيىنكى چاغلاردا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دوغلات قەبىلىسىنىڭ تەسىرى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى.

---

① دوغلاتلار ھەققىدە بايانلار ئۈچۈن تيەن ۋېيجاڭ: «شىنجاڭ موڭغۇللىرىنىڭ دوغلات قەبىلىسى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئۇيغۇرچە، 1987- يىل 1- سان، 166-، 172- بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«بىر مەھەل دەۋران سۈرگەن دوغلات قەبىلىسى 200 يىللىق پائالىيىتىدىن كېيىن نېمىشقا بۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالغانلىقى ئۈستىدە تارىخىي كىتابلاردا بىر نەرسە دېيىلمىگەن. شۇنداقتىمۇ، بىز تارىخىي كىتابلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسەك ئاز - تولا يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلەيمىز. دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قېلىشىنى، ئالدى بىلەن غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىدە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، سىياسىي كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا يېڭى ئۆزگىرىش بولغانلىقى، كونكرېت ئېيتقاندا، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىدارە قىلىش ئارقىلىق موغۇلىستان خانلىرىنىڭ ھوقۇقى تەدرىجىي كۈچىيىپ، خان ھوقۇقىنىڭ نوپۇزى ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردا ئۆزىنى چەكلەپ تۇرغان دوغلات جەمەتىگە قاتتىق نارازىلىق، قارشىلىشىش كەيپىياتى بارغانسېرى كۈچەيگەنلىكتىن، ئۇلار خان ھوقۇقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دوغلات جەمەتىنى ھەر ۋاقىت ئاجىزلىتىپ تۇرغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا زەربە بەرگەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇنىڭدىن قالسا، موڭغۇل قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش ۋە كۈرەشمۇ مۇھىم بىر سەۋەب بولدى. موغۇلىستان خانلىقى دائىرىسىدە نۇرغۇن قەبىلە، قوۋملار بولۇپ، ئۇلار دائىم دېگۈدەك ئۆزئارا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئېلىشىپ، بىر - بىرىگە يول بەرمەيتتى، دوغلات قەبىلىسى ئۆزىنىڭ يانتاياقلىق رولىنى ھەر قايسى خانلارنى يۆلەپ تەختكە چىقارغانلىقى بىلەن ئاخىرىغىچە ساقلاپ كەلدى. ھالبۇكى بۇ مەزگىلدە باشقا قوۋملارمۇ ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەشنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمىدى. رەشىدخان تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن، بارلاس قەبىلىسى دوغلات قەبىلىسىدىكىلەرنى ئورنىدىن تەدرىجىي سىقىپ چىقاردى. بۇنىڭدىن باشقا، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى قوشنا رايونلار بىلەن ئۇزلۇكسىز ئۇرۇش قىلىشى، ئۆز دائىرىسىدىكى خەلقلەرنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇردى شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى خوراتتى. بۇلاردىن باشقا، يەنە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ۋە يەرلىك مىللەت تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى زەئىپلىشىشىنىڭ سەۋەبى بولدى.

بىر مەھەل قۇدرەت تاپقان موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسى زەئىپلەشكەندىن كېيىن، دوغلات قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمى ھەيدەر باشچىلىقىدا كەشمىرگە يۈرۈش قىلىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن باشقا، خېلى كۆپ قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كەتكەن»①.

ياپونىيە تارىخ ئالىمى زوكوتو (佐口透): سوۋېت شەرقشۇناسلىرىنىڭ قازاق چوڭ يۈز قەبىلىسى دوغلات (Dolat 都拉特) نى غەربىي تۈركلەر ئىچىدىكى دولو (Dulu. 出陆、都陆) قەبىلىسى شۇ دەپ قارىغانلىقىنىڭ پۈتۈنلەي ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى، قازاق چوڭ يۈزىدىكى دوغلات قەبىلىسىنىڭ موغۇلىستان دوغلاتلىرىنىڭ [蒙兀儿斯坦朵豁剌惕] كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەم شۇ ماقالىسىدە دوغلات قەبىلىسى بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى دولانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ، دولانلارنى يېقىنلىق بىلەن دوغلاتلارغا باغلاپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى يازىدۇ②.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان خەنزۇ تارىخ كىتابلىرىدىمۇ دوغلاتلار ۋە دولانلار ھەققىدە ئايرىم ـ ئايرىم توختالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە خاتىرە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاۋۇش ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا «دوغلات» (doughlat) نامىنىڭ «دولان» (dolan) غا ئۆزگىرىش ئىمكانىيىتى يوق. دېمەك، ئۇيغۇر دولانلىرىنى چاغاتاي موڭغۇللىرىنىڭ دوغلات قەبىلىسىگە باغلاپ ئىزاھلاشمۇ نوقۇل نام يانداشلىقى قوغلىشىشتىن كېلىپ چىققان ئىلمىگە زىت قاراشتۇر③.

4. «دولانلار — موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىلاشمىسى» دېگەن قاراش ئومۇمەن، موڭغۇللارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى جەريانىدا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا ئېلىپ بارغان پائالىيىتى ھەمدە موڭغۇللارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى-

---

① تيەن ۋېيجاڭ: «شىنجاڭ موڭغۇللىرىنىڭ دوغلات قەبىلىسى توغرىسىدا تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987ـ يىل 1 ـ سان. 183 ـ، 184 ـ بەتلەر.

② زوكوتو: «قازاق چوڭ يۈزىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، خەنزۇچە، 1985 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالە. («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1989 ـ يىل 3 ـ سان، 67 ـ بەتتىكى نەقىل).

③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 23 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا — تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب، شىمالىدا قورغان چاغاتاي خانلىقى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى راۋاجى بولغان تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ موغۇلىستان خانلىقى دەۋرىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ جايلىشىشى، تەدرىجىي سىڭىپ كېتىشى ۋە بۇ جايلاردا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ئاساسىدا كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار بىرقاتار تارىخىي ۋەقەلەر ھەمدە موڭغۇللارنىڭ دوغلات، ئويرات قاتارلىق قەبىلىلىرىنىڭ بۇ جايلاردىكى ئەھۋالى توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى پاكىت قى-لىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتتىن بۇ قاراش ۋە بۇنىڭدىن ئاۋۋالقى دولانلارنى موڭغۇللارغا باغلايدىغان قاراشلار تامامەن ئوخشاش بولۇپ، ئوخشىمايدىغىنى، بۇنىڭدا دولانلارنى ئاۋۋالقى قاراشتىكىلەردەك موڭ-غۇللارغا بىۋاسىتە باغلىماي، ئۇلارنى موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىلاشمىسى دەيدۇ. بىراق ماھىيەت ھەم مەنبە بىر، يەنىلا شۇ موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۆرۈش قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلى-رىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا كۆچۈپ كېلىشى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ھەمدە تۈركلىشىشتىن ئىبارەت چوڭ بىر تارىخىي باسقۇچنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭغا بىز ئالدىنقى قىسىملاردا جاۋاب بېرىپ بولغاچقا بۇ يەردە قايتا توختالمىدۇق. ئەمە-لىيەتتىمۇ بۇ ھەقتە قايتا پاكىت كەلتۈرۈشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق.

## 2. «دولانلار قىرغىزلاردىن كېلىپ چىققان» دېگەن قاراش

بىر قىسىم تىلشۇناس ئالىملار تىل ئېلېمېنتلىرىدىكى بەزىبىر ئوخشاشلىقلارغا ئاساسەن «دولانلار قىرغىزلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇ-شى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئالىم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگى س. ي. مالوف بولۇپ، ئۇ «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» (1961 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) دېگەن ئەسىرىدە دولان ئۇيغۇرلىرى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

«... ئاقسۇ ۋادىسىدا دولانلار ياشايدۇ، شىنجاڭدا بولغان بىر مۇنچە ساياھەتچىلەر ئۇلارنى موڭغۇللاردىن كېلىپ چىققان، دەپ يازى-دۇ، بەلكىم، تارىخچىلار ۋە تۈركولوگلار ۋاقتى كەلگەندە، مول خەنزۇ مەنبەلىرىدىن دولان ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تېپىشى مۇمكىن.

مېنىڭ دولان تىلىنى موڭغۇلچە ئەمەس ، قىرغىزچە دېگۈم بار ، لېكىن بۇ ھەقتە قولۇمدا ھېچنەرسە يوق . مەن پەقەت ھەممە قىرغىزچە ئېلېمېنتلار دولان تىلىدا بار ۋە ئۇلارنى مېنىڭدىن كېيىنكى ياش تۈركولوگلار تېپىپ چىقالايدۇ ، دەپ ئۈمىد قىلىمەن»[1] .

بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە بىر قىسىم ئالىم ، سەيياھلار مۇشۇ قاراشنى ياقىلايدىغان مەلۇمات ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ .

رۇسىيىلىك ئالىم ، سەيياھ چوقان ۋەلىخانوف 1858 — 1859 ـ يىللىرى قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا ، دولانلار ھەققىدە مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان :

«دولانلار ئاقسۇ ، يەكەن ۋە قاراشەھەر ئايماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايدىكەن ، ئاقسۇ ، يەكەندىكى دولانلار قەشقەر دەرياسى ۋە يەكەن (دولان ) دەرياسى ساھىلىغا تارقالغان بولۇپ ، بىر قانچە چوڭ بازىرى بار ئىكەن . بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرراقى بارچۇق بولۇپ ، بۇ يەردە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۇرىدىكەن . يەنە مارالبېشى ، قاراشەھەردىكى دولانلار كورلا ۋە بۈگۈرلەرگىمۇ ئورۇنلاشقانىكەن ، دولانلار خوجىلارنىڭ دېھقانچىلىقىنى قىلىدىغان قۇللىرى ئىكەن . ئۇلارنىڭ باشقا شىنجاڭلىق (ئۇيغۇر ) لار بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى ، دەل تەلەپپۇزى ۋە ئاياللارنىڭ بېشىغا چىگىدىغان رومىلىدۇر . بۇ خىل چىگىش ئۇسۇلى قىرغىز ئاياللىرىغا بەكلا ئوخشاپ كېتىدىكەن»[2] .

شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇزىكا تەتقىقاتچىسى ھۇسەيىن كېرىم باھادىر ئەپەندى 2004 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاۋات ناھىيىسىدە ئېچىلغان «ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ نۆۋەتلىك دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇغان «دولانلار ۋە دولان مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىدە دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى قىرغىزلارغا باغلايدىغان كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم مۇشۇ قارىشىغا

---

① م . ي . مالوف : «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» 1961 ـ يىل ، رۇسچە نەشرى ، 4 ـ بەت . (مىرسۇلتان ئوسمانوۋ : «دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 ـ يىل 4 ـ سان ، 110 ـ بەتتىكى نەقىل ) .

② چوقان ۋەلىخانوف : «قەشقەر» (ۋاڭ جيالىن تەرجىمە قىلغان ) ۋېي چاڭخۇڭ ، خې خەنمىڭ : «چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى» 1994 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى ، 74 ـ بەت .

ئاساس قىلغان بىرمۇنچە سۈرەت ماتېرىياللىرى بىلەن ئامېرىكىلىق ئالىم ئىنگۋار سۋانبېرگ (Ingvar svanbeag) نىڭ دولانلار ھەققىدە ئېلىپ بارغان بىر تەتقىقات نەتىجىسىنى تونۇشتۇرغانىدى:

ئامېرىكىلىق ئالىم ئىنگۋار سۋانبېرگ دولانلار توغرىسىدا بىر-نەچچە ئىلمىي ماقالە يازغان. بۇ ئىلمىي ماقالە مەيلى جۇڭگودىكى ئالىملار ئىچىدە بولسۇن ياكى چەت ئەللىك ئالىملار ئىچىدە بولسۇن پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى بولغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىلمىي ماقالىنى ئالىم 1988 ـ يىلى ئاپرېلدا ئامېرىكىنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېر-سىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى — «جۇڭگوغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى» دا ئوقۇغان. ماقالىنىڭ نامى «شىنجاڭدىكى دولانلار» (بۇ ماقالە 1988 ـ يىللىق ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن) بولۇپ، ئالىم ماقالىدە دولانلار ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بەرگەن:

«شىنجاڭدىكى دولان ئاياللىرى باشقا جايدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىغا سېلىشتۇرغاندا يۈزىگە چۈمبەل تارتمايدۇ، دولان ئاياللىرى شىنجاڭدى-كى قىرغىز ئاياللىرىنىڭ ياغلىقىغا ئوخشايدىغان ئاق ياغلىق چىگىدۇ. دولان ئاياللىرى چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرگە ناھايىتى قىزىقىدۇ··· لىكوك دولانلار ياشايدىغان چارباغ ۋە تۇمشۇق[1] يېزىلىرىدا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ توي ئادىتى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر قوشنىلىرىدىن پەرقلەنمىگەن»[2].

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، دولانلارنى قىرغىزلارغا باغلايدىغانلارنىڭ ئاساس قىلغىنى تىل ئېلېمېنتلىرىدىكى ۋە كىيىنىش ئادەتلىرىدىكى بەزى ئوخشاشلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئىگە بولغان ماتېرىياللار بىۋاسىتە بولغاندەك، مالوف بىلەن چوقان ۋەلىخانوفلارنىڭ دولانلار رايونىنى تەكشۈرۈشىدىن قولغا كەل-گەندەك قىلغان بىلەن، ئاشۇ ئالىملار ھەم ئاشۇ ئالىملارنىڭ ماتېرىياللى-رى ئاساسىدا بۇ كۆز قاراشنى ياقلىغۇچىلار مۇنداق تەرەپلەرگە سەل قارىغان:

بىرىنچى، س. ي. مالوف بۇ كىتابتا دولان نامىدا پەقەت تۆت

① چارباغ ۋە تۇمشۇق ھازىرقى مارالبېشى تەۋەسىدىكى يۇرتلارنىڭ نامى.
② مۇسەيىن كېرەم باھادىر: «دولان ئۇيغۇرلىرى ۋە دولان مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، «ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2006 ـ يىل 1 ـ سان، 36 ـ بەت.

كۆپلىت خەلق قوشىقىنىلا بېرىدۇ[1] . قارىغاندا ، س . ي . مالوف ئۆزى ئېيتقاندەك ، دولان تىلى توغرۇلۇق يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە بولمىغان بولسا كېرەك . ئېيتىش مۇمكىنكى ، س . ي . مالوفنىڭ «قىرغىزچە» دېيىشى بىر خىل پەرەزدىن ئىبارەت[2] .

قەدىمكى دەۋرلەردە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا ياشىغان خەلقلەر «ئالتاي تىللىرى» دەپ ئاتالغان بۇ تىلنى قوللانغان بولۇپ ، بۇ ئومۇمىي تىل سىستېمىسى كېيىنكى چاغلارغا (مىلادىيىنىڭ I ئەسىرلىرىگە ) كەلگەندە ، بىرقانچە تارماق تىل سىستېمىغا ، يەنى تۈركىي تىللار ، موڭغۇل ، توڭغۇس ، مانجۇ قاتارلىق تارماق تىل سىستېمىسىغا ئايرىلغان . مانا بۇلار ئىچىدىكى تۈركىي تىللاردىن ئىبارەت تارماق تىل سىستېمىسى ئىچىدە ئۇيغۇر ، قىرغىز قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلقلەر بار ئىدى .[3] ئۇلارنىڭ تەۋە بولغان تىل سىستېمىسىنىڭ بىرلىكى ، ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئوخشاشلىقى ، ياشىغان رايونلىرىنىڭ يېقىنلىقى تۈپەيلىدىن ، قىرغىزلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئادەتلىرىدە بەزى ئورتاقلىقلارنى پەيدا قىلغان . دولانلار بولسا قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىكى بىر قوۋم بولۇش سۈپىتىدە ، هازىرقى زېمىنغا كۆچكەندىن كېيىن ، جۇغراپىيىلىك مۇهىت تۈپەيلىدىن يېقىنقى يىللارغىچە بېكىك هالەتتە ياشىغان . بۇ خىل هالەت ۋە ئالاهىدە جۇغراپىيىلىك مۇهىت دولانلارنىڭ تىل ئالاهىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان . شۇڭا ، ئۇيغۇر دولانلىرى بىلەن قىرغىزلارنىڭ تىل سىستېمىسى ئوخشاش بولغاچقا ، بەزى بىر تىل ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئوخشاپ كېتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . ئىلگىرى مالوف بۇ جەهەتتە پەقەت ئۆزىنىڭ پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ ، لېكىن تېخى باشقا بىرەر ئالىم دولانلارنىڭ تىلىدا قىرغىزچە تەركىبلەرنىڭ بارلىقى هەققىدە ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغىنى يوق . چۇقان ۋەلىخانوفنىڭ سۆزىنىڭ تەلەپپۇزىغا قاراپ

---

① س . ي . مالوف «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» 1961 ـ يىلى رۇسچە نەشرى ، 4 ـ ، 59 ـ ، 60 ـ بەتلەر (مىرسۇلتان ئوسمانوف «دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 ـ يىلى 4 ـ سان 110 ـ بەتتىكى نەقىل) .

② مىرسۇلتان ئوسمانوۋ : «دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1987 ـ يىل 4 ـ سان ، 110 ـ بەت .

③ باسكاكوف : «تۈركىي تىللار» مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل 6 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى ، 446 ـ ، 447 ـ بەتلەر ئارىسىدىكى «تۈركىي تىللار تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي سخېمىسى» غا قارالسۇن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تىلىنى قىرغىزچىغا يېقىنلاشتۇرۇشمۇ، ئۇخشاشلا بۇ ئالىمنىڭ تۈركىي تىللارنىڭ تاۋۇش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۆزىگە يات بۇ ئىككى تىل ھەققىدە ئۆز پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، بۇ ھەقتە كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلمىي قاراش بولمىغان ئەھۋالدا، بۇ مەسىلىنى قايتا مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئورنى يوق.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ «يۈزىنى ياپماسلىقى» دولانلارنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى سەۋەبلىك، ئۇلاردا قەدىمكى ئەنئەنىنىڭ قالدۇق تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ھەم ئىلگىرى دولانلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنىڭ ئانچە چوڭقۇر بولمىغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولۇپ، بۇنى ئالاھىدە بىر مەسىلە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. چۈنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ خىل ئەھۋال خېلى ئومۇمىي بولغان ئەھۋالدۇر. ئەمدى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ «قىرغىزلارغا ئوخشاش ئاق ياغلىق چىگىش» ىگە كەلسەك، بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئالىم، سەيياھ ئەينى چاغدا دولانلارنى كۆرگەندە ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئۇلارغا ئوخشاش، 1907 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مارالبېشىغا كەلگەن سەيياھ مانئېرھېيم (C. G. Mannerheim) مۇ دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ: «دولان ئاياللىرى سىرتقا چىققاندا يۈزىنى ياپمايدىكەن (چۈمبەل تارتمايدىكەن) . . . ئۇلار بېشىغا تۇماق كىيىدىكەن، كۆپ ساندىكىلىرى ياغلىق ئارتىۋالغان بولۇپ، بۇ ھال رۇسلارنىڭ يېزا ئاياللىرىغا ئوخشايدىكەن» دەيدۇ ھەم دولان ئايالىنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى بېرىدۇ①. دولان ئاياللىرىنىڭ بېشىغا ياغلىق (ئۇزۇن رومال) ئارتىۋېلىشى بىرلىرى قىرغىزلارغا ئوخشاتسا، يەنە بىرلىرى رۇسلارنىڭ يېزا ئاياللىرىغا ئوخشىتىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، خۇددى ھازىر ياۋروپاچە كىيىنىۋالغان خەنزۇ، ئۇيغۇرنى ياۋروپالىق دېگىلى بولمىغاندەك، «ئاق ياغلىق ئارتىۋالغان دولان ئاياللىرى» نى قىرغىز دەۋالغىلى بولمايدۇ.

---

① مانئېرھېيم (فىنلاندىيە) «مانئېرھېيمنىڭ 1906 — 1908 - يىللاردىكى غەربىي يۇرت تەكشۈرۈش سۈرەتلەر توپلىمى» شەندۇڭ خۇاباۋ نەشرىياتى، 2000 - يىل 10 - ئاي نەشرى، 54 - 55 - بەتلەر.

### 3 . «دولانلار ئۇيغۇرلاردۇر» دېگەن قاراش

دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى قاراشلار ئىچىدە ، ئۇ- لارنى ئۇيغۇرلارغا باغلايدىغان ، يەنى «دولانلار — ئۇيغۇرلاردۇر» دې- گەن قاراش ئۇيغۇر دولانلىرىنى ھېلى موڭغۇللارغا ، ھېلى قىرغىزلار- غا باغلاپ قويغان قاراشلارغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندى . بۇ خىل قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئالىم ، تەتقىقاتچىلار ئىچىدە ، بۇ خىل قاراشنى بىر قەدەر بالدۇر ئوتتۇرىغا قويغان ھەم ۋەكىل خاراكتېرلىك بولغانلىرى ئېلىمىز ئالىملىرىدىن مىرسۇلتان ئوسمانوف (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتىدا تەتقىقاتچى ) بىلەن گۇەن يىۋېي (مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا پروفېسسور ) بو- لۇپ ، بۇ ئىككى ئالىم ئۆزلىرىنىڭ قارىشىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىـ دۇ :

1 . مىرسۇلتان ئوسمانوف ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» ناملىق ئەسىرىدىكى «دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا» ناملىق تەتقىقات تېمىسى[1] دا ، دولانلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ :[2]

دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق . ئورخۇن ئابىدىلىرىدىمۇ بۇ قەبىلە تىلغا ئېلىنمىغان . «dolan» دېگەن نامغا تەلەپپۇز جەھەتتىن يېقىن كېلىدىغان 多滥葛,多腊葛,多览葛 دېيىلىدىغان قەبىلە نامى ئومۇمەن «تاڭنا- مە» ۋە شۇ ئاساستا يېزىلغان ئەسەرلەردە ئۇچرايدۇ . ماچاڭشۇ ئەپەندى «تۈركۈتلەر ۋە تۈركۈت تارىخى» دېگەن كىتابىدا «كونا تاڭنامە» دە تاڭ گاۋزۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا (مىلادىيە 618 - يىللىرى ) تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە 多览葛 دېگەن قەبىلىنىڭ بارلىقى يېزىلغانلى- قىنى ، بۇنىڭ 多览 ۋە 葛 دېگەن ئىككى قەبىلىنىڭ بىرلەشمىسى

---

① مىرسۇلتان ئوسمانوف : «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىيا- تى ، 1990 - يىل نەشرى ، 98 — 115 - بەتلەر ، «دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 - يىلى 4 - سان ، 109 — 122 - بەتلەر ، (بۇ ماقالە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» 1988 - يىلى 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان . )

② بۇ ئالىمنىڭ كۆز قارىشى تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلىندى ، بىراق ، ئالىم پايدىلانغان مەزمۇنلار- نىڭ مەنبەلىرى قولىمىزدا بار ئەسلىي ماتېرىياللار ئاساسىدا تولۇقلاندى . بۇ تېكىست ئىچىدىكى نەقىللەر- نىڭ ھەممىسى ئەسلىي تېكىست ئىچىدىكى نەقىللەر دەپ قوبۇل قىلىنسا بولىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىكەنلىكىنى ، «يېڭى تاڭنامە» دە بۇ قەبىلىنىڭ قۇغۇرسۇ (斛薛) ۋە بولشار (白) قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە 10 مىڭ ئەسكەر چىقىرالايدىغانلىقى يېزىلغان ، سىر - تاردۇشلار ھاكىمىيىتى يىقىلغان چاغدىمۇ تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر ، بايىرقۇ قاتارلىق 12 قەبىلىنىڭ قاتارىدا 多览葛 نىڭ بارلىقىنى ، كېيىن (مىلادىيە 647 - يىلى) مۇشۇ 多览葛 دا تاڭ سۇلالىسى يەنرەن (燕然) تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى قۇرغانلىقىنى ، بۇنىڭ ئورنى ھازىرقى ئۇلانباتۇرنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ[1] .

سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى «ئومۇمىي تۈركۈت تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە ، تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدە 多览葛 قەبىلىسىنى سانايدۇ ۋە بۇنىڭ ئايرىم بىر خەلق ئىكەنلىكىنى ، tolangit دېيىلىدىغانلىقى ، دوساننىڭ موڭغۇل تارىخىدا tulangkite دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى شۇنىڭ بىلەن بىللە «موڭغۇل تارىخى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ ، 帖边郭特, 帖良兀, 田列古, 帖良古特 دېيىلىدىغان قەبىلىنىڭمۇ بولغانلىقى ، بۇلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن تېلېلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ، بايقالنىڭ غەربىدە ياشىغانلىقى ، دوساننىڭ موڭغۇل تارىخىدا telengkoutes دەپ ئېلىنغانلىقى ، بۇلارنىڭ قىرغىزلار بىلەن كەمكەمچۇت لار (侃侃助特) ئارىسىدىكى ئورمانلىقتا ياشايدىغان ئايرىم بىر خەلق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ[2].

سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى 多览葛 مەخسۇس توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى بەرگىنىدە ، بۇ سۆزنىڭ 多滥 مۇ دېيىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ[3] .

ليۇ يىتاڭ ئەپەندى «ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقات» دېگەن كىتابىدا ، «تېلې» بىلەن «قاڭقىلى» دېگەن نامنىڭ بىر خەلقنىڭ ئىككى

---

① ماچاڭشۇ ئەپەندى : «تۈركۈتلەر ۋە تۈركۈت تارىخى» ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى ، 1957 - يىل نەشرى ، 50 - ، 51 - ، 57 - بەتلەر ؛ «جۇڭگونىڭ تارىخىي خەرىتىلەر توپلىمى» ، جۇڭخۇا خەرىتىلەر نەشرىياتى ، 1982 - يىل 10 - ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ، 5 - توم ، 42 - ، 43 - بەتلەردىكى خەرىتىگە قارىغاندا ، بۇ تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى ئۇلانباتورنىڭ شىمالىدا ئىكەن .

② قاراڭ : سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى ، مەزكۇر ئەسەر ، 683 - بەت .

③ قاراڭ : سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى ، «ئومۇمىي تۈركۈت تارىخى» ، 750 - ، 751 - بەتلەر .

خىل ئاتىلىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، 多览葛 قەبىلىسىنى تېلې تەركىبىدىكى ئون بەش قەبىلىنىڭ قاتارىدا كۆرسەتتىدۇ ۋە بۇ نامنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى «telangut» دەپ بېرىدۇ.[①]

ئەندۇجيەنفۇ ئەپەندى «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە، ئۇيغۇرلار (回纥) ئاساسىي كۆچ ياكى بىردىنبىر يېتەكچى كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋردە تېلې قەبىلىلىرى تەركىبىدىكى ئون بەش قەبىلىنىڭ ئىچىدە 多览葛 قەبىلىسىنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە بۇ نامنى 促隆忽 tsülunɣ—ɣu بولسا كېرەك، دەيدۇ[②].

ماچاڭشۇ ئەپەندى 葛 نىڭ قايسى قەبىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمىگەن. خەنزۇچە خەتكە ئاساسەن بۇنى قارلۇق قەبىلىسىگە چۈشۈرۈشمۇ مۇمكىن.

سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى بىلەن ليۇ يىتاڭ ئەپەندىلەرنىڭ قارىشى بويىچە بىر قەبىلە دەپ ھېسابلىغاندا، ئاخىرقى (get)[③] نى يىلتىزنىڭ تۈگەنچى تاۋۇشى [η] بىلەن قەدىمكى تۈركىي تىللاردا قوللىنىلغان كۆپلۈك قوشۇمچىسى «it» نىڭ بىرىكمىسى دەپ قاراشقا ۋە قالغان dolang//tolang دېگەن يىلتىزلارنى dolan دېگەن ئىسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا تامامەن بولىدۇ. شۇنىڭدەك، سېن جۇڭمىيەن ئەپەندىنىڭ دوساننىڭ تارىخىدىن كەلتۈرگەن نەقىللىرى ئاساسىدا لەرنىڭ ئايرىم 帖良克特 بىلەن 多览葛 ـ ئايرىم خەلق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ياشىغان جايلىرىنىڭمۇ باشقا ـ باشقا (ئالدىنقىسىنىڭ بايقالنىڭ جەنۇبى، ئولانباتۇرنىڭ شىمالىدا، كېيىنكىسىنىڭ بايقالنىڭ غەربىدە) ئىكەنلىكىنى، بۇگۈنكى تېلېئۇن، تېلېنگىتلەرنىڭ كېيىنكىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن.

ھەممىدىن مۇھىمى، سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى «كىتابلار جەۋھىرى» (« 册府元龟 ») دىن كەلتۈرگەن نەقىل بولۇپ، بۇنىڭدا مۇنداق

---

① ليۇيستاڧ : «ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقات» تەيۋەن جىڭجولڧ كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرى، مەزكۇر ئەسەر، 79 ـ ، 84ـ بەتلەر.

② ئەندۇجيەنفۇ : «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 8 ـ بەت.

③ قاراڭ : كارلگرېن «خەنزۇچە ـ ياپونچە لۇغەت» ، 55 ـ بەت. بۇ يەردە 葛 خېتىنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «kat» گۇاڭدۇڭ دىئالېكتىدا، «kot» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

دېيىلگەن : «لۇڭ شو ( 龙朔 ) نىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 662 - يىلى ) جېن رېنتەي بىلەن شۆرېنگۈي قاتارلىقلار تېلې قەبىلىلىرىنى تەڭرىتاغدا تارمار قىلدى . بۇ چاغدا تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدە ئىسكىت ( 思结 ) ۋە دولانغىت ( 多览葛 ) قەبىلىلىرى بولۇپ ، تەڭرىتاغنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغانىدى» .[①]

بۇ مەلۇمات بىزنىڭ دولانلار ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە بۇ ھەقتىكى پەرەزلىرىمىزنى ئەمەلىيەت بىلەن يېقىنلاشتۇرىدۇ .

بۇلاردىن باشقا ، دولان ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ قەدىمىيلىكى توغرىسىدا گۇباۋ ئەپەندى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» (مۇزىكا قىسمى ) دىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ : «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئون ئالتە ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىچىدە 醉胡腾队 ئۆمىكى (بۇلار قىزىل تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ ، كۈمۈش كەمەر باغلايدۇ . كىگىز قالپاق كىيىدۇ ) ، 玉免浑脱队 ئۆمىكى (بۇلار رەڭدار تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ ، كۈمۈش كەمەر باغلايدۇ ، ئاق توشقان تېرىسىدىن تەلپەك كىيىدۇ ) ، بۈركۈت ئاتار ئۇيغۇر ئۆمىكى ( 射雕回鹘队 ) (بۇلار تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ ، كۈمۈش كەمەر باغلايدۇ ، بۈركۈت ئېتىۋاتقان قىياپەتتە تۇرىدۇ ) قاتارلىق ئۈچ ئۆمەك بولۇپ ، بۇ ئۆمەكلەر ئورۇندىغان ئۇسسۇللارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى شىنجاڭ ئۇسسۇللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان . ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى ، بۈگۈنكى شىنجاڭ مەكىت ناھىيىسى ئەتراپىدىكى دولان ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكىتى ئاددىي ۋە سالماقلىق بولۇپ ، يەنىلا بۈركۈت ئېتىۋاتقان قىياپەتنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ»[②] .

گۇباۋ ئەپەندىنىڭ كەلتۈرگەن نەقىل ۋە مۇلاھىزىلىرىدىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇسسۇل ئۆمەكلىرى ئورۇنلىغان ئۇسسۇللار شىنجاڭ ئۇسسۇللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان . بۇ ئۇسسۇللار ئىچىدە بۈركۈت ئېتىۋاتقان قىياپەتتىكى دولان

① سىبىن جۇڭمېيەن ئەپەندى ، «ئومۇمىي تۈركۈت تارىخى» ، 1080 - بەت .
② قاراڭ : «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» ، 9 - سان ، 1979 - يىل 11 - ئاي ، (گۇباۋ : «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە قەدىمكى جەمئىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1986 - يىلى ، خەنزۇچە نەشرى ، 32 - ، 33 - بەتلەر )

ئۇسۇلىمۇ بولغان.

ئېيتىش مۇمكىنكى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇسسۇل ئۆمەكلىرى ئورۇنلىغان دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئىگىلىرى 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەڭرىتاغنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان 多览葛 (دولانغىت) لاردۇر.

هازىرقى دولان مۇزىكىسى ۋە دولان ئۇسسۇلىنىمۇ ئاتىلىشى ۋە ئورۇندىلىشى جەھەتتىن هەرگىز موڭغۇل سىستېمىسىغا ياتقۇزغىلى بولمايدۇ.

تارىم شېۋىسىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، مەسىلەن، تارىم شېۋىسىدىكى [α] تاۋۇشى ياكى مۇشۇ تاۋۇش كەلگەن بوغۇمنىڭ چۈشۈپ قېلىشى — mozay< buzaqu ئەمەس، بەلكى mozo (y) موزاي، x//s نۆۋەتلىشىشى — (qaxkan) ياكى saqkan ئەمەس، بەلكى xaxKan : بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇملىرىدا قالدۇق سۈپىتىدە بولسىمۇ [u]، [0] لەرنىڭ كېلىشى (مەسىلەن، nogoy— قاپاق چۆمـۈچ، — kusuy كـۆسـەي، — yogon يوغان، — yatal يۆتەل، — bojan بۆجەن) ئۇنىڭ ن. ئا. باسكاكوف كلاسسىفىكاتسىيىسىدە تۈركىي تىللارنىڭ ئۇيغۇر ئوغۇز گۇرۇپپىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ۋە ياقۇت تارماق گۇرۇپپىسىدىكى تىللارغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ[1].

شۇڭا، تارىم شېۋىسىنى تارىخىي جەھەتتىن ياقۇت تىلىنىڭ «دولغان» دىئالېكتى بىلەن، دولانلارنى شۇ دولغانلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى، [q] تاۋۇشى ۋە بۇ تاۋۇش كەلگەن بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ياقۇت تىلىدىمۇ بار[2].

مۇنداق پەرەز ئە. ر. تېنىشېفنىڭ ياقۇت تىلى توغرىسىدا توختالغىنىدا «ياقۇتلار جەنۇبتىن كەلگەن»[3] دېگەن قارىشىغا مۇۋاپىقلىشىدۇ.

دولانلارنىڭ تارىم ۋادىسىدا خېلى قەدىمدىن مەۋجۇت بولۇپ تۇر-

---

① قارالڭ: ن. ئا. باسكاكوف، يۇقىرىقى ئەسەر، 339 — 354 ـ بەتلەر.

② قارالڭ: ئە. ر. تېنىشېف، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا كىرىش»، خەنزۇچە تەرجىمە، 267 ـ، 273 ـ، 278 ـ بەتلەردىكى byar ـ بېغىر، tuora ـ توغرا، — suon يوغان، oqol ـ ئوغۇل قاتارلىق سۆزلەر، 1982 ـ يىل، بېيجىڭ.

③ قارالڭ: ئە. ر. تېنىشېف، مەزكۇر ئەسەر، 259 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



غان بىر خەلق ئىكەنلىكىگە ئائىت يەنە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، ئا . م . شېرباك ئۆزىنىڭ «Ⅲ — XⅢ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ يېزىق يادىكارلىقلىرىنىڭ گرامماتىكىسى» دېگەن ئەسىرىدە ئا . گاباﺋىنىڭ براخما يېزىقىدا يېزىلغان بىر دىئالېكتتا سۆزنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بوغۇملىرىدىمۇ [o] ، [θ] تاۋۇشلىرى كەلگەنلىكىنى (مەسىلەن، — ololor ئولتۇرىدۇ . — olorop ئولتۇرۇپ) بايقىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ①.

براخما يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەر كۆپىنچە كۇچا، بارچۇق (توققۇز ساراي) ۋە خوتەنلەردىن تېپىلغان. شۇڭا دولانلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ۋە سارىقىندى ھالەتتىكى تىل ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، تارىختىكى بۇ دىئالېكتنى ھازىرقى تارىم شېۋىسى دەپ ھېسابلاش مۇمكىن، ھازىرقى تارىم شېۋىسى ئەينى زاماندا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى كۈچلۈك دىئالېكت بولغان دېيىش مۇمكىن.

يىغىپ ئېيتقاندا، بىز گەرچە تېخى قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە بولمىسىمۇ، يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلار ۋە تىل پاكىتلىرى ئاساسىدا ھازىرقى دولان ئۇيغۇرلىرىنى «تاڭنامە» دە تىلغا ئېلىنغان 多兰葛 ياكى 多览葛 قەبىلىسىنىڭ ئۆزى، ئۇلار ھازىرقى ياقۇتلارنىڭ دولغان دىئالېكتىدا سۆزلىشىدىغانلار بىلەن تارىخىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتتە بولغان دەپ قارايمىز. سىر - تاردۇشلار ھاكىمىيىتى يىقىلغاندىن كېيىن، دولانلار (دولانغىت) نىڭ ئاساسىي قىسمى ئاۋۋال تەڭرىتاغدا، ئاندىن ئاستا - ئاستا ھازىرقى مۇنبەت زېمىندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان، خالاس.

2 . 1988 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى گۇەن يۇېي «مۇزىكا مىللەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن 'دولان' ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىسى ھەققىدە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ:

(1) مىلادىيە 7 - ئەسىردە، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 15 قەبىلىسى ئىچىدىكى «دولانگىت» لار ئۇلارنىڭ ئىد-

① قاراڭ: ئا . م . شېرباك، مەزكۇر ئەسەر، 1 - باب، فونېتىكا قىسمى، [o] ، [ф] سوزۇق تاۋۇشلىرىغا بېرىلگەن ئىزاھات.

چىدىكى چوڭ قەبىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

(2) «دولان» (Dolan ، 多滥) «دولانگىت» (Dolang ، 多览葛) بىلەن ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى «دولان» (Dolan ، 多兰) ، (Dolang ، 多郎) ئەسلىدىن بىر سۆز ، خەنزۇچە تەلەپپۇز ئوخشاش ، پەقەت ئىشلىتىلگەن خەتتە پەرق بار . شىنجاڭنىڭ مەكىت ، ئاۋات ، شايار قاتارلىق جايلىرىدىكى دولانلارنىڭ ئەسلىي قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتىكى توغلا دەرياسى بويىدا ئولتۇراقلاشقان دولانلار (多览葛,多滥) ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ .

(3) مىلادىيە 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ، بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ ، دولانلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كەلدى . يېقىنقى زاماندىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ، ئۇلار يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقىنى تەشكىل قىلدى ① .

بۇ ئىككى ئالىمنىڭ قاراشلىرىغا تولۇقلىما قىلغان ۋە كۆچەيتكەن ھالدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تۈزگەن لىۋ ۋېيشىڭ باش مۇھەررىرلىكىدىكى «شىنجاڭ مىللەتلەر لۇغىتى» بىلەن «غەربىي شىمال مىللەتلەر لۇغىتى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ : «دولانگېتلار (多兰葛) تېلىلارنىڭ بىر قەبىلىسى . يەنە 多腊葛 ، 多澜 ، 多览葛 دەپمۇ يېزىلىدۇ . سۇي ، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ، ئۇلار شەرق ، غەرب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن . شەرقىي قىسىمدىكىلەر توغلا دەرياسى (ھازىرقى موڭغۇل ئېگىزلىكى توغلا دەرياسى) بويىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان ، ئادەم سانى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ ، ئون مىڭدىن ئارتۇق تۈتۈنى بولغان . ئاۋۋال تۈرك قاغانلىقىغا قارىغان ، كېيىن سىر - تاردۇش قاغانلىقىغا قارىغان . سىر - تاردۇش قاغانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ، دولانلارنىڭ باشلىقى ئېركىن دولانگېت تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ تەۋەلىك بىلدۈرگەن . تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ يېرىدە يەنرەن تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلغان . ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ، يەنە ئۇنىڭ ئوغلى «دولان

① گۇەن يىۋى : «مۇزىكا مىللەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ‹دولان› ، ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىسى ھەققىدە ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» خەنزۇچە ، 1988 - يىل 5 - سان ، 21 - بەت ؛ «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى ، 2004 - يىل 4 - ئاي ، خەنزۇچە نەشرى . 7 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ساي بەگ» ، ( 多滥葛匐 ) بۈيۈك ئىلتەبىر ئۇنۋاننى ئىلىپ يەنىمۇ تۇتۇقى بولغان . ئۇيغۇر قاغانلىقى كۆچەيگەن چاغدا ، ئۇ يەنە ئۇيغۇر قاغانلىقىغا بېقىنغان . غەربىي قىسمىدىكى دولانگىتلار قاراشەھەرنىڭ غەربى ۋە بايىنبۇلاق يايلىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان . ئاۋۋال غەربىي تۈركلەرگە ، كېيىن تاڭ سۇلالىسىگە قارىغان . ئۇيغۇر قاغانلىقى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، يەنە ئۇيغۇر قاغانلىقىغا قارىغان . موڭغۇل ئىگىزلىكىدىكى دولانگىتلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە دولان ( 多兰,多浪 ) دەپ ئاتالغان ، بايىنبۇلاق يايلىقىدىن جەنۇبقا كۆچۈپ شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ ، قاراشەھەر قاتارلىق جايلىرىغا كېلىپ ، تەدرىجىي كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈپ ، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن[①] .

دولانلار ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى ، دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى ھەققىدە ئون نەچچە يىل ئىزدەنگەن ۋە بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ياش تەتقىقاتچى ئۆمەرجان ئىمىن ( «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى ، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ) «دولانلار — ئۇيغۇرلاردۇر» دېگەن قاراشنى ياقىلاپ ، دولانلارنى موڭغۇل ، قىرغىز قاتارلىقلارغا باغلاپ چۈشەندۈرگەن قاراشلارنى ئىلمىي پاكىتلار بىلەن رەت قىلدى ھەم دولانلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ياندىشىپ ، ئۇلارنىڭ كۆز قاراش ، تەتقىقاتىنىڭ ماتېرىيال مەنبەسىنى بېيىتتى . بۇ ھەقتە ئۇ «دولان ۋە دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى توغرىسىدا» [②] ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ:[③]

دولانگىت ( 多览葛 ) لار خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا يەنە دولاگې ( 多腊葛 ) ، دەي لاگې ( 腊葛 ) دەپمۇ خاتىرىلەنگەن . بۇ ئورخۇن تۈرك ئابىدىلىرىدە taLawgut ، پارس تارىخچىسى راشىدىن

---

① «شىنجاڭ مىللەتلەر لۇغىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995 - يىل 10 - ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ، 73 - بەت . «غەربىي شىمال مىللەتلەر لۇغىتى» 164 - بەت .

② ئۆمەرجان ئىمىن : «دولان ۋە دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، 1989 - يىل 3 - ، 4 - سانلار .

③ ئاپتورنىڭ كۆز قارىشى ۋە ئوتتۇرىغا قويغان ماتېرىيال مەنبەلىرى تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلىندى . بىراق تېكىست ئىچىدىكى ئالدىنقىلار ئوتتۇرىغا قويغان ، تەكرار بولۇپ قالغان مەزمۇن ، مەنبەلەر قىسقارتىلدى .

(Rashdi — dinfadlallah) نىڭ «تارىخنامە» (史集) سىدە telengut دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان[1] .

«يېڭى تاڭنامە» دە : «دولانگىت (多览葛) يەنە دولان (多葛) مۇ دېيىلىدۇ . ئۇلار سىر ـ تاردۇشلار (薛延陀) نىڭ شەرقىدە توغرا دەرياسى بويىدا ياشايدۇ» دېيىلگەن[2] .

«قامۇسنامە» (通典) دە : «دولانگىت — تېلى قەبىلىلىرىدىن بىرى . ئۇلار سىر ـ تاردۇشلارنىڭ شەرقىدە ، توغرا دەرياسى بويىدا ياشايدۇ . خىللانغان 10 مىڭ ئەسكىرى بولۇپ ، قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ باقمىغان» دېيىلگەن .

«تىنچ جاھان خاتىرىسى» (太平寰宇记) دە : «دولانگىتلار سىر ـ تاردۇشلارنىڭ شەرقىدە ، توغرا دەرياسىغا يېقىن جايدا ، خىللانغان 10 مىڭ ئەسكىرى بولۇپ ، قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ باقمىغان» دېيىلگەن .

«كىتابلار جەۋھىرى : (册府元龟) دە : دولانگىت (多腊葛) ، دولاگې (多滥葛) دەپ خاتىرىلەنگەن ھەم دولانگىتلارنىڭ جېنگۇەننىڭ 20 ـ يىلىدىن باشلاپ جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا باشلىغانلىقى خاتىرىلەنگەن[3] .

سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى يۇقىرىقى خاتىرىلەرگە ئاساسەن دولانگىتلارنىڭ قورۇم (ھازىرقى ئۇلانباتوردا) ، كېنت تاغلىرى ئارىسىدا ياشايدىغانلىقىنى يازىدۇ[4] .

«ئومۇمىي تەزكىرە — ‹通志› دە ‹دولان› (多兰) كېيىنكى ۋېيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ‹دولان› قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ، ئۇ قەبىلە نامىنى ئۆز فامىلىسى ئورنىدا قوللانغان» دېيىلگەن[5] .

«جۇڭگونىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىسىم ـ فامىلە لۇغىتى» (中国古今姓氏辞典) ۋە «جۇڭگو ئىسىم ـ فامىلە قامۇسى» (中国姓氏大典) دىمۇ : «دولان (多兰) — شىمالىي يايلاقتا

---

① «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ، (ئىچكى سان) خەنزۇچە ، 1985 ـ يىل 2 ـ سان ، 33 ـ بەت . («دولانگىت» ماددىسى) .
② «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، 1989 ـ يىلى 3 ـ سان ، 63 ـ بەتتىكى نەقىل .
③ «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» (ئىچكى سان ، خەنزۇچە) 1985 ـ يىل 2 ـ سان 33 ـ بەت .
④ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، 1989 ـ يىلى 3 ـ سان . 63 ـ بەت .
⑤ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، 1989 ـ يىلى 3 ـ سان . 63 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياشىغان قەدىمكى قەبىلە ، كېيىنكى ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەز-
گىلىدە ئۆتكەن دولان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامىنى
ئۆزىگە فامىلە قىلغان . ھازىر بۇنداق ئادەت يوق » دېيىلگەن[①] .

رۇسىيە تارىخچىسى پۇتاپوف «جەنۇبىي ئالتاي خەلقلىرىنىڭ كې-
لىپ چىقىشى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە «دولانگىت ( 多滥葛 )
بولسا دولان ( 多览 ) نىڭ كۆپلۈك شەكلىدىكى يېزىلىشى»[②] دەپ
قارايدۇ .

فرانسىيە تارىخچىسى خامىلتون ( hamletan) ئۆزىنىڭ «بەش
دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار » ناملىق كىتابىدا «دو-
لانگىت» نىڭ «دولان» دەپمۇ يېزىلغانلىقىنى ، «گىت» ، ( 葛 )
خېتىنىڭ كۆپلۈك مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى يازىدۇ . ھەم فرانسى-
يە تارىخچىسى پېللىئوت ( pelliot) نىڭ «ئالتۇن ئوردا خاتىرىلىرى»
ناملىق كىتابىدا ۋە شاۋانىس ( chawans) نىڭ «غەربىي تۈرك تارىخ
ماتېرىياللىرى» ناملىق كىتابىدىمۇ يۇقىرىقى قاراش ئوتتۇرىغا قويۇل-
غانلىقىنى ئىزاھلايدۇ[③] .

ئېنىقكى ، ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە دىڭلىڭ قەبىلىلىرى قاتارىدا
«دولان» ( 多兰 ) قەبىلىسى بولغان . تېلېلار دەۋرىدە بۇ قەبىلە
دولانگىت ( 多览葛 ) ، دولان ( 多览、多滥 ) دېگەندەك ناملاردا
ئاتالغان . بۇ قەبىلە نامىلىرى ھازىرقى دولانلارنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى
بىلەن ئوخشاش . شۇڭا قەدىمكى دەۋردە شىمالىي يايلاق سىياسىي
سەھنىسىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى دىڭلىڭ ، تېلې قەبىلىلىرى
بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇيغۇر ئىتتىپاقىدىكى
15 قەبىلىنىڭ بىرى دولانگىت ( 多览葛 ) قەبىلىسى ئىدى . بىز
مۇشۇ دولانگىتلارنى ھازىرقى دولانلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى دەپ قا-
رايمىز .[④]

دولانلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بىرى «دولانگىت»
لار ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلارنى قوللىغان ھەم ئۆز ئەسەرلىرىدە

---

① «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، 1989 ـ يىل 3 ـ سان ، 63 ـ بەت .
② «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمە ماقالىلەر توپلىمى (خەنزۇچە ) 1959 ـ يىل نەشرى ، 98 ـ بەت ( «شىنجاڭ سەنئىتى» 1989 ـ يىل 3 ـ سان ، 64 ـ بەتتىكى نەقىل ) .
③ خامىلتون : «بەش دەۋر ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار » خەنزۇچە نەشرى ، 2 ـ بەت .
④ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، 1989 ـ يىل 3 ـ سان ، 64 ـ بەت .

ئۇ ھەقتىكى بايانلارنى تولۇقلاپ بېيتىپ شەرھلىگەن تەتقىقاتچىلاردىن ئەمەتجان ئەخمىدى («ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا») [①] ، مۇتەللىپ سېيىت («دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى») [②] لارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. (بۇ كۆز قاراشلار ۋە مەزمۇنلارنىڭ تەكرارلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى، كۆرسەتكەن مەنبەلىرى تىلغا ئېلىنمىدى).

ھالبۇكى، دولانلار ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن، دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە يۇقىرىدىكىگە ئوخشىمايدىغان، يەنى ئۇيغۇر دولانلىرىنى «دولانگىت» لارغا باغلاشقا قوشۇلمايدىغان يەنە بىر خىل قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەكىل خاراكتېردىكىلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى مياۋ پۇشېڭ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:

بەزى ئالىملار «دولان» سۆزىنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ دولانغىت قەبىلىسىنىڭ نامىنىڭ ئوقۇلۇشىغا يېقىن كېلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، دولانلار دولانغىتلارنىڭ ئەۋلادى دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

دولانغىتلار دەسلەپتە تېلېلارنىڭ 15 قەبىلىسىنىڭ بىرى ئىدى. كېيىن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوۋمى بولغان.

«تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: دولانغىت سىر ـ تاردۇشلار زېمىنىنىڭ شەرقىگە، توگرا دەرياسى بويىغا جايلاشقان. 10 مىڭ سەرخىل ئەسكىرى بار. سىر ـ تاردۇشلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاقساقىلى ئېركىن دولانغىتمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە بەيئەت قىلدى. ئۇنىڭ زېمىنى يەنرەن تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنىڭ دائىرىسىدە بولدى. ئېركىن دولانغىتقا سول قاناتنى قوغدىغۇچى بۈيۈك سانغۇن، يەنى تۇتۇق دېگەن ئۇنۋان ئىنئام قىلىندى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن دولان ساقبەگ بۈيۈك

---

① ئەمەتجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى.

② مۇتەللىپ سىيىت قاتارلىقلار: «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» (2) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېلتەبىر بولۇپ، تۇتۇقلۇققا ۋارىس بولدى.

تونگرا دەرياسى يەنى تولا دەرياسى بوگونكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىنىدا، «دولانغىت» «تونگرا دەرياسى بويىغا جايلاشقان» دېگەن مەلۇمات دولانغىتلارنىڭ تولا دەرياسى بويلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سىر - تاردۇش خانلىقى گۇمران بولغاندىن كېيىن، تېلې قەبىلىلىرى بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمەتى جېنگۇەننىڭ 21 - يىلى (647 - يىلى) ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماق تەسىس قىلغان. ئۇنىڭ بىرى دولانغىتلار كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلغان زېمىندا قۇرۇلغان يەنىرەن تۇتۇق مەھكىمىسى ئىدى. لېكىن بەزى ئالىملار «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 98 - جىلدىدىكى «لۇڭشۇنىڭ 2 - يىلى (662 - يىلى) 2 - ئايدا، جېڭ رېنتەي، شۆ رېنگۈي قاتارلىقلار تەڭرىتاغدا تېلې قوۋملىرىغا زەربە بەرگەندە، تېلېلارنىڭ ئىزگىل، دولانغىت قەبىلىلىرى تەڭرىتاغنى ساقلاۋاتاتتى» دېگەن مەلۇماتنى نەقىل كەلتۈرۈپ، شۇ چاغدا دولانغىت قەبىلىسى بوگونكى شىنجاڭ دائىرىسىدىكى تەڭرىتاغ بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنىڭ بىر خىل خاتا چۈشەنچە ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەمەلىيەتتە «كىتابلار جەۋھىرى» دە ئېيتىلغان تەڭرىتاغ ئۆتۈكەن تېغىنى، يەنى بوگونكى ھانگاي تېغىنى كۆرسىتەدۇ. شۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەت توغرىسىدا «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. شۆرېنگۈي تەرجىمىھالى» دا مۇنداق دېيىلگەن:

تېلېلارنىڭ ئىزگىل، دولانغىت قاتارلىق قەبىلىلىرى ئەسلىدە تەڭرىتاغنى ساقلاپ ياتاتتى. جېڭ رېنتەي دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇلار قورقۇپ تەسلىم بولدى. جېڭ رېنتەي ئۇلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلماي، ئۇلارنى بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە ئەسىر ئېلىپ، ئەسكەرلەرگە ھەدىيە قىلىۋەتتى، ئوغرىلارنىڭ ۋەزىرى قوۋمىنى باشلاپ يىراق تامانغا قېچىپ كەتتى. بىر ئاتلىق بەگ: «ئۇلار نەرسە - كېرەك، مال - چارۋىلىرىنى دالىغا تاشلىۋەتتى. بېرىپ ئېلىۋالساڭلار بولمامدۇ؟» دېدى. رېنتەي ساۋۇت كىيگەن 14 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى تاللاپ، قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، شيەنئې دەرياسى بويىغا باردى.

يات تائىپىلەرنىڭ ئاشلىقى يوقلۇقىنى كۆرۈپ قايتىپ كەلدى.

شەنشى دەرياسى سېلىنگا دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ. جىڭ رېنتەينىڭ ئىزگىلى، دولانغىت قاتارلىق قەبىلىلەرنى قوغلاپ بۇ جايغا كەلگەنلىكى دولانغىتلارنىڭ يەنىلا موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كەيچېڭنىڭ 5 - يىلى (840 - يىلى) ئۇيغۇر خانلىقى گۇمران بولغاندىن كېيىن، قېپقالغان ئۇيغۇر قوۋملىرى ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچتى. ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى غەربكە — قارلۇققا، بىر تارمىقى ئەنشى (هازىرقى كۇچا) غا كەلدى. دەرۋەقە، بىز ماتېرىياللاردىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە دولانغىتلارنىڭ بارلىقىنى چېلىقتۇرالمايمىز. ئەكسىچە، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلاردىن دولانغىتلارنىڭ داۋاملىق تۇردە موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا يۈرگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتنى چېلىقتۇرىمىز. سىن جۇڭمەن ئەپەندى «چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جالائىرلار چارۋىچىلىق قىلغان زېمىننىڭ ئونون دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئىكەنلىكىگە قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ نامى تۇلانگې بولسا كېرەك.» بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تۇلانگېلارنى بىرمۇنچە ئالىملار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دولانغىتلار دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنداقتا، بىز دولانغىتلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ بايقال كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرەپلىرىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، بۇ جاي ئۇلارنىڭ ئەسلىدە چارۋىچىلىق قىلغان جايلىرىدىن ئانچە يىراق ئەمەس، دەپ قارايمىز.

ناۋادا بىز بىر قەدەم چېكىنىپ، دولانغىتلار ئۇيغۇر خانلىقى گۇمران بولغاندىن كېيىن باشقا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭغا كەلگەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە قەدەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە تىل ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان دەپ ھېسابلىساق، بۇمۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش. چۈنكى بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە — قارلۇقلار زېمىنىغا كەلگەن بىر تارمىقى كېيىنچە مەشھۇر قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇردى. ئەنشىگە كەلگەن تارمىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولسا ، قوچۇنىڭ ياكى شىجۇ (غەربىي ئايماق) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلاندى . ئۇلار يەرلىك خەلقلەرگە قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان مىللەت بولۇپلا قالماي ، يەنەمۇ ئىلگىرىلەپ يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرىنى شەكىللەندۈردى .

شۇڭا ، دولان سۆزىنىڭ تەلەپپۇزى دولانغىت ، تالانغۇت دېگەن ناملارنىڭ ئوقۇلۇشىغا يېقىن كېلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ، دولانلىقلار دولانغىتلاردىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش زورمۇ زور چىقىرىلغان يەكۈن بولسا كېرەك ، دەپ ھېسابلايمەن① .

2 . شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ، مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ :

ھازىرغىچە «دولان مۇقامى» قەدىمكى تېلې قەبىلىلىرى تەركىبىدە يۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيا ، جەنۇب - غەرب سىبىرىيە ۋە قىپچاق دەشتىگە تارقالغان كۆپلىگەن خەلقلەردىن بولغان تېلەنغۇت قەبىلىسى بىلەن ئىزاھلاندى . بۇ قەبىلىنىڭ «تىلەن» ئىبارىسى «دولان» ئىبارىسىگە يېقىن تەلەپپۇز قىلىنىغانلىقى ، ئۇنىڭ قاچان ۋە قانداقتۇر تارىم بويىغا يۆتكەلگەنلىكى دېگەن ئابستراكت قىياسى سەكرەتمە بىلەن «دولان مۇقامى» نى ئىزاھلاشقا ئېلىپ كەلدى . بۇ ئۆزىنىڭ قەدىمكى تارىخىنى ئۇنتۇغان XIV — XV ئەسىر ئۇيغۇر مۇئەللىپلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى نوھ ۋە چىڭگىزخاندىن باشلىغانلىقىغا ئوخشاپ قالدى . نەتىجىدە «دولان مۇقامى» قەدىمكى غەربىي دىيار نەغمە - ناۋا تىزمىلىرى — «ماھادور» ، «ئۇدۇن نەغمىسى» ، «سۇلې نەغمىسى» ، «كۈسەن نەغمىسى» ، «قوچۇ نەغمىسى» قاتارلىقلاردىن ئايرىلغان ، كېيىن قوشۇلغان مۇزىكىلىق گەۋدە دېگەن قاراش ئاسارىتىگە كىرىپ قالدى . دولانلىقلار باشقا ئېتنىك گەۋدە سۈپىتىدە قارىلىدىغانمۇ بولدى② . ھەتتا ، دولانلىقلار باشقا ئېتنىك گەۋدە ، ھەتتا مۇقام — لاد سىستېمىسىغا ئىگە بولمىغان باشقا تۈركىي ، باشقا موڭغۇل قەبىلىسى

① مىياۋ پۇشىڭ : «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دولان ئۇيغۇرلىرى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، (ئۇيغۇرچە) 1990 - يىل 1 - سان ، 127 - ، 129 - بەتلەر .

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «دولان - قومۇل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىزداشلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1998 - يىل 3 - يىل 27 - بەت .

دېگەن قاراشمۇ شەكىللەندى . بۇ خىل مۇھاكىمە مۇئەللىپلىرى تۆ-
لۈس ، تىلەنغۇت ، موڭغۇل قەبىلىلىرى ۋە خەلقلىرىدە ئارى- ساك-
ئۇيغۇر ئېتنىك تۈركۈمىنىڭ بوستان مەدەنىيىتىگە خاس مۇقام فولك-
لورىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ـ بولماسلىقىنىمۇ دىققەت ـ ئېتىبارغا
ئالمىدى① . بۇ خىل قاراشتىكىلەر دولانلارنى «سوڭنامە» ، «تاڭنا-
مە» دە تىلغا ئېلىنغان تېلې قەبىلىلىرى تەركىبىدىكى « 多贤葛 »
(دولەنگې ) قەبىلىسىگە تەڭلەشتۈرىدۇ . «دولەنگې» قەبىلىسىنى دو-
سان «Tolangit» دەپ ، ليۇيىتاڭ «Telangut» دەپ تەلەپپۇز قىلى-
دۇ . ئېيتىش كېرەككى ، بۇ تۆلەنغۇت (تىلەنغۇت ) قەبىلىلىرى نامى
«توققۇز ئۇيغۇر ئابىدىسى» دە ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەركىبىدە ،
ئىدىقۇت خانلىقى تەركىبىدىكى قەبىلىلەر قاتارىدا (بۇ ھەقتە ۋاڭ
يەندى ئېنىق ئۇچۇر قالدۇرغانىدى ) ، «بەش دەۋر (907 — 960 )
دىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت خاتىرىلەر» دە ، قاراخانىيلارغا ئائىت مەنبە-
لەردە ئۇچرىمايدۇ .

ئېيتىش كېرەككى ، «دولان» دېگەن نام چىڭ سۇلالىسى چيەن-
لۇڭ دەۋرىدىكى بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجا جاھان ئەرشى ئارىسى-
دىكى زىددىيەتلەرگە ئائىت ھاكىمىيەت خاتىرىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان .
ئۇنىڭدا كېيىنكى تارىخىي قاتلامدا مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزىگە
تەسلىم قىلدۇرۇلغان دولان بەگلىرى باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم دولان-
لارنى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار كۆتۈرگەن ئىسيانىنى باستۇرۇشقا
ئەۋەتكەنلىكى كۆرسىتىلگەن . بۇ پەقەت كورلا ـ بۈگۈر ـ لوپ دولان-
لىرىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق يەكەن (دولان ) دەرياسى ۋادىسىغا يۆت-
كىلىشى بولۇپ ، تىلەنغۇتلار بىلەن ئالاقىسى يوق .

ئاكادېمىك مالوف 1861 ـ يىلى غەربىي ئالتاي تاغلىرىدىكى
خاكاس قىرغىزلىرى بىلەن (جۈملىدىن رۇسلار بىلەن ) ئارىلىشىپ
ياشاۋاتقان تىلەۋۇت (تىلەنغۇت ) خەلقىنىڭ ئېتنوگرافىك ئەھۋالىنى
تەكشۈردى ۋە كېيىنچە مالوفنىڭ «سىبىرىيىدىن» ناملىق كىتابىغا
بۇ مەخسۇس تەكشۈرۈشتىن يازغان دوكلاتى كىرگۈزۈلدى . بۇ مەلۇ-

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىيا-
تى ، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى ، 296 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com



ماتقا كۆرە: تىلەنغۇتلار بارناۋۇل شەھىرىنىڭ شەرقى، مىنۇسىنىك شەھىرىنىڭ غەربى، قۇرۇق ئاغاچىنىڭ شىمالىدىكى ئۈچ بولۇڭدا، يەنسەي - ئوب دەريالىرىنىڭ باش ئېقىنلىرى ئارىلىقىدىكى تىلەۋۇت كۆلى ئەتراپىدا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ شەرقى ئاباغان، شەرقىي جەنۇبى قىزىل شەھەرلىرى بولۇپ، دەل ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىكى 88 - مېرىدىئاندىكى تىلەۋۇت كۆلى ئەتراپىدىكى چولىكمان، سارىكۆكشا، لېبىدو دەريالىرى ئۇلارنى ئورمان - دەريا خاراكتېرىگە ماسلاشتۇرغان. ئۇلار تارىخىي جەھەتتە توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەس، بەلكى تېلې - تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ شىمالىي ئالتاي - غەربىي سىبىر تارمىقىغا مەنسۇپ بولۇشى بىلەن ئېتنوگرافىك - فولكلورچىلىق ئالامەتلىرى جەھەتتىن لوپ - بۇگۇر دولانلىرىدىن، ئاقسۇ دولانلىرىدىن، مارالبېشى بارچۇق دولان (قارا دولان) لىرىدىن، مەكىت قارا دولان، موغال دولان، تاسقىما دولانلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. مەھمۇت قەشقەرىمۇ ئۇيغۇر - ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا كىرمىگەن قىپچاق تىلەنغۇتلىرى تىللىرى ئۈستىدە توختالمىغانىدى①.

دولانلارنى قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن «دولانگىت» لارغا باغلاشقا قارىتا باشقىچە كۆز قاراشتا بولغان ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ يۇقىرىدىكى قاراشلىرى دولانلار ھەققىدە ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن يېڭى ئىلھام بولدى. بولۇپمۇ، بىر ئۆمۈر ۋاقتى دولان ۋە دولان مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان تەتقىقاتچى مۇھەممەت ئوسمان ئەپەندىنىڭ دولانلارنى باشقا بىر قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىسىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا، دولان تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ئوخشىمىغان نۇقتا، ئوخشىمىغان مەنبەلەر ئاساسىدا كۆپ قىرلىق تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈردى. مۇشۇنىڭ بىلەن دولانلارنى باشقا ئۇيغۇر - ئوغۇز قەبىلىلىرىگە باغلايدىغان بىر قىسىم يېڭى قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى.

1. ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىدىكى دولان مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى مۇھەممەت ئوسمان ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىل 4 - ئاي نەشرى، 294 -، 295 - بەتلەر.

«دولانلىق» لار مىلادىيە 480 - يىللاردا تەختكە چىققان جۇجان خانى دولۇن دەۋرىدە — جۇجانلاردا پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىپ دۆلىتى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، قەبىلىلىرى تارقىلىپ كەتكەن چاغدا دولۇن-دىن يۈز ئۆرۈپ، بۆلۈنۈپ چىققان ئېگىز قاڭقىللارنىڭ بۈركلى قەبىلىسىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. «جۇجانلار ئەسلىدە سىيانپىيلارنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، توقباتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى». جۇجان دې-گەن نام 4 - ئەسىرنىڭ بېشىدا مەيدانغا كەلدى. ئېگىز قاڭقىللارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى جۇجانلارنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشىشاتتى. جۇجان-لار دەسلەپتە ئېگىز قاڭقىللارغا تايىنىش، كېيىن ئۇلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئارقىلىق قۇدرەت تېپىپ، مىلادىيە 402 - يىلى جۇجان دۆلىتىنى قۇرۇپ، موڭغۇل دالاسىدا ھون، سىيانپىيلاردىن كېيىن كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ يەنە بىر قۇدرەتلىك ھاكىمىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

جۇجانلارنىڭ باشلىقى سەللان 402 - يىلى ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغاندىن باشلاپ 555 - يىلى تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغانغا قەدەر، جۇجانلار موڭغۇل دالاسىنى بىر يېرىم ئەسىر باشقۇردى. 460- يىلى تۇرپان ئويمانلىقى پۈتۈنلەي جۇجانلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى.

«مىلادىيە 480 - يىللار داۋامىدا دولۇن خانلىققا ئولتۇرغاندىن كېيىن، جۇجان خانلىقى ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئىچىدىكى ئۆزئارا پېتنىشماسلىق تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋە يۇتۇۋېتىش دەرىجىسىگە يەتتى. دۆلىتى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، قەبى-لىلىرى تاراپ كەتتى. ھەممىدىن ئاۋۋال ئېگىز قاڭقىللارنىڭ بۈركلى قەبىلىسى قوزغىلاڭ كۆتۈردى».

488 - يىل قاڭقىللار بۈركلى قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاۋۇزلۇ بىلەن ئىنىسى چۇڭچى قاڭقىللارنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق قوۋمىنى باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ دولۇن دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، ئېگىز قاڭقىل-لارنىڭ غەربىي شىمالىغا كۆچۈپ باردى ۋە بوگۇنكى ئۈرۈمچى، جىمى-سار ئەتراپلىرىدا ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇردى.

491 - يىلى جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، جۇجانلار تىكلىگەن ئىدىقۇت ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، بۇ قاتناش تۈگۈنىنى ئۆز كونترول-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com



لىۇقىغا ئالدى .

ئەدىقۇت جۇجانلار قولىدىن قاڭقىللارغا ئۆتكەندىن كېيىن ، ئېفتالىتلار ئەدىقۇتنى قولغا كىرگۈزۈپ جۇجانلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ غەربكە كېڭىيىشىنى چەكلەپ ، سودا يولىنىڭ راۋانلىقىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى… ئېفتالىتلار قاڭقىللار ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئېفتالىتلار قاڭقىللارنىڭ خانلىق تەختىنى تۇنجى قېتىم ئىدارە قىلدى . جۇڭچىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ، ئېفتالىتلارغا بېقىنغان ياكى جۇجانلارغا تەسلىم بولغانلاردىن باشقا ، يەنە بىر قىسىم قاڭقىللار ئۆز ئالدىغا ماكان ئىزدەپ ، كىنگىت ئەتراپىدىن كۆچۈپ ، غەربىي يول بىلەن ئاقسۇدىن ئۆتۈپ ، چوڭ يول ئۈستىدىكى بوستانلىققا — دولان يۇرتىغا يېتىپ بارغان . بۇ بوستانلىقنىڭ سۈيى مول ، توغرىقى غول ، يايلىقى كەڭ ، يەرلىرى مۇنبەت ، ئوتۇنى بار ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ جاي يولۇچىلار كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئۆتكەل ، چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق ، ئوۋچىلىققا باب كېلىدىغان ياخشى ماكان ئىدى .

قاڭقىللار دولان يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن ماكانلىشىپ ، يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن . ئۇلار ئېفتالىتلارنىڭ زەربىسىدە چارۋىلاردىن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن ، چارۋىچىلىق قىلالماي دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولغان .

كۆچمەن قاڭقىللار بوستانلىقتىكى يېڭى ماكانغا كەلگەندىن كېيىن ، قوشنا رايونلارغا تونۇلغان ۋە بۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان . ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن بىر قوۋم ، تىل ، ئۆرپ - ئادەت ، دىنىي ئېتىقاد جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ ، بەزى جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى .

ئۇلار ئەزەلدىن مەدەنىيەت جەھەتتە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ، ھۈنەر - سەنئەت جەھەتلەردە بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، يېڭى جايغا كەلگەندىن كېيىن ، قوشنا خەلقلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەن . ئۇلار ئۇسسۇل - سەنئەتتە داڭق چىقارغاچقا ، قوشنا يۇرت خەلقلىرىمۇ ئۇلاردىن ئۆگىنىپ ، شۇلارنىڭ مۇقامىنى تۇۋلىغان ، شۇلارنىڭ ئۇسسۇلىنى ئوينىغان . ئۇلار ئەسلىدە دولۇننىڭ تەۋەلىكىدە بولغاچقا ،

يەرلىك قەبىلىلەر ئۇلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ دولۇننىڭ تەۋەلىكىدىن كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ ، ئۇلارنى «دولۇنلۇقلار» نىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن دولانلىقلار (دولان) دەپ تەلەپپۇز قىلىدىغان بولغان[1] .

2 . شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى لى‌شىخۇي ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ :

… مەن دولانلار ئەزەلدىن تۈركىي تىلدا سۆزلىشەتتى ، دېگەن قاراشقا قوشۇلىمەن . ئاتالمىش دولانلار «دولانگىت» لاردىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش تەلەپپۇز ھەم ئۇلارنىڭ پائالىيەت رايونىنىڭ ئورنى جەھەتتىن پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ ، دېيىشكە بولىدۇ . بىراق ، ئۇلارنىڭ ئەجدادى مەسىلىسىدە مېنىڭ باشقىچە قارىشىم بار .

… دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئوغـۇزلارنىـڭ قىنىـق (Qiniq) ئۇرۇقى ۋە ياغما (Jakma) ، بـولاق (Bulaq) ، چارۇق (tfaruq) ، قىپچاق (Qiptfaq) قاتارلىق ئۇرۇقلىرىدىن كېلىپ چىققان . قىنىق ئۇرۇقى چوڭدې (ئەخلاقمەن قاغان) دەۋرى (مىلادىيە 9 ـ ئەسىر 20 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى) دە شۇ يەرلەر (ھازىرقى دولانلار تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار) گە ئەۋەتىلگەن . قالغان قوۋملار 9 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بويى قاغان (ساداقەتمەن قاغان) تىبەتلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ ، قارلۇقلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ، قارلۇقلار بىلەن تىبەتلەرنىڭ بىرلىشىۋېلىشىدىن ساقلىنىپ ، غەربىي يۇرتنىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يەتتىسۇ ۋادىسى ھەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن يىغىپ شۇ يەرلەر (ھازىرقى دولانلار تارقىلىپ ئورۇنلاشقان رايونلار) گە ئەكىلىنگەن[2] .

## 4 . «دولانلار تۈرك» دېگەن قاراش

بۇ قاراشنى ياقىلايدىغان ئالىملار چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئانتروپولوگىيە ساھەسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ

---

① مۇھەممەت ئوسمان : «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» (1) ، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» ، 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى ، 3 — 10 ـ بەتلەر .

② لى شىخۇي : «دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ئىزدىنىش» ، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ، خەنزۇچە ، 2003 ـ يىل 3 ـ سان ، 24 — 32 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ :

چەت ئەللىك ئالىملار بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان ئاھالىلەرنىمۇ ئانتروپولوگىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان . بۇ ساھەدە كۆرۈنەرلىك خىزمەت ئىشلىگەنى ئا . ستېيىن بىلەن جويىستۇر . ئا . ستېيىن ئالدىن بىر پروگراممى تۈزۈپ ، شىنجاڭ ئاھالىلىرىنى 25 گورۇپپىغا بۆلۈپ تەكشۈرگەن ، شىنجاڭغا قوشنا رايونلاردىنمۇ 72 ئادەمنى تەكشۈرگەن . ئانتروپولوگىيە مۇتەخەسسىسى جويىس ستېيىن تەكشۈرۈپ توپلىغان ماتېرىياللار ئۈستىدە قايتىدىن ئىزدىنىپ ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭ خەلقى توغرىسىدىكى ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى 1903 ـ ، 1912 ـ ۋە 1926 ـ يىللىرى كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلدى . جويىس ستېيىن توپلىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايون خەلقلىرىنى ئانتروپولوگىيە جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك بەش تىپقا بۆلگەن :

1 ـ تىپ : تېرىسىنىڭ رەڭگى ئاق ھال رەڭلىك ، براخېكفال[①]لىقى گەۋدىلىك . بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئوتتۇرا بويلۇقتىن سەل پاكارراق . بۇرنى ئىنچىكە ، ئېگىز ، قوش بۇرۇن بىلەن تۈز بۇرۇن ئوتتۇرىسىدا ، يۈزى سوقچاق ، ئۇزۇن ، چېچىنىڭ رەڭگى قارا ، قارامتۇل ، شەكلى دولقۇنسىمان (بۇدۇرسىمان) ، بەدىنى تۈكلۈك ، كۆزىنىڭ قارىچۇقىنىڭ رەڭگى ئوتتۇرا ھال قوڭۇر كەلگەن ئىرق . بۇ ئالپىنوس ئىرقى دېيىلىدۇ .

2 ـ تىپ : تېرىسىنىڭ رەڭگى ئاق ، سەل بۇغداي ئۆڭلۈك . براخېكفاللىقى كۈچلۈك . بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئوتتۇرا بويلۇقتىن پاكارراق . بۇرنى ئادەتتە كەڭ ۋە تۈز . ياڭاق سۆڭىكى كەڭ ، چېچى قوڭۇر رەڭلىك ، لېكىن ئانچە قويۇق ئەمەس ، تۈز ئۆسكەن ، كۆزى قوي كۆزلۈك ئىرق . بۇ تۈركىي ئىرقتۇر .

3 ـ تىپ : تېرىسىنىڭ رەڭگى ئالما ئۇرۇقى رەڭ ، باش سۆڭىكى مېزوكېفاللىق[②] ، بويى ئېگىز ، بۇرنى ئىنچىكە ۋە ئېگىز . قوش

---

① براخېكفال — ئارخېئولوگىيە ئىلمىدە قوللىنىلغان خاس ئىبارە .
② مېزوكېفاللىق — ئانتروپولوگىيە ئىلمىدە قوللىنىلىدىغان خاس ئىبارە .

بۇرۇنلۇق ، يۈزى سوقىچاق ، چېچىنىڭ رەڭگى قارا ، شەكلى دولقۇن-سىمان ، كۆزى قوي كۆزلۈك كەلگەن ئىرق . بۇ ھىندى ـ ئافغان ئىرقىدۇر .

4 ـ تىپ : تېرىسىنىڭ رەڭگى ئالما ئۇرۇقى رەڭ . باش سۆڭىكى براخېكفاللىق . بويى ئوتتۇرا بويلۇقتىن سەل پاكار ، بۇرنى تۈز ۋە سەل قېلىنراق ، كەڭ ، چېچىنىڭ رەڭگى قارا ، شەكلى دولقۇنسىمان . ساقال ـ بۇرۇتلىرى شالاڭ ، كۆزى قوي كۆزلۈك كەلگەن ئىرق . بۇ تىبەت ئىرقىدۇر .

5 ـ تىپ : تېرىسىنىڭ رەڭگى سارغۇچ ، باش سۆڭىكى براخېك-فاللىق . بويى پاكارراق . بۇرنى تۈز ، قېلىنراق ياكى ئېگىزرەك . بۇرۇن تۆشۈكى سەل چوڭراق . كۆندىلەڭ شەكىلدە ، يۈزى قىسقا لېكىن كەڭ . چېچىنىڭ رەڭگى قارا ، شەكلى تۈز ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى شالاڭ (كۆسا) . كۆزى قارا كۆز . كۆزىنىڭ قارىچۇقى سوقىچاق-راق . قاپىقى روشەن يېپىق كەلگەن ئىرق . بۇ موڭغۇلئىدلار ئىرقىدۇر (جويىسنىڭ 1930 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 322 ـ بېتىگە قارالسۇن) .

يۇقىرىقى مەلۇماتلار بىلەن كەڭ ئۇچراشقان ھەمدە ئۆزىمۇ تەك-شۈرۈشلەرگە ئىشتىراك قىلغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئانترو-پولوگىيە ئالىمى ن . ن . چىباكساروف ئانتروپولوگ جويىس كۆرسەت-كەن يۇقىرىقى بەش تىپ ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ . ن . چىباكساروفنىڭ قا-رىشىچە ، جويىس كۆرسەتكەن 1 ـ تىپ (جويىسنىڭ ئۆزىنىڭ تېرمىنى بويىچە ئالغاندا ھون ئالپىنۇس ئىرقى) پامىر ـ پەرغانە ياۋروپېيىد ئىرقىنىڭ دەل ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ياۋروپا ئىرقىنىڭ پامىر ـ پەرغانە تىپى دېگەنلىكتۇر . جويىسنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تىپلار ئاي-رىمىسى كۆرسىتىلگەن 40 ـ جەدۋەلدىن مەلۇم بولۇشىچە ، مۇشۇ تىپ شىنجاڭدا يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سارىقوللۇقلار (تاجىكلار) دا ، ۋاخانلار (ۋاھانلار ياكى ۋاھلار ـ پامىرلىقلارنىڭ بىر گۇرۇپپىسى) ۋە خوتەن ، كېرىيىدىكى ئۇيغۇرلاردا ، شۇنىڭدەك ئۇلار-غا قوشنا بولغان تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلاردا

روشەن كۆرۈلىدۇ . بۇ تىپتىكى ئاھالىلەرنىڭ باش سۆڭىكى يۇمىلاق-راق ، يۈزى ئانچە چوڭ ئەمەس . چېچى يۇمشاق ، بۇدۇر ، ساقال - بۇرۇتى قويۇق . ئۇلاردا موڭغۇللارنىڭ سىياقىدىن ھېچقانداق ئەسەر يوق . جويىس كۆرسەتكەن 2 - تىپ[①] — تۇركوئىدلار . شىنجاڭدىكى بۇ تىپتىكى ئالامەتلەر يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى بويلىرىدىكى ئاھالىلەردە ، قىرغىزلاردا ۋە دولانلىقلاردا ، ئاقسۇ ھەم پەيزىۋات ئۇيغۇرلىرىدا گەۋدىلىك ئىكەن . بۇ تىپتىكى ئاھالىلەر باش سۆڭىكىنىڭ يۇمىلاقلىقى ، يۈزىنىڭ كەڭ ۋە گۆشلۈكلىكى ، چېچىنىڭ دولقۇنسىمان بولۇشى (ئەمەلىيەتتە چېچىنىڭ تۈز ۋە يۇمشاق بولۇشى) ، بىرىنچى تىپقا نىسبەتەن ئۈچلەمچى تۈك قاتلىمىنىڭ ئانچە تەرەققىي قىلمىغانلىقى ، كۆزىنىڭ ئېپىكانتۇسلۇق بولماسلىقى ، كۆزىنىڭ قوي كۆزلۈك ، ئارىلاشما كۆزلۈك ۋە كۆزىنىڭ قاپاق قېتىنىڭ چوڭ ، كۆز ئوقىنىڭ سەل - پەل قىڭغىر (قىرغىزلارنىڭ 37% ، جويىسنىڭ 1912 - يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 464 — 465 - بەتلىرىگە قارالسۇن ) لىقى قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ . شىنجاڭنىڭ شەرقىدە (قۇمۇل ، تۇرپان ۋە كورلىلاردا ) جەنۇبىي سىبىرىيە ئامىللىرىنىڭ ئارىلاشمىلىرىنى ئاسانلا كۆرۈۋشكە بولىدۇ .

جويىس كۆرسەتكەن ئۈچىنچى تىپ — ھىندى - ئافغان ئىرقىنى ياۋروپپىيىدلارنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزى تىپىغا ، كەڭ مەنىدىن ئالغاندا ، مىزودولىخوكىفاللىق[②] تىپقا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ . بۇ تىپتىكى ئاھالىلەر باش سۆڭىكىنىڭ سوقچاق بولماسلىقى (يەنى باش سۆڭىكىنىڭ كەڭلىكىنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا بولغان نىسبىتى 0.77—0.80 بولۇشى ) چاچ ، ساقال - بۇرۇتلىرىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى ، يۈزىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ، كۆز ئالمىسىنىڭ شەكلى قاتارلىق ئىرق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ياۋروپپىيىد ئىرقىغا كىرىدۇ . مەركىزىي ئاسىيادا

① جويىس ئايرىغان 2 - تىپ تۇركوئىدلار ئىرقى بولۇپ ، بۇ ئىرقنى دېنىكېر دېگەن ئالىم 1926-يىلى «تۇركلەر ئىرقى» دەپ ئاتىغان (دېنىكېرنىڭ 1926 - يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 459 - بېتىگە قارالسۇن ) ، بۇناكا دېگەن ئالىم «غەربىي ئاسىيالىقلار ئىرقى» دەپ ئاتىغان (بۇناكانىڭ 1927 - يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 40 - ، 41 - بەتلىرىگە قارالسۇن ) ، يارخو دېگەن ئالىم بولسا «جەنۇبىي سىبىرىيىلىكلەر ئىرقى» دەپ ئاتىغان (يارخونىڭ 1930 - يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 95 - ، 96 - بەتلىرىگە قارالسۇن ) . («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئۇيغۇرچە ، 1999 - يىل 4 - سان ، 76 - بەتكە قارالسۇن ) .

② مىزودولىخوكىفاللىق : ئاتروپولوگىيە ئىلمىدە قوللىنىلىدىغان خاس تېرمىن .

مۇشۇ تىپنىڭ كەڭ تارقالغان بەلۋېغى غەربىي جەنۇب رايونىدۇر.

جويس ئايرىغان 4 - تىپ — تىبەت ئىرقى دېگىنى شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا — خوتەن، نىيە ۋە لوپنۇر ئەتراپلىرىدا يولۇقىدىكەن. شىزاڭغا جايلاشقان غەربىي چياڭلار تىبەت ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي تەركىبلىرىنىڭ بىرسىدۇر. بۇ چياڭلار قەدىمكى شىنجاڭ تېررىتورىيىسىگە مىلادىيىنىڭ 1 - يىللىرى كېلىشكە باشلىغان. ئۇلار بۇ رايونغا كەلگەندىن كېيىن، مەركىزىي ئاسىيا ئېتنوسى دەپ ئاتىلىدىغان ئانتروپولوگىيىلىك تىپقا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۈچلۈك دەرىجىدە كۆرسەتكەن. ف. ۋ. تۇماس قاتارلىق ئالىملار ھەتتا خوتەن، نىيە، كروران خەلقلىرىنى تىبەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى بوۋىلىرىدۇر، دەپ ھېسابلايدۇ.

خويس بۆلگەن 5 - تىپ — موڭغۇلوئىدلار ئىرقى بولۇپ، شىنجاڭدا موڭغۇلوئىدلارنىڭ رېئال ئەمەلىيەتتىكى بەلگىلىرى گەنسۇدىن كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇلاردا ئەڭ يۇقىرى (ماكسۇموم) دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شىنجاڭدىكى باشقا خەلقلەرگە سېلىشتۇرغاندا، گەنسۇلۇق خەنزۇلارنىڭ چاچلىرى قاتتىق ۋە تۈز كېلىدۇ. ئۇچلەمچى تۈك قاتلىمى ئىنتايىن ئاز تەرەققىي قىلغان. تېرىسى سېرىقراق، ئىپانتۇسلۇق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك. مانا بۇ شىمالىي جۇڭگودىكى خەنزۇ ئىرقىنىڭ گەنسۇ ۋارىيانتىدۇر.[1]

كۆپ قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلغان ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگرىيىلىك داڭلىق ئالىم ستەيىنمۇ دولانلارنى تۈركلەرنىڭ ئەۋلادى، دەپ قاراپ: «بىز چەكسىز كەتكەن ئاقسۇ قۇملۇقلىرىغا يېتىپ كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ تومۇز كۈنلىرى يېتىپ كېلىشكە باشلىغانىدى. شۇڭا، مەن غەربىي شىمالدىن ئېقىپ كەلگەن توشقان دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تار ئېكىنزارلىق بەلۋېغىدىن قەدىمكى ئىزلارنى قېزىپ ئالالمىغانلىقىمدىن قىلچە ئۆكۈنمىدىم. بۇ جايلار قەدىمكى زاماندا ئانچە مۇھىم ئورۇن ھېسابلانمىسا كېرەك،

① خەن كاڭشىن «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى ئاھالىلارنىڭ ئىرق ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل 7 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 28 -، 29 - بەتلەر؛ ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تىپى مەسىلىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1999 - يىل 4 - سان. 75 -، 77 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھازىر بۇ جايلاردا ئاھالىنىڭ بۇنداق كۆپ بولۇشىغا، كېيىنچە بۇ يەرگە يېرىم كۆچمەن چارۋىچى تۈرك قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ، كىشىلەرگە مەلۇم بولمىغان دولانلارنىڭ كۆچۈپ كەلگەنلىكى سەۋەب بولغان»[①] دەيدۇ.

قەدىمكى شىنجاڭ تارىخىدا تۈركلىشىش زور ۋە مۇھىم بىر ۋەقە. ئالىملار مىلادىيە 1 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ قەدىمكى شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك تۈركلىشىش باشلاندى، بۇ زور تارىخىي ۋەقە ھونلارنىڭ شىنجاڭ رايونىغا كېلىپ ئورۇنلىشىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارىماقتا. بۇ تۈركلىشىش جەريانىدا مىلادىيە 4 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە كۆچمەن ئاھالە ئىچىدە تۈركىي تىل — ئۇيغۇر تىلى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان. ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا بولسا تۈركىي تىل Ⅷ ئەسىرلەردىن باشلاپ ئاساسەن ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتكەن ۋە ئۇيغۇرلىشىش جەريانى مەركىزىي ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىغا قارىغاندا، قەدىمكى شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە ھەم تېز، ھەم ئومۇمىيۈزلۈك بولغان. قىسقىسى، Ⅳ ئەسىردىن Ⅷ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئېتنىكلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئومۇمىي يۆنىلىشى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مۇشۇ 5 — 6 ئەسىرچە ۋاقىت غەربىي يۇرت تېررىتورىيىسىدىكى ھىندى ـ ئىران تىللىق ۋە ھىندى ـ ياۋروپا تىللىق خەلقلەرنىڭ تىل جەھەتتە تۈركلىشىش جەريانى بولدى[②]. ھالبۇكى، بۇ تۈركلىشىش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن «ئېتنىك ئومۇملۇقلار كېيىنكى مەزگىللەرگىچە داۋاملىق بىر خىل تۇرۇۋەرمىدى، بەلكى XⅢ ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدىن باشلاپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بۇ ئۆزگىرىش، ئاساسەن موڭغۇلوئىدلىق تىپنىڭ ياۋروپېيىدلىق تىپقا تەسىر كۆرسىتىشى بولدى. نەتىجىدە ياۋروپېيىدلىق تىپتا «يېڭى ئالامەت» پەيدا قىلدى. ۋاھالەنكى بۇنداق ئۆزگىرىش ياۋروپېيىدلىق تىپنى ياكى مۇشۇ تىپنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىللارنى تامام ئۆزگەرتىۋېتەلمىدى. بۇنىڭدىن مۇنداق

---

① «ستەيننىڭ غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىسى»، 201 ـ بەت. («دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات»، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىل 11 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ بەتتىكى نەقىل).

② ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تىپى مەسىلىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1999 ـ يىل 4 ـ سان، 74 ـ، 75 ـ بەتلەر.

ئىككى تۈرلۈك مۇھىم مەسىلە ئايان بولىدۇ ، بىرى ، مىلادىيىدىن ئاۋۋال ۋە مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىللىقنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا غەربىي يۇرتتا ھىندى ـ ياۋروپا تىللىق ۋە ھىندى ـ ئىران تىللىق خەلقلەر ۋە شۇنىڭدەك بۇ خەلقلەر تىللىرىغا تالىق بولمىغان باشقا بىر خىل يەرلىك تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياشىغان . لېكىن ، تارىخىي ، ئېتنىكىلىق ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، مىلادىيە Ⅳ ئەسىردىن Ⅶ ئەسىرگىچە كۆچمەن ئاھالە ۋە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئىچىدە تۈركىي تىل — ئۇيغۇر تىلى ئاساسەن ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن ؛ يەنە بىرى ، قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا غەربىي يۇرتتا ئانتروپولوگىيىلىك تىپ جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان بىر نەچچە خىل تىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ، ئەمما ئۇزاققا سوزۇلغان تارىخىي تەرەققىيات ۋە مۇرەككەپ ئۆزگىرىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، ياۋروپىيىدلار بىلەن موڭغۇلۇئىدلار ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەن (ئالىملار بۇ غەربىي يۇرت تارىخىدىكى ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى غايەت زور ۋەقەنى پەقەت مۇشۇنداق تونۇشلا بىرقەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق قاراش ، بۇنداق قاراش ، ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتا مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 2000 — 1000 ـ يىللار ئارىلىقىدا ياشىغان ، تىل جەھەتتە ھىندى ـ ئىران ۋە ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان ، ئانتروپولوگىيە جەھەتتە ياۋروپىيىد تىپىغا كىرىدىغان خەلقلەر نەگە كەتكەن بولغىيتتى ، دېگەن چوڭ ۋە مۇرەككەپ سوئالغا بېرىلگەن بىرقەدەر توغرا ۋە ئىلمىيرەك جاۋاب بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ ، دەپ قارايدۇ )[①] .

## 5 . «دولانلار — تارىملىقلاردۇر» دېگەن قاراش

بۇ قاراش دولانلار ۋە دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئارقىسىدا كېيىنرەك كېلىپ چىققان ھەم ھازىر بەكرەك تەكىتلىنىۋاتقان قاراشتۇر . بۇنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار مۇنداق دەيدۇ :

[①] ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى : «ئۇيغۇرلارنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تىپى مەسىلىسى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1999 ـ يىل 4 ـ سان ، 74 ـ ، 75 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



1 . «دولان» ئەسلىدىن ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ ، «توپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ، ئۇ قەدىمكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى ، جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئورنىنىڭ «جۇڭگو مۇزىكا لۇغىتى» دېگەن كىتابىدىكى «دولان ئۇسسۇلى» دېگەن ماددىسىدا مۇشۇ سۆز ئوتتۇرىغا قويۇلغان . «ئوكيانۇس» نىڭ سەنئەت قىسمىدىكى «دولان ئۇسسۇلى» دېگەن ماددىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا يېقىن كېلىدۇ .①

2 . كروران بەگلىكى ۋە باشقا تەكلىماكان ئەتراپلىرىدىكى بەگلىكلەر قوم ئاستىغا غەرق بولغاندىن كېيىن ، ئېلىمىزنىڭ مول خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلىرىدە لولان ، لولى ، دولى ، دېلى دېگەن ئاتالغۇلارمۇ كۆرۈلمەي قالدى . لېكىن بىز ئۇ يەردە ياشىغان شۇنچە كۆپ خەلقنىڭ قوم ئاستىدا قالغانلىقىغا ئىشەنمەيمىز . ئۇنداقتا ، ئۇلار قەيەرلەرگە كۆچۈپ كەتكەندۇ ؟

تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئەسلىدە شادلىق ماكانى ئىكەنلىكى ، كېيىنچە ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى ، دەريالارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە تەرك ئېتىلگەن ماكانغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ئېنىق مەسىلە . بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇ تەبىئىي سەۋەبلەر ۋە تۈرلۈك ئۇرۇش ئاپەتلىرى تۈپەيلىدىن دەريا ياقىلاپ ، توغراق ئورمانلىرىنى بويلاپ ، پەيدىنپەي يۇقىرىغا (تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - يۇقىرى ئېقىنىغا ) يۆتكەلگەن . بۇ ۋاقىتتا ئۇلار شەھەر مەدەنىيىتىدىن يىراقلىشىپ ، ئۆزگىچە ئىپتىدائىي سەنئىتىنى ساقلاپ تۇرغان . شۇ سەۋەبتىن ، تارىخ خاتىرىلىگۈچىلەرنىڭ دىققىتىنى بىر مەھەل تارتالمىغان بولسىمۇ ، «سۇ قوغلىشىپ ، كۆچۈپ يۈرىدىغان خەلق» دەپ ئاتالغان . ئۇلار توغرىسىدا يازغان خاتىرىلەر تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا «تەڭرىتاغنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان دولانغىتلار» دەپ يېزىلغاندىن باشقا ، چىڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە يەنە كۆپلەپ ئۇچرايدۇ . ئەمما كېيىنكى مەنبەلەردە ئىلگىرىكىدەك دېلى ، دولى ، تېلىنگىت ، دولانغىت دەپ يېزىلماي ، «دولان» دەپ يېزىلىدۇ . بولۇپمۇ «دولان» دېگەن نام بىر

① قاراڭ : «جۇڭگو مۇزىكا لۇغىتى» ، 91 - بەت ، «ئوكيانۇس» ، 2266 - بەت . («دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» ، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى ، 2004 - يىل 11 - ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ، 6 - بەتتىكى نەقىل . )

قەبىلە نامى بىلەن ئەمەس (چۈنكى قەبىلىلەر بۇ چاغدا يوقىلىشقا يۈزلەنگەنىدى)، بەلكى جۇغراپىيىلىك رايون ھېسابىدا تىلغا ئېلىنىدىغان. دائىرىسى جەھەتتىن مەكىت، مارالبېشى ئەتراپىدىن ئاقسۇ، كورلا، لوپنۇر، ھەتتا تۇرپان ئويمانلىقىغىچە بولغان كەڭ جايلارغا دولانلىقلارنىڭ تارقالغانلىقى شەرھلەنگەن.

... ئەينى ۋاقىتتا تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز بىردەك تېلېلار (تۇرالار) دەپ ئاتىلاتتى. مانا مۇشۇ زور ئىتتىپاقتىكى قەبىلە - قوۋملار ھەرخىل دەۋردە ھەرخىل تەلەپپۇز بىلەن ئاتالغان. خۇددى ئۇيغۇر (ئوغۇز) دېگەن ئاتالغۇ ئوجېي، ئۇخۇ، يۈەنخې، خۇيخى، ۋېيۋۇئېر دەپ تەلەپپۇز قىلىنغىنىغا ئوخشاش، كېيىنچە دولان دەپ ساقلىنىپ قالغان دېلى، تېلې ئاتالغۇسى تارىخىي مەنبەلەردە ئوخشىمىغان تەلەپپۇز بىلەن خاتىرىلەنگەن. شۇڭا بىز دېلى، چېلى، تېلى، لولى، دولى، دولولو، لولان، دوبان، تېلىنغىت، دولانغىت ناملىرىنىڭ بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى قەيت قىلماي تۇرالمايمىز.

... بۈگۈنكى دۆنخۇاڭدىن باشلاپ يەكەن (دولان) دەرياسىغىچە بولغان ناھايىتى ئۇزۇن لىنىيىدە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز كۆچمەن چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ئۇزۇن لىنىيىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە كىنگىت، كۆسەن، ئونسۇ، بارچۇق، سۇللاغ، ياركەند، كۆكئارت قاتارلىق شەھەر بەگلىكلىرى مەۋجۇت بولغان بولسا، جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە ئۇزۇن تات، ئۇدۇن، نىيە، چالمادان بەگلىكلىرى مەۋجۇت ئىدى. تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئېقىنى (تەكلىماكاننىڭ شەرقىي شىمال قىرغاقلىرى) دا كروران، پىشامشان، ئېۋىرغول قاتارلىق قەدىمكى ئەللەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. بولۇپمۇ دولانلىقلار ۋە لوپنۇرلۇقلارغا بىۋاسىتە ئالاقىدار بولغان كروران بەگلىكى مىلادىيىدىن ئىلگىرى خېلى سەلتەنەتتى بار بەگلىك ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئالدى بىلەن گەنسۇدىن غەربكە سۈرۈلگەن ئۇلۇغ ياۋچىلار (توخرىلار) نىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ خانىۋەيران بولدى. كېيىن يەنە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كېڭىيىشى، دەريالارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى، قارا بوران قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرمۇ

www.uyghurkitap.com



بۇ ئەلنى تەرەپ ـ تەرەپكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان . بەلكىم ، شۇ قېتىملىق زور كۆچۈشتە ئاساسىي بۆلەك دەريانىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ يۆتكەلگەن بولۇشى ياكى باشقا شەھەر دۆلەتلىرىگە يۆتكەلگەنلەر زامانغا لايىق تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بولۇشى ، دەريا ياقىلاپ كۆچكەنلەر تەرەققىي قىلماي ، ئۇزاققىچە ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن . كروراندىن چىققان مەدەنىيەت قالدۇقلىرى بىلەن بۈگۈنكى دولانلىقلارنىڭ كۆپلىگەن ئادەتلىرىنى ، جۈملىدىن چىراي شەكلىنى ، تىلىنى ، دىنىي ئېتىقاد ساقىندىلىرىنى سېلىشتۇرساق ، شۇنداق ھېسسىياتقا كەلمەي تۇرالمايمىز .

يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ، لولان ، لوڭلى ، لولى ، دولى ، دوبان ، دولانغىت ، دولان قاتارلىق ئاتالغۇلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاشتۇرۇپ قارىساق ، دولانلىقلارنىڭ لولان (كروران) دىن كۆچكەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تۈپى (قوۋمى) ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ . چۈنكى ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە خاتىرىلىرىدە ھەر قانداق بىر ئۇيغۇرچە ئىسىم بىر خىل تەلەپپۇزدا خاتىرىلەنگىنى يوق . شۇڭا ئاتالغۇلارنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا ، ئاھاڭ تەرجىمىشۇناسلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم تەرەپنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ .

ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى «شىنجاڭ يەر ناملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى تىللار» دېگەن ماقالىسىدە خوتەن ساك تىلىدا «ل» تاۋۇشى بىلەن «د» تاۋۇشىنىڭ ئالمىشىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى . مۇشۇ بويىچە بولغاندا ، لولان ، لولى دېگەن قەدىمكى نام دولان ، دولى (دېلى) دېگەنگە ئالماشقان بولۇشى مۇمكىن .

... بۈگۈنكى كۈندە ، دولان ئۇيغۇرلىرى يەكەن (دولان) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا (مەكىت ، مارالبېشى ، ئاۋات ناھىيىلىرىدە) توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقاندىن باشقا ، ئاقسۇ ، يەكەن ، بۈگۈر ، كورلا (لوپنۇر) ، خوتەن ، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان . دولان دېگەن نامغا مۇناسىۋەتلىك خوتەندىكى دول ، ئاقسۇدىكى دولان ، بۈگۈردىكى دادولان ، لوپنۇردىكى دونالى دېگەن ناملارمۇ تاسادىپىي تارقالمىغان بولسا كېرەك① .

---

① مۇختار قادىر : «دولان ، دولى ، دېلى ، لولى سۆزلىرىنىڭ باغلىنىشچانلىقى ۋە قەدىمكى دولان دىيارى ، دولان سەنئىتى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» 1996 ـ يىل 4 ـ سان . 32 ـ ، 33 ـ ، 38 ـ ، 40 ـ بەتلەر .

3 . «دولان» ئىبارىسى بىلەن ئاتىلىدىغان يەكەن ـ تارىم ۋادىسىغا يېيىلىپ جايلاشقان ئۇيغۇر ئاھالىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ مەشھۇر مۇقام، مەشرەپ فولكلورىنىڭ نام، مەنبە ۋە تارىخى خېلىلا چىگىشلەشتۇرۇۋېتىلگەن، ھازىرغىچە ھەل بولمىغان مۇئەمما تۈتەكلىرىگە ئورالغان.

ئەلۋەتتە، «دولان» ئىبارىسى بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ تارىخىنى ئېنىقلىغۇچى بىردىنبىر ھالقا بولۇش ـ بولماسلىقى ئىككىنچى مەسىلە. ئارىلار «ئارىئان»، «تۇر» ساكلىرى «تۇران» دەپ ئاتالغاندەك، ئۇلار «تۆل»، «تۆلە» نامىدا بولۇپ، ئويۇن ـ تاماشىچى، دېگەن مەنىدە «تۇلان» (دولان) بولۇشى ياكى موڭغۇل، ئويراتلار تەرىپىدىن چۆلدە ياشايدىغان قەبىلە نامىدا «دولان» دەپ ئاتىلىشى، ھەتتا ئۇلار كۆچكەندە ئۇلارنىڭ ئاقساقىلىنىڭ نامى شۇنىڭغا يېقىن تەلەپپۇز قىلىنغان بولۇشى پۈتۈنلەي تەسەۋۋۇردىن يىراق ئەمەس.

شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، ئىنسان ئۇچۇر قالدۇرغۇچى، مەدەنىيەت ئۇچۇرى ئارقىلىق ئۆز تارىخىنى ياراتقۇچى شەيئى. بىز يازما مەنبەلەردىن كۆرە مەدەنىيەت ئۇچۇر تۈركۈملىرىنىڭ باي ۋە چىنلىقىغا قايىل بولۇۋاتىمىز. خەلق سەنئىتىنىڭ ئۇچۇرى، ئېتنولوگىيىلىك تۇرمۇش ئۇچۇرى، فولكلور مەدەنىيىتى ئۇچۇرى بىزگە دولان مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي مەنبە ۋە ئېقىملىرىنى ئىزدىنىشكە مۇمكىنلىك بېرىدۇ.

مەلۇمكى، مىلادىيىنىڭ ئالدىدا «غەربىي دىيار» ھازىرقى ماۋارائۇننەھر بىلەن شەھەر ـ قەلئە بەگلىكلىرىنى ئوق قىلغان بوستانلىق زەنجىرى ھاسىل قىلغانىدى. بۇ بەگلىكلەر مۇھىمى مىللىيەتلىكنى ئەمەس، چۆل ـ جەزىرە ياكى تاغ ـ دەريا ئايرىپ تۇرغان بوستانلىقلارنى ئاساس قىلغان. غەربىي دىياردا ئەڭ دەسلەپ خاتىرىلەنگەن شەھەر — قەلئە چەمبىرى — «لۇلەن» — جۇملىدىن ئاگنى ـ كۇسەن ـ ئۇنسۇ بوستانلىقلىرى چەمبىرى، قەشقەر — يەكەن — پەرغانە (پەركان) چەمبىرى، ئۇدۇن بوستانلىقلىرى چەمبىرى، لوپچىن — مىران ئۇچبۇرجىكى بوستانلىقلىرى چەمبىرى، ئېۋىرغول ـ قۇجۇ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يارغول - بېشبالىق چەمبەرلىرىدىن ئىبارەت ئىدى . ئومۇمىيلىق جەھەتتە مەركىزىي ئاسىيا بىر قانچە تارماق چەمبەر ۋە كۆپلىگەن ئۇششاق مەدەنىيەت چەمبىرىدىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن مەدەنىيەت سىستېمىسىغا ئىگە ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى چەمبىرى ئىدى .

«لۇلەن» — لوپچىن — مىران ئۇچبۇرجىكى ئەڭ دەسلەپ ۋە ئەڭ ھالقىلىق قاتناش تۈگۈنى سۈپىتىدە خاتىرىلەنگەن . جاڭ چيەن قۇمۇلنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىشىدىكى بوغاز ، قوش قۇدۇق ، يانتاق قۇدۇق ، قوم قۇدۇق دەپ خاتىرىلەنگەن مەنزىلگاھلار ئارقىلىق بۇ مەدەنىيەت ئۇچبۇرجەك رايونىغا كىرگەن ، ئۇ «ماھادۇر» نەغمىسى بىلەن بېدە قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئېلىپ كەتكەن .

«لۇلەن» — لوپچىن — مىرەن قەلئەلىرى كۆل — ئورمان — باياۋان ئارىسىدىكى مۇنبەت زېمىندا «كروران گۈزىلى» ئەجداد - ئەۋلادلىرى ياراتقان قەدىمكى تارىم — لوپنۇر — تەكلىماكان مەدەنىيىتى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن .

بىز «خەننامە» ، «كېيىنكى خەننامە» نىڭ ئالاقىدار سەھىپىلىرىگە ، «ئۈچ دۆلەت تەزكىرىسى» نىڭ «ۋېي ئېلى شەجەرىسى» ، «غەربىي رۇڭ تەزكىرىسى» قاتارلىق مەنبەلەردە بۇ رايوننىڭ ئانكۈي ، ۋايتاقى ، باشمانا قاتارلىق پادىشاھلار رىياسەتچىلىكىدە بولغانلىقى ، ھونپەرەسلىكى ، «لۇلەن» نىڭ «پىشامشان» (پىچان ) نامىغا ئۆزگەرتىلگەنلىكى ، لۈكچۈننىڭ بىنا بولغانلىقى يېزىلغان بولسا ، «لۇلەن» دىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا تېپىلغان تارشا پۈتۈكلەردە يەنە باي بېكى ، دارچوق ، ئانكۈيغا ، ماشال ئىدۇغا قاتارلىق 247 - يىلىدىن 334 - يىلىغىچە سەلتەنەت سۈرگەن پادىشاھلارنىڭ ناملىرى ئۇچۇر قىلىنغان .

ئەمما ، بىز 399 - يىلى شەرقىي جىن سۇلالىسىدىن چىققان راھىب فاشيەننىڭ جىن خۇي ، داۋ جىڭلارنى باشلاپ بۇ يەردىن ئۆتكەندە ، بۇ ئاۋات رايوننىڭ «كۆكتە قۇش ، يەردە ھايۋان كۆرۈنمەس» «ئۆلگەن يەر» بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز . مەسىلە شۇ يەردىكى ، شىمالىي ۋېي بىلەن شەرقىي جىن سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا ، ئېنىقراقى ، ماشال ئىدۇغا سەلتەنەت سۈرگەن (321 — 334 ) يىللار بىلەن

فاشىيەنىڭ 399 ـ يىلقى سەپىرى ئارىسىدىكى 65 يىلنىڭ ھەر قايسى يىللىرى ئارىسىدا بۇ يەر ئۇدا ئىز بېسىپ كەلگەن ھالاك قىلغۇچ تەبىئىي ئاپەت — قۇم ـ بوران ۋە سۇ يوللىرىنىڭ يوقىلىشى تۈپەيلى «ئۆلگەن» ! لۈي گۇاڭنىڭ 382 ـ يىلى كومىراجىۋانى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كۆسەنگە ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا قاراشەھەر — ئاگنى (كىنگىت) جېڭى يېزىلىپ ، «لۈلەن» ھەققىدە يېزىلمىغانلىقىغا قارىغاندا ، «لۈلەن» تەخمىنەن 334 — 344 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا «قۇم دېڭىزى» غا دەپنە قىلىنغان... قۇمۇل ـ تۇرپان ـ توقسۇننىڭ غەربىي يۆنىلىشىدىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ بەھەيۋەت يۆتكىلىشى شىنجاڭدىكى كۆچمىنلو ياردائلىقى (قۇمۇلدا) ، سانغۇت بۇت ياردائلىقى (چىتەيدە) ، شەيتان كەرەش ياردائلىقى (ئۇرقۇ ـ قارامايدا) قاتارلىق تۆت ياردائلىقنىڭ چوڭى بولغان ئىلانلىق (بەيلۇڭجى) ياردائلىقىنى شەكىللەندۈرۈپ ، لوپنۇرنى يانغا سۈرۈپ قويدى .

لوپنۇر بوستانلىقى داۋاملىق قۇرغاقلىشىش تەسىرىگە ئۇچرىدى . پۇتكول خوتەن دىيارىدىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ ، تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈپ تارىمغا قۇيۇلىدىغان ۋە خوتەننى ئاقسۇ — كۇچاغا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قەدىمكى تۆت دەريانىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ، بۇ قۇرغاقلىشىشنى تېزلەتتى . «لۈلەن» — لوپچىن — مىرەن بوستانلىقى خارابىلىككە ئايلاندى .

خەلق ئەنە شۇنداق تەقدىرگە دۇچ كەلدى . ئەمما ، قەدىمكى «لۈلەن» — لوپنۇر — مىرەن ئاھالىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆسەن مەدەنىيىتىدىن ئىلگىرى داۋىق قازانغان قەدىمكى مەدەنىيىتى قەيەرگە كەتتى ؟ نېمە ئۈچۈن سۈي — تاڭ سۇلالىلىرى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل مۇنبىرىدە «لۈلەن» — لوپچىن — مىرەن نامىدىكى نەغمە ـ ناۋالار خاتىرىلەنمىدى ؟

ئالدىنقى مەدەنىيەت قاتلاملىرىنىڭ كېيىنكى مەدەنىيەت قاتلاملىرىدا داۋاملىشىش قانۇنىيىتى بويىچە «لۈلەن» — لوپچىن — مىرەن مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى گەۋدىسى نېمە ؟[1] .

---

[1] ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى ، 292 ـ ، 293 ـ ، 297 ـ ، 301 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«لۇلەن»لىقلارنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي شىمالنى بويلاپ قۇمۇلدىكى نومدىن يەركەننىڭ مەكىت رايونىغىچە تارقىلىشى، قالغانلىرىنىڭ لوپ - چەرچەن - چارقىلىق ئەتراپىدا «لوپلۇقلار»، «چەرچەن - چارقىلىقلار» نامىدا تىرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشى ماشال ئىدۇغا دەۋرىدىن چىڭ سۇلالىسى «دولان قوشۇنى» نى تەشكىللىگەنگە قەدەر داۋام قىلغان ۋە بىر قاتار تارىخىي قاتلام ھاسىل قىلغان. ئۇلار ئەسلىدىكى لوپ، لوپچۇق، ناجىكەنت، پىچان، بۇگۇر، دۆڭ قوتان، يولۋاس قوتان قاتارلىق يۇرت - جاي ناملىرىنى ئۇزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەن ۋە بىر قاتار «ئاۋات» نامىنى ئالغان ئاھالە توچكىلىرىنى قۇرغان[1].

قەدىمكى «لۇلەن» —لوپچىن — مىرەنلىقلار قۇمۇل - پىچان تەرەپلەرگە، شورچۇق (كورلا) — بۇگۇر — كۇسەن تەرەپلەرگە، نىيە، خوتەن تەرەپلەرگە قاتناپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ 334 — 344- يىللىرىدىكى چوڭ يۆتكىلىشىمۇ بۇ يولدا ئېلىپ بېرىلدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ماكانلىرىدا بۇ قېتىمقى يۆتكىلىشتىن ئىلگىرىلا پىچان - لۆكچۈنلەرگە يۆتكىلىش يۈز بەرگەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئاخىرقى زامانلىرىدا يەنە قارادۆۋە، لاپچۇق، تاشبالىق ئەتراپىغا يۆتكىلىش يۈز بەردى. كېيىنچە لوپلۇقلار دېگەن ئومۇم نامدا ياشىغان ئاھالىلەر شەھىرى كېتىكنىڭ قۇم ئاستىدا قېلىشى قاتارلىق تەبىئىي ھادىسىلەر، چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ پادىشاھىنىڭ «چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىش» يۈرۈشلىرىگە ئۇلارنى «دولان قوشۇنلىرى» نامىدا سەپەرۋەر قىلىش سەۋەبلىرى بىلەنمۇ كورلا — بۇگۇر— ئاقسۇ — مەكىت تەرەپلەرگە قاتلامىمۇ قاتلام يۆتكەلدى. شۇنداق قىلىپ قۇمۇلنىڭ نوم رايونىدىن يەكەننىڭ مەكىت رايونىغىچە چېچىلىپ، «دولانلىقلار»، «دولان راۋابى»، «دولان مۇقامى» دېگەنناملار بىلەن خەلق ئارىسىغا سىڭدى ۋە تارىخىي ئىز قالدۇردى.

قۇمۇل — ئاقسۇ يۆنىلىشىنى بويلاپ يۆتكەلگەن دولانلىقلار — لوپلۇقلار بىرقانچە تارىخىي دەۋردە، بىرقانچە قاتلام بويىچە ئۇ يەرلەر-

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «دولان - قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىزداشلىقى ھەققىدىكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998 - يىل 3 - سان، 30 - بەت.

دىكى قېرىنداشلىرى ئارىسىغا سىڭدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى قاتلاملىرى گەرچە دولان نامىدا ئاتالمىسىمۇ، ئەمما قەدىمكى لوپنۇر مەدەنىيىتى چۆكمىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. بىز «لۇلەن» ئىبارىسى بىلەن «دولان» ئىبارىسىنىڭ قايسىسى ئەسلىي خەلق تىلىغا يېقىنلىقىنى مۇتلەق ئېيتالمايمىز. «كروراينا» (كى «رۇران»، كى «رولان») — ھىملاي قارۇشتى يېزىقىنى ئوقۇغاندىكى تەلەپپۇز؛ «لۇلەن» — خەنزۇچە ئېروگلىفنىڭ ھازىرقى تەلەپپۇزى؛ «داۋلا» (倒刺) — يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا ئوينالغان ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ نامى؛ «دولان» — چيەنلۇڭ پادىشاھ تەشكىللىگەن «回部» قوشۇنلىرىغا قەشقەر - يەكەنلىكلەرنىڭ قويغان ياكى ئاتىغان نامى. كېيىنكى «دولان» نامىنىڭ ئەينەنلىكى ياكى «ياۋا خەلق»، «كونا قوۋم» دېگەن مەنىدە بۇزۇلۇپ ئېيتىلغانلىقى نامەلۇم.

ئېيتىش كېرەككى، دولان ئۇيغۇرلىرى بىلەن قەشقەر - يەكەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق — قەدىمكى لوپنۇر ئۇچبۇرجىكى بىلەن قەدىمكى قەشقەر — يەكەن ئاھالىسى بىلەن قايتا قوشۇلغان ئادىز — ياغما — قارلۇق ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى پەرق بولۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن تىلەنغۇت قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى پەرق ئەمەس. مۆلجەر دەريا ۋە زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن چىققان جەسەتلەر بىلەن قۇمۇل قارادۆۋىدىن چىققان قەدىمكى جەسەتلەردىكى ئوخشاشلىق ئۇلارنىڭ مىلادىيىدىن مۇقەددەم ئانتروپولوگىيىلىك ئوخشاشلىقىدىن دېرەك بولۇپ، موڭغۇلىيە - غەربىي جەنۇبىي سىبىرىيىدىن تېپىلغان قەدىمكى موڭغۇلوئىد ئالامەتلىرى كۆرۈنەرلىك بولغان جەسەتلەردىكى ئانتروپولوگىيىلىك ئوخشاشلىق ئەمەس. بۇ ھال گەرچە تارىخىي قاتلام پەرقلىرىگە ئىگە بولسىمۇ، يەنىلا قۇمۇل - دولان ئاھالىلىرىنىڭ جىسمانىي — ئۇستىخان ئالاھىدىلىكلىرىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ.

«لۇلەن» — لوپچىن — مىرەن قەدىمكى فولكلورى ۋە ئەلنەغمىلىرى بىزگە دولان — قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىزداشلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئۇچۇر مەنبەسى[1].

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىل 4 - ئاي نەشرى، 292 -، 293 -، 297 -، 305 - بەتلەر. (ئاپتورنىڭ ئاساسىي كۆز قارىشىنى تەشكىل قىلغان بۇ مەزمۇنلار ئەسلىي ئەسەر تېكىستى بويىچە، ئەينەن ئېلىنىپ، ئاپتور نەقىل ئالغان مەنبەلەر كۆرسەتكۈچى قىسقارتىلدى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىزنىڭ يەنە بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىز بۇ قاراشنى تېخىمۇ كۈچلەن-
دۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ : «پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن
دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ، تەركىبى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخي تەقدىرى
ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ، دولانلارنى قەدىمكى كروران —
لوپچىن — مىرەن قەلئەلىرى ، كۆل — ئورمان — باياۋان ئارىسىدى-
كى مۇنبەت زېمىندا ياشىغان قەدىمكى لوپ ئاھالىلىرى تۈركۈمىدىن
بولۇپ ، كېيىنكى قۇرغاقچىلىق ، ھەرخىل ئىجتىمائىي ۋە ھەربىي
يۈرۈشلەر سەۋەبىدىن كورلا ، بۈگۈر ، ئاقسۇ ، مەكىت قاتارلىق جايلار-
غا قەدەر پەيدىنپەي كۆچكەن ، قۇمۇلنىڭ نوم رايونىدىن يەكەننىڭ ياقا
يۇرتلىرىغا قەدەر تارقىلىپ ، ھازىرقى «دولانلار» ، «دولان مۇقامى» ،
«دولان راۋابى» قاتارلىق ناملىرى بىلەن تارىخي ئىزنالىرىنى قالدۇر-
غان دەپ قارىدى...

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن دولانلارنى كروران — لوپچىن —
مىرەن قەلئەلىرى ، تارىم — لوپنۇر — تەكلىماكان مەدەنىيىتى ،
كۆل — ئورمان — باياۋان ئارىسىدىكى مۇنبەت زېمىندا ياشىغان ،
كېيىنكى قۇرغاقچىلىق... قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقا يۇرتلار-
غا پەيدىنپەي يۆتكەلگەن دەپ كېلىپ ، دولانلارنى چۆل - جەزىرىلەردە
ياشىمىغان ، باياۋانلىق ماكان تارىخى بولمىغان دەپ كۆرسەتتى .

دەرۋەقە ، دولانلارنىڭ قەدىمكى باشقا قوۋملارغا ئوخشاش ئۆزى-
نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش يولىدا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەت-
تە قولايلىق بولغان جايلاردا ياشىغانلىقى ، مەھەللە - يۇرتلاردىن
ئەمەس ، بەلكى ئادەم ياشىمايدىغان سۇسىز چۆل ، سەھرا ، دەشتلەردىن
نېرى كەتكەنلىكى ياكى ئۇلارغا دۇچ كەلگەندە ئۇلارنى ئەگىپ ئۆتۈپ
كەتكەنلىكى ، بۇ مۇدھىش ماكاندىن كېلىۋاتقان تەھدىت ۋە ئۆلۈمنى
ھە دېسىلا پۇراپ مېڭىۋاتقانلىقى ئىنتايىن ئېنىق تارىخي ئەھۋال .
قەدىمكى كروران — لوپچىن — مىرەن ئاھالىلەر تۈركۈمىنىڭ ،
جۈملىدىن دولانلارنىڭ لوپنۇر بوستانلىقىدىكى ئانا ماكانلىرىنىڭ قۇر-
غاقلىششى ، خوتەن دىيارىدىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ ، تەكلىماكاننى
توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ۋە خوتەننى
ئاقسۇ بىلەن كۇچاغا تۇتاشتۇرىدىغان قەدىمكى تۆت ئېقىننىڭ ئۈزۈلۈپ

قېلىشى ، «كروران» — لوپچىن — مىرەن بوستانلىقىنىڭ خارابلاشـ
قانلىقى ، كرورانىنىڭ مىلادىيە Ⅳ ئەسىرگە كەلگەندە قۇم ـ بوران
ۋە باشقا ئاپەتلەر تۈپەيلى يوقالغانلىقى قاتارلىقلارمۇ تارىخي رېئاللىق...
پايانسىز باياۋاندىن كېلىۋاتقان قۇم بورانلىرىنىڭ ئىنسانلارغا بولغان
دەخلى ـ تەرۆزى دولانلارنى شۇنچە قاقشاتقان ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ
قەدىمكى يۇرتلىرىدىن ئايرىغان ئەھۋالدا زۇۋان سۇرمەيدىغان بۇ «باياـ
ۋان» قانداقلارچە تەپسە تەۋرىمەيدىغان مەغرۇر قىياپىتى بىلەن ئىنسان
قەلبىنى زۇۋانغا كەلتۈرىدىغان دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىدا پۈت
تىرەپ تۇرىدۇ؟ ئۇ خۇددى تەبىئەت دۇنياسىنى مالال قىلىپ ياتقىنى
يەتمىگەندەك ، نېمىشقا دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ قوينىغا ،
خەلق قوشاقلىرىغا كىرىۋالايدۇ؟ بىز ئەلۋەتتە بۇنى «باياۋان» سۆزىـ
نىڭ باشقا مەنىنى ياكى باشقىمۇ مەنىنى بىلدۈرەمدۇ ـ يوق ، دېگەنـ
لىكلىرىدىن تەكشۈرۈپ بېقىشقا ئۈرۈنىمىز[1] .

4 . بەزى ئالىملار خېلى بۇرۇنلا دولانلىقلار بىلەن لوپنۇرلۇقلارـ
نى بىر سىستېمىغا مەنسۇپ دەپ قارىغانىدى .[2] ئىبراھىم مۇتىئى
ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تىل تەكشۈـ
رۈش دولانلىقلار بىلەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ بىر مەركىزىي دىئالېكت
سىستېمىسىغا مەنسۇپلۇقىنى ئىسپاتلىغان . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە
ئائىت تارىخىي كىتابلاردىمۇ دولانلىقلار بىلەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ مۇناـ
سىۋىتى خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان . چيەنلۇڭنىڭ 23 ـ يىلى
(1758 ـ يىلى ) نوپۇس ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى ئارغۇن مۇنداق
دېگەن :

«بىز 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى لوپنۇرغا باردۇق . ئۇيغۇرلارنىڭ
قاشقا ئىسىملىك بىر باشلىقى بىز بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلدى . ئۇنىڭ
ئېيتىشىچە ، مىرەن قاتارلىق جايلاردا ئەسلىدە ئىككى مىڭ ئۆيلۈكتىن
ئارتۇق كىشى بولغان ئىكەن . نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ، ئۇلارنىڭ
بىر قىسمى ئاقسۇ ، دولان قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەتكەچكە ، ھازىر

① ئىمىن ئەخمىدى : «دولانلار نەزىرىدىكى باياۋان» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» 2004 ـ يىل 6 ـ سان ، 7 ـ ، 8 ـ بەتلەر .
② زوكوتو «18 — 19 ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» (خەنزۇچە ) ، 550 ـ بەت ، 204 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە ) 1991 ـ يىلى 1 ـ سان 133 ـ بەتتىكى نەقىل .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



600 نەچچە ئۆيلۈك كىشى قاپتۇ . ئۇلار بېلىقچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرىدىكەن . بۇنىڭدىن 40 يىل بۇرۇن بۇيۇك قوشۇنىمىز تۇرپاننى تىنچىتقاندا ، جاڭجۇن خەير ـ ساخاۋەت قىلىپ ئۇلارغا گەزلىمە ، چاي ئىنئام قىلغانىكەن . قوشۇن چېكىنگەندىن كېيىن ، ئۇ جاينى جۇڭغارلار ئىگىلىۋېلىپتۇ . بۇيۇك قوشۇنىمىزنىڭ جۇڭغارلارنى تىنچىتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئۆتكەن يىلى تارتۇق يوللاپتۇ . . . تۈنۈگۈن ئىمىن خوجىنىڭ تۇرپانغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم . بەگ توختى ئۆتكەن يىلى ماخۇسىنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچرىغاچقا ، بۇ يەرگە قېچىپ كەلگەنىكەن . ئەمدىلىكتە بەيئەت قىپتۇ . بىزمۇ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىشنى خالايمىز » .

بۇ ھەقتە «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ 3 ـ جىلدىدا مۇنداق دېيىلگەن : «لوپنۇردا ئەسلىي ئىككى مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئاھالە بار ئىدى . ئۇلار سۇلالىمىزگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن ئۇ جايدىن كۆچمىگەنىدى . جۇڭغارلار ئۇلارنى خورلىغاچقا ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاقسۇ ، دولان قاتارلىق شەھەرلەرگە كۆچۈپ كەتكەن . ئۇلاردىن ھازىر قالغىنى 600 نەچچە ئۆيلۈك . ئۇلارنىڭ بۇيۇك قوشۇنىمىزنىڭ داۋاچىنى تىرىك تۇتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئەۋەتكەن ئەلچىسى تۇرنا تارتۇق قىلىش ئۈچۈن تۇرپانغا كېلىپتۇ . »

بۇ ماتېرىياللار 1400 ئۆيلۈك لوپنۇرلۇقنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمىغا چىدىماي ، ئاقسۇ ، دولان قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئارزۇ بەگ باشچىلىقىدىكى مىڭ ئۆيلۈكتىن كۆپرەك دولانلىق چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قارا شەھەرگە كۆچۈرۈلگەندە ، شېخىدې يەنە مۇنداق دەپ مەلۇمات يوللىغان :

«دولاننىڭ ھاكىمبەگلىكىگە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئابدۇلەي كەچىك بەگلەرنى باشلاپ كۆرۈشكىلى كېلىپ ، كورلا قاتارلىق جايلاردا چارۋىچىلىق قىلىشقا ئىجازەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى . ئابدۇلەينىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇنىڭ ئاكىسى توختى بۇرۇن شۇ جايلاردا چارۋىچىلىق قىلغانىكەن . لوپنۇرغا تاراپ كەتكەن بەزى كونا قوۋملىرىمۇ قايتىپ كېلىشىپتۇ . »

دولانلىقلارنىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇلەيىنىڭ ئاكىسى توختى ئەسلىدە كورلىدا تۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇرۇنقى تەۋە زېمىنى لوپنۇرغا كۆچكەن ھەمدە مەلۇماتلاردا توختىنىڭ 300 نەچچە ئۆيلۈك قوۋمى بارلىقى قەيت قىلىنغان . لوپنۇردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى قاشقامۇ «بەگ توختى ئۆتكەن يىلى ماخۇسىنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچرىغاچقا ، بۇ يەرگە قېچىپ كەلگەن» لىكىنى ئىسپاتلىغان . بۇ دولانلىقلارنىڭ لوپنۇرلۇقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، بىر قىسىم لوپنۇرلۇقلار ئاقسۇ ، دولان قاتارلىق جايلارغا كۆچكەندىن كېيىن ، ئۇلارمۇ دولانلىقلار دەپ ئاتالغان . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئۇ يەنە تارىم دەرياسى بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقان دولانلىقلارنىڭ ھەقىقەتەن قارا شەھەردىن ۋە قارا شەھەرگە تەۋە لوپنۇر رايونىدىن كۆچۈپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . بەزى يولداشلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە ، ھازىر مەكىت ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان دولانلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئۆز ئەجدادلىرىنى باشقا جايدىن كۆچۈپ كەلگەن دەپ ھېسابلايدىكەن ھەمدە قوملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىز ـ نىشانلىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەكچى ئىكەن .

لوپنۇرلۇقلار بىلەن دولانلىقلار زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ، ئۇلاردا خېلى بۇرۇنلا ئۆزئارا قوشۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن...

بىز لوپنۇرلۇقلار بىلەن دولانلىقلار ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار ياكى دولانلىقلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى لوپنۇرلۇقلار دەپ قارىساقمۇ ، لېكىن ھازىرچە ئۇلارنى بىر ئىرققا مەنسۇپ دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز . ئۇلارنىڭ پەرقى يەنىلا ناھايىتى روشەن . ھازىرغىچە قولغا كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللار ئۈستىدىكى تەھلىلگە ئاساسلانغاندا ، لوپنۇرلۇقلار بىلەن دولانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ھەم مۇناسىۋەتلىك بولۇش ، ھەم پەرقلىق بولۇش ئەھۋالى لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېھتىمال ئەسلىدە قارا شەھەردىكى دولانلىقلار ئارىسىدا ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ، ئۇلار ئارىسىدا مەلۇم بىر خىل يېقىندىلىق مۇناسىۋەت بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . .ھازىر قارا شەھەر رايونىدا ئولتۇراقلاشقان دولانلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ قوۋمى — لوپنۇرلۇقلار قاچان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تارىم دەرياسى بويلىرىغا كۆچكەن دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ[1] .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە دولانلار ۋە ئۇلارنىڭ لوپنۇرلۇقلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىسى — تۇرمۇش ، ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىقلارغا ئائىت تۆۋەندىكىدەك مەلۇماتلار بېرىلگەن :

«پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىككى جايدىكى خەلقلەر دائىم بېلىق يەيتتى ، بىرى ، بارچۇقنىڭ ئەتراپى بولۇپ ، تارىم دەرياسىدا بېلىق كۆپ ئىدى . يەرلىك دولانلارنىڭ (Dolans ) دائىملىق تامىقى ئىدى . يەنە بىرى ، لوپنۇر ئەتراپىدا بولۇپ ، بېلىق يەرلىكلەرنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى ئىدى . ئۇلار بېلىقنى يېڭى ۋاقتىدىلا تازىلاپ پىشۇرۇپ يەيتتى ياكى قۇرۇتقاندىن كېيىن يەيتتى . دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، بېلىق يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان دولانلار ۋە لوپنۇر ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنى تۈركلەر يات مىللەت ، دەپ قارايتتى»[2] .

«ھاۋزىدا سۇ كەمچىل بولغاچقا چارۋىچىلىق ئوت - سۇيى بار دائىرە بىلەنلا چەكلەنگەن . بۇ رايونلاردا ئەلمىساقتىن تا ھازىرغىچە يەكەن دەرياسى ئەتراپىدىكى دولانلار (Doleng ) ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى لوپنۇرلۇقلار (Lopliks ) دىن ئىبارەت ئانچە مۇھىم بولمىغان كىچىك گۇرۇھلاردىن باشقىلاردا ئەزەلدىن كۆچمەن چارۋىچىلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى»[3] .

## 6 . «دولانلار ئارىلاشما قانلىقلار» دېگەن قاراش

بۇ كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار «دولانلار تارىم ۋادىسىغا باشقا جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەنلەردىن تەركىب تاپقان» دېگەن ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەم مۇشۇ قارىشىغا ئاساس بولغان ماتېرىياللارنى ، رىۋايەت ۋە كىشىلەر بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتلەرنى ئوتتۇرىغا

---

① مياۋ فۇشياڭ : «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دولان ئۇيغۇرلىرى » ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، (ئۇيغۇرچە )1991 - يىل 1 - سان ، 120 - ، 123 - بەتلەر .

② ئالبېرت فون لىكوك (مۇھەممەد ئېلى ، مەخمۇت ۋەلى تەرجىمىسى ) : «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2003 - يىل 10 - ئاي 1 نەشرى ، 176 - بەت .

③ ستەيىن : «مەركىزىي ئاسىيا» ، (سۈن شوشيەن تەرجىمە قىلغان ) ۋېي چاڭخۇڭ ، خې خەنمىڭ «چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ، 1994 - يىل ، خەنزۇچە نەشرى ، 154 - بەت .

قويىدۇ :

بەزىلەر دولانلار موغۇللار ، قىرغىزلار ۋە لوپنۇرلۇقلار قاتارلىق ھەرخىل مىللەت ۋە ئۇرۇقلارنىڭ تەركىبىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، دەپ قارايدۇ . چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە دولۇنلار جۇڭغارلارنىڭ چەتكە قېقىشى تۈپەيلىدىن قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردىن تارىم دەرياسىنى بويلاپ غەربكە كۆچكەندىن كېيىن بارچۇق ، ئاقسۇ… قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان ، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، بىر قىسىم دولانلار كورلا ، بۈگۈر ، ئىلى قاتارلىق جايلارغا كۆچۈرۈلگەن… ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ھازىر ئاساسلىق مەكىت ، مارالبېشى ، يەكەن ، ئاۋات قاتارلىق ناھىيىلەرگە توپلاشقان[1] .

دولانلار ئويرات موڭغۇللىرى ، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ۋە مەلۇم قىرغىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ مەنبەدىن كېلىپ چىققان . ئۇلار XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە قاراشەھەر ، يۇلتۇز ئوتلىقى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق لوپنۇردىن قەدىمىي ئۇيغۇر يۇرتلىرى ئاقسۇ ئاۋات ، قەشقەر تەۋەسىدىكى مەكىت ، مارالبېشى ، يوپۇرغا ناھىيىسى تەۋەلىرىگە كۆچۈپ كەلگەن . ئاشۇ كۆچكەن ۋاقىتلاردا «دولانلار» ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان . شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلىشىش ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن[2] .

بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار مۇنداق رىۋايەتنى ئاساس قىلىپ ، ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ :

«بۇگۈنگە قەدەر مەكىت ئەتراپىدا مۇنداق بىر خەلق رىۋايىتى ساقلىنىپ قالغان : بىر قانچە يۈز يىل ئىلگىرى مەكىتتىن ئىبارەت

---

① جى داچۇن تۈزگەن : «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» دىكى [دولۇنلار] ماددىسىغا قاراڭ ، (بۇ ماددىنى مىياۋ پۇشىلاڭ يازغان) 266 ـ بەت . مىياۋ پۇشىلاڭ «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دولان ئۇيغۇرلىرى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1990 ـ يىل 1 ـ سان ، 131 ـ ، 132 ـ بەتلەر .

② ھۆسەيىن كېرىم باھادىر : «دولان ئۇيغۇرلىرى ۋە دولان مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ، 2006 ـ يىل 1 ـ سان ، 30 — 38 ـ بەتلەر .

www.uyghurkitap.com



بۇ قەدىمكى ماكانغا خوتەندىن ئۆزلىرىنى «چىن ماچىن» لار دەپ ئاتايدىغان بىر بۆلەك ئادەم كەپتۇ. تارىمدىن ئۆزلىرىنى «توقتۇرچى» دەپ ئاتايدىغان بىر بۆلەك ئادەم كەپتۇ. قۇمۇلدىن ئۆزلىرىنى «خاقەنىچ»، دەپ ئاتايدىغان بىر بۆلەك ئادەم كەپتۇ، چىڭخەيدىن ئۆزلىرىنى «باردونچ»، دەپ ئاتايدىغان بىر بۆلەك ئادەم كەپتۇ. بۇ ئادەملەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەكىتكە جەم بوپتۇ. بۇ يەر ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ ئاۋاتلىشىپ، تا ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ.

بۇ گەرچە خەلق رىۋايىتى بولسىمۇ، تارىخىي خاتىرىلەر بىلەن ئۆزئارا ماس كېلىدۇ. XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئىككى يۈز يىلدىن ئارتۇق يېغىلىق مەزگىلىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، كۆپلىگەن جايلاردىكى كۆچمەنلەر تۈركۈم - تۈركۈملەپ تارىم دەريا ۋادىسىدىكى چۆللۈكلەرگە كۆچۈپ كەلدى. بەزىلىرى گەنسۇ، چىڭخەيدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن بولسا، بەزىلىرى خوتەن، قۇمۇل، يەركەن قاتارلىق جايلاردىن بۇ يەرگە كەلدى. كىشىلەر بۇ ئەتراپتا ياشايدىغان كىشىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ دولانلار دەپ ئاتىغانىكەن («دۆلان» ئۇيغۇر تىلىدا «بىر توپ - بىر توپ» دېگەن مەنىدە ئىزاھلىنىۋاتىدۇ). تارىم دەرياسىمۇ شۇ سەۋەبتىن دولان دەرياسى دەپ ئاتالغانىكەن»[①].

«تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسى ئۇيغۇر ئېتنىك مەنبەلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3000 - يىللاردىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىدە بۇ يەردە (بۇ يەردە ئېيتىلغان جاي دەل مارالبېشى ناھىيىسىدۇر) ئىنسانلار ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 100 — 1 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇ يەردە ئاساسەن ساكلار ياشىغان. سۈي، تاڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ تۈركىي قەبىلىلەردىن قارلۇقلارنىڭ ياغما قەبىلىسىدىكى بارچۇق ئۇرۇقى بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. تاڭ سۇلالىسى كەي چېڭ (开成) نىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە

① جى چۈەن: «دولانلار ۋە دولان ئۇسۇلى»، «ئۇسسۇل مەجمۇئەسى» 1981 - يىللىق 3 - سان. («دولان مۇقامى ئۇستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» مەركىزى مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2004 - يىل 11 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 9 - بەتتىكى نەقىل).

840 ـ يىلى ) ئەسلىدە موڭغۇل ئېگىزلىكىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلار كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچكەن . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بارچۇقتا ئولتۇراقلىشىپ ، يەرلىك خەلقلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلغان . مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە قاراخانىيلار گۈللەنگەندىن كېيىن ، ئۇيغۇرلار بىلەن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قوشۇلۇشى تېخىمۇ تېزلەشكەن . ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن . مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ تەسىر كۆچى غەربكە كىرىشكە باشلىغان . دوغلات قاتارلىق موڭغۇل قەبىلىلىرىمۇ بۇ ناھىيە ئىچىگە كىرگەن ھەم XIV ئەسىردىكى يەكەن خانلىقى دەۋرىدە يەرلىك خەلقلەر ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن .

يەكەن ۋادىسىنىڭ تەبىئىي ۋە تارىخىي ئامىللىرى تۈپەيلىدىن بۇ ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى سېلىشتۇرغاندا ، ئۇلار تۇرمۇش ، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتلەردە قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەپ تۇرغاچقا «دولانلار» دەپ ئاتالغان »①

بۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم ئەسەرلەردىنمۇ «دولانلار» نىڭ ياشىغان جايلىرى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى ، تىل ئالاھىدىلىكى قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئاندا ـ ساندا تەسۋىر ۋە بايانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ .

«دولان» — مەكىت ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى نامى . مەكىت تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي شىمالى چېتىگە جايلاشقان . ئىلگىرى بۇ يەر قۇم بارخانلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن شورتاڭ جاي بولۇپ ، ھەممە يەردە يۇلغۇن ، يانتاق ۋە ئاق تىكەن قاتارلىق ياۋا ئوتلار ئۆسۈپ كەتكەنىدى . كىشىلەر قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ ، بىر قانچە پارچە كىچىك كۆلەمدىكى ئورمانلىق ۋە ئوت ـ سۈيى مول يايلاقلارغا تارقىلىپ ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەنىدى . كۆپچىلىك

① «مارالبېشى ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1998 ـ يىل 9 ـ ئاي ، خەنزۇچە نەشرى ، 843 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىنىڭ دەسلەپتە پارچە - پارچە ئولتۇراق جايىنى «دۆلەڭ» دەپ ئاتىغان. «دۆلەڭ» خەنزۇچە «دۆۋىلەنگەن» دېگەن مەنىگە توغرا كېلىدۇ. كېيىنچە، تىل ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن «دولان» دەپ ئاتالغان. شۇنداق قىلىپ بۇ يەردە ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى «دولانلار» دەپ ئاتىغان. ئۇلار يەكەن دەرياسىنىڭ مۇشۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتكەن بۆلىكىنى «دولان دەرياسى»، بۇ يەردە گۈللەنگەن ئۇسسۇلنى «دولان ئۇسسۇلى» دەپ ئاتىغان. بۇ يەردىكى خەلق ناخشىلىرىنى «دولان ناخشىسى»، مۇشۇ تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلگەن قىز - چوكانلارنىمۇ «دولان قىزى» دەپ ئاتاشقان①.

مەملىكەتلىك سەنئەت ئىلمى «9 - بەش يىللىق» پىلانىدىكى «دولان مۇقامى ئۇستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» ناملىق تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىكى ئەھۋالىدىن مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان:

«مۇئەللىپ ئاۋات، مارالبېشى، مەكىت قاتارلىق ئۈچ ناھىيىدىكى ئاھالىلەرنىڭ چىرايىنىڭ ھەرخىللىقىغا دىققەت قىلغان: ئۇلارنىڭ ئىچىدە قويۇق ساقاللىقلار، ساقال - بۇرۇتسىزلار، تېرىسى قارا، ئاقلار، ئورا كۆز قاڭشارلىقلار، تۈز يۈزلۈكلەر، ياۋروپا ئىرقىغا ئوخشايدىغانلار، موڭغۇل ئىرقىغا يېقىنلاپ قالىدىغانلارمۇ بار ئىكەن. بۇلار دەل «دولانلار» نىڭ قانداشلىق جەھەتتە روشەن «ئارىلاشما» ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ھازىر گەرچە دولانلار ئومۇميۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ، بىراق بۇ ئۈچ ناھىيىنىڭ شەھەر - بازارلىرىدا يۈزىنى ياپقان ئاياللارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بېشىغا سەللە يۆگىگەن، ئۇچىسىغا تون، يەكتەك كىيگەن ئەر دىنىي زاتلارمۇ قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلارغا قارىغاندا ئاز ئىكەن. ھازىرقى دولانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئومۇمىي جەھەتتىن

---

① جۇيۇەنلياڭ: «دولان ئۇسسۇلى ھەققىدە پاراڭ»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، خەنزۇچە 1981 - يىللىق 2 - سان، 75 -، 76 - بەتلەر.

قارىغاندا، بوستانلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىقنى مەخسۇس كەسىپ قىلغان ياكى قوشۇمچە كەسىپ قىلغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن[1]. »

## 7. قىسقىچە خۇلاسە

دېمەك، ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆزلىرى ياشىغان تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە مۇنبەت تۇپراق، باي ۋە گۈزەل زېمىندا تارىختىن بۇيان ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق، كېيىنچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق بېھىساب ماددىي بايلىق يارىتىپ، تەكلىماكان ئېتىكىدىكى بۇ قەدىمكى ماكاننى گۈللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقان.[2] بۇ بولسىمۇ ئاشۇ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ دۇردانىسى ھېسابلانغان ھېكمەتلىك مەنىدار، سەنئەتلىك مەپتۇنكار، ئەڭ ئاممىۋى، ئەڭ باي مەزمۇنلۇق، ئىلمىي سەنئەت شەكلى دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىدۇر.

ئۇيغۇر دولانلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات يېقىنقى 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقىدەك بىر قەدەر كۆلەملەشكەن ھالەتكە كەلدى ھەم خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ئەھۋال كىشىنى ئىنتايىن خۇشال قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇيغۇر دولانلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يەنە يېڭى مەسىلىلەر، يېڭى كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ بىزدىن ئۇيغۇر دولانلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ دولانلار ھەققىدىكى تەتقىقاتتا بىر قىسىم مەسىلىلەر ساقلانغان بولۇپ، بىز پەقەت تىك لىنىيە بويىچە — قولىمىزدا بار ئازغىنە تارىخىي خاتىرىلەر، ئىلگىرىكىلەرنىڭ، چەت ئەللىك سەيياھلار، ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ،

---

① «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىل 11 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى. 12 ـ بەت.

② «ئۇيغۇر دولان مۇقامى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 8 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، كىرىش سۆز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆپ قىرلىق ، ئومۇمىي بولغان تەتقىقاتقا سەل قارىدۇق . نەتىجىدە تەتقىقاتىمىزدا يېڭىلىق ئاز بولدى ، بىر تەرەپلىمىلىك ساقلاندى . مېنىڭچە ، ئۇيغۇر دولانلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا يالغۇز تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىلىرىگە ئېسىلىۋالماي ، بەلكى ، تارىخشۇناسلىق ، تىل ـ ئەدەبىيات ، ئارخېئولوگىيە ، ئىنسانشۇناسلىق ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ، مۇزىكا ئىنسانشۇناسلىقى ، فولكلور ، بىناكارلىق قاتارلىق نۇقتىلىق ۋە يانداش پەنلەرنىڭ ياردىمىدە ئەتراپلىق ، كەڭ دائىرىلىك ، سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ؛ مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن — ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى (دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى ) نىڭ تارىخى ، مەدەنىيەت قاتلىمى ، دولانلارنىڭ تىلى ، تارىخىي يادىكارلىقلىرى ، ئىنسانشۇناسلىق تىپى ... قاتارلىق جەھەتلەردە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ . پەقەت شۇندىلا بىز ئۇيغۇر دولانلىرى ھەققىدە ئەڭ يېڭى ، ئەڭ ئەتراپلىق ۋە ئىلمىي بولغان ، ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان تەتقىقات نەتىجىسىگە ئېرىشەلەيمىز . «دولان» دىن ئىبارەت بۇ «سىر» مۇ يېشىلىدۇ ، دولانلارنىڭ «سىرلىق چۈمپەردىسى» ئېچىلىدۇ .

شۇنداقتىمۇ ، مەن دولانلار ھەققىدىكى ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئاساسىدا دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە دەسلەپكى يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ ، دەپ قارايمەن .

يۇقىرىدا دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى كۆزقاراش ھەم بايانلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق . ئۇلارنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ :

1 . دولانلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، دولانلارنىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتى ھەم مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ . دولانلارنى موڭغۇللار ۋە قىرغىزلارغا باغلاش نوقۇل نام قوغلىشىش ھەم قىسمەن ئەھۋاللارغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ ، بۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى يېتەرلىك ئەمەس (ئەسەرنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا بۇ ھەقتىكى كۆزقاراش ۋە بايانلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، بۇ قاراشلار كەسكىن رەت قىلىنغان ) . بۇ قاراشنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ . دولانلارنى قەدىمكى تېلې قەبىلىلىرىدىن

«دولانكىت» لارغا باغلاش بىر قەدەر ئومۇمىي قاراش بولسىمۇ، بىراق بىر قىسىم ئالىملار بۇ خىل قاراشنى قوللىمايدۇ ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار دو-لانلارنى باشقا بىر قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە باغلايدۇ، بۇ خىل قاراشلار مەلۇم ئاساس ۋە ئىلمىي پەرەز ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، يەنىلا چوڭقۇر ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بىز «دولانلار ئۇيغۇر ئەمەس»، دېگەن قاراشلارنى قوبۇل قىلالماي-مىز»[1].

2. ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە تارىخىي شەكىللىنىشى بىلەن بىردەك. ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخ-شاش ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن. «بۇ جەرياندا، ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى كەڭ دالىلاردا ياشىغان بىر قىسىم قەدىمكى مىللەتلەر ۋە شىنجاڭ (تەڭرىتېغىنىڭ شەرقى، جەنۇب، شىمالى — تارىم ئويمانلىقى — نەقىل ئالغۇچىدىن) دىكى بىر قىسىم قەدىمكى مىللەتلەر (يەرلىك ئاھالىلەر — نەقىل ئالغۇچى-دىن) بىلەن سىڭىشىپ، ئەسلىدە ئاھالىسى كۆپ بولمىغان، تارقال-غان جايلىرى چەكلىك بولغان ئورۇقتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر-گە ئىگە بىر مىللەتكە ئايلانغاندى. كېيىنكى چاغلاردا بۇنداق سىڭى-شىش جەريانىدا، ئۇلار شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاخىر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەن ئىدى»[2]. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان «دولانلار» مۇ ئوخشاشلا مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئۇلار «ئۇيغۇر» دىن ئىبارەت مۇشۇ ئوق يىلتىزنى مەركەز قىلغان ھالدا، قەدىمدە ئۆزى بىلەن زامان، ماكان جەھەتتە بىرگە مەۋجۇت بولغان قەدىمكى مىل-

---

① مەملىكەتلىك سەنئەت ئىلمى «9 - بەش يىللىق» پىلانىدىكى تەتقىقات تېمىسى «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېتنولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات»، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2004 - يىل 11 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 12 - بەت.

② جوڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخىغا ئائىت مەجمۇئە «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل 11 - ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 63 -، 64 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



لەت ، قوۋملارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان . بۇ نۇقتىنى ئەسەرنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دولانلارنى ئانتروپولوگىيىلىك جەھەتتىن «تۈرك» دېيىلگەن ، تارىخىي باغلىنىش ، مەدەنىيەت ۋە مىللىي فولكلور جەھەتتىن «تارىملىقلار» غا باغلايدىغان ، مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشى ، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى (تارىم ۋادىسىدىكى ئىسلاملىشىش) ۋە تارىم ۋادىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن «تۈرك» ، «تارىملىق» ۋە «ئارىلاشما» دېيىلگەن قاراشلار ۋە ئۇلارنىڭ بايانلىرى ئىسپاتلايدۇ .

3 . يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىقى ، ئوۋچىلىقتىن بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى ، ئولتۇراق شەھەرلىشىشكە ئۆتۈش ئىنتايىن مۇھىم بىر «مەدەنىيەت ئۆزگىرىش» جەريانىدۇر . ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان «دولانلار» پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىگە ئوخشاش ، بۇ جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن . بىراق ، دولانلار تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان جايلار ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىت (هازىر دولانلار يەكەن — دولان دەرياسى ، تىزناپ دەرياسى ، قەشقەر دەرياسى ، ئاقسۇ دەرياسى ۋە خوتەن دەرياسى ھەم بۇ دەريالارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تارىم دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ ئىككى قىرغاقلىرىدىكى بوستانلىقلارغا مەركەزلىك جايلاشقان ھەم تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى شايار ، بۈگۈر ، كورلا… قاتارلىق جايلارغا تارقالغان) ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى بەلگىلىك چەكلىمىلىككە ئىگە قىلغان بولۇپ ، كېيىنكى بوستانلىق تېرىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تولۇقلىمىسى بولغان چارۋىچىلىق ، ئوۋچىلىق ۋە ئۇلارنىڭ بېلىقچىلىق ئىگىلىكى باشقا ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا ئۆزگىچە ئالاھىدە بىر شەكىل ۋە مۇئەييەن نىسبەتتە ساقلىنىپ قالغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە دولانلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جايلار ئۆزىنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى بىلەن دولانلارنىڭ پارچە - پارچە بوستانلىقلارنى ئاساس قىلىپ بارلىققا كەلتۈرگەن «مەھەللىۋى» تۇرمۇش فورماتسىيىسىدە يەرلىك ، ئۆزگىچە مەھەللىۋى پۇرىقى كۈچلۈك بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسىنى — دولان مەدەنىيىتىنى ئاپىرىدە قىلغان . شۇنىڭدىن باشلاپ تارىختىن بۇيان دولانلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان بۇ رايونلار «دولان دىيارى» دەپ ئاتالغان ۋە دولانلارنىڭ «دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى» بىلەن قوشۇلۇپ ، «دولان مەدەنىيىتى» نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن .

# بەشىنچى باب
# ئۇيغۇر دولان فولكلورى

«فولكلور» (Folklore) ئاتالغۇسى كونا ئىنگلىز تىلىدىكى «folk» (خەلق ئاممىسى) بىلەن «lore» (ئاغزاكى رىۋايەتلەر) دېگەن ئىككى سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. ئىستېمال مەنىسى «خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى»، «خەلقنىڭ بىلىملىرى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئاتالغۇنى ئەڭ دەسلەپ ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگىيە ئالىمى، پارلامېنت كاتىپى ۋ. چ تومىس (1803 — 1885) 1846 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىلىم ساھەسىدە بىر قەدەر كەڭ تارقالغان «خەلقنىڭ كونا ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» ۋە «ئاممىباب ئەدەبىيات» دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن①.

فولكلور ئىجتىمائىي پەن دائىرىسىدىكى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئىلىم بولۇپ، 1846 ـ يىلىدىن بۇرۇنلا ئەنگلىيە فىلولوگلىرى قەدىمكى ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئىنتايىن دىققەت ـ ئېتىبار بىلەن قارىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئىلمىي ھادىسىلەرگە مۇناسىپ نام بېرىشتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھامان ئىختىلاپلار مەۋجۇت ئىدى. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ «ئۆرپ ـ ئادەتلەر» (民俗)، «قەدىمكى ئاسار ئەتىقىلەر» (古物) دېگەنگە ئوخشاشناملار بىلەن بىرلىكتە، يەنە «ئېتنوگرافىيە»، «مېفولوگىيە»، «خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتى» دېگەنگە ئوخشاش ھەرخىل ناملار ئىلىم ساھەسىدە ئېقىپ يۈرگەنىدى. ئەينى يىللاردا تومىس يۇقىرىقى يېڭى ۋە توغرا نامنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ئىلىم ساھەسىدە ئۇنى ئورتاق ئېتىراپ قىلىپ بىردەك قوللىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن 1878 ـ يىل 10 ـ ئايغا كەلگەندە ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدە دۇنيا بويىچە تۇنجى قېتىم

① جالڭ زىچىن: «جۇڭگو ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتشۇناسلىق» 13 ـ، 14 ـ بەتلەر («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997 ـ يىل 3 ـ سان، 38 ـ بەت).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خەلق ئۆرپ- ئادىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي ئورگان قۇرۇلغاندا، بۇ ئىلمىي ئورگان يېڭى نام بىلەن «فولكلور جەمئىيىتى» (Folk—lore sociery) دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ نام خەلقئاراغا تارقىلىشقا باشلىدى.

«Folklore» دېگەن بۇ ئاتالغۇ دەسلەپ ئىنگلىز تىلىنى قوللىنىدىغان ھەرقايسى مەملىكەتلەردە ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگلىيە مۇستەملىكىلىرىدە ئېتىراپ قىلىندى. نەتىجىدە ئەنگلىيە فولكلور جەمئىيىتى ۋىلىيام تومسىنىڭ مۇھەررىرلىكىدە جەمئىيەتنىڭ ژۇرنىلى سۈپىتىدە «فولكلور» ناملىق ژۇرنال چىقاردى. شۇنداق قىلىپ 10 يىل ئەتراپىدا بۇ نام كەڭ دائىرىدە ئومۇملىشىپ 1888 - يىلى ئامېرىكىدىمۇ «فولكلور جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەت فولكلور ژۇرنىلى چىقاردى.

ئېلىمىزگە «فولكلور» دېگەن بۇ ئىلمىي ئاتالغۇ 1878 - يىلى «ئەنگلىيە فولكلور ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇلۇشتىن تۆت يىل ئىلگىرى دېنىس ئىسىملىك ئەنگلىيىلىك بىر ئالىمنىڭ «جۇڭگو ئوبزورلىرى» دا فولكلور ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنلا مەلۇم بولدى. 1876 - يىلى دېنىسنىڭ «جۇڭگو فولكلورى» ناملىق كىتابى شياڭگاڭدا نەشر قىلىندى. ئەمما ئەينى يىللاردا بۇ ئىنگلىزچە ئاتالغۇ جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تولۇق قوزغىيالمىغانىدى. پەقەت 1922 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەسىس قىلىنغان «قوشاقلار» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ «بېغىشلىما» سىدا تۇنجى قېتىم «فولكلور» سۆزى ئىلمىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە تىلغا ئېلىندى.①

فولكلورنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، مەزمۇنى مۇرەككەپ، شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، روشەن ئىجتىمائىي، مىللىي، سىنىپىي خاراكتېر ئالغان بولىدۇ. ئۇ ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالىدىغان، شۇنداقلا ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە مەيدانغا چىقارغان نەرسىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشى-

① ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 3 - 4 -، 7 - بەتلەر.

غا ئەگىشىپ پەيدا بولغان، تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىشى كول-لېكتىپنىڭ ئورتاق ئېڭى ۋە رېئال ئىجتىمائىي (سىياسىي، ئىقتىسا-دىي، دىنىي، پسىخىك، تىل قاتارلىق) ئامىللارغا، شۇنداقلا تەبىئىي (جۇغراپىيىلىك، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قاتارلىق) ئامىللارغا باغ-لىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇ بىر قاتار ئۆزىگە خاس ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئەلۋەتتە فولكلور ھادىسىلە-رىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن بىرلەشتۈرۈپ قاراش ئەڭ توغرا ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە بولۇپ، يۇقىرىقىلارنى ئومۇم-لاشتۇرۇپ فولكلورنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىشكە... مىللىيلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت ئەڭ ئاساسلىق، تۈپكى ئالاھىدىلىككە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ، فولكلور ھادىسىلىرىدە ئو-مۇميۈزلۈك ئىپادىلىنىدىغان، تارقاتقان ياكى ئۆزلەشتۈرگەن ۋە ئىش-لەتكەن مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئېڭى، ئېتىقادى، پسىخىك-سى، شەرت - شارائىتى، تارىخىي سەرگۈزەشتىسى بىلەن زىچ باغلان-غان شۇنداقلا ئۇ ھەرقايسى رايونلاردا ئۆزگىچە مەزمۇن ۋە شەكىلگە ئىگە بولغان بولىدۇ.①

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ فولكلورى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر فولكلورى ئىچىدىكى مىللىي خاسلىقى، يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان فولكلور تارمىقى بولۇپ، بىر قارىماققا ئۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر فولكلورى بايلىقىدىكى بىر تال ھۆجەيرە، ياپراقچىغا ئوخشاپ، بىر پۈتۈن گەۋدە ياكى بىر باغنىڭ گۈلىدەك كۆرۈنىدۇ. بىراق، ئۇ دولانلارنىڭ ياشىغان تەبىئىي مۇھىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى، ئادەتلىرى، مىللىي پسىخىكىسى قاتارلىق بىرقاتار ئالاھىدە سەۋەبلەر، شارائىتلار تۈپەيلىدىن، بىرقەدەر ئۆزگىچىلىككە، قويۇق يەرلىك پۇ-راققا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ تولۇقلىمى-سى ۋە ئۆزگىچە بىر شاخچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ فولكلورى توغرىسىدا ئىزدىنىش بىر پۈتۈن ئۇيغۇر

① ئەنۋەر مۇھەممەد سەيدى: «فولكلور ئۇقۇمى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997 - يىل 3 - سان، 39 -، 40 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



فولكلورىنى تولۇقلاش ، بېيىتىشتا ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قېزىپ چىقىشتا ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ، ۋارىسلىق قىلىش جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ فولكلورى ئومۇمىيلىق جەھەتتىن پۈتۈن ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىگە تەۋە بولۇشتەك يۈكسەك ئومۇمىيلىقتا ، ئالاھىدىلىك جەھەتتىن پۈتۈن ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىدىكى قويۇق مىللىي ۋە يەرلىك پۇراققا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ، خاسلىق جەھەتتىن پۈتۈن ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىدە دولانلارغىلا خاس بولۇشتەك خاسلىق ، ئايرىملىقتا ئىگە بولۇپ ، نۆۋەتتە بۇ ھەقتە ئىزدىنىشتە خاسلىققا ئېسىلىۋېلىپ ئومۇمىيلىق ، ئالاھىدىلىككە سەل قارايدىغان ، ئالاھىدىلىككە ئېسىلىۋېلىپ خاسلىقنى يوق قىلىپ ، ئومۇمىيلىققا ئېتىبار بەرمەيدىغان ياكى پەقەت ئومۇمىيلىققا ئېتىبار بېرىپ ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ، خاسلىقىنى يوق قىلىدىغان خاھىش دولان فولكلورى توغرىسىدا ئىزدىنىش ، ئۇنى قېزىش ، بايان قىلىشتا ھەل قىلىش بىرقەدەر قىيىن بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ تۇرماقتا . شۇڭا ، بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىنغان ئاساستا ، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ فولكلورىنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى ، خاسلىقى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇپ ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىدىن ئايرىۋەتمەسلىك ھەم دولانلارنىڭ فولكلور مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىك ، خاسلىقىغا ئېتىبار بەرمەي ، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى ئىچىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى يوق قىلىۋەتمەسلىك ئۇچۇن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى ھەمدە ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ فولكلورىنى بايان قىلىشتا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىگە تەۋە ، ئورتاق بولغانلىرى بىلەن ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ بىرقەدەر يەرلىك پۇراق ، ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغانلىرى بىرلىكتە بېرىلدى . بۇنىڭدىكى مەقسەت ، دولانلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى گەۋدىلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىدە ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا خاس ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتلىرىدا ساقلاپ ، ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى ، دولان فولكلورىنىڭ تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ، ئۇيغۇر قەدىمكى

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت — فولكلور بايلىقىنىڭ ئۆز ئومۇمىيلىقى، ئالا-ھىدىلىكى ۋە خاسلىقى بىلەن ساقلاپ قالغان قىسمى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ ئەسەردە ئۇيغۇر دولانلىرى فولكلورى «دولان رايونى» نىڭ مەركىزىي قىسىملىرىدىن بىرى ھېسابلانغان مەكىتتىكى دولانلارنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى ئاساسىي مىسال قىلىپ ئېلىندى. چۈنكى «دو-لان» رايونىنىڭ مەركىزىي قىسمىنى، يەنى مەكىت ناھىيىسىنى غەربـ-تىكى ناھىيىلەردىن دولان (يەكەن) دەرياسى ئايرىپ تۇرىدۇ. شەرقتە بولسا تەكلىماكان چۆلى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ رايون باشقا ناھىيە مەركەزلىرى ۋە شەھەرلەردىن يىراقتا، قاتنىشى قولايسىز بولۇپ، شەھەر مەدەنىيىتى ۋە باشقا جايلارنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى ئاز ئۇچراپ كەلگەن، ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى ئەينى پېتى ساقلاپ قالغان ياكى ئۆزگىرىش ئاز بولغان.

ئەسلىدە بۇ جاي توغراقلىق، جاڭگاللىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئۈچۈن شەرت ـ شارائىتى قولايلىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جايدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى كەسپى بولغان ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشـ-تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. كېيىنكى چاغلاردا تىزناپ ۋە دولان (يەكەن) دەريالىرى قىرغاقلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان دېھقانچىـ-لىق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ئۆزىنىڭ قەدىمكى كەسپىنىڭ ئىزلىرى چوڭقۇر ساقلانماقتا.

ھازىر دولان رايونىدا قىزىقىش بىلەن ئوينىلىدىغان قوش سېـ-لىش، قارچىغا ئوۋى، ئىت ـ تايغان بىلەن ئوۋ ئوۋلاش، ئوغلاق تارتىش ئادەتلىرى ئەنە شۇ قەدىمكى كەسپىنىڭ قالدۇقلىرىدۇر. بۇنـ-داق ئىزلارنى ئۇلارنىڭ تاماقلىرىدىنمۇ تاپقىلى بولىدۇ: دولان خەلقى ئەزىز مېھمانلىرىنى كۆپرەك پىشۇرۇلغان گۆش بىلەن مېھمان قىلىـ-دۇ. زىياپەتلىرىدە سويۇلغان قوينى پۇتۇن پېتى پىشۇرۇپ، ئاندىن مېھماننىڭ كۆز ئالدىدا پارچىلاپ تارقىتىدۇ. دولانلىقلارنىڭ قىشتا مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ مېھمان كۈتىدىغان مەخسۇس چوڭ ئۆيى بولىدۇ.

دولان رايونىدا، بەزى دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ تەسىرى ئانچە كۈچـ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لۇك ئەمەس ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ھوقۇقى جەھەتتە ، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىن پەرقلىنىدۇ . بۇ يەردە ئاياللار ئەرلەر بىلەن ئوخشاشلا ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ كەلگەن . ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىشى ئادەت بولمىغان شۇنداقلا ، تەكلىماكان بويىدىكى دولاننىڭ مەركىزىي رايونلىرىدا ئىسلامدىن كېيىن باشقا ئورۇنلاردا بولغىنىدەك ، نەغمە ـ ساز ، ناخشا ـ ئۇسسۇل چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان . شۇڭا ، بۇ رايوندا قەدىمكى چالغۇلار ۋە ناخشا ـ قوشاقلار بىرقەدەر تولۇق ساقلىنىپ قالغان .①

ئۇيغۇر فولكلورى ئابدۇكېرىم راخمان ، ئابدۇرەھىم ھېبىبۇللا ، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ، شېرىپ نىياز خۇشتار قاتارلىق ئۇستازلار تەردىن قېزىلىپ ، رەتلىنىپ ، تەتقىق قىلىنىپ بىر پۈتۈنلۈككە ، سىستېمىلىقىقا ئىگە قىلىندى . بۇ نۆۋەت ، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ فولكلورىنى ئىشلەشتە ، ئۇلارنىڭ «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» ، «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ، «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» قاتارلىق قورال كىتابلىرى ئاساس قىلىندى . ھەتتا ئۇيغۇرلارغا ئومۇمىي بولغان بەزى قىسىملىرى ئەينەن ئېلىندى (بۇ ئومۇمىي بولغان تەرەپلەرنى ھەر كىم بايان قىلسا ئاشۇ ئۇستازلارچىلىك قىلار ، شۇڭا ، ھەممىگە بىلىشلىك ھەم ئاللىقاچان سىستېمىلاشقان قىسىملارنى بۇزۇپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەندى ) . بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ، ھۆرمەتلىك ئۇستازلارنىڭ ئەجىر ـ مېھنىتىگە چوڭقۇر تەشەككۇر بىلدۈرىمەن ، ئەسەردە ئەمگەكلىرىدىن پايدىلىنىلغان ئالىم ، تەتقىقاتچىلار ۋە ماڭا ياخشى مەسلىھەت بەرگەن ، مېنى ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتكەن سەپداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن !

## 1 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى

شىنجاڭدا ياشايدىغان ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانلىرىدا ، رەڭمۇ رەڭ ئىشلەپچىقىرىش مەدەنىيىتىنى

① ئابدۇشۈكۈر تۇردى : «خەلقىنىڭ سەنئەت مەكتىپى — ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1990 ـ يىل 1 ـ ، 2 ـ سان ، 45 ـ بەت .

ياراتقان . ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئادىتى ئۇلار ياشىغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ ، قەدىمدىن ھازىرغىچە شىنجاڭنىڭ بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي گەۋدىسىدە تۆۋەندىكى تۆت خىل ئىپتىنىك ئادەت شەكىللىرى كۆزگە چېلىقىدۇ .

تاغلىق (باياۋان) رايونلار ئىقتىسادىي گەۋدىسى (ئوۋچىلىق ، تەبىئەتتىن توپلاپ يىغىش ، ئورمانچىلىق ، كانچىلىق ، تېرە ۋە گۆش يېمەكلىكلىرى) .

بېلىقچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىي گەۋدىسى (بېلىقچىلىق ، قىسمەن دېھقانچىلىق ، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش) .

چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىي گەۋدىسى (چارۋىچىلىق ، تېرە ـ يۇڭ ، سۈت ۋە گۆش يېمەكلىكىنى ئىشلەش ، چارۋا يەم ـ خەشەكلىرىنى تەييارلاش) .

دېھقانچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىي گەۋدىسى (ئاشلىق ، ماي ، پاختا ـ كەندىر ، سەي ـ كۆكتات ، تېرىقچىلىق ، ئائىلە باقمىچىلىقى ، ھۈنەر ـ كەسىپ) .

ئۇلارنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىي گەۋدىسى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان بولۇپ ، شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئۆزىگە خاس بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان .

دېھقانچىلىق قوراللىرىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئادىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ . رايونىمىزدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ، دېھقانچىلىق قوراللىرىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇنداق ئۈچ چوڭ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن :

بىرىنچى باسقۇچ : ئىپتىدائىي دەۋرگە تەئەللۇق تاش ، سۆڭەكتىن ياسالغان قوپال ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى دەۋرى .

ئىككىنچى باسقۇچ : ياغاچ قوراللار دەۋرى .

ئۈچىنچى باسقۇچ : ياغاچ بىلەن تۆمۈر ماسلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان قوراللار دەۋرى . بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇرى كۆپەيگەن ۋە سۈپىتى ياخشىلانغان . نوقۇل ئادەم كۈچىگە تايە-نىشتىن دېھقانچىلىق ئۇلاغلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن .

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئاساسەن مۇقىم دېھقاذ-چىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ، ئۇلارنىڭ قول ھۈنەر ۋە ئائىلە باقمىچىلىق كەسپىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان . قازاق ، موڭغۇل ، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان .

ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش — تۇرمۇش شەكلى ۋە ئۆزلىرى جايلاشقان جۇغراپىيە-لىك مۇھىت قاتارلىق ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلى ، يېقىنقى ئىقتى-سادىي گەۋدە ئىچىدىكى تۆت تۈرلۈك ئېتنىك ئادەتلىرىدىن باشقا ، ئوۋچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ يەنە بىر خىل ئىگىلىك ، تۇرمۇش شەكلى قىلىپ ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ . بۇ ھەم ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرى — دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ، ئەكس ئەتكەن ھالدا ، ئۇنىڭ بىر تۈرلۈك تارىخى ، مەدەنىيەت قاتلىمى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان .

## 1 . ئوۋچىلىق

ئوۋچىلىق — ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ۋە ئۆزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تۇنجى تارىخىي پائالىيىتىگە ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن ئىگىلىك شەكلى . ئۇ تاغ - ئورمانلاردا ، قىر - داللاردا ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاشتىن تاشقىرى ، دەريا - كۆللەردىن بېلىق تۇتۇش ، ئۇچار قۇشلارنى ئوۋلاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئەجدادلى-رىمىز قەدىمكى زامانلاردا ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئوۋچىلىق ئارقىلىق قاندۇرۇپ كەلگەن . بۇ جەرياندا ئۇلار ئۆزلىر-نىڭ ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ، ئوۋچىلىق ئەمگىكىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە مۇناسىپ ھالدا تاياق - توقماق ، چوماق ، نەيزە ، ئىلمەك ، گۆلمە ، مانجا ، مانتۇ ، سانجاق ، ئوقيا ۋە ھەر خىل تاش قاتارلىق ئوۋچىلىق قوراللىرىنى ياساپ چىققان .

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئوۋچىلىقتا ئىشلەتكەن ، بىز-نىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن قورالLاردىن تاپان تۇزاق ، قىلتاق ، مۈڭگۈز قاپقان ، تۆمۈر قاپقان ، تور ، چەتمەك ، لەخمە ، كەپتەر قىس-مىقى ، توشقان قىسمىقى ، باسماق ، سوغان ، تاختىمۈشۈك ، مىلتىق ، نەيزە ۋە ئوۋغا ئۆگىتىلگەن ھەرخىل قۇشلار ۋە ئىت قاتارلىقلار بار .

دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، ئەڭ دەسلەپكى مۈڭگۈز ، يۇلغۇن ، ئۇجمە ياغاچلىرىدىن ئېگىپ ئىشلىنىدىغان قاپقان ـ قىسماقلار بارا-بارا مىس ، تۆمۈر ، كۆمۈشتىن ئىشلىنىپ ، ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلى-نىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن .

ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى ئىچىدە قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئوۋچىلىقتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئىش-لەپچىقىرىش ، تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان . بۇ بىر تەرەپ-تىن دولانلارنىڭ ئەجدادلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى تاشلىماي ، ۋارىسلىق قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەنلىكى ، ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇر دولانلىرى ئولتۇراقلاشقان جۇغراپىيىلىك مۇھىت — چەكسىز كەتكەن چۆل ، دالا ، توغراق ، يۇلغۇنلۇق قاتارلىق تەبىئىي شارائىت-نىڭ ھەم مۇشۇ تەبىئىي شارائىت تۈپەيلىدىن ، ئۇلارنىڭ ماددىي ئىش-لەپچىقىرىش- ئوۋچىلىق ئىگىلىكى باشقا تەركىبلەر ، ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرىنىڭ ئازراق تەسىر قىلغانلىقىدىن بولسا ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، ئوۋچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىشلەپچىقىرىش ، تۇرمۇش ئادىتىنىڭ ئۇي-غۇر دولانلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىگە ئۆتۈپ ، ئۇلارنىڭ مەشرەپ ـ مۇقام-لىرى ، ئۇسۇللىرىدا ئەكس ئەتكەنلىكى ، توغرىسى ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسى بىلەن بىرلىشىپ ، پۈتۈن جىسمىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىدىن بولغانىدى .

دولانلار ئۇن يېمەكلىكلىرىنى ئاز ئىستېمال قىلىدۇ (ئىلگىرى تېخىمۇ شۇنداق ئىدى) ، گۆش يېمەكلىكلىرى كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىدۇ . بۇ ھال ئۇيغۇر دولان ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى چارۋىچى-لىق ، ئوۋچىلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ئەكس ئېتىشى بولۇپ ھېساب-لىنىدۇ . ئۇلار مېھمانلارنى ياۋا توشقان ، قىرغاۋۇل ، ياۋا كەپتەر ، جەرەن ، قىرقىمىغان ئوغلاق ، پاقلان گۆشلىرى بىلەن مېھمان قىلىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نى ياخشى كۆرىدۇ . بولۇپمۇ ، ئەزىز مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قوينى پۈتۈن پېتى پىشۇرۇپ «ئۇچا» قىلىپ ئېلىپ چىقىش كۈچلۈك بولغان يايلاق چارۋىچىلىق تۇرمۇش پۇرىقىنى نامايان قىلىدۇ . بۇ خىل تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى بىلەن بىرلەشسە ، ئۇ شۇنداق بىر دەۋرنى — ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ بىرقانچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى تۇرمۇش ، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ .①

ئۇسسۇل جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى تەتقىقات نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، ھەربىر دەۋردە ئۆز دەۋرىگە ماس ھالدىكى ئۇسسۇل شەكىللەنگەن . ھەرقانداق بىر ئۇسسۇلغا ئۆز دەۋرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ .

ئۇسسۇل جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى — بىرەر دۆلەت ، رايون ياكى بىرەر مىللەتنىڭ ئۇسسۇلىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇ ئۇسسۇل مەنسۇپ دەۋرنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى ، پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ، ئەخلاق قاراشلىرى ، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك زۆرۈر ئۇچۇرلارغا ئېرىشىدۇ . شۇنداقلا قىيا تاش ، تام سىزمىلاردىكى ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرىدىن پايدىلىنىپ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ ، مەزكۇر ئۇسسۇل ھەقدارلىرىنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى ، سىڭىشىشى ، كۆچۈشلىرى ، دىنىي ئېتىقادى ، ئىگىلىك شەكلى ۋە ياشىغان ماكانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە باھا بېرىدۇ .②

جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا ، مۇشۇ نەچچە ئون ئەسىر ئىچىدە تەكلىماكان قۇملۇقى ھەممىگە بىر تەھدىت ۋە ئاپەت بولۇپ كەلگەنلىككە قارىماي ، ئۇنىڭ غەربىي جەنۇب گىرۋىكىگە مەكىت جايلاشقان . دولان دەرياسى مەكىتنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ . ئۇ دولان دىيارىنىڭ مەركەزلىك رايونلىرى بولغان مەكىت ، مارالبېشى ھەم ئاۋات ناھىيىلىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكەن . دولان خەلقى مۇشۇ ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان ئىزچىل تۇردە تەبىئىي

① ئادىل مۇھەممەت تۇران : «مەكىت تارىخىدىن ئىزنالار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 - يىل 10 - ئاي نەشرى ، 134 - بەت .
② ئۇمەرجان ئىمىن : «مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىن بىر تامچە» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» 1996 - يىل 1 - سان ، 21 - بەت .

بالايىئاپەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ كەلگەچكە، ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشمۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ ئاپەتنىڭ بىرى دەل تەكلىماكان قۇملۇقى بولۇپ، بۇ دولان خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. قۇم كۆچۈش، قۇم بېسىشنى تىزگىنلەش جەريانىدا شۇنداقلا ياۋايى ۋەھشىي ھايۋانلار تەھدىتى تۈپەيلىدىن ئۆملىشىشنىڭ مۇھىملىقى بارغانسېرى ھېس قىلىنغان. دولانلار مۇشۇ جەرياندا ئۆملىشىپ ئاپەتكە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش بىلەن ئۇۋچىلىقنى ئاساسلىق كۈندىلىك پائالىيىتىگە ئايلاندۇرغان[1].

دولاندىكى پېشقەدەملەرنىڭ رىۋايەتلىرى، مۇھىمى ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ، دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنى ۋە قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، تۆت باسقۇچلۇق دولان مەشرىپى قەدىمكى زاماندىكى بىر مەيدان ئۇۋچىلىق پائالىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

چېكىتمە: بۇ باسقۇچنىڭ ئاساسلىق «ھەرىكەت شەكلى» ئەر ـ ئايال ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ، ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ ئوينىشى، ئەرلەرنىڭ ئىككى قولىنى ئىككى يانغا تاشلاپ ئوينىشى، ئاياللارنىڭ بولسا بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىر قولىنى ئارقىغا تۇتۇپ، ئەرلەرگە ماسلىشىپ ئوينىشىدىن ئىبارەت. بۇ ھەرىكەتلەر كىشىگە ئەرلەرنىڭ چاتقاللىقلارنى قايرىپ، ئىز قوغلاپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى، ئاياللارنىڭ بىر قولىدا مەشئەل كۆتۈرۈپ ئەرلەرگە يول باشلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇسسۇل تىلى نەزەرىيىسىدە بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ ئېغىر قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش ھەرىكىتى قايغۇ ـ نادامەتنى، قان ـ ياشلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئالدى ـ كەينىگە مېڭىش ھەرىكىتى ھۇجۇم، چېكىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. قەدىمدىن ئىگىلىك شەكلىنىڭ ئاددىيلىقى ھەرىكەتنىڭ ئاددىي بولۇشىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا، ئۇۋچىلىق دەۋرىدە ئۇۋغا بېرىش، ئۇۋدىن قايتىشنى ۋە ھۇجۇم، چېكىنىشنى ئىپادىلەيدىغان ئالدى ـ كەينىگە مېڭىش ھەرىكىتى ئاساسلىق ھەرىكەت شەكلى ئىدى. بۇ خىل

① ئىقبال تۇرسۇن: «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي ـ مەدەنىي قاتلىمى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1996 ـ يىل 1 ـ سان، 53 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەرىكەت شەكلى تەدرىجىي سىمۋوللۇق تۈسكە كىرىپ، ئوۋ ئۇسسۇل-
لىرىنىڭ تۈنجى ھەرىكەت تىلىنى تەشكىل قىلغانىدى.

سەنەم: بۇ باسقۇچتىكى ئەر - ئايال ئۇسسۇلچىلارنىڭ ناھايىتى
تېزلىكتە ئوڭ - سولغا بۇرۇلۇپ ئويناشلىرى، چاپچىما ھالەت،
ماھىرلىق بىلەن ئالماشتۇرۇپ يۆتكىلىدىغان پۇت ھەرىكەتلىرى، يانغا
ياكى ئارقىغا تېز ئايلانغاندا شەكىللىنىدىغان مەركەزدىن قاچما كۈچ
ھادىسىسىگە تولىمۇ ئەپچىللىك بىلەن ماسلاشقان بەدەن ھالىتى، بەدەن-
نىڭ تولغىما قىياپەتلىك دەقىقىسىدىكى غۇلاچنىڭ كېرىلىش، تارد-
يىش ھالىتى... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھايات - ماماتلىق ئوۋ
مەيدانىنى، ھۇجۇم، چېكىنىش، ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، بەزلەش
تاكتىكىسىنى قوللىنىۋاتقان ئەر - ئايال ئوۋچىلارنىڭ ئوقيا ئېتىش
ماھارىتىنى كىشىگە ئەسلىتىدۇ.

سەنقەس (سەلىقە): بۇ بۆلەكتە ئۇسسۇلچىلار دۈگىلەك ھالقا
ھاسىل قىلىپ چۆرگىلەپ ئوينايدۇ. بۇ باسقۇچ ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ
قورشاش مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئىپتىدائىي ئوۋچىلار بۆلۈنۈپ
ھەرىكەت قىلغانغا قارىغاندا، قورشاپ ھۇجۇم قىلسا ئۈنۈملۈك بولىدى-
غانلىقىنى ھېس قىلغان ھەم چەمبەرسىمان ھەرىكەتنى مۇۋەپپەقىيەتكە
سىمۋول قىلغان.

سىيرىلما: بۇ بۆلەكتە ئۇسسۇلچىلار يۇقىرىقى بۆلەكتىكى چەم-
بەرسىمان دائىرىنى ئاساس قىلىپ، بىردەم ئوڭغا، بىردەم سولغا
ئايلىنىپ ئوينايدۇ، مەيداندا بىرقانچە دۈگىلەك دائىرە شەكىللەندۈرى-
دۇ. بۇ باسقۇچقا ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ ئالدى - كەينىدىكى ھېس-
سىياتى سىڭگەن.①

پلېخانوف «يەنە ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ سەنئىتى ھەققىدە»
ناملىق ماقالىسىدە: «قەدىمكى چاغدىكى ئوۋچىلار ئۇسسۇلىنىڭ ئىجاد
قىلىنىشى — ئوۋ جەريانىدا ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىش-
تىن كەلگەن» دەپ كۆرسەتكەن. ئېنىقكى، ئەگەر قەدىمكى چاغلاردا
دولانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئوۋچىلىق پائالىيىتىگە بىۋاستە

① ئابدۇشۈكۈر تۇردى: «خەلقىمىز سەنئەت مەكتىپى — ئۇيغۇر مەشرەپلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنى-
يىتى» 1990 - يىل 1 - ، 2 - سان، 46 - ، 47 - بەتلەر؛ تۇمەرجان ئىمىن: «مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىن
بىر تامچە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» 1996 - يىل 1 - سان، 21 - ، 22 - بەتلەر.

قاتناشمىغان بولسا ، بۈگۈنكى دولان مەشرىپىنى ئىجاد قىلالمىغان بولاتتى[①].

دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئاخىرىدا ساما سېلىش بولسا ، غەلىبىگە قىلىنغان تەنتەنىدىن ئىبارەت[②] بولۇپ ، بىر قېتىملىق غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلغان ئوۋدىن دېرەك بېرىدۇ . «سوڭ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ مۇزىكا قىسمىدا يېزىلىشىچە ، سوڭ سۇلالىسىنىڭ ئون ئالتە ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىچىدە بۈركۈت ئاتار ئۇيغۇر ئۆمىكى (بۇلار تاۋاردىن قىسقا كىيىم كىيىدۇ ، كۈمۈش كەمەر باغلايدۇ ، بۈركۈت ئېتىۋاتقان قىياپەتتە تۇرىدۇ ) قاتارلىق ئۈچ ئۆمەك بولغان . تەتقىقاتچى گۇباۋ بۇ ئۇسسۇللارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ قەدىمىي ئۇسسۇلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ، بولۇپمۇ ھازىرقى شىنجاڭنىڭ مەكىت ناھىيىسى ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئوينىلىۋاتقان دولان ئۇسسۇل ھەرىكىتىدە يەنىلا بۈركۈت ئېتىۋاتقان چاغدىكى قىياپەت ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ .[③] بۇنى تەتقىقاتچى جۇجىڭباۋ تەستىقلاپ ، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ئىچىدە بىر قەدەر قەدىمىي بولغىنى دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى ئىكەنلىكىنى ، دولان ئۇسسۇلىدىكى «ئوقيا ئېتىش» ئۇسسۇلىنىڭ ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا شىمالىي يايلاقتا ئوينىلىپ تۇرغانلىقىنى يازىدۇ . ئۇ يەنە «دولان خەلقىنىڭ ھازىرقى ئۇسسۇلىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇسسۇل شەكلى ۋە مەزمۇنى ساقلىنىۋاتقان» لىقىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ .[④] پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىگە تارقالغان غەربىي يۇرت ئۇسسۇللىرى ئىچىدە «ئوقيا ئېتىش ئۇسۇلى» نىڭمۇ بولغانلىقىنى يازىدۇ ھەم بۇنى «دولانلارنىڭ ئوقيا ئېتىش ئۇسۇلى» دەپ قارايدۇ .[⑤]

---

① ئۆمەرجان ئىمىن : «مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىن بىر تامچە» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ، 1996 - يىل 1 - سان ، 22 - ، 23 - بەتلەر .

② ئەمەتجان ئەھمىدى : «ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1993 - يىل نەشرى ، 61 - بەت .

③ گۇباۋ : «شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە قەدىمكى جەمئىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1986 - يىل 11 - ئاي خەنزۇچە نەشرى ، 32 — 33 - بەتلەر .

④ جۇ جىڭباۋ : «يىپەك يولىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 - يىل ، خەنزۇچە نەشرى 285 - بەت .

⑤ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1980 - يىل 3 - ئاي نەشرى ، 53 - بەت .

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭدىن باشقا ، دولانلار ھازىرغا قەدەر ناغرا چوكىسىنى بەلۋاغ بىلەن ئوراپ ۋە ئۇنى بېشىغا ھايۋان مۈڭگۈزىدەك تاقاپ ، ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىپ ئوينايدىغان «تېكە ئۇسسۇلى» نى ئويناپ كەلمەكتە . بۇمۇ قەدىمكى ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ئۇسسۇلدۇر[1] .

دولانلارنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۇلارنىڭ ماددىي ، مەنىۋى تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭگەن بولۇپ ، بۈركۈت ، قارچىغىنى ئەتىۋارلاش ، مېھمانغا ئەركەك قوينىڭ سېنىنى تەقدىم قىلىش قاتارلىق ئادەتلەر ھېلىمۇ يوقالغىنى يوق . بىر قىسىم ھازىرقى زامان ئوۋچىلىرى يەنىلا ئوقيا ئىشلىتىدۇ ياكى ئوقيانى سۇندۇرۇپ قەسەم قىلىشىدۇ ، ئەھدە تۈزۈشىدۇ . توغراقلارغا ھاياتلىق بەلگىسى سېلىپ قويۇشىدۇ ، بۆرە ئوشۇقىنى توتېم (تەۋەررۈك) ھېسابىدا ساقلايدۇ[2] .

يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ، ئاياغ ئېقىنلىرى ۋە تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئورمانلىقلار ، يايلاقلار ۋە قۇملۇقلار ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقان دولانلاردا يېقىنقى يىللاردىمۇ (دۆلەت ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا چەكلىمە قويغانغا قەدەر) كۆزدىن باش ئەتىيازغىچە بىللە ئوۋچىلىق قىلىش ئادىتى ساقلىنىپ كەلگەن . بۇ ئوۋچىلىق تۆۋەندىكىدەك ئېلىپ بېرىلغان : ئوۋچىلىق مەزگىلى (بۇ مەزگىل كۆزدىن باش ئەتىيازغىچە بولۇپ ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش مەزگىلى ئاخىرلىشىپ يېڭى كۆپىيىش مەزگىلى باشلانغۇچە بولغان مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ . باش ئەتىيازدىن باش كۈزگىچە ئوۋچىلىق قىلىنمايدۇ) دە ، كىم خالىسا شۇ كىشى تاڭ سەھەردىلا بۇرغا چېلىش ياكى توۋلاش ئارقىلىق «ئوۋ ! . . . ئوۋ ! . . .» دېگەن ئاۋازنى چىقىرىپ كىشىلەرگە ئوۋ چاقىرىقى قىلىدۇ . كىشىلەر ئەتىگەنلىك ناشتىسىنى قىلىپ ، ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى تەييارلاپ ، كالتەك ـ چوماق (كالتەك ـ چوماق ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ئوۋ ئوۋلاش قورالى بولۇپ ، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇشى بىلەن نەيزە ، ئوقيا ،

---

[1] ئۆمەرجان ئىمىن : «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» 1989 ـ يىلى 3 ـ سان ، 71 — 72 ـ بەتلەر .

[2] مۇختار قادىر : «دولان ، دولى ، دېلى ، لولى سۆزلىرىنىڭ باغلىنىشچانلىقى ۋە قەدىمكى دولان دىيارى ، دولان سەنئىتى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» 1986 ـ يىل 4 ـ سان ، 36 ـ بەت .

مىلتىقلارمۇ ئوۋچىلىقتا ئىشلىتىدىغان قوراللار بولغان . دولانلار ئوۋ قىلىشتا بىخەتەرلىكنى نەزەرگە ئېلىپ مەدەنىي قوراللارنى بولۇپمۇ ، مىلتىقنى ئىشلىتىشنى ئادەت قىلمىغان ) لىرىنى ، قارچىغا ، لاچىنلىرىنى ئېلىپ ، پىيادە ئوۋ چاقىرغۇچىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ ، دولان ئۇسسۇلىنىڭ سەلىقە باسقۇچىدەك ئوۋ مەيدانىغا دائىرە ھاسىل قىلىپ ماڭىدۇ . ئوۋنى كالتەك ـ چوماقلىرى بىلەن سوقۇپ ، قارچىغا ـ لاچىنلىرىغا ئالدۇرۇپ ئوۋلايدۇ . كەچ كىرگەندە غەنىيمەتنىڭ ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ ھەممىنى تەپتەكشى تەقسىم قىلىپ بۆلۈشىدۇ ياكى بىرلىكتە پىشۇرۇپ يېيىشىدۇ . بۇ يەردە كىمنىڭ ئوۋنى كۆپ تۇتقانلىقى ، كىمنىڭ تۇتالمىغانلىقى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ . ئوۋغا قاتناشقانلىكى ئادەم (مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ، مەيلى قېرى ياكى ئۆسمۈر بولسۇن ) نىڭ ھەممىسى بىر كىشىلىك نېسىۋىگە ئېرىشىدۇ① . تۆۋەندە بىر قىسىم ئوۋچىلىق قوراللىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ :

**كىيىك قاپقىنى (مۇڭگۈز قاپقان)** كېيىك قاپقىنى ئادەتتە تاغلاردا ياشايدىغان بۆكەن ، ئۆچكە ، بۇغا ، كېيىك قاتارلىق ھايۋانلارنى مەخسۇس ئوۋلاش ئۈچۈن ياسالغان ئالاھىدە بىر خىل ئوۋچىلىق قورالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

كېيىك قاپقىنى ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ . بىر خىلى ، كېيىك مۇڭگۈزىدىن ياسىلىدۇ ، يەنى كېيىك مۇڭگۈزىنى قوقاستا قىزىتىپ ، يۇمشىتىپ ، ئەتراپىغا چىش چىقىرىپ ، چۆرىسىنى بولسا ياي شەكلىدە ئېگىپ زەي بىلەن تارتىپ ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ياسىلىدۇ . زەيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياغاچ بالداقتىن تۇتقۇ بېكىتىلىپ ، ئىلچۇق ياساپ ، تۇتقۇنى بولسا قىل ئارغامچىغا باغلاپ ، ئاستى تەرەپكە ئورەك كولاپ كېيىكنىڭ ماڭىدىغان يولىغا قۇرۇپ قويۇلىدۇ . ئادەتتە بۇنداق قاپقانلارنىڭ ئايلانمىسى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ . يەنە بىر خىلى ، تۆمۈر قاپقان . بۇ خىل قاپقان ئادەتتە تۆمۈرنى بىر قانچە قېتىم تاۋلاش ئارقىلىق ، ئۇنىڭغا چىش چىقىرىلىپ ، يان تۆمۈرنى جۈپ قىلىپ ئاي

① ئابدۇۋېلى ئابدۇللا : «دولانلىقلارنىڭ يېقىنقىچە ساقلىنىپ كەلگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى» ، «ئاۋات تارىخ ماتېرىياللىرى» 4 ـ قىسىم ، 248 — 249 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شەكىلدە ئېگىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ . ئاستى تەرپىگە بولسا ئۇۋ چۆشكەندىن كېيىن دەرھال ئېتىلىپ ئۇۋنى چىڭ قىسىپ تۇرۇش ئۈچۈن تۆمۈردىن قوپاغىرا ۋە قۇلاق ئىشلىنىدۇ . قۇلاق قوتاز يۇڭىدىن ئىشلەنگەن 10 مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى ئارغامچىغا باغلىنىپ ، كېيىن كەلەرنىڭ ئۆتەر يولىغا قۇرۇپ قويۇلىدۇ ھەمدە قاپقان بىلەن ئارغامچا توپىغا بوش كۆمۈلۈپ ، ئىزلار پاك ـ پاكىز ئۆچۈرۈۋېتىلىدۇ . ئادەتتە بۇ خىل قاپقانلارغا كېيىك ، بۆكەن چۈشكەندىن تاشقىرى ، بەزىدە بۆرە ، تۈلكىلەرمۇ چۈشۈپ قالىدۇ . بۇ خىل قاپقانلارغا چۈشۈپ قالغان ھەرقانداق ئۇۋ قاپقاننىڭ ئېگىسى يېتىپ كەلمىگۈچە ئەسلا بوشىنالماي-دۇ . قاپقاننى ئارغامچا تارتىپ تۇرغاچقا ، ھايۋانلار ئۇنى سۆرەپمۇ قاچالمايدۇ .

**ئۇششاق ھايۋانلارنى تۇتىدىغان قاپقان** بۇ خىل قاپقانلار ئادەتتىكى قاپقانلارغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان ، كىچىكلىتىلگەن قاپقانلار بولۇپ ، مۇڭگۈز قاپقان ۋە تۆمۈر قاپقانلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى ، ئۇ ئادەتتە ئارغامچىلارغا باغلانمايدۇ ، بۇ خىل قاپقانلارغا ئادەتتە توشقان ، كىرپە ، داۋغان قاتارلىق ھايۋانلارمۇ چۈشۈپ قالىدۇ .

**ئۇچار قۇشلار قىسمىقى** بۇ خىل قىسماقلار ئادەتتە ياغاچ قىسماق ، تۆمۈر قىسماق ، باسقاق ، باسماق ، چەتمەك قاتارلىق بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ . ياغاچ ۋە تۆمۈر قىسماقلار كېيىك قاپقىنىدىن ئۆزگەرتىلىپ ياسالغان بولۇپ ، ئادەتتە ئىلچۇقى يېنىغا مەخسۇس دانچۇق بېكىتىلىدۇ . قىسماقنىڭ ئىككى يېنىدىكى كەرمەككە زەي يىپ ، قىل يىپ ياكى رېزىنكە بېكىتىلىپ ، دەستە ئارقىلىق بۇراپ چىڭىتىلىپ ، قىسماقنىڭ تۇتۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىدۇ .

**سوغان** سوغان ئادەتتە ئەتىياز پەسلىدە ئۆردەكلەرنى تۇتۇش ئۈ-چۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئوۋچىلىق قورالى بولۇپ ، ئۇنىڭ ياسىلىشى نىسبەتەن ئاددىي ، ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى يۇقىرى بىر خىل قورال ھېسابلىنىدۇ . سوغان ئادەتتە بىر مېتىردىن بىر يېرىم مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان بارماقچىلىك تومۇلۇقتىكى ئىككى تال يۇلغۇن ياغىچى ۋە 50 ـ 60 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر پارچە سوغان يىپىدىن ياسىلىدۇ ، يەنى ئىككى تال يۇلغۇن ياغىچىنىڭ بىر ئۇچى قوزۇق

شەكلىدە ئۆچلىنىپ، سۇ ئاستىدىكى لايغا چىڭ سانجىلىدۇ، يۇلغۇن-
نىڭ ئىككى ئۇچىغا سوغان يىپى چىڭ چىگىلىدۇ، ئوتتۇرىسىغا بولسا
كىلمەك ئورىلىپ، سۇ يۈزىدىن بەش سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە قۇرۇ-
لىدۇ. ئادەتتە سوغان كەچتە سۇ يۈزىگە قۇرۇلىدۇ. كېچىسى كۆللەر-
گە چۈشكەن ئۆردەكلەر ئۈزۈپ كېلىپ بېشى كىلمەكنىڭ ئىچىگە
كىرىپ قېلىپ ئۇچالماي قالىدۇ، ئەتىسى سوغانچىلار ئۆردەكلەرنى
ئېلىپ كېتىدۇ.

**چاشقان قىسمىقى (تاخىتمۇشۇك)** بۇ خىل قىسماق ياۋايى هايۋان-
لار ۋە ئۇچار قۇشلارنى تۇتىدىغان قاپقان ۋە قىسماقلارغا تۈپتىن
ئوخشىمايدۇ. قەدىمدە بۇ خىل زىيانداشلارنى تۇتىدىغان مەخسۇس
تاخىتمۇشۇك ياسالغان. بۇ خىل تاخىتمۇشۇك ئادەتتە كىچىك ساندۇق-
تەك ياسىلىپ، ئاستىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ قويۇلىدۇ، تۆشۈكنىڭ
ئۈستىگە چاشقاننىڭ ئېغىزى يەتكۈدەك يېرىگە چاشقان قىسمىقى بېكى-
تىلىدۇ. قىسماقنىڭ ئەتراپى تۆمۈر سىملارغا پۈرژىنا بېكىتىپ ياسى-
لىدۇ. تاخىتمۇشۇك ئادەتتە ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىغا قويۇلىدۇ. بۇ خىل
تاخىتمۇشۇكنىڭ چاشقان تۇتۇش ئىقتىدارى ئادەتتىكى چاشقان قىس-
ماقلىرىغا قارىغاندا ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ.

**يىلان ئۇۋلاش** بۇ ئوۋچىلىقنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، يىلان ئوۋچى-
لىقنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى — داۋالاش. يىلان گۆشى، يىلان تۇخۇ-
مى ئارقىلىق كېسەللەرنى داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، ساغلاملىق
دورىلىرىنى ياساش ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇيغۇر دولانلىرى «ئىنساندىكى
بارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېسەللىك ئامىلى
ئۆلۈك يەل، (يالّلۇغ)، ئۆلۈك يەلنى پاقا - يىلان يەيدۇ» دەپ
قارايدىغان بولغاچقا، مەخسۇس يىلان ئوۋلايدىغان ئاي، كۈنلەرنى
ساناپ، شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە چۆللەردە يىلان ئۇۋىسىغا قوللىرىنى
تىقىپ، تىرىك يىلانلارنى تۇتۇۋېرىدۇ. ئۇلار تاللىغان مۇشۇ مەزگىل
يىلانلارنىڭ ئادەم چاقمايدىغان زەھەرسىز مەزگىلى بولۇپ، مەخسۇس
يىلان ئوۋلايدىغان ئوۋچىلار بۇنداق «ئوۋ پەسلى» نى ياخشى بىلىدۇ.
مەكىتتىكى ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا مەخسۇس يىلان ئوۋلاپ جان
باقىدىغان ئوۋچىلارمۇ بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 2 . بېلىقچىلىق

بېلىقچىلىق ئادىتى سۇ ھايۋانلىرىنى ئوۋلاشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان كۆپ خىل شەكىلدىن تەركىب تاپقان ئىقتىسادىي پائالىيەت بولۇپ، قەدىمكى ئوۋچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرىنىڭ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش ئادىتى ئاساسەن يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە پەيدا بولغان. بۇ دەۋر تارىختا «بېلىق تۇتۇش مەدەنىيىتى دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

سۇ ھايۋانلىرىنى تۇتۇشنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكلى بىۋاستە قول بىلەن تۇتۇش ئىدى. كېيىنچە ئوۋچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ تاشنى يونۇپ سىلىقلاش ئارقىلىق سانجىغاق قاتارلىق بېلىق تۇتۇشقا ئىشلىتىدىغان ئىپتىدائىي قوراللار كەشىپ قىلىنغان. بارا - بارا ئۇچىغا ئەگمە يىڭنە بېكىتىلگەن قارماق قاتارلىق قوراللار بارلىققا كەلگەن. شۇنداق قىلىپ بېلىق قاتارلىق سۇ ھايۋانلىرىنى تۇتۇشمۇ ئوۋچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن بىرلەشكەن ھالدا تەرەققىي قىلغان.

بېلىق تۇتۇشتا تورنىڭ بارلىققا كېلىشى بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئادىتىدىكى بىر يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ، ئوۋچىلىق دەۋرىگە قارىغاندا ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىدىكى ئەقىل- پاراستىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

سۇ ھايۋانلىرىنى تۇتۇش ئىشلەپچىقىرىش ئادىتى جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىككە قاراپ بارلىققا كەلگەن بولۇپ، دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق ئىچكى قۇرۇقلۇق مۇھىتىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرىدە بېلىقچىلىق چوڭ سالماقنى ئىگىلىمەيدۇ. بېلىقچىلىق ئىقتىسادىي ئادەتلەر پەقەت ئۇيغۇرلار جايلاشقان جايلاردىكى ئانا دەريالار بويلىرىدا، چوڭ كۆللەر ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەردىلا بۇ خىل ئادەت شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر دولانلىرى بولسا دولان، تىزناپ، قەشقەر، ئاقسۇ، تارىم دەريا ۋادىلىرى ۋە بۇ ۋادىلار ئەتراپىدىكى چوڭ كۆللەر بويىغا ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، بېلىقچە-

لىقتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش ئادىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەم ساقلاپ كەلگەن .

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ، يەنى 1905 ـ يىلى ئۆكتەبىردە گېرمانىيىنىڭ شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيىسى ئەترىتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق يىراققا يۈرۈش قىلغان ئەترىتى تەركىبىدە شىنجاڭغا كەلگەن ئالبېرت فون لېكوك مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان :

پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىككى جايدىكى خەلقلا دائىم بېلىق يەيتتى ، بىرى بارچۇقنىڭ ئەتراپى بولۇپ ، تارىم دەرياسىدا بېلىق كۆپ ئىدى ، يەرلىك دولانلارنىڭ (Dolans) دائىملىق تامىقى ئىدى ؛ يەنە بىرى ، لوپنۇر ئەتراپى بولۇپ ، بېلىق يەرلىكلەرنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى ئىدى . ئۇلار بېلىقنى يېڭى ۋاقتىدىلا تازىلاپ پىشۇرۇپ يەيتتى ياكى قۇرۇتقاندىن كېيىن يەيتتى .①

بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئادىتىنىڭ پەسىل خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ . دولان رايونىدىكى دەريا ـ كۆللەردە بېلىق تۇتۇش كۆپرەك 7 ـ ئايدا (كەلكۈن پەسلىدە) ۋە كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئەتىياز ۋە ياز پەسلىنىڭ باشلىرى دەريا ـ كۆللەرگە يېڭى سۇ — كەلكۈن سۈيى كەلگەن چاغلار بولۇپ ، بېلىقلار سۇنىڭ ئۈستۈنكى قاتلىمىدا توپ ـ توپ بولۇپ ، ھەر تەرەپكە ياكى سۇ ئېقىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قاراپ ھەرىكەتلىنىدۇ . بۇ بېلىق تۇتۇشنىڭ ئەڭ قولايلىق ۋاقتى بولۇپ ، ھەممە كىشى چىقىپ خالىغانچە بېلىق تۇتىدۇ . قىش پەسلىدە بېلىق تۇتۇشنىڭ ئۆزىگە خاس ئادەتلىرى بار : بۇ پەسىلدە بېلىقلار سۇنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاستىنقى قاتلىمىدا ناھايىتى شالاڭ ھەرىكەت قىلىدۇ . مۇز قاتقان مەزگىلدە بولسا سۇنىڭ ئەڭ ئاستىدا بولىدۇ . بېلىق تۇتقۇچىلار قىش كۈنلىرى قېلىن مۇز بىلەن قاپلانغان دەريا ـ كۆللەرگە بېرىپ ، بىرقانچە جايغا لىنىيە بويلاپ كاچكۇل ئاچىدۇ . كېچىسى كاچكۇل ئەتراپىغا گۈلخان ياقىدۇ ياكى چىراغ يورۇتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بېلىقلار يورۇقلۇققا ئىنتىلىپ كاچكۇلغا يىغىلىدۇ . نەتىجىدە بېلىقچىلار قولىدىكى چويلا

① ئالبېرت فون لېكوك : «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2003 ـ يىل 10 ـ ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 176 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوت ، بىدە ، سامان بېرىلگەندە ئۇلارنى يۇيۇپ ، قاتمال بولسا ئىسسىق سۇغا بېسىپ يۇمشىتىپ بېرىدۇ . بوردالغان قوي ، كالىغا ھەلەپ ئەتكەندە كېپەك بىلەن قوناق ئۇننى ئارىلاشتۇرىدۇ . چۈنكى ، يالغۇز كېپەكلا بەرسە ئۇنىڭ كۆچى بولمىغاچقا مال ئەت ئالمايدۇ . ئەكسىچە يالغۇز ئۇن بەرسە مالنىڭ ئىچىنى سۇرۇۋېتىدۇ . قويغا قوناق بېرىشكە توغرا كەلگەندە يارما قىلىپ ياكى قاينىتىپ بېرىدۇ . ئادەتتە ھۆل شاپاق ـ شالتاقنى بەرمەيدۇ . بېرىشكە توغرا كەلسە ئالدى بىلەن شاپاقنى سايىدە شامالدىتىپ سۇ تەركىبى تۆگەپ شىرشىم بولغاندا بېرىدۇ .

قوي سەمرىشكە باشلىغاندىن كېيىن ئالدىدىن يەم ئۈزمەيدۇ . يەم ـ خەشەكنىڭ كۆپ خىل بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ . مەسىلەن ، ھازىر بىدە بېرىلسە ئارقىدىن ئاداپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەلەپ بېرىپ ئارقىدىن سۇغىرىدۇ . يەم بېرىش جەريانىدا يەملەرگە تۇز سالىدۇ ياكى يالاش ئۈچۈن شور تۇز قويۇپ قويىدۇ . قوي سەمرىپ يېتىلىشكە باشلىغاندا ئوخلاتمايدۇ . بەلكى ئىككى تەرىپىگىچە تاختا قويۇپ ، قوينىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمەي يىقىلىپ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ . مالنىڭ ئاستىنى داۋاملىق قۇرۇتۇپ تۇرۇشتىن تاشقىرى ، بۇرۇن ، قولاق ، تۇياقلىرىنى تەكشۈرۈپ ، مالدا پەيدا بولىدىغان ھەرخىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ . مالنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلسا ، بۇرنىغا سۇ مېيى سۈركەپ ياكى پىياز يېگۈزۈپ ئىشتىھاسىنى ئاچىدۇ .

كالا بورداشمۇ ئاشۇ خىلدا بولۇپ ، يەم ـ خەشەكلىرىگە قوناق شېخى ، مېۋىلىك دەرەخ يوپۇرماقلىرى قوشۇپ بېرىلىدۇ . بوردىلىدىغان قوي كۆنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەش يۈز گرامدىن سەككىز يۈز گرامغىچە ، كالا بىر يېرىم كىلوگرامدىن ئىككى كىلوگرامغىچە يەم يېيىشى لازىم . مۇشۇ خىلدا باققان قويلارنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى بىر يۈز ئوندىن بىر يۈز يىگىرمە كىلوگرام ، گۆش ئېغىرلىقى يەتمىشتىن سەكسەن كىلوگرامغىچە ، كالىنىڭ گۆش ئېغىرلىقى ئىككى يۈز ئەللىك كىلوگرامدىن ئۈچ يۈز كىلوگرامغىچە بولۇپ يېتىلىدۇ .

مال بورداشنى كەسىپ قىلغان مەخسۇس كىشىلەر بار بولۇپ ، بۇ سودا ـ تىجارەتنىڭ بىر خىل شەكلى ھېسابلىنىدۇ .

دولانلارنىڭ قوي مەدەنىيىتى

ھەممىگە ئايانكى، قوي ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ بالدۇر قولغا كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ بىرى. بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قويغا مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ ئىبارىلەردىن ھەمدە مۇندىن 3800 يىل بۇرۇن دەپ يەكۈن چىقىرىلغان «كروران گۈزىلى» نىڭ قەبرىسىدىكى قوي يۇڭىدىن توقۇلغان بۇيۇملاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قوي قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز قوينىڭ گۆشىدىن ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە پايدىلانغاندىن باشقا، تېرىسىدىن تۇماق، جۇۋا، شالۋۇر قاتارلىق كىيىملەرنى تىكىپ، كىگىز، گىلەم، خۇرجۇن قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى توقۇپ ئىشلەتكەن. ھەتتا تۆۋەندىكى رۇبائىيدا قەيت قىلىنغاندەك، قوي ئۈچەيدىن راۋاب ـ دۇتارلارغا تار ئېشىپ سېلىپ، ئىنسان روھىدىكى ئەڭ مۇقەددەس تۇيغۇ بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى كۈيلەشنى بىلگەن:

ئۆي ـ ئۆيدە سورۇننىڭ تۆرىدە دۇتار،
چالىدۇ قوي كۆزلۈك جانان ۋاپادار.
دۇتارنىڭ نەقىشى قويلار سۆڭىكى،
ئۈچىيى مۇڭ تۆككەن ئاشۇ بىر جۈپ تار.

دولانلار گەرچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمي قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوخشاشلا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق قاتارلىق تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاساسەن تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى خىلۋەت جايلارنى ماكان قىلىپ ياشاپ كەلگەچكە، چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا ئۆتۈش دەۋرى نىسبەتەن كېيىنرەك بولغان. روشەنكى، بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس قوي مەدەنىيىتى يارىتىشىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان.

ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان قوي مەدەنىيىتى زادى نېمە؟ ئۇنىڭ ئەتراپتىكى قېرىنداش ئورۇنلار بىلەن بولغان پەرقى

www.uyghurkitap.com



قايسىلار ؟ ناۋادا بۇ سوئالغا بىر جۈملە سۆز بىلەن جاۋاب بېرىشكە توغرا كەلسە ، «دولانلارنىڭ قوي مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ دولان قويىدىن ئىبارەت ئەلا سورتنى يېتىشتۈرۈپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇنى ئەرمەك هايۋان دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ» دېيىش مۇمكىن .

مەكىت ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان هالدا ، يەكەن ، يوپۇرغا ۋە مارالبېشى قاتارلىق قوشنا ناھىيىلەرنىڭ مەكىتكە يېقىن كۆپلىگەن يېزا- كەنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان هىلال ئاي شەكىللىك دولان رايونىدا ، ئەلا نەسىللىك مەكىت قويلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئەرمەك هاي- ۋان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ :

1 . قويلارغا ئىسىم قويۇش

مەكىت قويىدىن ئىبارەت بۇ ئەلا نەسىلنىڭ بارلىققا كېلىشتىن تارتىپ ، تاكى بۈگۈنكى هالغا يەتكۈچە بولغان ئارلىقتىكى بېسىپ ئۆتكەن تەبىئىي تەرەققىيات جەريانىمۇ يۇقىرىقى بايانلارنىڭ مەزمۇنى بىلەن بىردەك بولۇپ ، 1920 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇ قوي نەسلى بارلىققا كەلگەندە ، باشقا ئادەتتىكى قويلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «قاڭشارلىق قوي» ، «قىرغىزەك» دېگەندەك ئورتاق ئىسىملار بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ ، لېكىن كېيىنچە بەزى داڭلىق قويلارغا «ئالا پاچاق» ، «قارا قۇيرۇق» دېگەندەك خاس ئىسىملار قويۇلۇشقا باشلى- غان . هازىرقى باسقۇچقا كەلگەندە بۇ خىل خاس ئىسىملار تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ ، قوچقارلارغا «بوز بەگ» ، «قۇتبەگ» ، «قىرانباي» دېگەندەك ؛ ساغلىقلارغا بولسا «مۇڭ مەرەم» ، «جەمىلەم» ، «چالا مەرەم» دېگەندەك ئىسىملار قويۇلۇشقا باشلىدى . گەرچە مەكىت قوي- لىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ خاس ئىسمى بار دېگىلى بولمىسىمۇ ، لېكىن باهاسى 100 مىڭ يۈەننىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى داڭلىق قويلارنىڭ كۆپىنچىسىنى كىشىلەر خاس ئىسىم بىلەن ئاتىشىدۇ . باهاسى 10 مىڭ يۈەننىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى قويلارنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتمە- سىمۇ ، لېكىن شۇ قوي ئىگىسى خاس ئىسىم بىلەن ئاتايدىغان ئەھۋال- لارمۇ بار .

دېمەك ، قويلارغا خاس ئىسىم قويۇشتىن ئىبارەت باشقا قوي

تۇرلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا بولمىغان بۇ ئۆزگىچە ھادىسە قويغا ھې-
رىسمەن دولان خەلقى ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

2 . قوزىلارنى يوقلاش

قوي باققان دولانلار ئارىسىدا ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىشىپ
قوي ھەققىدە پاراڭلىشىش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغاندىن باشقا، يېڭى
تۇغۇلغان قوزىلارنى ئالاھىدە يوقلاپ بارىدىغان بىر خىل ئادەتمۇ بار.
بۇ خىل ئادەت مەكىت قويىدىن ئىبارەت تاشقى كۆرۈنۈشى تولىمۇ
چىرايلىق، ئىقتىسادىي قىممىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان بۇ ئەلا
نەسىللىك قوي تۈرى دولان رايونىدا ئەرمەك ھايۋان قاتارىغا قوشۇلۇش-
قا باشلىغاندىن كېيىن پەيدا بولغان بولۇپ، گەرچە يېڭى تۇغۇلغان
قوزىلارنى يوقلاپ بارغۇچىلار ئالاھىدە سوۋغاتلارنى ئېلىپ بارمىسىمۇ،
لېكىن ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭ
قوزىلارغا، جۈملىدىن مەكىت قويلىرىغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى ئى-
پادىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قايسى خىلدىكى قوچقارلارنى قايسى
خىلدىكى ساغلىقلار بىلەن چېتىشتۇرسا قانداق قوزا چۈشىدىغانلىقى
ھەققىدە بىۋاسىتە سېزىمغا ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، قوزىلارنى
يوقلاش داۋامىدا نەچچە 10 مىڭ يۈەنلىك سودىدا پۈتۈشۈپ قالىدىغان
ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بەزىدە ھەتتا يوقلاپ بېرىلغان ئاشۇ قوزىنىڭ
سودىسىمۇ بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل سودا سەل ئالاھىدىرەك بولۇپ،
يوقلاپ بارغۇچىلاردىن بىرى قوزىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشقا كۆزى
قىيمىغان ئەھۋالدا نەق مەيداندىلا سودىلىشىپ، پۈتۈشكەن نەچچە مىڭ
يۈەن پۇلنى نەق بېرىدۇ ـ دە، ئۈچ ياكى تۆت ئايلىق بولغاندا ئېلىپ
كېتىشكە ۋەدىلىشىپ قايتىپ كېتىدۇ.

3 . «ھۆسن تۈزەش»

ئەرمەك ھايۋان بىلەن ئادەتتىكى ھايۋانلارنىڭ يەنە بىر كۆرۈنەر-
لىك پەرقىنىڭ «ھۆسن تۈزەش» تە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم
ھېس قىلىپ يەتكەن بولسا كېرەك. گەرچە دولان دىيارىدا قوي بېقىپ
كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە قويلارنىڭ «ھۆسنىنى تۈزەش»
ئادىتى بار دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن مەخسۇس مەكىت قويلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ۋە تىجارەت ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ھۇزۇرلىنىش، زوقلىنىش ئىستىكى بىلەن مەكىت قويى باققانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قويلارنىڭ «ھۆسنىنى تۈزەش» كە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنى ئۆز تەرتىپى بويىچە بىر - بىرلەپ بايان قىلساق، قوزا تۇغۇلۇپ بىر نەچچە كۈنلۈك بولغاندا بويىنىغا تىلتۇمار ياكى كۆزمونچاق ئاسىدۇ، بۇ، يامان كۆزلەردىن ساقلاپ، شۇ قوزىنىڭ ئامان - ئېسەن چوڭ بولۇشىنى تىلەش ئىستىكىنى بىلدۈرىدۇ. قوزا پاقلان بولۇپ تۇنجى قېتىم قىرقىلغاندا سۆڭگىچىگە كوكۇلا قويۇپ قويۇلىدۇ. بۇ شۇ پاقلاننىڭ تېخى يېشىغا توشمىغان «نارەسىدە» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، قوي ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. پاقلان يېشىغا توشۇپ رەسمىي قوي قاتارىغا قوشۇلغاندىن كېيىن بويىنىغا بويۇنچۇق سېلىنىدۇ.

بويۇنچۇق مەكىت دولان قويلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس زىننەت بۇيۇمى بولۇپ، ئادەتتە ئۇ تەبىئىي تېرە تاسمىلارنى ھەر خىل چوڭ - كىچىكلىكتە تىلىپ، چىرايلىق توقۇش ئارقىلىق ۋە ئۈستىگە كۆزمونچاق، رەڭلىك مارجان، كىچىك قوڭغۇراق قاتارلىقلارنى ئورنىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئادەتتىكىلىرى 7 — 8 يۈەندىن، ئالاھىدىرەكلىرى 70 — 80 يۈەندىن سېتىلىدۇ. بويۇنچۇقنىڭ رولى گەرچە قويلارنى باغلاش ۋە كۆركەملەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولسىمۇ، لېكىن ھازىر باغلاش رولى بارغانچە ئاجىزلاپ، كۆركەملەشتۈرۈش رولى كۈچىيىپ بارماقتا. قويلارنىڭ باش - كۆزىنى ئالاھىدە ياساش ۋە يۇيۇپ تاراش قويچىلارنىڭ «ھۆسن تۈزەش» تىكى يەنە بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ، ئادەتتە بويۇنچۇق ئېسىلغان مەكىت قويلىرى ئەتىيازدا ھاۋا ئىسسىغاندىن باشلاپ، كۈندە بولمىسىمۇ ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇن سوپۇن بىلەن يۇيۇلۇپ تارىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قويلار توڭرا - قاسماقلاردىن ئادالىنىپ، يۇڭلىرى پارقىراپ تېخىمۇ كۆركەملىشىپ كېتىدۇ. يەنىمۇ ئالاھىدە بولغىنى شۇكى، مەخسۇس مەكىت قويى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەزى قويچىلار قويلارنى بازارغا ئەكىرىشتىن بۇرۇن باش - كۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ياسايدۇ. بولۇپمۇ قۇلاقنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ۋە ئاستى- ئۈستىدىكى يۇڭلارنى شۇ

دەرىجىدە پاكىز قىرقىيدۇكى ، ئۇقمىغان ئادەم «ئۇستىرا بىلەن چۈ-
شۈرگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالىدۇ . قولاق ئەتراپىدىكى يۇڭلارنى
شۇ دەرىجىدە پاكىز قىرقىشتىكى بىرىنچى سەۋەب ، قولىقى پەۋقۇلئاد-
دە ئۇزۇن ۋە كەڭ كەلگەن مەكىت قويلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان
بۇ روشەن ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن بولسا ،
ئىككىنچى سەۋەب «ھۆسن تۈزەش» ئۈچۈندۇر .

4 . ھەقىقىي تۇردە كۆيۈنۈپ بېقىش

قوي بېقىش دېگەن بۇ ئۇقۇمدىن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا كېلى-
دىغىنى يايلاقلاردا يايلىتىپ بېقىلىۋاتقان قوي پادىلىرى ياكى ئېغىل-
قوتانلاردا يەم ـ بوغۇز بىلەن بوردىلىۋاتقان توپ ـ توپ قويلار بولۇشى
مۇمكىن . بۇ خىلدىكى قويلارنى بېقىشتا پەقەتلا ئىقتىسادىي ئامىل
كۆزدە تۇتۇلغاچقا ، ئۇنى پىسخىك ئامىللارنىڭ تەسىرىدە بېقىلىدىغان
مەكىت قويلىرىنى بېقىش بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ . باشقىچە-
رەك قىلىپ ئېيتقاندا ، مەكىت دولان قويلىرىنىڭ بېقىلىشىنى ئادەت-
تىكى «قوي بېقىش» دېگەن سۆز بىلەن تولۇق ئىپادىلەش تەس .
چۈنكى ئادەتتىكى قويلار ئوت ـ چۆپنى ئاساس قىلغان ھالدا بېقىلسا ،
مەكىت دولان قويلىرى يەم ـ بوغۇزنى ئاساس قىلغان ھالدا بېقىلىدۇ .
بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان يەم ـ بوغۇز قوناق ياكى قوناق يارمىسى ،
زىغىر كۈنجۈرىسى ، كېپەك ، زاغرا نان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان بولۇپ ، چىگىت شاكىلى (پوستى) قا-
تارلىق زەھەرلىك تەركىبلەر ئادەتتە مەكىت دولان قويلىرىغا بېرىلمەي-
دۇ . بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ ، چىگىت كۈنجۈرىسى ۋە
شاكىلى بىلەن بېقىلغان قويلارنىڭ سۈتى كېسىلىپ كېتىدىغان بول-
غاچقا ، قوزىلارنىڭ چوڭ بولۇشىغا تەسىر يېتىپلا قالماستىن ، چوڭ
قويلاردىمۇ 3 — 4 ئايدىن كېيىن ئىزىدا چۆرگىلەيدىغان ، سىيەلمەي-
دىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ . مەكىت دولان قويلىرىنى
نوقۇل ھالدا پۇل تېپىشنى كۆزلەپلا ئەمەس ، بەلكى بۇ قويلارنىڭ
كۆركەملىكىدىن ۋە ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان ئىجىللىقىد-
دىن ھوزۇرلىنىش ، زوقلىنىشنى كۆزلەپ بېقىپ كېلىۋاتقان دولانلار
قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ زەھەرلىنىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ . شۇڭا شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com



دەرىجىدە كۆپيۈنۈپ باقىدۇكى ، بەرگەن يەم ـ بوغۇزلىرىنىڭ زەھەر-سىز بولۇشىغا كېپىللىك قىلىشتىن تاشقىرى ، بەزى كىشىلەر ھەتتا ئېغىل ـ قوتانلارغا قىشتا مەش قويۇپ ، يازدا شامالدۇرغۇچ ئورنىتى-دۇ ؛ ئىككىنى قوزىلىغان ساغلىقلارنىڭ ئورۇقلاپ كۆرۈمسىزلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، سۈت ئۆچكىلىرىنى سېتىۋېلىپ قوزىلارنى شۇنىڭغا ئېمىتىپ چوڭ قىلىدۇ . قوزىلارغا «ئىنىكئانا» تېپىپ بېرىپ ، ساغلىقنىڭ كۆركەملىكىنى ساقلايدىغان مۇنداق قوي بېقىش ئۇسۇلى بەلكىم باشقا قوي نەسىللىرىگە تېخى نېسىپ بولمىغان بولسا كېرەك .

5 . ئېلىم ـ سېتىمدىكى ئۆزگىچىلىك

ئادەتتىكى قوي سودىسىدا ئاساسلىقى شۇ قوينىڭ گۆش بېرىش نىسبىتىگە ، يەنى ئىقتىسادىي ئامىللارغا قارالسىمۇ ، لېكىن مەكىت قويلىرىنىڭ سودىسىدا باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك پىسخىك ئامىللار ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ . تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتە قاڭشار ، قۇلاق ، قۇيرۇقتىن ئىبارەت «ئۈچ ئۆلچەم» ئاساس قىلىنغان ھالدا ، بوي ـ تۇرقى ، يېشى ، رەڭگى قاتارلىقلارغا قارىلىدۇ ، ئاندىن ئەجدادى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ .

6 . ئەجداد سۈرۈشتۈرۈش

بۇ ئادەت مەكىت دولان قويلىرىنىڭ ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدى-كى ئۆزگىچىلىكىنىڭ تۈنجىسى بولۇپ ، ئۇ باھاغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ . گەرچە بازارغا ئېلىپ كىرىلگەن قويلارنىڭ ھەممىسى-نىڭ ئەجدادى بىر ـ بىرلەپ سۈرۈشتۈرۈلۈپ سودا قىلىنىدىغان ئىش بولمىسىمۇ ، لېكىن تەجرىبىلىك قويچىلار بۇ نۇقتىغا ھەرگىز سەل قارىمايدۇ . بولۇپمۇ نەسىل ئېھتىياجى ئۈچۈن بېقىلىدىغان قوچقارلار-نى ياكى تېخى چىش يېمىگەن پاقلان ـ قوزىلارنى سېتىۋېلىشتا ، ئەجداد سۈرۈشتۈرۈش ئۆتكىلى تولىمۇ چىڭ ئېگىلىنىدۇ . چۈنكى يېشى ، بوي ـ تۇرقى ، رەڭگى قاتارلىق تاشقى ئامىللار ئوپمۇئوخشاش بولغان شارائىتتىمۇ ، خاس ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدىغان داڭلىق قوي-لاردىن چۈشكەن قوزا ـ پاقلانلار بارغانسېرى كۆركەملىشىپ بارسا ، ئادەتتىكى قويلاردىن تاسادىپىي چىرايلىق چۈشكەن قوزا ـ پاقلانلار

چوڭ بولغاندا خېمىغا يېنىپ يەنە ئادەتتىكى قويغا ئايلىنىپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ قالىدۇ . شۇڭا ئوخشاش شارائىتتىمۇ ، ئەجدادى داڭلىق قوزا ـ پاقلانلار نەچچە مىڭ يۈەن قىممەت سودا قىلىنسا ، ئەجدادى ئېنىق بولمىغانلىرىنىڭ باھاسى نىسبەتەن تۆۋەن بولىدۇ . باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن داڭلىق قويلاردىن چۈشكەن قوزىلارغا ئالدىن پۇل بېرىپ سودىلىشىپ ، كېيىن قوزا چوڭ بولغاندا ئېلىپ كېتىش ھادىسىسىمۇ ماھىيەتتە ئەجداد سۈرۈشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇ خىل ئۆزگىچە ئادەتنى باشقا قوي تۈرلىرىنىڭ سودىسىدا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ .

دولانلارنىڭ قوي مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ ئۆزگىچە بولغان خاسلىق — ئۇلارنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىزچىل ئىزدىنىش ئارقىلىق ، مەكىت دولان قويىدىن ئىبارەت ھەم ئىقتىسادىي قىممەتكە ، ھەم ھۇزۇرلىنىش قىممىتىگە ئىگە بۇ ئەلا نەسلنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېتىشتۈرۈپ چىقىپ ، ئۇنى دولان رايونىدا ئەرمەك ھايۋان دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنلىكىدە دېيىش مۇمكىن .

مەكىت دولان قويلىرىنىڭ ئەرمەك ھايۋان قاتارىغا قوشۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئۆزگىچە ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى دولانلىقلارنىڭ ئەنئەنىسىدىن ، شۇنداقلا ئاشۇ ئەنئەنە ئاساسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قويخۇمارلىق پسىخىكىسىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ . باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەندەك ، تارىختىن بۇيان تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى پىنھان جايلارنى ماكان قىلىپ ياشاپ كەلگەن دولانلىقلارنىڭ ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىق باسقۇچىدىن دېھقانچىلىق باسقۇچىغا ئۆتۈشى باشقا قېرىنداش قەبىلىلەرگە قارىغاندا نىسبەتەن كېيىنرەك بولغان . ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىق باسقۇچىدىن دېھقانچىلىق باسقۇچىغا كېيىنرەك ئۆتكەن مىللەت ياكى قەبىلىلەرنىڭ كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلارغا ھېرىسمەن كېلىشى تەبىئىي ئەھۋال . ئۇنىڭ ئۈستىگە دولانلارمۇ باشقا قەبىلىلەردىكى قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا ، دىنىي ئەقىددىلەردىكى قوينىڭ جەننەتتىن چىققانلىقىغا دائىر رىۋايەتلەر دولانلارنىڭ پسىخىكىسىدىكى قويخۇمارلىق بىلەن قوشۇلۇپ ، رېئال تۇرمۇشتا مەيلى قانچىلىك جاپا چېكىش ۋە قانچىلىك زىيان تارتىشتىن قەتئىينە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



زەر ، قوينى قەدىرلەيدىغان ئۆزگىچە بىر ئەمەلىي ئادەتنى شەكىللەن-
دۈرگەن . ئەنە شۇ ئەمەلىي ئادەت مەكىت دولان قويىنىڭ ئەرمەك
هايۋان قاتارىغا قوشۇلۇشىغا ئاساس بولغان .①

## 4 . كەپتەرۋازلىق

ئۇيغۇر دولانلىرى كەپتەرنى ۋاپادار قۇش دەپ بىلىدۇ . جۈملە-
دىن بېقىپ ئۆگىتىپ ، ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىدۇ .

ئۇيغۇر دولان خەلقى يىراق ئۆتمۈش زامانلاردىن باشلاپ ، كەپتەر-
دىن خەۋەرچى سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا ئادەتلەنگەن .

ئۇيغۇر دولانلىرى كەپتەرنى چىرايلىق ، ياۋاش ، ئاۋازى يېقىم-
لىق ، ئىنسانلار بىلەن بىللە ياشىيالايدىغان ۋاپادار قۇش دەپ ئائىلىدە
بېقىپ ئۆگىتىدۇ . ئۇلار ئۆيىنچى كەپتەرگە غوڭ قاپاق ئېسىپ قويە-
دۇ . كەپتەرلەر غوڭ قاپاق ئاۋازى بىلەن توپلىشىپ ئۇچىدۇ . كەپتەر
باققۇچى قاپاقنى شالدىرلىتىپ «يەھ ــ يەھ» دەپ توۋلاپ كەپتەرنى
ئالدىغا چۈشۈرىدۇ . بەزى كەپتەرلەر كەپتەر ئىگىسىنىڭ باش ، مۈرە ،
قوللىرىغا قونۇپ ، دان ئىزدەپ بۇقۇلداپ سايرايدۇ . كەپتەرۋاز بۇنىڭ-
دىن پەخىرلىنىپ ھۇزۇرلىنىدۇ . كەپتەرۋاز ئۆي كۆچسە ياكى ئۆيلە-
رى ۋەيران بولسا كەپتەر ئەسلىي ئۇۋىسىدىن زادى كەتمەيدۇ .

ئۇيغۇر دولان مويسىپىتلىرى «دەمدەر» دەپ ئاتىلىدىغان كەپتەر-
نىڭ تاڭ سەھەردە بۇقۇلداپ مۇڭ ئاۋازدا سايرىشىنى ئاڭلاشقا ئاشىق ،
ئۇلار كەپتەرنىڭ سەھەردىكى سايرىشىنى ئىبادەت ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ
بەخت ــ سائادىتى ئۈچۈن قىلىنىغان تىلاۋەت دەپ بىلىپ ، بۇنداق
كەپتەرلەرگە پېشايۋان ئاستىغا مەخسۇس ئۇۋا ياساپ بېرىدۇ .

كەپتەر — ئوزۇقلۇق قىممىتى ئۈستۈن ، گۆشى هالال ، قۇۋۋەت-
لىك ، دورىلىق ، شىپالىق قۇش . ئۇيغۇرلار كەپتەر گۆشى بىلەن
بەدەن ئاجىزلىق ، ئاشقازان ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالىسا ،
رېماتىزم قاتارلىق يەللىك ئاغرىقلارغا بەدەننىڭ سىرتىدىن ئۇنىڭ
قېنىنى ئېقىتىپ داۋالايدۇ . بەزى يىرىڭلىق كېسەللەرگە كەپتەرنىڭ

---

① تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس : «دولانلىقلارنىڭ قوي مەدەنىيىتى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ، 2005 ـ يىللىق 5 ـ سان ، 98 — 103 ـ بەتلەر .

قارنىنى يېرىپ تېگىپ ، ئىچىنى ئالدۇرۇپ داۋالايدۇ .
غوڭ قاپاق غوڭ قاپاق كىچىك قاپاق (بالا قاپاق ) لار
لىدىغان بىر خىل سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ ، ئۇيغۇر دولانلىر
قاپاقلارغا ئالاھىدە ماھارەت بىلەن تۆشۈك ئېچىش ئارقىل
قاپاق» ياساپ ، كەپتەرنىڭ قۇيرۇقىغا چىگىش ئارقىلىق
چىققان ئاۋازدىن ئۆزگىچە ئېستېتىك زوق ئالىدۇ . ئادەتتە ك
گە غوڭ قاپاق ئېسىشتىكى مەقسەت قولغا ئۆگىتىلگەن كەپ
ئۆز توپىدىن ئايرىلىپ كەتمەسلىكىگە باشلامچىلىق قىلىش
قاتارلىق گۆشخور قۇشلارنىڭ كەپتەرلەرنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ
نىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت .

5 .دېھقانچىلىق

ئۇيغۇر دولانلىرى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ — شەھەر
ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي دېھقانچىلىق ، قول ھۈ
لىك كەسپىگە يۈزلەنگەن ۋە ئىپتىدائىي تېرىقچىلىقتىن
ھالدا ئۆزىگە خاس ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئىگىلىكى
لىپ ، بۇغداي ، قوناق ، ئارپا ، تېرىق ، ماش قاتارلىق دانلىق
لەرنى تېرىغان ۋە تېرىقچىلىق سايمانلىرىنى ئىختىرا قىلغان
دولانلىرى گەرچە ئۆزلىرى جايلاشقان جۇغراپىيىۋى مۇھىتىن
رى بىلەن ، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تىرىكچىلىك شەكىللىر
غان ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىق ، بېلىقچىلىق قاتارلىقلار بىلە
لانغان بولسىمۇ ، بىراق ، دېھقانچىلىق يەنىلا ئۇلارنىڭ ئاسا
گىلىك شەكلى ھېسابلىنىدۇ .

دېھقانچىلىق سايمانلىرى : قوش ، بوقۇسا ، سۆرەتمە تاخت
رەم ) ، تارماق ، تۇلۇق ، كەتمەن ، ئورغاق ، ئوتىغۇچ ، ئارا ،
غەلۋىر ، ئۆتكەمە ، موماياغاچ ، شامالدۇرغۇچ ، سوقا قاتار
ئىبارەت .

تېرىقچىلىق ئۇسۇلى : ئۇيغۇر دولانلىرى يەرلىك ئۇسۇل
چىلىق قىلىدۇ ، كۈزگى بۇغداينى قوناق يىغىۋېلىنغاندىن
يەرنى تاختىلاپ (تۈزلەپ ) ئوغۇتلاپ ، ئۇسا قىلىپ ئاغدۇرۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com



سالغاندىن كېيىن، نەملىك تەگشەلگەندە قايتا ئاغدۇرۇپ، ئۇرۇق سالىدۇ. ئۇرۇق ئۈستىنى دەسسەپ ياكى سۆرەم سېلىپ چىڭدايدۇ (ئۇرۇقنى باستۇرىدۇ). بۇغداي ئۈنگەندە بەزىلەر مالغا يېگۈزىدۇ، بەزىلەر مايسا ئۈستىدىن تۇلۇق سۆرەپ مايسىنىڭ قەرەلسىز ئۆسۈشىنى چەكلەيدۇ. ئەتىيازدا يەرگە تارماق سېلىپ بوشىتىدۇ. ئەخلەت-چاۋارلارنى تازىلايدۇ. مايسا بىخ سۈرۈپ 10 ـ 15 سانتىمېتىر ئۆسكەندە، سېپىل ياكى كونا تام توپىسى بىلەن توپىلايدۇ. ياۋا ئوت - چۆپلەر ئوتىغۇچ بىلەن ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

يازغى بۇغداي 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن تېرىلىدۇ. كۈزگى بۇغداي بۇرۇن، يازغى بۇغداي كېيىن پىشىدۇ.

ئاشلىق يىغىش: دەل ۋاقتىدا ئورغاق بىلەن ئورۇپ باغ قىلىپ باغلايدۇ، مەخسۇس خامان راسلايدۇ. خامان ئورنى تۈزلىنىپ چىڭدىلىدۇ. ئوتتۇرىغا موما ياغاچ قاداپ يەرگە ئەنجۇ (باغلانغان بۇغداي)نى چۇۋۇپ سېلىپ، ئۇلاغقا تۇلۇق سۆرىتىپ مومىنى ئايلاندۇرۇپ، بۇغداينى باشاقتىن ئاجرىتىدۇ. بىر ئادەم ئۇلاغ ھەيدەشكە، يەنە بىر ئادەم ئەنجۈنى ئۆرۈپ ئۇلاغ ۋە تۇلۇق ئاستىغا تاشلاپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ. باشاقتىن ئايرىلغان بۇغداي ئاستىدا قالىدۇ. پاخالنى ئېلىپ تاشلاپ ياغاچ گۈرجەك بىلەن شامالدا سورۇپ سامىنى ئايرىلىدۇ، شامال بولمىسا ئەدىيال بىلەن گۈپپاك ئېتىپ شامال چىقىرىدۇ.

قوناق بۇغداي ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تېرىلىدۇ. تېرىش جىددىي بولىدۇكى، ئەتىگەندە سالغان ئۇرۇق بىلەن چۈشتىن كېيىن سالغان ئۇرۇقنىڭ پىشىشىدا پەرقى بولىدۇ. ئوتاش، سۇغىرىش ۋاقتىدا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. قوناق پىشقاندا ئۈزۈۋېلىپ، پاتىقىنى (پالىكىنى) سويۇپ تاشلاپ، كالتەك بىلەن سوقۇپ مەدەكتىن ئاجرىتىدۇ.

قائىدە ـ يوسۇنلار: خامان ئېلىنغاندا شۇ مەيداندا بولغان، قارىشىپ بەرگەن كىشىلەرگە ھوسۇل خۇشاللىقى بىلەن كەپسەن بېرىلىدۇ. ئومۇمىي مەھسۇلات سادىغىسى ئۈچۈن مەدرىسە، مەسچىت، ئىمام، مەزىن، خاتىپلارنىڭ راسخوتىنى مەقسەت قىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرىنى ئۆشرە بېرىدۇ. بۇغداي، قوناقلار ئورۇلۇپ، خامانغا توشۇپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئېگىزلىقتا يوقسۇللارنىڭ باشاق

تېرىۋېلىشىغا يول قويىدۇ. جان ـ جانىۋارلار ھەققى دەپ توپانلارنى ئېتىزغا چېچىپ قويىدۇ.

دېھقانچىلىقنىڭ پەسىل خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، يىغىم ـ تېرىم مەزگىلىدە ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆزئارا لاپقۇتلىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان.

تېرىم ۋە يىغىم ئادەتلىرى ئۇيغۇر دولانلىرى دېھقانچىلىق ۋاقتىنىڭ يېتىپ كېلىش ۋاقتى، قايسى خىل ئۇرۇقنى قايسى ۋاقىتتا سالسا (تېرىسا) ياخشى بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ تۇرىدۇ ۋە شۇ يىلقى قىشلىق قار، جۇملىدىن ئەتىياز ۋە يازدا بولىدىغان يامغۇرلارنى مۆل-چەرلەپ تۇرىدۇ. مۇبادا، ھۆل ـ يېغىن ئاز بولۇپ قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىش شەپىسى بولىدىغان بولسا، كونا قائىدىسى بويىچە، پۈتۈن يۇرت خەلقى ئۇلۇغ مازارلار ياكى قەدىمكى جايلارغا يىغىلىپ كالا، قوي ئۆلتۈرۈپ ھەربىر ئادەم خالىغان نەرسە ئېلىپ چىقىدۇ، قان قىلىپ، ياغ پۈركىتىپ سۇ تەلەپ قىلىپ دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ تەڭرىگە سېغىنىدۇ، بۇ مۇراسىمنى «زاراخەتمە» دەپ ئاتايدۇ.

زاراخەتمىدىن كېيىن، ھەربىر دېھقان ئۆز ئېتىزلىرىنى تۈزەپ سۇ كېلىشنى كۈتىدۇ ۋە ئۆزىگە قاراشلىق ئېتىز بېشىدا قوي، كالا دېگەندەك جانلىقلارنى سويۇپ «قان قىلىپ» نەزىر قىلىدۇ. جامائەت يىغىلىدۇ. بۇ يىغىلىشتا دېھقانچىلىق رىسالىسى ئوقۇلۇپ، دېھقانلار-نىڭ ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان قائىدىلەر تەشۋىق قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ رىسالىدىكى بەدەننى پاكىز، پاك تۇتۇش، تېرىقچىلىق ۋاقتىدا پىرلارغا سېغىنىش، شەرىئەت ئەمرىنى بەجا قىلىش، ئېتىقادىنى پاك قىلىش، ئاللانى ياد ئېتىش، ئۇرۇقنى ئوڭ قول بىلەن سېلىش، خاپىلىق ـ ئاچچىقلىنىشتىن خالىي بو-لۇش، كەڭ قورساق بولۇش، ئالىملارنى دوست تۇتۇش، قوش قې-تىش، تاپ بېشىدىن يېنىش ئۇسۇلى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئاسراش ۋە قەدىرلەش، ئۆشرە، كەپەن بېرىش، يالغۇز بوغداي، قوناق تېرىماي، قوغۇن ـ تاۋۇز، ماش، پۇرچاق، كۆكتات قاتارلىق ھەرخىل زىرائەتلەرنىمۇ تېرىش، باغ بىنا قىلىش ۋە ئاسراش قاتارلىق قائىدىلەر تەشۋىق قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يىغىم ۋاقتىدا، خامان بېشىدا بەرىكەت تىلەپ يەنە بىر قېتىم قان قىلىپ دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇلىدۇ.

خامان چەشلىنىپ بولغاندا، ئالدى بىلەن «چەش بۇرنى» دەپ بىر غەلۋىر ئاشلىقنى ئايرىم قويىدۇ، ئاندىن ھەر ئون غەلۋىردىن بىرىنى ئۆشرە دەپ ئايرىپ قويۇپ، مەسچىت، مەدرىسىلەرگە بېرىدۇ.

ئائىلە باشلىقى كەپسەن دەپ ئائىلە ئەزالىرى ۋە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، خامان ئۈستىگە كەلگەن يوقسۇللارغا مۇۋاپىق ئۆلچەمدە ئاشلىق بۆلۈپ بېرىدۇ. جان ـ جانىۋارلار ھەققى دەپ خاماندا قالغان چار بۇغداينى ئەتراپقا چېچىپ قويىدۇ. يوقسۇللارنىڭ باشاق تېرىۋېلىشىغا يول قويىدۇ. بۇلارنى سەدىقە، ئەلگە نەپ دەپ بىلىدۇ.

قوغۇن تېرىغان دېھقانلار ئۇرۇق سېلىش ۋاقتىدا نەزىر (قان) قىلىپ ئۇرۇق سالىدۇ.

باغۋەنلەرمۇ مېۋىلەر بىخ ئۇرۇش ۋاقتىدا دۇئا ـ تەكبىر ئۆتكۈزىدۇ. مېۋە پىشقاندا ھەرقانداق كىشى باغقا كىرسە خالىغانچە يېيىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. بېغى يوق قولۇم ـ قوشنا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئائىلىسىگە داۋاملىق مېۋە كىرگۈزۈپ تۇرىدۇ.

ئاشلىق ساقلاش ئۇيغۇر دولانلىرى ئادەتتە ئاشلىقنى تاغار، خانىپا (ياغاچ ساندۇق)، باداڭ (چىۋىق توقۇلما سېۋەت) قاتارلىقلاردا ساقلايدۇ. يۆتكەش ئىمكانىيىتى بولمىغان كۆپرەك يىرىك ئاشلىقنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاشقا توغرا كەلگەندە مەخسۇس ئورا ياساپ ساقلايدۇ. ئاشلىق ئورىسى ئۇچۇن قۇرۇق يەر تاللىنىدۇ. ئاشلىق ئورىسى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئۈستى ئوچۇق تۈز كولانغان ئورا، يەنە بىرى، ئىچ گۈر قازغانغا ئوخشاش ياسالغان گەمە. ھەر ئىككىسىنىڭ ئىچ تەرىپى ھاك، تۈز ئارىلاشتۇرۇلغان سامانلىق لاي بىلەن سۇۋۇلىدۇ. بۇنداق سۇۋاقتىن چاشقان، ئاغمىخان قاتارلىق ئاشلىق «ئوغرى» لىرى ئۆتەلمەيدۇ ۋە ئاشلىق بۇزۇلمايدۇ. ئورىنىڭ ئاغزى توپا چۈشمەيدىغان ۋە ھاۋا كىرمەيدىغان قىلىپ مەھكەم ئېتىلىدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقىغا يېقىن جايغا جايلاشقان كەنتلەردە دېھقانلار ئارتۇق ئېشىنچا ئاشلىقلىرىنى تال ياكى توغراق چىۋىقلىرىدىن ياسالغان چوڭ باداڭ (گۇمبەز شەكىلدە توقۇلغان سېۋەت) غا قاچىلاپ ئاغزىنى

مەھكەم بېكىتىپ ، ئۇنى قوم ئاستىغا كۆمۈپ ساقلايدۇ . بۇنداق ساق-لانغان ئاشلىق نەچچە يىللار تۇرسىمۇ بۇزۇلمايدۇ .

**كەتمەن** ئۇيغۇر دولانلىرىغا ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان دېھقانچىلىق قورالى بولۇپ ، ئادەتتە تۆمۈردىن ياسىلىدۇ . يۈزىگە ھەرخىل گۈل چىقىرىلىپ ، ئىككى تەرىپىگە ئىككى قۇلاق قويۇلىدۇ . يۈزى يۇمىلاق كېلىدۇ ، ئارقا تەرىپىگە چولدا چىقىرىلىپ ياغاچ بىلەن ساپلىنىدۇ . كىشىلەرنىڭ جىسمانىي كۈچى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ كەتمەنلەرمۇ چوڭ- كىچىك سوقۇلىدۇ . ھەرقايسى جايلارنىڭ كەتمەنلىرى شەكىل جەھەتتىن ئازدۇر - كۆپتۇر پەرقلىنىدۇ .

**ياغاچ ئارا (چاپچا)** ياغاچ ئارا قىزىل يۇلغۇندىن ياسىلىدۇ . ئا-دەتتە ئۇنىڭ بەش تال ئىلىكى بولىدۇ ، بۇ بەشئىلىك ئارا دەپ ئاتىلى-دۇ . ئاساسەن بۇغداي ، ئارپا قاتارلىقلارنى شامالدا سورۇپ سامىنىدىن ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ ، ئوت - چۆپ يىغىش ئىشلىرىدا ئۈچئى-لىك ئارا ئىشلىتىلىدۇ .

**ئورغاق** ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ دېھقانچىلىق قورالى بولۇپ ، بۇغ-داي ، ئارپا ، تېرىق ، قوناق ئورۇشتا ياكى ئوت - چۆپ ئورۇشتا ئىشلىتىلىدۇ . يۈزى ھىلال ئاي شەكلىدە بولۇپ ، تۆمۈردىن ياسىلى-دۇ ، دەستىسى ياغاچتىن بولىدۇ .

**ياغاچ گۈرجەك** ياغاچ گۈرجەكنىڭ شەكلى ھازىرقى تۆمۈردىن ياسالغان گۈرجەكلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ ، بېشى ۋە ساپ قىسمى پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسالغان . ئاساسەن خامان سورۇشتا ، بۇغدايلارنى چەشلەشتە ئىشلىتىلىدۇ .

**ئۆتكەمە ۋە غەلۋىر** ئۆتكەمە ۋە غەلۋىرنىڭ قاسقىنى ياغاچتىن ياسىلىدۇ . قاسقاننىڭ ئاستىنقى تەرىپىگە ئۈچەيدىن ياسالغان يىپتىن تور توقۇلىدۇ . ئادەتتە ئۆتكەمىنىڭ تۆشۈكلىرى چوڭراق ، غەلۋىرنىڭ تۆشۈكلىرى كىچىكرەك بولىدۇ . ئۆتكەمە ئاساسەن بۇغداي ۋە ئارپىلارنى چادىن ئايرىشتا ئىشلىتىلىدۇ . چادىن ئايرىلغان بۇغداي ياكى ئارپا غەلۋىردە تاسقىلىش ئارقىلىق ئۈگۈت قىلىنىدۇ .

**تارتقۇ** تارتقۇ تۆت چاسا كەلگەن كىچىكرەك بىر تاختاينىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆشۈك ئېچىلىپ ، ئۇنىڭغا ياغاچتىن ساپ بېكىتىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياسىلىدۇ . ئۇنىڭ ھەممە يېرى ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ ، ئاساسەن بوغداي ، ئارپىلارنى توگمەندە تارتقان چاغدا ئۇنلارنى بىر يەرگە يىغىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

بوقۇسا بوقۇسا ياغاچتىن ياسىلىپ ، ئۇچىغا چويۇندىن قۇيۇلغان ياكى تۆمۈردىن سوقۇلغان چىش بېكىتىلىدۇ . بوقۇسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ ، باش قىسمىغا چىش بېكىتىلىدىغان بولغاچقا ، ئۇزۇنچاقراق ياسىلىدۇ . باش قىسمىدا بىر چوڭ تۆشۈك ئېچىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا بىر دانە ئۇزۇن كالتەك بېكىتىلىدۇ . كالتەكنىڭ ئۇچىغا بويۇنتۇرۇق ياكى باشقا سايمانلار بېكىتىلىپ ، شۇ ئارقىلىق ھايۋانلارغا سۆرىتىلىدۇ . ئۇستۇنكى قىسمىغا بىر تۆشۈك ئېچىلىپ ئۇنىڭغا بىر تۇتقۇچ بېكىتىلىدۇ . بوقۇسا يەر ئاغدۇرۇش ، يەر يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

### 6 . باغۋەنچىلىك

دولانلار ئارىسىدا «بېغى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن تەمسىل بار . دەرۋەقە ، ئۇيغۇرلار تۇرمۇش ئادىتىدە كۆكەرتىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ . ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا ، بىرەر توپ دەرەخ تىكىپ پەرۋىش قىلىش ناھايىتى چوڭ ساۋابلىق ئىش دەپ قارىلىدۇ . بوستانلىق ئۇيغۇر تەبىئىتىنى خاراكتېرلەيدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى . ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ھەرقانداق يېزا – مەھەللىدە بوك – باراقسان-لىق باغ بولىدۇ . بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە دېھقانچىلىق-تىن قالسىلا باغۋەنچىلىك ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم ئىگى-لىك شەكلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، شىنجاڭ مېۋە – چېۋە ماكانى دەپ قارىلىدۇ .

مېۋە تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن مەش-ھۇر . باغۋەنچىلىك ئىگىلىكىگە دائىر مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، بۇ جايدىن چىقىدىغان يەرلىك مېۋىلەرنىڭ تۈرلىرى بىر قانچە ئون خىل-دىن ئاشىدۇ . بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقانلىرى ئۆرۈك (سورتلىرى ئاق ئۆرۈك ، توكلۇك ئۆرۈك ، ئاچچىق ئۆرۈك ، مانتا ئۆرۈك ، جانانە ، توقاچ ئۆرۈك ، گولە ئۆرۈك ، خۇۋەينى ئۆرۈك ، مايسەم ئۆرۈك ،

ياغلىق ئۆرۈك ، خەششەك ئۆرۈك ، سەمەت ئۆرۈك ، كىشمىش ئۆ-رۈك ، كۆك ئۆرۈك يەنى كۆك پىشار قاتارلىقلار ) ، شاپتۇل ، توقاچ ، ئۈزۈم ، ئانار ، ئەنجۈر ، ئالما ، قوتۇر ئامۇت ، نەشپۇت ئامۇت ، چىلان ، جىگدە ، ئۈجمە ، بادام ، ياڭاق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . 6 ـ ئايدا ئۈجمە پىشقان مەزگىلدىن تارتىپ تاكى 10 ـ ئايغىچە بولغان 3 ـ 4 ئاي ھەرخىل مېۋىلەر بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ مەي باغلىغان «ئالتۇن پەسىل» ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئايلاردا دولانلار ئۆيىگە كىرگەن مېھمانىنىڭ ئالدىغا ئالدى بىلەن مۇرادىغا يېتىپ پىشقان ھەرخىل مېۋىلەرنى قويىدۇ ياكى بېغىغا باشلاپ ئۆز قولى بىلەن ئۈزۈپ يېيىشكە تەكلىپ قىلىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە باغقا كىرىپ يېگەن مېۋە ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلمايدۇ . ئادەتتە شەھەر ئىچىدە باغ بىنا قىلىش شارائىتى بولمىغاچقا ، شەھەر ئاھالىلىرى مېۋە ـ چېۋە راسا مەي باغلىغان مەزگىلنى تاللاپ ، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا چىقىپ «باغ سەيلىسى» ئۆتكۈزىدۇ . بۇ ۋاقىتلاردا باغۋارانلار يىراق ـ يېقىنىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ سەيلىگاھىغا ئايلىنىدۇ .

مۇشۇ خىل مېۋە ـ چېۋە قاتارىدا يەنە قوغۇن ـ تاۋۇزنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ . بولۇپمۇ قوغۇن مەكىت دولانلىرىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ ، مەكىتلىكلەر قوغۇن تېرىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ . قوغۇننىڭ تۈرى ۋە تەمى جەھەتتە خېلى داڭقى بار . قوغۇننىڭ سورتلىرى ئىچىدە ، قاراكۆسەي ، كۆكچى ، بىشەكشىرىن ، شېكەر سۈيى ، پوستىپىياز ، بوز كۆكچى ، تېكىر قوغۇن ، كۆك بەرى ، ئالا بەرى قوغۇن ، ناشېكەر ، مامۇت قازى ، قارا كۆكچى ، چىلگە ، خانىش قاتارلىق قوغۇنلار مەشھۇر بولۇپ ، ئۇلار يازلىق قوغۇن ۋە قىشلىق قوغۇن دەپ ئايرىلىدۇ . يېزىلاردا ھەربىر ئائىلە دېگۈدەك ئۆزىگە يەتكۈدەك بىرەر پارچە يەرگە قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىشقا ئادەتلەنگەن . ئۇلار قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىشتا ئۇرۇق تاللاشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ . قوغۇنچىلار ئۇرۇقى بۇزۇلمىغان سورتلۇق ۋە تەملىك قوغۇنلارنىڭ ئۇرۇقىنى شۇ قوغۇننىڭ شاپىقىغا ئېلىپ ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ، مەخسۇس ساقلايدۇ ياكى ئېسىل ئۇرۇقنى تام تورۇسقا چاپلاپ قۇرۇتۇپ ، تېرىيدىغان چاغقىچە ئالماي ساقلايدۇ . شۇ ئارقى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىق قوغۇنلارنىڭ يەرلىك سورتىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ساقلاپ كەل-گەن . ئۇلارنىڭ ئادىتىدە ۋايىغا يەتمىگەن (پىشمىغان) قوغۇنلارنى ھەرگىز ئۈزمەيدۇ .

شىنجاڭدا مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ ھەم كۆپ ، ھەم تەملىك بولۇشى بۇ رايوننىڭ ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئىگە بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . شىنجاڭ ، بولۇپمۇ مېۋە ـ چېۋە ئەڭ كۆپ چىقىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭ ئىقلىم جەھەتتىن قۇرغاق رايون بولۇپ ، بۇ جايلارغا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن ، تۆپرىقى مېۋە ـ چېۋە ئۆستۈرۈشكە تولىمۇ ماس كېلىدۇ . لېكىن ئەڭ مۇھىمى ، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېۋە ـ چېۋە ئۆستۈرۈشكە ماھىرلىقى ھەمدە يېشىل-لىقنى سۆيۈشتەك گۈزەللىك تەبىئىتى ئاساسىي ئامىل بولۇپ ھېساب-لىنىدۇ .

ئۇيغۇر دولانلىرى ھۆل مېۋىلەردىن قۇرۇق يېمىش ياكى مېۋە قېقى تەييارلاشتىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە . شۇڭا ھەرقانداق ئائىلىدە يىلنىڭ ھەممە پەسىللىرىدە دېگۈدەك ھەرخىل قۇرۇق يېمىش-لەر بولىدۇ .

## 7 . كۆكتاتچىلىق

ئۇيغۇرلاردا كۆكتاتنىڭ تۈرى كۆپ ، تارىخى ئۇزۇن . ئۇيغۇر دولانلىرى قوشۇمچە كۆكتاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . ئاساسەن ئۆزلىرىگە لازىملىق يازلىق كۆكتاتلارنى تېرىشتىن باشقا ، كۈزلۈك كۆكتات تېرىپ بازارنى قىشلىق كۆكتات بىلەن تەمىنلەيدۇ . يەنى بازار كۈنلىرى دېھقانلارنىڭ سەۋزە ، پىياز ، چامغۇر ، تۇرۇپ ، يېسىۋىلەك-لىرى بازارغا كىرىدۇ .

كۆكتاتچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان كەڭ دېھقانلار ، ئورمىدا بۇغداي ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئورنىغا سەۋزە ، پىياز ، كۆك تۇرۇپ ، چامغۇر ، يېسىۋىلەك ، كاللەكبەسەي قاتارلىق قىشلىق كۆكتاتلارنى تېرىيدۇ . بۇ خىل كۆكتات تېرىش ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ئومۇملاشقان .

ئۇيغۇر دولان دېھقانلىرى 10 ـ ئايدىن باشلاپ 11 ـ ئايغىچە

كۆكتاتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، سەۋزە ، چامغۇر ، تۇرۇپلىرىنى تېرىغان ئېتىزىغا كۆمۈپ ، باشقا كۆكتاتلارنى گەمىدە ساقلايدۇ .

دېھقانلار كۈزدىن باشلاپ ئەتىيازغىچە ھەربىر بازارغا ئۆزلىرى تېرىغان كۆكتاتلىرىنى ئەكىلىپ توپ ۋە پارچە ساتىدۇ . بازار كۈنلىرى ھەممە بازاردا قىشلىق كۆكتات سېتىلىدۇ . مۇشۇ قوشۇمچە كىرىم بىلەن دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەرخىل تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى قامدايدۇ .

ئادەتتە شەھەرلەردە ھەربىر كوچا ياكى مەخسۇس ئورۇنلاردا كۆكتات دۇكانلىرى بولىدۇ . بۇ دۇكانلار يىل بويى كۆكتاتلارنى توپ ئېلىپ پارچە سېتىش تىجارىتى قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ سودا قىلىش ئۇسۇلى يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتكە ماسلاشقان . ئۇلار خېرىدارلارنىڭ پۇلىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قارىماي ، بار كۆكتاتلارنىڭ ھەممە تۈرىدىن ئاز ـ ئازدىن بېرىپ ، خېرىدارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىدۇ . توپ ئېلىپ ، پارچە ساتىدىغان مۇنداق كەسپىي كۆكتاتچىلار كۆكتاتنىڭ پاكىزلىقى ۋە كۆركەملىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ .

## 2 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ سودا ، تاۋار ئالماشتۇرۇش ئادەتلىرى

### 1 . سودا ـ سېتىق ئادەتلىرى

سودا بازارلىرى تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى — ئىقتىسادىي قىممەت سۇرۇشتە قىلىنمايدىغان تاۋار ئالماشتۇرۇش شەكلىدىن تەرەققىي قىلىپ ، ئوخشاش قىممەت يارىتىدىغان ئىقتىسادىي مەقسەتكە يۈزلەنگەن دەۋردە پەيدا بولدى . ئەنە شۇ قەدىمكى تاۋار ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر يۈرۈش ئادەت شەكىللىرى بولغان :

1 . تىلسىز ۋە كېلىشمىسىز ئالماشتۇرۇش ئادىتى . بۇ خىل تاۋار ئالماشتۇرۇش شەكلىدە تاۋار ئالماشتۇرىدىغان ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ئۇچراشماي ، پەقەت ئۆزلىرى ئالماشتۇرماقچى بولغان تاۋارلىرىنى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئەكېلىپ قويىدۇ . تاۋار ئالماشتۇرماقچى بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قارشى تەرەپ بۇ ئورۇندىن ئۆزىگە ھاجەت بولغان تاۋارنى ئېلىپ، ئورنىغا ئۆزى ئېلىپ كەلگەن تاۋارنى قويۇپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئالماشتۇرۇشتا تاۋارنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. بۇنداق تاۋار ئالماشتۇرۇش بىر خىل ئىپتىدائىي ئېتىقادقا تايانغان بولۇپ، بۇنىڭدا ھەر ئىككى تەرەپ تاۋارنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنىلا كۆزدە تۇتىدۇ. ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئۇنىڭغا «ئۆز ـ ئۆزىنى سوراش»، «ئىنساپلىق بولۇش» تەك مۇقەددەس ئاڭ يېتەكچىلىك قىلغان.

2. ئېھتىياجغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەبىئىي ئالماشتۇرۇش شەكلى. بۇمۇ تاۋار ئالماشتۇرۇشتىكى قىممەت ئۇقۇمىغا ئىگە بولمىغان ئالماشتۇرۇش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا تاۋار ئالماشتۇرماقچى بولغان A ۋە B تەرەپ ئۆزئارا ئۇچرىشىدۇ. ئەگەر A تەرەپ B تەرەپنىڭ ئېلىپ كەلگەن تاۋىرىغا ئېھتىياجلىق بولسا ھەمدە B تەرەپمۇ A تەرەپنىڭ تاۋارىغا ئېھتىياجلىق بولسا ھېچقانداق ئىقتىسادىي قىممەت سۈرۈشتە قىلماي، رازىمەنلىك بىلەن تاۋارلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرىدۇ. تاۋارنىڭ سانى، سۈپىتى جەھەتلەردە باشقىچە تەلەپ ۋە تالاش ـ تارتىش بولمايدۇ. بۇ شەكىل بىرىنچى خىل تاۋار ئالماشتۇرۇش ئادىتىدىن بىرئاز تەرەققىي قىلغان.

3. سان ۋە سۈپەتكە ئاساسەن تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش. تاۋار ئالماشتۇرۇش جەريانىدا تاۋارلارنىڭ سانى ۋە سۈپىتى جەھەتتىكى پەرق تاۋار ئالماشتۇرۇشتىكى قىممەت (باھا) ئۇقۇمىنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ بازار سودىسىمۇ شەكىللەندى. بۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى ئىككى تەرەپنىڭ ئالماشتۇرماقچى بولغان تاۋارلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇپ قىممەت نىسبىتى بويىچە ئالماشتۇرۇش. ئەمما بۇ شەكىلدىمۇ ئىقتىسادىي قىممەت جەھەتتىن مۇتلەق تەڭ نىسبەتتە بولۇش تەلەپ قىلىنمىغان. ئەگەر ئىككى تەرەپ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ پۈتۈشكەن بولسىلا، تاۋارنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى سۈرۈشتۈرۈش قاتتىق تەلەپ قىلىنمىغان.

ئۆتمۈشتە چارۋىچىلىق رايونلىرى ئاشلىق، كۆندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى (چاي، تۇز، يىپ ـ يىڭنە قاتارلىقلار)، كىيىم ـ

كىچەك ، قاچا ـ قومۇچ قاتارلىق تاۋارلارنى ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقىر-ralمىغاچقا ، ئۇلارنى چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇشقا ئېھتىياجلىق ئىدى . ئاشۇ ئېھتىياج تۈپەيلى ، يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە بولغان مەھسۇلاتلىرىنى تۆۋەن قىممەتلىك تاۋارلارغا ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى . بۇنداق ئالماشتۇرۇشتىكى قىممەت ئۆلـ-چىمى مۇقىم بولماستىن ، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇراتتى . ھازىر-غىچە شەھەردىن يىراق يېزا ـ قىشلاقلاردىكى مال ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان بۇيۇملار-غا (بولۇپمۇ يېمەك ۋە ئىچمەكلىكلەرگە ) باھا سۇندۇرۇپ سېتىشنى نومۇس دەپ قاراپ ئەيىبلەش ئادىتى بار . لېكىن كۆپچىلىك دېھقانچىـ-لىق رايونلىرىدىكى تاۋار ئالماشتۇرۇشتا ئاشلىق پۇل ئورنىدا بىرلىك ئۆلچىمى قىلىنىدۇ . مەسىلەن ، ئۆتمۈشتە بىر جىڭ بۇغدايغا بىر جىڭ گۆش ، ئىككى چارەك بۇغدايغا بىر خىش چاي ، بىر خىش چايغا بىر پاقلان ، ئىككى چارەك قوناققا بىر ماتا (بۆز ) ، تۆت چارەك بۇغدايغا بىر چەكمەن . . . ئالماشتۇرۇلغان .

4 . تاۋارنى پۇلغا سۇندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئالماشتۇرۇش . تاۋارلارنى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ئاسـ-تا ـ ئاستا مۇقىم باھاغا سۇندۇرۇپ پۇل قىممىتىدە ئالماشتۇرۇش ئادىتىنى پەيدا قىلدى . بۇ ئادەت تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ . بۇنداق ئالماشتۇرۇشتا ئىككى تەرەپ تاۋارلىـ-رىنى ئالدى بىلەن پۇلغا سۇندۇرىدۇ ، ئاندىن كېلىشكەن باھا بويىچە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ . بۇنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى مەلۇم بىر خىل تاۋارنىڭ بېكىتىلگەن مۇقىم باھاسىنى بىرلىك قىلىپ ئالماشتۇ-رۇش ئىدى . مەسىلەن ، قەدىمكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئات مۇقىم باھا بىرلىكى ئىدى . ئۆچكى ۋە تاشقى سودىدا مۇشۇ بىرلىك ئۆلچەم قىلىنغان . پۇل بىرلىكىگە ئەنە شۇنداق چارۋا ئاتالغۇ-سىنى قوللىنىشنىڭ ئۆزى قەدىمكى دەۋرلەردە كۆپرەك چارۋا ماللارنى تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ پۇل بىرلىكى سۈپىتىدە قوللانغانلىقىدىن دې-رەك بېرىدۇ . كېيىنچە بۇ ئادەت ئاقچا (پۇل ) نى بىرلىك قىلىپ ئېلىپ سېتىشقا تەرەققىي قىلغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يوقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىدە تاۋارنى تاۋارغا ئالماشتۇرۇش ئاساس قىلىنغان. كېيىنچە تاۋار پۇلغا سوندۇرۇلۇپ، پۇلنى ۋاستە قىلىش. تەك تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ يۇقىرى باسقۇچى بارلىققا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىدە يېڭى بىر خىل مەدەنىيەت دەۋرى — ئاقچا مەدەنىيىتى دەۋرى باشلاندى.

ئۇيغۇر دولانلىرى پۈتكۈل ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبىدە ئەنە شۇ ئۇزاق ئەسىرلىك سودا ـ سېتىق پائالىيىتىگە قاتناشتى ھەمدە ئۇنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ سودا ـ سېتىق ئادەتلىرىگە ئايلاندۇ. رۇپ بۈگۈنگىچە ساقلاپ كەلدى.

2. خەلق ئىچىدىكى سودا ـ سېتىق ئادەتلىرى

بازار سودىسى جەريانىدا تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سودا ئىشىدا ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرگۈچى بېدىك (دەل. لال) پەيدا بولدى. بۇ خىل كىشىلەر ئۆزئارا تاۋار ئالماشتۇرۇشتىكى بارلىق كونا ئادەتلەرگە خاتىمە بېرىپ، تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ مەخ. سۇس باشقۇرغۇچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار سودا بازار. لىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئىشلەپ چىقارغۇچىلار قولىدىكى تاۋارلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولغان ئىستېمالچىلارغا يېڭى باھادا سېتىپ بېرىش ئارقىلىق، ھېچقانداق دەسمايە سالماي ئارىلىق. تىن پايدا تاپىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سودا ـ سېتىق جەريانىدا بۇرۇنقى شەكىلگە ئوخشىمايدىغان يېڭى ئالماشتۇرۇش ئادىتى شەكىللەندى، يەنى تاۋار ئالماشتۇرۇشتىكى بىۋاستە شەكىلدىن ۋاستىلىك شەكىلگە ئۆزگەردى. باشقىچە ئېيتقاندا، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالماشتۇرماق. چى بولغان تاۋارلىرىنى ئالدى بىلەن ئاشۇ دەللاللارغا ئۆتكۈزۈپ بې. رىپ، ئاندىن كېيىن يەنە ئۆزلىرىگە كېرەكلىك تاۋارلارنى ئاشۇ دەللاللارنىڭ قولىدىن ئالىدىغان بولدى. ئادەتتە سودا بازارلىرى تاۋار. لارنىڭ تۈرى بويىچە مەخسۇس ئورۇنغا جەملەنگەن بولۇپ، ھەرقايسى بازارنىڭ ئۆزىگە خاس سودا باشقۇرغۇچىلىرى (سودىگەرلىرى) بول. غان. ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا چارۋا مال بازىرىدىكى سودا ـ سېتىقنى باشقۇرغۇچىلار «بېدىك» دەپ ئاتالغان. ئۇلار سودا ـ سېتىق

ئىشلىرىغا چېۋەر ھەم سۆزمەن بولۇپ، چارۋا مال بازىرىغا كەلگەن ھەرخىل چارۋىلار شەرتسىز ھالدا «بېدىك» نىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان. بېدىكلەرنىڭ باشقۇرۇش ئادىتى ئادەتتە ئىككى خىل شەكىلدە بولاتتى: بىرى، مال ئىگىسى بىلەن «بېدىك» ئوتتۇرىسىدا باھا كېلىشىمى تۈزۈلىدۇ. مال ئىگىسى ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز مېلىنىڭ تەننەرخىگە ئارىلاشمايدۇ. «بېدىك» ئۇ مالغا ئېھتىياجلىق ئىستېمال قىلغۇچىنى ئىزدەپ، كۆڭلىگە پۈككەن باھاغا كەلتۈرۈپ ساتقاندىن كېيىن، مال ئىگىسى بىلەن تۈزگەن باھا كېلىشىمى بويىچە نەقلەشتۈرۈپ پايدىسىنى ئۆزى ئالىدۇ. ئىككىنچى خىل شەكىل، مال ئىگىسى بىلەن «بېدىك» مەخسۇس باھا كېلىشىمى تۈزمەستىنلا، «بېدىك» ئۇنىڭ مېلىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. سودا ئۈستىدە مال ئىگىسىمۇ بىرگە بولىدۇ. مال ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچىنى تەننەرخ جەھەتتە بېدىك ئۆزئارا كېلىشتۈرىدۇ. كېلىشتۈرۈش ئۇسۇلى كۆپىنچە «يەڭ سودىسى» ئارقىلىق بولىدۇ. ئاغزاكى باھا قويۇش ئادىتى بولمايدۇ. «بېدىك» بىردەم مال ساتقۇچى بىلەن يەڭ ئىچىدە بارماق ئارقىلىق مالنىڭ باھاسىنى توختىتىدۇ. خەلق ئىچىدە ھەربىر بارماقنىڭ مۇقىملاشقان پۇل قىممىتى بولۇپ، بارماق مەلۇم پۇل بىرلىكىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداق قىلىپ «بېدىك» ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرگەندىن كېيىن، ئادەت بويىچە مال ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچىنىڭ ئوڭ قولىنى تۇتۇپ، «ھەر ئىككىڭلارغا قۇتاتسۇن!» دەپ ئالىقانلىرىنى تۇپراققا سۇرىدۇ. بۇ، تۇپراقنى شۇ سودىغا گۇۋاھچى قىلغانلىقنىڭ بېشارىتى، بۇ دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇپراقنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتتىكى ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سودا تاماملىنىدۇ. «بېدىك» نىڭ «ئەجرى» ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ مەلۇم نىسبەتتە شېرىنكانە بېرىدۇ. بەزى رايونلاردا «بېدىك» نىڭ «سالاچىلىق ھەققى» شۇ مالنىڭ بېكىتىلگەن باھاسىغا قاراپ مەلۇم نىسبەتتە مۇقىملاشقان. خۇددى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، ئاشلىق بازارلىرىدا، مېۋە ـ چېۋە بازارلىرىدا، ئالتۇن ـ كۈمۈش بازارلىرىدا، پاختا ـ يىپ بازارلىرىدىمۇ دەللال، بېدىك ۋە باشقا سالاچىلار تاۋار ئالماشتۇرۇش بازارلىرىنىڭ تەبىئىي باشقۇرغۇچىلىرى بولۇۋالغان. سودا ـ سېتىقتىكى بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئادەت ھازىرغىچە يەرلىك بازارلاردا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.
تاۋار ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئومۇملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئىپتىدائىي ئادەتكە بۆلۈشكە بولىدۇ:
1. ئوتتۇرىدىكى «ۋاكالەتچىلىك سودا» شەكلى. بۇنداق سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئېلىپ ساتىدىغان ئۆزىگە تەئەللۇق تاۋارى بولمايدۇ. ئۇ پەقەت مال ئالماشتۇرىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاكالەتچى (خەلق تىلىدا دەللال) سۈپىتىدە ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىشكە ھاۋالە قىلىغان مەھسۇلاتلارنى ئىستېمالچىلارغا ئالماشتۇرۇپ بېرىپ، شۇنىڭ بەدىلىگە تاپاۋەت قىلىدۇ. بۇنداق ۋاكالەتچىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس سودا دەسمايىسى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى مال ئالماشتۇرغۇچى ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈپ قويۇشتىن باشلانغان، كېيىنچە مەخسۇسلىشىپ سودا ساھەسىدىكى ئايرىم بىر ساھە بولۇپ شەكىللەنگەن. خەلق ئارىسىدا يەنە بىر خىل «ۋاكالەتچىلىك سودا» شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋاكالەتچى سودىگەر مەلۇم دەسمايە سېلىپ يېزا - قىشلاقلار تۇرمۇشىغا لازىملىق بولغان چەرچىنماللار (يىپ - يىڭنە، رەخت، قەغەز - قەلەم، چاي، تۇز قاتارلىقلار) نى سودىگەرلەردىن ئارىيەت ئېلىپ دۇكان ئاچقان. بۇ نەرسىلەرنى پۇلغا ساتماستىن، بەلكى يېزا - قىشلاقتىكى خەلقلەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى (چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ئاشلىق، ياغلىق دان، پاختا، دورا - دەرمەك خام ئەشيالىرى...) بىلەن ئالماشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىغان. بۇنداق ۋاكالەتچىلەر كۆپرەك چەرچىنماللارنى ھارۋا ياكى كىچىك تەنزىگە قاچىلاپ يېزا - قىشلاقلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ ۋاكالىتەن تاۋار ئالماشتۇرۇپ بېرىش رولىنى ئوينىغان. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ۋاكالىتەن ئېلىپ، ۋاكالىتەن سېتىش (ماھىيەتتە ئالماشتۇرۇش) ھەمدە ۋاكالىتەن توشۇش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇزغان. بۇ خىل ئادەت تەبىئىي ھالدا تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا - قىشلاقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى گۈللەندۈرگەن.
2. چار بازار. ھەپتىنىڭ ھەرقايسى كۈنلىرىدە باشقا - باشقا يەردە بولۇپ تۇرىدىغان سودا - سېتىق بازىرىنىڭ نامى. ھەر بىر

يۇرتتا ھەرقايسى كۈنلەرنىڭ نامى بىلەن بازار بولۇپ تۇرىدۇ . مۇشۇنداق بازارلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ تىجارەت قىلغۇچى «چار بازارچى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇلار ئۇلاغ ياكى باشقا قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمىدە ، ھەرقايسى بازارلاردا سەييارە تىجارەت قىلىدۇ .

بازار كۈنى ئايرىم ـ ئايرىم بەلگىلەنگەن ئورۇنلاردا چارۋا مال بازىرى ، جۇۋا (ئاشلىق بازىرى ) ، گەزمال بازىرى ، چەرچىنمال بازىرى ، كۆكتات بازىرى ، ئاياغ ـ كىيىم بازىرى ، باش كىيىم بازىرى ، ئوتۇن بازىرى ، سامان بازىرى ، ياغ بازىرى قاتارلىقلار بولۇشتىن تاشقىرى ، يەنە ئاشخانا ، ناۋايخانا ، قاسساپ دۇكانلىرى بولىدۇ . ئەتراپتىكى دېھقانلار ئۆزى ئىشلەپچىقارغان نەرسىلەرنى بازار كۈنى ساتىدۇ ۋە ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ . بەزىلەر سودا ـ سېتىق ئۈچۈن بازارغا كېلىدۇ . بەزىلەر بولسا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان سامسا ، گۆشگىردە ، كاۋاپ قاتارلىقلارنى يېيىش ئۈچۈن كېلىدۇ .

چار بازاردا تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بولىدۇ . شۇڭا بەزىلەر چار بازار كۈنى يەنە بىر بازار كۈنى بولغۇچە يەتكۇدەك نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېتىۋېلىپ قايتىدۇ .

چار بازار ناھايىتى قىزىپ كېتىدۇ . مەدداھلار ئالاھىدە سورۇن تۈزۈپ داستان ۋە جەڭنامىلەرنى سۆزلەپ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . بەزىلەر باشقا سورۇن تۈزۈپ قوچقار سوقۇشتۇرىدۇ ، توخۇ سوقۇشتۇرىدۇ ، يەنە بەزىلەر تېكە ئوينىتىدۇ ، دارۋازلار دارغا چىقىدۇ ، ۋەھاكازالار .

3 . مۇقىم تىجارەت شەكلى . بۇ شەھەر — بازارلاردىكى مال ئالماشتۇرۇش شەكلىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ، مۇقىم ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا ـ تىجارەت شەكلى . بۇنداق تىجارەت ئادىتى ئالدى بىلەن سودا قىلىدىغان يەرنىڭ مۇقىملىقى ، ۋاقىتنىڭ مۇقىملىقى ، تاۋارنىڭ مۇقىملىقىدىن ئىبارەت «ئۈچ مۇقىم» لىقتا ئىپادىلىنىدۇ . مۇنداق مۇقىم تىجارەت كۆپىنچە شەھەر ـ بازارلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ ، بۇ ھال تارىختا كۆپلىگەن ئاۋات شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان . شەھەر ـ بازارلارغا مەركەزلەشكەن مۇقىم تىجارەت شەكلى ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com



غان سودا رىقابىتى نەتىجىسىدە ، بىر يۈرۈش سودا ئادەتلىرىنى پەيدا قىلغان . بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى ، مال باھاسىنىڭ ئەرزانلىقىنى كۆچەپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق خېرىدارلارنىڭ پسىخى-كىسىغا تەسىر كۆرسىتىش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ .

## 3 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ قاتناش - ترانسپورت ئادەتلىرى

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قاتناش - ترانسپورتىدا تۆگە كارۋىنى بىلەن ئات - ئېشەك كارۋانلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ . تۆگە ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ، ياۋاش ئەمما كۆچتۆڭگۈر ھايۋان بولۇپ ، ئۇ شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا ناھايىتى ماسلاشقان . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتمۈشتە شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن يوللۇق قاتنىشىدا تۆگە ئاساسلىق رول ئوينىغان . ھەرقايسى يۇرتلاردا ئۇيغۇرلاردىن ئاتاقلىق تۆگىچىلەر (كارۋان بېشى ) بولغان . بۇ جايلار-دا تۆگە بېقىش ۋە ئۆستۈرۈشنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئادەتلىرى شەكىللەنگەن .

قەدىمكى قاتناش ئادىتى ئۈستىدە سۆز ئاچقاندا ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخاننىڭ لەشكەرلىرى ئىچىد-ە بارماقلىق يوسۇن بىلىلىگ دېگەن چېۋەر بىر ئادەم بولۇپ ، ئوغۇز-خاننىڭ ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى توشۇشقا ئېگىز بىر ھارۋا ياسىغان ، ھارۋىغا جانسىز غەنىيمەتلەرنى قاچىلاپ ، ھارۋىنى جانلىق غەنىيمەت-لەرگە تارتقۇزغان . ئېگىز ھارۋا ماڭغاندا ، «قانغا ، قانغا» دېگەندەك ئاۋاز چىقارغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا «قانغا» دەپ نام قويۇشقان ، ئوغۇزخاقان بۇ ھارۋىنى كۆرۈپ كۈلىدۇ ، ئېيتتىكى : «قانغا بىلەن جانسىز غەنىيمەتنى جانلىق غەنىيمەت سۆرەپ ماڭىدىكەن . ئېگىز ھارۋىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن قانغۇلۇق ساڭا ئات بول-سۇن» دېگەن مەلۇمات بار . جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان «يارىيار ھارۋا» شەكىل جەھەتتىن «قانغا» بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە .

ئۇيغۇر دولانلىرى ئىشلەتكەن «ياربيار هارۋا» غا ئات ياكى ئۆكۈز قېتىلىدۇ . چاقىنىڭ دىئامېتىرى بىر يېرىم مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ ، چەمبىرى سېرىق سۆگەتنىڭ ياغىچىدىن ياسىلىدۇ . هارۋا ئوقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ ، هارۋىنىڭ جازىسى شۇ ئوق ئۈستىگە ئورنىتىلىدۇ . بۇنداق هارۋا توپىلىق يوللارغا ماس كەلگەچكە ، يېزا قاتنىشىدا ئاساسلىق رول ئوينىغان .

كارۋانچىلىق بۇ شارائىتى مۇرەككەپ يول ئارىلىقىدا قىلىنىدىغان مەخسۇس ترانسپورت شەكلى . ئۇنىڭدا مەيلى ئات ، قېچىر ياكى تۆگە بولسۇن ، ئاز دېگەندە يەتتە - سەككىزى ، كۆپ دېگەندە ئون نەچچىسى بىر بىرلىك ھېسابلىناتتى . مۇنداق توپ ياكى شۇ توپ ئىگىسى «كارۋان» دەپ ئاتىلاتتى .

ئىجارىكەشلىك بۇ قىسقا يوللۇق قاتناش شەكلى . بەزىلەر 2 - 3 ئات ، تۆگە ياكى قېچىر ، قوتاز ، ئېشەك بېقىپ ئات - ئۇلىغى يوق ياكى ۋاقىتلىق ئېھتىياج بولۇپ قالغانلارغا مىنىش ئۈچۈن مەلۇم سوروۇك بىلەن ئىجارىگە بېرىدۇ . ئەگەر شۇ جەرياندا ئىجارىگە ئالغان ئات - ئۇلاغ بىرەر هادىسە تۈپەيلىدىن ناكا بولۇپ قالسا ياكى ئۆلسە ، ئىجارىگە ئالغۇچى تۆلەيدۇ .

ئەر قانىتى — ئات ئات — ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەڭ دەسلەپ قولغا ئۆگىتىلگەن هايۋانلارنىڭ بىرى . ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئېنىق . كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىمىدىكى ، هازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاتلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن تارقالغان . ئاتنى كۆندۈرۈشمۇ ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ رايوندىن باشلانغان . شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ رايوندا تارىختىكى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان مەدەنىيەت دەۋرى بارلىققا كەلگەن .

ئات يالغۇز چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر-دىنبىر ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىدىمۇ ئاساسلىق قورالدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار قەدىمدىن باشلاپ ئاتنى ئىنتايىن ئۇلۇغلاپ كەلگەن . قەدىمكى ئۇيغۇر ئېپوسلىرىدا ئاتنىڭ ئوبرازى ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ . «ئوغۇزنا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مە» ئېپوسىدا ئاتمۇ خۇددى «كۆك ياللىق بۆرە» گە ئوخشاش مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن ۋە ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى پالچىلىق كىتابى «ئىرق پۈتۈك» تە ئات ئومۇمەن ياخشىلىق، بەختنىڭ بەلگىسى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، خەلقىمىز ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە «دۇلدۇل» ھەققىدە ناھايىتى كۆپ قىزىقارلىق ئەپسانە- رىۋايەت ۋە چۆچەكلەر ئېقىپ يۈرمەكتە. دۇلدۇل چۈشەنچىسى ۋە ئېتىقادى ماھىيەتتە ئاتنىڭ ئىلاھىيلاشتۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. ئات ھەققەتەن ھەممە ھايۋانلاردىن كۈچلۈك ۋە ئەقىللىق، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىلا ئاتنىڭ ئاشۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ قانىتى دەپ ھېسابلىغان. قەدىمكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا ئاتنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى تۈپەيلىدىن خان ياكى سەركەردىلەر ئۆلسە، ئۇلارنىڭ مىنىدىغان ئېتىنىمۇ قوشۇپ بىرگە دەپنە قىلىش ئادىتى بولغان. كۆپلىگەن ئۇيغۇر قەبرىستانلىقلىرىدا ئاتنىڭ باش سۆڭىكىنى مەڭگۈ تاش ئورنىدا بېكىتىپ قويۇش ئادىتى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. قەدىمكى دەۋرلەردە يەنە خەلقىمىز ئاتنى مۇقىم پۇل بىرلىكى ئورنىدا ئىشلەتكەن.

مىلادىيە 568 ـ يىلى تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئەلچىلىرى تۇنجى قېتىم شەرقىي رىمغا بارغاندا، رىم ئىمپېراتورى كونستانتىن I نىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابىدا: بۇخارا دۆلىتىدە «دولان ئېتى» نىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان[①].

دولانلار ئاتنى ھەققەتەن قەدىرلەيدۇ. ئاتنى ئۇرۇش ياكى خارلاشنى ئەڭ چوڭ گۇناھ دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئاتنى مەخسۇس ئېغىلدا ئەتىۋارلاپ باقىدۇ. ئات ئېغىلىغا پات ـ پات ئىسرىق سېلىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ مىنىدىغان ئاتنى تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنداق ئاتلارنى داۋاملىق ئۆستەڭلەرگە ئاپىرىپ يۇيۇپ ـ تاراپ تۇرىدۇ. يۇگەن، ئېگەر ـ جابدۇقلىرىنىمۇ خىللاپ، ئاتقا تېخىمۇ سالاپەت كىرگۈزىدۇ. ھارۋىغا قاتىدىغان ئاتلارنى ئالاھىدە بېزەيدۇ. ئات گۆشى

---

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى» (قەدىمكى زامان تومى 1 ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىل 2 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 178 ـ بەت.

يېيىش دولانلارنىڭ ئېتىقادىدا گەرچە مەنئى قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتنى ئۆلتۈرۈپ يېيىش ئومۇملاشمىغان. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئات گۆشىنى ئاساسەن يېمەيدۇ.

دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۈگۈنكى كۈندە قاتناش ئىشلىرى ئاساسەن ماشىنىلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئات ئۆزىنىڭ رولىنى يوقاتقىنى يوق. بەلكى يېزا ـ قىشلاقلاردا، ھەتتا شەھەرلەردە ئات ھارۋىلىرى ئاساسلىق قاتناش قورالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلماقتا.

ھارۋا ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ھارۋا ئەجدادلىرىمىزنىڭ قاتناش قورالى ئىچىدە يىرىك قاتناش قورالى ھېسابلىنىدۇ. ھارۋا ياسالغان ماتېرىيالىغا قاراپ «ياغاچ ھارۋا»، «كۆتەك ھارۋا»؛ چاق شەكلىگە قاراپ «يارىيار ھارۋا»، «غالتەك ھارۋا» دەپ ئىككى خىل؛ قوشۇلىدىغان ئۇلاغ تۈرىگە قاراپ «ئات ھارۋا»، «كالا ھارۋا»، «ئېشەك ھارۋا» دەپ ئۈچ خىل ئاتىلىدۇ.

«يارىيار ھارۋا» نىڭ چاقى يوغان، ئېگىز بولۇپ، ئۇ سۆگەت ياغىچىدىن قاسقان شەكلىدە ئېگىپ ياسىلىدۇ. گۇڭگىلىرىمۇ ئۇزۇن، گۇڭگە ئارىلىقىمۇ كەڭ كېلىدۇ. يارىيار ھارۋىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى يېنىك، تەننەرخى تۆۋەن، چاقىنىڭ ئايلىنىش كۈلىمى كەڭ، شۇڭا يول ئاينىيدۇ. ئەمما، كۆتەك ھارۋىدەك پۇختا ئەمەس، يارىيار ھارۋىنىڭ چاقىنىڭ ئېگىز، يوغانلىقى، ئايلىنىش كۈلىمىنىڭ كەڭلىكىگە ئاساسەن، ئۇ تارىخىي ھۆججەتلەردە «ئېگىز ھارۋىلىقلار» دەپ ئاتالغان ئەجدادلىرىمىز تېلېلار ياساپ ئىشلەتكەن ئېگىز چاقلىق ھارۋىنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بىر شەكلى دېيىشكە بولىدۇ.

غالتەك ھارۋا: بۇ توغراقنىڭ يوغان بېشىنى ھەرىدەپ غالتەك قىلىش ياكى قېلىن ئۈچ تال شالنى جىپسىلاپ ئاندىن قاسقان شەكلىدە چۈرۈلدۈرۈپ ھەرىدەپ غالتەك قىلىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. غالتەك ھارۋا ئاساسەن ئېتىزغا قىغ، ئوغۇت توشۇش، توگمەنگە ئۈگۈت ئاپىرىش قاتارلىق يېقىن ئارىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئادەتتە، كالا ياكى ئېشەك قوشۇلىدۇ.

كۆتەك ھارۋا: بۇنىڭ ياسىلىشى بىرقەدەر مۇرەككەپ، تەننەرخىمۇ ئۈرە. ئۇ ئۈجمە ياغىچى ياكى شۇنىڭدەك چىڭ ياغاچتىن تىلىنغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شالنى تەخمىنەن 35 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ۋە مۇۋاپىق كەڭلىك ۋە قېلىنلىقتا يا شەكلىدە توغراپ قاسقان شەكلىدە چېتىپ ياسىلىدۇ. چاقنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 260 سانتىمېتىر بولۇپ، گۇڭلىرى قېلىن كېلىدۇ. بېشى پۇتەي ياغاچ تۇڭغا ئوخشاش ئىككى باشتىن چەمبەرلەنگەن بولۇپ، ئىچىگە چويۇن چوم ئېلىنىدۇ. چاق مەلۇم توملۇقتىكى تۆمۈر ئوقتا مىندۇرۇلىدۇ. ئوقنىڭ ئۈستىگە يەنە مەلۇم توملۇقتىكى ياغاچ قويۇلۇپ، ئىككى باشتىن چىڭ چەمبەرلىنىدۇ. شۇڭا كۆتەك چارۋا يارىيار، غالتەك هارۋىلارغا قارىغاندا پۇختا، تەخمىنەن يېرىم تونىنغا يېقىن ئېغىرلىقتا يۈك كۆتۈرىدۇ.

تۆمۈر هارۋا: تۆمۈر هارۋىنىڭ ياسىلىشى كۆتەك هارۋىغا ئوخشاش، بىر پەرقى چاق ئۇلتىڭغا تەخمىنەن بىر يېرىم سانتىمېتىردىن ئىككى سانتىمېتىر قېلىنلىقتا تۆمۈر تارتىلىپ، ياڭاق چوڭلۇقىدىكى مودۇر باش تۆمۈر مىخ بىلەن مىخلاپ تاشلىنىدۇ. هەربىر مىخ ئارىلىقى تەخمىنەن 7 ـ 8 ياكى 10 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئادەتتە بىر تونىنغا يېقىن يۈك كۆتۈرىدۇ.

ئات ۋە كالا هارۋا: كالا هارۋىغا كەلسەك، ئادەتتە تۆمۈر هارۋىغا ئات، كالا هارۋىغا كالا قوشۇلىدىغان پەرقىگە قاراپ «ئات هارۋا»، «كالا هارۋا» دەپ ئايرىلغان. مەيلى ئات هارۋا ياكى كالا هارۋا بولسۇن، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان ئات ياكى كالا سانى هارۋىغا بېسىلىدىغان يۈك ئېغىرلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. تۆمۈر هارۋىغا ئادەتتە 3 ـ 4 كە قەدەر ئات قوشۇلىدۇ. زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا بەش ئات قوشۇلىدۇ. كالا هارۋىسىغا ئادەتتە، ئۈچ كالا قوشۇلىدۇ. زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا تۆت كالا قوشۇلىدۇ. يارىيار هارۋىغا ئادەتتە بىر ئات ياكى بىرلا كالا قوشۇلىدۇ.

ئېشەك هارۋا: ئېشەك هارۋىنىڭ ياسىلىشى كۆتەك هارۋىغا ئوخشاش. پەرقى، چاقى كۆتەك هارۋىغا قارىغاندا كىچىك، شوتىلىرىمۇ ئىنچىكىرەك كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، دولانلار ئارىسىدا كېيىنرەك پەيدا بولغان يەنە بىر خىل قاتناش قورالى بولۇپ، ئۇ «مەپە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا مەخسۇس ئادەم توشۇلىدۇ. ئادەتتە شەهەر ئىچى ۋە شەهەر

ئەتراپلىرىغا قاتنايدۇ. ئالاھىدە زوروريەت تۇغۇلۇپ قالغان تەقدىردە ئۇزۇن يولغىمۇ قاتنايدۇ. مەپىنىڭ ياسىلىشى ئادەتتىكى هارۋىغا ئوخشاش. پەرقى ئېشەك هارۋىدىن ئېگىزرەك، كۆتەك هارۋىدىن پەسرەك، ئۇستى يا شەكلىدە يېپىقلىق كېلىدۇ. مەپىگە ئادەتتە بىر لا ئات قوشۇلىدۇ. ئەمما ئاتنىڭ جابدۇقلىرى ناهايىتى چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، بويىنىغا كىچىك تۈچ قوڭغۇراقلار ئېسىلىدۇ.

**كېمە** دولانلار كېمىدىن بېلىقچىلىق قورالى سۈپىتىدە پايدىلانغاندىن تاشقىرى، قاتناش قورالى سۈپىتىدىمۇ پايدىلىنىپ كەلگەن. مۇنداق كېمە چوڭ، ئىچى ئويمان، قورساقلىق، چوڭقۇر كېلىدۇ. بۇ چوڭ توغراق ياغىچىدىن ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، ئاساسلىقى دەريادىن ئۆتۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. مۇنداق كېمىدە ئادەتتە ئادەم ئۆتكۈزۈلىدۇ. يۈك، هارۋا قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈشتە چېتىق كېمە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئادەم ئۆتكۈزۈلىدىغان كېمىدىن 3 ـ 4 نى قاتار چېتىپ ئۈستىگە تاختاي مىخلاپ ياسىلىدۇ. ئۈستى تۈز كېلىدۇ.

**تۆگە** تۆگىمۇ دولانلارنىڭ قەدىمكى قاتناش ۋاستىلىرىدىن بولۇپ هېسابلىنىدۇ. دولانلار تۆگىدىن ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورت ۋاستىسى سۈپىتىدە ئاساسلىقى دەشت، قۇملۇق يوللاردا پايدىلىنىپ كەلگەن. تۆگە كارۋىنى يولغا چىققاندا تىزىلىپ ماڭىدۇ. تۆگە ئۇسسۇزلۇق، ئاشلىققا بەرداشلىق بولغاچقا «چۆل كېمىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۆگە كارۋىنى ماڭغاندا ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى تۆگىنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىلىدۇ.

**سال** بۇ ئاساسلىقى دەريانىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىشلىتىلىدىغان ئاددىي قاتناش قورالى بولۇپ، ئادەتتە، ئادەم، ئوتۇن قاتارلىقلار توشۇلىدۇ. سال ئادەتتە، 2 ـ 3 تال ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ياغاچ قاتار چېتىلىپ ياسىلىدۇ.

**لەيلىمە كۆۋرۈك** بۇ بىر قانچە سال ياكى كېمىنى قاتار قىلىپ چېتىپ، ئۈستىگە ياغاچ تاختاي مىخلاپ، قىرغاققا باغلاپ ياسالغان ۋاقىتلىق لەيلىمە كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇيغۇر دولانلىرى، بولۇپمۇ مەكىتتىكى دولانلار دولان دەرياسىنىڭ كەلكۈن پەسلى (هەر يىلى 5ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە) دىن قىش، كېلەر يىلى ئەتىياز پەسلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(شۇ يىلى 10 ـ ئايدىن كېلەر يىلى 5 ـ ئايغىچە ) گىچە دەريا يولى (مۇقىم بېكىتىلگەن دەريا كېچىكى ) غا سالىدىغان پەسىللىك كۆۋرۈك .

## 4 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى

كىيىم ـ كېچەكلەر ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ فولكلور مەدەنىيە- تىدىكى ناھايىتى چوڭ بىر ساھە بولۇپ ، ئۇنى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتى ، گۈ- زەللىك قارىشى ، دىنىي ئېتىقادى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكى ئىپادىلە- گەن رەڭگارەڭ دۇنيا دېيىشكە بولىدۇ . تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ ۋادىلاردا ئەۋلادتىن ئەۋلاد ياشاپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىگە خاس مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە ئىگە بولۇپ ، تۈر ۋە رەڭگىنىڭ كۆپ خىللىقى ، مىللىي سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ گەۋدىلىكلىكى ، جىنس ، ياش ۋە پەسىل پەرقىنىڭ رو- شەنلىكى ، لايىھىلەش تېخنىكىسىنىڭ كۆركەملىكى ۋە ئىلمىيلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . بولۇپمۇ ھېيت ـ بايرام ، توي ـ تۆكۈن ، ئۆلۈم ـ يېتىم ، مەشرەپ ، قىزقوۋۇار ، ئاقنىلار ئېيتىشى ، ئوغلاق تارتىش ، ئات بەيگىسى قاتار- لىق تۈرلۈك ئەنئەنىۋى مىللىي مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ ، بۇ خىل سورۇنلارنى مىللىي كىيىم ـ كېچەك كۆرگەزمىسى دېيىشكە بولىدۇ .

ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ ، شەكلى ھەر خىل ۋە رەڭگارەڭ . ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ، ئۇلار تەبىئىي ئېھتىياج بىلەن ئېستېتىك ئېھتىياجنى بىرلەشتۈرۈپ كىيىنىش جەھەتتە رو- شەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشكە باشلىغان دەۋرى ناھايە- تى قەدىمكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق . بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەرگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ۋە ھەرخىل يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كې-

چەكلىرىنىڭ تۈرلىرىنى ، تاش كىيىم ، ئىچ كىيىم دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ، شەخسىنىڭ پائالىيەت ئېھتىياجىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان هالدا ئۆيئىچىلىك كىيىم ، تالالىق كىيىم ، ئەمگەك كىيىمى ، كەسپىي كىيىم ۋە مۇراسىم كىيىملىرى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ . ئومۇمەن ، ماددىي تۇرمۇش شارائىتى يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ھەرخىل ئېھتىياج تۈپەيلى پەرقلىق كىيىنىش ئادىتى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن .

قاراخانىيلار دەۋرىگە تەئەللۇق ئىككى بۈيۈك ئەسەر — «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇماتلار بار . مۇشۇ مەنبەگە ئاساسلانغاندا ، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قاراپ ، تېرە كىيىم ، يۇڭ كىيىم ، يىپەك كىيىم ۋە پاختا رەخت كىيىم دەپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئەنئەنىسىدە ، گۈللۈك يىپەك رەخت كىيىملەر چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ . بولۇپمۇ ، ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەرخىل گۈللۈك ۋە نەقىشلىك يىپەك رەخت كىيىملەرنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئەتىۋارلايدۇ . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىك قارىشىدا نىسبىي ھالدا ، قىزىل رەڭ — خۇشاللىق ۋە شادلىقنىڭ ، ئاق رەڭ — ساپلىق ۋە قۇتنىڭ ، سېرىق رەڭ — پەرىشانلىق ۋە غەمكىنلىكنىڭ ، كۆك رەڭ — ياشلىق ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ ، قارا رەڭ — قايغۇ ـ ئەلەم ۋە مۇسىبەتنىڭ سىمۋولى قىلىنغان . مۇشۇ قاراشلارغا ئاساسەن جىنسىي ئايرىملىقتا ، ياش قۇرامىغا ، كەسپىي ئالاھىدىلىكىگە ، ئورۇن ـ مەرتىۋىسىگە ، پەسىل خاراكتېرىگە ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن پەرقلىق كىيىنىش ئادەتلىرى شەكىللەنگەن .

ئەر ـ ئاياللارغا قارىتا ئىش تەقسىماتى جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق ، گۈزەللىك تەلىپى ۋە پسىخولوگىيىلىك ھالىتى جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق ، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرىز ئادەتلىرى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ، قەدىمدىن تارتىپ ئەر ۋە ئاياللىنىڭ كىيىنىش ئادىتىدىمۇ روشەن پەرق بارلىققا كەلگەن . مەسىلەن ، ئادەتتە ئۇيغۇر ئايال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىرى گۈللۈك رەختلەردىن ئۇزۇن كۆڭلەك ۋە ئۇشۇقىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئىشتان، كۆڭلەك ئۈستىگە تىك ياقىلىق جىلىتكە ياكى تاۋار جىلىتكە، ئىزمىلىك كەمزۇل چاپان قاتارلىق گۈللۈك كىيىم. لەرنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن؛ ئەرلەر بولسا، گۈلسىز سىدام رەختلەر. دىن (كۆپرەك ئاق، قارا، قارا كۆك، كۆل رەڭ) تىزىنى بېسىپ تۇرىدىغان ئالدى ئوچۇق تونچە كۆڭلەك ياكى ئەستەرلىك تونچە چاپان، ئۇزۇن ئىشتان، كاشا (تۆگە يۇڭىدا توقۇلغان 5 ـ 10 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى بەلۋاغ) ياكى رەخت بىلەن بېلىنى باغلاپ، سول يېنىغا غىلاپلىق پىچاق ئاسىدۇ. باللار ۋە ياشلار كۆپرەك تىلە ياكى بۆرەك ياقىلىق خالتا كۆڭلەك ۋە كەمزۇل چاپان كىيىدۇ. كۆڭلەكنىڭ ياقىسى ۋە ئالدى پېشىگە مىللىي ئۇسلۇبتا رەڭلىك يىپ بىلەن كانىۋا ئىشلىگەن كۆڭلەكلەرنى ياشلار تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

كىيىنىش ئادىتى دەۋرىيلىككە ئىگە بولۇپ، دەۋرنىڭ ئۆزگىرى. شىگە ئەگىشىپ، كىيىم ـ كېچەكتىمۇ نىسبىي ھالدا ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ. جۇملىدىن، جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، كىيىم ـ كېچەك جەھەت. تىمۇ بەزى پەرقلەر پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى كىيىنىش ئادىتى بىلەن ئۆتمۈشتىكى كىيىنىش ئادىتى، شەھەردىكىلەر بىلەن يېزىدىكىلەرنىڭ كىيىنىش ئادىتى مەلۇم پەرقلەرگە ئىگە.

ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلاشقان ئالاھىدە جۇغراپىيە. لىك مۇھىتى ۋە تۇرمۇش، كىيىم ـ كېچەك ئادىتىدە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان، ساقلىغان بولسا، ئۆزلىرى. نىڭ گۈزەللىك قاراشلىرىدا ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل، نادىر ئۈلگىلىرىنى قوبۇل قىلغان ھەم ئۆزلىرىگە خاس ھالەت. تە راۋاجلاندۇرغان.

## 1. باش كىيىم

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، جۇغراپىيىلىك شەرت ـ شارائىتى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە گۈزەل. لىك قارىشى قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ

كىيىنىش ئادىتىدە روشەن مىللىي پەرق كېلىپ چىقىدۇ .

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ مىللىي كىيىنىش ئادىتىدە باش كىيىمنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ . دولانلار توت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشمىغان باش كىيىملەرنى كىيىشكە ، ئاياللىرى ئومۇمەن بېشىغا ياغلىق سېلىشقا ياكى دوپپا كىيىشكە ئادەتلەنگەن . ئىشقىلىپ باش كىيىمسىز يۈرۈشنى دولانلار يامان كۆرىدۇ . بولۇپمۇ نەزىر - چىراغقا بارغاندا مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن چوقۇم باش كىيىم كىيىشى شەرت . خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا ئومۇمەن ئاممىۋى سورۇنلارغا باش كىيىمسىز بېرىش بىر خىل ھۆرمەتسىزلىك ۋە ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ .

رايون پەرقى ، كەسپىي پەرق ۋە ياش قۇرام پەرقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرى ناھايىتى كۆپ خىللىشىپ كەتكەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن كىيگەن باش كىيىمگە قاراپ شۇ كىشىنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى ، قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ھەمدە ياش قۇرامىنى بىلگىلى بولىدۇ .

دولانلارنىڭ باش كىيىمى شەكىل جەھەتتىن ئومۇمەن قىشلىق تېرە تۇماق ، سىدام دوپپا ۋە گۈللۈك دوپپىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ . بۇ باش كىيىملەرنىڭ ھەرقايسى تۈرىدە يەرلىك رايون پەرقى روشەن گەۋدىلەنگەن .

تۇماق ئادەتتە دولانلارنىڭ قىشلىق باش كىيىمى بولۇپ ، ئاساسەن تېرىدىن ئىشلىنىدۇ . نۇسخا جەھەتتىن ئاق تۇماق ، سالۋا تۇماق ، سوغا تۇماق ، كولا تۇماق ، مۇغەمبەر تۇماق ، دۇمچە ، كەمچەت تۇماق ، بەگچە تۇماق ، كۆرپە تۇماق ، قارا كۆرپە تۇماق ، قولاقچا ، ھاكىم تۇماق ، كۆرەك تۇماق ، ئەلتېرە تۇماق ، غىجىم تۇماق ، جىيەك تۇماق ، پىپى تۇماق ، زىغزىق تۇماق ، سەللا تۇماق ، بۆك تۇماق ، تەلپەك ۋە يېگىسار تۇمىقى ، كېرىيە تۇمىقى ، ساغان تۇمىقى ، ھەربىيچە تۇماق ، سۆسەر تۇماق ، قاما تۇماق قاتارلىق ئون نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ . ھەرقايسى خىلدىكى تۇماقنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولۇپ ، نەپىس ۋە كۆركەم ئىشلەنگەن . بۇ تۇماقلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاشلانغان يۇمشاق تېرىدىن ئىشلىنىپ ، ئېغىز گىرۋىكىگە سۈپەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆرپىدىن چوڭ ـ كىچىك زىغىزىق تۇتۇلغان، بەزى تۇماقلارنىڭ ئۈستىگە قارا ياكى باشقا رەڭلىك رەختلەردىن بىر قەۋەت تاشلىق تۇتۇلۇپ ئەستىرىگە تېرە ئېلىنغان. ھەرخىل تۇماقلارنىڭ ئۆزىگە خاس قېلىپى بولۇپ، ئۇنىڭغا تۇماقچىلىقنى كەسىپ قىلغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ يۈكسەك ماھارىتى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇيغۇر دولان تۇماقلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە يىگىرمە سانتىمېتىردىن قىرىق سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

ئاياللارنىڭ تۇمىقى پەرقلىق بولۇپ، كۆپرەك ياشانغان ئاياللار ياكى بىرقەدەر مەرتىۋىلىك ئاياللار ھەرخىل مۇراسىملارغا قاتناشقاندا تۇماق كىيىدۇ. بۇ «قاما تۇماق» دېيىلىپ، ئۈستى قارا مەخمەل ياكى قارا دۇخاۋا بىلەن قاپلىنىدۇ. قاسقىنىغا بۆرەكچە شەكلىدە 3 ـ 4 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى ئەتىۋارلىق قامىدىن گىرۋەك ئورنىتىلىدۇ. ئىچىگە يۇمشاق ئەلتېرىدىن ئەستەرلىك ئېلىنىدۇ. بۇ تۇماقنىڭ تەننەرخى خېلى يۇقىرى بولغاچقا، ھاللىق شەھەر ئاياللىرى ئىچىدە كۆپرەك ئومۇملاشقان.

«قولاقچا» مۇ ئۇيغۇر دولانلىرى كېيىنچە قوبۇل قىلغان ھازىرقى زامان قىشلىق باش كىيىملىرىدىن بىرى. بىراق، يېزا ـ قىشلاقلاردا دولانلارنىڭ يۇقىرىقى ئەنئەنىۋى تۇماقلىرى يەنىلا ئاساسلىق باش كىيىم ھېسابلىنىدۇ.

دوپپا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا ئەكس ئەتكەن تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە روشەن مىللىيلىككە ئىگە بولغان يازلىق باش كىيىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر دوپپىلىرى نۇسخىسىنىڭ كۆپ خىللىقلىقى، ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتتىكى نەپىسلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. ئۇيغۇر دولانلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىنى ئۆزىنىڭ باش كىيىم ئادەتلىرىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن.

ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، بادام دوپپا، تاشكەنت دوپپا، گىلەم دوپپا، مەنپۇ دوپپا، تۇگۈچ مەنپۇ دوپپا، ئۇنچە دوپپا، كالپۇتۇن دوپپا، ئىلمە گۈللۈك دوپپا، چىمەن دوپپا، تور

باسقان دوپپا، مارجان دوپپا، سىدام دۇخاۋا دوپپا، شاپاق دوپپا قاتارلىق يۈز خىلدىن ئاشىدۇ. بۇ دوپپىلار نوقۇل باش كىيىملا بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە بىر خىل گۈزەل ـ سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر دوپپىلىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقىنى بادام دوپپا بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. بادام دوپپىنىڭ تۆرلىرىمۇ بىرقانچە خىل بولۇپ، ھەممىسىگە تۆت دانە بادام شەكىلـ لىك يېرىم ئاي نۇسخىسى ۋە جىيەكنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن گۈمـ بەز شەكىللىك گۈل نەقىش قىلىپ جۇلالىق ئاق مەشۇت بىلەن تىكىلگەن. بۇ گوياكى ئاي ئەتراپىدا جىمىرلاپ تۇرغان سانسىز يۇلـ تۇزلارنى ئەسلىتىدۇ. گۈللۈك ۋە زەر باسقان دوپپىلار ئاياللارغا خاس بولۇپ، ئۇنىڭ نۇسخىلىرىمۇ كۆزنى چاقنىتىدۇ.

قىزىل ۋە يېشىل دۇخاۋىدىن تىكىلگەن سىدام دوپپىلار كۆپرەك شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ دوپـ پىلارنىڭ رەڭگى ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىـ لىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

## 2. ئاياغ كىيىم

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياغ كىيىمى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئاساسەن قىشلىق ۋە يازلىق دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئۇيغۇرلارـ نىڭ خىلمۇخىل ئاياغ كىيىملىرى ئىچىدە ئۆتۈك ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۆتۈك ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ «قەھرىمانلىق دەۋرى» دەپ ئاتالغان ئاتلىقلار مەدەنىيەت دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى مەھـ سۇلاتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا موزدۇزلۇق قەدىمكى ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر كەسىپلىرى ئىچىدە ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. ئادەتتە، ئۇيغۇر قول ھۈنەر ـ سەنئىتى كۆپرەك شەـ ھەرلەرگە مەركەزلەشكەن. ئەمما موزدۇزلۇق شەھەرلەردىن تاشقىرى، يېزا ـ قىشلاقلارغىچە كەڭ يېيىلغان.

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا پۇتنى ئىسسىق ۋە نەمـ دىن خالىي، قۇرۇق تۇتۇشنى ساغلاملىقنىڭ مۇھىم ئامىلى دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھېسابلايدۇ . شۇ سەۋەبتىن ئەر ـ ئاياللار دېگۈدەك ئۆيىدىن تالاغا چىقىپلا تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئۆتۈك ياكى مەسە ـ كالاچ ، كېپىش كىيىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ كالىچى ئۆتۈك ياكى مەسىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ ، كۆن (بۇلغار ) ياكى خۇرۇمدىن مەخسۇس ئىشلەنگەن بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ناھايىتى ماسلاشقان . يەنى ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۆيىگە كىلەم ، شىرداق ياكى كىگىز سېلىپ ، ئۈستىگە مېھمان كۆرپىسى سېلىپ قويىدۇ . ئۆيگە كىرگەن ھەرقانداق بىر كىشىنى ھۆرمەت بىلەن كۆرپە ئۈستىگە باشلايدۇ . ئۇيغۇرلاردا مېھمانغا بارسا ئاياغ كىيىمىنى سېلىپ كۆرپە ئۈستىگە چىقىدىغان ئادەت بولمىسىمۇ ، لېكىن بۇنىڭ رولىنى ئەنە شۇ كالاچ (كېپىش ) نى سېلىۋېتىپ ، پاكىز ئۆتۈك ياكى مەسە بىلەن ئولتۇرىدۇ . نەتىجىدە ، ئۆي ئىگىسىنىڭ كىگىز ـ كېچەكلىرى بۇلغانمايدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇ خىل كالاچ ئۆتۈك ياكى مەسىنى ئاسراش رولىنى ئوينايدۇ . ئادەتتە ياشلار مەسە ـ كالاچ كىيمەيدۇ . بۇنداق ئىسكىلاچ مەسىنى ياشانغان مويسىپىتلەر قىش ـ ياز دېگۈدەك پۇتىدىن ئاجراتمايدۇ . ھەرقانداق ئۆتۈك ياكى مەسە كىيگەنلەرنىڭ ھەممىسى يۇمشاق ئاق ماتادا پۇتىغا پايتىما ئورايدۇ . بۇ خىل پايتىما پۇتنى نەملىكتىن ساقلاپ ، پۇت تەرلەشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ .

ياشلار ئادەتتە كالاچسىز ئۆتۈك كىيىدۇ . بۇ خىل ئۆتۈك نەپىس ۋە مەزمۇت ئىشلەنگەن بولۇپ ، كۆپىنچە كالا خۇرۇمدا تىكىلىدۇ . قونچى ئۇزۇن بولۇپ ، تىزغا چىقىدۇ . رەڭگى قارا ياكى قىزىل بولۇپ ، بەزىلىرىنىڭ پاشنىسى ئېگىز (3 ـ 4 سانتىمېتىر ) ، بەزىلىرىنىڭ ئارا پاشنا (بىر ـ ئىككى سانتىمېتىر ) بولىدۇ . تۇمشۇقى بۆرەكچە ئارا پاشنىلىق ئۆتۈك خەلق تىلىدا ئورۇسچە ئۆتۈك دېيىلىدۇ . تۇمشۇقى يۇقىرىغا قاراپ تۇرىدىغان قۇش تۇمشۇقلۇق ئۆتۈك كافكازچە ئۆتۈك دېيىلىدۇ . ئۇيغۇر دولان موزدۇزلىرى ئۆتۈكنىڭ چەمىنى چاپلىغاندا ، قېيىن مىخ قاقىدۇ ياكى مومىلانغان پىششىق يىپ بىلەن قوش بېخى قىلىپ تىكىدۇ . بەزى ئۆتۈكلەرنىڭ چەمى بىلەن پېتەكنىڭ ئارىسىغا غاچ ـ غاچ (غاچىلداق ) قويىدۇ . دولانلاردا ئۆتۈك

ۋە پايپاق ، پېتەككە ئالاقىدار ئاتالغۇلاردىن ئۇلاڭ خۇرۇم ئۆتۈك ، تەتۇر خۇرۇم ئۆتۈك ، چورۇق ، تېرە پايپاق ، يۇڭ پايپاق ، كىگىز پايپاق ، مەندەل ، لىپەك ، پېتەك ، تىزلىق قاتارلىقلار بار .

## 3 . پوتا باغلاش

دولان ئەرلىرى بېلىگە پوتا (مەكىتتە بەلۋاغ دەيدۇ ، بۇنداق بەلۋاغلاردىن تاۋار ، دۇردۇن ، دۇخاۋا ، كۇلا ، چىگە ، كۆن ، تېرە بەلۋاغ قاتارلىقلار بار ) باغلاشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە ئۇنى ئەرلەرگە خاس مەردانىلىك ۋە چەبدەسلىكنىڭ نىشانى ، دەپ بىلىدۇ . ئادەتتىكى چاغلاردا ئەرلەرنىڭ پوتىسى ھەرخىل رەڭدىكى يىپ ياكى يىپەك رەختلەردىن ئىشلىنىدۇ . ئۇزۇن - قىسقىلىقى بىردەك بولماي- دۇ . تەخمىنەن ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىردىن كۆپرەك ، كەڭلىكى ئەللىك سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ . ياش يىگىتلەر كۆپرەك قىزىل ، يېشىل ياكى گۈللۈك ، ياشانغانلار قارا رەڭلىك رەختلەردىن پوتا باغلاشنى ياخشى كۆرىدۇ . پوتا باغلاش ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تاشقى كىيىم ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا پەيدا بولغان . بىزگە مەلۇمكى ، ئەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمى ئاساسەن ئۇزۇن بولۇپ ، تىزنى يېپىپ تۇرىدىغان ئالدى ئوچۇق تون شەكىللىك كۆڭلەك ياكى تون بولۇپ ، ئۇنىڭغا تۈگمە ياكى ئىزما قادىمايدۇ . شۇڭا بۇ كىيىمنى بەلدىن پوتا بىلەن باغلىۋېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ خىل تون ياكى تونچە كۆڭلەكنىڭ يانچۇقى بولمايدۇ . شۇ سەۋەبتىن ، پوتا يەنە يانچۇق رولىنىمۇ ئوينايدۇ . دولان ئەرلىرى دائىم بېلىدىكى پوتىسىغا نان ياكى باشقا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى تۈگۈۋالىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا ، ئۇيغۇرلار بەلنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ . بەلگە سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىدۇ . پوتا باغلاش بەلنى ئاسراشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بولۇپ ، ئۇ بەلگە سوغۇق تېگىش ۋە بەدەنگە سوغۇق ئۆتۈپ قېلىشتىن ساقلايدۇ . قور- ساق سېلىپ كېلەڭسىز سەمرىپ كېتىشنىڭمۇ ئالدىنى ئالىدۇ .

دولانلار ئارىسىدا يالغۇز ئۇزۇن كۆڭلەك ياكى تون كىيگەن كىشىلەرلا پوتا باغلاپ قالماستىن ، كالتە چاپان ياكى خالتا كۆڭلەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىيىدىغان ياشلارمۇ پوتا باغلايدۇ. ئومۇمەن پوتا باغلاش ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتى ۋە ئېستېتىك تەلىپى بىلەن زىچ باغلانغان، شۇنىڭ ئۈچۈن دولانلارنىڭ مەشرەپلىرىدە مەخسۇس «پوتا ئويۇنى» ئوينىلىدۇ.

## 4. چۈمبەل تارتىش

دولان ئاياللىرىنىڭ يۈزىگە چۈمبەل تارتىش ياكى باش ياغلىقى بىلەن يۈزىنى ئوراش ئادىتى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەسلىدە ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەرەبلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىغا تارقالغان.

ئېيتىلىشىچە، يۈزىگە چۈمبەل تارتىش ياكى ياغلىق بىلەن ئورىۋېلىش ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ تەبىئىي شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەرەب يېرىم ئارىلى قۇم-بورانلىق قۇرغاق رايون بولۇپ، كۈن نۇرى كۈچلۈك، شۇڭا ئەرەب ئاياللىرى يۈز - كۆزىنى ئاسراش ۋە قۇم - بوراندىن ئۆزىنى ساقلاش مەقسىتىدە يۈزىنى رومال بىلەن ئورىۋېلىشقا ئادەتلەنگەن. كېيىنچە، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى سىڭىپ كەتكەن. ئىسلام دىنىدا «ئاياللار غەيرىي ئەر كىشىگە يۈزىنى كۆرسەتمەسلىك»، «ئاياللار يۈزىنى ئوچۇق قويۇپ تالا- تۈزگە چىقسا نامەھرەم بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش شەرىئەت پەتىۋالىرى بەلگىلەنگەن. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە قازىكالانلار يۈزىنى ياپماي يۈرگەن ئايالنى ئۇچراتسا، توختۇۋېلىپ دەررە بىلەن ئۇرغان ياكى سازايى قىلغان. مۇشۇنداق دىنىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئاياللارنى چۈمبەل تارتىشقا مەجبۇرلىغان.

ئۇيغۇر دولانلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بىر قىسىم ئېلىمىز ئالىملىرى دولانلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، كىيىم - كېچەك ئادەتلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«دولانلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشمايدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە ئاياللار يۈزىنى يېپىشى شەرت، ھەم ئەر- ئايال ئارىسىدا نامەھرەمدىن ساقلىنىشى كېرەك. لېكىن دولانلار بۇنداق ئەمەس، ئاياللار يۈزىنى ياپمايدۇ. ئەر - ئاياللار نامەھرەمگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئاياللار ساھىبخان سۈپىتىدە يىراق - يېقىن-

دىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېرىدۇ . ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا ئەر ـ ئاياللار چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن پاراڭلىشىدۇ ۋە ئۇسسۇل ئوينايدۇ » .①

ھالبۇكى ، «دولان رايونىدا ، بەزى دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ تەسىرى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ھوقۇقى جەھەتتە ، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىن پەرقلىنىدۇ . بۇ يەردە ئاياللار ئەرلەر بىلەن ئوخشاشلا ھەرخىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ كەلگەن . ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىشى ئادەت بولمىغان . شۇنداقلا ، تەكلىماكان بويىدىكى دولاننىڭ مەركىزىي رايونلىرىدا ئىسلامدىن كېيىن باشقا ئورۇنلاردا بولغىنىدەك ، نەغمە ـ ساز ، ناخشا ـ ئۇسسۇل چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان . شۇڭا ، بۇ رايوندا قەدىمكى ساز قوراللىرى ۋە ئاھاڭ ـ قوشاقلار بىر قەدەر تولۇق ساقلىنىپ قالغان .

دولان خەلقى ئەلنەغمە ، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ھېرىس ، مەشرەپكە ئامراق كېلىدۇ ، بۇ رايوندىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئەر ـ ئايالنىڭ ھەممىسىنى مەشرەپ خۇشتارلىرى دېيىشكە بولىدۇ . دولان خەلقى ‹مەشرەپسىز ھايات — تەمسىز ھايات › دېيىشىدۇ . شۇڭا مەشرەپ ئۇلارنىڭ كەم بولمايدىغان كوللېكتىپ پائالىيىتىگە ئايلانغان ۋە ‹دولان مەشرىپى › ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان .

دولان مەشرەپلىرىگە ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىرلىكتە قاتنىشىشى باشقا جاينىڭ مەشرەپلىرىگە ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكتۇر »② .

يۇقىرىدىكى «دولانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشىمايدۇ... دولان ئاياللىرى يۈزىنى ياپمايدۇ ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ» دېگەن قاراش پەقەت شەكلىگە قاراپ ، ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان . يۈزنى يېپىش ـ چۈمبەل تارتىش ئۇيغۇر دولانلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن دىنىي ئادەت بولۇپ ، ئۇ دولان رايوندا قەدىمدىمۇ ، ھازىرمۇ بەك ئومۇملاشقان

① فەن جۈن : «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىرقلارنىڭ تارقىلىشى» ، «تىنچلىق گېزىتى» ، 1947 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ ، 11 ـ كۈندىكى سانىغا بېسىلغان . «غەربىي شىمال مىللەتلەردىن تارىخى ماتېرىياللىرىدىن ئۈزۈندە» گە بېسىلغان 70 ـ بەت . («دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيىلىك ۋە فورماتسىيىلىك تەتقىقات» 10 ـ بەتتىكى نەقىل) .

② ئابدۇشۈكۈر تۇردى : «خەلقىنىڭ سەنئەت مەكتىپى — ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ، 1990 ـ يىل 1 ـ ، 2 ـ سان ، 45 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھەم قاتتىق پەرز قىلىنغان ئادەت ئەمەس ئىدى . ئۇسسۇل بولسا دولانلارنىڭ قېنىدا بار ، جىسمىغا سىڭىپ كەتكەن تۇرمۇش ئادىتى ئىدى . شۇڭا ، بۇ يەردە «يۈزىنى ياپماسلىق ، ئۇسسۇل ئويناش» قاتارلىق ئادەتلىرىگە قاراپ «دولانلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشىمايدۇ» دېيىشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق .

چۈمبەل قارا قىل يىپتا توقۇلىدۇ . ئۇزۇنلۇقى قىرىق سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 25 ـ 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا تۆت چاسا بولۇپ ، باش تەرىپىدە باشقا ئېلىپ قويىدىغان ئىلغۇچ يىپى بولىدۇ . ئۇنى كۆپرەك «ئاقپىجا» دەپ ئاتىلىدىغان بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى ئوراپ تۇرىدىغان پەرىجە كىيىدىغان ، ياشقا چوڭراق مۆتىۋەر ئاياللار يۈزىگە بېكىتىدۇ . ئاقپىجىسى يوق ئاياللار يۈزىگە چۈمبەل تارتمايدۇ . چۈمبەل ئورنىغا ئاق داكا رومال ياكى تور رومالنى بېشىغا سېلىپ ، شۇ رومالنىڭ بىر تەرىپى بىلەن يۈزىنى ياپىدۇ . چۈمبەل ياكى رومال ئومۇمەن نېپىز توقۇلغاچقا ، كۆرۈشكە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ .

ئازادلىقتىن كېيىن ، ئەر - ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلدى . ھازىر ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدىكى يۈزىگە چۈمبەل تارتىشتىن ئىبارەت بۇ خۇراپىي ئادەت تەدرىجىي يوقالدى ۋە يوقالماقتا .

## 5 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلار قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى دەۋرىدە ، مۇشۇ ئىگىلىك شەكلىگە ماس بولغان ئاق ئۆي (كىگىز ئۆي) لەردە ياشىغان . كېيىنچە ئۇيغۇرلار شەھەرلىشىپ مۇقىملاشقان ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە كۆچكەندىن كېيىن ، قەدىمكى يۆتكەشكە بولىدىغان «كىگىز ئۆي» دە ئولتۇرۇش ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتىپ ، خىش ياكى كېسەكتىن ياسىلىدىغان كۆپ قۇرۇلمىلىق تۆت چاسا ئۆيلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن باشلاپ گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان ، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان خاراكتېرى ئۇلارنىڭ ئولتۇ-

راق ئۆي قۇرۇلمىسىدا روشەن ئەكس ئېتىپ، ئۆيلەرنىڭ ياسىلىشى ۋە زىننەتلىنىشى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، قوپاللىقتىن نەپىسلىككە قاراپ تەرەققىي قىلغان.

ئۇيغۇر دولانلىرى ئاساسەن ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز بولغان قۇرغاق رايونلارغا ماكانلاشقاچقا، ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىمۇ مۇشۇنداق تەبىئىي شارائىتقا ماس ھالدا قۇرۇلغان. گەرچە ئىقتىسادىي ۋە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، جۇغراپىيىلىك شارائىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلمىسىدا بەلگىلىك دەرىجىدىكى رايون پەرقى بولۇشى سەۋەبلىك، ئۆي قۇرۇلما شەكىللىرى شەرتلىك ھالدا بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خىلى، ئۆگزىسى تۈز، چاسا شەكىللىك كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر بولۇپ، بۇ ئۆيلەر تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆل - يېغىن ئاز رايونلاردا — تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايوننىڭ تۇپرىقى ناھايىتى بوش، قۇمساڭغۇ، تۆت پەسلى ناھايىتى روشەن، قۇم بوران كۆپ، بىر قىسىم يەر ئاستى سۇ ئورنى نىسبەتەن يۇقىرىراق بولغان جايلىرىدا تۇپراقنىڭ زەيلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى. كىشىلەر ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىدا مۇشۇ تەرەپنى ئالاھىدە ئويلىشىپ توقۇم تاملىق ئۆي، كېسەك تاملىق ئۆي، لاي تاملىق ئۆي قاتارلىق قۇرۇلۇش شەكلىنى ئىشلەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ توقۇم تاملىق ئۆي ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئۆزگىچە خاس كەشپىياتى بولۇپ، بۇنداق ئۆينىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى زەگۇندە، تۇۋرۇك، چېتىق، لىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تۇرمىلاش ئۇسۇلى ياكى ئەركەك - چىشى قىلىپ چېتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قوراشتۇرۇلغانلىقىدا. بۇ خىل ئۆي يەر تەۋرىسىمۇ ياكى ئۆي ئورنىدىن زەي چىقىپ كەتسىمۇ ئاسان ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ. زەي چىقىپ كەتسىمۇ ئاسان ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ. تۇپرىقى زەي، بوش ۋە يەر تەۋرەش بەلۋېغىغا يېقىن رايونلارغا تازا ماس كېلىدۇ[1].

① ئابدۇراخمان ئىبراھىم: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئاساسلىق ئامىللار»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2003 - يىل 2 - سان، 59 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇنداق ئۆيلەرنى ياساشتا ئۆينىڭ ئۆلى قالىق بىلەن چىڭدىلىدۇ ، شارائىتى بار جايلاردا ئۆينىڭ ئۆلىغا تاش ياكى پىششىق خىش قويۇلىدۇ . پىششىق خىش ئۈستىگە مومىلانغان قوش زەگۈندە چاسلاپ قويۇلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە خام كېسەك تام قوپۇرۇلىدۇ . بەزى ئۆيلەرگە تام ئارىسىغا ئارىلاپ ياغاچ تۈۋرۈك قويۇلىدۇ . ئۆينىڭ ئۈستى ياغاچ بىلەن يېپىلىدۇ . ئادەتتە ئۆينىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ يەتتە تال ، توققۇز تال ، ئون بىر تال مەزمۇت ياغاچ (لىم) قويۇلىدۇ . لىم ياغاچ ئارىلىقى ئەھۋالغا قاراپ قىرىق سانتىمېتىردىن ئاتمىش سانتىمېتىرغىچە كەڭلىكتە بولىدۇ . لىم ياغاچ ئارىلىقى ۋاسا جۈپ ياكى ۋاسا دىميان قىلىپ يېپىلىدۇ . ۋاسا بىلەكتەك چوڭلۇقتىكى تال سۆگەت بادرىسىنى ئوتتۇرىدىن تىلىپ ئوخشاش چوڭلۇقتا ياسىلىدۇ . بالا بېشى دېيىلىدىغان ئارىلىقىغا جەگە ياغىچى ، جەگە بىلەن ۋاسا ئارىلىقىغا ناۋا ياغىچى ، پەرمان ياغىچى قويۇلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بورا سېلىپ ، پاخال بىلەن چۈمكىگەندىن كېيىن قارا لاي بىلەن تەكشى باستۇرۇلىدۇ . قارا لاي قۇيغاندىن كېيىن سامان ئارىلاشتۇرۇلغان كاكىل لاي بىلەن تەكشى سۇۋىلىدۇ . ئۆينىڭ ئىچىمۇ قارا سۇۋاق ۋە ئىنچىكە سۇۋاق قىلىنىدۇ . ئۆينىڭ قىبلە تەرىپىگە ئورۇن-كۆرپە يىغىلىدىغان مېھراب (يەرلىك تىلدا «مەرەب» دېيىلىدۇ) ئويۇلىدۇ . قالغان تاملىرىغا بىر كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتا بىرقانچە تەكچە ياساپ ، ئۇنىڭغا چىنە - قاچا ۋە زىننەت بۇيۇملىرى تىزىلىدۇ . دېھقان ئائىلىلىرى يەنە تەكچىلىرىگە قىشلىق قوغۇن - تاۋۇز ، كاۋىلارنى تىزىپ ساقلايدۇ . بۇنداق چاسا شەكىللىك ئۆيلەر بىر- بىرىگە تۇتاشقان ھالدا مېھمان ئۆي ، ئايۋان ياكى دەھلىز ئۆي ، ياتاق ئۆي ۋە ئاشخانىغا بۆلۈنىدۇ . مېھمان ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىگە قازناق ئۆي سېلىنىدۇ . قازناق — تازىلىق ئۆيى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاستى كولىنىپ ئەۋرەز ياسىلىدۇ . «ئەۋرەز» يەرلىك ئۇسۇلدا يۇندى - سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئورنى ھېسابلىنىدۇ . دەھلىز ئۆيگە تۈۋرۈك قويۇلۇپ ، تۈۋرۈك بىلەن پاراللېل تەكشىلىكتە سۇپا ياكى كاڭ ئورنىتىلىدۇ . مېھمانخانا ئۆيدىن باشقا ئۆيلەرگە ئاساسەن دېرىزە قويۇلماي ئۈستىدىن تۈڭلۈك قويۇلىدۇ . ئۆينىڭ ئىشىكى ئاساسەن جەنۇب تەرەپكە قارىتى-

لىندۇ . ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كەڭ سۇپا سېلىپ ئۈستى پېشايۋان قىلىنىدۇ . پېشايۋان ئالدىغا ئۈزۈم بارىڭى ياسىلىپ ، هويلىغا قويۇلغان ئۈزۈم تالى باراڭ ئارقىلىق پېشايۋانغا ياماشتۇرۇلىدۇ . هەرقانداق ئۆينىڭ ئالدى كەڭ هويلا بولۇپ ، هويلىنىڭ ئىشىكى (دەرۋازا) چوڭ ۋە هەيۋەتلىك بولىدۇ .

ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆي سېلىشتا ئومۇمەن كۆنگەي جاينى تاللايدۇ . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئۆيلىرى ئۆزىگە خاس بىناكارلىق سەنئىتىگە ئىگە . ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلمىسىدا قەدىمكى مىللىي ئەنئەنە ئاساسىدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ، ئىسلام مېمارچىلىق ئۇسلۇبىدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئومۇملىشىشقا باشلىدى . بولۇپمۇ ، جامە ، مەسچىت ، مازار ، زىيارەتگاهلارنىڭ ئىمارەت قۇرۇلمىسىدا بۇ خۇسۇسىيەت روشەن ئەكس ئەتتى . بولۇپمۇ ئۇيغۇر مېمارچىلىقىدىكى مۇنار ، گۇمبەز ، قۇببە ، مېهراب ، بالابېشى ، ئىشىك بېشى ، تەكچە ئويۇقى ، مورا ، پېشايۋان ، تۈۋرۈكلەرنىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە رەڭ تاللاشتىكى ئېستېتىك قارىشىنى قويۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر بىناكارلىق هۈنەر ـ سەنئىتىنى بېيىتتى .

دولانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدا ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىق ، دېهقانچىلىق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . ئەڭ دەسلەپكى ئىگىلىك چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بولۇپ ، دولانلار ئولتۇراقلاشقان دولان ، تىزناپ دەريا بويلىرى ئاقسۇ ، تارىم دەريا ۋادىلىرى چەكسىز كەتكەن ئېپتىدائىي توغراق ئورمان ۋە يايلاق بولغان . دولانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئېهتىياجىنىڭ ئېشىشى ئۇلارنىڭ ئىگىلىك شەكلىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلغان بولغاچقا ، دولانلار قوشنا جايلار ۋە ئەجدادلىرىنىڭ دېهقانچىلىق ئەنئەنىسىنى دوراپ دېهقانچىلىق ئىگىلىكىنى تەدرىجىي ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى قىلغان . بولۇپمۇ بۇ ۋاقىتتا ئولتۇراق قۇرۇلۇشىدا زور دەرىجىدە يېڭىلىنىش بارلىققا كەلگەن بولۇپ ، ئىلگىرىكى تەبىئىي شارائىت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئولتۇراق جايلار مانا ئەمدى يېڭى بىر تۇرمۇش شارائىتىغا ماس هالدا ئۆزگەرگەن .

ئىلگىرى ئۇلار توغراق ياغاچلارنى ئۆزئارا باغلاپ «لاڭقا» ياساپ، تۇرالغۇ جاي قىلغان (بۇ ئۆيلەر ياغاچتىن ياسالغان بولغاچقا، دولانلار-نى سىرتتىن كەلگەنلەر «ياغاچ ئۆيلۈك دولان»، «ئون سەككىز مىڭ ياغاچ ئۆيلۈك دولان» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىغان. كېيىن بۇ ناملار دولانلار ئىچىدىمۇ ئادەتكە ئايلانغان) بولسا، كېيىن «قوشام» ئۆيلەر (بۇ ئۆيلەر مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات قاتارلىق جايلاردا «تۆيۈزە»، «توقۇلما» تام ياكى «تۆيۈزە تاملىق ئۆي»، «توقۇلما تاملىق ئۆي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بارلىققا كەلگەن[1]. بۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، تام ئۇلىغا زەگۇندە (تام ئۇلىغا قويۇلغان ياغاچ لىمدىن ئىبارەت بولۇپ، قوشام ئۆيلەردە ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈۋرۈك، ئايرىش تۈۋرۈكلەر قويۇلىدۇ. توپا تاملىق ئۆيلەردە ئۆينىڭ قۇرۇلمىسىنى پۇختىلايدۇ. ئۆي تېمىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەمدە يەر تەۋرەشكە تاقابىلچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ) قويۇلىدۇ. زەگۇندىنىڭ ئۈستىگە تۈۋرۈك، تۈۋرۈك ئارىلىقىغا ئاراش تۈۋرۈك، ئاراش تۈۋرۈك ئارىلىقىغا چېتىق (تۈۋرۈكلەرنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تامنىڭ مۇقىملىقىنى ئاشۇرىدۇ)، قىيپاش چېتىق ئورنىتىلىدۇ. چېتىق بىلەن تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى بوشلۇق تام چېتىقلار بىلەن توقۇپ، باغلاپ چېتىلغان. ئاندىن ئىككى تەرىپى كاكىل لاي بىلەن سۇۋالغان. قېلىنلىقى ئادەتتە ئون سانتىمېتىر (بەزىدە 15 — 20 سانتىمېتىر) كېلىدۇ. لىم بىلەن تۈۋرۈكلەر ئۆزئارا تۇرۇملانغان. ئۆگزىسى ۋاسا، ۋاسا ئۈستىگە بورا ياكى تال چىۋىقتىن توقۇلغان چىتلاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سامان، سامان ئۈستىگە لاي، توپا، سامانلىق لاي بىلەن سۇۋاش ئارقىلىق يېپىلغان بولۇپ، بۇ نىيا قەدىمكى شەھىرىدە ساقلىنىپ قالغان «قوشام» ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى[2] بىلەن ئوخشاش. «كروران قەدىمكى شەھىرىدىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، تۈۋرۈك بىلەن سوقۇما، زەگۇندە، چېتىق، لىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىل 10 - ئاي نەشرى، 130 - بەت.

② ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل 12 - ئاي نەشرى، 138 - 139، 138 - 143 - بەتلەر.

تۇرۇملاش ئۇسۇلى بىلەن ياكى ئەركەك - چىشى قىلىپ چىتىش ئۇسۇلى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان» ، بۇ خىل قۇرۇلما يەنى «قوشام» ئۆي ياساش ئۇسۇلى مەكىتتىكى «قوشام» (توقۇلما) ئۆي ياساش ئۇسۇلىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ . بۇ خىل ئۆي پەقەت تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان نىيا ، كروران ۋە مەكىت ، مارالبېشى ، ئاۋات قاتارلىق جايلارنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغا ماس كېلىدىغان بىناكارلىق شەكلىدۇر . «ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ، ھۈنەر - سەنئىتى ۋە ئىشلىتىلىشچانلىقى مۇشۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغا ئاساسەن تاللانغان ھەمدە ئۈزلۈك-سىز تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك ھالىتىگە يەتكەن»① .

دېمەك ، بۇ يەردە نىيا ، كروران قاتارلىق قەدىمكى شەھەرلەردىكى بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن دولانلارنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ئوخ-شاشلىق ھەم بىر خىل ئىزچىللىق ساقلانغان بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە بۇ ، مۇشۇ جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېتنىك باغلىنىشنى ، مەدەنىيەت ئەنئەنى-سىدىكى ئورتاقلىقنى ، قەدىمكى چاغدا تەكلىماكان ئىچىدىكى ھەرقاي-سى بوستانلىقلاردىكى خەلقلەرنىڭ يىلتىزداشلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ② .

دولانلار تارىختا تۆيۈزە تام ، يالاڭ تۆيۈزە تام ، قوش تۆيۈزە تام ، قىسما تام ، قوشام تام ، سوقما تام ، چالما تام ، كېسەك تاملاردا ئولتۇرۇپ كەلگەن . كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەنجان تېمى (قىستۇرما تام) پەيدا بولغان . چارۋىچىلار گەمە ، يېرىم گەمە شەكلىدىكى ئۆيلەر-دە ۋە ياغاچ تىزما ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ كەلگەن . ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇ-شى بىر خىل بولۇپ ، ھەممە ئائىلىدە بىردىن چوڭ مەشرەپخانا ۋە مەشرەپ سۇپىسى ، چوڭ دالانلار بولىدۇ . بۇنى مېھمانخانا دەپ ئاتاي-دۇ . مەيلى ئۇ قايسى خىلدىكى ئۆي بولمىسۇن ھەممىسىگە تۈڭلۈك قويىدۇ . بۇنداق ئۆيلەر دېرىزىلىك ئۆيلەرگە نىسبەتەن بىر قەدەر

---

① ئالىمجان مەخسۇت ، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت : «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 - يىلى 12 - ئاي نەشرى ، 143 - بەت .

② ئادىل مۇھەممەت تۇران : «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2001 - يىل 10 - ئاي نەشرى ، 132 - بەت .

www.uyghurkitap.com



بىخەتەر بولۇپ، كونا نورى ئۆيگە تۈڭلۈكتىن چۈشىدۇ. تۈڭلۈكتىن كىرىپ تامغا چۈشكەن قۇياشنىڭ شولىسىغا بەلگە قىلىپ ۋاقىتنى ۋە پەسىلنى بىلىدۇ. ئادەم ئۆلسە مېيىت ھەققىنى تۈڭلۈكتىن سۇنۇپ بېرىدۇ. ئۆينىڭ ئۆگزىسى تۈز بولىدۇ. گاسا (ۋاسا) سېلىپ بورا ياكى يېكەن بىلەن ياپىدۇ. ئالاھىدە ئۆيلەرنى گاسى جۇپ قىلىپ ياپىدۇ. ئۆينىڭ تاملىرىغا مېھراب (ئەگمە) شەكىللىك ئويۇق چىقىرىپ، نەرسىلەرنى ئېلىپ قويىدۇ. «ئاسقا» قىلىپ كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ قويىدۇ. بەزىلەر «چۇقا»[1] ئېتىپ تورۇسقا ئېسىپ، ئۇنىڭغا باش كىيىملەرنى ئېلىپ قويىدۇ. ئۆينىڭ يان مورا چىقارغان تەرەپكە بىر مېتىر ئېگىز، بىر گەز كەڭلىكتە چاپلىما تام قوپۇرۇپ، ئىچىنى ئويۇق قىلىپ 2 — 3 جايدىن تۆشۈك قويىدۇ. ئۇنى «لىمتاق»[2] دەيدۇ. لىمتاقنىڭ ئۈستىگە ئورۇن - كۆرپە تىزىدۇ. ئاستىدىكى ئويۇقتىن ئېھتىياجىغا قاراپ پايدىلىنىدۇ.[3]

ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش مەدەنىيىتى ۋە ماددىي تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئىتىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇردى ھەم ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي مۇھىت، ياشاش شارائىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ماس ھالدا بارلىققا كەلگەن بىناكارلىق سەنئىتى — ئولتۇراق ئۆي ئادەتلىرىنى ساقلاپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى، ۋارىسلىق قىلدى.

مورا ئوچاق جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى «مورا ئوچاق» نى كەشىپ قىلىپ، بۇنىڭدىن كۆپ تەرەپلىمىلىك پايدىلىنىپ كەلدى. ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي ئادەتلىرىدە بۇ كەڭ ئومۇملاشقان مورا ئوچاق مۇنداق بولىدۇ: ئۆينىڭ تۆر تېمىغا مورا چىقىرىلىدۇ. مورىنىڭ پەس تەرىپى كەڭرەك ئېلىنىپ، ئۇ يەرگە تونۇر شەكلىدە ئوچاق سېلىنىدۇ. بۇ ئوچاق «ئوچاق تونۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوچاقتا

---

① چۇقا - كۆپ پۇتاقلىق دەرەخ شېخىنى كېسىپ، ئۇنىڭ پۇتاقلىرىدىن ئوتتۇرىدىكى بىرسىنى تورۇسقا ئاسىدۇ. ئەتراپىدىكى شاخلىرىنى يىگىرمە سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا قالدۇرۇپ ئۇچىنى ئۇچلاپ قويىدۇ. ئۇنىڭغا ئاساسەن باش كىيىمنى ئاسىدۇ.

② لىمتاق - پارسچە بىرىم تام ياكى يېرىم پەلە، پەي دېگەن بولىدۇ.

③ مۇھەممەت ئوسمان ئەمىرى: «ئاۋات دولان مەدەنىيىتىدىكى تارىخىي نامايەندىلەر»، «ئاۋات تارىخ ماتېرىياللىرى» جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئاۋات ناھىيىلىك كومىتېتى تۈزگەن. 2004 - يىل 4 - ئاي (ئىچكى ماتېرىيال) 4 - قىسىم، 23 — 24 - بەتلەر.

ئوتۇن قالىنىدۇ. تاماققا تۇتۇش قىلماستىن بۇرۇن، «ئوچاق تونۇ-رى» غا لايىق خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. تاماق ھازىرلىقى تۈگىگەندە، قازان ئېسىلىپ ئوت قالىنىدۇ. ئوچاق ئالدىغا ئۆرە مىس چۆگۈن قويۇپ چاي قاينىتىلىدۇ. تاماق پىشقۇچە «ئوچاق تونۇرى» قىزىپ تەييار بولىدۇ. قازاننى چۆشۈرۈپ ئوچاققا تۇز سېپىلىپ نان يېقىلى-دۇ. تاماقنى يەپ بولغۇچە نان پىشىدۇ. دېمەك، مورا ئوچاق يۇقىرى-قىدەك تۇرلۇك ۋەزىپىلەرنى ئۆتەشتىن تاشقىرى، يەنە قىش كۈنلىرى ئىسسىنىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

مورا ئوچاق تەشمە مورا، چاپلىما مورا، قاڭشار مورا، قىشلىق مورا ئوچاق دەپ ھەرقايسى پەسىللەرگە قاراپ ئايرىم ياسىلىدۇ. مورا ئوچاقنىڭ ئالدى تەرىپى بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە نېپىز كېسەك بىلەن مېھراب شەكلىدە قاپارتمىلىق قىلىپ ياسىلىدۇ. بۇ «مورا بېشى» دەپ ئاتىلىدۇ. «مورا بېشى» نىڭ ئۈستىگە «جىنچىراغ» (سۈ يېغى ئىشلىتىدىغان چىراغدان) قويۇلىدۇ (ھازىر ئېلېكترلىشىشنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، «يەرلىك جىنچىراغ» لار ئەمەلدىن قال-ماقتا). «مورا بېشى» ئالاھىدە تېخنىكا بىلەن ياسالغاچقا، ئۆيگە يارىشىدۇ.

## 6. ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى

يېمەك ـ ئىچمەك مىللىي تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ چوڭ بىر تۈرىدۇر. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى ئالا-ھىدىلىكلىرى ئۇلار شۇغۇللىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى، ياشاۋاتقان تەبىئىي شارائىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە پسىخىك ئادىتى قاتارلىقلار بىلەن زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ئۆزلىرىگە خاس يې-مەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھى-دىلىكلىرىگە ماس كېلىدىغان لەززەتلىك ۋە مەززىلىك تاماقلارنى ئىجاد قىلغان.

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدە قورۇلغان سەيلىك تاماقلار كۆپ ئىستېمال قىلىنمايدۇ، بېلىقتىن باشقا دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنىمۇ يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن.

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمىكى تۈرىنىڭ كۆپ خىللىقى، ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن مەشھۇر. بولۇپمۇ دولانلارنىڭ يەرلىك قوناق تاماقلىرى (يوبدان، چوڭقۇرچەك، سىقماق، يارما، ئۇماچ، سەي زاڭ، سۈت زاڭ، يارما پولۇ، مۇنەك، كۆجە ئاشلىرى)، ئوغلاق، پاقلان كاۋاپلىرى، بېلىق گۆشى (مايدا پىشۇرغان، سۇدا پىشۇرغان ۋە ئوتتا كاۋاپ قىلغان) تائاملىرى داڭلىق.

ئۇيغۇر دولانلىرى تاماق ئېتىش سەنئىتىگە، تاماقنىڭ تازىلىقىغا ۋە تەملىك بولۇشىغا ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدە گۆش ۋە ئاشلىق بىلەن قىلىنغان تاماق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئاساسەن ئىسلام دىنىي شەرىئىتىدە «هالال» قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىدۇ. ئاتنى ئىسلام شەرىئىتىدە «ئات» جەڭگە يارالغان، يېسىمۇ بولىدۇ، يېمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارالغان بولغاچقا، ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزلۈكىدىن ئۆلتۈرۈپ يېمەيدۇ. مەلۇم سەۋەب بىلەن بوغۇزلانغان بولسا، خام تالاش (خام پېتى پارچىلاپ تارقىتىدۇ) قىلىدۇ. گۆشنى يېگىلى بولىدىغان چارۋىلارنى ئۆلتۈرگەندە پۇتىنى چۈشەپ ياتقۇزۇپ، بېشىنى جەنۇب تەرەپكە قارىتىپ، يۈزىنى قىبلىغا (غەربكە) قارىتىپ، ئەر كىشى دۇرۇت ئوقۇپ بوغۇزلىشى شەرت. پاقلان، ئوغلاق گۆشلىرىنى ئەتىۋارلىق گۆش هېسابلايدۇ. ياۋايى هايۋاناتتىن قىرغاۋۇل گۆشىنى ئالىي گۆش هېسابلايدۇ. تۆگە گۆشىنى ئەڭ ناچار گۆش، ئات گۆشىنى زىيانلىق گۆش هېسابلايدۇ.

ئاشلىق: قوناق، بۇغداي، گۈرۈچ قاتارلىقلارنى دائىملىق ئىستېمال قىلىدۇ.

گۈرۈچ بىلەن بۇغداي ئەتىۋارلىق ئاشلىق هېسابلىنىدۇ. ئۆتمۈشتە ئاساسەن قوناق ئىستېمال قىلىناتتى. هازىر بۇغداي ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ياغ : كەندىر يېغى ، قوغۇن ئۇرۇقى يېغى ، زىغىر يېغى ، قىچا يېغى ، كۈنجۈت يېغى ، مېغىز (ياڭاق ، گازىر ، ئۆرۈك ، شاپتۇل ) يېغى ، قوي يېغى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلاتتى . ئازادلىقتىن كې- يىن چىگىت يېغىمۇ ياغنىڭ قىس چاغلىرىدا قوشۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدىغان بولغان .

گۈرۈچتىن پولۇ ، شويلا ، شوۋىگۈرۈچ ، نەزىر ئېشى ئېتەتتى . بۇغداي ئۇنىدىن مانتا ، چۆچۈرە (پۇرچاق چۆچۈرىسى ، قوناق چۆچۈرىسى ، گۆش چۆچۈرىسى ، قىزىلبۇغداش چۆچۈرىسى قاتارلىق ) ، جۇۋاۋا (توگرە ) ، لەڭمەن ، سۇيۇقئاش ، چۆپ ، هالۋا قاتارلىق تاماقلارنى ئېتىدۇ .

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدىكى كۆرۈنەرلىك ئالاهىدىلىكلەرىنىڭ بىرى شۇكى ، مەلۇم ئائىلىدە ياخشىراق تاماق ئېتىلسە ، ئۇنىڭدىن نېسىۋە قىلىپ ، يېقىن قولۇم ـ قوشنىلارغا ئۆزئارا تاماق چىقىرىپ تۇرۇش ئادىتى بار . شۇنداقلا بەزى يېڭى تاماقلارنى ، مەسىلەن ، باشقىلاردىن بۇرۇن تەييارلىغان كۆك چۆچۈرى- سى ، كۆدە مانتىسى ، قاپاق مانتىسى ، يالپۇز جۇۋاۋىسى قاتارلىق تاماقلارنى تۇغقانلار ياكى يېقىن ئەل ـ ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيىگە «يېڭىلىق تۇتىدىغان» ئادەت بولۇپ ، «يېڭىلىق تۇتۇش» ياخشى كۆڭۈل ۋە ئىززەت ـ هۆرمەتنىڭ ئىپادىسى .

ئۇيغۇر دولانلىرىدا تاماققا قوشۇپ ئېچىتقۇلۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئادىتى ئومۇملاشمىغان . بولۇپمۇ ئىسلام شەرىئىتىدە هاراققا ئوخشاش مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىش مەنئى قىلىنغاچقا ، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلارمۇ بۇ قانۇنىيەتكە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن . ئەمما ئۈزۈقلۇق سۈپىتىدە يەرلىك ئۇسۇلدا قۇرۇق ياكى هۆل ئۈزۈمدىن مۇسەللەس ، مەيزاپ ئىشلەش ئەنئەنىسى هازىر- غىچە بەزى رايونلاردا ، بولۇپمۇ ئاۋات رايونىدىكى دولانلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن . بۇ خىل ئىچىملىكلەرگە غەيرىي ئىسپىرتلىق ئېچىتقۇ ئارىلاشتۇرمايدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدىكى بۇنداق ئالاهىدىلىك- لەر ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا شەكىللەنگەن بولۇپ ، جەمئىيەت تە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رەققىياتىغا ئەگىشىپ نىسپىي ھالدا ئۆزگەردى ۋە يېڭىلاندى . مەسى-لەن ، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن باشلاپ ، قورۇما تاماقلارنى يېيىشكە ئادەت-لەنمىگەن . مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەق-قىياتىغا ئەگىشىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە قورۇلغان سەي تۈرلىرىمۇ خېلى كەڭ سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى . لېكىن قورۇما سەيلەرنىڭ تۈرى ، ماتېرىيالى ۋە تەمى جەھەتتىن يەنە مەلۇم مىللىي ئالاھىدىلىك مەۋجۇت .

## 1 . ئائىلە تامىقى

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تاماقلىنىش ۋاقتى ئەتىگەن ، چۈش ، كەچ-تىن ئىبارەت ئۈچ ۋاخ بولىدۇ . يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ھەربىر ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ . كۈنلۈك ئو-زۇقلىنىش ئادىتى ئادەتتە ئىككى ۋاخ نان بىلەن چاي ئىچىدۇ ، ئەتى-گەندە (دېھقانلار ئەتىگەندە تاماق ئېتىپ يەيدۇ ) ، كەچتە تاماق ئېتىپ يەيدۇ (ھازىر چۈشتە تاماق ئېتىپ يېيىش ئادىتى ئومۇملاشتى ) . ئۇيغۇر دولانلىرى سەھەر تۇرۇپ يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ ساپ ھاۋادىن بەھرىمەن بولىدۇ (چوڭلار تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ ) ، ئاندىن يىغىلىپ چاي ئىچىشكە باشلايدۇ . ئەتىگەنلىك چايدا چازا قۇرۇپ ، داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ . چاي چوڭ چىنىگە قۇيۇلغان بولسا ناننى چىلاپ ، كىچىك چىنىدە بولسا تۇگۇرۇپ ئىچىلىدۇ . چۈشلۈك چاي تارقاق بولۇپ ئېتىزدا چاي بىلەن نان ياكى قېتىق بىلەن نان يېيىلىدۇ . ياز پەسلىدە قوغۇن ـ تاۋۇز بىلەن يېيىلىدۇ . كەچتە ، ئائىلە ئەزالىرى ئەمگەكتىن قايتىپ يىغىلغاندىن كېيىن ، قوللىرىنى يۇيۇپ ، ئائىلە تەرتىپى بويىچە داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ . تەي-يارلانغان تاماق كەلتۈرۈلىدۇ . تاماقتىن كېيىن ، لەڭمەن بولسا ئاش سۈيى ، پولۇ ، مانتا قاتارلىقلار بولسا سىنچاي ئىچىدۇ . ياز كۈنلىرى تاماقتىن كېيىن ھەرخىل ھۆل مېۋىلەرنى يەيدۇ .

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئائىلە قوشۇمچە يېمەكلىكلىرىدە ، ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ قۇرۇق ئۈزۈم ، ياڭاق مېغىزى ، قەنت ، ناۋات بىلەن چاي ئىچىش ، ھۆل ئۈزۈم بىلەن يۇمشاق توقاچ نان

يېيىش ئادىتىمۇ خېلى ئومۇملاشقان.

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئائىلە تامىقى گۆشلۈك ياكى گۆشسىز بول-ىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاساسىي كۆپ خىل بولۇپ، ھەر كۈنى مۇمكىنقەدەر ئوخشاشمىغان تاماق ئېتىلىدۇ. سەيلىك قورۇما تاماقلار كۆپ ئىستېمال قىلىنمايدۇ.

## 2. مېھمان تامىقى

ئۇيغۇر خەلقىدىكى مېھماندوستلۇق قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقى مېھمان كەلسە «رىزقىنى ئېلىپ كېلىدۇ»، «بەخت كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا مېھمان كەلسە قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ئۆيدە بارىنى مېھمانغا ئاچىقىدۇ، يوقىنى تەييارلايدۇ.

ئۇيغۇر دولانلىرى چاقىرىلغان مېھمان ياكى تاسادىپىي كېلىپ قالغان مېھمان بولسۇن، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاش قە-دىرلەپ كۈتىدۇ. مېھماننى ئەڭ ئېسىل، ياخشى تاماق، ياتاقلار بىلەن كۈتۈشنى تاشقىرى، ئات ـ ئۇلاغلىرى بولسا ئۇنىڭغا ياخشى قارايدۇ.

ھەرقانداق ئائىلە مېھمان كەلگەن ھامان ئۇنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ داستىخان سالىدۇ. ئالدى بىلەن سىنچاي، كاكچا نان ياكى قاتلىما نان قويىدۇ، چېيىغا قەنت ياكى ناۋات سالىدۇ. ئاندىن ئۈز ھالىغا قاراپ سۈتلۈك چاي ياكى ھالۋا ئېتىپ كىرىدۇ. چايدىن كېيىن، ياز بولسا ھۆل مېۋە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مېھ-ماندىن قانداق تاماق يېگۈسى بارلىقىنى سورايدۇ. مېھمان خالىغان تاماقنى ئېتىدۇ، ئەگەر مېھمان تۈزۈت قىلىپ تاماق بۇيرۇمىسا، ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان تاماقلار، مەسىلەن، كاۋاپ، پېتىر مانتا، بولاق مانتا، پولۇ، ئۈگرە، چۆچۈرە، لەڭمەن دېگەندەك تاماقلاردىن بىرىنى ئېتىدۇ (بۇ ئەلۋەتتە ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنى-دۇ). كۆپ ھاللاردا مېھمان تامىقى جۈپ بولۇپ، پولۇ ئەتسە ئارقىدىن ئۈگرە، شورپا سالسا ئارقىدىن چۆچۈرە دېگەندەك تاماقلار قوشۇپ ئېتىلىدۇ. كاتتا بىلگەن مېھمانغا قويىنى پۈتۈن پىشۇرۇپ «ئۇچا» قىلىپ، ئۈستىگە بىر توققۇز نان بېسىپ ئېلىپ چىقىدۇ.

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئادىتىدە، ئەگەر مېھمان تون يېرىمىدە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كېلىپ قالسىمۇ ، ھېچقانداق ئېرىنمەي ھاردۇق ئېشى دەپ ئۇگرە ، مەنچىزە قاتارلىق سۇيۇق تاماق ئېتىپ بېرىش ئەنئەنىسى بار . چاقىرىلغان ئايال مېھمانلار بولسا ياخشى كۇتۇشتىن تاشقىرى ، مېھمانلار قايتىش ۋاقتىدا پولۇ ، مانتا قاتارلىق تاماقلاردىن زەللە قىلىدۇ (ئاش يۈگەيدۇ) . ئەر مېھمانلارغا پىششىق گۆش بىلەن نان ئالدۇرۇش ، ئەڭ بولمىغاندا ئىككى نان تۇتۇش ئادىتى بار .

ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا يەنە بىرەر ئۆيگە مېھمان كەلسە بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قولۇم - قوشنىلىرى مېھمان ئالدىغا كىرىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ، نۆۋەت بىلەن بۇ مېھمانلارنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىدىغان ئادەت بار . تەكلىپ قىلغان قوشنىلار مېھمان ھۆرمىتىگە ئاتاپ بىرەر خىل ياخشى تاماق تەييارلايدۇ . بۇ ئادەت بولۇپمۇ يېزىلاردا كەڭ ئومۇملاشقان . قىسقىسى «تاپقىنى قوي ئۆلتۈرۈر ، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» دېگەندەك ، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ھالىغا قاراپ ، مېھماندىن ھېچ نەرسىنى ئايىماي ساخاۋەت بىلەن داستىخان سالىدۇ .

### 3 . ھېيت - ئايەم يېمەكلىكلىرى

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرى ئىچىدە ھېيت- ئايەم ، توي - تۆكۈن ، مۇراسىملار ۋە سەيلە - باراۋەت يېمەك- ئىچمەكلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، روشەن مىللىي تۈسكە ئىگە .

ھەربىر ھېيت - ئايەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى تاماقلىرى بار . مەسىلەن ، «نورۇز» كۈنى بۇغداي يارمىسىدىن قىلىنغان مەخسۇس «نورۇز كۆجىسى» ئېتىپ ، كوللېكتىپ ئېغىز تەگكۈزىدۇ . دېھقانلار كالېندارى بويىچە ھوشۇر ئېيىدا مول ھوسۇل خاتىرىسى ۋە دىنىي ئەقىدە بويىچە كۆكباش يارمىسى بىلەن گۆلە ، جىگدە ، قاق ، گۆلۈش ، ھەرخىل قۇرۇق گۆلە - قاق سېلىنغان «كۆجە» ئېتىدۇ ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياغ پۇرىتىپ ژىت (پوشكال) سالىدۇ .

مەۋلۇت ئېيىدا ياغ پۇرىتىپ پولۇ ۋە باشقا تاماقلارنى ئېتىپ دۇئا- تەكبىر قىلىدۇ .

بارات ئېيىدا ھەربىر ئائىلە ياغ پۇرىتىپ قويماق سالىدۇ ۋە باشقا

ئېسىل تاماقلارنى ئېتىپ تۇنەيدۇ .
رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇش مۇناسىۋىتى بىلەن زورلۇق ۋە ئىپتار ۋاقتىدا خىلمۇخىل ياخشى تاماقلارنى ئېتىپ ، روزا تۇتىدۇ ، ئىپتار قىلىدۇ .
روزا ھېيت كۈنى ئەتىگەندە ھەرقانداق ئائىلە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلىرىنى ئېتىش بىلەن روزىنى ئۇزاتتۇق ، دېيىشىدۇ . يەنە ، روزا ھېيت ئۈچۈن ساڭزا ، پېچىنە - پىرەنىك ، پوشكال ، سامبۇسا ، قەنت- گېزەك ، مۆل ، قورۇق يېمىشلەرنى تەييار قىلىدۇ . ئۆيمۇ ئۆي پەتلەپ ، خىلمۇخىل نازۇ نېمەتلەرگە ئېغىز تەگكۈزىدۇ . روزا ھېيتتا گەرچە قۇربانلىق قىلىنمىسىمۇ ، ھەربىر ئائىلىدە ئۆزىنىڭ ھالىغا يارىشا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلىرى بىلەن ئۇزۇقلىنىدۇ .
قۇربان ھېيت ئالاھىدە بولۇپ ، قۇربى يەتكەن ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى قۇربانلىق قىلىدۇ . بۇ كۈندىكى تۇنجى تاماق قۇربانلىق قىلىنغان قوينىڭ دۇمبە جىگىرى بولۇپ ، ئاندىن پىشۇرۇلغان گۆش يېيىلىدۇ . قۇربانلىق قىلغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆپكە - ھېسىپ قويۇلىدۇ . قۇربانلىق قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن يوقسۇل ئائىلىلەر بولسا ھەرقايسى قوي سويغان ئائىلىلەر كىرگۈزگەن خامتالاش (خام تارقىتىلغان) گۆشنى پىشۇرۇپ يەيدۇ . ھەرقانداق ئائىلە گۆشسىز قالمايدۇ .
باللارغا ئىسىم قويۇش (ئات) تويىدا ، ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن ئۈچۈن لەڭمەن قاتارلىق تاماق ئەتسە ، قىرىق تويىدا باللار ئۈچۈن مەخسۇس ئاشلار ئېتىپ كىچىك توقاچلار بىلەن بېرىدۇ .
سۈننەت تويىدا ، كۆپ مېھمان چاقىرىپ قوي ، كالا سويۇپ ئاش (پولۇ) ئېتىشتىن تاشقىرى ، ئائىلىدە تۇخۇم يېيىش ئەنئەنىسىمۇ بار . قىز - يىگىت تويلىرىدا ئاساسىي تاماق پولۇ بولىدۇ . بىر لېگەن ئاش ئۈچ كىشىگە قويۇلىدۇ . توي داستىخىنى ھەرخىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولىدۇ . ئاياللار داستىخىنى تېخىمۇ مولراق بولىدۇ . بەزى جايلار (جەنۇبىي شىنجاڭ) دا ئاياللارغا نىشالا قويۇش ، نان قورداق قىلىش ئادەتلىرىمۇ بار .
توي چېيى قاتارلىقلاردا پولۇ ۋە قورداق ئېتىلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


## 4 . نان

نان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېمەكلىكلىرى ئىچىدە ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە ، يەنە ئاساسلىق ئەنئەنىۋى يېمەكلىكنىڭ بىرى . ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ناندىن زادىلا ئايرىلال-مايدۇ . زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ناننىڭ تۈرىمۇ كۆپەيدى . تۆۋەندە ناننىڭ ئاساسلىق تۈرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز .

1 . ئۆي نېنى ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ خېمىر يۇغۇرۇلۇپ ، ئىسسىق يۆگەپ قويۇپ بولدۇرۇلىدۇ . خېمىر بولغاندىن كېيىن بىر جىڭ ئېغىرلىقتا زۇۋۇلا ئۈزۈپ قورۇق ئۇنلاپ تاۋلاپ قېلىپ راسلىنىد-دۇ . ئوتتۇرىغا چەككۈچ چېكىپ ، ئۇستىگە داستىخان يېپىپ تىندۇ-رۇلىدۇ . بۇ خىل ئۆي نېنىغا ياغ چەيلىسىمۇ ياكى چىگىردەك ، سىيادان ئارىلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ . تونۇر ئادەتتىكىدەك قىزىتىلىدۇ . تونۇرغا تۇز سېپىپ ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ . ناننىڭ ئارقىسىنى تۇز سۈيى بىلەن سۇلاپ ، يەڭلىك بىلەن يېقىپ تونۇرنى توشقۇزغاندىن كېيىن ، ناننىڭ يۈزىگە سۇ ئۇرۇپ تونۇرنىڭ ئاغزى دۈملىنىدۇ . ئەگەر ئوت بوش بولسا داپخۇننى ئېچىپ ئوت يېلىنجىتىلىدۇ . نان قېلىن بولغىنى ئۈچۈن تونۇردا ئۇزاقراق تۇرغۇزۇپ ، سىڭدۈرۈپ پىشۇرۇلىدۇ . بۇن-داق يېقىلغان ئۆي نېنىنى ئۇزاق ساقلاشقا بولىدۇ .

2 . بازار نېنى . «ئاق نان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ نان مۇنداق يېقىلىدۇ : خېمىرى بوشراق يۇغۇرۇلۇپ ، ئۇزۇنراق تۇرغۇزۇلىدۇ . خېمىر تىنغاندىن كېيىن زۇۋۇلا قىلىنىدۇ . نان ئوتتۇرلۇق ئېچىلىپ تونۇرغا ئوتتۇرلۇق يېقىپ قايسىسى پىشسا شۇ قومۇرۇۋېلىنىدۇ . بۇ ناننىڭ ئوتتۇرىسى نېپىز ، گىرۋىكى توم بولىدۇ . يۈزىگە چەككۈچ چېكىلىدۇ . ناننى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن تونۇرغا يېقىش ئالدىدا ، يۈزىگە چانالغان باش پىياز ۋە كۈنجۈت سۈرۈلىدۇ . نان تونۇرغا گەزنە بىلەن يېقىلىدۇ .

بۇ خىل ناننى يېڭىۋېچىلەر ئوتتۇرلۇق ئەكىرىپ يەيدۇ ، ئۇزۇن ساقلاشقا بولمايدۇ . بۇ ناننى ئىسسىق ۋاقتىدا يېسە ناھايىتى مەززىد-لىك ، تەملىك بولىدۇ .

3 . گىردە ئۇيغۇر دولانلىرى ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان نان تۈرلىـ-رىنىڭ بىرى . ئۇزاق سەپەرگە چىققۇچىلار بۇ ناندىن ئېلىپ ماڭىدۇ . بۇ ناننىڭ يېقىلىشى مۇنداق : ئۇنىغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ چىڭ يۇغۇ-رۇلىدۇ . خېمىرغا ئۇزۇنراق ئىشلەپ باستۇرۇپ قويۇلىدۇ . خېمىر كۆپكەندىن كېيىن ، زۇۋۇلا ئۇزۇلۇپ تاۋلىنىدۇ . ناننىڭ گىرۋىكى يۇملاق ، ئوتتۇرىسىنى ئويمان قىلىپ ياساپ ، پەشخۇنغا ئوگىدىسىغا تىزىپ ، يۈزىگە سۇ ئۇرۇپ ، كۇنجۇت سېپىپ ، ئىككى ناننىڭ يۈزىنى بىر قىلىپ جۈپلەپ ، داستىخان بىلەن يېپىپ قويۇلىدۇ . قىزىتىلغان تونۇرنىڭ ئوتىنى كۆمۈپ ، داپخۇننى ئېتىپ تونۇرغا تۇز سېپىپ ، تونۇرنىڭ ھاۋاسى پەس تەڭشىلىدۇ . ناننى يېقىپ بولۇپ ، يۈزىگە سۇ ئۇرۇپ ، تونۇرنىڭ ئاغزىنى يېپىپ ، يېرىم سائەتچە خۇيلىنىدۇ . نان قولغا چاپلاشمىسا ، خۇي يېگەن بولىدۇ . خۇي يەتكەندە تونۇرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ نان يۈزىگە يەنە سۇ چېچىپ داپخۇننى ئېچىپ ئوت يېلىنجىتىلىدۇ . جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى يەرلىرىدە جىگدىنى سۇغا چىلاپ ، شەربەت چىقىرىپ گىردە يۈزىگە سۈركەيدۇ ، بۇ خىل نان «شەربەت نان» دەپ ئاتىلىدۇ .

4 . گۆشگىردە . بۇ خىل گىردە ئۇيغۇر دولان خەلقى سۆيۈپ يەيدىغان نان تۈرلىرىنىڭ بىرى . گۆشگىردە مۇنداق يېقىلىدۇ : بۇنىڭ خېمىرى پېتىر بولىدۇ . لېكىن خېمىرى چىڭ ھەم تۇزلۇقراق يۇغۇ-رۇلىدۇ ۋە ياخشى ئىشلىنىدۇ . زۇۋۇلا ئۇزۇپ تاۋلاپ بىر ئاز تىندۇرۇ-لىدۇ . ئاندىن جىلىت ئېچىلىدۇ . قوي ياكى كالىنىڭ لوق گۆشى نېپىز ، قوناق چوڭلۇقىدا توغرىلىپ ، ئۇنىڭغا ئازراق سۇ يېدۈرۈلـ-دۇ . ئاندىن توغرالغان باش پىياز ، قارىمۇچ ، تۇز ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . يەنە قۇيرۇق ياغدىن ئازراق توغراپ ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىـ-دۇ . جىلىتقا قىيما سېلىپ بولاق مانتا توگكەندەك توگۈپ ، ئۈستىگە سۇ ئۇرۇپ تەييارلىنىدۇ . قىزىتىلغان تونۇرنىڭ چوغلىرىنى تونۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىپ داپخۇننى ئېتىپ ، تونۇرنىڭ يۈزىگە تۇز سۈيى ئۇرۇپ ھاۋاسى تەڭشەلگەندىن كېيىن يېقىلىدۇ . يېقىلىپ بولغان ناننىڭ يۈزىگە يەنە سۇ ئۇرۇلۇپ تونۇرنىڭئاغزى ھەم يېپىلىدۇ . گىردە خۇي يېگەندىن كېيىن تونۇرنىڭ ئاغزى ۋە داپخۇن ئېچىۋېتىـ-

لىپ ، ئۇتنى يەلپۈپ يېلىنجىتىدۇ . گىردىنىڭ يۈزى قولغا چاپلاشماي-دىغان دەرىجىدە قىتىشقاندا خوي يېگەن بولىدۇ ۋە تونۇردىن قومۇرۇپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ .

5 . گۆشنان . گۆشنى ئۇششاق توغراپ ، ئۇنىڭغا ئۇششاق توغ-رالغان باش پىياز ، سوققان زىرە ، قارىمۇچ ۋە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ . خېمىر تۇرۇچ سېلىپ خېمىر يۇغۇرۇلۇپ ئازراق تىندۇرغاندىن كېيىن ، زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ ، زۇۋۇلىنىڭ گىرۋىكد-نى نېپىز ، ئوتتۇرىسىنى بىر ئاز قېلىن قىلىپ ، بىر چوڭ ، بىر كىچىك جىلتا تەييارلىنىدۇ . چوڭ جىلتىغا قىيما تەكشى يېيىتىلىدۇ . ئۈستىگە كىچىك جىلتا يېپىلىپ ، چوڭ جىلتىنىڭ گىرۋىكىنى ئارقى-غا ياندۇرۇپ پۈكۈلۈپ نان تەييارلىنىدۇ . ئاندىن تاۋا ياكى قازانغا ياغ قويۇپ نان ئۆرۈپ - چۆرۈپ تەكشى پىشۇرۇلىدۇ . پىشقاندا ھەربىر گۆشناننى پىچاق بىلەن پارچە - پارچە قىلىپ توغراپ ، لېگەنگە ئېلىپ داستىخانغا كەلتۈرىدۇ . بۇ خىل نان شورپىلىق ، تەملىك ، يۇمشاق بولۇپ ، تولىمۇ يېيىشلىك بولىدۇ .

6 . ھەمەك نان . بۇ نان «چوڭ نان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ نان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى نانلىرىدىن بىرى . بۇ نان كۆپىنچە ھېيت-لاردا ، تويلاردا داستىخانغا دەستىلەپ قويۇلۇپ ، ئۈستىگە ئۇششاق ياغلىق توقاچلار قويۇلىدۇ . ئۆزى قاتتىق بولىدۇ . لېكىن چايغا سالسا تېز ئېرىيدۇ ، يېيىشلىك بولىدۇ .

ھەمەك نان مۇنداق يېقىلىدۇ : ناننىڭ خېمىرى چىڭراق يۇغۇرۇ-لىدۇ . ياخشى ئىشلەپ ، زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ ، چوڭلۇقىنى چوڭراق ئەلگەكتەك قىلىپ تەييارلىنىدۇ . قىزىتىلغان تونۇرغا تۇز سېپىپ ھاۋاسىنى تەڭشەپ ، ناننى گەزنىگە تەكشى قويۇپ يېقىپ ، سىڭدۇرۇپ پىشۇرۇلىدۇ .

7 . توقاچ . توقاچ ئۇيغۇر نېنىنىڭ ئالاھىدە تۈرى . مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ( I توم ، 464 - بەت ) دا «توقاچ» دېگەن سۆزنى بۇ سۆز «توق ئادەم» دېگەن ئىبارىدىكى «توق» سۆزىدىن ياسالغان . «چۈنكى توقاچ ئادەمنى تويدۇرىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن .

ئۇيغۇر دولانلىرى ئائىلىلىرىدە ئۆزلىرى يېيىش ۋە مېھمانلارغا قويۇش ئۈچۈن ، سەپەرگە چىققۇچىلارغا يوللۇق تۇتۇش ئۈچۈن ياكى يىراقتىكى يېقىن ئادەملىرىگە خالتا قىلىپ ئەۋەتىش ئۈچۈن توقاچ يېقىلىدۇ . خېمىر بولغاندىن كېيىن ، زۇۋۇلا ئۈزۈپ پىيالىنىڭ ئاغ-زىچىلىك چوڭلۇقتا (ئۇنىڭدىن كىچىك بولسىمۇ بولىدۇ ) توقاچ راس-لىنىدۇ . ئوتتۇرىسىغا چەككۈچ چېكىپ ، يۈزىگە داستىخان يېپىپ تىندۇرۇلىدۇ . تونۇرنى قىزىتىش ، ناننى يېقىش ۋە پىشۇرۇش جەريا-نى ، ئۇسۇلى گىردە نانىنىڭكىدەك بولىدۇ . توقاچ پىشقاندىن كېيىن تونۇردىن قومۇرۇپ ، قىزىق ۋاقتىدىلا ئېرىمىگەن قوي يېغى سۈرۈلۈپ-پارقىرىتىلىدۇ . توقاچنىڭ خېمىرى سۈت ، تۇخۇم ، قوي يېغى ئارىلاش-تۇرۇپ يۇغۇرۇلسا تېخىمۇ تەملىك بولىدۇ . بۇخىل توقاچنىڭ ئالاھىـ-دىلىكى ، قېتىپ كەتسە چايغا چىلىغان ھامان يۇمشايدۇ . ئۇزاق ۋاقىت ساقلاشقا بولىدۇ . ئوڭاي كۆكىرىپ كەتمەيدۇ .

8 . چالا نان . ئۇنىڭ كېپەك ياكى يارمىسى ئايرىلماي ياققان نان . بۇ نان ئادەتتە ھەزىم قىلىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئالاھىدە يېقىلىدۇ . بۇ نان بەزى يەرلەردە «جوۋەندە» ، «قوشۇقلۇق نان» دەپ ئاتىلىدۇ ھەمدە مۇنداق يېقىلىدۇ : مەلۇم نىسبەتتە ئاق ئۇن بىلەن قوناق ئۇنى ياكى كۆممىقوناق ئۇنىنى ئارىلاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا خېمىر-تۇرۇچ سېلىپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ . خېمىر بولغاندىن كېيىن زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ ، نان ئېچىپ يۈزىگە ئۇششاق توغرالغان پىياز سۈركىلى-دۇ . قىزىتقان تونۇرنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ ، داپخۇننى ئېتىپ ، تو-نۇرنى دۇملەپ سىڭدۇرۇپ پىشۇرۇلىدۇ .

9 . زاغرا . خاس قوناق ئۇنى بىلەن قىلىنغان نان «زاغرا» دەپ ئاتىلىدۇ . زاغرا ئۈچۈن كۆممىقوناق ياكى ئاق قوناق ئۇنى ئىشلىتىلى-دۇ . ئۇن قىزىق سۇ بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ . خېمىر سوۋۇغاندا ئۇنىڭغا خېمىرتۇرۇچ سېلىنىپ بىرەر سائەت بولدۇرۇلىدۇ ، ئاندىن زۇۋۇلا ئۈزۈپ ئاق ئۇنغا دومىلىتىپ ، گىرۋىكى نېپىز ، ئوتتۇرىسى قېلىن قىلىپ نان راسلىنىدۇ . قىزىتىلغان تونۇرغا يېقىپ جوۋەندە نانغا ئوخشاش قىلىپ پىشۇرۇلىدۇ . زاغرا تونۇردا ئۇزۇنراق تۇرغۇزۇلى-دۇ . زاغرىنىڭ خېمىرىنى يۇغۇرغاندا ئۇششاق توغرالغان پىياز ، مانتا

www.uyghurkitap.com



كاۋسى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلسا زاغرا تېخىمۇ يېيىشلىك ۋە مەززى-لىك بولىدۇ .

10 . قاتلىما . قاتلىما ئۇيغۇر نانلىرىدىن ئالاھىدە بولغان بىر تۈر . مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ( I توم ، 672 - بەت ) دا «قاغۇرغان» دېگەن سۆزنى «ماي بىلەن يۇغۇرۇپ ، تونۇر ياكى ئوچاقتا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان» دەپ چۈشەندۈرىدۇ . بۇ قاتلىمىنىڭ ئۇيغۇر نانلىرى ئىچىدە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

قاتلىما مۇنداق يېقىلىدۇ : خېمىر يۇغۇرۇپ ، خېمىر تىندۇرۇل-غاندىن كېيىن نوغۇچ بىلەن يۇقىا يېيىلىدۇ . ئاندىن يېيىلغان خېمىر-غا كۆيدۈرۈلگەن قۇيرۇق ماي ياكى ئەبجەش ماي سۈرتۈلىدۇ . ئاندىن خېمىر تۈرۈلۈپ تۈرمە قىلىنىدۇ . تۈرمىنى تولغاپ ، زۇۋۇلا ئۈزۈلى-دۇ ، ھەربىر زۇۋۇلا پۇزا بىلەن ئېچىلىپ نان ھالىتىگە كەلتۈرۈلى-دۇ . ئاندىن قىزىق تونۇرغا يېقىلىدۇ ياكى دوخوپكىدا پىشۇرۇلىدۇ . كۆپىنچە ئائىلىلەردە قاتلىما قازاندا ياكى تاۋىدا ياغدا ئۆرۈپ - چۆرۈپ پىشۇرۇلىدۇ . تونۇر قاتلىمىسى يېيىشلىك ۋە مەززىلىك بولىدۇ . ئۇيغۇر دولانلىرى قاتلىمىنىڭ ئارىسىغا كۆيدۈرۈلگەن پىياز قىيمىسى ئېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ .

قاتلىمىنىڭ يەنە «گۆش قاتلىمىسى» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرىمۇ بار . بۇنىڭ خېمىرى يۇقىرىقى قاتلىمىنىڭكىگە ئوخشاش تەييارلىنى-دۇ . خېمىر ئۇگرىنىڭ خېمىرىدەك چوڭ ھەم نېپىز يېيىلىدۇ ، ئاندىن ئۇششاق توغرالغان گۆش ، نېپىز چانالغان پىياز ، قارىمۇچ ۋە تۇزلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان قىيما سېلىپ تۈرمە تۈرۈلىدۇ . ئۇنىڭدىن زۇۋۇلا ئۈزۈلۈپ ، زۇۋۇلا پۇزا بىلەن ئېچىلىپ نان تەييار-لىنىدۇ . بۇ خىل قاتلىمىنى تونۇرغا يېقىپ پىشۇرسىمۇ ، قازاندا ياكى تاۋىدا پىشۇرسىمۇ بولىدۇ . قاتلىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى : خېمىرى قات-مۇقات بولىدۇ . يۇمشاق ، يېيىشلىك ، سىڭىشلىك بولىدۇ .

### 5 . سامسا

سامسا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن بىرى . ئۇ مۇن-

داق تەييارلىنىدۇ: گۆش ئۇششاق توغرىلىپ، ئۇنىڭغا ئازراق سۇ قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇششاق توغرالغان قوي‌رۇق ياغ، توغ- رالغان باش پىياز، سوقۇلغان زىرە، قارىمۇچ ۋە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ قىيما قىلىنىدۇ. قوۋۇەتسىز تۇز سۈيى بىلەن پېتىر خېمىر يۇغۇ- رۇپ، ياخشى ئىشلەپ تىندۇرۇلىدۇ. زوۋۇلا ئۈزۈپ، پوزا بىلەن جىلتا ئېچىپ جىلتىغا قىيما سېلىپ ئۇزۇنچاق تۆت بۇرجەك قىلىپ سامسا تۈگۈلىدۇ. قىزىتىلغان تونۇرنىڭ داپخۇنىنى ئېتىپ، تونۇرنىڭ يۈزىگە تۇز سۈيى سېپىپ، ئوتنى ئوتتۇرىغا يىغىپ تونۇرنىڭ ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. تۈگۈلگەن سامسىنىڭ يۈزىگە سۇ ئۇرۇپ، سامسىنىڭ تۈگۈلگەن تەرىپىنى تونۇرغا يېقىپ، ئۈستىگە ئازراق سۇ ئۇرۇپ، تونۇرنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ، ئون مىنۇتقا قەدەر خۇيلىنىدۇ. خۇي يېگەندىن كېيىن تونۇرنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ، سامسىنىڭ يۈزى قىزارغان چاغقا قەدەر پىشۇرۇلىدۇ. ئاندىن مەخسۇس چۆمۈچ بىلەن ئاۋايلاپ قومۇرۇلىدۇ. بۇنداق سامسا ناھايىتى مەززىلىك ۋە تەملىك بولىدۇ. چىشلىگەن ھامان شۇررىدە مېيى ئېقىپ تۇرىدۇ.

## 6. پولۇ

پولۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن بىرى. ئەزىز مېھمانلار ئۈچۈن بۇ تاماق قىلىنىدۇ، شۇنداقلا توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم قاتارلىق مەرىكىلەردە مېھمانلار مۇشۇ تاماق بىلەن ئۇزىتىلىدۇ. ئۇيغۇر دولانلىرى بۇ تاماقنى ئادەتتىكى ۋاقىتلار- دىمۇ قىلىپ يەيدۇ. بۇ تاماقنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقى- رى، شىپالىق رولىمۇ ناھايىتى كۆپ.

بۇ تاماق لېگەنگە ئۇسۇلۇپ قول بىلەن يېيىلىدۇ. پولۇ يېگەندە قېتىق ۋە تۇرۇپ، پەمىدۇر ۋە لازا بىلەن قىلىنغان سوغۇق سەي بولسا تاماق تېخىمۇ يېيىشلىك بولىدۇ. پولۇ قانچە مايلىق ئېتىلسىمۇ كۆ- ڭۈلگە تەگمەيدۇ. پولۇنىڭ خۇرۇچى ياغ، گۆش، گۈرۈچ، سەۋزە، پىياز، تۇزدىن ئىبارەت. بۇ تاماق مۇنداق قىلىنىدۇ.

سەۋزە قەلەمچە قىلىپ توغرىلىدۇ، پىياز توغرىلىدۇ، پولۇغا بېسىلىدىغان گۆش پارچىلىنىدۇ، گۈرۈچ ئىككى - ئۈچ قېتىم يۇيۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لۇپ ، ئىلمان سۇغا چىلاپ قويۇلىدۇ . قازانغا ياغ قويۇلۇپ ئۇبدان قىزىتىلغاندىن كېيىن ، تۇز سۇيى بىلەن داغلىنىدۇ . ئاندىن قازانغا گۆش ، پىياز سېلىنىپ قورۇلىدۇ . ئاندىن قەلەمچە قىلىنغان سەۋزە سېلىپ قورۇلىدۇ . سەۋزە قورۇلغاندىن كېيىن مەلۇم نىسبەتتە سۇ قويۇپ قاينىتىلىدۇ . ئاندىن گۆشنى سۈزۈپ ئېلىۋېلىپ سۇغا گۈرۈچ سېلىنىدۇ . قازان دۇملىنىش ئالدىدا ، ئېلىپ قويۇلغان گۆش بېسىلىپ يىگىرمە - يىگىرمە بەش مىنۇت ئەتراپىدا پولۇ ئاستا ئوتتا دۇملەنسە پىشىدۇ .

پولۇغا ئادەتتە قوي گۆشى ، كالا گۆشى ، سۇرلەنگەن گۆش ، توخۇ گۆشى ، غاز گۆشى ، قىزىل قاتارلىقلار بېسىلىدۇ . بەزى يەرلەردە بولسا بېهى ، قوغۇن قېقى ، كىشمىش ئۈزۈملەرمۇ بېسىلىدۇ . پولۇ ئۈچۈن كۆپىنچە ئەبجەش ياغ ئىشلىتىلىدۇ . تەملىك بولىدۇ ، دەپ خاس قوي يېغى ئىشلىتىلمەيدۇ .

پولۇنىڭ «بەتتە» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تۈرى بار . بۇنىڭ پولۇغا ئوخشاشمايدىغان يېرى ، ئۇنىڭغا گۆش بېسىلمايدۇ ، گۆش ئورنىغا قورۇلغان سەي قويۇپ يېيىلىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆرۈك غورا بولغاندا ، قورۇماقچى بولغان سەيگە غورا ئارىلاشتۇرىدۇ . بۇ خىل سەي ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ . بۇ خىل سەي ئارىلاشتۇرغان پولۇ ناهايىتى يېيىشلىك ھەم مەززىلىك بولىدۇ .

### 7 . كاۋاپ

ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپ (ئوۋچىلىق دەۋرىدىن تارتىپ ) ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى گۆش بولغانلىقى ئۈچۈن ، كاۋاپ خېلى بۇرۇنلا پەيدا بولغان . كاۋاپ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالىي دەرىجىلىك تاماقلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلدى . ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ ، كاۋاپنىڭ تۈرىمۇ كۆپىيىپ باردى . هازىر ئۇيغۇر دولانلىرىدا كاۋاپنىڭ بىرقانچە تۈرى بار .

1 . زىخ كاۋاپ . بۇ كاۋاپنىڭ ئەڭ بالدۇرقى تۈرى . بۇنىڭغا يېڭى گۆش ئىشلىتىلىدۇ . گۆش ھەم قويرۇق ياغ باش بارماق چوڭلۇقىدا

ياپىلاق توغرىلىدۇ . ئۇنىڭغا تۇخۇم ، يۇمشاق چانالغان پىياز ، بىر ئاز ئۇن ئارىلاشتۇرۇپ بىرەر سائەتچە دۇملەپ قويۇلىدۇ . ئاندىن گۆش ھەم ياغ زىخقا ئۆتكۈزۈلىدۇ . كاۋاپدانغا ئىسسىز كۆمۈر ياكى ئوتۇن كۆمۈرى قالاپ ، چوغ بولغاندا زىخنى كاۋاپدانغا تىزىپ ، ئۇۋاق لازا ، زىرە ، تۇز سېپىپ پىشۇرۇلىدۇ . بۇ خىل كاۋاپ يۇمشاق بولىدۇ ھەم «قۇۋۋەت دورىسى» سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ .

2 . قېرىن كاۋىپى . بۇ خىل كاۋاپ ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ھاياتى باشلانغان دەۋرلەردە پەيدا بولغان . ئالدى بىلەن پاكىز قۇم ئۈستىگە سۆكسۆك ، توغراق ئوتۇنى قالىنىپ قۇم قىزدۇرۇلىدۇ . قۇم قىزىغاندىن كېيىن ، قۇمنىڭ ئارىسىغا تەييارلانغان قېرىن كۆمۈلىدۇ . قېرىن مۇنداق تەييارلىنىدۇ : قوي (قوزا ياكى ئوغلاق ) ئۆلتۈرۈلۈپ ، گۆش سۆڭەكتىن ئاجرىتىلىدۇ . گۆش پارچىلىنىپ ، ئۇنىڭغا تۇز ، سامساق ، پىياز ، قارىمۇچ ، زىرە قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . ئۆلتۈرۈلگەن مالنىڭ قورسىقى كىچىكرەك ئېچىلىپ ، يۇيۇپ تازىلانغاندىن كېيىن ، تەييارلانغان گۆش قېرىنغا تىقىلىپ ، قېرىننىڭ ئېچىلغان يېرى تىكىلىدۇ . ئاندىن قۇم ئۈستىدىكى چوغ قايرىلىپ قۇمنى ئېچىپ ، قېرىن كۆمۈلىدۇ . قۇم ئۈستىگە چوغ دۆۋىلەپ قويۇلىدۇ . قېرىن قۇم ئىچىدە ئىككى ـ ئۈچ سائەت تۇرغاندىن كېيىن پىشىدۇ . قېرىننى يېرىپ گۆش يېيىلىشكە باشلايدۇ . بۇ خىل كاۋاپ كۆپىنچە دالادا — چارۋا بېقىلىۋاتقان يەردە قىلىنىدۇ .

3 . تونۇر كاۋىپى . بۇ خىل كاۋاپ مۇنداق تەييارلىنىدۇ : قوي ئۆلتۈرۈلۈپ ، تېرىسى سويۇلۇپ ، باش ۋە پاقالچاقلىرى كېسىپ تاشلىنىدۇ . قورسىقى كىچىكرەك يېرىلىپ ، قوينىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئېلىپ تاشلىنىپ ، ئىچى ئىسسىق سۇ بىلەن چايقىلىپ ، قۇرۇق لاتا بىلەن سۈرتۈلىدۇ . ئاندىن قوي بىر تال ياغاچقا تىكلەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ . تونۇر ئوبدان قىزىغاندىن كېيىن ، ئوتنىڭ چوغى ئېلىپ تاشلىنىدۇ ، تونۇرنىڭ داپخۇنى چىڭ ئېتىلىدۇ ، تەييارلانغان گۆشنىڭ باش تەرىپىنى تۆۋەنگە قارىتىپ تىكلەپ تۇرغۇزۇپ ، تونۇرنىڭ ئاغزى ھور چىقمايدىغان دەرىجىدە ھەم ئېتىلىدۇ . بىر يېرىم سائەت ئوتتا قاقلىنىدۇ . گۆش قاقلىنىپ سېرىق رەڭگە كىرگەندە پىشقان بولىدۇ . گۆش-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نى تونۇرغا سېلىشتىن بۇرۇن تۇخۇمنىڭ سېرىقى، تۇز، سوققان زەرچىۋە، زىرە، قارىمۇچ ۋە ئاق ئۇنلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، قوچقار گۆشىنىڭ يۈزىگە سۈركىلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا كاۋاپقا تەم كىرگۈزىدۇ ھەم گۆشتىكى ياغنىڭ ئېقىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. پىشقان كاۋاپ مېھمان ئالدىغا يا پۈتۈن ھالىچە، يا پارچىلاپ تارتىلىدۇ. تونۇر كاۋىپىنىڭ قوينىڭ پەش گۆشىنى شاكىرابقا چىلاپ، قىزىق تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان تۈرىمۇ بار. بۇ خىل كاۋاپمۇ ناھايىتى يېيىشلىك بولىدۇ.

4. قازان كاۋىپى. بۇ «قورۇما كاۋاپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل كاۋاپ كاۋاپدان بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قىلىپ يېيىلىدۇ. گۆش باش بارماق چوڭلۇقىدا توغرىلىدۇ، قازانغا قۇيۇلغان ياغ ئوبدان قىزىغاندا گۆشنى سېلىپ ئوبدان قورۇپ قىزارتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئۇۋاق تۇز، ئۇۋاق قىزىل لازا، سوقۇلغان زىرە سېلىنىدۇ. گۆش قورۇلغاندا قازانغا سۇ قۇيۇلمايدۇ.

5. قىيما كاۋاپ. قىيما كاۋاپ ئۈچۈن زىخ كاۋاپ قىلىشقا مۇۋاپىق بولمىغان گۆش ئىشلىتىلىدۇ. گۆش يۇمشاق چانىلىدۇ. ئاندىن گۆشكە تۇخۇم، تۇز، سوققان قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇپ قىيما قىلىنىدۇ. قىيما كومىلاچ قىلىنىپ زىخقا ئۆتكۈزۈلىدۇ. كاۋاپدانغا ئىسسىز كۆمۈر قالىنىدۇ. كۆمۈر كۆيۈپ چوغ بولغاندا، كاۋاپدانغا زىخ تىزىپ، ئۈستىگە يۇمشاق تۇز، ئۇۋاق لازا، زىرە سېپىلىدۇ. بۇ خىل كاۋاپنىڭ گۆشى يۇمشاق، يېيىشلىك بولىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

6. تاۋا كاۋىپى. بۇ خىل كاۋاپ ئۈچۈن، گۆش سەرەڭگە قېپى چوڭلۇقىدا ياپىلاقلاپ توغرىلىدۇ. چانالغان پىياز، سوققان زىرە، قارىمۇچلارنى گۆشكە سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، 10 ـ 20 مىنۇت تۇرغۇزۇلىدۇ. تاۋا ئوبدان قىزىتىلىپ گۆشنى ئۇنغا مىلەپ تاۋىغا تىزىپ، ھەر ئىككى تەرەپ سارغايتىپ پىشۇرۇلىدۇ. پىشقان كاۋاپنى تاۋىدىن ئېلىپ توغراپ، ئۈستىگە سوققان لازا، تۇز سېپىپ تەخسىگە ياكى نان ئۈستىگە ئېلىپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ خىل كاۋاپنىڭ تېشى چۇرۇك، ئىچى يۇمشاق، تەملىك، يېيىشلىك بولىدۇ.

7 . بېلىق كاۋىپى . بۇ كاۋاپ دولان ۋە تارىم بويلىرىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ، يەنى بېلىق چىقىدىغان يەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئىستېمال قىلىپ كەلگەن تاماق تۈرلىرىدىن بىرى . ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەزىز مېھمانلىرىنى مۇشۇ كاۋاپ بىلەن مېھمان قىلىدۇ . شۇنداقلا مۇشۇ رايونلاردا بازار كوچىلىرى مەخسۇس بېلىق كاۋىپى قىلىپ تىرىكچىلىك قىلغۇچىلار ھازىرمۇ بار . بېلىق كاۋىپى مۇنداق ياسىلىدۇ : ئالدى بىلەن بېلىقنىڭ قاسىرىقى قىرىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ . قاناتلىرى ۋە ئىچكى ئەزالىرى ئېلىپ تاشلىنىپ ، يۇيۇپ تازىلىنىدۇ . تازىلانغان بېلىق بويىدىن ئىككى قىلىنىپ ، تۇز سۇيىگە چىلاپ قويۇلىدۇ . ئاندىن يۇلغۇندىن ياسالغان ئىككى تال ئۇزۇن زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ ، ئوتتۇن قالاپ چوشۇرۇلگەن چوغقا يىراق تۇتۇپ ، پات ـ پات ئۆرۈپ قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ . پىشقاندا ساپسېرىق بولىدۇ . بۇ خىل كاۋاپ مەززىلىك بولىدۇ . قىلتىرىقلىرى ئۈۋىلىپ تۇرىدۇ . ھازىر مۇشۇ خىلدا تەييارلانغان بېلىق دوخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان بولدى .

8 . ئوغلاق كاۋىپى . بۇ دولانلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھەم ئۆزلىرى چوڭ كۆرگەن كىشىلەرگە ، مېھمانلارغا تەييارلايدىغان كاۋاپلارنىڭ بىرى . ئۇ قىرقىلمىغان ئوغلاق گۆشى تونۇردا پۈتۈن پېتى پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ . تەمى ياخشى ، قۇۋۋەتلىك بولىدۇ .

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كاۋاپلاردىن باشقا ، ئۇيغۇر دولانلىرىدا يەنە جىگەر ، بۆرەك ، تال قاتارلىقلارنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ ، كاۋاپدانىدا پىشۇرۇپ يەيدىغان (خورۇچلىرى زىخ كاۋاپنىڭ خورۇچلىرىغا ئوخشاش ) كاۋاپ تۈرلىرىمۇ بار . بۇ خىل كاۋاپلارمۇ ناھايىتى مەززىلىك ، تەملىك بولىدۇ . لېكىن پىشۇرۇش ئۇسۇلىدا باشقا كاۋاپ تۈرلىرىگە ئوخشاشمايدىغان يەرلىرىمۇ بار . ئېيتايلى ، تالنى كاۋاپ قىلغاندا بۇ توغرالمايدۇ . ئارىسىنى يېرىپ ئىچىگە چاۋا ياغنى تىقىپ يارغان يەر يىپ بىلەن تىكىۋېتىپ پىشۇرۇلىدۇ . جىگەر كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كەتكۈچىلەرگە پايدا قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ قىيىمىنى پۈتۈنلەي قاچۇرۇۋەتكەندە شىپالىق رولى قالمايدۇ ، شۇڭا ئۇ چالا پىشۇرۇلىدۇ . ئۇيغۇر دولانلىرىدا ئۆردەك ، غاز ، توخۇ ، كەپتەر ، ياۋا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



توشقان قاتارلىقلارنى ۋە ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن كاۋاپ قىلىپ يېيىش ئادىتىمۇ بار .

8 . ئۆپكە ـ ھېسىپ

ئۆپكە ـ ھېسىپ — ئۇيغۇر دولان تائاملىرىنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بىرى . بۇ تاماق ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بىرنەچچە يەردە تىلغا ئېلىنغان . بۇ تاماق مۇنداق تەييارلىنىدۇ .

1 . ئۆپكە . ئالدى بىلەن قېرىندىن ئۆپكە ئاغزى (قېرىننىڭ بۆكى) كېسىۋېلىنىپ ئۆپكە كانىيىنىڭ ئۈچىغا تىكىلىدۇ . ئاندىن ئۆپكە ئاغزى ئارقىلىق ئۆپكىگە سۈزۈك سوغۇق سۇ ماڭغۇزۇلۇپ ، ئۆپكە ئاغزى بوش مۇجۇپ بېرىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۆپكە تومۇرلىرىدىكى قان سۇ بىلەن ئۆپكە تۆشۈكچىلىرىدىن چىقىپ كېتىدۇ ، ئۆپكىنىڭ تومۇرلىرى ئېچىلىدۇ ـ دە ، ئۆپكە ئاپئاق ئاقىرىدۇ . بۇ «قانسىرىتىش» دەپ ئاتىلىدۇ . ئىككىنچى قەدەمدە خېمىر يۇغۇرۇلۇپ سۈزۈك سۇغا چىلاپ مۇجۇلىدۇ . ئۇنىڭ شىرنىسى سۇغا چىقىدۇ . ئاندىن ئۇن شىرنىسى داكا بىلەن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ . ئۇن سۈيىنىڭ تۇز تەمىنى تەڭشەپ ئۆپكە ئاغزى ئارقىلىق ئۆپكىگە ماڭغۇزۇلىدۇ . ئۇن سۈيى ماڭدۇرۇلۇۋاتقاندا ياكى ئاخىرىدا ئۆپكىگە بىر جىگدەك سۇ يېغى ماڭغۇزۇلىدۇ . شۇنداقلا بىرەر تۇخۇمنى چېقىپ ماڭدۇرۇۋەتسىمۇ بولىدۇ . ئاخىرىدا شىرنىسى چىقىرىۋېلىنغان خېمىر تېلىپىگە سوققان لازا ، جىگەر ياكى گۆش قىيمىسى قوشۇپ ئۇنى ئۆپكە ئاغزىغا توشقۇزۇپ ئاغزىنى بوغۇپ ئۆپكە بىلەن بىرلىكتە پىشۇرۇلىدۇ . بۇ «مەنجىڭ» دەپ ئاتىلىدۇ . قۇيۇلۇۋاتقان ئۆپكىنىڭ بىرەر يېرى تېشىلىپ كېتىپ ئۇ يەردىن ئۇن سۈيى چىقىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلسە تۆمۈرنى قىزىتىپ ئۇ يەرنى داغلىۋەتسە توختاپ قالىدۇ .

2 . ھېسىپ . قوينىڭ ياغلىق ئۈچەيى ئەتۈر ئۆرۈلۈپ تۇز سۈيى بىلەن پاكىز يۇيۇلىدۇ . ئاندىن جىگەر ، يۈرەك ، چاۋا ياغ ، گۆش ، سەۋزىلەر ئۇششاق توغرىلىپ ئۇنىڭغا زىرە ، قارىمۇچ ۋە پاكىز يۇيۇلۇپ ئىسسىق سۇغا چىلاپ قويۇلغان گۈرۈچ سېلىپ ، سۇ قويۇپ

ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ . ئاندىن ئۈچەينىڭ چوڭ بېشىدىن قىيما ۋارونكا بىلەن ياكى قول بىلەن ئۈچەيگە قۇيۇپ تولدۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۈچەينىڭ ئىككى ئۇچى باغلىنىپ ئاۋايلاپ قازانغا سېلىنى-دۇ . ھېسىپنىڭ گۆرۈچى يېرىم پىشقاندا بىرقانچە يەرگە يىڭنە ساد-جىپ ئۈچەيدىكى سۇ ياكى ھور چىقىرىۋېتىلىدۇ . ئۈچەيگە قىيما بەك چىڭ تىقىلماسلىقى لازىم ، بولمىسا پىشماي تۇرۇپ يېرىلىپ كېتىدۇ . ئۆپكە - ھېسىپكە قوشۇپ ، تىرىپى پاكىز قىرىۋېتىلگەن قېرىنىنىمۇ بىللە پىشۇرىدۇ . ھەممىسى پىشقاندىن كېيىن لېگەنگە توغراپ ئېلى-نىپ مېھمان ئالدىغا كەلتۈرۈلىدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا ئۆپكە - ھېسىپ قويۇش بىر خىل ئېرەم-لىك ھادىسە ھېسابلىنىدۇ . شۇ سەۋەبتىن ئۆپكىنى قانسىراتقاندا ئۇس-تىگە داستىخان يېپىپ قويۇلىدۇ ھەمدە ئۆپكىنى قانسىرىتىۋاتقان ياكى قۇيۇۋاتقاندا ئۆيگە باللارنىڭ كىرىپ - چىقىشى مەنئى قىلىنىدۇ . مۇشۇ ئادەت تۈپەيلىدىن ھەممە كىشى ئۆپكە قويالمايدۇ . يۇرت - مەھەللىلەر ئىچىدە ئۆپكە قۇيۇشنى ئۇدۇم قىلغان مۆتىۋەر ئاياللار بولۇپ ، ئۇلار ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىدۇ . بۇنداق ئەقىدە ئېھتى-مال ئۆپكە - ھېسىپ قويۇش باشقا خىلدىكى تائاملارنى تەييارلاشقا قارىغاندا مۇرەككەپ تېخنىكىلىق ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغانلىقىدىن كې-لىپ چىققان بولسا كېرەك .

## 9 . لەغمەن

لەغمەن ئۇيغۇر دولانلىرى ياخشى كۆرىدىغان ، قىزىقىپ يەيدىغان تاماقلىرىنىڭ بىرى . شۇڭا ئۇيغۇرلار لەغمەننىڭ خېمىرى ئوخشىسا ئېشى ئوخشايدۇ دەپ ، خېمىرغا ئالاھىدە ئىشلەيدۇ ۋە خېمىر يۇغۇ-رۇشنى پەسىلگە قاراپ ئۆزگەرتىدۇ .

خېمىر تەييارلاش : قىش كۈنلىرى لەغمەن خېمىرىنى ئىسسىق سۇدا تۇزى كەم ، بوشراق قىلىپ يۇغۇرىدۇ . ئەتىيازدا ، كۈزدە ئىلمان سۇدا تۇزىنى مۇۋاپىق قىلىپ ئوتتۇراھال يۇغۇرىدۇ . يازدا سوغۇق سۇدا تۇزىنى ئۆتكۈزۈۋېپ چىڭراق يۇغۇرىدۇ . يۇغارغان خېمىرنى پورەك ئۆرلىگىچە ئىشلەپ بىر ئاز تىندۇرۇپ ، چوڭ ياكى كىچىك پىلتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلىدۇ . چوڭ پىلتە ئۈچۈن ئالمىدەك ئۈزۈپ پىلتە قىلىپ ئىككى قول ئارىلىقىغا ئېلىپ ئېشىپ ، ئاشتاختىنا ياكى لېگەنگە ماي سۈۋاپ چۆرگىلىتىپ يۆگەپ ، قاتمۇقات ماي سۈۋايدۇ . پىلتىنى ئالىدىغان چاغدا ، پىلتىنىڭ بىر ئۈچىنى ئوڭ قولىدا تۇتۇپ تارتىپ ، سول قولدا لېگەندىن ئاجرىتىپ ، سوزۇپ تاشلايدۇ . سوزىدىغان مەزگىلدە ، پىلتە ئۈچىنى سول قولدا تۇتۇپ ئوڭ بىلەككە يۆگەپ ، سول بىلەكتىن ئۆتكۈزۈپ پىلتە تۈگىگەندە غولاچنى سوزۇپ ، سوزۇلغان ئاشنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئۇنىغا تەگكۈزۈپ پەشخۇنغا ئۇرۇپ ئىنچىكىلەيدۇ . ئاندىن تېز قايناۋاتقان قازانغا سېلىپ ، چاپلاشماسلىقى ئۈچۈن چوكا سېلىپ ئېلەشتۇرۇپ قويىدۇ . پىشقاندا ، سۈزۈپ ، سۈزۈك سۇدا چايقاپ قاچىغا ئالىدۇ .

كىچىك پىلتە قىلغاندا ، چوڭ ياڭاقتەك خېمىر ئۈزۈپ ، ئىككى قول ئالقىنىدا دۇگىلىتىپ ، پىلتىنى 20 ـ 25 سانتىمېتىر سوزۇپ ، ياغلانغان لېگەن ياكى پەشخۇنغا قات ـ قات قىلىپ تىزىپ ، ھەربىر قېتىغا ماي سۈرىدۇ . سوزۇش ۋاقتىدا پىلتىنىڭ ئىككى ئۈچىنى ئىككى قولدا تۇتۇپ ، دادىل غولاچ كېرىپ سوزىدۇ . ئاندىن ، ئىككى باشنى سول قولغا ئېلىپ ، ئوتتۇرىنى ئوڭ قول بىلەككە ئۆتكۈزۈپ يەنە سوزىدۇ ، تەكرار سوزۇپ ئىنچىكىلىگەندە ، سول قولدىن پوملاشقان خېمىرنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ ، قازانغا سالىدۇ ، پىشۇرۇپ ئېلىپ ، سوغۇق سۇدا چايقاپ قاچىغا ئالىدۇ .

لەڭمەننىڭ سەي خۇرۇچى ئاساسلىقى ، گۆش ، ياغ ، سامساق ، پىياز ، سۇڭپىياز ، لازا ، شوخلا ، جاڭدۇ ، يېسىۋىلەك ، ياڭيۇ ، كاۋاۋىچىن ، قارىمۇچ ، تۇز ، سوققان لازا ، ئاچچىقسۇدىن ئىبارەت .ئەمما قايسى خۇرۇچ بىلەن سەي قورۇش ئۇستامنىڭ شەرت ـ شارائىتى ۋە ئىختىيارىدا بولىدۇ .

ئادەتتە ، گۆشنى سوقا چىلاندەك توغراپ ، قازاننى قىزىتىپ ، ياغ قۇيۇپ ، ياغ ئوبدان چۇچۇگەندە گۆشنى سېلىپ سارغايغىچە قورۇپ ، تۇز سېلىپ ئۇستىگە نېپىز توغرالغان پىياز ياكى سۇڭپىياز ، سامساق ، كاۋاۋىچىن سېلىپ ، شوخلا ۋە باشقا ئىختىيار قىلغان سەينى سېلىپ قورۇپ ، پىشقاندا ئۇستىگە قارىمۇچ سېپىلىدۇ .

داستىخانغا سامساق ئارىلاشتۇرۇلغان ياغ لازا، ئاچچىقسۇ ئايرىم كەلتۈرۈلىدۇ. خالىغانلار سېلىپ يەيدۇ. ئاشتىن كېيىن، بىر ئاز ئاش سۈيى ئىچىش قەدىمىي ئادەت.

كەسكەن لەغمەن: خېمىرنى چىڭ يۇغۇرۇپ يېيىپ، چوكا كەڭلىكىدە كېسىپ پىشۇرىدۇ. كۆپرەك كىشىلەر تاماقنى قىزىق ياكى سوغا سالماي يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ خىل ئاشنىڭ سېيى سۇلۇق قورۇلۇپ، سەيلەر ئېزىلگۈچە پىشۇرۇلىدۇ.

ياغ لازا ھەممىگە ئورتاق، لېكىن ئۇيغۇرلار ياغ لازىغا سامساق سالىدۇ. سەۋەب، لازا يەللىك، سامساق يەل يېگۈچى، ئىككىسى ئارىلاشقاندا، تەم تەڭشىلىش بىلەن تاماققا لەززەت كىرگۈزىدۇ.

## 10. مانتا

مانتا ئۇيغۇر دولانلىرى سۆيۈپ يەيدىغان ئەنئەنىۋى تاماق تۈرلىرىنىڭ بىرى. مانتىنىڭ بولاق مانتا، پېتىر مانتا، ئاشمانتا، كاۋا مانتىسى، شېكەر مانتىسى دېگەندەك تۈرلىرى بار.

1. بولاق مانتا. ئۇنىغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ تۇزىنى كەم قىلىپ خېمىر يۇغۇرۇپ ئىسسىق جايغا قويۇپ بولدۇرۇلىدۇ. گۆش دادۇر چوڭلۇقىدا توغرىلىدۇ (گۆش بولمىغاندا جىگەر دەك توغرالسىمۇ بولىدۇ.) يەنە بەسەي، كۇدە، كاللەكبەسەي، ماش ئۇندۇرمىسى قاتارلىق كۆكتاتلاردىن بىرىنى ياكى ئىككى تۈرنى، شۇنداقلا پىيازنى يۇيۇپ، توغراپ، گۆشكە ئارىلاشتۇرۇپ بىر ئاز سۇ يېگۈزۈپ، يەنە بىر ئاز ياغ مىجىپ، ئاندىن سوققان كاۋاۋىچىن، زىرە ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ. بولاق مانتىنىڭ قىيمىسى كۆپرەك گۆش بىلەن پىيازدىن تەييارلىنىدۇ. ئاخىرىدا بولدۇرۇلغان خېمىرغا ئازراق شۇلتا ياكى سودا ئارىلاشتۇرۇپ چەيلەپ، زۇۋۇلا ئۈزۈپ قول بىلەن جىلتا ئېچىلىدۇ. جىلتىغا قىيما سېلىنىپ مانتا تۈگۈلىدۇ. مانتا قاسقان ياكى جىمبىلدە پىشۇرۇلىدۇ. بۇ خىل مانتا ياغ لازا، ئاچچىقسۇغا مىلەپ يېيىلىدۇ. بولاق مانتا ناھايىتى يۇمشاق ۋە يېيىشلىك بولىدۇ.

2. پېتىر مانتا. قوينىڭ سېمىز لوق گۆشى قوناقتەك ئۇششاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



توغرىلىدۇ (ئەگەر گۆش ئورۇق بولسا ، بىر ئاز قۇيرۇق ماي ئارىلاشتۇرۇلىدۇ) . بۇنىڭغا بىرئاز سۇ قۇيۇپ ، سۇ يېدۇرۇلىدۇ . ئاندىن شىلىنىپ چانالغان پىياز ، تۇز ۋە سوقۇلغان قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ . چىڭ پېتىر خېمىر يۇغۇرۇلغاندىن كېيىن زۇۋۇلا ئۈزۈلىدۇ . زۇۋۇلا پۈزا بىلەن چېتى نېپىز ، ئوتتۇرىسى قېلىنراق جىلتا ئېچىپ قىيما سېلىپ تۈگۈلىدۇ . قاسقان ياكى جىمبىلنى مايلاپ مانتىنى قاسقانغا تىزىپ ، قاسقاننى ھەم يېپىپ تېز ئوتتا پىشۇرۇلىدۇ . مانتا ئون بەش مىنۇتتىلا پىشىدۇ . مانتا پىشقاندا تاۋاقتا ياكى قاسقانغا سېلىنغان ئاق نان ئۈستىگە ئېلىپ ، ئۈستىگە بىرئاز سوقۇلغان قارىمۇچ سېپىلىدۇ . بۇ خىل مانتا ناھايىتى شورپىلىق ، قۇۋۋەتلىك بولۇپ ، بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىدۇ .

3 . ئاشمانتا (ئاشمانتا دېگەنلىك ، ئۈستىگە پېتىر مانتا بېسىلغان پولۇ دېگەنلىك) . ئالدى بىلەن پېتىر مانتا تەييارلىنىدۇ . بۇنىڭ ئېتىلىشى ئادەتتىكى پېتىر مانتىنىڭ ئېتىلىشىگە ئوخشاش بولىدۇ . لېكىن بۇ خىل مانتىنىڭ زۇۋۇلىسى كىچىكرەك ئۈزۈلۈپ ، كىچىكرەك تۈگۈلىدۇ . پولۇنىڭ ئېتىلىشىمۇ ئادەتتىكى پولۇنىڭ ئېتىلىشىگە ئوخشاش بولىدۇ . پولۇنى دۈملەش ۋاقتىدا ، تۈگۈلگەن پېتىر مانتىنى گۈرۈچ ئۈستىگە تىزىپ يېرىم سائەتچە دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ . مانتىنىڭ پىشىپ ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دىققەت قىلىنىدۇ .

4 . كاۋا مانتىسى . بۇ تاماق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن بىرى بولۇپ ، مۇنداق ئېتىلىدۇ : مانتا كاۋىسىنىڭ پوستى ئاقلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئۇرۇق ۋە لەشلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ . كېيىن قوناق چوڭلۇقىدا توغرىلىدۇ . يەنە چاۋا ياغ ۋە پىياز توغراپ ، ئۇنىڭغا سوقۇلغان زىرە ، تۇز ۋە داغلانغان ياغ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ . ئاق ئۇندا چىڭ قىلىپ پېتىر خېمىر يۇغۇرۇپ ، زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ ، قول بىلەن بېسىپ ياپىلاقلاپ پۈزا بىلەن ئوتتۇرىسىنى قېلىنراق ، چەتلىرىنى نېپىزرەك قىلىپ جىلتا ئېچىپ قىيما سېلىپ تۈگۈلىدۇ . قاسقاندا يىگىرمە مىنۇتقا قەدەر تېز ئوتتا پىشۇرۇلىدۇ . مۇشۇ خىلدا پىشۇرۇلغان مانتىنىڭ كاۋىسى تىرىك ، تەمى ئۆزگىچە بولىدۇ . كاۋا مانتىسى ئۇيغۇر دولان دېھقانلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىد-

دىغان ۋە كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان ئالىي تاماق تۈرلىرىدىن بىرى .

5 . شېكەر مانتىسى . ياڭاق مېغىزى پوستىدىن ئاجرىتىلىپ قوناقتەك چوڭلۇقتا توغرىلىدۇ . ئۇنىڭغا توغرالغان قويرۇق ياغ ، شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ . خېمىرنى يۇغۇرۇش ، بولدۇرۇش ، جىلتا ئېچىش بولاق مانتىنىڭكىدەك بولىدۇ . جىلتىغا قىيمىدىن سېلىپ ، سوقىچاق ياكى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ تۈگۈپ قاسقانغا سېلىپ تېز ئوتتا يېرىم سائەت دۇملەپ پىشۇرۇلىدۇ . بۇ مانتا دولانلاردا كېيىنچە ئومۇملاشقان .

### 11 . ئۈگرە

ئۈگرە ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تاماق تۈرلىرىدىن بىرى . بۇنى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ( I توم ، 171 ـ بەت ) دا «ئۈگرە» دېگەن سۆزگە بەرگەن ئىزاھاتى بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ . ئۇ : «سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى . ئۇ چۆپتىن سۇلۇق ، لەززەتلىكرەك بولىدۇ» دەيدۇ .

بۇ تاماق مۇنداق ئېتىلىدۇ : ئاق ئۇنغا ئىككى ـ ئۈچ تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ ، خېمىر چىڭ يۇغۇرۇلىدۇ . ئاندىن خېمىر نوغۇچ بىلەن نېپىز يېيىلىدۇ . ئاندىن بىر ئاز شامالدىتىپ ئىنچىكە ئۈگرە كېسىلىدۇ . قازانغا سۆڭەكلىك گۆش سېلىپ قاينىتىپ شورپا تەييارلىنىدۇ . ئاندىن ئۇششاق توغرالغان گۆشكە چانالغان باش پىياز ، تۇز ، سوقىقان قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇپ قازاندىكى شورپىغا تاشلىنىدۇ . بۇلار پىشاي دېگەندە ئۇششاق توغرالغان پەمىدۇر ، چامغۇر (تۇرۇپ بولسىمۇ بولىدۇ ) سېلىنىدۇ . 5 ـ 10 مىنۇتتىن كېيىن قازانغا ئۈگرە سېلىنىدۇ . ئاش پىشىپ قاچىغا ئۇسۇشتىن بۇرۇن قازانغا يۇمغاقسۇت ياكى پىننە سېلىپ قاچىلارغا ئۇسۇپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ . ئۈگرىگە ئاچچىقسۇ ياكى لازا قويۇلمايدۇ . ئۇنىڭ ئورنىغا ئازراق قارىمۇچ سېپىپ ئىچسە كۆپايە قىلىدۇ . ئۈگرە شورپىلىق ، تەملىك ، پۇراقلىق بولۇشتىن تاشقىرى ، يەنە سىڭىشلىك بولىدۇ . بۇ خىل تاماق مېھمانلار ئۈچۈنمۇ تەييارلىنىدۇ .

www.uyghurkitap.com



### 12 . چۆچۈرە

چۆچۈرە ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئېسىل تاماقلىرىدىن بىرى . بۇ تاماقنى ئائىلىلەردە ئادەتتە قىلىپ يېيىشتىن تاشقىرى ، يەنە ئەزىز مېھمانلار بۇ تاماق بىلەن كۈتۈلىدۇ . بۇ تاماقنىڭ ئېتىلىشى مۇنداق : سېمىز قوي گۆشى ئۇششاق توغرىلىدۇ . بۇنىڭغا باش پىياز چانىلىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . ئاندىن تۇز ، قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيما قىلىنىدۇ . ئاق ئۇن بىلەن خېمىر يۇغۇرۇلۇپ (خېمىرنىڭ ئېزىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن خېمىرغا بىرەر تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇۋەتسە تېخىمۇ ياخشى ) ئۇگرىنىڭ خېمىرىدەك يېيىلىدۇ . ئاندىن بۇنىڭدىن تۆت بۇرجەك جىلتا كېسىپ تەييارلىنىدۇ . جىلتىغا تەييارلانغان قىيما سېلىنىپ گۈلە قاق چوڭلۇقىدا تۈگۈلىدۇ . بۇ تاماقنىڭ سۈيى مۇنداق تەييارلىنىدۇ . داغ سۇغا سۆڭەك تاشلىنىپ شورپا قىلىنىدۇ ياكى ئازراق چۆچۈرە قىيمىسى تاشلىنىپ شورپا قىلىنىدۇ . بۇنىڭغا ئۇششاق توغرالغان تۇرۇپ ياكى چامغۇر تاشلىنىدۇ . سۈيى تازا پىشقاندا چۆچۈرە سېلىنىدۇ . ئاشنى قاچىغا ئۇسۇش ۋاقتىدا قازانغا ئازراق (مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇتۇلغان بولسۇن ) ئاشكۆكى (يۇمغاقسۇت ) ، رەيھان ياكى پىننە سېلىپ قازاننى بىر ئۆرلىتىپ ئۇسۇلىدۇ . چۆچۈرە تەملىك ، لەززەتلىك ھەم قۇۋۋەتلىك بولىدۇ .

### 13 . كۆك چۆچۈرىسى

ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا ھەر يىلى ئەتىيازدا ، يېڭى ئۈنۈپ چىققان بېدە بىلەن چۆچۈرە ئېتىپ يېيىش ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلانغان . بۇ تاماقنى قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق : بېدە پاكىز تازىلىنىپ چانىلىدۇ . سىقىپ سۈيىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا كۆيدۈرۈلگەن قوي مېيى ئارىلاشتۇرۇپ قىيما قىلىنىپ ، چۆچۈرە تۈگۈپ سۇدا پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ . ئۇيغۇرلار ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم كۆك چۆچۈرىسى يېسە ، ئادەمنىڭ ئىچى تازىلىنىپ سالامەتلىككە پايدا قىلىدۇ ، دەپ قارايدۇ . دېمىسىمۇ بېدىنىڭ شىپالىق رولى بولىدۇ . مۇشۇنداق كۈنلەردە بېدە تېرىپ كېلىپ سېتىپ پۇل قىلغۇچىلارمۇ بولىدۇ . بېدە

ئەمدى بىغ سۇرۇشكە باشلىغاندا ئۇنى تېرىپ تۇغقانلىرىغا، يېقىن دوست - بۇرادەرلىرىگە ياكى قولۇم - قوشنىلىرىغا «يېڭىلىق تۇ-تۇش» ئادىتى يېزا - قىشلاقلاردا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. «يېڭى-لىق تۇتۇلغان» كۆك بەدىلىگە «يېڭىلىق» نى قوبۇل قىلغۇچى «يېڭى-لىق» نى تۇتقان كىشىگە ئەھۋالغا يارىشا سوۋغات بېرىدۇ.

### 14. چۆپ

چۆپ (تۇتماچ) — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇتىۋەر تاماقلى-رىنىڭ بىرى. ئۇ ئۇزۇن تارىختا ئىگە. بۇنى مەھمۇد قەشقەرى «تۈر-كىي تىللار دىۋانى» (I توم، 590 - بەت) دا «تۇتماچ» دېگەن سۆزگە ھەم (III توم، 599 - بەت) «چاۋلى» دېگەن سۆزگە بەرگەن ئىزاھلاردىن بىلگىلى بولىدۇ. ئۇ «بۇ تاماق قۇۋۋەت بېرىپ، يۈزنى قىزارتىدۇ ۋە قورساقتا ئۇزاق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى يەپ شورپىسى-نى ئىچىدۇ» دەپ يازغان. ھازىر ئۇيغۇر خەلقىدە چۆپنىڭ «نېرىن چۆپ»، «ئاتۇش چۆپى»، «نانچۆپ» دېگەندەك تۈرلىرىمۇ بار.

1. نېرىن چۆپ. بۇ پىشۇرۇلغان خېمىر ۋە گۆشنى ئۇششاق توغراپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان تاماق.

بۇ تاماق ئاساسەن مۇنداق تەييارلىنىدۇ: سېمىز گۆش پىشۇرۇ-لىدۇ. قازان قاينىغاندا شورپا سورۇلۇپ تۇرۇلىدۇ. شورپا پىشقاندا ئۇنىڭ يۈزىدىن بىر قاچىغا ئېلىپ قويۇلىدۇ. پىشقان گۆش قازاندىن ئېلىپ سوۋۇغاندا ئىتتىك پىچاق بىلەن نېپىز ھەم ئۇزۇنچاق قىلىپ توغرىلىدۇ (شارائىتى يار بەرسە، قوي گۆشى ئورنىغا قېزا ئىشلىتى-لىدۇ). خېمىرنىڭ سۇدا ئېزىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىغا مەلۇم مىقداردا تۇخۇم چېقىپ، تۇزنى ئۆتكۈزۈپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خې-مىر تىنغاندىن كېيىن نوغۇچ بىلەن نېپىز يېيىپ، بىرئاز شامالدى-تىپ، ئاندىن 4 - 5 لىك ئۇزۇنلۇقتا ئۇگرە كېسىلىدۇ. ئۇگرە قازاندىكى شورپىدا پىشۇرۇلىدۇ. خېمىر پىشقاندىن كېيىن، مىلىچ-لاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، چويلىدا سۈزۈۋېلىپ سوغۇق سۇدا چايقىلى-دۇ. خېمىر قاچىغا ئېلىنىدىغان چاغدا قازاندىكى شورپىدا قىزىتىلى-دۇ. باش پىياز ئۇششاق ياپىاقداپ توغرىلىدۇ. بۇنىڭغا سوقان قارى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۈچ ، تۇز سېلىپ مىجىپ تەييارلىنىدۇ . ئەڭ ئاخىرىدا قاچىغا ئېلىن‌غان خېمىر ئۈستىگە توغراپ تەييارلانغان گۆش ، توغرالغان پىياز ۋە شورپىنىڭ يۈزى قويۇلۇپ ئېلەشتۈرۈپ ، قوشۇق بىلەن كىچىك چىنە‌لەرگە بۆلۈپ يېيىلىدۇ . شارائىت يار بەرسە ، قورۇتنى سۇدا ئېزىپ سۇيۇقلاندۇرۇپ قاچىغا خالىغانچە قويۇپ يېسە تېخىمۇ يېيىشلىك بولىدۇ . ئەڭ ئاخىرىدا قازاندىكى شورپىدىن بىرەر پىيالىدىن ئىچىلىدۇ .

2 . پىياز چۆپ . بۇ پىياز قىيمىسىنى قورۇپ مايلىق ھالەتكە كەلگەندىن كېيىن ئاش چۆپى ئۈستىگە قويۇلۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ . ئىلگىرى مەكىت دولانلىرى ئارىسىدا كۆپ ئىدى .

15 . قورداق

قوي ياكى كالىنىڭ سۆڭەكلىك گۆشى سەرەڭگە قېپى چوڭلۇقىدا توغرىلىدۇ . قازانغا ياغ قويۇلىدۇ . ئوبدان قىزىغاندىن كېيىن گۆش سېلىنىپ قىزارغىچە قورۇلىدۇ . ئاندىن چوڭ - چوڭ توغرالغان پەمىدۇر ، لازا ۋە پىياز سېلىپ ئېزىلدۇرۇپ قورۇلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ياڭيۇ ، سەۋزە سېلىپ بىرئاز قورۇغاندىن كېيىن ، بولار چىلاشقۇدەك سۇ قويۇلۇپ ، تەمىنى تەڭشەپ دورا - دەرمان سېلىپ ، پەس ئوتتا بىرەر سائەت سىم - سىم قاينىتىپ دۇملەپ پىشۇرۇلىدۇ . پىشقاندىن كېيىن لېگەن ياكى باشقا قاچىلارغا ئۇسۇلۇپ داستىخانغا ئېلىپ كېلىنىدۇ .

قەشقەر ، خوتەن ، مەكىت قاتارلىق رايونلاردا توي - تۆكۈن بولغاندا پولۇدىن باشقا يەنە قورداقمۇ ئېتىلىدۇ . توي قوردىقى ئۈچ كىشىگە بىر لېگەندىن تارتىلىدۇ . ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قورداقنىڭ «نان قورداق» دېگەن تۈرىمۇ بار . بۇ خىل قورداقنىڭ سۈيى كۆپرەك بولۇپ ، پىشاي دېگەندە ، قېتىپ قالغان نانلارنى پارچىلاپ قورداق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ، بىرقانچە مىنۇت دۇملىگەندىن كېيىن ، لېگەن ياكى قاچىغا ئۇسۇپ يېيىلىدۇ .

16 . ھالۋا

ھالۋا — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن بىرى . بۇ

تاماق مۇنداق ئېتىلىدۇ : ئېرىتىلگەن قوي يېغىنى قازانغا سېلىپ ياخشى قىزىتقاندىن كېيىن قازاننى ئوتتىن ئېلىپ ياغنى بىرئاز سو-ۋۇتۇپ ، قازاننى يەنە ئوتقا قويۇپ ياغقا ئۇن سېلىپ قورۇلىدۇ . شېكەر ياكى قەنت قايناق سۇدا ئېرىتىلىپ قورۇلۇۋاتقان ئۇنغا قويۇپ پات-پات قوچۇلىدۇ . سۈيى تۈگەپ پىشقاندا ياغ پۇتۇنلەي چەلگىپ ئۈستىگە چىقىدۇ ، كىچىك مېۋە تەخسىلىرىگە ئېلىپ يۇمشاق نان ھالۋىغا مىلەپ يېيىلىدۇ . ھالۋا تاتلىق يېمەكلىك بولۇپ ، تەبىئىتى ئىسسىق . شۇڭا ئەنگىزى ئېشىپ كەتكەن كىشىلەر بىرقانچە قېتىم ھالۋا ئېتىپ يېسە مەـجەزى تەڭشىلىدۇ . بۇ تاماق دولانلاردا كېيىنچە ئومۇملاشقان .

### 17 . پوشكال

پوشكال كۆپىنچە «ئەرۋاھ» لارنى يوقلاش ئۈچۈن ياغ پۇراتقاندا ھەمدە نەزىر ـ چىراغلاردا قىلىنىدۇ . پوشكال مۇنداق تەييارلىنىدۇ : ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ ، يۇمشاق خېمىر يۇغۇرۇلۇپ ، ئىسسىق يەرگە قويۇپ بولدۇرۇلىدۇ . خېمىر بولغاندىن كېيىن ، ئۇششاق ـ ئۇششاق زۇۋۇلا ئۈزۈپ پۇزا بىلەن نېپىز ئېچىپ ئوتتۇرىغا ئىككى يەرگە پىچاق ئۇرۇلىدۇ . قازانغا ياغ قۇيۇپ ئوبدان قىزىتقاندىن كې-يىن ، پوشكالنى سېلىپ ، سارغايتىپ پىشۇرۇلىدۇ . پوشكال ناھايىتى يۇمشاق ، يېيىشلىك بولىدۇ . پوشكالنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخ-شاشمايدۇ . نەزىر ـ چىراغلار ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان پوشكال يالپاق-راق ھەم چوڭراق بولىدۇ . ئادەتتە ئۆيدە يېيىش ئۈچۈن سېلىنىغان پوشكال قېلىنراق ھەم كىچىكرەك بولۇپ ، يۈز گرام ئۇندا ئۈچ ـ تۆت پوشكال تەييارلىنىدۇ .

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈ-زۇشكە توغرا كەلگەندە چوقۇم ياغ پۇرۇتۇش شەرت . ياغ پۇراتقاندا پوشكال سېلىش ئادەت قىلىنغان . دولانلار كۆپ ھاللاردا مېھمانلار ئۈچۈن توخۇم پوشكىلى سالىدۇ .

توخۇم پوشكىلى — توخۇمنى قاچىغا چېقىپ قوچۇپ سۇيۇلدۇرۇ-لىدۇ . ئۇنىڭغا بىرئاز ئۇۋاق تۇز سېلىنىدۇ ، ئاندىن ئۇن ئارىلاشتۇ-رۇپ سېلىنىدۇ . توخۇم بىلەن ئۇننىڭ نىسبىتىگە كەلسەك ، توخۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆپرەك بولىدۇ . ئاندىن قازانغا قوي يېغى ياكى ئەبجەش ياغ قۇيۇپ قىزىتىپ ، تەييارلانغان خېمىرنى ياغقا قۇيۇپ تەكشى يېيىتىپ ھەر ئىككى يۈزى سارغايتىپ پىشۇرۇلىدۇ . ئەگەر تۇخۇمغا ئۇن چىلىنغاندىن كېيىن بىرئاز قويۇق بولۇپ قالسا ئازراق سۇ قۇيۇپ سۇيۇلدۇرسىمۇ بولىدۇ . بۇ تاماق ناھايىتى قۇۋۋەتلىك بولۇپ ، تەبىئىتى ئىسسىق .

## 18 . قۇيماق

قۇيماق قەدىمدىن كېلىۋاتقان ئۇيغۇر يېمەكلىكلىرىدىن بىرى . مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ( Ⅲ توم ، 239 ـ بەت ) دا «قويما» دېگەن سۆزگە بەرگەن ئىزاھى بۇ يېمەكلىكنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «خېمىر سۇيۇق يۇغۇرۇلۇپ قازاندىكى ياغقا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ . ئاندىن ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدۇ» . قۇيماقنى ئادەتتە ئۆيلەردە يېيىش ئۈچۈن قىلىشتىن تاشقىرى ، يەنە نەزىر ـ چىراغلار ئۈچۈنمۇ قىلىنىدۇ . ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ : ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ سۇيۇق خېمىر چېلىنىدۇ . خېمىر بىرئاز تىندۇرۇلىدۇ . قازانغا ياغ قۇيۇپ ئوبدان قىزىتىلىدۇ . خېمىر قول بىلەن مانتا جىلتىسى چوڭلۇقىدا ئېچىلىپ قازانغا سېلىنىدۇ . ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ پىشۇرغاندىن كېيىن ، قازاندىن ئېلىپ ئىسسىق ۋاقتىدىلا ئۈستىگە شېكەر سېپىلىدۇ . كۆپ ھاللاردا قۇيماقنىڭ خېمىرىغا تۇخۇم سېلىنىدۇ . بۇنداق قۇيماق ئاسانلىقچە قېتىپ قالمايدۇ . ناھايىتى يېيىشلىك بولىدۇ .

## 19 . زاڭ

بۇ تاماق بەزى يەرلەردە «جوتاڭ» دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇيغۇر خەلقى ، بولۇپمۇ دېھقانلار قىش كۈنلىرى بەدەننى ئىسسىق تۇتىدۇ دەپ بۇ تاماقنى ئېتىپ يەيدۇ . بۇ تاماقنىڭ ئېتىلىشى مۇنداق : قوناق ئۇنى (بەزى يەرلەردە كۆممىقوناق ئۇنى ، بەزى يەرلەردە ئاق قوناق ئۇنى ) قازاندا قايناۋاتقان قايناق سۇغا چېلىنىدۇ . بۇ نوغۇچ بىلەن داۋاملىق ئېلىشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ . قويۇلغاندىن كېيىن قاچىلارغا ئۇسۇلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىن قورۇپ تەييارلانغان سۇلۇق ھەم ئاچچىق ـ

...چۈك سەي سېلىنىپ قوشۇق بىلەن يېيىلىدۇ . دولانلاردا سەيسىز ...ەي ـ كۆكتات قوشماي ) قىلىنغان بىرقانچە خىل زاڭ بولۇپ ، ...لار «سۈتلۈك زاڭ» (ئۈستىگە سۈت قۇيۇپ ئېتىلىدۇ ) ، «شەربەت-...ك زاڭ» (ئۈستىگە شەربەت — ئاساسەن جىگدە شەربىتى قۇيۇلى-...ۇ ) دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ .

ئۇماچمۇ زاڭنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ، ئۇ زاڭغا قارىغاندا سۇيۇقراق ...لىدۇ . قورۇلغان سەي هاجەت قىلىنمايدۇ . ئۇماچقا ئادەتتە پىياز ، ...امغۇر ، گۆلە ياكى شارائىتى بولسا توغرامچە گۆش (ئەڭ ياخشىسى ...وينىڭ قوۋۇرغىسى چىمچىلاق قول چوڭلۇقىدا پارچىلىنىپ سېلىنى-...دۇ ) قېتىلىدۇ . ئاستا ئوتتا ئۇزۇن قاينىتىلىدۇ . ئۇماچ كۆپىنچە ئەتىگەنلىك ياكى كەچلىك چاي ئورنىدا ئىچىلىدۇ . ئۇماچ قان بېسىم يۇقىرى بولۇپ كېتىشنىڭ ۋە قاندا ماي تەركىبىنىڭ ئېشىپ كېتىشى-نىڭ ئالدىنى ئالىدۇ .

## 20 . يوبدان

بۇ قوناق ئۇنىدىن قىلىدىغان يېمەكلىكلەر ئىچىدە ئەڭ يېيىشلىك تاماقلارنىڭ بىرى بولۇپ ، «قوناق سۇيۇقئېشى» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ . بىر قىسىم جايلاردا بۇ تاماققا ئوخشاپ كېتىدىغان «سىق-ماق» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل قوناق تامىقى بار . بىراق بۇ ئىككى تاماق شەكىل جەھەتتىن ئازراق ئوخشاپ قالغىنىنى هېسابقا ئالمىغاندا ، تەم ۋە ئېتىش ئۇسۇلى جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ .

يوبدان ئېشىنى ئېتىشتە ، ئاۋۋال يۇمشاق قوناق ئۇنى تەييارلىنى-دۇ ۋە ۋاراقشىپ قايناپ تۇرغان قايناق سۇدا خېمىر قىلىنىدۇ . يوبدان خېمىرى چىڭ يۇغۇرۇلغاندىن كېيىن ، سۇپرا ئۈستىگە ئېلىنىپ ، نوغۇچ بىلەن يېيىلىدۇ . خېمىر يېيىلىپ مەلۇم كەڭلىك ، قېلىنلىققا يەتكەندە ئالىقاننىڭ كەڭلىكىدە تال ـ تال كېسىۋېلىپ ئاندىن ئۇگرە ئاشنىڭ چۆپىدەك كېسىلىدۇ (يوبدان چۆپى ئۇگرە چۆپىدىن كەڭ هەم قېلىن كېلىدۇ . يوبدان چۆپى قازاندىن تىرىك چىقىشى ئۈچۈن خې-مىرغا مەلۇم دەرىجىدە بوغداي ئۇنى — ئاق ئۇن قوشۇلىدۇ ) . يوبدانغا چامغۇر ، كاۋا ، ئاش كۆكى قاتارلىق كۆكتاتلار ۋە قوي ، ئوغلاق ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



خوراز ، كەپتەر گۆشلىرى سېلىنىدۇ . كۆپ ھاللاردا ئەزىز مېھمانلار-نى كۈتۈۋېلىش ھەم يېيىشلىك بولۇش ئۈچۈن بەزى ئوغلاق (قىرقىل-مىغان ئوغلاق ) ، چۈجە خوراز ، كەپتەر باچكىلىرى سېلىنىدۇ . يوپ-دان ئېشىنى ئېتىش ئالاھىدە ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ . ھەممە كىشى ئوخشىتىپ ئېتەلمەيدۇ . شۇڭا ، دولانلاردا «ئايال كىشىنىڭ تۆشۈك ئېشىنى يوبدان ئېشىدا سىنا» دېگەن سۆز بار .

## 21 . مۇنەك

بۇ قوناق ئۇنىدىن قىلىنىغان تاماقلار ئىچىدە بىرقەدەر ئومۇملاش-قان ھەم بەك يېيىشلىك تاماقلارنىڭ بىرى . بىر قىسىم جايلاردا بۇنى «مۇندەك» ، «قوناق چۆچۈرىسى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ .

مۇنەك تامىقىنى ئېتىشتە : ئاۋۋال يۇمشاق قوناق ئۇنى ۋە بۇ تاماقنىڭ قازاندىن تىرىك چىقىشى ئۈچۈن قوشۇلىدىغان ئازراق ئاق ئۇن (بۇغداي ئۇنى ) تەييارلىنىپ ، ۋاراقلاپ قايناپ تۇرغان قايناق سۇ بىلەن خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ . مۇنەك خېمىرى چىڭ يۇغۇرۇلۇپ ئازراق تىندۇرۇلغاندىن كېيىن ، كىچىك ياڭاقتەك پارچە قىلىپ ئۇ-زۇۋېلىنىپ ، يۇمىلاقلىنىدۇ ھەم ئارىسى ئېچىلىپ ، ئالدىن تەييارلاز-غان قىيما (مۇنەك قىيمىسى ئاساسەن پاقلان گۆشى بىلەن پىيازدىن تەييارلىنىدۇ . پىياز زىيان قىلىدىغان كىشىلەر ئاق بەسەيگە ئوخشاش يېيىشلىك باشقا سەيلەرنى قوشىدۇ ) سېلىنىپ ، قازانغا تاشلىنىدۇ . مۇنەكنىڭ شەكلى بىر خىل ، خېمىرنىڭ نېپىز ـ قېلىنلىقى تەكشى ، قىيمىسى تەملىك بولسا ئوخشىغان ھېسابلىنىدۇ ھەم تاماق ئەتكۈچى-نىڭ ماھارىتى ئالاھىدە تەرىپلىنىدۇ .

## 22 . چۈڭقۇرچەك

بۇ قوناق ئۇنىدىن قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئاد-دىي ھەم ئالاھىدىرەك بىر خىلى بولۇپ ، ئېتىش ئۇسۇلى بىرقەدەر ئاددىي .

چۈڭقۇرچەكنى ئېتىشتە : ئاۋۋال قوناق ئۇنى تەييارلىنىپ ، ۋا-راقلاپ قايناپ تۇرغان قايناق سۇدا خېمىر قىلىنىدۇ . خېمىر چىڭ قىلىنىدۇ ھەم ياخشى تىندۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، گۆلە قاقتەك

ئۇزۇپ ئېلىنىپ، قولدا يۇمىلاقلىنىدۇ ۋە يىمىرىلىپ ئوتتۇرىسى چوڭقۇرراق «تۇگمە» شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ قازانغا سېلىنىدۇ. تاماق- نىڭ تەمى ياخشى بولسۇن ئۈچۈن قازانغا چامغۇر، كاۋا، قوي گۆشى، ئوغلاق، خوراز، كەپتەر گۆشلىرى ئۇششاق پارچىلىنىپ سېلىنىدۇ. بۇ ئىلگىرى قول ئىلكىدە يوق كىشىلەرنىڭ دائىملىق تامىقى بولۇپ، كۆپ ھاللاردا چامغۇر ياكى كاۋا سېلىنىپ ئېتىلگەن. ئەپسۇس، ھازىر بۇ تاماق ئاساسەن ئېتىلمەيدىغان بولدى.

23. يارما

يارما — يېڭى پىشقان ئالتە ئايلىق قوناق (ئات چىشى قوناق) نى بەك يۇمشاق ئېزىۋەتمەي يىرىك تارتىپ، سۈت مېغىزى (شىرىسى) نى پۈتۈن ھالەتتە پىشۇرۇپ يەيدىغان قوناق تامىقى. خەلق ئارىسىدا «مەكىتلىك يارمىچى» دەيدىغان داڭقى بار.

24. كۆجە

كۆجە — دولانلار ياخشى كۆرىدىغان مەززىلىك تائاملاردىن بى- رى. ئۇنىڭغا كۆكباش قوناق ئاساسلىق خۇرۇچ قىلىنغاچقا، ئۇنى كۈزدىلا ئېتىپ ئىچىشكە بولىدۇ. كۆجىنىڭ قايسى دەۋرلەردە پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە بىرەر ئېنىق تارىخىي مەلۇمات بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنى ئەجدادلىرىمىز كۆممىقوناق تېرىشقا باشلىغاندا ۋۇجۇدقا كەلتۈر- گەن، دېسەك ئانچە ئاساسسىز بولمايدۇ.

كۆجە ئىنتايىن سىڭىشلىك تاماق بولۇپ، ھەرقانداق ئادەمگە ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن سۈت تەمى تېتىپ تۇرىدۇ. ئىچكەندىن كېيىن ئادەمنىڭ مەيدىسى يەڭگىللىك ھېس قىلىدۇ.

كۆجە مۇنداق ئېتىلىدۇ: ئاۋۋال يېتەرلىك مىقداردا پاكىز سو- يۇلغان كۆكباش تەييارلاپ، دېنىنى كاساڭغا مەدىكى قالغۇچە قىرىپ چۇشۇرۇپ، يۇمشاق سوقۇمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن، سوقمىغا ئازراق سۇ سېپىپ، تىرپى بىلەن سۈتىنى ئايرىيمىز. كېيىن، گۆش، چامغۇر سېلىپ قاينىتىلغان شورپىغا ئايرىلغان داننى سېلىپ بىردەم قاينىتىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن قايناۋاتقان قازانغا قوناق سۈتىنى ئاز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئازدىن قويۇپ ، مالتىلاپ پىشۇرىمىز . شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كې-رەككى ، ئەگەر كۆكباش سۇتى بىراقلا كۆپ قويۇۋېتىلسە ياكى ياخشى مالتىلاپ بېرىلمىسە ، سۇت بىلەن دان ئارىلاشماي ، كۆجە بۇزۇلىدۇ . كۆجە پىشاي دېگەندە ، ئازراق يۇمغاقسۇت سېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قال-ماسلىق كېرەك .

كۆجىنى يۇقىرىقىدەك ئەتكەندىن باشقا ، قورۇپ ئېتىشكىمۇ بو-لىدۇ . بۇنداق كۆجىنىڭ قورۇمىسى ئادەتتىكى قورۇمىلارغا ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ ، پەقەت ئاساسلىق خورۇچىنىڭ تەييارلىنىشى ۋە ئېتى-لىشىلا يۇقىرىقى كۆجە بىلەن ئوخشىشىدۇ .

كۆجىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دولان دەرياسى بويلىرىدىكى ئا-ئىلىلەر — دولانلار ناھايىتى ئوخشىتىپ ئېتەلەيدۇ .

## 25 . ساڭزا

ساڭزا — ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلىرىدىن بى-رى بولۇپ ، كۆپرەك ھېيت - بايراملاردا داستىخانغا گېزەك ئورنىدا تىزىش ئۈچۈن پىشۇرۇلىدۇ . ھازىر توي - تۆكۈنلەردىمۇ ساڭزا پىشۇ-رۇش ئادەتكە ئايلانماقتا . ساڭزىنىڭ كۆرۈنۈشى كۆركەم بولۇپ ، ھەم چۇرۇك ، ھەم مەززىلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە .

ساڭزىنىڭ خورۇچى ئادەتتە ئاق ئۇن ، ئالىي دەرىجىلىك سۇ يېغى ياكى ئەبجەش ياغ ، پىياز ، كاۋاۋىچىن ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى تۇزدىن ئىبارەت .

ساڭزا سېلىش ئۇسۇلى : ئالدى بىلەن پىيازنى يالپاقلاپ توغراپ ، كاۋاۋىچىن بىلەن قوشۇپ قاينىتىپ ، قويۇق چاي رەڭگىگە كىرگەندە پىياز بىلەن كاۋاۋىچىننى سۈزۈۋېتىپ (ئەڭ ياخشىسى داكىدا ياكى نېپىز ئەلگەكتە سۈزۈش كېرەك ) ، سۈيىنى سوۋۇتىمىز ، مۇۋاپىق مىقداردا سۇ يېغىنى داغلاپ ئۇنىمۇ سوۋۇتىمىز (ئادەتتە بەش جىڭ ئۇندا تەييارلىنىدىغان ساڭزا ئۈچۈن بەش سەر ئەتراپىدا ياغ داغلاش كېرەك ) . سوۋۇتۇلغان كاۋاۋىچىن سۈيىگە مۇۋاپىق مىقداردىكى تۇز ، داغلاپ سوۋۇتۇلغان ياغنى قويۇپ ، ئۇن سېلىپ قاتتىقراق قىلىپ خېمىر يۇغۇرىمىز . خېمىرنى بارلىق كۈچ بىلەن ياخشى چەيلەپ پىشۇ-

رۇپ ئون بەش مىنۇت تىندۇرغاندىن كېيىن ، بىر سەر چوڭلۇقتا زۇۋۇلا ئۈزۈپ ، ئۇنى يەنە تاۋلاپ ، ئازراق ياغلاپ قورۇق داسقا ياكى لېگەنگە ئۈستى - ئۈستىلەپ تىزىپ ، ئۈستىنى تەكشى ياغلاپ يىگىرمە مىنۇت ئەتراپىدا تىندۇرىمىز (تىندۇرۇش ۋاقتى ھاۋا كىلىماتى ، تۇزنىڭ مىقدارى ۋە خېمىرنىڭ قاتتىق - يۇمشاقلىق دەرىجىسىگە باغلىق ) . زۇۋۇلا تىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چوڭ بارماق قول بىلەن تۆشۈك ئېچىپ ، خېمىرنى ئىككى قولنىڭ ئالىقىنى بىلەن ئېشىپ ھالقىسىمان پىلتە ياساپ ، ئۇنى يەنە ئېشىپ ئىنچىكە چوكىنىڭ تومۇلۇقىدەك بولغاندا ، ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش سانتىمېتىر قىلىپ كالولاپ ئىككى تال ئىنچىكە تاياقچىغا ئېلىپ قازاندىكى قىزدىتىلغان ياغقا سېلىپ ، ساڭزا پىشۇرۇش چوكىسى بىلەن ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈپ تەكشى سارغايتىپ پىشۇرىمىز . پىياز ۋە كاۋاۋىچىن قوشۇپ قايناتقان سۇ ساڭزىنى چېچەكلىتىش رولىنى ئوينايدۇ . ساڭزا قازاندىكى مايدا چېچەكلەپ سەل سارغايغاندىلا چوكا بىلەن سوزۇۋېلىنىدۇ . ئاندىن ئىسسىق ۋاقتىدىلا لېگەنگە ھەر قېتىم پىشقان بىر زۇۋۇللۇق ساڭزىنى بىر - بىرىگە يېرىم چىشلىتىپ ، خۇددى يۇمىلاق سەللىگە ئوخشاش ئۈستى - ئۈستى ئوراپ ، پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان گۈل غۇنچىگە ئوخشاش تىزىلىدۇ .

ساڭزا سېلىشتا ئوت كۆچىگە دىققەت قىلىش زۆرۈر . ناۋادا قازاندىكى ياغنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولۇپ قالسا ، ساڭزا چېچەكلىمەي ، لەڭمەندەك سىدام بولۇپ قالىدۇ . ياغ ھەددىدىن تاشقىرى قىزىپ كەتسە ، ساڭزىنىڭ ئىچى خام ، تېشى كۆيۈك چىقىدۇ . شۇڭا ياغنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى بىلىش ئۈچۈن سىناق تەرىقىسىدە ساڭزا خېمىرىدىن بىر - ئىككى پوشكال سېلىپ كۆرۈش كېرەك . ئەگەر پوشكال چېچەكلەپ تەكشى پىشسا ئاندىن ساڭزا پىشۇرۇشنى باشلاش كېرەك .

ساڭزا سېلىش — خېمىر تەييارلاشتىن تارتىپ تاكى ئۇنى پىشۇرۇپ لېگەنگە تىزىپ چىققۇچە بولغان پۈتكۈل جەريان يۇقىرى ماھارەت ۋە تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ ئەمگەك جەريانىدۇر . شۇڭا ساڭزا سېلىشتا ئىككى كىشى ھازىر بولۇشى شەرت ، بىرى زۇۋۇلىنى ئېشىپ تەييارلىسا ، بىرى قازان بېشىدا تۇرۇپ پىشۇرۇشقا ۋە تىزىشقا مەسئۇل بولىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئازدىن قۇيۇپ ، مالتىلاپ پىشۇرىمىز . شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كې-رەككى ، ئەگەر كۆكباش سۈتى بىراقلا كۆپ قۇيۇۋېتىلسە ياكى ياخشى مالتىلاپ بېرىلمىسە ، سۈت بىلەن دان ئارىلاشماي ، كۆجە بۇزۇلىدۇ . كۆجە پىشاي دېگەندە ، ئازراق يۇمغاقسۈت سېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قال-ماسلىق كېرەك .

كۆجىنى يۇقىرىقىدەك ئەتكەندىن باشقا ، قورۇپ ئېتىشكىمۇ بو-لىدۇ . بۇنداق كۆجىنىڭ قورۇمىسى ئادەتتىكى قورۇملارغا ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ ، پەقەت ئاساسلىق خۇرۇچنىڭ تەييارلىنىشى ۋە ئېتىل-لىشىلا يۇقىرىقى كۆجە بىلەن ئوخشىشىدۇ .

كۆجىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دولان دەرياسى بويلىرىدىكى ئا-ئىلىلەر — دولانلار ناھايىتى ئوخشىتىپ ئېتەلەيدۇ .

## 25 . ساڭزا

ساڭزا — ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلىرىدىن بى-رى بولۇپ ، كۆپرەك ھېيت - بايراملاردا داستىخانغا گېزەك ئورنىدا تىزىش ئۈچۈن پىشۇرۇلىدۇ . ھازىر توي - تۆكۈنلەردىمۇ ساڭزا پىشۇ-رۇش ئادەتكە ئايلانماقتا . ساڭزىنىڭ كۆرۈنۈشى كۆركەم بولۇپ ، ھەم چۇرۇك ، ھەم مەززىلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە .

ساڭزىنىڭ خۇرۇچى ئادەتتە ئاق ئۇن ، ئالىي دەرىجىلىك سۇ يېغى ياكى ئەبجەش ياغ ، پىياز ، كاۋاۋچىن ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى تۇزدىن ئىبارەت .

ساڭزا سېلىش ئۇسۇلى : ئالدى بىلەن پىيازنى يالپاقلاپ توغراپ ، كاۋاۋچىن بىلەن قوشۇپ قاينىتىپ ، قويۇق چاي رەڭگىگە كىرگەندە پىياز بىلەن كاۋاۋچىننى سۈزۈۋېتىپ (ئەڭ ياخشىسى داكىدا ياكى نېپىز ئەلگەكتە سۈزۈش كېرەك ) ، سۈيىنى سوۋۇتىمىز ، مۇۋاپىق مىقداردا سۇ يېغىنى داغلاپ ئۇنىمۇ سوۋۇتىمىز (ئادەتتە بەش جىڭ ئۇندا تەييارلىنىدىغان ساڭزا ئۈچۈن بەش سەر ئەتراپىدا ياغ داغلاش كېرەك ) . سوۋۇتۇلغان كاۋاۋچىن سۈيىگە مۇۋاپىق مىقداردىكى تۇز ، داغلاپ سوۋۇتۇلغان ياغنى قۇيۇپ ، ئۇن سېلىپ قاتتىقراق قىلىپ خېمىر يۇغۇرىمىز . خېمىرنى بارلىق كۈچ بىلەن ياخشى چەيلەپ پىشۇ-

ـۇپ ئون بەش مىنۇت تىندۇرغاندىن كېيىن، بىر سەر چوڭلۇقتا ـزۇۋۇلا ئۈزۈپ، ئۇنى يەنە تاۋلاپ، ئازراق ياغلاپ قورۇق داسقا ياكى لېگەنگە ئۈست ـ ئۈستىلەپ تىزىپ، ئۈستىنى تەكشى ياغلاپ يىگىرمە مىنۇت ئەتراپىدا تىندۇرىمىز (تىندۇرۇش ۋاقتى ھاۋا كىلىماتى، تۇزنىڭ مىقدارى ۋە خېمىرنىڭ قاتتىق ـ يۇمشاقلىق دەرىجىسىگە باغلىق). زۇۋۇلا تىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چوڭ بارماق قول بىلەن تۆشۈك ئېچىپ، خېمىرنى ئىككى قولنىڭ ئالىقىنى بىلەن ئېشىپ ھالقىسىمان پىلتە ياساپ، ئۇنى يەنە ئېشىپ ئىنچىكە چوكىنىڭ تومۇلۇقىدەك بولغاندا، ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش سانتىمېتىر قىلىپ كالولاپ ئىككى تال ئىنچىكە تاياقچىغا ئېلىپ قازاندىكى قىزىتىلغان ياغقا سېلىپ، ساڭزا پىشۇرۇش چوكىسى بىلەن ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆرۈپ تەكشى سارغايتىپ پىشۇرىمىز. پىياز ۋە كاۋاۋىچىن قوشۇپ قايناتقان سۇ ساڭزىنى چېچەكلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. ساڭزا قازاندىكى مايدا چېچەكلەپ سەل سارغايغاندىلا چوكا بىلەن سوزۇۋېلىنىدۇ. ئاندىن ئىسسىق ۋاقتىدىلا لېگەنگە ھەر قېتىم پىشقان بىر زۇۋۇللۇق ساڭزىنى بىر ـ بىرىگە يېرىم چىشلىتىپ، خۇددى يۇملاق سەللىگە ئوخشاش ئۈست ـ ئۈست ئوراپ، پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان گۈل غۇنچىگە ئوخشاش تىزىلىدۇ.

ساڭزا سېلىشتا ئوت كۈچىگە دىققەت قىلىش زۆرۈر. ناۋادا قازاندىكى ياغنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولۇپ قالسا، ساڭزا چېچەكلىمەي، لەڭمەندەك سىدام بولۇپ قالىدۇ. ياغ ھەددىدىن تاشقىرى قىزىپ كەتسە، ساڭزىنىڭ ئىچى خام، تېشى كۆيۈك چىقىدۇ. شۇڭا ياغنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى بىلىش ئۈچۈن سىناق تەرىقىسىدە ساڭزا خېمىرىدىن بىر ـ ئىككى پوشكال سېلىپ كۆرۈش كېرەك. ئەگەر پوشكال چېچەكلەپ تەكشى پىشسا ئاندىن ساڭزا پىشۇرۇشنى باشلاش كېرەك.

ساڭزا سېلىش — خېمىر تەييارلاشتىن تارتىپ تاكى ئۇنى پىشۇرۇپ لېگەنگە تىزىپ چىققۇچە بولغان پۈتكۈل جەريان يۇقىرى ماھارەت ۋە تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ ئەمگەك جەريانىدۇر. شۇڭا ساڭزا سېلىشتا ئىككى كىشى ھازىر بولۇشى شەرت، بىرى زۇۋۇلىنى ئېشىپ تەييارلىسا، بىرى قازان بېشىدا تۇرۇپ پىشۇرۇشقا ۋە تىزىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 26 . تالقان

تالقان — قەدىمكى يېمەك تۈرلىرىدىن بىرى . ئېلگىرى دولانلار-نىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكلىرىدىن بىرى بولغان . مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ( II توم ، 271 ـ بەت ) دا «قاتتۇردى» دېگەن سۆزنى «ئۇ تالقانغا ياغ قاتتۇردى» دېگەن جۈملە بىلەن چۈشەن-دۈرگەن . بۇ مىسال بۇ يېمەكلىكنىڭ ناھايىتى قەدىمكى يېمەكلىكلەر-دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ . تالقان ئۈزۈن زامانلارغىچە بۇزۇلۇپ قالمىغاچقا ، قەدىمكى زامان جەڭ يۈرۈشلىرىدە ، شۇنداقلا ئۇزۇن سەپەر قىلغان كارۋانلار تالقان تەييارلاپ ئېلىپ ماڭاتتى . ئۇنى قاچىغا سېلىپ ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيۇپ ئىچىشكە بولىدۇ . بۇ قورساقنى ئاچۇرمايدۇ . ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ : قازانغا قوي يېغى سېلىپ قىزىت-قاندىن كېيىن ئۇننى سېلىپ سۇس ئوتتا ئۇزاق قورۇلىدۇ . ئۇن سارغايغاندىن كېيىن شېكەر سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ يەنە قورۇلىدۇ . بەزىدە ئۇنىڭغا كۈنجۈت ياكى ئۇششاق توغرالغان ياڭاق مېغىزى ئارىلا-شتۇرۇلىدۇ . ئاندىن بۇ تالقاننى خالتىغا قاچىلىۋېلىپ ، خالىغان ۋا-قىتتا ئىشلىتىدۇ . تالقان بولۇپمۇ چارۋىچىلىق ، ئوۋچىلىق رايونلىرىدا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ .

## 27 . جىگدە

جىگدە ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ ، جىگدە شەربەتلىك زاڭ ، ئۇماچ كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭسىز ئىچىلمەيدۇ ، جىگدە شەربىتى سۈركەلگەن نان ئىنتايىن مەززىلىك ، يېيىشلىك بولىدۇ ، تالقانمۇ ئۇنىڭسىز يېيىلمەي-دۇ . ئۇيغۇر دولانلىرى جىگدىنى نان جىگدە ، قاغا جىگدە دەپ ئىككى خىلغا ئايرىيدۇ . نان جىگدە پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈلىدۇ . قاغا جىگدە تەبىئىي جىگدىزارلىقتىن ئېلىنىدۇ . ئۇنىڭ ياغ جىگدە ، ياغ كۆتەن جىگدە ، ئاق جىگدە دېگەن سورتلىرى بولۇپ ، ئەڭ ياخشىسى ياغ جىگدە . ئۇ ، پىشقاندا ھەممە يېرى خۇددى مايغا چىلاپ قويغاندەك خورما رەڭ ھالەتكە كېلىدۇ ، ئۇنىڭ تەمى خورمىغا ئوخشاپ كېتىدۇ .

### 28. تاماق سايمانلىرى

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تاماق سايمانلىرى دېگەندە، تاماق راسلاش سايمىنى ۋە تاماق يېيىش سايمىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل سايمانلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن، تونۇر، زىخ، ئوچاق، كۆسەي، لاخشىگىر، مۇپرا، ئاشتاختا، پۇزا، نوغۇچ، تۇكچە، رېپىدە، گەزنە داس (تەڭلە)، قازان، داڭقان، تاۋا، ياغلۇغا (سەي قورۇيدىغان ساپلىق)، مانتا قازىنى، چۆمۈچ، كەپكۇر، چويلا، قوشۇق، قوشۇقلۇق، پىلتە لېگىنى، سەي كورىسى، چۆگۈن، چېلەك، كۇب، ياغ تۇڭى، تۇز قاچىسى، پىچاق، قىڭراق، كەكە، پالتا، ئەلگەك، بەل، پېچىنە - پىرەنىك قېلىپى، دوخۇپكا، پەشتاما قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق تاماق سايمانلىرى ھېسابلىنىدۇ.

چوكا، قوشۇق، پىيالە، چىنە، ھەرخىل تەخسە، لېگەن، تاماق ئۇستىلى، داستىخان قاتارلىقلار تاماق يېيىش سايمىنىغا كىرىدۇ. ئەمما بۇ سايمانلارنىڭ ھەممىسى تاماق ئېتىش، يېيىشلەردە بىرگە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ خىل تاماق سايمانلىرى ئاساسەن يەرلىك قول ھۇنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ياسىلىدۇ. ئۇيغۇر دولانلىرىدا قوشۇق ھەممىدىن كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تاماق يېيىش سايمىنى بولۇپ، ئۇ ئۇجمە ياغىچى، ئۆرۈك، چىلان ياغاچلىرىدىن ئويۇپ، نەقىش چىقىرىپ ياسىلىدۇ. يېزىلاردا چوكا ئىشلىتىش ئانچە كۆپ ئومۇملاشمىغان، بەزى كىشىلەر (كۆپرەك ياشانغان ئاياللار) چوكا بىلەن يېيىلىدىغان لەڭمەن قاتارلىق تاماقلارنى قولى بىلەن يېيىشكە ئادەتلەنگەن.

## 7. ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ھۇنەر - كەسىپ ئادەتلىرى

شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ قول ھۇنەر - سەنئىتى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك كۆركەم. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ گۈزەل - سەنئەت سەھنىسىدىكى پارلاپ تۇرغان گۈلدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەشتىچىلىك ، گۈل چېكىش ، كىمخاپ ، زەرباب ، سەگەز ، ماتا ، ئەتلەس ، گىلەم توقۇش قاتارلىقلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان ھۈنەر - سەنئەت ھېسابلىنىدۇ . بىراق ئۇلارغا ئىشلىتىلىدىغان خام ئەشيا ماتېرىياللىرى ۋە ئىشلەش ئۇسلۇبلىرى جەھەتتە ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بار . ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆڭلەك ، چاپان ، ياغلىق ، ياستۇق ، تەكىيە ، بەلۋاغ ، ئىشىك - دېرىزە پەردىلىرى ، خۇرجۇن ، ھەرخىل ئورۇن - كۆرپە ياپقۇچلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆركەم گۈللۈك نۇسخىلار كەشتىلىنىدۇ . شۇ ئارقىلىق قويۇق مىللىي ئۇسلۇب شەكىللىنىدۇ .

ئۇيغۇر ، ئۆزبېك ، تاتار ، ئافغان (مەكتتە كارۇك ، كايتۇلۇڭ دەيدىغان پۇشتۇلارنىڭ ئەۋلادى بار ) قاتارلىق مىللەتلەر مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللانغاچقا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا شەھەر مەدەنىيىتى بۇرۇن باشلانغاچقا ، ئائىلە تۇرمۇش سايمانلىرىنى ياساش ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان .

ئۇيغۇرلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئالاھىدە ئالغا كەتكەن مىللەتلەرنىڭ بىرى . ئۇلاردا توقۇمىچىلىق ، بوياقچىلىق ، كەشتىچىلىك ، تۆمۈرچىلىك ، ياغاچچىلىق ، قۇيمىچىلىق ، كۇلالچىلىق ، زەرگەرلىك ، گەجخالىق ، جۇۋازچىلىق ، بىناكارلىق قاتارلىق ھۈنەر - كەسىپ ئالاھىدە ئومۇملاشقان . ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ چېۋەر قوللىرى بىلەن ياسالغان ھەرقانداق بىر بۇيۇم كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمايدۇ .

ئۇيغۇرلار ھۈنەر - كەسىپكە تولىمۇ ھېرىسمەن خەلق بولغاچقا ، ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشتە ھۈنەر ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتىنى كۆپ تەكىتلەيدۇ . ئۇلاردا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە «ئوغۇل بالىغا 72 تۈرلۈك ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن ھېكمەتلىك ئىبارىلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە . بىر قىسىم ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە بىر قىسىم ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالىلىرىدە ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ھەققىدە ئالاھىدە مەلۇماتلار

بار . تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 260 نەچچە
خىل هۈنەر - كەسىپ تۈرلىرىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم .
ئۇيغۇر دولانلىرى ئۇيغۇرلار قول هۈنەر - سەنئىتىنىڭ پۈتكۈل
جەۋهەرلىرىنى ئۆزىگە جەم قىلغاندىن باشقا ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش
مۇهىتىغا ماس كېلىدىغان ۋە قەدىمكى ئەنئەنىلىرى هېسابلىنىدىغان
چارۋىچىلىق ، ئوۋچىلىققا ئائىت بۇيۇملارنى ياساشنى ئادەت ، كەسىپ
قىلغان . هازىر ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئۇيغۇر-
لارنىڭ قەدىمكى زاماندىن باشلانغان هۈنەر - كەسىپ ئادەتلىرى ۋە
هۈنەر - كەسىپ سەنئەت بۇيۇملىرى خېلى مول ساقلانغان .
ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ هۈنەر - كەسىپ ئادەتلىرى ۋە هۈنەر -
سەنئىتىگە ئائىت مۇنتىزىم ماتېرىياللار كۆپ بولمىسىمۇ ، بىراق
دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سەيياهلار ، ئارخېئولوگ ، مەدەنىيەت
تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر قىسىم مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىشقا
بولىدۇ . ئۇ XX - ئەسىرنىڭ
گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ئا . لېكوك .
باشلىرى بىر قانچە قېتىم گېرمانىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە
مەسئۇل بولۇپ ، شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن . ئۇ بۇ بىرنەچچە
قېتىملىق تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ، جۈملىدىن ئۇي-
غۇر هۈنەر - سەنئىتىگە دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىغان .
دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن ، بۇ ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئاساسىدا
1916 - يىلىدىن 1928 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈچ كىتاب
نەشر قىلدۇرغان . بىرىنچى كىتابى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ نەپىس قول
هۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ (ئاساسلىقى زىننەت بۇيۇملىرى )
رەسىملىك ئالبومى هېسابلىنىدۇ . قالغان ئىككىنچى ، ئۈچىنچى كى-
تابلىرىدا ئاپتور كۇچا ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىملىرى (يەنى
تىككۈچىلىك هۈنىرى ) ، دولانلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش
پائالىيەتلىرى (جۈملىدىن قول هۈنەر - سەنئىتى ) ۋە تۇرالغۇ ئۆيلە-
رى (يەنى بىناكارلىق هۈنەر- سەنئىتى ) توغرۇلۇق بەزى مەلۇماتلار-
نى بېرىدۇ[1] .

---

[1] ل . ئا . چېۋىر : «19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇرلە-
رى ۋە قوشنا خەلقلەر» ، «نائۇكا» نەشرىياتى ، موسكۋا ، 1990 - يىل رۇسچە نەشرى ، 17 - بەت .
(پەخرىدىن هېسامىدىن : «چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر هۈنەر - سەنئەت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ، «مىراس»
ژۇرنىلى ، 2001 - يىل 3 - سان ، 27 - ، 28 - بەتلەردىكى نەقىل . )

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



## 1 . بۆشۈك

ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق باللار ئۈچۈن مەخسۇس لايىھىلەپ ياسالغان ئالاھىدە بىر «كارىۋات» بولۇپ ، ئۇ «بۆشۈك» دەپ ئاتىلىدۇ . بۆشۈك قەدىمدىن باشلاپ ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ، ئۆزبېك ، تۈرك قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر بۆشۈكى قۇرۇلما جەھەتتىكى پۇختىلىقى ، ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتتىكى نەپىسلىكى ، ئومۇملىشىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆزگىچە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ .

ئادەتتە بۆشۈكنىڭ ئېگىزلىكى ئاتمىش نەچچە سانتىمېتىر ، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا ، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ ، پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسىلىدۇ . بۆشۈك قۇرۇلمىسىغا ھەتتا بىر تال تۆمۈر مىخمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ . بۆشۈكنىڭ لايىھىلىنىشى جەھەتتىن ، ئۇ ئىشلىتىش ئوبيېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە تولىمۇ مۇۋاپىق بولۇشتىن تاشقىرى ، ئۇنىڭغا ھۈنەر ـ سەنئەت بېرىلگەچكە ، ئۇنى يەنە بىر خىل گۈزەل – سەنئەت بۇيۇمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ .

ئۇيغۇر دولانلىرى بۆشۈككە بىر خىل مۇقەددەس ئېرىملىق نەرسە قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ . شۇڭا بوۋاقنى بۆشۈككە سېلىشتىن ئىلگىرى «بۆشۈك توي مۇراسىمى» ئۆتكۈزىدۇ . بۇ مۇراسىم بالا تۇغۇلۇپ قىرىقى توشقىچە ئارىلىقتا بولىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن بالىنى بۆشۈككە سالىدۇ . دولانلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا ، بالىنى بۆشۈككە سېلىش بىر خىل ئېرىملىق ئادەت تۇسىنى ئالغاچقا ، بالا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا بۆشۈك ۋە ئۇنىڭ بىر يۈرۈش يېڭى جابدۇقلىرى تەييارلىنىدۇ . بوۋاقنى تۇنجى بۆشۈككە سېلىشتا ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن پېشقەدەم «بۆشۈكئانىسى» بالىغا تەييارلىغان بۆشۈكنى قىبلە تەرەپكە قويۇپ ، دۇئا ـ تەكبىر قىلغاندىن كېيىن ، بۆشۈكنى رەت تەرتىپى بويىچە راسلاشقا باشلايدۇ . ئالدى بىلەن بۆشۈكنىڭ ئاستىدىكى ئويۇقچىغا جاك (كۇلتۇك ) نى ئورنىتىدۇ . جاكنىڭ تۆشۈككە تۇتاشقان يۈزىگە جاك تۇمىقىنى كىيدۈرىدۇ . ئۇنىڭ تۆت تەرىپىگە 15 كۋادرات سانتىمـ

مېتىر چوڭلۇقتا تۆت دانە تىز ياستۇق قويۇلىدۇ . ئۈستىگە بۆشۈكنىڭ چوڭلۇقىغا «ئۇدا» (جاكقا ئۇدۇل قىلىپ تۆشۈككە قويۇپ تىكىلگەن پاختىلىق كۆرپە) قويۇلىدۇ . ئۇدىنىڭ ئۈستىگە يۇمشاق پاختىلىق كۆرپە (بۇ ئادەتتە ئىككى پارچە بولىدۇ) سېلىنىدۇ ۋە زاكا (كىر-لىك) بىلەن ئورىلىدۇ . باش تەرىپىگە بوۋاققا ماس كېلىدىغان كىچىك ياستۇق قويۇلىدۇ . ئاستى تەرەپ تەكشى بولغاندىن كېيىن ، «بۆشۈك ئانىسى» بوۋاقنى يالىڭاچلاپ ، بەدەنلىرىنى يۇمشاق سىلاپ ئېرىم قىلىدۇ ۋە ئاۋايلاپ بۆشۈككە سالىدۇ . ئاندىن جاكقا توغرىلاپ شۈمەك (ياغاچتىن نەيچە قىلىپ ياسالغان سۈيدۈك يولى ئېغىزى) سالغاندىن كېيىن ، ئىككى پۇتىنى تۈزلەيدۇ ۋە پۇتتارتقۇ (بىر سويام كەڭلىكتە ئەستەرلىك قىلىپ تىكىلگەن رەخت كاشا) بىلەن بۆشۈكنىڭ ئاستىدىن ئايلاندۇرۇپ چىگىلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، بالىنىڭ قورساق ۋە كۆكرەك تەرىپىمۇ يۆگەك بىلەن چۈمكىلىدۇ . ئىككى قولنى بالىنىڭ بىقىنىغا تەكشى رۇسلاپ ، ئىككى جەينىكىگىچە جەينەكلىك قويۇپ «قولتارتقۇ» (پۇتتارتقۇغا ئوخشىشىدۇ) بىلەن تېڭىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بالىنى بۆشۈككە بۆلەش ئاخىرلىشىدۇ . بۆشۈكنىڭ باش تەرىپىگە بوۋاققا دائىم ھەمراھ بولسۇن دەپ ، بۆرە ئوشۇقى ياكى بىر پارچە نان ئېسىپ قويىدۇ . قاپارتما نەقىشلىك قىلىپ ياسالغان بۆشۈكنىڭ ئۈستىدىكى گورىزونتال ياغاچ (بۆشۈك تۇرمىلى) قا بالىنى يامان كۆزدىن ساقلاش ئۈچۈن ئېرىملىق تۇمار ئېسىلىدۇ ۋە بەزىدە كۆز مونچاق بېكىتىلىدۇ . بۆشۈكنىڭ ئۈستىگە رەڭلىك ئېسىل رەختلەردىن ياسالغان «بۆشۈك ياپقۇ» يېپىلىدۇ . بۆشۈكنىڭ باش تەرىپىگە ئوغۇل بالا بولسا تىغ (پىچاق) ، ئەگەر قىز بالا بولسا ئەينەك قىستۇرۇپ قويۇلىدۇ . بۇ بالىنى «قارا بېسىپ قالماسلىق» نىڭ ئېرىمىدۇر . تۇنجى قېتىم بالىنى بۆشۈككە بۆلەپ بولغاندىن كېيىن ، «بۆشۈكئانىسى» ئادراسمان ياكى ئالما قېقى (بىر چىمدىم يىرىك تۇز قوشۇلىدۇ) بىلەن ئىسرىق سېلىپ ، بۆشۈكنىڭ ئۈستىدىن توققۇز قېتىم ئايلاندۇرىدۇ . بۇ ئارقىلىق بالىغا چاپلىشىۋالغان «يامان روھ» لارنى قوغلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۆشۈككە سېلىش مۇراسىمى ئاياغلىشىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۆشۈكنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە ئۇنىڭغا بالىنى بۆلەش مۇئەييەن ئىلمىي قائىدىگە ئاساسلانغاچقا، ئۇ مەلۇم ئەۋزەللىككە ئىگە:

بىرىنچىدىن، بالىنىڭ ياتقان ئورنى پاكىز بولىدۇ. چۈنكى، بالىنى ھەر قېتىم بۆشۈككە سېلىشتىن بۇرۇن، بۆشۈك كۆرپىلىرى ئاپتاپقا سېلىنىدۇ ياكى ھاۋالاندۇرۇلىدۇ. بالىنىڭ ئاستى ھۆل بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال سادىر بولمايدۇ. بالىنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەرىتى خۇددى يەر ئاستى پاسكىنا سۇ تۇرۇبىسىدەك تەبىئىي ھالدا جاكقا قۇيۇلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بالا ئېچىلىپ قېلىپ، سوغۇق تېگىپ قالىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، كېچىلىرى ئانىنىڭ خاتىرجەم ئۇخلىشىغا ۋە دەم ئېلىشىغا پايدىلىق پۇرسەت يارىتىلىدۇ.

تۆتىنچىدىن، بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈشىگە پايدىلىق. چۈنكى، ئادەمنىڭ بوۋاق مەزگىلى خۇددى يۇمران نوتىغا ئوخشىشىدۇ، بۆشۈككە بۆلەشتە باللارنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى نەزەرگە ئېلىنىپ، قول، پۇت ۋە بەدەن رۇسلاپ قائىدىلىك تېڭىلغاچقا، بەدەن قۇرۇلمىسى ئۆلچەملىك ئۆسىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، بۆشۈك ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەنئەنىۋى بۇيۇم بولۇپ، مەيلى يېزا ياكى شەھەرلەردە بولسۇن، بۆشۈك تەۋرەتمىگەن ئانىلارنى تېپىش تەس. ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئەڭ كەڭ تارقالغان «ئەللەي ناخشىسى» (بۆشۈك ناخشىسى) ئەمەلىيەتتە خەلقىمىزنىڭ بۆشۈككە بولغان قەسىدىسىدۇر.

## 2. چاق

ئۇيغۇر دولان ئاياللىرى ئائىلە ئىشىدىن بوشىغاندا چاقتا يىپ ئېگىرىپ ئائىلىنىڭ يىپ ئېھتىياجىدىن چىقىدۇ.

چاق — چاق ياسىغۇچىلار تەرىپىدىن ياغاچتىن ياسىلىدۇ. 80 سانتىمېتىرلىق تاختاينىڭ بىر بېشىغا 50 سانتىمېتىرلىق ئىككى ياغاچنى 10 سانتىمېتىر ئارىلىق قويۇپ تۇرغۇزىدۇ. يەنە بىر بېشىغا 20 سانتىمېتىرلىق ئىككى ياغاچنى ئارىلىقىدا تىك تۇرغۇدەك قىلىپ تۇرغۇزىدۇ. 8 ـ 16 چىشلىق قىلىپ ياسالغان يۇمىلاق ئىككى چاقنى

يۇزا شەكىللىك ئوقنىڭ ئىككى تەرىپىگە بېكىتىپ چاقنىڭ قارىمۇقار-شى چىشىنى يىپ بىلەن ئۇدۇل چېتىپ قويىدۇ ۋە چاق بىلەن يىك ئارىلىقىغا ئۆلچەپ تاناپ بېكىتىدۇ . بۇ تاناپ چاق بىلەن يىكنى ئايلاندۇرىدىغان تاسمىلىق رولىنى ئوينايدۇ .

ئېگىرىش : ئۈچ قىلىنغان پاختىنىڭ بىر ئۇچىدىن بىر غېرىچ يىپ ئېشىلىپ ، يىك ئۇچىغا ئىلىپ قويۇپ ئوڭ قول بىلەن چاقنىڭ ئوقىنى ئايلاندۇرۇپ ، سول قولدا پىلتە پاختىنى سوزىدۇ . يىپ ئې-شىپ غۇلاچ بولغاندا ، ئوقنى ئارقىغا ياندۇرۇپ ئېشىلگەن يىپنى يىككە يۆگەيدۇ . ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى تېز بولۇپ ، بىردەمدىلا يىك توشىدۇ ، ئاندىن يىكتىكى يىپنى قومۇشقا چاق بىلەن ئوراپ كاللەك قىلىدۇ ، قومۇش توشقاندا بازارغا ئەكىلىدۇ .

### 3 . كەندىر توقۇمىچىلىقى

ئۇيغۇرلاردىكى كەندىر توقۇمىچىلىقى ئەڭ ئىپتىدائىي توقۇمىچى-لىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . دولانلار ئىپتىدائىي تۇرمۇشىدىن باشلاپ ياۋا كەندىر تالالىرىدىن پايدىلانغان ۋە ئۇنىڭدىن كىيىم - كېچەك توقۇپ كىيگەن . «لوپنۇر كەندىرى» دەپ ئاتالغان شىنجاڭنىڭ ياۋا كەندىرى قەدىمدىن باشلاپ ناھايىتى داڭلىق مەھسۇلات بولۇپ ، تارىم دەرياسى بويلىرىدىن ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ . مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى قۇم بارخانلىرى ئىچىدە «كەندىرلىك» دېگەن بىر شەھەر خارابىسى بولۇپ ، پۇتكۇل ئەتراپ ياۋا كەندىر بىلەن تولۇپ كەتكەن .

ئۇيغۇر دولانلىرىدا قول توقۇمىچىلىقى تەرەققىي قىلغان مەزگىلدە ، ياۋا كەندىرلەرنى بىر مەزگىل كۆمۈپ قويۇش ئارقىلىق تالالىرى-نى غولىدىن ئاجرىتىپ (بۇنداق قىلغاندا تالالىرى پۈتۈن چىقىدىكەن ) ، ئۇنى شاخار سۈيى بىلەن قاينىتىپ تالالىرىنى ئاجرى-تىپ ، ئۇنىڭدا ئەڭ داڭلىق شايى - ئەتلەس ، كىمخاب ، زەرباپ ، تەتىللا ۋە ھەرخىل داستىخان (كاناب داستىخان كەندىر تالاسىدا توقۇل-غان ) ، چۇمپەردە (پەرەنجە ) ، ئەغۋانە قاتارلىق كەندىر رەختلىرىنى توقۇغان .

ئادەتتىكى مالچىلار كەندىردىن زەمبىل ، قوتان ئىشىكى ، قاشا

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى www.uyghurkitap.com


تام ياساشتىن باشقا يەنە ، يەرلىك ئۇسۇلدا تالالىرىنى ئاجرىتىپ ، پالاس ، كەندىر ئارغامچا قاتارلىقلارنى توقۇۋالىدۇ . بۈگۈنكى كۈندە ، كەندىر يىپ توقۇلمىلىرى شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتى سۈپىتىدە ، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا بازارغا يۈزلەنمەكتە .

## 4 . توقۇمىچىلىق ۋە بوياقچىلىق

ھۈنەر ـ سەنئەتكە باي ئۇيغۇر خەلقى يىپەك يولىدىكى سودا ـ ئالاقىسىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان . ئۇلار بۇ مۇنبەت زېمىندا سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىككە تايىنىپ تاۋار ، دۈردۈن ، كىمخاب ، شايى ـ ئەتلەس ، بەقەسەم ، ماتا ـ چەكمەنلەرنى توقۇپ ، يىپەك يولى سودىسىنى جانلاندۇرغان .

ئۇيغۇرلار بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان خوتەن ، يەكەن ، قەشقەر قاتارلىق رايونلار ۋە ئۇيغۇر دولانلىرى مەركەزلەشكەن مەكىت ، مارالبېشى ، ئاۋات قاتارلىق جايلار يىپەكچىلىكنىڭ ئانا يۇرتلىرى بولۇپ ، ئۇلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان يىپەكتىن سىرنىق ، ئات باغرى ، قىزىل ئالا ، سېرىق ئالا ، ئالا قاغا ، قارا قاتارلىق كۆپ خىللىق ئەتلەس ، تۆمۈررەڭ ، يېشىل ، يېشىل ئالاقاغا ، مۇجەت قاتارلىق يىگىرمە نەچچە خىل بەقەسەم ، ئاق ، سېرىق ، ئەت رەڭ ، قارا ، پورەڭ شايى ، قوش يىپلىق چەكمەن ، شايى قاتارلىق رەختلەر ، يىپەك گىلەم ، جايناماز ، مېھراب ياپقۇ ، بەلۋاغ ، ئاياللار ياغلىقى ، چۈمپەردە ، پەرىجە ، ھەتتا ئەگلەك شايىلارنى توقۇغان .

پاختىدىن ھەرخىل كاتەكچە ، ھەيرانى ۋە ئانارگۈلى ، ئالما گۈلى ، يۇلغۇن چېچىكى ، توز قۇيرۇقى ، يېشىل ، نىل رەڭ تولىما ، شاتاۋا ، ئاق قىرغاق سىماۋى تېرىكە ، قوش يىپلىق رەڭمۇرەڭ تېرىكە قاتارلىق 70 ـ 80 خىل گۈللۈك رەخت ، كۆپ خىللىق ماتا ـ چەكمەن (ماتا ـ چەكمەن ئاق توقۇلۇپ بويىلىدۇ ) ، ھەرخىل گۈللۈك پالاس ، گۈللۈك تاغار ، گۈللۈك خۇرجۇن ، گۈللۈك ئىشتانباغ قاتارلىق يۈز نەچچە خىل پاختا توقۇلمىلارنى توقۇيدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە تولانغان يىپتىن تىۋىتلىك توقۇپ ، قىزىل ، قارا كۆك ياكى نىل رەڭ بىلەن بويىغان چەكمەنلەر ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ .

دولانلار يۇڭ توقۇمىچىلىقىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇلار ساپ تۆگە يۇڭىدىن چەكمەن (قىزىلۇۋىلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قارىغاندا يۇڭ چەكمەننىڭ تۈرى كۆپ)، تىۋىت رومال، يۇڭ پالاس، كاشا، ئات ـ ئۇلاغلار ياپقۇسى قاتارلىق كۆپ خىللىق توقۇلمىلار ۋە يۇڭ تاغار، يۇڭ خۇرجۇن قاتارلىق ئىپتىدائىي يۇڭ توقۇلمىلارنى توقۇغان.

دولانلار بوياقچىلىققا ماھىر، بولۇپمۇ مەكىت رايونىدىكى دولانلارنىڭ بوياقچىلىقى تەرەققىي قىلغان. ئۇلار قىزىل، نىل، قارا، قارا كۆك، زەيتۇنە، چەيزە رەڭ، شاپتۇل چېچىكى، ئانارگۈلى، خورما رەڭ، توپا رەڭ، ئەت رەڭ، توق سېرىق، تۇخۇم سېرىقى، پوررەڭ، كاۋا چېچىكى قاتارلىق كۆپ خىل رەڭ ئىشلىتىدۇ ۋە ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۈرىنى كۆپەيتىدۇ، رەڭلەرنى تەڭشەيدۇ.

تەڭشەلگەن رەڭلەردە يىپەك، پاختا، يۇڭ رەختلەرنى بويايدۇ، مەشۇت بويايدۇ. ئۇلار بوياق ئۈچۈن تۇخۇمەك، زاك، زەمچى، ئانار پوستى، يۇلغۇن چېچىكى، ئۆرۈك قوۋزىقى، ياڭاق پوستى، تۆمۈر دېتى، داشقال قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىدۇ. بۇ خىل بوياق ئەسىرلەر بويى تۇزۇمايدۇ.

## 5. سەرگەزچىلىك ۋە گۈل بېسىش

دولانلاردا رەختلەرگە ھەرخىل گۈل بېسىشمۇ بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسى ۋە ئەنئەنىۋى ھۈنەر سۈپىتىدە داۋام قىلىپ كەلگەن. سەرگەز، ھەمزەك، زەدىۋاللار بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

سەرگەزنىڭ رەختى ئاق ماتا بولۇپ، گۈلى ياغاچ ئويما، نەقىشلىرىنىڭ نۇسخىسى شاخچا گۈل، چارچە گۈلدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئاساسىي خۇرۇچى يەرلىك ئۇسۇلدا تەييارلىنىدىغان كاتاپ قارا بولۇپ، ئۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ. ئوتتۇز جىڭ سۇغا بىر جىڭ ئۇن سېلىپ قاينىتىلىدۇ. تۆمۈر دېتى، داشقال، سوققان يېلىمنى خالتىغا سېلىپ ئۇنىڭغا قوشىدۇ. ئۇ، يازدا 8 ـ 10 كۈن، كۈزدە 10 ـ 20 كۈن تۇرغاندا جىگەر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭغا زەمچىنى ئېرىتىپ، قاينىتىلغان تۇخۇمەكنى قوشقاندىن كېيىن داسقا ئېلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇستىگە دۇغ ئۆتمەسلىك ئۈچۈن كىگىز ، ماتا قويۇپ ، نەم ئۇستىگە چىققاندا رەڭ چوتكىسى بىلەن ئۆرۈپ قويۇلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ماز- غاپلىشىدۇ . ئەنە شۇ مازغاپلىق بىرىكمە «كاتاپ قارا» دېيىلىدۇ . كاتاپ قارا بىلەن گۈل بېسىشتىن بۇرۇن ئاق ماتانى شاخار سۈيى بىلەن قاينىتىۋالغاندىن كېيىن ، بۆرەك شەكىلدە ياسالغان كۆتەكنىڭ ئۇستىگە قويۇپ «دوككاك- دوك» (ياغاچ بولقا ) بىلەن سوقۇپ ئۇنى يۇمشىتىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، تەخمىنەن ئون ماتاغا يۈز گرام ھېلە- لىنى ئېرىتىپ ، سۈيىگە ماتانى چىلاپ ھېلىلە سۈيىنى ماتاغا سىڭدۈ- رىدۇ . ماتانى قۇرۇتۇپ ، گۈل بېسىش تاختىسىغا يايىدۇ .

تەييارلانغان كاتاپ قارىغا قېلىپنى تەگكۈزۈپ ماتا ئۇستىگە باسى- دۇ . كاتاپ قارىغا قايسى رەڭنى سالسا ، سەرگەز رەڭگى شۇ رەڭدە بولىدۇ . سەرگەزنى يەنە سۈزۈك سۇدا چايقاپ دۇغلارنى چىقىرىپ يەنە سوقىدۇ ، سەرگەز يۇمشاپ ئەسلىگە كېلىدۇ . بىرقانچە قېتىملىق سۇدا چايقالغان بۇ سەرگەزنىڭ رەڭگى نەچچە ئەسىر تۇرسىمۇ توزۇمايدۇ .

ھەمزەك — ئۇنىڭ رەختى ئاق ماتا . ماتا شاخار سۈيى بىلەن قاينىتىپ يۇمشىتىلىدۇ . ئاندىن ئۆلچەملىك ھاك ، سوپۇن ، يېلىمنى بىرلەشتۇرۇپ ئېرىتىپ تەشتەككە سېلىنىدۇ . ھەمزەك قېلىپى تۆ- مۈر ، تۇنىكىدىن ياسالغان بولۇپ ، گۈل ئورنى ئويۇق بولىدۇ . تەش- تەككە تەييارلانغان ھاك ، سوپۇن ئېرىتمىسىنى چوتكا بىلەن سۇرگەن- دە ، ماتادا ئاق گۈل ئىزى قالىدۇ . ئاندىن ماتا نىل رەڭگە سېلىنىدۇ . رەڭدىن چىققاندا ، ئاق گۈل توزۇندىلىرى چۈشۈپ ئاق ئىزى قالىدۇ .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەمزىكى مىڭ سۇلالىسىدىن باشلاپ ئىچكى ئۆلكە- لەرگە تارقالغان بولۇپ ، بۇ خىل ھەمزەك ئىچكىرىدە ھازىرغىچە ئىشلىتىلىدۇ . ئۇيغۇر خەلقىدىكى زەدىۋالمۇ ئەسلىدە ئاق رەخت بو- لۇپ ، ئاپتۇۋا - چىلاپچا نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن تۆمۈر قېلىپ بىلەن ھەمزەك ئىشلىگەن ئۇسۇلدا ئىشلەيدۇ . ھەمزەك ئۇيغۇر ئائىلىسىدە يوتقانغا ئىشلىتىلسە ، زەدىۋال ھەربىر ئۆينىڭ تېمىغا تارتىلىدۇ .

جايناماز ، مەرەپ ياپقۇلارنىڭ گۈل نۇسخىسى قۇببە ، مېھراب شەكلىدە بولۇپ ، مەسچىت دەرۋازىسى ياكى مېھرابلىرىنى ئەسلىتە- دۇ . بەزى ئۇستىلار بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ شەكلىنى چۈشۈرىدۇ .

بۇلارنىڭ خام ئەشياسى يەنىلا ئاق ماتا بولۇپ ، ماتانى شاخار سۈيىدە قايىنتىپ ، سوقۇپ يۇمشىتىپ ، داۋا ، يۇلغۇن چېچىكى ، ئانار پوستىنى زاك بىلەن قايىنتىپ كاتاپقا ئارىلاشتۇرۇپ گۈل باسىدۇ . گۈلدىن چىققان جايناماز ، مېھراب ياپقۇلارنى سۈزۈك سۇدا يۇيۇپ دۇغلارنى چىقىرىپ ، قايتا سوقۇپ ماتانى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىشلىتىدۇ .

## 6 . تامغا

«تامغا» دېگەنلىك — «بەلگە» ، «نىشان» دېگەنلىك . تامغا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە . ئۇ تارىختا خىلمۇخىل رول ئويناپ كەلگەن . تامغا ئەينى زاماندا بىر قەبىلىنىڭ بەلگىسى بولغان ، شۇنداقلا يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىشىدا ئاساس بولغان .

ئۇيغۇر خەلقى شەھەر ھاياتىغا كۆچۈشتىن بۇرۇن ، ئۇزاق مۇددەت چارۋىچىلىق ھاياتى كەچۈرگەن . چارۋىلار بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە ياكى يوقىلىپ كەتسە ئوغاي تونۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆز ماللىرىغا ئوخشاشمىغان بەلگە نىشانى قويۇش ئېھتىياجى تۇغۇلدى . شۇنىڭ بىلەن تامغا پەيدا بولدى . بۇ خىل تامغا تۆمۈردىن ياسالغان بولۇپ ، ئوتتا قىزىتىلىپ ماللارنىڭ ئوڭ ياكى سول ساغرىسىغا بېسىلىدۇ .

ئۇيغۇر دولانلىرىدا بەلگە — نىشاننىڭ «ئەن» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تۈرىمۇ بولغان . بۇ قوي ، ئۆچكە قاتارلىق ئۇششاق ماللار ئۈچۈن قوللىنىلغان . ئۇششاق ماللارنىڭ ئوڭ ياكى سول قۇلىقى ئوخشاشمىغان شەكىلدە كېسىلىپ ياكى تىلىنىپ قىلىنغان بەلگە «ئەن سېلىش» دەپ ئاتالغان . شەخسلەرنىڭ ماللىرى يوقىلىپ كەتسە ياكى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە ئەنە شۇ ئەنگە قاراپ تونۇۋالغان . «تامغا» كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە گۇۋاھ ـ ئىسپات سۈپىتىدە ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ، شەخسلەردە قوللىنىشقا باشلىغان .

## 7 . باسمىچى قېلىپى

باسمىچى قېلىپى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەر ـ سەنئىتىدىكى خىلمۇ خىل گۈل ـ نەقىش قېلىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇ ئادەتتە 14×16 سانتىمېتىرلىق ئۆلچەمدىكى تۆت چاسا ، بەزىلىرى 6×16

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سانتىمېتىرلىق سوزۇنچاقراق (ئۆلچىمى ئەھۋالغا قاراپ ھەرخىل بولۇشى مۇمكىن) كېلىدۇ. ياغاچلارغا ئالدى بىلەن ھەرخىل گۈل نۇسخىلىرى سىزىۋېلىنىپ، ئاندىن ياغاچچىلار تەرىپىدىن سىزىلغان گۈل نۇسخىلىرى ئويۇپ تەييارلىنىدۇ، باسمىچى قېلىپلارنى تۈزغا ۋە ھەرخىل رەڭلەرگە چىلاپ ئاق رەختلەرنىڭ يۈزىگە گۈل باسىدۇ. ھازىر ساقلىنىۋاتقان باسمىچى قېلىپلىرى جەمئىي 7 دانە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئوخشاش بولمىغان ئالتە خىل گۈل بېسىشقا بولىدۇ.

## 8. جالا

چاچ ئۇيغۇر دولان ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىك ئۆلچەملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇلار چاچ پەردازىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئادەتتە چېچى شالاڭ ۋە قىسقا ئاياللار جالا (سۈنئىي چاچ) سېلىشقا ئادەتلەنگەن. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا جالا سېلىشنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرى تونۇشتۇرۇلغان. بىرى، ئۇزۇن چاچ سېلىش، يەنە بىرى، ماڭلاي چاچ سېلىش. مەھمۇد قەشقەرى ئاياللار سالىدىغان جالانىڭ چۇپۇردىن ياسىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. يەنە بەزى يازما ماتېرىياللاردا جالانىڭ قوتاز قۇيرۇقىدىن ياسىلىدىغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

## 9. مىسۋاك

بۇ تەبىئىي چىش چوتكىسى بولۇپ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئالما شېخى ياكى ئارتۇچقا ئوخشاش خۇش پۇراق ياغاچ ماتېرىيالىدىن ياسىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر بولۇپ، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، ئادەتتە خۇرۇمدىن غىلاپ تىكىلىدۇ. ئۇيغۇر دولانلىرى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن بۇ ئادەتنى قوبۇل قىلغان.

## 10. رېپىدە

تونۇرغا نان يېقىشتا ئىشلىتىلىدىغان قول پەلىيى. ئۇ قېلىن ئاق ياكى قارا رەختتىن ئەستەرلىك قىلىپ تىكىلىدۇ. ئالىقان قىسمى يۇمىلاق نان شەكلىدە بولىدۇ.

**11 . تۆكچە (تۆكۆچ ، چەككۆچ )**

تۆكچە ئاساسەن ھەرخىل قۇش پەيلىرىدىن يۇمىلاق قىلىپ ياسال-
غان . ھازىرقىلىرى ئاساسەن ئويۇپ چىقىرىلغان يۇمىلاق ياغاچقا مىخ
ياكى قاتتىق سىملارنى بېكىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ . ئۇ نان يۈزىگە
گۈل چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سايمان .

**12 . چوكا سالغۇچ (چوكىدان )**

چوكا سالغۇچ ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ ، شەكلى ھەرخىل . بۇ
ئائىلىلەردە ئاساسەن چوكا ۋە قوشۇقلارنى سېلىشتا ئىشلىتىلگەن .
ئالدىغا ھەرخىل گۈل شەكىللىرى ئويۇلغان ، ئۇنىڭغا ھازىرقى مېتال
مىخلار ئىشلىتىلمەي ، ياغاچ مىخ ئىشلىتىلگەن .

**13 . چاي خالتىسى**

چاي خالتىسى ھەرخىل رەڭلىك رەختلەردىن تىكىلگەن . چاي
خالتىسىنىڭ يۈزىگە رەڭلىك مەشۇت ۋە كالۋۇتۇن يىپلاردىن چاچما-
گۈل ، يۈرەكسىمان گۈل ۋە باشقا ھەرخىل گۈل نۇسخىلىرى تولىمۇ
چېۋەرلىك بىلەن كەشتىلەپ چىقىلغان ، ئاستىغا رەڭلىك پۆپۈك تۇ-
تۇلغان . ئىلگىرىكى چاي خالتىلىرىنىڭ ئىچى ئۆچكە تېرىسىدىن ،
تېشى ھەرخىل رەختلەردىن تىكىلگەن ، ھازىر ئاساسەن رەختتىن
تىكىلىدىغان بولدى .

ئۇنىڭغا ئادەتتە چاي ، تۆرلۈك دورا ـ دەرمەكلەر ۋە كۆندىلىك
تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېلىپ ساقلىنىدۇ ، شۇنداقلا ئۇ يەنە ئۆينى
زىننەتلەپ تۇرغۇچى مۇھىم تۇرمۇش بۇيۇمى .

**14 . جۇۋىچىلىق**

ئۇيغۇرلاردا جۇۋىچىلىقنىڭ تارىخى ئۇزۇن ، بۇنىڭدىن تۆت مىڭ
يىل بۇرۇنلا كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ، چارۋا مال بېقىل-
غان ، ئىپتىدائىي كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەنگەن . . . ئاشلانغان تېرىدىن
كىيىم تىكىلگەن . ئۇيغۇرلار شەھەرلىشىپ قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شۇغۇللانغاندىن باشلاپ جۇۋىچىلىق مەخسۇس كەسپلەشكەن . دولانلار ئۆزىنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىۋى مۇھىتى ۋە ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە بۇ كەسپكە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن ھەم ساقلاپ تەرەققىي قىلدۇرغان .

جۇۋىچىلىقنىڭ تۈرى كۆپ ، رەختى ، رەڭگى خىلمۇخىل . ئۇيغۇرلار قوي ، تۈلكە ، بۆرە ، سۇلەيسۇن ، تىيىن ، قاما ، سۇغۇر ، سۆسەر ، كەمچەت ، ئەلتېرە قاتارلىق سەكسەن نەچچە خىل ھايۋان تېرىسىدىن جۇۋا تىكىدۇ . ئۇيغۇر جۇۋىلىرى تاشلىق ، تاشسىز ئىككى خىل بولىدۇ . تاشلىق جۇۋىلارغا مەخمەل ، دۇخاۋا ، موۋۇت ، سارجا ، باستون ، كىبىركوت ، ھەرخىل تېرىكە ، چىبەرقۇت ، چەكمەن قاتارلىقلارنى تاش قىلىدۇ .

تاشسىز جۇۋىلارنىڭ تېرە يۈزىنى ئاق قالدۇرىدۇ ياكى قارا ، سېرىق ، پوررەڭ ، جىگەر رەڭ بىلەن بويايدۇ .

جۇۋىچىلىق سايمانلىرى : قايچا (رەخت كېسىشكە ئىشلىتىدۇ ) ، تېرە كېسىدىغان پىچاق ، ئەندىزە ، يىپ ، يىڭنە ، ئويماق ، مېتىر ، شىلىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

تېرە پىششىقلاش ئۇسۇلى : جۇۋا تىكىدىغان ھەر قانداق تېرە ئالدى بىلەن سۇغا چىلاپ يۇمشىتىلىپ تېرىدىكى ماي ، گۆش ، شۇللۇق ئەتلەر قىرىۋېلىنىدۇ . ئاندىن ئۇن بىلەن ئاشلايدۇ ، تېرە ئاشتىن چىققاندىن كېيىن ئەيلەيدۇ ۋە ئۇۋۇلاپ يۇمشىتىدۇ . تېرە سىقىمغا سىغقۇدەك يۇمشىغاندا ، تېرىنىڭ يۈزىگە سۇ پۈركۈپ تېخىمۇ يۇمشىتىپ تېرىنى تارتىشتۇرۇپ ، قورۇق ، قىيپاچ ئورۇنلىرىنى تۈزەپ تامغا تارتىپ مىخلاپ كېرىيدۇ . بۇنىڭ بىلەن تېرىدىكى ئۆلچەمسىز ئورۇنلار تۈزلىنىدۇ .

كېسىش ئۇسۇلى : تېرىنىڭ يۈزى تەرىپىدىن ئەندىزە قويۇپ ، تېرە كېسىش پىچىقى بىلەن كېسىدۇ . رەخت كىيىم كەسكەندەك پارچە بولىدۇ . ئاندىن تىكىدۇ . تىككەندە تېرىنىڭ يۈڭىنى ئىچىگە قىلىپ يۈزى تەرەپنى جۈپلەشتۇرۇپ يىپ بىلەن يۆمەيدۇ . پەش ، ياقا ، يەڭ ئولتۇرغۇزۇشلار چاپان تىكىشكە ئوخشىشىدۇ ، جۇۋىنىڭ تاشلىقىنى قايچا بىلەن كېسىپ ئىلگىرى قول بىلەن ھازىر ماشىنا بىلەن تىكىپ پۈتتۇرۇپ ، جۇۋىنىڭ ئۈستىگە كىيدۇرگەندىن كېيىن ، ياقا ، ئېتەك-

لىرىنى يۇمەيدۇ . ئەگەر چوڭ ياقىلىق ياكى كەمچەت ، قاما ، تۇلكە ياكى كۆرپە ياقا بولسا بۇنى ئايرىم ئۇلتۇرغۇزىدۇ .

تاشىسىز جۇۋىلارنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ ئالدى پەش ۋە ئاستى تەرەپ پۇچقاقلىرىغا ، شۇنداقلا يەڭ ئۇچلىرىغا ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىكتە بىر خىل رەڭلىك ئەلتېرىدىن زىغىزىق تۇتىدۇ . زىغىزىقنىڭ لېۋىگە تېرىدىن تىرناق چوڭلۇقىدا ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك نەقىش ئويۇلىدۇ . تاشىسىز جۇۋا ئاساسەن تون شەكلىدە تىكىلىدۇ .

## 15 . تۇماقچىلىق

ئۇيغۇر تۇماقچىلىقى ئۇزۇن تارىخقا ، ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە . ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى يەرلىك تۇماقلىرىنى كىيىشنى ئۆزلىرىنىڭ غورۇرى ، سەلتەنىتى دەپ بىلىدۇ . ھەممە جاينىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان تۇمىقى بولغىنىدەك ، دولانلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس تۇمىقى بار . تۇماقچىلىق ئاتا كەسىپ سۈپىتىدە تەرەققىي قىلغان .

ئۇيغۇر دولان تۇماقلىرى يارىشىملىق ، ئىسسىق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى ، گۈل قىسىپ كىيىشكە ، ئالدى- ئارقىنى ئايلاندۇرۇپ كىيىشكىمۇ ئەپلىك .

تۇماق رەختى : قولى چېۋەر ئۇستىلار تۇماق رەختى ئۈچۈن كەمچەت ، قاما ، سۆسەر ، تىيىن ، تۇلكە ، سۇلەيسۇن ، سۇغۇر ، ئەلتېرە ، قوي ، ئۆچكە ، ئات تېرىسى قاتارلىق بىر يۈز سەكسەن ئۈچ خىل ھايۋانات تېرىسىنى ، تاش ئۈچۈن دۇخاۋا ، مەخمەل ، موۋۇت قاتارلىق ھەرخىل ئېسىل رەخت ۋە ئەستەر ئۈچۈن ھەرخىل رەختلەر ئىشلىتىدۇ .

تۇرى : ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تۇماقلىرى ئەر ـ ئايال دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنۈش بىلەن بىرگە ، ياشلار ، ئوتتۇرا ياشلار ، قېرىلار ، دىنىي زاتلار ، سەللە تۇمىقى ۋە خىلمۇخىل يەرلىك تۇماقلارغا ، مەسىلەن ، ئاتۇش تۇمىقى ، پەيزاۋات تۇمىقى ، قەشقەر ، خوتەن ، كېرىيە تۇمىقى ، قاغىلىق تۇمىقى ، مەكىت تۇمىقى ، يېڭىسار ساغان تۇمىقى ، كۇچا تۇمىقى ، قۇمۇل تۇمىقى دېگەنگە ئوخشاش يەرلىك تۇر ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نۇسخىلارغا بۆلۈنىدۇ .

تۇماقچىلىق سايمانلىرى : تېرە كېسىدىغان پىچاق ، ئەستەر ، تاش‐لىق رەخت كېسىدىغان قايچا ، يىپ ، يىڭنە ، پاختا ، قېلىپ ، ناۋات ، چىۋىق ، قاراگۈل ، رەڭ ۋە باشقا پەرداز بۇيۇملىرى .

تىكىلىشى : ھەرقانداق تېرە ئالدى بىلەن ئۇندا ئاشلىنىپ ، قۇ‐رۇتۇلۇپ ، ئۇۋۇلاپ يۇمشىتىلىدۇ . كېسىشتە تېرىنىڭ يۇزىدىن ئەندى‐زە قويۇپ تۆت تالالىق ، ئالتە تالالىق قىلىپ ئۆلچەملىك كەسكەندىن كېيىن ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ ، تۇماقنىڭ تۆپىسىنى پۈتتۈر‐دۇ . ئەگەر تۇماق ياكى قۇلاقچىلارغا ئەستەر ئالماقچى بولسا ، رەختكە پاختا سېلىپ سىرىپ ، تۆپە تالاسىدەك كېسىپ چىقىپ ، تۆپىنى ئەستەرگە كىيدۈرىدۇ . ئەتراپىنى يۆمەپ تىكىپ بولۇپ ، قېلىپقا سې‐لىپ قايچا بىلەن مويلىرىنى قىرقىپ تەڭشەيدۇ ۋە سۇ پۈركۈپ موينى چىۋىقلاپ ، سۇنئىي بۇدۇر قىلىدۇ . بۇدۇرنىڭ ئاسان بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن ناۋات شىرنىسىنى ئاغزىغا ئېلىپ مويغا پۈركۈيدۇ . ئاندىن قېلىپتىن چىقىرىپ بازارغا سالىدۇ .

ئەگەر ئىشلەتكەن تېرىنىڭ مويى ئالىپاساق بولۇپ قالسا ، ئۆز رەڭگىگە ئوخشىتىپ بويايدۇ . تۇماق ، قۇلاقچا قاتارلىقلارنىڭ تۆپىسى خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن بولسا ، ئۆز رەڭگىدە قارا گۈل ياكى ئۆتۈك مېيى بىلەن پەردازلايدۇ . ئاق تېرە تۇماقلارغا ئاق سىزىقچىلىق گۈل چىقىرىدۇ ۋە گەج بىلەن ئاق پەرداز بېرىدۇ .

## 16 . كۆنچىلىك

دولانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ كەسىپلىرىنىڭ بىرى — ھايۋانات تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەش (كۆنچىلىك ) تىن ئىبارەت . دولانلار‐دىكى كۆنچىلىك ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ، ئۇلار كۆن‐ خۇرۇمنى يەرلىك ئۇسۇل ، يەرلىك خۇرۇچ بىلەن ئىشلەيدۇ .

خۇرۇچلار : ھاك ، شور ، تۇز ، كاتاپ قاتارلىقلارنى تېرىنى ئاش‐لاش ، كۆپتۈرۈشكە ئىشلىتىدۇ . كەمەك ، ھېلىلە ، زاك ، رەڭ ، ئۆ‐رۈك قوۋزىقى ، ئانار پوستى قاتارلىقلارنى رەڭ ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ . قومۇش ، زىغىر پاخلىنى ئىسلاش ، پىشۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ . چىغ ۋە

تېرىقنى چىگرىن ، مەسكابقا گۈل چىقىرىشقا ، سۇ مېيى ، قېيىن مېيىنى پەردازغا ئىشلىتىدۇ .

كۆنچىلىك سايمانلىرى : ئاش تۇڭى ، سېسىق سۇ قۇدۇقى ، داس ، ئۇرغاق ، شور قازىنى ، قاشتېشى ، سىمتىراچ ، چاك كەكە ، پەشگەھ ، ئىتتىك ۋە گال كەكە ، بادرا .

ئىشلەيدىغان مەھسۇلاتلار : خامان كۆن ، شورلۇق كۆن ، چىگ-رىن ، مەسكاپ ، بۇلغارى ، بىشۇ (ئەستەر ) ، لايكا ، چەم ، ئات ئې-گەر- جابدۇقى ، هارۋا جابدۇق رەختلىرى .

ئىشلەش ئۇسۇلى : هەرقانداق تېرىنى دەسلەپ سۇغا چىلاپ يۇم-شىتىدۇ . ئاندىن بىز ، گۆش ، مايلارنى قىرىۋېتىپ هاك سۈيىگە چىلاپ ئاشلايدۇ . يۇڭىنى قىرقىپ ئېلىۋېتىپ ، سېسىق سۇ قۇدۇقىغا سالىدۇ (ئۇزۇن يىل تېرە سالغان بۇ سۇ ئېچىپ تەبىئىي ئېچىتقۇ بولغان ) . بۇنىڭ بىلەن تېرىدىن هاك چىقىپ تېرە يۇمشايدۇ . ئاندىن ئۇلاقتىكى شور سۈيىگە كەپتەر مايىقى سېلىپ ، كەپتەر مايىقىنى تېرىگە يېگۈزىدۇ . شۇردىن چىققان تېرىنىڭ يۈزىنى يەنە بىر قېتىم قىرىپ سېرىق سۇ ، ياۋا تۇكلەرنى چىقىرىۋېتىپ ، قازانغا شور سې-لىپ ، تېرىنى بېسىپ قايىنىتىپ شورلايدۇ . ئاندىن شوردىن چىققان تېرىنى قومۇش بىلەن زىغىر پاخىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ قالاپ بىر قانچە قېتىم ئىسلايدۇ . تېرىنى هەر قېتىم ئىسلىغاندا كەمەك سۈيىگە چىلاپ قويىدۇ . ئىس ۋە كەمەك سۈيى بىلەن تېرە سارغىيىدۇ . تېرىنى قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇۋۇلاپ يۇمشىتىدۇ . ئاندىن سۇ ماي پۈركۈپ ئۇستىدىن قاشتېشى سۇرۇپ پەردازلايدۇ . قارا كۆننى قارا گۈل ، ئانار پوستى ، كاتاپ بىلەن قارىغا بويايدۇ . چەممۇ يۇقىرىقىدەك ئىشلىنىدۇ . رەڭ بېرىشتە پەرق قىلىدۇ . لايكىنى ئۇندا ئىشلەيدۇ . باشقا رەسمىيىتى ئوخشاش .

ئېگەر جابدۇق ، هارۋا جابدۇق رەختلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئىشلەي-دۇ : تېرىنى ئالدى بىلەن سۇدا پىشۇرىدۇ . قوۋزاقتا باسماي قىيىش ئىشلەيدۇ . هاكتىن چىققان تېرىنىڭ يۇڭىنى ئېلىۋېتىپ ، ئىسلاپ ، هاكنى چىقىرىۋېتىپ ، بۇ تېرىگە ئون جىڭ هېسابىدا ئۇن سېلىپ ئاشلايدۇ ، بۇنىڭدىن يوگەن ، ئۈزەڭگە باغ ، نوختىغا لايىق رەخت ئىشلەيدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 17 . كىگىزچىلىك

ئۇيغۇر دولان قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە كىگىزچىلىك ئالاھىدە ئو۔رۇندا تۇرىدۇ . تۇرىنىڭ كۆپلۈكى ، رەڭدارلىقى بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە .

دولانلار يۇڭنىڭ ئەسلىي رەڭگىنى ئاساس ، گۈل بېسىشنى قوشۇم۔چە قىلىپ خىلمۇخىل كىگىز ئېتىدۇ . ئاق يۇڭدا جايناماز ۋە گۈللۈك چۈچىلىق ئاق كىگىز ، قارا يۇڭدا قارا كىگىز ۋە ھەرخىل گۈللۈك كىگىز ، ناماتمان ، شىرداق قاتارلىقلارنى ياسايدۇ .

كىگىزنىڭ ماتېرىيالى : قوي يۇڭى ، ئۆچكە يۇڭى ، سۇ ، كۈنجۈرە ۋە ھەرخىل بوياقلاردىن ئىبارەت .

سايمانلىرى : چىغ (چىغدان ) ، ساۋاق ، يۇڭ ئاتىدىغان دۇكان ، سالغۇ ، پالاس ، ئارقان ، سۇپۇرگە ۋە پۇت كۆچى .

كىگىز ئېتىش ئۇسۇلى : يۇڭ رەڭگى بويىچە تاللىنىدۇ . تاللانغان يۇڭ يۇيۇپ قۇرۇتۇلىدۇ . قۇرۇغان يۇڭنى ساۋاق بىلەن ساۋاپ يېتىلـ۔دۈرۈپ يۇڭ ئاتىدىغان دۇكان بىلەن ئاتىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن تەييار۔لانغان چىغنى يەرگە يېيىپ چىغ ئۈستىگە ئېتىلغان يۇڭنى سالغۇ بىلەن تەكشى سېلىپ ، ئۈستىگە كۈنجۈرە چىلانغان ئىسسىق سۇ سېپە۔دۇ ، چۆرىسىگە چۈچا قويىدۇ . ئۈستىگە ئىككىنچى قەۋەت يۇڭنى سالغاندىن كېيىن ، يۇڭنى چىغ ئارىسىغا ئېلىپ تۇرتەكلەپ يۆگەيدۇ . ئۈستىدىن پالاس يۆگەپ ئارغامچا بىلەن تېڭىپ ئىككى كىشى پۇتى بىلەن تەكشى تېپىپ دومىلىتىدۇ . يۇڭ كىرىشكەندىن كېيىن يۇڭنى تەتۈر ئۆرۈپ تېڭىپ يەنە دومىلىتىدۇ . بۇنداق دومىلىتىش ، 3 ـ 4 قېتىم تەكرارلانغاندا يۇڭ پىشىدۇ . ئاندىن ، ئىككى كىشى بىلىكى بىلەن دومىلىتىپ سىلغايتىپ پىشۇرۇلىدۇ . كىگىز تەييار بولغاندا يېشىپ قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ، سۇپۇرۇپ ياۋا قىللارنى تازىلاپ ، كىگىزنىڭ يۈزىنى تەكشىلەيدۇ .

گۈل بېسىش : گۈل ئۈچۈن قايسى رەڭ لازىم بولسا ، شۇ رەڭدە بويالغان يۇڭنى كىگىز قىلىپ پىشۇرۇۋالىدۇ . لازىم بولغان نۇسخىنى ئويۇپ ، كىگىز يۇڭى سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن نۇسخا ئورنىدا

قويۇپ كىگىز بىلەن بىرلىكتە پىشۇرىدۇ .
شىرداق كىگىزنى ئالدى بىلەن پىشۇرۇۋالىدۇ . قويۇلىدىغان گۈل نۇسخىلىرى تەييار بولغاندىن كېيىن كىگىز ئۈستىگە تىزىپ ، قول بىلەن تەكشى تىكىلىدۇ . شىرداق ئادەتتىكى كىگىزلەرگە قارىغاندا ھەم قېلىن ھەم چىدامىلىق بولىدۇ .

## 18 . قاسساپلىق

ئۇيغۇر دولانلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە گۆشى ھالال دەپ قارالغان قوي ، ئۆچكە ، كالا ، قوتاز ، تۆگە ، ئات قاتارلىق كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلارنى ، شۇنداقلا ئارقار ، كېيىك ، بۇغا ـ مارال قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسى بويىچە سويۇپ گۆشىنى يېيىشكە ئادەتلەنگەن . مۇشۇنداق ماللارنى سويۇپ سېتىشنى كەسىپ قىلغۇچىلار «قاسساپ» دەپ ئاتالغان . خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردە ، قاسساپلارنىڭ پىرى جەئفەرى سادىق دېگەن كىشى بولۇپ ، ئۇنىڭ نامىدا تارقالغان قاسساپلىق رىسالىسىدە : قاسساپلارنىڭ پاكىز ، پاك ، راستچىل بولۇشى ، ھەپتىدە بىر قېتىم رىسالە نىزاملىرىنى ئوقۇپ قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشى ، مال سويغاندا تىغنى بىلەپ ئىتتىك تۇتۇشى ، مالنىڭ ئايغىنى باغلاپ ، بېشىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ، دۇئا ـ تەكبىر بىلەن پىچاق سۇرۇشى ، مالنىڭ قېنى چىقىپ بولغۇچە كۈتۈشى ، پايدىنىڭ ئوندىن بىرىنى خەير ـ ساخاۋەت قىلىشى ، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن شاگىرت تەربىيىلىشى ، گۆشنى كانارىغا ئېسىپ ، قائىدە بويىچە ئۆز تەرتىپى بىلەن پارچىلىشى ۋە ھارام دېيىلگەن بەزلىرىنى ئېلىپ تاشلىشى ، بوغۇزلانمىغان ، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مال گۆشىنى يېمەسلىكى ۋە ساتماسلىقى ، قان ، يىرىڭ ، يۇلۇن ، ئۆت ۋە ئۆت قېپى ، يۈرەكنىڭ ئىككى قۇلىقى ، بەز ، مېڭە قېپى ، كۆز قارىسى ، مالنىڭ جىنسىي ئەزالىرى قاتارلىقلارنى كېسىپ تاشلىۋېتىشى . . . قاتارلىقلار بايان قىلىنغان .

دولان قاسساپلىرى بۇ نىزاملارغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ ، بوغاز مال ۋە ھەرخىل كېسەل ماللارنى سويمايدۇ . مال سويغاندا مالنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىككى قول ۋە سول پۇتى (ئۈچ ئايىغى) نى باغلاپ، بېشىنى قىبلىگە قىلىپ سول يانچە ياتقۇزۇپ تەكبىر بىلەن پىچاق ئۇرىدۇ. قېنى چىقىپ بولغاندا، ئوڭ پۇتىنىڭ تىزى ئۈستىدىن تېرىدىن تۆشۈك ئېچىپ پۈۋدەپ، مالنىڭ تېرىسىنى قورسىقىدىن كانىيىغا ئۇدۇللاپ يېرىپ، تېرىنى ئىككى تەرەپكە قايرىپ ئاجرىتىدۇ. ئاندىن مالنىڭ بېشىنى ۋە ئىككى قول - پاچىقىنى كېسىۋېتىپ، ئارقا پۇتىدىن بېشىنى تۆۋەن قىلىپ كانارىغا ئېسىپ تېرىسىنى ئاجراتقاندىن كېيىن مالنىڭ قارنىنى يارىدۇ. قىزىلئۆڭگەچنى چىگىپ قويۇپ، ئاچچىق ئۈچەينى ئۆزمەي سىيرىۋالىدۇ، ئاندىن پىچاق تەگكۈزمەي قېرىن ۋە ئۆپكە - زاسۇيلىرىنى ئالىدۇ. ئۆپكىگە تۇتاش چىققان يۈرەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا پىچاق ئۇرۇپ يۈرەك قېنىنى چىقىرىۋېتىدۇ. ئاخىرىدا مالنىڭ قارنىدىكى شۇللۇق ئەت، سېرىق سۇ ۋە گۆشكە چاپلاشقان قىللارنى تازىلاپ قائىدە بويىچە پارچىلايدۇ ياكى پەشلەيدۇ. قوينىڭ قۇيرۇق مېيىنى پۈتۈن كېسىۋالىدۇ. ئىچ مېيىنى بۆرەك بىلەن قوشۇپ تەككى شەكلىدە يۆگەپ قويىدۇ.

دولان قاسساپلىرىنىڭ مال سويۇشقا ئېپى بار ۋە قولى چاققان بولۇپ، ئۇستا قاسساپلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 — 15 مىنۇتقىچە بىر قوينى سويۇپ بولالايدۇ.

دولان قاسساپلىرىنىڭ مال سويۇش ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار ھەربىر مالنىڭ چوڭ - كىچىك ئۇستىخان قۇرۇلمىسى، بېغىش ۋە ئومۇرتقىلىرى بىلەن بەش قولدەك تونۇش. شۇڭا ئۇلار مالنىڭ ئۇستىخان، ئۇگىلىرىنى سۇندۇرماي، ئەپچىللىك بىلەن ئاجرىتىۋېتەلەيدۇ.

دولان قاسساپلىرىنىڭ بەك ئۇستىلىرى «بۆكەل» دەپ ئاتىلىپ، ئالاھىدە مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدا تارتىلغان «ئۇچا» لارنى پارچىلاشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇ ئۇلار ئۆچۈن ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىدىغان پۇرسەت ھېسابلىنىدۇ.

## 19. يارغۇنچاق

سۇ تۈگمىنى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنقى قول بىلەن ئايلاندۇرۇپ

بۇغداي ، قوناق ۋە باشقا دانلىقلارنى ئېزىپ ياما تەييارلايدىغان ئائىلە سايمىنى .

ئۇ مەخسۇس قورام تاشلارنى يونۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ . ئاستى ۋە ئۈستى بۆلەكتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بو-لۇپ ، بىر ـ بىرىگە چاپلاشقان يۈزى سىلىقلىنىدۇ . ئوتتۇرىسىغا ياغاچتىن ئوق بېكىتىلىدۇ . ئۈستى يۈزىنىڭ چەت تەرىپىگە ئايلاندۇرى-دىغان ياغاچ قول ئورنىتىلىدۇ . تاش چەمبەر شەكىلدە بولۇپ ، كەڭ-لىكى 40 — 50 سانتىمېتىر .

20 . تونۇر

مۇنەر ـ كەسىپنىڭ بىر تۈرى بولغان تونۇر — نان يېقىش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان قۇرۇلما . تونۇر ئۇيغۇرلاردا ئىككى خىل بولىدۇ . بىرى «ئۆي تونۇرى» دەپ ئاتالسا ، يەنە بىرى «ناۋاي تونۇ-رى» دەپ ئاتىلىدۇ .

تونۇر مۇنداق ياسىلىدۇ : سېغىز توپىغا قوي يۇڭى ياكى كالا يۇڭى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ، تۇز سۇيى بىلەن لاي قىلىنىدۇ . لاي دەس-سەپ ، چەيلىنىپ ئوبدان پىشۇرۇلىدۇ . پىشقان لاي ئارقىلىق تونۇر-نىڭ ئاستى بىلەن ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە قور-ساقلىق قىلىپ تونۇر ياسىلىدۇ . مۇشۇ شەكىلدە چوڭ ھەم كىچىك تونۇرلار ياسىلىدۇ . بۇ خىل تونۇر خەلق ئارىسىدا «ناۋاي تونۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل تونۇرنىڭ كىچىكلىرىنى ئائىلىلەردىمۇ ئىشلەت-كىلى بولىدۇ . ئائىلىلەردە پىششىق خىش ياكى ئوتقا چىداملىق خىش بىلەن ياسالغان تونۇرلارمۇ بولىدۇ . بۇلار «ئۆي تونۇرى» دەپ ئاتىلى-دۇ . يۇقىرىقىدەك تونۇرلار ئۇيغۇرلار شەھەرلەشكەندىن كېيىن مەي-دانغا كەلگەن بولۇپ ، بۇلار «يەر تونۇرى» نىڭ تەرەققىي قىلغان شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . يەر تونۇرىدا بىر قېتىمدا 5 ـ 10 نان پىشۇرغىلى بولىدۇ .

يەر تونۇرى مۇنداق ياسىلىدۇ : يەرگە تېيىز ئورەك كولىنىدۇ . ئۇنىڭ ئەتراپىغا ياپىلاق ياكى يۇمىلاق تاش گۈمبەز شەكلىدە تىزىلى-دۇ . ئۇنىڭغا بىر ئېغىز ، بىر مورا قويۇلىدۇ . تونۇرنىڭ تەكتىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چوڭ ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلىدۇ ياكى بولمىسا تۇپتۇز قىلىپ لايلىنىدۇ. تونۇرنىڭ سىرتى لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ. ئوت قالىنىپ (ئوتۇن قالىنىدۇ) تونۇر قىزىغاندا، چوغ ۋە كۇللەر تارتىپ چىقىرىۋېتىلىپ، راسلانغان نان تونۇر ئىچىگە تىزىلىدۇ. تونۇرنىڭ ئاغزى بىلەن مورىغا تاش قويۇپ ئېتىپ، سىرتى لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ. شۇ تەرتىقىدە ئىككى - ئۈچ سائەتتە نان پىشىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر خەلقى شەھەرلەشكەنگە قەدەر نانغا بولغان ئېھتىياجىنى يەر تونۇرى ئارقىلىق قامداپ كەلگەن.

## 21. خورجۇن

خورجۇن ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان ئائىلە تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە پاختا يىپتىن توقۇلىدۇ. ئىككى تەرىپىگە يېمەكلىك، كىيىم - كېچەك قاتارلىق بۇيۇملار سېلىنىدۇ. بەزى خورجۇنلار رەڭلىك يىپلار بىلەن ئىنتايىن نەپىس توقۇلىدۇ.

## 22. تۈگمەن

تارىخ تەتقىقاتچىلىرى تارىم بوستانلىقى ئەتراپلىرى دېھقانچىلىق ئېگىلىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئانا ماكانلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، تارىم بوستانلىقىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنلا شەھەرلىشىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئولتۇراق دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىگە قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تۈرى كۆپەيگەن. بۇ ھال دان ئايرىش ۋە يانجىش قوراللىرىنى تەقەززا قىلغان. بۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى يانجىپ ئۇن قىلىپ، نان، ئۈنلۈق تاماق قاتارلىق پىشىشىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلانغان. مۇشۇ ئېھتىياج ئاساسىدا ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپ سۇ تۈگمىنىنى كەشىپ قىلغان. تۈگمەن ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىش مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ، ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە كۆپ خىللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا تۇگمەننىڭ قاچان ، قەيەردە ۋە كىم تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغانلىقى ھەققىدە قولىمىزدا مۇكەممەل تارىخىي ماتېرىيال بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ نامى خېلى بۇرۇنقى تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنىدۇ . كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن ئىككى يۈز ئوتتۇز كىلومېتىر جەنۇبىدىكى كېرىيە دەرياسى بويىغا جايلاشقان مارجانلىق خارابىسى (بۇ شەھەر مىلادىيە Ⅳ — Ⅵ ئەسىرلەردە خارابىلىككە ئايلانغان ) دىن تۇت پاي تۇگمەن تېشى تېپىلغان . تۇرپان ئاستانە ۋە قارا غوجىدىكى Ⅳ — Ⅸ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەبرىلەردىن بۇغداي ، بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان نان ، چۆچۈرە قاتارلىق پىششىق يېمەكلىكلەر تېپىلغان .

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە «ئۇگىتچى» (ئۇن تارتقۇچى ، تۇگمەنچى ) «ئىتەگو» (تۇگمەندە ئۇستىگە ئايلانغۇچى تاش ئورنىتىلغان ياغاچ قۇلاق ) ، «قوغۇش» (قوش ، نور ) ، «تەگىرمەن قوغۇشى» (تۇگمەن نورى ) ، «سىبەك» (سۆۋەك ) ، «سوكەن» ، «چىغرى» (تۇگمەن چاقى ) ، «تۇشۇرگۇ» (چۆشۈرگە ) ، «يارماش ئۇن» (يۇمشاق تارتىلغان ئۇن ) ، «تەگىرمەن تىشەدى» (تۇگمەن تېشىنى چەكتى ) (مەھمۇد قەشقەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى ، I توم ، 72 ـ ، 184 ـ ، 478 ـ ، 505 ـ ، 549 ـ ، 637 ـ بەتلەر ۋە Ⅲ توم ، 54 ـ ، 364 ـ بەتلەرگە قاراڭ ) قاتارلىق سۆزلەر ئۇچرايدۇ . بۇ ھال بىزگە قاراخانىيلار دەۋرىدە تارىم ۋادىسىدا تۇگمەننىڭ كەڭ دەرىجىدە ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇزۇقلۇق ئادىتىدە ئۇندىن ياسالغان تاماقلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، بۇ ئەنئەنە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە . بۇ ئەھۋالمۇ سۇ تۇگمىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كەشپىياتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇگمەنچىلىك مەخسۇسلاشقان ھۈنەر ـ كەسىپ بولۇپ ، سۇ تۇگمىنى ئەمەلىيەتتە سۇ ئىلمى ، مېخانىكا ئىلمى ، بىناكارلىق ، دېھقانچىلىق ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ، ئىقتىساد قاتارلىق ئىلىم ـ پەنگە ئالاقىدار بولغان مۇرەككەپ تېخنىكىلىق قۇرۇلما ھې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ساپلىنىدۇ . ئۇ ئېرىق ـ ئۆستەڭ شارقىراتمىلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ . سۇنىڭ كۈچ ـ ئازلىقىغا قاراپ بىر تاشلىق تۈگمەن ، ئىككى تاشلىق تۈگمەن… دەپ ئايرىلىدۇ . بىر تاشلىق تۈگمەن ئېھتىياجلىق بولغان سۇنىڭ مىقدارى بەلگىلىك بولغاچقا ، ئەگەر ئۆستەڭدە ئارتۇق سۇ بولسا تۈگمەن نورىنىڭ يېنىدىكى چۇشۇرگە ئارقىلىق تەڭشەيدۇ . ئادەتتىكى تۈگمەن تۈگمەنخانا (ئۈگۈت تازىلاپ تەييارلىغان دان قويۇش ئۆيى ، ئۇن تارتىشقا كەلگەنلەر ياتىدىغان ئۆي ۋە ئۇن تارتىش ئۆيى قاتارلىق بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ ) ، نور ، تاقاق ، چاق ، تاش ، سۇكەن ، چاناق ، چېقىلدۇرۇق ، خامپا ، ئەلگەك ، قوپارغۇ . . . قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ . تۈگمەنچى بەلگىلىك ھۈنەر ـ تېخنىكىغا ئىگە بولغان كىشى بولۇپ ، ئۇ بەلگىلىك قەرەلدە تاشنى چۇشۇرۇپ چېكىپ تۇرىدۇ . شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ سۈپەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ .

دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، يەرلىك تۈگمەنلەرنىڭ سانى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئازلاپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن خەلق ئاممىسى زاۋۇت ئۇنىغا قارىغاندا تۈگمەن ئۇنىنى ئەتىۋارلايدۇ .

## 23 . جوۋازچىلىق

دولانلارنىڭ جوۋازچىلىقى ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، شەكلى ئاددىي ، تەننەرخى ئەرزان ، مېيى سۈپەتلىك .

جوۋازچىلىق سايمانلىرى : ئاددىيغىنا بىر ئېغىز ئۆي ، گۇندا ، باچكا ، قايچا ، ئوق ، لەنگەر ، بوڭ ، چولۇك ، پوتلا ، بويۇنتۇرۇق ، ياغ ئېلىش قاچىسى ، تېگىق ئۈچۈن ئارقان ، ياغاچ كۆتەكگە ئېلىپ قويىدىغان تاش ، ياغ ساقلاش ئۈچۈن تۇلۇمچىلاپ سويۇلغان تېرە (تۇلۇم ) ، چاۋا (مايلىق كۇنجۈرە يۇڭ قېتىلمىسىدىن ياسالغان كوزا ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، جوۋازنىڭ ئاساسىي سايمانلىرى ياغاچتىن ياسىلىدۇ .

جوۋازنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى : بىر مېتىردىن ئېگىز قۇچاق يەتمەيدىغان كۆتەك ئۆي ئوتتۇرىسىغا بېكىتىلىدۇ . كۆتەكنىڭ ئۈستى كەڭ ، ئاستى تەرەپ تار قىلىنىپ ئويۇق ئويۇلۇپ ئاستىغا ئامۇت ياكى

ئالما ياغىچىدىن ئاغزى كىچىك ، قورسىقى يوغان (تۇكۇرۇك قاچىسى شەكلىدە ) ئويۇلغان باچكا قويۇلىدۇ . كۆتەكنىڭ ئاستىنقى بىر تەرىپى ئويۇلغان بولۇپ ، بۇ ياغ تۆكۈش قويۇش ئورنى ھېسابلىنىدۇ . مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆتەك گوندا دەپ ئاتىلىدۇ . ئاچا شەكلىدە ئۆسكەن قارىغاي ياغىچىدىن قايچا ياساپ گوندىغا ئاچىنى تىرەپ قويىدۇ . ئاچىنىڭ كۆتىكى تەرەپنى ياپىلاق قىلىپ ئوتتۇرىسىغا بىر ئويۇق ئويۇپ ، ئويۇققا قىلچاڭ دەپ ئاتايدىغان ياغاچنى تىك بېكىتىپ ، ئۇنىڭ ئۇچىغا ئېچىلغان تۆشۈككە چۇلۇك ياغاچ ئويمىنى يىپ ئارقان بىلەن تېڭىپ تۇرغۇزۇلىدۇ . ئاندىن ئوق ياغاچنىڭ بىر ئۇچىنى گوندىدىكى باچكىغا ، يۇقىرىقى ئۇچىنى پوتلا ياغاچقا تېڭىپ قويۇلغان ياغاچ ئويما — بۆلەك ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ . بۇنىڭ بىلەن تىك تۇرغان ئوق ياغاچ قايچا (ئاچا) ياغاچنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . گوندىنى ئارىغا ئېلىپ تۇرغان قايچا ئاچىسىنىڭ تاشقى تەرىپىگە بويۇنتۇرۇق بېكىتىلگەن بولۇپ ، بۇنىڭغا ئات ياكى كالا قوشۇلىدۇ (جۇۋازغا كۆپرەك كالا قوشۇلىدۇ) .

ماي چىقىرىش ئۇسۇلى : ماي چۇشىدىغان باچكا ئىچىگە مايلىق دان چۇشۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ، ھەيدەشتىن بۇرۇن قايچا ياغاچتىن كۆتەك تەرىپىگە تاش ئېلىپ قويىدۇ . تاش ئېغىرلىقى بىلەن تىك تۇرغان ئوق ياغاچ قىرىق بەش گرادۇسلۇق يانتۇلۇق ھاسىل قىلىدۇ . كالا ھەيدەلگەندە جۇۋازچى چىگىتنى ئوق ئاستىغا ئىتتىرىدۇ . ئاق تاشنىڭ ئېغىرلىقى بېسىم بىلەن چىگىتنى يانجىيدۇ . چىگىت كونجۇرگە ئايلانغاندا مايلىق دان سېلىنىدۇ . جۇۋاز ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ . ئوق ئاستىدا دان يانجىلىدۇ . دان يانجىلىپ بولغاندا ، چىغ بېسىلىدۇ ، چىغنىڭ يانجىلىش بېسىمى ئارقىلىق داندىن ماي تامىدۇ . دان ۋە چىغ يانجىلىپ بولغاندا گوندا ئىچىدە بىر قاتماللىق پەيدا بولىدۇ . بۇنى جۇۋازچى بوشىتىۋېلىپ پارچىلاپ ، ئايلانما ئوق ئاستىغا باسىدۇ . بۇ چاغدا دەسلەپ جۇۋازچى قولى مايلىشىدۇ . ماي پىشقاندا ، قول قۇرۇقلىشىدۇ . جۇۋازچى بۇنىڭدىن مايىنىڭ ئېلىنىپ بولغانلىقىنى بىلىپ جۇۋازنى توختىتىدۇ .

ماي ئېلىپ ساقلاش ئۇسۇلى : بىر جۇۋاز كونىگە بىر قېتىم ئۇلاغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئالماشتۇرۇش بىلەن 10 ـ 12 كىلوگرام ماي ئالىدۇ . پىشقان ماينى بەزىلەر ئوقنى چىقىرىۋېتىپ باچكىدىن سۈزۈۋالىدۇ . بەزىلەر گۆندا ئاستىدىكى ئويۇقتا قويۇلغان ماي قاچىسىغا ، باچكا ئاستىدىكى ماي چۈشۈش تۆشۈكىدىن چۈشۈرۈپ ئالىدۇ . جۇۋازدا ھەيدەلگەن ماي «پىششىق ماي» دېيىلىپ ، ئاسانلىقچە بۇزۇلۇپ قالمايدۇ . جۇۋاز ھەم كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولغان ياغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ ، ھەم ھايۋانلارنى بورداش ئۈچۈن قۇۋۋەتلىك يەم ـ خەشەك بولغان كۈنجۈرە تەييارلايدۇ .

جۇۋازغا قاتىدىغان چارپايلار كەچكىچە جۇۋاز ئوقىنى مەركەز قىلىپ ، بۇ يولدا ئايلىنىۋېرىدىغان بولغاچقا ، ئادەتتە ئۇنىڭ كۆزىنى لاتا بىلەن باغلاپ قويىدۇ .

## 24 . تاقىچىلىق

تاقىچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ئاتنى قولغا كۆندۈرۈش دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى «ئات يۈكنى كۆتۈرىدۇ ، تاقا ئاتنى كۆتۈرىدۇ» دېگەن ماقال بۇنىڭ دەلىلى . بولۇپمۇ قاتناش ، سودا ترانسپورتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى تاقىچىلىق كەسپىنى يولغا قو- يۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى بولدى . شۇنىڭ بىلەن تاقىچىلىق بىر خىل كەسىپكە ئايلىنىپ تۆمۈرچىلىكتىن ئايرىلىپ چىقتى .

تاقىچىلىقنىڭ سايمىنى ئاساسەن ، ئوچاق ، كۆرۈك ، قىسقاچ ، بولقا ، بازغان ، سەندەل ، قەلەم ، سۇنبە ـ سىمتىراچ ، ئاتنىڭ تاقىسى- نى شىلىدىغان ئۇستىرا ، دار ، ئارغامچا قاتارلىقلار . ئۇلار مۇشۇ سايمانلار بىلەن تاقا ياسايدۇ ۋە ئات ـ ئۇلاغ تاقىلايدۇ .

ياسىلىشى : تۆمۈر ئۆلچەملىك كېسىلىپ ، قىزىتىلىپ ئىككى بېشىغا زەي (مىخ ئورنى) تارتىلىپ ، يەنە بىر تەرىپىگە ئۈچتىن تۆشۈك ئېچىپ تاقىنى ئېگىدۇ . تۆمۈرنى قىزىتىپ ئۈچىنى ئۈچلۈق قىلىپ سوزۇپ كېسىپ ، قېلىپقا سېلىپ ، بىر تەرىپىگە باش چىقى- رىپ تاقا مىخى ياسايدۇ .

تاقا قېقىش : ئۈچ تال ياغاچتىن ياسالغان دار ئىچىگە ئاتنى ئۈزۈنىغا تۇرغۇزۇپ ، ئارقان بىلەن قولتۇق ۋە تېقىم ئارىلىقىدىن

دارغا باغلاپ ، ئارقان ئۇچىنى دار قوزۇقىغا باغلاپ قويىدۇ . ئاندىن تاقىلايدىغان پۇتىنىڭ تۇياق ئۇستىدىن ئارقان بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ، سوتىراچ بىلەن تۇياقنى ياساپ تاقىنى قويۇپ مىخلاپ ، تۇياق چۆرىسىنى تاقا يۈزىگە جىپسىلاپ ياسايدۇ .

ئۇيغۇر دولان تاقىچىلىرى يالغۇزلا تاقا ياساش ، تاقىلاش بىلەن بولماي ، بەلكى هايۋانات دوختۇرلۇقىنى بىللە ئېلىپ بارىدۇ . مەسىلەن ، ئۇلاغلاردا بولىدىغان چاشقان يارىسى ، ئالىقاراق ، تۇياق يېرىلىش ، يىرىڭداش ، هەرخىل سۇلۇق يېغىر ، جۆجەي ۋە باشقا جاراهەتلەر ، ئۆسمىلەرنى يەرلىك ئۇسۇل ، يەرلىك دورىلار بىلەن داۋالايدۇ ۋە ئوپېراتسىيە قىلىدۇ .

## 25 . سەرراچلىق

ئۇيغۇر دولان قول هۈنەرۋەنچىلىكى ئىچىدە سەرراچلىق كەسپى ئالاهىدە ئورۇندا تۇرىدۇ . سەرراچلار ئېگەر ، جابدۇق ، هارۋا جابدۇقى ، ئات ، تۆگە ، قېچىر ، ئېشەكلەرنىڭ توقۇم ـ مۆلىسى ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق جابدۇقلارنى ياسايدۇ .

سەرراچلىقنىڭ مەهسۇلات تۈرى كۆپ ۋە خىلمۇخىل بولىدۇ . مەسىلەن ، ئۇيغۇر دولان سەرراچلىرى ئۇيغۇر قۇش باشلىق قەدىمكى ئېگەر ، موڭغۇلچە ئېگەر ، قازاقچە ئېگەر ، قىرغىزچە ئېگەر ، رۇسچە ئېگەر ، هەربىيچە ئېگەر ، خەنزۇچە ئېگەر قاتارلىق ئېگەرلەرنى ۋە تۆت ئاتلىق هارۋا جابدۇقى ، قوش ئاتلىق هارۋا جابدۇقى ، يارىيار ، خادىك ، كالا هارۋىسى ، ئېشەك هارۋىسى جابدۇقلىرىنى ياسايدۇ . سەرراچلار هۈنەرگە كامىل ، قولى چېۋەر بولىدۇ . ئۇلار ، قۇش باشلىق ئېگەرنى ياساشتا ، ئېگەرنىڭ قاپىقى (ئىككى يېنى ) ، سوڭ (ئارقىسى ) ، ئۈستى كىرەشمىسى (ئىككى قاپىقىنى چېتىپ تۇرىدىغان ) ۋە قۇشنىڭ بېشىنى ئايرىم ياسايدۇ . بۇلارنى ياسىغاندا قۇش بېشىنى ئورۇپ ـ يانجىپ قاپىا ـ سوڭغا يار يېلىم سۈركەپ ، ئۈستىگە يانجىلغان پەيىنى چاپلاپ ئۈستىدىن يەنە يار يېلىم بېرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن قاپىا ۋە سوڭنىڭ چىداملىقلىقى هەسسىلەپ ئاشىدۇ . قۇش بېشى بىلەن كىرەشمىمۇ شۇ خىلدا چىڭىتىلىپ ، بېرىلگەن يېلىم ئۈستىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكتىپ www.uyghurkitap.com



قاتمۇقات ماتا ئوراپ ھەر قاتقا يار يېلىم بېرىلىدۇ. ئورالغان ماتا بىلەن ئېگەر تەكشىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىنى گۈللۈك رەخت ياكى گىلەم بىلەن زىننەتلەيدۇ. بەزى ئېگەرلەرگە تۆچ، كۈمۈش، مىستىن نەقىش قويىدۇ.

ئۇيغۇر دولان سەرراپچىلىرىنىڭ نوختا تۇگۇش، يۇگەن ياساش، يۇگەن نەقىشلەش، قامچا ئۆرۈش، رەڭدار پۆپۈك ياساش، قامۇت، جونبۇ ـ جاۋەن قاتارلىقلارنى ياساش ماھارىتىمۇ ئۈستۈن. بۇ خىل جابدۇقلار ھازىرقى زامان ئۆچۈن ئەنئەنىۋى زىننەت بۇيۇملىرى قاتارىدا ئەتىۋارلىنىدۇ.

## 26. تۆمۈرچىلىك ۋە مىسكەرچىلىك

ئۇيغۇر خەلقىدىكى تۆمۈرچىلىكنىڭ تۈرى كۆپ، تارىخى ئۇزۇن. ئۇيغۇر دولانلىرى تۆمۈرچىلىكنى ئاق ئىش، قارا ئىش دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. پىچاقچىلىق، ئۈستىرا، قىلىچ، قايچا، قىڭراق، رەندە تىغى، ھەرە تىغى، ئىسكىنە، ئۆشكە، كەكە، پالتا، ئېكەك، دەرىش، قۇلۇپ، قاغىتۇمشۇق، ئىشىك زەنجىرى، ئوق مىلتىقى، تۇنىكىسازلىق، مىسكەرلىك، زەرگەرلىك ئەسۋابلىرى قاتارلىق بىر يۈز ئون ئۈچ خىلدىن ئارتۇق ھۈنەر تۆمۈرچىلىكنىڭ ئاق ئىش تۈرىگە كىرىدۇ.

كەتمەن، كۈرەك، ئورغاق، بولقا، بازغان، لوم، ئات تاقىسى، ناھال، مىخ، قاماق (ماخاڭ)، كويزا ـ كىشەن، قاپقان، چوڭ دەرۋازا زەنجىرى، ھالقا، ھالقا ـ مەپە، ئات ئېگەر ـ جابدۇق، ھارۋا جابدۇق، تۈگمەن، جوۋاز، سوقما، توسما، قورۇلۇش سايمانلىرى قاتارلىق بىر يۈز ئاتمىش خىلدىن ئارتۇق ھۈنەر قارا ئىش تۈرىگە كىرىدۇ. يەنە ئۇيغۇرلاردا مەزكۇر ئىشلارنىڭ كەسىپ ئايرىمىسى بولىدۇ. پىچاقچىلىق، كەتمەنچىلىك، قۇلۇپسازلىق، تۇنىكىسازلىق، مىسكەرلىك، تاقىچىلىق قاتارلىقلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم ھۈنەر ـ كەسىپ بولۇپ، ئۇلار يەنە ئۆز سەنئىتىنى جارى قىلدۇرۇش يولىدا باشقا كەسىپلەرنى قوشۇمچە ئىشلەيدۇ.

يۇقىرىقى كەسىپلەرنىڭ ئايرىمىسى بولسىمۇ، ئىشلىتىش سايمان-

لىرى ئوخشاش بولىدۇ . مەسلەن ، ئوچاق ، كۆمۈر ، كۆرۈك ، بولقا ، بازغان ، سەندەل ، قايچا ، قىسقۇچ ، ئېكەك ، داغمال ، تۆمۈر ئۇشكە ، كەپشەر ، دانىكا ، سەركول قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

ئۇيغۇر دولانلىرى تۆمۈر بىلەن ئىشلىنىدىغان ھەرقايسى ھۈنەر- لەرگە ماھىر بولۇپلا قالماستىن ، تۆمۈرنى تۆمۈرگە ، پولاتنى تۆمۈرگە قوشۇپ كەپشەرلەشكە ماھىر ، ئۇلار تىغ قاتارلىقلارنىڭ دەستىسىنى تۆمۈردىن ، تىغنى پولاتتىن ياسايدۇ . يەنى كېسىلىدىغان تىغ تەرىپىگە پولات باغلايدۇ . ئۇيغۇر دولان تۆمۈرچىلىرى ھەرقانداق ئەسۋاب ياسى- غاندا كۆز چېنى — مۆلچەر بىلەن ياسايدۇ ، قېلىپ ، ئەندىزە ئىشلەت- مەيدۇ . ئۇيغۇر دولان ئۇستىلار تۆمۈرچىلىكتىن ئىبارەت بۇ كەسىپكە ئەزەلدىن توغراق ، قارىغاي كۆمۈرلىرى ئىشلىتىدۇ (ھازىر كوكس ئىشلىتىش رەسمىيلەشتى ) .

## 27 . ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا

ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە يۈز ـ قول يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئائىلە سايمىنى . ئاپتۇۋا ئۇزۇن ئىنچىكە جۈمەكلىك ، قورساقلىق ، بوغۇزى تار بولىدۇ . چىلاپچا يۈز ـ قولنى يۇغاندا يۈندى ئېقىپ چۈشىدىغان قاچا بولۇپ ، يېيىقلىق ئاغزى بولى- دۇ . ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا مىس ياكى تۈچتىن ياسالغان بولۇپ ، ئىچى قەلەيلەنگەن ، سىرتى چىرايلىق نەقىشلەنگەن بولۇپ ، دات باسمايدۇ . بۇ ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ سەنئىتىنى نامايان قىلىدۇ .

ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا ھەر ئائىلىدە ھازىرلانغان بولىدۇ . ئۇيغۇر دولان ئائىلىلىرىدە ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا بىلەن مېھمانغا سۇ بېرىلىدۇ . سۇ بەرگۈچىنىڭ قولىدا لۆڭگە بولىدۇ . قول يۇغۇچىلار قولنى ئۈچ قېتىملا يۇيىدۇ . يۇيۇلغان قول لۆڭگىگە سۈرتۈلىدۇ . يۇيۇلغان قولنى لۆڭگىگە سۈرتمەستىن ، قولنى سىلكىش ئۇيغۇر دولان خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس . يۈز ـ قولنى يۇيغاندا ، سۇنى ئېقىتىپ يۇيۇش ، تازىلىق تەلىپىگە تولىمۇ ئۇيغۇن . بەزى ئائىلىلەر ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىنى زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئۆينىڭ تەكچىلىرىگە تىزىپ قويىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 28 . موزدوزلۇق

ئاسىيانىڭ قۇرغاق ھاۋا شارائىتىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئىنتايىن جاپالىق بولغان ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، ئات ، كالا ، تۆگە ، قوتاز ، قوي قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىشنى بىلگەن . يەنى ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېگەندىن سىرت ، تېرىسىدىن ئاياغ كىيىمى ئىشلەشنى ئىجاد قىلغان . لېكىن بىز ئۇيغۇر خەلقىدە موزدوزلۇق كەسپىنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقىنى بىلمەيمىز . بىراق ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىن قېزىۋېلىنغان ئىپتىدائىي قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان ئۆتۈك ئەۋرىشكىلىرىگە ۋە بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ، ئۇيغۇر موزدوزچىلىقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى مەلۇم . دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن موزدوزلۇق كەسپى ئەنە شۇ نەچچە مىڭ يىللىق تەجرىبىنىڭ بېيىتمىسى دېيىشكە بولىدۇ .

ھازىر ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سەپەر (كارۋانچە ) ئۆتۈكى ، ھالقا ئۆتۈك ، پەس پاشنا ، ئارا پاشنا ، ئېگىز پاشنا ئۆتۈك ، تۈز مەسە ، توغرا تۇمشۇق مەسە ، بۇغداي تۇمشۇق مەسە ، ئىسگىلاچ مەسە ، ئەرەنچە مەسە ، ھالقا كەش ، سەندەل ۋە يېڭى پاسوندىكى ھەرخىل بەتىنكە قاتارلىقلار بار .

ئۇيغۇرلار ئاياغ كىيىمنى ئات - كالا تېرىسىدىن تىكىدۇ . ئۆچكە ، قوي تېرىسىنى ئەستەرلىككە ئىشلىتىدۇ . ئۇيغۇرلار ئاياغ رەختىنى كۆن ، خۇرۇم ، چەم ، ئۇلتاڭ ، بېشۇ ، مەسكاپ ، چىگىرىن دەپ بىر- بىرىدىن پەرقلەندۈرىدۇ . كۆن ، خۇرۇملار قارا ، قىزىل رەڭدە ، ئەستەرلىكلەر ئاق ، سېرىق رەڭدە بولىدۇ . بۇ خىل رەختلەرنى يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئۆزلىرى ئىشلەيدۇ .

موزدوزلۇق ئەسۋابلىرى : كۆن ، خۇرۇم ۋە چەم كېسىش پىچىقى ، چوڭ - كىچىك دەرەش (بىگىز ) ، يىپ - يىڭنە ، كوۋا (رەخت تۈزەش سايمىنى ) ، پەرداز كالتىكى ، ئاق - قارا موم ، سىرەج ، قارا گۈل ، ئەندىزە ۋە قېلىپلاردىن ئىبارەت .

راسلاش ۋە تىكىش ئۇسۇلى : موزدوزلۇق كەسپىدە ئەندىزە ۋە

قېلىپ ئاساسىي ئورنىدا تۇرىدۇ. ئاياغنىڭ باشلىق ۋە قونچى ئەندىزە بىلەن كېسىلىدۇ. باشلىقنىڭ باشماڭداقتا ئوخشاش تىلى قونچىنىڭ ئويۇلغان يېرىگە كىرگۈزۈلۈپ بىخ سالىدۇ (ماشىنا سالىدۇ)، ئاندىن چەمدىن تاسما تىكىپ تاش چەمنى شۇ تاسما بىلەن قوشۇپ تىكىدۇ ياكى ياغاچ مىخ بىلەن مىخلايدۇ. پاشنا قويۇپ قېلىپقا تارتىپ پەرداز-لايدۇ. قېلىپتىن ئېلىپ لازىم قىلىدۇ.

كارۋانچە (بۇ ئۆتۈك قىزىل كۆندىن تىكىلىدۇ) ئۆتۈك قېلىپقا سېلىنماي ئەتۈر ئۆرۈپ تىكىلىپ ئاندىن ئۆرۈيدۇ، باشقا خىلدىكى ئۆتۈكلەردەك قاتۇرما قىلىنمايدۇ. بۇ ئاياغلارنىڭ ھەممىسى ئەرەنچە ۋە ئايالچە دەپ ئايرىلىپ، نۇسخا جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

موزدۇزلۇق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ كەڭ تارقالغان ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ كەسىپ بولۇپ، ھەربىر يۇرتتا بۇ ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىدى-غان كاسىپلار بار. ئۇيغۇر يەر ـ جايناملىرى ئىچىدە «موزدۇز مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدىغان يۇرت ـ مەھەللىلەرنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

## 29. دوغاپ ۋە جۇلاپ

ئۇيغۇرلار ياز ۋە تومۇز كۈنلىرى (بەزىلەر قىش، ياز) سوغۇق ئىچىملىك ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ خىل ئىچىملىكلەرنىڭ تۈرى كۆپ، تەييارلىنىشى خىلمۇخىل بولىدۇ.

دولان خەلقىدە ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بۇ ئادەت تەرەققىي قىلىپ كەسىپكە ئايلانغان. جۈملىدىن ئەتىيازدىن كەچ كۈز-گىچە شەھەر، يېزا ـ بازارلىرى، ھەرقايسى دوقمۇشلاردا دوغاپ، جۇلاپ ۋە چۆلە قاتارلىق سوغۇق ئىچىملىك ساتقۇچىلارنى كۆرىسىز.

سوغۇق ئىچىملىك تەييارلاش ئۇسۇلى:

جايلاردا مۇزچىلار ۋە مۇزخانىلار بولىدۇ. مۇزچىلار ھەر يىلى 1 ـ ئايدا دەريا ـ كۆللەرنىڭ قېلىن مۇزلىغان پاكىز مۇزلىرىنى تۆت چاسا قىلىپ چاناپ ئېلىپ گەمە، مۇزخانىلاردا شامال ئۆتۈشمەيدىغان قىلىپ ساقلايدۇ.

ھەر يىلى 4 ـ، 5 ـ ئايلاردا شەھەر، يېزا كوچا دوقمۇشلىرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆپكۆك (نىل رەڭ) سايۋەن تارتىلىپ، شىرە - ئورۇندۇقلار قويۇلۇپ ئەتراپى پاكىز سۈپۈرۈلۈپ، سۇ سېپىلىدۇ. دوغاپ، جۇلاپ، ماروژنى ساتقۇچىلار مۇز، قېتىق، سۈت، سۈزمە، قىيام، شېكەر سېتىۋالىدۇ ۋە شىرە ئۈستىگە 10 — 20 لېگەن - شېشىلەردە قىيامنى تىزىپ، بىر يانغا قېتىق، ئوتتۇرىغا مۇز، يەنە بىر يانغا سۇ تۇڭىنى توختىتىپ تىجارەت باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇز چوقۇش، مۇزغا قېتىق، سۈزمىلەرنى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇشى ئۆزگىچە بولۇپ، قېتىق بىلەن مۇز تاۋاقتىن 10 — 15 سانتىمېتىر ئۆرلەپ كۆپۈك چىقىدۇ. ئاندىن ئازراق سوغۇق سۇ قويىدۇ. خالىغۇچىلارغا قىيام ئارىلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ خىل دوغاپ ئۆزگىچە تەمگە ئىگە بولۇپ، ئىچىشلىك بولىدۇ. جۇلاپنى چوقۇلغان مۇز ئۈستىگە قىيام قويۇپ ئازراق سۇ قويۇپ تەڭشەپ بېرىدۇ. دوغاپنىڭ يەنە بىر خىلى بولۇپ، «ساراڭ دوغ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ قېتىق (سۈزمە) قا بىر - ئىككى قوشۇق قىيام قويۇپ، مۇز بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. تەمى چۈچۈمەل بولۇپ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ.

چۆلە: چۆلە ساتقۇچىلار ھەرىسلى كۆزدە خۇۋەينە ئۇرۇقىنى (بۇ خىل ئۆرۈك يوغان، گۆشلۈك ۋە تاتلىق، شىرنىلىك بولىدۇ) تاللىۋالىدۇ. ئەتىياز كىرىش بىلەن گۆلىنى سوغۇق سۇدا يۇيۇپ تازىلاپ، قايناق سۇغا چىلاپ ئىككى - ئۈچ سائەت قويۇپ قويىدۇ. گۆلە ئېسىلىپ توقچاق شاپتۇلدەك بولىدۇ. ئۇنىڭغا شاپتۇل قېقى، چىلاندىن ئازراق سېلىۋېتىدۇ. بۇنىڭدا تەمى ئېخىمۇ ياخشى بولۇش بىلەن تەبىئىتى مۆتىدىللىشىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇسسۇغاندا بۇنىڭدىن بىرقانچە تال گۆلە بىلەن بىر تاۋاق سۈيىنى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ. يەنە ئۇيغۇرلار سۈتنى شېكەر بىلەن قايىنىتىپ مۇز سۈيىگە چىلاپ قويۇپ سوۋۇتۇپ ئىچىدۇ. بەزىلەر مۇز سۈيىنى ئىچىدۇ. بازار كوچىلىرىدە چېلەككە مۇز سۈيى ئېلىپ قېتىق ئارىلاشتۇرۇپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، كۆرۈشكىدا كەملەپ ساتىدىغانلارمۇ بار.

ئۇيغۇر دولانلىرى ماروژنى (يەرلىك تىلدا «مەرەجە» دېيىلىدۇ) نى ھەرخىل ئېتىدۇ، ئۇلارنىڭ مىللىي ئۇستىلار ياسىغان ماروژنى ياساش سايمىنى بار. مىستىن ياسالغان تۇڭ ئىچىگە شېكەر بىلەن

پىشۇرۇلغان سۈتنى قۇيىدۇ . تۈگنىڭ سىرتقى تەرىپىگە تۈز ئارىلاشتۇ-
رۇغان مۇز قاچىلاپ ، تۈگنىڭ ئايلاندۇرغۇچ رولىنى ئوڭ قول بىلەن
ئايلاندۇرىدۇ . سول قولدىكى پالاق سۈت ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ ،
تۈگ ئايلىنىپ سىرتتىكى مۇزنىڭ سوغۇق تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ
قىراۋ باغلايدۇ . ئۇلار يەنە قايماق سالغان ، تۇخۇم ئېقى ، مەخسۇس
تۇخۇم سېرىقى سالغان ، ئاق ماي ، سېرىق ماي ئارىلاشتۇرغان ماروژ-
نىلارنى ياسايدۇ .

## 30 . چالغۇ ئەسۋابلار

ئۇيغۇر دولانلىرى قەدىمدىن باشلاپ ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكى-
غا ماھىر خەلق . ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا ئۇلارنىڭ كۈندىلىك
ھاياتى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر دولانلىرى
ئارىسىدا بىرەر خىل مۇزىكا چېلىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئاز ئۇچ-
رايدۇ . خەلق ئارىسىدا ھەتتا مۇزىكا چېلىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەرمۇ
ئۆيىنىڭ تۆرىگە بىرەر چالغۇ ئەسۋابىنى ئېسىپ قويۇش بىر خىل
ئادەتكە ئايلانغان .

ئۇيغۇرلار باشقا قېرىنداش تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق
ئولتۇراق تۇرمۇش ھالىتىگە كۆچكەن . بۇنداق تۇرمۇش مۇھىتى ئۇلا-
رنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىغا ۋە سەنئەت پسىخىكىسىغا چوڭقۇر تەسىر
كۆرسىتىپ ، ئۇيغۇر مۇزىكا كۈيلىرىنىڭ كۆپ ئۇدارلىق ، مۇرەككەپ
قۇرۇلمىلىق خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ مەش-
رەپ- مۇقاملىرى ، ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى — «ئون
ئىككى مۇقام» نىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي مەنبە ـ ئېقىنلىرىدىن بىرى
بولۇش سۈپىتىدە شەكلى خىلمۇخىل ، قويۇق مىللىي ۋە يەرلىك
پۇراققا ئىگە بولۇپ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا خەزىنىسى ئىچىدە
قېلىپلاشقان ۋە يۇرۇشلەشكەن خەلق مۇقاملىرى ، خەلق ناخشىلىرى ،
مەشرەپ ۋە سەنەم- ئەلنەغمىلىرىنىڭ گۈلتاجىسى ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنى ئورۇنلاشتا
خاس ئىشلىتىدىغان قەدىمكى ئەنئەنىۋى چالغۇلىرىدىن ھازىرغىچە ساق-
لىنىپ قالغان ۋە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقانلىرى تۆۋەندىكىچە :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دولان راۋابى دولان راۋابىنىڭ دەستىسىگە ئادەتتە پەدە باغلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ سىرىپ چېلىشقا ناھايىتى ئەپچىل، ئۇنىڭ بىلەن بەزىبىر ئالاھىدە مىللىي پۇراقلارنى ياخشى گەۋدىلەندۇرگىلى بولىدىغان، كەڭ تۇردە چېلىنىدىغان ئۆزگىچە بىر خىل چالغۇ ئەسۋاب. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 82 سانتىمېتىر، دەستىسىگە پەدە باغلانمىغان، تارىسى 11 تال، دەستىسىنىڭ ئۇچىغا ئۈچ تال تار تارتىلغان، بۇ ئاساسىي تار، قالغانلىرى قوشۇمچە تار بولۇپ، ئەكس سادا قايتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئاساسلىق تارلىرى ئۈچەي، قوشۇمچە تارلىرى سىم تاردىن ئىبارەت. راۋابنىڭ باش قىسمىدىن سەل يۇقىرىراق ئورۇنغا ئالاھىدە نەقىش قويۇلغان قىسقا ئىككى مۈڭگۈز ئورنىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى قۇمۇل رايونىدا بىر خىل قۇمۇل راۋابى ساقلانغان. ئۇنىڭ شەكلىمۇ دولان راۋابىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

قالۇن قالۇنمۇ قەدىمكى دولان چالغۇلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئادەتتە ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. ئاۋاز ساندۇقى پەلەمپەي شەكلىدە بولۇپ، ئالدى تار، كەينى كەڭرەك، سول تەرىپى ئەگمە، ئوڭ تەرىپى تۈز بولىدۇ. قالۇننىڭ 16، 18 ۋە 24 تارلىق شەكىللىرى بار، ھەربىر تارىسى جۈپ سىم قىلىنىپ، بىر تەبىئىي ئاھاڭغا تەڭشىلىدۇ ۋە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ تەبىئىي ئاۋاز باسقۇچلىرى رېتى بويىچە تىزىلغان. ئۇ دولان مۇقاملىرىنىڭ مۇھىم تەڭكەش قىلغۇچى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئاساسەن تۈز ياتقۇزۇلۇپ، ئوڭ قولنىڭ باش، كۆرسەتكۈچ ۋە ئوتتۇرانچى بارماقلىرى بىلەن سىمنى ئىلىش، سول قولدا پەدە باسقۇچ (گوشتاپ) ئارقىلىق سىمنى بېسىش ۋە سىيرىش ئۇسۇلى بىلەن چېلىنىدۇ. ئاۋازى يېقىملىق ۋە تېيىلما ئاھاڭلارغا باي بولۇپ، پەۋقۇلئاددە تەۋرىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

دولان قىل غېجىكى دولان قىل غېجىكىنىڭ قاچان، كىم تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنىپ ياسالغانلىقى ھەققىدە ئېنىق يازما ماتېرىيال يوق. قەدىمكى زاماندا دولان مۇقام ئەلنەغمىچىلىرى يۇلغۇن كۆتىكىنى چىرايلىق ياساپ، ئۇنىڭ ئىچىنى سىلىق ئويۇپ، ئۆۋلىغان ھايۋان تېرىسىنى يۈزىگە كېرىپ، يەتتە تال قۇلاق تىكىپ، ئاتنىڭ قۇيرۇق قىلىدىن كېسىپ تار سېلىپ غېجەك ياسىغان. ئاتنىڭ قۇيرۇق قىلىد-

دىن كامانچە ياساپ قىلنى قىلغا سۈركەپ چالغان . بۇنىڭ ئاۋازى
ناھايىتى مۇڭلۇق چىقىدۇ .
ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ، كىشىلەر بىر - بىرىدىن چىرايلىق
ھەم ئاۋازلىق قىلىپ ياسىغان . شۇنىڭ بىلەن خەلق ئورتاق ئىختىراپ
قىلغان دولان قىل غېجەكى پەيدا بولۇپ ، خەلق ئاممىسى ئىچىگە
تارالغان .
كېيىن بۇنىڭغا ئات قىل تارىسىدىن باشقا 9 - 11 گىچە قوللاق
بېكىتىلىپ ، پولات سىم سېلىنىپ ئاۋاز قىسمى بېيىتىلگەن . لېكىن
ئاساسلىق چالىدىغان تارىسى ئات قىلىدىن بولۇپ قالغان . پولات
تارىلار ئاۋازنى ياڭرىتىپ كۆتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ . دولان قىل
غېجەكى يۇلغۇندىن ياكى جىغان ياغىچىدىن ياسىلىدۇ . ئەگەر ، باشقا
ياغاچلاردىن ياسالسا چىداملىقى ياخشى بولماي ، غېجەك باش قىسمى
بىلەن دەستە قىسمى ئاسانلا ئاجراپ كېتىدۇ . شۇڭا ، دولان قىل
غېجەكنى ياسىغاندا ياغاچ ماتېرىياللارنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش
كېرەك . باش قىسمىنىڭ يۈزلۈكى (قارنى ) ئېشەك ساغرا تېرىسىدىن
ياكى كالا تېرىسىدىن كېرىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ . دولان قىل غېجەكە-
نىڭ پەدىسى بولمايدۇ . پەدە بېسىشتا كۆپىنچە چالغۇچىلار ئۆزىنىڭ
مۇزىكا سېزىمى ۋە مۇقاملارنىڭ باشلىنىش كوي ئاھاڭىغا قاراپ بېكى-
تىدۇ . بارماقنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە باسقاندا ياكى تۆۋەندىن يۇقىرىغا
باسقاندا بوم ، بوش ئاۋاز ، زىل ، يۇقىرى ئاۋاز چىقىدۇ . بۇ ئاۋازلار
بەزىدە ئۇنداق تۇراقلىقمۇ بولمايدۇ . بۇمۇ يەنىلا چالغۇچىلارنىڭ ئاھاڭ
ئىگىلىشىگە باغلىق بولىدۇ . شۇڭا ، دولان قىل غېجەكنى تۈزۈش
ۋە چېلىش ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابى غېجەككە قارىغاندا بىرقەدەر مۇرەك-
كەپ ۋە تەسرەك .
**ناغرا** ئۇرۇپ چالىدىغان سوقما چالغۇ ئەسۋابى . ناغرا تۆمۈر-
دىن ، ئۈستى كەڭ ، ئاستى تار قىلىپ ياسىلىدۇ . يۈزلۈكى قوي ياكى
ئېشەك تېرىسىدىن كېرىلىدۇ . ناغرىنىڭ بەل قىسمىدىكى ئىككى تە-
رەپتە بىردىن ئىككى تۇتقۇچ ھالقىسى بار . چوڭ - كىچىكلىكى
ئوخشاش ئەمەس . چوڭلىرىنىڭ يۈزىنىڭ چوڭلۇقى 28 سانتىمېتىر ،
كىچىكلىرىنىڭ يۈزىنىڭ چوڭلۇقى 20 سانتىمېتىرچە كېلىدۇ . ناغرا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەرگە قويۇلۇپ، ناغرا چوكىسى بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ. ناغرا ھەمىشە دېگۇدەك سۇناي بىلەن بىرلىكتە چېلىنىدۇ ۋە تۈرلۈك مۇراسىم، ئەنئەنىۋى ھېيت- ئايەملەردە چېلىنىدۇ ياكى ناخشا - ئۇسسۇللارغا تەڭكەش قىلىنىدۇ.

بۇرغا بۇرغا — پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ بولۇپ، ئاۋازى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، جەڭ ۋە ئوۋ ئوۋلاشتا چېلىنىدىغان چالغۇ ئىدى. ئۇ دەسلەپتە كالا ۋە ئۆچكە مۈڭگۈزىدىن ياسالغان. ئۇزۇنلۇقى 20 — 30 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە، يېرىم ئەگمە شەكىلدە بولىدۇ. ئۇچىدا بىر دانە پۈۋلەش تۆشۈكى بولۇپ، يوغان ئۇچى كېسىۋېتىلىپ كاناي شەكلىدە ئېچى ئويۇلۇپ ياسىلىدۇ، بارماق تۆشۈكلىرى بولمايدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، بۇرغا يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىلا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. ئەڭ بۇرۇن قەدىمكى زاماندىكى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان بەش خۇ ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلغان.

نەي نەي — ئەڭ قەدىمكى نەي ھايۋانلارنىڭ سۆڭىكىدىن ياسالغان ئىككى ۋە ئۈچ تۆشۈكلۈك نەي بولۇپ، ئۇ، تۇرك ۋە ھون چارۋىچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قورالى (مال ھەيدەيدىغان قامچىسىنىڭ دەستىسى) ۋە چالغۇ ئەسۋابى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. كېيىنچە، ئۇ قومۇشتىن ياسىلىدىغان بولغان. ھازىر بىز ئىشلىتىۋاتقانلىرىمىز بامبۇك قومۇشى ۋە مېتالدىن ياسالغان ئىككى خىل نەيدۇر. نەينىڭ ئۇزۇنلۇقى ھەرخىل بولۇپ، سۆڭەكتىن ياسالغانلىرى 20 سانتىمېتىر، قومۇشتىن ياسالغانلىرى 40 — 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

ئۇ، يانتۇ تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدىغان ئەسۋاب بولۇپ (بەزىلىرى تىك تۇتۇلۇپ بىر ئۇچىدىن پۈۋلەپ چېلىنىدۇ)، ئۈستىدە كۆپلىگەن ئاۋاز تۆشۈكلىرى بولىدۇ. بارماقلار بىلەن ئاۋاز تۆشۈكلىرىنى تولۇق ۋە يېرىم ئېتىش ئارقىلىق خىلمۇخىل پۈتۈن ۋە يېرىم ئاھاڭلارغا چېلىشقا بولىدۇ. ھازىر ياسالغان بىر قىسىم نەيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سۇنئىي ئۇلاش بوغۇمى قويۇلغان بولۇپ، تارتىپ چىقىرىش ۋە كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئاھاڭ يۇقىرىلىقىنى خالىغانچە تەڭشىگىلى بولىدۇ.

ئۇ ئاۋازى يۇقىرى ، جاراڭلىق ، ئاۋاز دائىرىسى كەڭ ، ئاۋاز تۇسى مۇڭلۇق قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ ، كۆپىنچە يالغۇز ئورۇنلىنىدۇ . مۇزىكا ئوركېستىرىدىمۇ شوخ ، تېتىك بولغان يۇقىرى ئاۋاز قىسىملىرىدا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ . ئادەتتىكى نەيىنىڭ سەككىز تۆشۈكى بولىدۇ .

خوتەنلىك ئاتاقلىق تارىخشۇناس ، مۇزىكشۇناس موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ 1854 ـ يىللىرى يازغان تارىخنامە- سى «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى ) دېگەن كىتابىدا ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى X ئەسىردە ياشىغان جەمشىت پادشاھنىڭ خاند- شى مەلىكە دىلسۇز ئىجاد قىلغان ، دەپ رىۋايەت قىلىنغان . كۇچا «قىزىل مىڭئۆي» تام رەسىملىرى ۋە تۇرپان «بېزەكلىك» تام رە- سىملىرىدە نەيىنىڭ رەسىمى سىزىلغان . دېمەك ، يۇقىرىقىلاردىن نەي- نىڭ كەم دېگەندە ئۈچ مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ .

داپ   داپ — دۇمباق تىپىدىكى تەرەققىي قىلغان سوقما چالغۇ- لارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئاۋازى جۇشقۇن ، ئۆزى يەڭگىل ، ئىشلىتىشكە ئەپچىل قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . ئۇ قول بارماقلىرى بىلەن ئورۇپ چېلىنىدىغان ، ئۇيغۇر دولان مەشرەپىدە كەم بولسا بولمايدىغان چالغۇ ھېسابلىنىدۇ . بەزى كلاسسىك ئۇسسۇل ۋە مەشرەپلەر يالغۇز داپ بىلەنلا ئورۇندىلىدۇ .

داپنىڭ گەردىشى ئاساسەن ئۇجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ . يۇزلۇ- كىگە ئات ، ئۆچكە تېرىلىرى كېرىلىدۇ . گەردىشى ئىچىگە نۇرغۇنلى- غان ئۇششاق تۆمۈر ھالقىلار ئېسىلىدۇ ، ئۇلار داپ چېلىنغاندا شىلد- دىرلىغان قوشۇمچە ئاۋازلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ . داپنىڭ تۈرلىرى چوڭ ـ كىچىك ھەرخىل بولىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىمۇ ئوخشاشمايدۇ . دولان مەشرەپ دېپىنىڭ دىئامېتىرى 25 — 30 سانت- تىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ .

قوشۇق   قوشۇقمۇ دولان مەشرىپى ۋە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان سوقما چالغۇلارنىڭ بىرى . ئۇ بۇرۇنقى دەۋرلەردە قوشۇققا ئانچە ئوخشاشمىغان شەكىلدە ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان بىر

www.uyghurkitap.com



خىل چالغۇ ئىكەن . كېيىنچە كىشىلەر ئارىسىدا بۇنداق سايمان بولمىغاچقا ، ئادەتتە تاماق يېيىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قوشۇق ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن . شۇنىڭ بىلەن بۇ چالغۇ «قوشۇق» دەپ ئاتالغان . هازىر ئىشلىتىلىۋاتقان قوشۇقلارمۇ شەكىل جەھەتتە تاماق قوشۇقلىرىغا ئوخشىتىلىپ ياغاچتىن ئويۇپ ياسىلىدۇ . ئۇنىڭ ھەجمى سەل يوغان بولۇپ ، ئۈستىگە خىلمۇخىل نەقىشلەر چۈشۈرۈلىدۇ . قوشۇق چېلىشتا ، ئوڭ قولدا بىر جۈپ قوشۇقنىڭ سېپىنى چىڭ تۇتۇپ ، قوشۇقلارنىڭ دۈمبىسىنى بىر - بىرىگە توغرىلايدۇ ۋە سول قول ئالىقىنى بىلەن بەدىنىمىزنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرى (مۈرە ، تىز ۋە باشقا جايلار ) غا ، يەر ۋە باشقا جىسىملارغا سوقۇشتۇرۇپ ، مۇزىكا رىتىمىغا ماس كېلىدىغان ئاۋازلارنى پەيدا قىلىمىز .

**تاش** تاش — چاقچۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ ئىككى جۈپ ياپىلاق ئېللىپسىمان تاشتىن ئىبارەت . بۇ خىل تاش ھەربىر قولدا بىر جۈپتىن تۇتۇلىدۇ ۋە بارماقلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر - بىرىگە سوقۇپ چېلىنىدۇ . ئۇيغۇر مۇزىكىسىدا ۋە دولان خەلق ئەنئەنىسىدە تاش ئىشلىتىشمۇ خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە .

ئېللىپسىمان تاشنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن بىر يېرىم سانتىمېتىر ، ئۇزۇنلۇقى ئون سانتىمېتىر ، كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ .

ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى خىللىرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئالدىنقى ئورنىدا تۇرىدۇ . شۇڭلاشقا ، ئاپتونوم رايونىمىز دۇنيا مۇزىكا تارىخى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى بولۇپ قالماقتا . ئىشىنىمىزكى ، تەتقىقاتچىلىرىمىز ، چالغۇچىلىرىمىز ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىمىزنىڭ تىرىشىپ ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ كۆپ مەنىۋى بايلىقلىرىمىز دۇنياغا نامايان بولغۇسى① .

**پىپى (بالمان)** پىپى — يەنى بالمان ، قومۇش نەي دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، پۈۋلەپ چېلىنىدۇ . ئۇزۇنلۇقى 28 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە ، نەيگە ئوخشاش بارماق بىلەن

---

① تۇرسۇنجان لىتىپ : «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1997- يىل 5 - ئاي نەشرى ، 62 - ، 98 - ، 140 - ، 30- ، 144 - ، 151 - ، 152- بەتلەردىكى مەزمۇنلارغا قاراڭ .

بىسىپ چىلىنىدۇ . ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان تۆشۈكچىلەر ئېچىلغان . ئاۋاز تۈسى ئۈتتۈرا ئاۋازغا مايىلراق بولۇپ ، قومۇشنىڭ تىترىشىدىن پەيدا بولىدىغان ئاجايىپ يېقىملىق بىر تۈسكە ئىگە . ھازىر دولان رايونىدا چېلىنىۋاتقان پىپى (بالمان) نىڭ سەككىز تۆشۈكى بار . بارماق بېسىش قائىدىسى نەيگە ئوخشاپ كېتىدۇ . بۇ چالغۇ ئەڭ دەسلەپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى كۇسەن دۆلىتىنىڭ چالغۇسى ئىدى[①] . سۈي ، تاڭ دەۋرلىرىدە ئۇردا مۇزىكىلىرى قاتارىدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان[②] .

# 8 . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئادەتلىرى

## 1 . ئائىلە ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت

ئائىلە — ئەڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي كاتېگورىيە . ئىنسانىيەت پەيدا بولۇپ ، جەمئىيەت شەكلىدە تەشكىللەنگەندىن كېيىن ئائىلە تەدرىجىي ئىجتىمائىي ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي پائالىيەت بىرلىكى بولۇپ قالدى . ئىنسانىيەت جەمئىيەتنى قايسى ئىجتىمائىي تۈزۈم قاتلىمىغا كۆتۈرمىسۇن ، ئائىلە شەكلى قايسى خىل خاراكتېردا راۋاجلانغان بولمىسۇن ، ئائىلە ئىنسانىيەت بىلەن بىللە ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بىلەن بىللە ساقلاندى ۋە راۋاجلاندى .[③]

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ، ئائىلە — نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن شەكىللەنگەن ئورتاق گەۋدە بولۇپ ، مۇشۇ ئورتاق گەۋدە ئىچىدىكى ئەزالارنىڭ مۇناسىۋىتى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت دېيىلىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئائىلە مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسىي ئامىل بولغاچقا ، ئائىلە مۇناسىۋىتى كۆپلىگەن مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ .

---

① جۇ چېڭباۋ : «يىپەك يولى مۇزىكا مەدەنىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل ، خەنزۇچە نەشرى ، 422 ـ بەت .

② «ئوكيانۇس . مىللەتلەر قىسمى» ، شاڭخەي قامۇسلار نەشرىياتى ، 1985 ـ يىل 3 ـ قېتىملىق باسمىسى ، 29 ـ بەت .

③ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «ئائىلە» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2002 ـ يىل 10ـ ئاي نەشرى ، 1 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئورنى ۋە دەرىجىسىدە كۆرۈلىدىغان روشەن پەرقلەردىن ئىبارەت .

خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ، ئۇيغۇرلارمۇ ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل فېئوداللىق ھاكىمىيەت كونتروللۇقىدا ياشىغاچقا ، ئۇ-لارنىڭ ئائىلىۋى ئادەتلىرىدە ئاتىلىق قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەسى-رى قويۇق ئەكس ئېتىلگەن . يەنى ئائىلە باشلىقلىقى ئەرگە مەنسۇپ بولۇپ ، ئۇنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ۋە ھوقۇقى چوڭ بولغان . قالغان ئائىلە ئەزالىرى ئەنە شۇ ئائىلە باشلىقىنىڭ ھۆكۈمىگە مۇتلەق بويسۇ-نۇش شەرت قىلىنغان . بۇ ھال ئائىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىش تەقسىماتى ، ۋارىسلىق ھوقۇقى ، ئائىلىنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىرتەرەپ قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەكس ئەتكەن . مەسىلەن ، ئۇيغۇرلاردا بىر ئائىلىگە نىسبەتەن بارلىق ئىقتى-سادىي ئىلىم - بېرىم ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ، بىرتەرەپ قىلىش ، ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇ-قى ئائىلە باشلىقى بولغان ئەرگە خاس بولۇپ ، باشقا ئائىلە ئەزالىرى ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ . ئەگەر ئائىلە باشلىقى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ياكى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ ، ئۇزاق مەزگىل قايتىپ كېلەلمىگەن بولسا ، ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى جامائەتنىڭ كېپىللىكى ۋە گۇ-ۋاھلىقى ئاستىدا شۇ ئائىلىنىڭ چوڭ ئوغلى (ئەگەر شۇ ئائىلىدە ئوغۇل بالا بولمىسا ، ئائىلە باشلىقىنىڭ ئايالى ) ۋاكالىتەن بىرتەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ .

ئائىلە ئىقتىسادىي مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە ، ئۇيغۇرلار ئومۇمەن ، ئىسلام شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن مىراس ئايرىش بەلگىلىمە-لىرىنى ئىجرا قىلغان ، يەنى ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدىكى ئەر بىر ئۇلۇق ، ئايال يېرىم ئۇلۇق نىسبىتى بويىچە مىراس ئايرىلغان . شۇ ئۆيىنىڭ بىر قىسىم پارچە مۈلۈكلىرى ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ، قاچا - قۇچا ، قازان - قومۇچ ، ئۆي جابدۇقلىرى مىراسنىڭ سىرتىدا بولۇپ ، ئۇ نەرسىلەر شۇ ئائىلىنىڭ چىرىغىنى يورۇتقان ئوغۇلغا قالدۇرۇلىدۇ . ناۋادا ئاتا - ئانا ھاياتلىقىدا بېقىنىۋالغان نەۋرە - چەۋرىلەر ۋە باشقىلار

بولسا، ئۇلار مۇشۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە قېرىنداش بىر تۇغقانلارغا ئوخشاش ئائىلە مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوغۇل بالا چوڭ بولۇپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن دەرھال ئۆي ئايرىمايدۇ. ئەگەر ئۆي ئايرىپ قويۇشقا توغرا كەلگەندە، ئاتا ـ ئانىسى ھايات بولسىلا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي كىرىم- چىقىمى ۋە ھاياتلىق مەنبەسى چوڭ ئائىلىگە باغلانغان بولىدۇ. ئاتا- ئانىسى ھايات تۇرۇپ، مىراس تەلەپ قىلىش جامائەتچىلىك ئىچىدە قاتتىق ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. بالىلار چوڭ بولۇپ ئۆي ئايرىغاندا، كىچىك ئوغۇل (كەنجى ئوغۇل) ئاتا ـ ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ، شۇ ئائىلىنىڭ چىرىغىنى يورۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن ئۇيغۇر چۆچەكلىرى ۋە داستانلىرىدا كەنجى ئوغۇلنى باتۇر ۋە دانىشمەن سۈپەتىدە ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسى ئالغا سۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر جەمئىيىتى بۇرۇنراق فېئودالىزمغا كۆچكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسىدا ئۇرۇقچىلىق ۋە قەبىلىچىلىك ھاياتىنىڭ تەسىرلىرى كۆرۈنەرلىك ئورۇندا ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ئەۋلاد ـ ئەجدادلارنىڭ نامىنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت باغلىنىشىنى پەرقلەندۈرىدىغان ئاتالغۇلارمۇ كۆرۈنەرلىك ئەمەس. دولانلار دادىسىنى «ئاتا» دەيدۇ، يەرلىك شېۋىدە يەنە «ئاتام باللا»، «ئانام باللا» دېگەن ئاتاشمۇ بار. ئۇلار ئارىسىدا ئەر ۋە ئايال تەرەپ تۇغقانلىرىنىڭ نامى مەخسۇس ئاتالغۇ بىلەن ئەمەس، بەلكى «چوڭ»، «كىچىك» دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەرنى قوشۇش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، دادىنىڭ ئاكىسى — چوڭ تاغا (بەزى جايلاردا چوڭ ئاتا)، دادىنىڭ ئىنىسى — كىچىك تاغا (بەزى جايلاردا كىچىك ئاتا)، دادىنىڭ ئاچىسى — چوڭ ھامما (بەزى جايلاردا چوڭ ئاپا)، دادىنىڭ سىڭلىسى — كىچىك ھامما (ھامماچا، بەزى جايلاردا كىچىك ئاپا) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئادىتىدە «مەن» نى مەركەز قىلىپ يۇقىرىغا سانىغاندا، دادىسى بىلەن ئانىسىغىچە بىر ئەجداد، چوڭ دادىسى بىلەن چوڭ ئانىسىغىچە ئىككى ئەجداد، بوۋىسى بىلەن مومىسىغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۈچ ئەجداد ، چوڭ بوۋىسى بىلەن چوڭ مومىسىغىچە تۆت ئەجداد...
ھېسابلىنىدۇ .
«مەن» دىن تۆۋەنگە سانىغاندا ، ئوغۇل - قىزلىرى بىر ئەۋلاد ، نەۋرىلىرى ئىككى ئەۋلاد ، ئەۋرىلىرى ئۈچ ئەۋلاد ، چەۋرىلىرى تۆت ئەۋلاد ، پەي نەۋرىلىرى بەش ئەۋلاد . . . ھېسابلىنىدۇ . شۇنداق قىلىپ توققۇز ئەۋلاد بىۋاسىتە قېرىنداشلىق كاتېگورىيىسىنى تەشكىل قىلىدۇ . بۇ بىۋاسىتە قېرىنداشلار ئارا نىكاھلىنىش چەكلىنىدۇ .

## 2 . ئائىلە ئىستىلى ۋە ئائىلە تەربىيىسى

ئۇيغۇر دولانلىرى ئەزەلدىن ئائىلە ئىستىلىغا يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قاراشقا ئادەتلەنگەن . چۈنكى ئۇلار ئائىلە ئىستىلىنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشى ئائىلىنىڭ روناق تېپىشى ياكى ۋەيران بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ ، دەپ قارايدۇ . شۇ سەۋەبتىن ھەرقانداق بىر ئائىلىنىڭ ئەزاسى شۇ ئائىلىنىڭ ئورتاق ئىستىلى بەلگىلىگەن دائىرە ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ . ئائىلىگە مەنسۇپ ئورتاق ئىستىل ھەربىر ئائىلىدە ئەنئەنىۋى ھالدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئىجتىمائىي ئادەت بولۇپ ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ . ئائىلە ئىستىلى ئائىلە تەربىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ . ئۇيغۇر دولانلىرىدا ئائىلە تەربىيىسى مۇنداق ئىككى مۇھىم مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : بىرى ، ئەخلاقىي تەربىيىگە ئەھمىيەت بىلەن قاراش ؛ يەنە بىرى ، ئائىلە شەجەرىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئەۋلادلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلىشتىن ئىبارەت .

ئائىلە ئەزالىرىغا ئەخلاقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئاتا - ئانىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچى بولۇپ ، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئائىلە كۆز قارىشىدا «ئاتىنىڭ ئىزى بالىغا قالىدۇ» دېگەن ئەقىدە ناھايىتى كۈچلۈك . شۇ سەۋەبتىن قائىدە - يوسۇن بىلمەيدىغان ئەدەپسىز بالىلار چېقىلىقسا ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئەيىبلەيدۇ ، «چاقتا گۇناھ يوق ، شادىسى بۇزۇق ، قىزىدا گۇناھ يوق ، ئانىسى بۇزۇق» دېگەن ماقال ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى قاراشتىن چىققان .

ئۇيغۇر دولانلىرى ئائىلىلىرىدە يۈرگۈزۈلىدىغان ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئومۇمەن ئائىلە ئەزالىرىنى ئەمگەكچان، راستچىل، ئۆز ئارا كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل، ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەھلى مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئوغۇل بالىنى تەربىيىلەشنى ئاساسەن دادا، قىز بالىنى تەربىيىلەشنى بولسا ئانا ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دادا بولغۇچى ئوغلىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ جەمئىيەت بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىدىغان سورۇنلارغا بىرگە ئېلىپ بارىدۇ. ئۆيگە مېھمان كەلسە، بالىسىنى چاقىرىپ مېھمانغا ئەدەپ بىلەن سالام بېرىشكە دەۋەت قىلىدۇ، مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىشنى مەقسەتلىك ھالدا بالىغا تاپشۇرىدۇ ۋە باشقىلار. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە قىز بالا ھامان «تالانىڭ ئادىمى»، يەنى باشقا ئائىلىگە «بالا» بولىدىغان بولغاچقا، قىز بالىنىڭ تەربىيىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئانا بولغۇچى قىز بالىغا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆي تازىلىقى، كىر - قات يۇيۇش، تاماق ئېتىش، تىكمىچىلىك قاتارلىق ئىشلارنى ئۆگىتىدۇ.

دولانلار ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن بىر يۈرۈش ئائىلە قائىدە - يوسۇنلىرى تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، كېيىنچە ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق مىزانلىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ، ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مىللىي ئەخلاق ئادىتىگە ئايلانغان.

### 3. يۇرتداشلىق مۇناسىۋەت

ئۇيغۇر دولانلىرى ئولتۇراقلاشقان يۇرت - مەھەللىلەر گەرچە يەككە ئائىلىلەردىن تەركىب تاپسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەھەللىنى بىرلىك قىلغان (بەزى جايلاردا «چىراغ» نى ئاساس قىلغان) يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە يۇرت - مەھەللىدىكىلەر بىلەن بىر تۇغقاندەك ئىناق ئۆتۈشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دېگەن ماقال كېلىپ چىققان. يۇرتداشلار ئارىسىدىكى

www.uyghurkitap.com



ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھەمكارلىق ئادەتلىرى ۋە تۇرمۇشتىكى ھەمكارلىق ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دولانلار ھازىر دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ خاراكتېرى بويىچە، ھەر جەھەتتىن زىچ ھەمكارلىققا موھتاج بولىدۇ. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ۋاقىت خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، تېرىقچىلىق ۋە يىغىم پەسىللىرىدە ھەق تەلەپ قىلىنمايدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى لاپقۇتلىشىش ئادىتى شەكىللەنگەن. چۈنكى ھەممە ئائىلىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە ئەمگەك ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغاچقا، «كۈندىن قالسا، يىلدىن قالىدۇ» غان جىددىي پەيتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزئارا لاپقۇتلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ.

دولانلار ئارىسىدا تۇرمۇشتىكى ھەمكارلىشىش ئادەتلىرى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئائىلىلەر ئارىسىدىكى دوستانە ئالاقە تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭگەن. مەسىلەن، ئۇلار ئارىسىدا توي - تۆكۈن ياكى ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى يۈز بەرسە مەھەللە، ھەتتا يۇرت بويىچە خالىسانە ياردەم بېرىدىغان ئېسىل ئادەت بار. مەلۇم ئائىلىدە توي بولماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قولۇم - قوشنىلار ئۆزلۈكىدىن شۇ ئائىلىگە بېرىپ «ياردەملىشىدىغان ئىش بارمۇ؟» دەپ ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن ياردەم بېرىش قىزغىنلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. تويىنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىنى تەييارلاشتىن تارتىپ مېھمانلارنى كۈتۈش ۋە ئۇزىتىشقىچە قولۇم - قوشنا ۋە يار - بۇرادەرلەر جەم بولۇپ، خالىسانە ياردەملىشىدۇ. ھەتتا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئۆيلىنەلمىگەن يېتىم - يېسىر، يوقسۇللارنى يۇرتداشلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپ ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق ياردەمنى «ساۋابلىق ئىش» دەپ ھېسابلايدۇ.

ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا بۇنداق ئۆزئارا ھەمكارلىق تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى ئۆلۈم ئىشى كۆپىنچە تاسادىپىي يۈز بېرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆلۈم ئىگىسى ئالدىنئالا تەييارلىق قىلال-

مايدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا ئۆلۈم ئىگىسى باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تېخىمۇ موھتاج بولىدۇ . ناۋادا ئۆلۈمىگە ئىگە بولىدىغان ئادىمى يوق يېتىم ـ يېسىرلار ئۆلۈپ قالسا ، ئۇنى دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا باشتىن ـ ئاياغ يۇرت ـ جامائەت مەسئۇل بولۇپ ، خالىس ئۆزىتىدۇ .

يۇرت ئىچىدە بىرەر ئائىلە يېڭىدىن ئۆي سالماقچى بولسا ، قولۇم- قوشنىلار ۋە يۇرتداشلار ھەرىكەتكە كېلىپ خالىسانە ياردەم بېرىدۇ .

يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى ، ھەرخىل تەبىئىي ئاپەت ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىغان ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ ھەمكارلىشىش ، ئۇلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىش قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىرى .

ئۇلاردا كۆپىنچە بىر مەسچىت جامائىتى بىرلىك قىلىنىپ ، شۇ دائىرە ئىچىدە ھەرخىل تۈزۈملەر ۋە نىزاملار يولغا قويۇلغان . بىرەر ئەھۋال يۈز بەرسە مەسچىت جامائەتلىرى بىرلىكتە كېڭىشىپ ھەل قىلغان . ئەگەر بىرەر ئائىلىدە ئاغرىق ـ سىلاق بولسا ، مەسچىت جامائەتلىرى بامدات نامىزىدىن يېنىپ ، كوللېكتىپ ھالدا ئاغرىقنى يوقلاپ ھال سورايدۇ . بىر قانچە كۈن مەسچىتكە چىقماي ئىز ـ دېرەكسىز يوق بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئۆيىگە جامائەت توپلىشىپ بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇشىدۇ . بولۇپمۇ ياشانغان قېرى ـ چۆرىلەرنى داۋاملىق يوقلاپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ . يۇرت ـ مەھەللە ئىچىدە ئوغرىلىق ، بۇلاڭچىلىق ، ئۇرۇش ـ جېدەل ، زىنا قىلىش قاتارلىق نالايىق قىلمىشلار سېزىلسە ، يۇرتداشلار بىرلىكتە كېڭىشىپ جازالاش چارىلىرىنى بېكىتىدۇ .

ئومۇمەن ئالغاندا ، يۇرتداشلىق مۇناسىۋەت ئىستىخىيىلىك ھالدا شەكىللەنگەن بولۇپ ، ئۆرپ ـ ئادەت تۈسىدە ئىپادىلىنىدۇ .

### 4 . قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەت

ئۇيغۇر دولانلىرىدا قوشنىدارچىلىق جەھەتتە ئوبدان ئەنئەنىلەر ساقلانغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



1 . قوشنىلار بىر ـ بىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشىدۇ . بىر ـ بىرىنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇ ـ ھەسرىتىگە ئورتاقلىشىدۇ . بىر ـ بىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ . بولۇپمۇ توي ـ تۆكۈن ، ئۆلۈم ـ يېتىم بولغاندا بۇ ئالاھىدە گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ . ئۇ چاغدا ئېغىر ـ يېنىك ئىشلاردا بىر ـ بىرىگە ئوبدان ھەمكارلىشىدۇ .

2 . قوشنىلار ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى «بارمۇسەن ـ يوقمۇسەن ؟» دېيىشىپ ، بىر ـ بىرىدىن ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ تۇرىدۇ . ئادەتتىكى كۈنلەردە كىرىش ـ چىقىش قىلىپ تۇرىدۇ . بۇ مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرىدۇ .

3 . قوشنىلار ئۆزئارا كەم ـ كۈتە نەرسىلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئۆتنە ـ يېرىم قىلىشىدۇ . سورالغان نەرسە بارلا بولسا بەرمەي قويمايدۇ .

4 . قوشنىلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تاماق سۇنۇشىدۇ . بىراق چىراغ ئادەتلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ باشقىلار بىلەن تۇز ، ئاق ئالماشتۇرۇپ ، ئۆزىنىڭكىگە قوشمايدۇ . ئاخشىمى سۈت ، قېتىق ، پاختا ئارىيەت بەرمەيدۇ ، ئالمايدۇ . ئەگەر ، زۆرۈر بولۇپ قالسا ، بىر ئۆيدىن بىر ئۆيگە ئېلىپ چىققۇچە قېتىقنىڭ ياكى سۈت ، پاختا قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە بىر تال كۆيە تاشلاپ قويىدۇ . قوشنىلاردىن بىرى ئوبدان تاماق قىلغان كۈنى شۇ تاماقتىن ئۆز قوشنىسىغا كىرگۈزۈش ، ئۆزۈندىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ياخشى ئەنئەنە . تاماق كىرگۈزۈلگەن قاچا قاچاندا قايتىشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەرگىز قۇرۇق قايتمايدۇ .

5 . يېڭى قوشنىلار كۆچۈپ كەلسە ، كونا قوشنىلار ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ . ئۆيلىرىگە چاقىرىپ كۈتۈۋالىدۇ . شۇنىڭدەك قوشنىلاردىن بىرەرى كۆچۈپ كەتسە ، قېپقالغان قوشنىلار چاي قىلىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ . كۆچۈپ كەتكەن ۋە قېپقالغان قوشنىلار بىر ـ بىرىنى دائىم ئىزدىشىپ تۇرىدۇ .

6 . قوشنىلارنىڭ بىرەرىنىڭ ئۆيىدە ماتەم ـ مۇسىبەت بولغان بولسا ، باشقىلار ، قوشنىلار ئۆز ئۆيىدە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارمايدۇ .

7 . قوشنىلارنىڭ بىرەرىنىڭ يىراق ياقا ـ يۇرتلاردىن يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كەلسە ، باشقا قوشنىلار قوشنىسىنىڭ ھەم

كەلگەن مېھماننىڭ ئىززىتىنى قىلىپ ئۆز ئۆيلىرىگە چاقىرىۋالىدۇ .

8 . قوشنىلاردىن بىرەرى يىراق ـ يېقىن بىر ياققا كېتىپ قالغاندا ، باشقىلار ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىپ قويىدۇ . بۇ قوشنىدارچىلىقتا كەم بولمايدىغان ياخشى خىسلەت .

9 . قوشنىلار بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن غەيۋەت ـ شىكايەت قىلمايدۇ . بۇنداق قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ .

10 . قوشنىلار پەرزەنتلىرىنى خۇددى بىر ئائىلىنىڭ بالىلىرىدەك ئىناق ئۆتۈشكە دالالەت قىلىپ تۇرىدۇ .

5 . ئىتتىپاقلىق ـ ئىناقلىق

ئۇيغۇر دولانلىرىدا ئەڭ ياخشى ئادەتلەردىن بىرى — ئىتتىپاقلىق ـ ئىناقلىق ، ئۆزئارا ئاداۋەت تۇتۇشماسلىق .

ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولۇپ قالغان بولسا ، باشقا بىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاداۋەت تۇتۇشقانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويىدۇ . ئاداۋەتلەشكەنلەرنىڭ بىرى ئۆز خاتالىقىنى بويىنىغا ئېلىپ يەنە بىر تەرەپكە چاي تۇتۇپ ناماقۇل بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت يۇيۇلۇپ كېتىدۇ . بۇرۇن بەزى يەرلەردە ئاداۋەتلەشكەنلەردىن بىرى ئۆزلۈكىدىن يەنە بىر تەرەپنى ئاشپۇزۇلغا چىللاپ ، چاي تۇتۇش يولى بىلەن ئاداۋەتنى تۈگىتىدىغان ؛ بەزى يەرلەردە بولسا بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە چىلىم تۇتۇش يولى بىلەن ئاداۋەتنى يۇيىدىغان ئەھۋال بولغانىدى .

ھېيت ـ ئايەم ، ئۆلۈم ـ يېتىم ۋاقىتلىرىدا ئاداۋەت تۇتۇشقانلار بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە پەتىگە بېرىش ؛ شۇنداقلا بىر ـ بىرىنىڭ كېسىلىنى يوقلاش ئارقىلىق ئاداۋەتنى يۇيىدۇ . ئاداۋەت تۇتۇشقانلارنىڭ بىرىنىڭ ئائىلىسى بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇققان بولسا ، يەنە بىر تەرەپ شۇ ئائىلىگە كۆڭۈل سوراپ بېرىش يولى بىلەن ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەتنى يۇيۇش — ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى خىسلەتلىرىنىڭ بىرى .

6 . مېھماندوستلۇق

مېھماندوستلۇق ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل ، ئەڭ ياخشى

www.uyghurkitap.com



ئەنئەنىسى . دولانلار مېھماندارچىلىق (ھەرخىل چاي ، نەزىر – چى-
راغ ، توي – تۆكۈن ) لارنىڭ ھەممىسىنى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە
ئېلىپ بارىدۇ . ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان كېلىپ قالسا ياكى ئۆزى
بىرەر سەۋەب بىلەن مېھمان چاقىرماقچى بولسا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە
قولۇم – قوشنا ، مەھەللىدىكىلەرنىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇپ چاقىرىدۇ .
ئۇلار بىر مال سويۇلغان مېھماندارچىلىقنى «بىر پىيالە چاي» ، ئىك-
كى مال سويۇلغان مېھماندارچىلىقنى «ئىككى پىيالە چاي» دەپمۇ
ئاتايدۇ . ئۇلاردا مېھمانلار «ئېسىل» ياكى «پەس» دەپ ئايرىلمايدۇ .
مېھمانلارنىڭ ئورنى «تۆر» ياكى «پەگا» دەپ ئايرىمايدۇ . مېھمانلار
كەلگەن ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى – كېيىنلىكىگە قاراپ ئورۇن ئېلىپ
ئولتۇرۇۋېرىدۇ . چاقىرىلمىغان كىشىلەر كېلىپ قالسا ئۇلارمۇ مېھ-
مان سۈپىتىدە ئوخشاش كۈتۈلىدۇ . چايغا سويغان مالنىڭ گۆشىنى
پۈتۈن بويىچە پىشۇرۇپ سورۇنغا ئېلىپ چىقىدۇ . «بۆكەل» (گۆش
پارچىلىغۇچى ) لىقنى ئۈستىگە ئالغان كىشى گۆشنى شۇ سورۇندىكى
ئادەملەرنىڭ سانىغا قاراپ (ئۆي ئىگىسى ۋە ئۇنىڭ خوتۇن ، بالا –
چاقىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ) تەكشى پارچىلايدۇ . مۇلازىملار پارچىلان-
غان گۆشنى كاكچانان ئۈستىگە ئېلىپ بىر تەرەپتىن مېھمانلارغا
تارتىدۇ . مېھماندارچىلىقتا تەييارلانغان غىزا ۋە نازۇ نېمەتلەرمۇ بىر
باشتىن تارتىلىدۇ . مېھماننىڭ مەرتىۋىسىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقى-
دىن ، ئىززىتىنىڭ قانچىلىك ئەزىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، باشقى-
لارغا ئوخشاش تۆمە ۋە مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ . گۆشنىڭ
چوڭ – كىچىكلىكىنى مېھماننىڭ ئەملىنىڭ چوڭ – كىچىكلىكىگە ،
ئىززەت – ئابرۇيىغا قاراپ پارچىلايدىغان ، تائامنىمۇ شۇنىڭغا قاراپ
تارتىدىغان خۇشامەت مېھماندارچىلىقنى ھەرگىز قىلمايدۇ . بۇ مېھ-
ماندارچىلىقتا ئورۇنسىز سەۋەب كۆرسىتىپ مەنسىتمەي كەلمەيدىغان ،
نېسىۋىسىنىڭ ئوخشاش بولۇپ قالغانلىقىدىن ئاغرىنىدىغانلار چىقماي-
دۇ . ئەكسىچە ھەممە كىشىلەر بۇ خىل مېھماندارچىلىقتىن ئازادىلىك
ۋە شاد – خۇراملىق تاپىدۇ[1] .

[1] ئابدۇۋەلى ئابدۇللا : «دولانلىقلارنىڭ يېقىنغىچە ساقلىنىپ كەلگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى» ، «ئاۋات تارىخ ماتېرىياللىرى» 4 – قىسىم ، 249 – ، 250 – بەتلەر .

ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆيگە مېھمان كەلسە «بەخت كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ. مېھماندوستلۇق نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئىپادىلىنىدۇ.

1. ئۆيگە كەلگەن مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئالاھىدە داستىخان سېلىنىدۇ. ئەقەللىيسى، قايناقسۇ، زاغرا بىلەن بولسىمۇ مېھمان قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مېھماندوستلۇقى ھېيت ـ ئايەملەردە ئالاھىدە گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ.

2. مېھمان ھۆرمەتكە سازاۋەر دەپ قارىلىپ، مېھمانغا چاي ياكى تاماق پەتنۇس بىلەن سۇنۇلىدۇ. نائىلاج بىر قول بىلەن بېرىش توغرا كېلىپ قالسا «بىر قولۇم بولۇپ قالدى، ئەپۇ قىلىسىلا» دەپ ئۆزرە ئېيتىلىدۇ شۇنداقلا مېھمان ياكى چوڭلارنىڭ قولىدىن بىر نەرسە ئالغاندىمۇ ئىككى قوللاپ ئېلىش — بۇ ئومۇمىي ئادەت. مېھمانغا چاي قۇيغاندا ياكى باشقا نەرسە سۇنۇلغاندا، ئوڭ قول ئىشلىتىلىدۇ. سول قولنى ئىشلىتىش مېھمانغا نىسبەتەن تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

3. ئەر ـ خوتۇن دەرقەم تۇرۇپ مېھمان كۈتۈۋاتقاندا، ئۆي ئىگىسى بولغان ئايال ئەر مېھمانغا توغرىدىن ـ توغرا چاي ياكى تاماق سۇنمايدۇ، پەقەت ئېرى ئارقىلىق سۇنىدۇ.

4. مېھمانغا چاي قۇيۇلغان ياكى تاماق ئۇسۇلغان قاچىنىڭ پۇچۇق ياكى دەز بولۇپ قالماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ. ئەگەر دىققەتسىزلىكتىن دەز ياكى پۇچۇق قاچىدا چاي ياكى تاماق كەلتۈرۈپ قالغان بولسا، ئۆي ئىگىسى سەزگەن ھامان يەڭگۈشلىۋېتىدۇ ۋە مېھماندىن ئەپۇ سورايدۇ. مېھمانغا چاي قۇيغاندا پىيالىنى تولدۇرۇپ قۇيمايدۇ، چاينى پىيالىنىڭ ئوتتۇرىغا قۇيۇپ كۆپۈكلەشتۈرۈۋېتىش ناھايىتى ئەيىب بولىدۇ. شۇڭا چاي پىيالىنىڭ يان تەرىپىگە قۇيۇلىدۇ. پىيالىدىكى كونا چاي ئۈستىگە يېڭى چاي قۇيۇلماستىن، كونا چاينى تۆكۈۋېتىپ چاينى يېڭىلايدۇ.

5. مېھمان كاڭلىق ـ سۇپىلىق ئۆيگە باشلانغان بولسا، مېھماننىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىنىدۇ.

6. ئۆيگە كەلگەن مېھمان ئىشىك ئالدىدا ياكى دەرۋازا سىرتىدا ئۇزىتىپ قويۇلىدۇ. ئىشىكتىن چىقماي ئۇزىتىپ قويۇش مېھمانغا نىسبەتەن ناھايىتى ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



7 . بىراۋنىڭ ئۆيىگە ئۇلاغلىق مېھمان كەلسە، ئۆي ئىگىسى ئۆيىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قارشى ئالغاندىن سىرت، مېھماننىڭ قولىدىن ئۇلاغنى ئېلىپ باغلايدۇ . مېھمان يانار ۋاقتىدا ئۆي ئىگىسى ئۇلاغنى يېشىپ كېلىپ، مېھماننىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئۇلاغقا مىنگۈزۈپ قويىدۇ .

### 7 . داستىخان ئۈستىدە

كۆپ ھاللاردا توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ قاتارلىق مەرىكە-لەردە، مېھماندارچىلىقتا تونۇغان - تونۇمىغان، ياشانغان ۋە ياشلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ قېلىشقا توغرا كېلىدۇ . بۇنداق چاغلاردا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ - ئەخلاققا دائىر بىرمۇنچە قائىدە - يوسۇنلار بولىدۇ :

1 . چوڭلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرغاندا، تاماققا چوڭلار قول ئۇزاتمىغۇچە قول ئۇزىتىش تولىمۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ . «قېنى ئېلىپ بەرسىلە» دەپ چوڭلارنى تەكلىپ قىلىش گۈزەل ئەخلاقتۇر شۇنداقلا ساھىبخان تاماققا تەكلىپ قىلمىغۇچە تاماققا قول سۇنۇپ تاماق يېيىشكە باشلاش — بۇمۇ ئەخلاقسىزلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

2 . باشقىلار بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يېگەندە، ئۆز ئالدىنى قويۇپ باشقىلارنىڭ ئالدىغا قول ئۇزىتىش — بۇمۇ ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ شۇنداقلا قاچىدىكى تاماقنى ئېلەشتۇرۇپ قوچۇش تولىمۇ ئەدەپسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

3 . تاماق ۋاقتىدا گەپدانلىق قىلىپ باشقىلارنىڭ كەيپىنى بۇ-زۇش ئەيىبلىك ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

4 . تاماقنى ئاشۇرۇپ قويۇش، تاماقنى پاكىز يېمەي، قاچىدا تاماق يۇقۇندىلىرىنى قالدۇرۇش بۇمۇ ناچار قىلىقلاردىندۇر . ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئادەتلىرىدىن بىرى يېمەك - ئىچمەكنى زايە قىلماسلىق، ئۇنى قەدىرلەش . شۇڭا يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ياكى داستىخانغا چېچىلىپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىرىنى تېرىۋېلىپ ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ .

5 . داستىخان ئۈستىدە چۈشكۈرۈش، يۆتىلىش توغرا كەلگەندە،

قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇننى توسۇۋېلىش — بۇ ئەدەپ-نىڭ بەلگىسى . شۇنىڭدەك داستىخان ئۈستىدە ياكى بىراۋنىڭ يېنىدا مىشقىرىش ، گېلىنى قىرىش ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، داستىخان ئۈستىدە چىش كولاش ، قاتتىق كېكىرىش-مۇ ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئەگەر چىشنى كولاشقا توغرا كەلسە ، ئېغىزنى ئالىقان بىلەن توسۇپ تۇرۇپ كولايدۇ ، داستىخان ئۈستىدە ۋە باشقىلار يېنىدا ئەسنەپ كېرىلىشمۇ ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

6 . داستىخانغا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ھەممە ئادەم قولىنى چايقايدۇ شۇنداقلا چوڭ ـ كىچىك تاھارەتتىن كېيىنمۇ قول يۇيىدۇ . قولنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ، قول لۆڭگە بىلەن ئېرتىلىدۇ . قولنى سۈرتمەستىن قولىنى سىلكىش ئەيىب ئىشلار بولۇپ سانىلىدۇ .

7 . بىراۋ داستىخان ئۈستىگە كىرىپ كەلسە ، ئۇنى «كەلسىلە» ، «داستىخانغا كەلسىلە» دەپ داستىخانغا تەكلىپ قىلىشمۇ ئەڭ ياخشى ئەخلاق نەمۇنىلەرنىڭ بىرىدۇر .

8 . ياشانغان ئادەملەر بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە يالاڭباشتاق ئولتۇرۇش — باشقىلار تەگەيدىغان ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ شۇنداقلا نەزىر ـ چىراغ ، ئۆلۈم ـ يېتىم مەرىكى-لىرىگىمۇ يالاڭباشتاق بېرىش ئەيىب ئىشلار جۈملىسىگە كىرىدۇ . بۇنى جامائەت تەگەيدۇ .

9 . باشقىلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە داستىخان يىغىلماي تۇرۇپ (دۇئا قىلىنماي تۇرۇپ ) ياكى باشقىلار تاماقنى يەپ بولماي تۇرۇپ ، داستىخاندىن تۇرۇپ كېتىش ناھايىتى ئەدەپسىزلىك بولىدۇ .

## 8 . چوڭلارنى ھۆرمەتلەش

ئۇيغۇر دۆلانلىرىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئىچىدە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئالاھىدە خاراكتېرلىك . بۇنىڭ ئىپادىلىرى كۆپ تەرەپتە كۆرۈلىدۇ .

1 . ياشانغان ئادەملەرنى كۆرگەندە ئۇڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىدۇ . چوڭلار بولسا ، «ۋەئەلەيـ-كۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ . سالام ۋە جاۋاب بەجا كەلتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئىككى قول بىلەن قول ئېلىشىپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىدۇ . بۇ ئادەت يالغۇز ئەرلەردىلا ئەمەس ، خوتۇن ـ قىزلاردىمۇ بار . لېكىن ئۇلار ئەرلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيدۇ . ياشانغان ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن يۈزىنى ـ يۈزىگە يېقىپ كۆرۈشىدۇ . ياش قىزلار ياكى چوكانلار ئۆزىدىن چوڭ ئەرلەرنى ياكى ئاياللارنى كۆرسە «ئەسسالام» سۆزىنى ئىشلىتىپ ، ئازراق ئېگىلىپ تەزىم قىلىدۇ . ياشلارنىڭ ياشانغان ئادەملەرگە «ياخشىمۇسىز» دەپ بىر قول بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس .

2 . ياشانغان ئادەملەر ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «دادا ، تاغا ، ئاكا ، ئانا ، ھاما ، ئاچا» دېگەندەك ھۆرمەت سۆزلىرىنى قوشۇپ چاقىرىش ئەڭ ياخشى ئادىتىمىزدۇر . بىۋاستە ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىش تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ .

3 . تاماق ۋاقتىدا تاماقنىڭ ئالدى چوڭلارغا بېرىلىدۇ . تاماقنىڭ ئالدىنى تالىشىش تولىمۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ .

4 . ياشانغان ئادەم ئۆيگە كىرىپ كەلسە ، ئۆيدە ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۆز ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ، ئورۇن بوشىتىپ ئۇنىڭغا تۆرنى بېرىشمۇ ياخشى ئادەتلىرىمىز جۈملىسىگە كىرىدۇ .

5 . ياشانغان ئادەملەر ئالدىدىن ئۆتۈشمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ . شۇڭلاشقا ئارقىدىن ئۆتۈلىدۇ . ناۋادا ئىلاجسىز ئالدىدىن ئۆتۈش توغرا كېلىپ قالسا «ئالدىلىرىدىن ئۆتۈپ قويدۇم» دەپ ئەپۇ سورىلىدۇ . بىر سورۇندا ئولتۇرغانلار ئىچىدە ياشانغانلارغا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇش— بۇمۇ ئەيىب ئىشلار ھېسابلىنىدۇ . نائىلاج ئارقىنى قىلىپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىپ قالغاندا «ئارقام بولۇپ قالدى» دەپ ئەپۇ سورىلىدۇ . ياشانغان ئادەملەر ئالدىدىن ئات ـ ئۇلاغ ياكى ۋېلىسىپىت مىنىپ سالام ـ سەھەتسىز ئۆتۈشمۇ چوڭلارغا نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ . ئات ـ ئۇلاغ ، ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ ، چوڭلارغا سالام بېرىپ ئۆتۈش — ئۇيغۇر دولانلىرىدىكى ئەڭ ياخشى

ئادەتلەر جۈملىسىدىندۇر . ياشلار بىر يەردە توپلىشىپ ئولتۇرغاندا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بىرەر ياشانغان ئادەم ئۆتۈپ قالسا ، ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، سالام بېرىپ ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش — بۇمۇ ياخشى ئادەتلەردىندۇر .

6 . توپلىشىپ بىر ئۆيگە كىرگەندە ياكى يول يۈرگەندە چوڭلارغا يول بېرىدۇ . ئۇلاردىن يول تالىشىش ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ سانىلىدۇ . ئۆيگە ئالدىدا كىرىۋېلىش ياكى يولدا چوڭلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىش بۇ چوڭلارغا نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ .

7 . ياشانغان ئادەملەر ئالدىدا پۇتنى مىنگەشتۈرۈپ ياكى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇرۇشمۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ .

8 . ياشانغان ئادەملەر بىلەن يۈز تۇرانە تۇرۇپ سۆزلەشكەندە قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ تۇرۇپ ياكى قولىنى ئارقىغا قىلىپ تۇرۇپ ۋە ياكى پۇتنى ئوينىتىپ تۇرۇپ سۆزلىشىش ئىنتايىن ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ . شۇنداقلا چوڭلار بىلەن سۆزلەشكەندە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ سۆزلەشمۇ ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ سانىلىدۇ .

9 . بىرەر ياشانغان ئادەم بىر ئىش قىلىۋاتقان بولسا (ئاساسەن جىسمانىي ئەمگەك ) ئۇنى كۆرگەن بىر ياش ئۇنىڭ قولىدىن قورالنى ئېلىپ ئىشلەپ بېرىش ئۇيغۇر دولانلىرىدىكى ئېسىل ئەخلاقتۇر .

10 . ئاتا - ئانا ، ئۇستاز ياكى ياشانغان ئادەملەر ئالدىدا تاماكا چېكىش ۋە باشقا كەيپنى قىلىش قاتتىق ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ . بەزىلەر تاماكا چېكىۋاتقان بولسا ، چوڭلارنى كۆرگەن ھامان دەرھال يوشۇرىدۇ ، بۇ ئىنتايىن ياخشى ئەھۋال .

11 . بىر ھۆرمەتلىك ئادەمنىڭ ئالدىغا بىرەر ئىش بىلەن كىرگەندە كىيىم - كېچەكنى راۋۇرۇس كىيىپ كىرىش ياخشى ئادەتلەردىندۇر . چاپاننىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتمەي ، چاپاننىڭ يېڭىنى ساپماي كىرىش ياكى ئۈست كىيىم كىيمەي مايكىچان كىرىش ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ .

12 . بىرەر سورۇندا ياكى چوڭ كىشىلەرنىڭ يېنىدا گالنى قىرىپ تۈكۈرۈش ، مىشقىرىش قاتتىق ئەدەپسىزلىك بولىدۇ . ناۋادا تۈكۈرۈشكە ياكى مىشقىرىشقا توغرا كەلسە چەترەك خالىي جايغا ئۆتۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باشقىلارغا سەزدۈرمەي ئىشنى بىرتەرەپ قىلىش كېرەك .

13 . چوڭلار بىلەن سۆھبەتتە بولغاندا ، چوڭلارنىڭ سۆزىگە لوقما سېلىش ياكى دىققىتىنى باشقا ياققا بۇراپ ، ئېتىبارسىز مۇئامىلە قىلىشمۇ ئەدەپسىزلىك سانىلىدۇ .

## 9 . بوۋاقلارنى بېقىش

دولانلار ياتلىق قىلىنغان قىزلىرى ھامىلدار بولۇپ توققۇز ئاي ، توققۇز كۈن ، توققۇز سائەت ، توققۇز سېكۇنت ، توققۇز دەقىقە قورساق كۆتۈرۈپ تەۋەللۇت قىلغان يېڭى جاننى بوۋاق دەپ ئاتايدۇ . بوۋاق مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن ، ئۇنىڭ ئەقىدىسىدە «خۇدانىڭ بەندىسى» دېيىلىپ ، ئوخشاش ئۇلۇغلىنىدۇ ۋە قەدىرلىنىدۇ .

بوۋاق تۇغۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ كىندىكى كېسىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنى ساغلام بەدەن ، چىداملىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تۇزلانغان يىلمان سۇدا پاكىز يۇيۇپ (بوۋاقنى تۇنجى قېتىم يۇغان سۇغا ھەرخىل ئېرەملىك دورا ــ دەرمانلارنى ، يەنى ئالما قېقى ، ئادراسمان ، ئارتىش ياپرىقى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇشتىن تاشقىرى ، ئالتۇن ئۈزۈك ياكى ئالتۇن ياپرىقىنى داستىكى تەييارلانغان سۇغا تاشلاپ قويىدۇ ) ، سىغىزلىغان (ئۇپىلىغان ) دىن كېيىن ، ئوبدان زاكىلايدۇ .

بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتە ــ توققۇز كۈن ئىچىدە بۆشۈككە بۆلىنىدۇ . بوۋاقنى بۆشۈككە سېلىش ئۇيغۇر دولانلىرىدا قەدىمدىن بۇيان كەڭ ئومۇملاشقان ئادەت ھېسابلىنىدۇ .

دولانلار بوۋاقلارنى ئاساسەن ئانا سۈتى بىلەن باقىدۇ . قوشۇمچە قوي مېيى بىلەن بۇغداي ئۇنىدا ئېتىلگەن بۇلماق ، يۇمشاق پىشۇرۇل-غان خام شويلا ، قورۇلمىغان شورپىلىق يېمەكلىكلەرنى يېگۈزىدۇ . قوينىڭ قۇيرۇق مېيىنى پىشۇرۇپ سوسكا ئورنىدا شورىتىدۇ . ئومۇ-مەن ، بالىنىڭ يىلىكى توشىدۇ ، دەپ ئانا سۈتى ھەم قۇۋۋەتلىك تاماق بىلەن باقىدۇ . بالىنىڭ يىلىكى توشمايدۇ ھەم سوغۇقچان (سوغۇق مىجەز ) بولۇپ قالىدۇ ، دەپ بىر ياشتىن بىر يېرىم ياشقىچە ئاساسەن كالا سۈتى ئىچۈرمەيدۇ . خەلق ئارىسىدا تۇغۇلۇپ كالا سۈتى بىلەن

بېقىلغان بالا كالا مىجەز ، گومۇش بولۇپ قالىدۇ ، دېگەن قاراشمۇ بار ، شۇ سەۋەبتىن بالىسىنى بىر ياشتىن بىر يېرىم ياشقىچە ئارىلىقتا ئېمىتمىگەن ئانىلار باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ .

دولانلار ئارىسىدا ئەگەر ئانا كېسەللىك ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بوۋاقنى ئېمىتىشكە ئىمكانىيىتى بولمىسا ، شۇ پەيتتە بالا ئېمىتىۋاتقان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ياكى قولۇم ـ قوشنىلىرى ۋاكالىتەن ئېمىتىپ بېرىدىغان ئادەتمۇ بار . بۇنداق بالىلار «ئېمىلداش» دېيىلىدۇ . ئېمىلداشلار ئارا نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنىدۇ .

10 . سالاملىشىش ئادەتلىرى

ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ئەل ـ ئاغىنە ، يۇرت ـ قېرىنداشلار ئۆزئارا ئۇچراشقاندا ، شۇنداقلا ياش قۇرامى ئۆزىدىن چوڭ بولغان تونۇش ياكى ناتونۇش ئاقساقاللارغا يولۇققاندا سالاملىشىش ھەممە خەلقلەرگە ئورتاق بولغان بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ . ئەمما سالاملىشىشنىڭ شەكلى ، قائىدە ـ يوسۇنلىرى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا پەرقلىق بولىدۇ .

سالاملىشىش — ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى . شۇڭلاشقا ئۇيغۇر دولانلىرى سالام ـ سەھەتكە يۇكسەك ئېتىبار بىلەن قارايدۇ . ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئادەتتە تىلى چىققاندىن باشلاپ سالاملىشىشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىشنى ئادەت قىلغان . چۈنكى سالام ـ سەھەتنى بىلمەيدىغان ياكى ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارايدىغانلارنى جامائەت بىردەك ئەيىبلەشتىن تاشقىرى ، ئۇنى ياخشى تەربىيىلىمىگەن ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ئەيىبلەيدۇ . قىسقىسى ، ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆزئارا سالاملىشىشقا ئەخلاق مىزانى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ .

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى سالاملىشىش ئادىتى ئەر ـ ئاياللاردا ئوخشاش بولمايدۇ .

1 . ئەرلەر ئارىسىدىكى سالاملىشىش

ئۇيغۇر دولان ئەرلىرىنىڭ بىرقەدەر قەدىمكى ئەنئەنىۋى سالاملىشىش قائىدىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، سالاملىشىش ھاجىتى تۇغۇلغاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئادىتى يوق (لېكىن مۇتلەق ئەمەس). ئەكسىچە، سالام بەرگۈچى A تەرەپ ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە ئېلىپ، ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام تۇيغۇسى بىلەن باشنى ۋە بەلنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئېگىپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېيىش، سالام قوبۇل قىلغۇچى B تەرەپمۇ يۇقىرىقى شەكىل بىلەن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن.

دولانلاردا ئالدى بىلەن ياش قۇرامى كىچىكلەرنىڭ ئۆزىدىن ياش قۇرامى چوڭلارغا سالام بېرىشى شەرت قىلىنغان.

جامائەت توپلاشقان ئاممىۋى سورۇننىڭ ئالدىدىن بىرەر ئۇلاغلىق (ئات ياكى ئېشەك مىنگەن) كىشى ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، جامائەتنى تونۇش ياكى تونۇماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ كىشى مىنگەن ئېتى ياكى ئېشىكىدىن چۈشۈپ جامائەتكە سالام بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلاغقا قايتا مىنىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. دولانلاردا بىرەر كىشىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆلگۈچىنى تونۇش - تونۇماسلىقىدىن قەتئىينەزەر مۇسىبەت بولغان ئۆيگە بېرىپ پەتە قىلىپ ھال سوراش ئادىتى بار. ھال سوراپ بارغۇچى كىشىنى ئۆلۈم ئىگىلىرى (هازىدارلار) ئىشىك ئالدىدا ياكى ئۆيىدە كۈتۈۋالىدۇ. ئۆلۈم پەتىسىگە بارغۇچى كىشى ھازىدارلار بىلەن مۇسىبەت تۇيغۇسى ئىچىدە بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ (ھازىرقى زامان سالاملىرىدەك بىر قولىنى ئەمەس، بەلكى ھەر ئىككى تەرەپ ئىككى قولىنى ئۇزىتىپ ئۆزئارا قوللىرىنىڭ ئۇچىنى ئاستا قىسىپ قويۇش) كۆرۈشكەندىن كېيىن، قولىنى ئاجرىتىپ ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئېڭەكلىرىنى ياكى ساقاللىرىنى يەڭگىل سىيپاپ قويىدۇ. شۇ يوسۇندا ھازىدارلارنىڭ ھەممىسى بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن دۇئا - تەكبىر قىلىدۇ.

توي - تۆكۈنگە بارغاندىمۇ توي ئىگىلىرى بىلەن يۇقىرىقى قائىدە بويىچە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقىدۇ. مەلۇم ۋاقىت كۆرۈشۈش پۇرسىتى بولمىغان يېقىن تۇغقانلار ياكى ئەل - ئاغىنىلەر ئۇچراشقاندا چوڭقۇر سېغىنىشنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن باشقا، ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ تەبىئىي ۋە يەڭگىل ھالدا مەڭزىنى

مەڭزىگە تەگكۈزۈپ سالاملىشىدىغان ئادەتمۇ بار . تۇغقانلار ۋە يېقىن كىشىلەر يىراق جايلارغا سەپەرگە چىقىشقا تۇغرا كەلگەندە ياكى سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە كۆچلۈك سېغىنىش ھېسسىياتلىرىنى يۇقىرىقىدەك قۇچاقلىشىپ سالاملىشىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ .

2 . ئاياللار ئارىسىدىكى سالاملىشىش

ئۇيغۇر دولان ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى سالاملىشىش ئادىتىدە ئومۇمەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئادىتى يوق . ئاياللار ئۆزئارا ئۇچراشقاندا ، ئالدى بىلەن ئىككى قولىنىڭ پەنجىسىنى كۆكرەك ئۈستىدىن ئالماشتۇرۇپ ، بېشىنى ۋە بېلىنى يەڭگىل ئېگىپ ، ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن «ئەسسالام» دەپ سالام بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ بىر - بىرىنىڭ سول مەڭزىگە ياكى ئۆزىدىن كىچىك قىزلار بولسا پېشانىسىگە ئاستا سۆيۈپ قويۇش سالاملىشىشنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزئارا ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ .

ئىسلام دىنىدا بالاغەت يېشىغا يەتكەن ئايال جىنسلىقلارنىڭ ئەر جىنسلىقلارغا يۈزىنى كۆرسىتىشى «نامەھرەملىك» دېيىلىپ مەنئى قىلىنغاچقا ، ئۇيغۇر ئاياللىرى يېقىن ئۇرۇق - تۇغقان ۋە بىر ئائىلىدىكى ئەر كىشىلەردىن باشقا ئەرلەر بىلەن سالاملاشمايدۇ . بىراق ، دولان ئاياللىرى بۇ جەھەتتە بىر قەدەر ئەركىنرەك . قىزلار بىر ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرگەندىن باشلاپ ، ھەربىر كۈنلۈكى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلا - ئارامنى سۈپۈرۈپ ، يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ، قېيناپىسى ۋە قېيناتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ «ئەسسالام» دەپ سالام بەرگەندىن كېيىن ، «سالامەت تۇردىلىمۇ ؟ » دەپ تىنچلىق - ئامانلىق سورايدۇ . قارشى تەرەپ سالامغا جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن ، كېلىن ھۆرمەت بىلەن ئارقىسىغا قايتىپ ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ .

دولانلار ئۆيىگە ئەر - ئايال مېھمان چاقىرغاندا ئومۇمەن ئەرلەر ، ئاياللار بىر ئۆيدە كۈتۈلىدۇ ، ئايرىلاش ئولتۇرىدۇ . ئاياللار ئۆيگە ئاۋۋال كىرىدۇ ، تۆردە ئولتۇرىدۇ (دولان يۇرتلىرىدا ئەر - ئاياللار ئايرىلاش بىر سورۇندا مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ ) . ئايال مېھمانلار جەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولغان ئۆيگە يەنە يېڭىدىن مېھمان كىرسە، ئۆيدىكى ئاياللار ھەممىسى ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە يېڭى مېھمان ھەممە ئاياللار بىلەن بىر ـ بىرلەپ يۇقىرىقى سالاملىشىش قائىدىسى بويىچە كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن ئۆز ئورنىدا ئولتۇرىدۇ.

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ھېيت ـ بايراملاردا ئۆزئارا سالاملىشىشى بايرام خۇشاللىقىنىڭ بىر كونكرېت ئىپادىسى سۈپىتىدە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ھەتتا ھېيت ـ بايرام كۈنلىرىدە ئۆزئارا ئارازلىشىپ قالغان كىشىلەرمۇ ئۇچرىشىپ قالغاندا كۆرۈشۈپ سالاملىشىش پۇرسىتى ئارقىلىق كۆڭۈل ئازارلىقىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

## 11. بالا تەشنالىقى

ئۇيغۇر دولانلىرىدا پەرزەنت كۆرۈش ۋە ئۆز پەرزەنتىنى قاتارغا قوشۇش جەھەتلەردە بىرمۇنچە ئادەتلەر ساقلىنىپ كەلگەن. بۇلارغا ئۇلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرى چوڭقۇر سىڭگەن.

1. بىراۋنىڭ بوۋىقى ساغلام، بودرۇق ئۆسۈپ تېز كۆزگە كۆرۈنگەن بولسا، بۇنىڭغا مەستلىكى كەلگەن باشقا بىرى بالىنىڭ ئانىسىدىن «بالا قانچە ئايلىق بولدى؟» دەپ سورىسا «كۆز تېگىدۇ» دەپ، گەرچە بوۋاق 5 ـ 6 ئايلىق بولغان بولسىمۇ، قەستەن «بىر ياشقا كىردى» ياكى «يېشىدىن ئاشتى» دەپ يالغان ئېيتىدۇ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىغا كۆز تېگىپ چەتنەپ كېتىدۇ، دېگەن خىيال بىلەن بوۋاقتا قۇراق كىيىم تىكىپ كىيدۈرۈپ قويىدۇ: بالىنىڭ يۈزىگە قارا سۈركەپ سەتلەشتۈرۈپ قويىدۇ، ھەتتا بوۋاقنى تالا ـ تۈزگە چىقارماي ئۆيدىلا باقىدۇ. بەزىلەر بوۋاقنى مەستلىكى كېلىپ ماختاپ سۆزلەپ قويسا، بۇنى ئاڭلىغان ئانا ئاچچىقى كېلىپ «تىلىڭغا تاش» دەپ غودۇڭشۇپ نارازى بولىدۇ.

2. بالىسى تۇرمىغان ئاتا ـ ئانا بالا كۆرۈپ قالسا، ئۆز بالىسىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ كونا كىيىمىنى تىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆز بوۋىقىغا كىيىم تىكىپ بېرىدىغان ياكى بالىسى قاتارغا قوشۇلغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرى بوۋاق ۋاقتىدا كىيگەن كىيىملىرى-

نى سورىتۇپ بالىسىغا كىيدۈرىدىغان ئەھۋاللار ھازىرمۇ مەۋجۇت .
3 . بۇرۇن دولانلاردا ئاياللارنىڭ تۇغماس بولۇپ قېلىشى ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ سانىلاتتى . شۇڭا تۇغمىغان ئايال باشقىلار تەرەپتىن «قىچىر» دەپ ھاقارەتلىنەتتى . تۇغماس ئايالنىڭ ئالدىدا بىرى ، باشقىلار تەرەپتىن ھاقارەتلىنىپ تۇرسا ، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ تۇغمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئېرىنىڭ ئۆزىنى قويۇپ بېرىش ياكى بولمىسا ئۆزىنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئېلىۋېلىش خەۋپى تۇراتتى . شۇڭا بىچارە ئايال بىرەر بالا كۆرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك ـ تۈرلۈك سەۋەبلەرگە باش ئۇراتتى . ئېيتايلى ، دوختۇر ، تېۋىپلارغا كۆرۈنەتتى . ئۆزىنى موللىلارغا ئوقۇتاتتى . «ئانىلار» نى سېغىنىپ ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ سەدىقىلەر بېرەتتى . مازار ـ ماشايىخلارغا بېرىپ يىغلايتتى ، يالۋۇراتتى . بۇۋدىلەرگە بېلىنى تاڭدۇراتتى . بۇۋىلەر بېلىنى تېڭىپ بولۇپ ، سۆپۈرگىنى بالا ياساپ ، بالا تەلەپ قىلغۇچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ، ئۇ ئايالنى تەبرىكلىشەتتى . ھەتتا يېڭى تۇغقان ئايالنىڭ ئىسسىق ئىشى (بالا ھەمراھى)نى سورىتۇپ ئۇنىڭغا ئولتۇراتتى . ئۇ ئايالدا «ئەشكە ئولتۇرسام چوقۇم تۇغىمەن» دېگەن ئەقىدە بولاتتى .

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر بىلەن يەنە تۇغمىسا ، بۇ ئايال ئۆز رازىلىقى بىلەن ئېرىگە كىچىك خوتۇن ئېلىپ بېرەتتى . ھەتتا بىرەر بالا بېقىۋالاتتى ياكى ئېرى مەجبۇرىي ھالدا بۇ ئايالنى قويۇپ بېرەتتى .

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەقىدىسى بويىچە تۇغۇلغان بوۋاق مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن ، ياكى ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن ئەيىبناق (مېيىپ) تۇغۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى «ئاللانىڭ ئىلتىپاتى» دەپ قاراپ ئوخشاش قەدىرلىنىدۇ . تۇغۇلغان بوۋاق قىز ياكى مېيىپ بولغانلىق سەۋەبىدىن ئۇلارنى خارلاشنى كەچۈرگۈسىز ئەڭ چوڭ گۇناھ دەپ بىلىدۇ .

## 12 . مىراسخورلۇق

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ، مىراسنى ئىسلام دىنى شەرىئەت قائىدىسى بويىچە تەقسىم قىلىشقا ئادەتلەنگەن . شەرىئەت قائىدىسىدە مىراس بۆلۈش نىزامى مۇنداق بەلگىلەنگەن :

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى بىردىن بولسا، ئومۇمىي مىراسىنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئىككىسى ئوغۇلغا، بىرى قىزغا تېگىدۇ. قىز ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا، ئومۇمىي مىراسنى ئۈچكە بۆلۈپ ئىككىسى قىزلارغا، بىر ھەسسىسى ئوغۇلغا تېگىدۇ. ئەگەر ۋارىس قىز بالا بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ.

مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ بالىلىرى بولسا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەربىرىگە ئومۇمىي مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. بالىسى بولمىسا، مىراسقا ئاتا - ئانا ۋارىسلىق قىلىدۇ. لېكىن مىراسنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئۇنىڭ ئىككىسى دادىسىغا، بىر ھەسسىسى ئانىسىغا تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن باشقا قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى تېگىدۇ، قالغىنى دادىسىغا تېگىدۇ.

ئايال ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ بالىسى بولمىسا، ئۇ قالدۇرغان مىراسنىڭ يېرىمى ئەرگە تېگىدۇ. بالىلىرى بولسا، ئەرگە مىراسنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى تېگىدۇ. ئەر ۋاپات بولسا، بالىلىرى بولمىسا مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى ئايالغا تېگىدۇ. ئەرنىڭ بالىلىرى بولسا ئايالغا مىراسنىڭ سەككىزدىن بىر قىسمى تېگىدۇ.

مىراس قالدۇرغۇچى ئاتا - ئانىسىز، بالىسىز ئەر ياكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ۋە ئانا بىر ھەمراھى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئومۇمىي مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ئانا بىر ئاتا باشقا قېرىنداشلىرى، ھەمشىرىلىرى بىردىن كۆپ بولسا، مىراسنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇلارغا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ.

مۇبادا، مىراس تەقسىم قىلىنغاندا، ۋارىس ئەمەس تۇغقانلار ياكى تۇغقان ئەمەس يېتىم - يېسىرلارغا كېلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ياخشى سۆز قىلىپ، ئاز - تولا بىر نەرسە بېرىش زۆرۈر، دەپ كۆرسىتىلگەن ۋە بۇ تەقسىمات، مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندىلىپ بولغان ھاياتلىقتىكى قەرزلىرى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ. مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ۋەسىيىتى ۋارىسلارغا زىيان سالماسلىق شەرتى بىلەن ئورۇندىلىشى لازىم. باللارغا

مەسئۇل مۇھەررىرى : پالتاخۇن ئەۋلاخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئادالەت ياقۇپ

# مەكتەپ تارىخ - مەدەنىيىتى
## (1)

ئادىل مۇھەممەت تۇران

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 ، پوچتا نومۇرى : 830046 )
ھەرقايسى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
880×1230 مم ، 1/32 ، باسما تاۋىقى :  16.625 قىستۇرما ۋارىقى4
2006 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 0001—2000

ISBN 7—5631—1953—1
ئومۇمىي باھاسى (ئۈچ قىسىم) : 85.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

麦盖提历史文化/阿迪力·穆罕默德·土兰著. —乌鲁木齐:新疆大学出版社，2006.4
ISBN 7-5631-1953-1

Ⅰ.麦… Ⅱ.阿… Ⅲ.麦盖的县—地方史—维吾尔吾(中国少数民族语言) Ⅳ.K294.54

中国版本图书馆CIP数据核字（2006）第039955号

责任编辑:帕力塔洪·艾吾拉洪
责任校对:阿达来提·亚合甫
责任印制:王国鸿

# 麦盖提历史文化

## (1)

阿迪力·穆罕默德·土兰 著

新疆大学出版社出版发行
(乌鲁木齐市胜利路14号,邮政编码:830046)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 1/32 印张:16.625 插页4
2006年4月第1版 2006年4月第1次印刷
印数:0001 — 2000册

ISBN 7-5631-1953-1
总定价(三册):85.00元

## 「マキテイの歴史と文化」

この本はカシュガル地区マキテイ県の歴史・地理・古代文明またはウイグルにおけるドラン人およびその來源、民俗、ドランマシラーフ・ドランムカーム・ドラン方言について記述された書物である。そしてマキテイの民間文学・マキテイの地名文化・旅行・歴史的人物についても述べられと同時にマキテイの近代政治・経済、マキテイの近代社会の発展などについて深く検討され、または以上のそれぞれのテーマがシステム化されたものでもある。

## «История-культура Мекита»

В настоящем издании тщательно, глубоко исследуется и систематически излагается история, география, древняя культура Мекита; уйгурские доланы и их генезис; фольклор, машрап и мукамы уйгурских доланов, доланский (мекитский) говор; классическая литература, топонимия и туризм Мекита, исторические лица и проблемы политеческого, экономического, общественного развития Мекита в ближайший период.



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

ISBN 7-5631-1953-1
9 787563 119530 >
ISBN 7-5631-1953-1
(维文)定价:85.00元(三册)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com